غۇلام ئۇمەر

# باياۋاندىكى گۈلخان

(1)



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

باياۋاندىكى گۈلخان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

ISBN 7-228-08202-8

ISBN 7-228-08202-8

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

غۇلام ئۇمەر

# باياۋاندىكى گۈلخان

(تارىخىي رومان)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

野火/吾拉木·吾买尔著. —乌鲁木齐:
新疆人民出版社,2003.8
ISBN 7—228—08202—8

Ⅰ.野… Ⅱ.吾… Ⅲ.长篇小说—中国—当代
—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ. I247.5

中国版本图书馆CIP数据核字(2003)第067330号

责任编辑:依明江·艾木都拉
责任校对:热娜·阿不里米提
祖来哈·艾则孜
封面设计:艾克拜尔·萨力

野火(1) (维吾尔文)
(历史长篇小说)
吾拉木·吾买尔 著

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路348号 邮编:830001)
新疆新华书店发行
乌鲁木齐市大金马印务有限公司印刷
850×1168 毫米 32开本 14.125印张 2插页
2003年8月第1次印刷 2003年8月第1版

ISBN 7—228—08202—8 总定价:60.50元

www.uyghurkitap.com

# بېغىشلىما

دالا ۋە ئورماندا، تاغدا، چۆللەردە
كارۋاننىڭ چۈشكۈنى ـ ئۆتەڭلىرى بار.
هارارەت، نۇر ئۈچۈن يېقىشىپ گۈلخان،
شۇ يەردە دەم ئالار، تۈنەر كارۋانلار.
كارۋانلار بۇ يەردىن كەتكەندە ئۇزاپ،
چۆللەرنى يورۇتۇپ قالىدۇ گۈلخان.
چىرىسلاپ ئۆچىدۇ يالقۇنى ئاستا،
قارىيىپ بىر گەۋدە بولۇدۇ ئورمان.
چوغلارنىڭ يۈزىنى توسار كۈل — پەردە،
شۇ يوسۇن ئۆتىدۇ يەنە بىر زامان.
(يا چوغ بار، چوغ ئۆچسە كۈلدە ئىسسىقى)
سالقىنلار يەلپۈسە پىلىلدار شۇئان.
باشقىلار بۇ يەرگە باسقاندا ئاياغ،
بولۇدۇ كۈل ئىزى ئۇلارغا نىشان.
ئاخىرقى چوغلارنى تېپىپ كۈللەردىن،
كېيىنكى كارۋانلار ياقىدۇ گۈلخان.

كىشىلەر ماڭا:'ئەگەر سەن تاتلىق ئۇخلاۋاتقان قۇلنى كۆرگىنىڭدە ئۇنى ھەرگىز ئويغاتما، بەلكىم ئۇ ئەركىنلىكنى چۈشەۋاتقاندۇر' دەيدۇ. مەن ئۇلارغا: 'ئەگەر سىلەر تاتلىق ئۇخلاۋاتقان قۇلنى كۆرسەڭلار ئويغۇتۇپ، ئەركىنلىك ھەققىدە سۆزلەپ بېرىڭلار' دەيمەن.

— خ. جىبران: «ياش ۋە كۈلكە»

ھەقىقەت يولىدا ئىزدىنىش ھەقىقەتكە ئىگە بولۇشتىنمۇ قىممەتلىك.

— لېسسىنگ(نېمىس پەيلاسوپى [1729 — 1781])

ھاياتنىڭ مەخسىدى ھاياتتىنمۇ يۈكسەك بولغان نەرسىنى قوغلىشىشتۇر.

— خ. جىبران.

مەيلى شېئىر، مەيلى غەزەل — بومبا ۋە بايراق،
غەزەلچىنىڭ مۇددىئاسى — سىنىپنى ئويغاتماق.

— ماياكوۋسكى

www.uyghurkitap.com

# بىرىنچى قىسىم

# سۇبھى

ياخشى سۆز ۋە كەچۈرۈش كېيىن ئەزىيەت يەتكۈزىدىغان سەدىقىدىن ئەۋزەل.

— «قۇرئانى كەرىم» سۈرە «بەقەرە» 263 ـ ئايەت.

— دۇنيانىڭ قىزىقى نېمىدىلىكىنى بىلەمسەن؟

— خۇشچاقچاق بولۇشتا. ھەتتا ئىش ئوڭىدىن كەلمىگەن تەقدىردىمۇ خۇشچاقچاق بولۇشتا.

— ۋ. گىيوتى

كۈلكە كۈچلۈكلۈك ئالامىتى بولۇپلا قالماي، بەلكى كۈچلۈكنىڭ ئۆزىدۇر.

— ئا. لۇناچارىسكى

خۇشچاقچاق كىشىنىڭ بۈگۈنىمۇ، ئەتىسىمۇ قۇۋناق ئۆتىدۇ.

— ل. ن. تولستوى

# بىرىنچى باب

## 1

بوغۇزنىڭ سالقىنى ئېسەتتى. بۇ سالقىن باھارنىڭ ئەلچىسىدەك، يېقىملىق، ئاللىقانداق پۇراقلارنى ئۆزى بىلەن ئېلىپ يۈرەتتى. بۇ پۇراقتا يېقىن كەچمىشنىڭ خاتىرىلىرىنى قوزغىتىدىغان نېمىدۇر يوشۇرۇنغاندەك قىلاتتى. زېمىستان قىش مەھرۇم قىلغان شۇ نەرسە پات يېقىندا ھاياتقا قايتا كىرىپ كېلىدىغانلىقىنىڭ بىشارىتى «قىستۇرۇلغان» سالقىنىنىڭ سوغۇقى ئەنە شۇ سەۋەپتىنمىكىن بەك ھېس قىلىنمايتى؛ ئەكسىچە ئۇنىڭ تېخىمۇ بىر ئاز بىلىنەرلىك ئۇرۇلىشىنى كۆڭۈل ئىستىگەندەك قىلاتتى. قەلبلەر ئۆزگە تونۇش، ئەمما يەنىلا نېمىلىكى پۈتۈنلەي ئېنىق بولمىغان، «چالا تونۇش» ئاللىنېمىگە ئالدىرايتى.

بوغۇزدىن شەرققە ۋە شەرقتىن ئوڭ قولنى بېسىپ يەلپۈگۈچ شەكىللىك — تا غەربىي جەنۇپقىچە بېقىلغىنىدا، قەدىمىي يۇرت ئاتۇش ئالقاندىكىدەكلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ھازىر تېخى دەل- دەرەخلەر يوپۇرماق چىقىرىپ، قاراڭغۇلىشىشقا ئۈلگۈرمىگەچكە، ھېچبىر يۇرت ئورمانلار قۇچىقىغا يوشۇرۇنمىغان، ھەربىرىنى ئوچۇق ئىلغا قىلغۇدەك ھالدا ئىدى. ئەگەر سول تەرەپتىكى پارچەتاغ دەپ ئاتالغان، ھېچبىر تاغ تىزمىسىغا چېتىلمىغان، سۈنئىي دۆۋىلەپ قويۇلغاندەك ئىدىرنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قارىسىغۇ ھەممە يەر بىر پەتنۇس ئۈستىدىكىدەكلا — تا مېيىدىن[1] قۇمسېغىزغىچە[2] پەرق قىلارلىق كۆرۈنەتتى.

---

[1] [1] ئاتۇشتىكى قۇمالتاغ بويلاپ جايلاشقان ئىككى يېزا. بىرى ئەڭ غەرپتە، بىرى ئەڭ شەرقتە، — ئا.

ئوڭ تەرەپتىكى تاغنىڭ بوغۇز تەرىپى قەدىمىي ئەپسانىلەردە زىكرى قىلىنىدىغان بەھەيۋەت پالۋانلارنىڭ قىلىچىدا، بىرلا چېپىش بىلەن كېسىپ چۈشۈرۈلگەندەك تىك — تا ساينىڭ يۈزىگىچە چۈشسە؛ جەنۇپ يۈزى ئىشتاچى يېزىسى تەرەپكە تەدرىجى پەسلەپ بارغان يانتۇلۇق؛ غەربى بولسا ئەجدىھارنىڭ دۈمبىسىدەك، ئۈستۈنئاتۇش تەرەپكە «سويلاپ» كېتەتتى.

قەدىمقى ئەجداتلار بەلكى بوغۇزدىكى مۇشۇ ئىگىزلىكتىن تۆۋەنگە — يۇرتلار جايلاشقان ۋادىغا باققان ۋە تەبىئىي ئالاھىدىلىككە كۆرە بۇ يۇرتلارنى ئىككى چوڭ سۇغۇرۇش رايونىغا ئايرىغان بولسا كېرەك: ئوڭ قول تەرەپتىكىسى ئوڭ ئېرىق؛ سول تەرەپتىكىسى سول ئېرىق دەپ ئاتالغان بۇ ئىككى رايون، زامانلارنىڭ ئۆتىشى بىلەن فونېتىك ئۆزگۈرۈشلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، «ئوڭ ئېرىق» — ئوڭغۇرۇق، «سول ئېرىق» — شورۇق دېگەن يۇرت ئىسىملىرىغا ئايلىنىپ كەتكەن بولسا كېرەك. ئەمما ھازىرغىچە بوغۇزدىن ئېقىپ چىققان سۇ ئىككى ئاساسىي بۆلەككە بۆلۈنۈشتەك ئەنئەنە داۋام قىلىپ كەلمەكتە.

باھار دەل- دەرەخلەرنىڭ يېڭى شاخلىرىغا بىرىنچى «ئەستەر بويىقى»نى بېرىشكە باشلىغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. قەدىمدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان نورۇز بايرىمىنىڭ يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان بولۇشىغا قارىماي، نورۇز ھارپىسىنىڭ كەيپىياتى بىلىنمەيتتى. تەبىئەتتىكى ئويغۇنۇش ۋە جانلىنىشقا ئويغۇن ئىنسانلار كەيپىياتىدىمۇ جانلىنىش، شادلىق تۇغدۇرىدىغان، ھاياجان قوزغايدىغان نورۇزنىڭ جىمجىت، ساداسىز بىر پىچىمدە كېلىشى ۋە كېتىشى كۆتۈلەتتى. چۈنكى، بىرنەچچە يىلدىن بېرى ئايىغى ئۈزۈلمىگەن يېغىلىقلار ھاياتنى ئىزدىن چىقارغان، ئادەملەرنىڭ ھايات ھەلەكچىلىكى بىلەن، بايرام تەنتەنىسى سۈرگىدەك ھەپىلىسىنى قويمىغانىدى.

بەزى ئالامەتلەرگە دىققەت قىلغان بىلەرمەنلەرنىڭ دېيىشىچە، يېغىلىقلار ئاساسەن بېسىلىپ قالغانمىش، يېڭىشەر- يېڭىسار ئەتراپىدا بىر ئاز توقۇنۇشنىڭ داۋام قىلىۋاتقىنىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، پالاكەتلەر

ئۆتۈپ كەتكەندەك قىلارمىش. بۇ توقۇنۇشلارمۇ تۇڭگانلار بىلەن «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» ئەسكەرلىرى ئارىسىدا «بەزلىشىۋالغان» شەكىلدە، بىر خىلدا داۋام قىلىۋاتاتتى. ھېچبىر تەرەپتە ئىلگىرىلەش، يېڭىش - يېڭىلىش بولمايۋاتاتتى.

گەرچە بۇ تەرەپلەر تىنچىپ قالغاندەك قىلسىمۇ، ئانچە يىراق بولمىغان قوشنا شەھەردە ئاتموسفېراغا تۈتەپ تۇرغان پوروخ ھىدى، يۈرىگالدى بولۇپ كەتكەن خەلقنى خاتىرجەم قىلمايتى.

تەبىئەتنىڭ بۇنىڭ بىلەن نېمە ئىشى؟ ئۇ ئۆزىنىڭ قانۇنىيەتلىك قەدىمىنى بېسىپ كەلمەكتىدى، ھەر گىيانى ئۆز رىتىمىدە بوياشقا، تۇپراقنى يۇمشىتىپ، ئۇنىڭدىن «توپا ھىدى» ئۆرلىتىشكە، قىشچە ئۆلۈك بىر تەرزدە ئۈيۈپ قالغان ھەر نەرسىدە ھاياتلىق قىممىتىنى پەيدا قىلىپ، ھەممە نەرسىنىڭ خاس پۇراقلىرى بىرلەشمىسىدىن ئومۇمىي «باھار ئاتموسفېراسى» ھاسىل قىلىشقا داۋام قىلماقتا ئىدى.

«ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار» دېگەندەك، يەنە يېغىلىقلاردىن ئېشىپ قالساق، جاھان لازىم بولىدۇ ئەمەسمۇ، دېگەنگە ئىشەنگەن ئادەملەر، كۆڭۈلسىزرەك مىدىرلىسىمۇ ھەرھالدا باھارنىڭ ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇشاتتى؛ كۆچەت تىكەتتى، ئېتىز- ئېرىقنىڭ ھازىرلىق ئىشلىرىنى باشلىۋەتكەن ئىدى.

پوستەك توپىلىرى يۇمشاپ يېڭىۋاشتىن چېكىشقا باشلىغان يېزا يوللىرىدا، خۇددى باھاردەكلا، ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ بالاسى، قازاسى بىلەن ئىشى يوق، غەمسىز ھالدا ئۆز كۆڭۈل خاھىشىنى ئىپادىلەشتىن چەكلەنمەيدىغان بالىلار، خوشال قىقاسلىرى، سۆگەت تاللىرىدىن چىقىرىلغان «بۇت- بۇت»لىرىنىڭ توم - ئىنچىكە ئاۋازلىرى بىلەن مەھەللىنى تولدۇرماقتا ئىدى. باھار ئەگەر زوۋانغا كەلسە جەزمەن بۇ كىچىك بەڭۋاشلارنى سۆيۈپ قالغانلىقىنى بايان قىلغان بولاتتى؛ ئۇلارنىڭ ئۆز پەلسەپىسىگە كۆرە ھەركەت قىلىش خۇسۇسىيىتى، ئۆز مەنتىقىسى بىلەن ياشاش ئالاھىدىلىكىنى ئۆزىگە ئوخشىتىپ، ئۇلارغا يېقىنلىق ئىزھار قىلغان بولاتتى.

بەزى باللار ھەتتا يېغىلىقلارنىڭ ئىلگىرىسىدىكىدەك، نورۇز تەييارلىقىدا بولۇپ، موللىكىسىغا «نورۇزلۇق» يازدۇرۇپمۇ يۈرەتتى. كاشكىدى، بۇلارنى ئوقۇغىدەك پۇرسەت، سورۇن، ئىمكان بولسا. ئالللاھ شۇنىڭغا نېسىپ ئېتەرمىكىن، باللارنى نورۇز قوشاقلىرى ئوقۇشقا؟ سايغا ياكى جەمەتلە[1]گە يىغىلىپ، ھەر خىل ئويۇنلارنى كۆرۈشكە؟...

## 2

باللارنىڭ سەبىي قەلبىدىن مىكرو دولقۇندەك تارالغان — تىل بىلەن ئىپادىلەنمىگەن تىلەكلەرنى ئالللاھ ئىجابەت قىلغاندەك ئىش بولدى. ئۇلارنىڭ موللىكىسى ياكى خەلپەتلىرىگە يازدۇرىۋالغان بىرەر كۇپلېت «نورۇزلۇق»لىرىنى ئوقۇشقا، تەڭتۇشلىرى بىلەن چېلىشقا چۈششىگە، ... پۇرسەت بولىشى بىلىنگىلى تۇردى. ساي بويلىرىدا نورۇزنىڭ ھارپا ئاخشىمى ۋاقىتلىق ئوچاقلار ياسىلىپ، ئەتىكى جامائەت توپلانغان پۇرسەتتە بىر ئاز تاپاۋەت قىلىشنى نىيەت قىلغان بازارلىقلارنىڭ ھازىرلىق ھەركىتىدىن خەۋەرلەر كېلىشكە باشلىدى. بوزتاغ باغرىدا — جەمەتلە ئەتراپىدىمۇ بۇنداق بىشارەتلەرنى بار دېيىشەتتى.

نىزامىددىننىڭ باللىرى بۇ خەۋەرنى ئۇقىشى بىلەنلا ئۆيگە چېپىشتى. ئۇلار بىر نەچچە كۈندىن بېرىلا دادىسىغا نورۇز سەيلىسى ئۈچۈن سايغا ئېلىپ بېرىش ھەققىدە يېلىنىپ يۈرەتتى. بۇنداق بىر توپلىنىشتىن ئۈمىدى بولمىغان نىزامىددىن بولسا، ئۈمىدسىز تۇتۇم ئىپادە قىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇلارنىڭ نورۇزلۇق يېزىپ بېرىش ھەققىدىكى تەلەپلىرىنى بىر باھانىلەر بىلەن رەت قىلىپ يۈرەتتى. مانا ئەمدى بازار تەرەپتىن كەلگەنلەرنىڭ كەلتۈرگەن خەۋىرىدىن ئەتە سەھەردىن

---

[1] جەمەتلە — ئاتۇشنىڭ تەختىھون يېزىسى بىلەن، بوز تاغ ئارىسىدىكى يانتۇ كەتكەن سايلىق (ھازىرقى ئۈرۈمچى - قەشقەر تاشيولى بويى) بۇ يەرگە شۇ ناملىق بىر مازار جايلاشقانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان — ئا.

www.uyghurkitap.com

باشلاپ ساي بويىنىڭ قىزىپ كېتىدىغانلىقى ئېنىق بولدى. باللار ئەمدى دادىسىنىڭ ھەرقانداق باھانىلىرىگە ئۇنىماي، ئۇنى نورۇزلۇق يېزىپ بېرىشكە قىستاشقا باشلىدى.

— يامانىنى ياردا قىستاڭ دېگەندەك، مېنى ھەممىڭلار قىستىساڭلار، ھەممىڭلارغا نورۇزلۇققا نەگە باراي؟ نەدىن تاپىمەن ئۇنچە گەپنى؟ — دەيتتى نىزامىددىن باللىرىنىڭ تاتلىق ئەركىلەشلىرىدىن سۆيۈنگەن ھالدا يالغان ئاغرىنىپ.

— موللىكاڭلار بولغان بولسىغۇ، نورۇزلۇق دېگەنگە كۆمۈپلا قوياتتى، — دەپ گەپ قىستۇردى زورىخان، — ئۇنىڭ ئىچى بىر دەريادى. دە، قوشاق يازغانغا تۆگەيدىغان ئەمەس...

— شۇنى دەيمەن، — دېدى نىزامىددىن ئايالىنىڭ گېپىدىن ئىنىسىنى يادىغا ئېلىپ ۋە چىرايىمۇ بىر ئاز قارىداپ كەتتى، — مەمتىلى بولغان بولسا، پۈتۈن بويامەتنىڭ باللىرىغا نورۇزلۇق يېزىپ بەرسىمۇ گېپى تۈگەپ كەتمەيتى،...

دادىسىنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشنى بىرىنچى بولۇپ بايقىغان غېنى، نورۇزلۇق ھەققىدىكى غەلۋىنى قويۇپ، دادىسىغا ئىچى ئاغرىغاندەك، گەپنىڭ تېمىسىنى باشلامچىلىق بىلەن بۇرىدى:

— موللىكامنىڭ گېپىنى تولا قىلىپمۇ بىزنى كۆمەي تۇرۇپلا ئۇنىڭغا ئامراق قىلىۋەتتىڭلا، موللىكام توغرۇلۇق گەپ قىلىپ بەگىنە بولمىسا.

— موللىكام بۈگۈن ئاخشام كېلىپ قالسا كۆرۈڭ...

— ھېچنېمە دەپ بولمايدۇ، — دېدى نىزامىددىن ئاللىقانداق ئۈمىد بىلەن پەپىلىنىپ، — ئاللاھقا ئاسان...

— ۋاي خۇدايىمەي، ما ئەدەمنى، — دېدى زورىخان يېقىملىق تەرزدە ئېرىنى ئەيپلەپ، — كىچىك بالىدەك، شۇ گەپ بىلەنلا ئەمدى كەلسىكەن دەپ قويسا، كېلىدىكەن دېگىلى تۇردىغۇ...

— ياق،... دېگىنىڭ بىلەن، مەن بىكادىنلا خىيالىمغا كەلگەننى دەۋاتمايمەن، يېقىنىڭىزى چۈشلىرىممۇ سەل باشقىچە، تۈنۈگۈندىن بېرى قاپىقىممۇ توختىماي تارتىۋاتىدۇ، دېدىمغۇ.

بىراق زورىخانىمۇ ئېرىنىنىڭ تۇرقىدىكى بىچارىلىكنى پەملەپ، كۆڭۈل ياساپ گېپىنى ئۇڭشىدى:

— راست دېگەندەك، كېلىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس، جۇما. بىز نەچچە كۈن بولدى، ئىشىك ئالدىدىكى تېرەكتە سېغىزخان ساراپ قىلىۋاتىدۇ.

ئەمدى ئۇلار نورۇز ھەققىدىكى تالاشلىرىنى ئۇنتۇپ، بۇ ئۆيدە ھەرقاچان سېغىنىش ۋە ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىنىپ يادلىنىپ تۇرۇدۇغان مەمتىلى ھەققىدە پاراڭغا چۈشتى.

— موللىكام شۇنداق ئىشقۋاز ئادەمكەن، قوشاق يازسا تۈگىمەيدىكەن، سەن نېمىشقا يازالمايمەن دەيسەن؟ ئاكىسى بولغاندىكىن، سەن ئۇنىڭدىن چوڭ بولغاندىكىن، مەنچە سەن تېخىمۇ بەك يازىدىغان يەدە...؟

— دېدى ھەيران بولغان ئايىمگۈل، — سەن ئەجەپ ئۈگەنمەپتىكەنسەنا؟

— چوڭ بولغانغىلا بولۇدۇغان ئىش ئەمەستە بۇ، بالام. بۇ دېگەن ئاللاھ سالغان بىر ئوت. بۇنداق ئوتنى ئاللاھ ھەممە ئادەمگە سېلىۋەمەيدىغۇ؟ ئۇ دېگەن بىر يەردە ئوقۇپ ئۆگىنىلىدىغانمۇ ئىش ئەمەس.

ئۇلار مەمتىلىنىڭ يۇرتتىكى ۋاقىتلىرىنى، باللارنى قاتار قىلىۋېلىپ، مەش دەسسىتىپ يۈرۈشلىرى، ئۆزلىكىدىن ئۇلارغا دەرس بېرىپ يۈرگەنلىرى، شۇنىڭ بىلەن كىچىك تۇرۇپلا «ئەپەندى» ئاتىلىپ قالغىنى، تەمبۇر چېلىشىدىكى ئۇستۇلۇقى،... ھەققىدە باللارغىمۇ ئاساسەن ياد بولۇپ كەتكەن، ئەمما ئاڭلىسا يەنىلا يېڭى تۇيۇلىدىغان ئەسلىمىلەر بىلەن ئۇزاققىچە ئېچىلىپ- يېيىلىشتى.

ئۇلار ئائىلىدىكى ئەڭ كۆڭۈللۈك ۋە قىزىق تېما بولغان مەمتىلى ئەپەندى تاغىسىنى ئەسلەشتىن كېيىنمۇ ئەتىكى نورۇز ھەققىدىكى ئارزۇسىنى ئۇنتۇپ قالمىدى. نىزامىددىن ئۇلارنى بۇ تەلەپلىرىنى ئۇنتۇپ قالغاندۇر دەپ ئۈمىد قىلىپ تۇراتتى، ئەمما گەپ ئاخىرىدا يەنىلا بۇ ھەقتە ۋەدە ئېلىۋېلىشنى ئۇنۇتمىغان غېنى:

— شۇنداق قىلىپ، ئەتە سايغا ئاپىرىشىڭ راست بولىدىغۇ؟ — دېدى قىستاپ.

بۇ قەدەر كۆڭۈللۈك ئەسلىمىلەردىن كېيىن باللارنىڭ سەبىي

ئۆمىدلىرىنى يەردە قويۇش نىزامىددىننىڭ قولىدىن كەلمەيتتى. شۇنداق بولسىمۇ بالىلارنىڭ تەرىپىنى ئېلىشقا ھازىر تۇرغان ئانا رەت قىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئالدىراپ سالا قىلدى:

— ئەمدى ماقۇل دەڭ، ئۆزىڭىزمۇ كىچىككىنە ئېچىلىپ قالاسىز، تونۇش بىلىشلىرىڭىز بىلەن شۇ يەدە ئۇچرىشىپ، بىردەم. يېرىمدەم ئىچ قانغلانى تۆكىشۋالاسىلە، بالىلامۇ بى پۈخانىدىن چىقسۇن، بىچارىلار تولا دەپ كەتتى.

— مەنمۇ شۇنى ئويلاپ تۇرىۋاتىمەن. ئەمىسە بالدۇرراق يېتىپ ئەتە ئەتتىگەن قوپۇشقا ھازىر بولۇڭلار، ئەمما نورۇزلۇق يازدۇرىمەن دەپ مېنى قىينىمايسىلەر. توغرا، ئەگەر ساي بويىدا تونۇشلاردىن قولىدىن كېلىدىغانراق بىرەسى بالدۇرراق ئۇچراپ قالسا يازدۇرۇپ بېرەرمەن.

— كىممۇ ئۇچقىشا دەيسىز؟ — دېدى زورىخان يەنە بالىلارغا يان بېسىپ، — بولسا بولمىسا ئىككى كەلىمە بىزنىڭمنى پوملاپ بېرەي دېمىدىڭىز.

— ئۇ دېگەن پوملايدىغان نەرسە ئەمەس، ئۇ دېگەن شېئىر، — دېدى نىزامىددىن زورىخان چۈشەنمەيدىغان بولسىمۇ شېئىرغا بولغان ئەستايىدىل مۇئامىلىسىنى بايان قىلىپ.

— خەقلەچىلىكقۇ قاملاشتۇراردىڭىز، ئۆلگەن جېنىڭىزدا...

— ئەمما مەن خەقتەك ئويلىمايمەن، تۈزى يوق بىر نېمىنى شېئىر دەپ مېنىڭ بالىلىرىم ئوقۇپ يۈرمىسۇن دەيمەن، — ئۇ يەنە جىددىي تارتىشقا باشلىغان قاپىقنى بارمىقى بىلەن بېسىپ، پىچىرلاپ بىرنېمىلەر دېدى.

ئۇنىڭ قاپىقى تارتىۋاتقىننى بىلگەن زورىخانمۇ:

— ياراشقىلى نېسىپ قىلار، ئىلاھىم،... — دەپ تىلىكىنى بىلدۈردى.

3

باچاڭ تەرەپتە تاڭ شەپىقىنىڭ قىزىللىقى رەڭسىزلىشىپ ئاقىرىپ بىرىۋاتقاندىلا ساي بويىدا ئوچاقلار تۈتەشكە باشلىغانىدى. بازار ئەتىگىنى بولمىغان بۇ كۈندە ساي بويىدا بولىۋاتقان بۇ ھەركەتلەر يۇرتتا سۆزى ئۆتىدىغان ئادەملەر تەرىپىدىن بۇ كۈن نورۇز پائالىيىتى قىلىنىدىغانلىقىنىڭ جەزمەنلىكىدىن ئىدى. لەڭپۇڭچىلاردىنمۇ ياخشىراق دوقمۇشتىن ئورۇن ئېلىشنى كۆزلىگەنلىرى غالتەكلىرىنى سۆرەپ، ئۆزى ئەپلىك دەپ بىلگەن جايلارغا توختۇتۇپ ئۈلگۈرگەنىدى.

كىملەردۇر ساي ئىچىدىكى كەلكۈن قۇم تاشلىغان يەرلەرنى تۈزلەپ قويغانلىقى بۇ يەردە چېلىش ھەۋەسكارلىرى ئۈچۈن ھازىرلانغانلىقىنى بىلىندۇرەتتى. يۇرت- يۇرتلاردىن بۇنداق كۈنلەردە پالۋانلار بىر توپ ئىخلاسمەنلىرىنىڭ ئارىغا ئېلىۋېلىپ، يېقىنچىلىق قىلىشلىرى ئىچىدە بۇنداق سورۇنلارغا كەلمەي قالمايتى. ھەممىدە يېڭىش ئىستىكى بولاتتى؛ بىرلىرى ئالدىنقى قېتىملىق مەغلۇبىيىتى ئۈچۈن ئۆچ ئېلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ كېلەتتى. بۇنداق چاغلاردا قانلىق جىدەللەر بىلەن تۈگەيدىغان بۇ پالۋانلىق تالىشى، ئۇزاق زامانلار ئۈچۈنمۇ يۇرتلار ئارا زىددىيەت ئۇرۇقى بولۇپ قالاتتى.

داڭلىق قوچقارلىرى بولغانلار، داڭلىق خورازلىرى بولغانلار، داڭلىق ئىتلىرى بارلارمۇ بۇ سورۇندا ئۆزىنى كۆرسىتىشنى قولدىن بەرگۈسى كەلمەيتى. ھەتتا ھايۋانلىرىنى سوقۇشقا سېلىشنىڭ ئارقىسىدىنمۇ قانلىق جىدەللەرگە كېتىلەتتى. بۇ مۇسابىقىلارنىڭ ئارقىسىدا تەڭگىلەر، قويلار، ھەتتا تىللا ياكى ئاتلار قولدىن قولغا ئۆتىدىغان قىمار ياتاتتى. ئەمما ناھايىتى كۆپ ساننى تەشكىل قىلىدىغان ئاۋام ئۈچۈن يەنىلا بىر كۆڭۈل ئېچىش سورۇنى، يىلدا بىر قېتىملا بولۇدۇغان مەنىۋى ھوزۇر ئىدى.

باللارمۇ ئۆز تەڭتۇشلىرى بىلەن چوڭلار مۇسابىقىلىشىدىغان ھەممە تۈرلەر بويىچە ئويۇنلىرىنى باشلىۋېتەتتى. ئۇلارنى ئاساسەن بەزى شوخ، ساياق يىگىتلەر خۇددى ئىتتىنى كىش- كىشلىگەندەك بىر - بىرلىرى بىلەن يا چېلىشقا سالاتتى، ياكى مۇشتلاشقا سالاتتى. كىمنىڭدۇر

چېقىۋېلىش، كىمنىدۇر ئېزىۋېلىش بىلەن گويا خۇمارى چېقىدىغاندەك ئىچى قارىلىق، دۈشمەنلىك توپلۇمنى چولغىۋالغىنى ئۇچۇق بىلىنەتتى. دوستانىلىق، قېرىنداشلىق ناھايىتى تار دائىرىلەردە قاپسىلىپ قالغاندەك ئىدى.

ئۇقۇمۇشلۇقلارغىمۇ ئۆزلىرىگە يارىشا سورۇن بولاتتى: ئىلمىي مۇھاكىمىلەر، مۇلاھىزىلەر، ياكى مەلۇم بىر كىلاسسىكنىڭ بىرەر ئەسىرى ھەققىدىكى تالاش- تارتىش؛ مۇشائىرە، لەپەر ئېيتىشلار ئۇقۇمۇشلۇقلارنىمۇ ئازدۇر- كۆپتۇر خۇماردىن چىقىراتتى.

ئادەملەر غولداشقا باشلىشى بىلەنلا، ئۇ يەر، بۇ يەردە توپلار شەكىللىنىشكە باشلىدى. ھەركىم ئۆزى قىزىققان توپقا باراتتى. كىملەردۇر بىر نەچچە بالىنى چېلىشقا سېلىپ قويغانىدى. كىشىلەر رەسمىي پالۋانلارنىڭ چېلىشى باشلانغىچە ئادەتتە سورۇننى مۇشۇنداق شەكىللەندۈرەتتى.

توپلار ئارىسىدا پۈتلىشىپ بىر ئاشىق مۇڭلۇق ھۆكمەت ئېيتىپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ ھۆكمىتى ئۆزاق ئۆتمۈشتىكى ئازاپلىق جاراھەتنى قايتا يېڭىلىغاندەك، ئاچچىق بىر لەززەت — تىراگېدىيە لەززىتى بېرەتتى. ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ ئەقلى بىجىرىم بولمىغاچقا ھە دېگەندىلا ھۆكمەتنى كېسىپ، خەلق ناخشىلىرىدىن بىرىگە بۇرۇلۇپ كەتتى. ئۇ توپتىن توپقا ئۆتۈپ، ھەر توپتا ئەڭ دەسلەپ ئۆزىگە نېمە تەسىر قىلسا شۇنىڭغا كۆرە بىر نېمىلەرنى دەيتى ياكى پەقەت ئاشىقلارلا چۈشىنىدىغان غەلىتە تەسەۋۋۇرى، بۇ تەسىراتتىن باشقا بىر تۇرلۇك ئىنكاس تۇغدۇرۇپ، ئۇ ئەنە شۇنى ئىپادىلەيتى. كۆرگىنى بىلەن دەۋاتقىنىنىڭ ئالاقىسى يوقتەك، تازىمۇ «كاللا دېسە پاقالچاق» دېگەندەك كۆرۈنسىمۇ، دىققەت قىلىنسا ئۇنىڭ ئارىسىدا سىرلىق بىر باغلىنىش، غەلىتە مۇناسىۋەت بارلىقىمۇ سېزىلەتتى. گويا بۇ ئۇقۇمۇشلۇقلار سۆزلەيدىغان «ئۇلانما تەسەۋۋۇر»دىن ئەنە شۇنداق چاتاقلاپ كەتكەندەك.

— كۆزەڭگە قاراۋا، ساراڭ سولامچى!... — دېگەن ئاچچىق ھاقارەت، ئاشىقنى مەڭدىتىپ قويدى. ئۇ بىر لەڭپۇڭچىنىڭ هارۋىسىغا پۈتلىشىپ

كەتكەنىدى، ــ ئىت پوق يېمەستە سەن سولامچىغا نېمە بادۇ...

ــ ئانچىۋالا تىللىمىساڭچۇ ئۇكامۇي، ئاللاھنىڭ ئاشىقىنى. ئاللاھ سەن بىزنى ئىبرەت ئالسۇن، تۈۋا قىلسۇن دەپ ياراتقان پەرىشتىدەك بىر جانغۇ بۇ، ھېچكىمگە زەرەرى يوق...

ــ ماڭ ـ ماڭەۋە، پالان...تولا يېمەي، ئىشىڭنى قىلە! ھېلى بىكار خامىرىڭنى يارىمەن.

ــ ماڭا قاراڭ، بولدى قىلىڭ، گەپ قىلماي مايانغا مېڭىڭە، ــ ئۇنى بىرسى يېڭىدىن تارتتى، ــ بىلمەمتىڭىز بۇ بازارلىق ئۇششۇقلارنى، دادىسىنى «خوتنۇڭنى!...» دەپ تىللايدىغان ياۋايى ئېشەكلەرنى؟ بىكاردىن ئەتتىگەندىلا ئۆزىڭىزنى رەنجىتىۋالدىڭىز.

ــ ياق، دەيمىنا،...

ــ شىش، ئۇنىڭىزنى چىقارماڭ، «خوشولغاي»[1] دەڭ. دادىسى بىلەن بىر تاۋكادا ئوينايدىغان بۇ قىلىقسىزلار بىلەن تەڭ تۇرغىلى بولامتى. ھېلى ھەممىسى ھۆمۈرۈلەپ كېلىدۇ بۇ خەقنىڭ. ئاستا يولىڭىزغا مېڭىڭ. راھمان ساراڭمۇ شۇلارنىڭ ئۆزىدىن، ئۆزلىرى چىقىشىۋالاتتى، سىز بىز ئارىلاشمىساقمۇ...

بۇلارنى بالاغا قويغۇچى راھمان ساراڭ بولسا ئەمدىلەتىن توپ بولۇشىۋاتقان، پاكىز سەللىلەرنى ئوراپ، رەتلىك كېيىنگەن ئۇقۇمۇشلۇقلارنىڭ توپىغا بېرىپ بولغانىدى.

ــ ئەسسالامۇئەلەيكۇم، خەلپىتىم، سىلىدەك مۆتىۋەرلەرگە بۇنداق سورۇندا نېمە با؟ ــ دېدى ئۇ ئۇچلۇق ساقال، ئاۋاقراق كەلگەن ئوتتۇرا ياشلىق بىر كىشىگە تازىم بىلەن سالام قىلىپ.

سالاپەتلىك ئادەم بىر ئاز مەڭدەپ قالغاندەك بولدى، ئەمما ئۇ تەربىيە كۆرگەن ئادەملەردەك سەممىيلىك بىلەن راھمانغا جاۋاپ بەردى:

ــ خەلق بار يەردە بىزمۇ بولىمىز ـ دە، راھماناخۇن، نېمىشقا بىزگە ياراشماس بولۇپ قاپتىكەن؟

---

[1] ئاتۇش شىۋىسىدە «ئەلھەزەر، خۇدانىڭ ئۆزىگە ئامانەت» مەنىلىرىنى بېرىدۇ، ــ ئا.

www.uyghurkitap.com

ــ نەغمە- ناۋا، ئۇسۇل- ساما، جېدەل- ماجرا بولۇدۇغان يەرلەردە دەيمەنغۇ... ــ راھمان ئەمدى تامامەن نورمال ئادەملەردەكلا سۆزلەيتى. ئۇ ئەنە شۇنداق، بەزى چاغلاردا ئاجايىپ چوڭقۇر پىكىر قىلىپ كېتىدىغان، كىشىلەرنى ئويلاندۇرۇپ قويىدىغان بولغاچقا، بەزىلەر ئۇنى يالغان ساراڭ، «جاھان سارىڭى» دەپمۇ قارايتى. شۇڭا ئۇنى كەمسىتىپ «ساراڭ» دېيىش ئورنىغا «ئاشىق» نامىنى قوللىناتتى.

ــ ماڭا بولمىسىمۇ، ياش تالىپلىرىم بار ئەمەسمۇ، ئۇلارنى ئېلىپ كەلمىسەم كۆڭلى يېرىم بولۇدۇ- دە، ــ دېدى خەلپەت يەنە شۇنداق سەمىمىي ئاھاڭدا. ئەمما ئۇنىڭ بۇ باھانىسىدە يەنە زامانىسىنىڭ رەسمىلەشكەن قاتماللىقلىرىدىن ھېيىققىنى، شۇڭا بىرەر ئىشنى سەۋەپ قىلىپ كۆرسەتمەكچى بولغىنىمۇ بىلىنەتتى.

راھمان بۇ يەردىنمۇ چاپسانلا زېرىكتى ۋە بۇ سورۇن تۈپەيلىمۇ، ئەيتاۋۇر ئابدۇقادىر داموللا ھەققىدىكى مەرسىيەلەردىن بىر نەچچە كۇپلىتنى ۋارقىرىغاچ كېتىپ قالدى.

ــ ئەسسالامۇئەلەيكۇم، تاھىر خەلپىتىم، راھمان ئاشىق بىلەن بەك سۆزلۈشۈپ كېتىپلىغۇ؟

بۇ سالام ئۇچلۇق ساقاللىق ۋىجىك خەلپەتنى مەڭدىتىۋەتتى.

ــ ۋۇي، ۋۇي، نىزامىددىنغۇ بۇ؟ سىزمۇ كەپسىز - دە؟

نىزامىددىنمۇ بالىلىرىنى باھانە قىلدى:

ــ بالىلار قويمىدى، نەچچە كۈن بوغان، باش ئاغرىتقىلى تۇغان. ئاخىرى قۇتۇلالمىدىم، ــ ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ تاماشاغا كەلگەن «ئەيىبى»نى بەكمۇ ئاقلاپ كەتمىدى، ــ ئۆزۈممۇ شۇ ھەبىسلىرىدەك پىكىر ساھىپلىرىنى خۇمادىپ، ئۇچراپ قاسا بىردەم يېرىمدەم كۆڭۈلنىڭ خۇمارىنى باسامەن دەپ ئۈمىد قىلىپ كەلگەنتىم. مانا، يولۇم ئوچۇقكەن، ئەتتىگەندىلا سىلىگە يولۇقتۇم.

ــ مەنمۇ شۇ، مەنمۇ شۇ، ــ دېدى تاھىر خەلپەت ئوچۇق يورۇقلۇق بىلەن، ئەمدى ھېچ باھانىگە ئورۇن قالمىغانىدى.

ــ تېخى بالىلىرىمغا «نورۇزلۇق» قەرزىممۇ با دېسىلە، ئۇلاغا بازادا

بىرە نەزمىچى بۇرادەر ئۇچراپ قاسا يازدۇرۇپ بىرەمەن دەپ ۋەدىمۇ قىلغانتىم. قارىغاندا بۇ ۋەدەمدىمۇ ئۇسال بولمىغۇدەكمەن.

— ھە، ھە... سىلىنىڭ قەستلىرى نېمىدىلىكىنى بىلدىم، ئەمما مەن نەدىمۇ نەزمە پۈتكۈدەك بولاي، ...

— باھانە كۆرسەتمىسىلە، مېنى ئۇسال قىلمىسىلا، خەلپىتىم! — ئۇلار ئېچىلىپ سۆزلىشىۋاتقاننىڭ ئۈستىگە غېنى باشچىلىقىدىكى باللارنىڭ ھەممىسى ساي بويلىرىنى بىر ئايلىنىۋېتىپ يېتىپ كەلگەنىدى. نىزامىدىن ئۇلارنى كۆرسۈتۈپ داۋام قىلدى، — مانا «قەرز ئىگىلىرى»مۇ كېلىشتى، — دەپ باللىرىنى كۆرسەتتى.

تاھىر خەلپەت مەدەنىي ئادەملەرنىڭ ئادىتىگە ئۇيغۇن مۇلايىم، ئاتىلارچە ۋە سەمىمىي تەلەپپۇز بىلەن باللارنى بىر قۇر ئەركىلىتىپ، ئىسىملىرىنى سوراپ، تونۇشۇپ چىققاندىن كېيىن:

— ئەمما نا ئۈمىد بولۇشقا ئورۇن يوق، مېنىڭ كونا تالىپلىرىمدىن بىرسى با، ئۇ ھازىر ئوغۇرۇقتا مەمتىمىن سوپىزادىدە ئوقۇيدۇ. ئاڭلىسام ئۇنى قالتىس شېئىرلانى يازىدۇ دەيدۇ. ئەمما ئۆزى بەك تارتىنچاق بولغاچقا مەن تېخى كۆرۈپ باقمىدىم. ئىنىم ۋە ئۇنىڭ بىر نەچچە دوستى بۈگۈن مېنى ئۇنىڭ ئۆچۈنمۇ بۇ يەرگە ئازدۇرۇپ كەلدى: ئۇنى مۇشائىرىگە چۈشۈرەمىش.

— مانا بۇ بىر ياخشى گەپ ئىكەن، قېنى ئۇلار؟

— بۇ ياققا كەلسىلە، — تاھىر خەلپەت بىر توپ ياشنىڭ يېنىغىراق سۈرۈلدى. ئۇلار نېمە توغرىسىدىدۇر تالىشىپ، قىزىشىپ سۆزلىشىۋاتاتتى، — مانا بۇ مېنىڭ ئىنىم، ئابلىمىتقارى، كۆرۈشكەنمىدىلىكىن؟ بەلكىم ئەسلىرىدە يوقتۇ، ماۋۇسى ئېلى ئۈستىنىڭ مۇھەممەت قارى، بۇنىسى سابىت، قوشنىمىز، ھەپتىيەك بىلەن قۇرئاندا مەندە ئوقۇغان، ئەمدى مېنى ياراتماي ئوغۇرۇقتا بېرىۋاتىدۇ، — بۇ گەپتىن كېيىنلا پولامپاي ھەركەتلەر بىلەن نىزامىددىنغا قول ئۇزاتقان بەستلىك، قوپال ئۇسقان يىگىت، بەستىگە ياراشمىغان بىر خىل نازاكەت بىلەن قىزىرىپ، ئۇستازىنىڭ چاخچىقىدىن ئۇجۇقۇپلا كەتكەچكە، نىزامىدىنغا تۇزۇكرەك سالام ـ سائەتمۇ

www.uyghurkitap.com

قىلماي، مېيىقىدا كۈلگىنىچە تىكىلىپ قالدى.

— ئابلىمىت قارىنىغۇ كۆرگىنىم ئېسىمدە، سابىتقارىم بىلەن تونۇشۇپ قېلىشقا نېسىپ بولماپتىكەن، — دېدى نىزامىددىن.

— ئەمما ئۇنى سابىت ئەپەندى دېسىلە تېخىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ. سىلىنىڭ ئىنى مەمتىلىگە ئوخشاپ كېتىدىغان تەرەپلىرى نۇرغۇن.

— ھە، ماندا دېسىلە، — دېدى نىزامىددىن ۋە ئىنىسىنىڭ ئىسمى چىقىشى بىلەن يەنە تېنى شۇۋ قىلىپ يېنىپ كەتتى. ئۇ دەرھال گەپكە كىرىشىپ، بۇ يارنى ئۇنتۇش ئۈچۈن، — سىلىگە مېنىڭ شۇ بالىلىرىمنىڭ بىر ئىلتىماسى با، ئەمما بۇنداق دېگىلى تۇرسام يەنە «‹ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم›، دېسە، ‹ھە، ھېلىقى بەش تەڭگەمنى بېرىۋېتىڭ› دەپتۇ» دېگەندەك چۈشۈنۈپ قالماڭ، بۇ بىر ئېھتىياج، يەنى، باللار «نورۇزلۇق» يېزىپ بېرىشكە قىستاپ ھالىمنى قويمىغانتى، ئەمدى مانا شۇنىڭدىن بىر قۇتقۇزىسىز - دە...

سابىت يەنە قىزىرىپ كەتتى. تارتىنچاقلىق بىلەن دۇغدۇيۇپ، نە ئۆزرەخالىق ئېيتىپ رەت قىلىشنى، نە خۇشخۇي ئادەملەردەك، «چاتاق يوق» دەپ كۈلكە بىلەن ئۆتكۈزۈۋېتىشنى بىلمەي، مەڭدەپ تۇراتتى، ئابلىمىت قارى سۆز ئېلىپ،

— نەزمە - قوشاق دېگەننىڭ پادىشالىرى كېلىدىغۇ ھېلى، — دېدى.

— يەنە كىملەر ئۇ؟ — تاھىر خەلپەتمۇ چۈشىنەلمەي.

— تېجەندىن موللا ئېزىز داموللامنىڭ ئوغلى ئەمەت مەخسۇم كېلىدۇ، ئىشتاچىدىن چوڭخۇنباينىڭ ئابدىراھمانلار كېلىدۇ، يەنە باشقا بىز بىلمەيدىغان شائىرلارمۇ كەلسە كېرەك.

— ھە، مانا ئەمدى بىلدىم، — دېدى تاھىر خەلپەت، — سابىتنى مۇشائىرىگە ھازىرلىغىنىڭلارنىڭ تېگىدە گەپ بار ئىكەن ئەمەسمۇ؟ ئاڭلىغان، ئاڭلىغان، سىلىمۇ بىللا، — دېدى ئۇ نىزامىددىنغا، — چوڭخۇنباينى، قاراشەھەردىمۇ نۇرغۇن يەر زېمىنلىرى بار ئادەم. ئۇ ھەممە باللىرىنى ئوبدان يېتىشتۈرۈپتىكەن، چوڭ ئوغلى ئابدۇكېرىماخۇنمۇ، ئىككىنچىسى ئابدىرېھىماخۇنمۇ قەلەمدە يېتىشكەنلەردىنمىش. مانا

بۈگۈن نېسىپ بولۇپ، بۇلارنىڭ كارامىتىنى بىر كۆرۈپ باقىدىكەنمىز- دە! ياخشىمۇ كەپتىمەن، ئەمدى كەلگىنىمدىن رازى بولدۇم. ئەمەت مەخسۇمنىڭمۇ ئوبدان بىلىمەن، سورۇنى بار يىگىت، پىكرى ئۆتكۈر. شېئىرلىرىنىمۇ كۆرگەنمەن. ئەمما سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن جىدەل چىكەتمەس؟ ئاۋۇ ئىت تالاشتۇرۇدۇغانلار،... دەك؟ — ئۇ چاخچاقتەك دېگەن بولسىمۇ، جەمىيەتنىڭ بۇزۇقچىلىقىغا، مىھرى مۇھەببەتنىڭ سۇنۇپ، دۈشمەنلىكنىڭ ئېغىرلاپ كېتىۋاتقىنىغا بولغان ئېچىنىش ئاھاڭىدىن بىلىنىپ تۇراتتى.

سابىت ساۋاقدىشى ئابلىمىت قارى بىلەن مۇھەممەت قارىنىڭ زورى بىلەن بالىلارغا بىرەر كۈپلىتتىن نورۇزلۇق يېزىپ بەردى. ئەمما ئۇنى دوستلىرىغا كۆرسەتمەيلا بالىلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ نېرى كەتكۈزىۋەتمەكچىدى، مۇھەممەد قارى يېپىشقاق مىجەزى بىلەن بۇنى كۆرمىگىچە قويمىدى.

— مانا قاراڭ، خەلپىتىم، — دېدى ئۇ بالىلاردىن ئېلىۋالغان قەغەزنى تاھىر خەلپەتكە تەڭلەپ، — تالىپىڭىزنىڭ كارامىتىنى كۆرۈپ بېقىڭ، بالىلارغا يازغاندىكىن دەپ، تەپمەھالال قىلىپلا قۇتۇلماي، قاراڭ، قانداق يېزىۋەتكەن!

— بولدى قىلە، تازىمۇ... — دەيتى سابىت ئۇنى ئۇستازىنىڭ كۆرىشىدىن توسماقچى بولۇپ.

ئاۋال نىزامىددىن ئېلىپ، تاھىر خەلپەتنىمۇ، سابىتنىمۇ خىجالەتتىن قۇتقازدى. نىزامىددىن ئانچە جىددىيەتسىز ھالدا كۆز يۈگەرتىپ كۆرۈپ، يۈرىكىدە نېمىدۇر داۋالغۇپ كەتكەندەك بىر سېزىم بىلەن سابىتقا بىلىندۈرمەي بىر قارىۋېتىپ:

— بالىلارغا بۇ قەرزگە بوغۇلۇپ تازىمۇ بېشىم قاتقانىدى، ھەجەپمۇ قۇتقازدىڭىز مېنى، ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن، — دېدى ئۇ. ئۇنىڭ راسا ماختىغۇسى باردى- يۇ، سابىتنى تەڭلىككە سالماسلىق ئۈچۈن ئاددىيلا رەخمەت ئېيتىش بىلەن چەكلەندى.

— مەن بۇلارغا ئۆزەم يادلىتىمەن، — دېدى مۇھەممەد قارى، —

كېلىڭلار، مەن ئوقۇپ بېرىمەن، سىلەر يادلايسىلەر، — ئۇ بالىلارنى چەتكىراق ئېلىپ كەتتى. بۇ ئۇنىڭ يېپيېشقاقلىقى ئۈچۈن سابىتنىڭ سەت كۆرمەسلىكىنى كۆزلەپ قىلىنىۋاتقان ياغلىمىچىلىقى ئىدى. سابىت بۇنى چۈشۈنۈپ كۈلۈپ قويدى.

بۇ جەرياندا يىغىلىقلارنىڭ ئەۋۋىلىدە بولىدىغىنىدەك، نورۇز كەيپى سايىنى ئۆز قۇچىقىغا ئالغانىدى. ئاللىقەيەردە راۋابنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى بىلەن بىللە، ئەلنەغمىچىلەرنىڭ خەلق ناخشىلىرى ياڭراشقا باشلىغانىدى. چېلىش سورۇنىدىكىلەرنىڭ شاۋقۇنلىرى يۇقۇرى پەللىگە چىققان بولسا، ئىت تالاشتۇرۇش سورۇنىدىن ئىتلارنىڭ قاۋشى ۋە كىشىلەرنىڭ ئەپسانە تىللاشلىرى ئاڭلىناتتى.

مۇشائىرە باشلاش ئۈچۈنمۇ ئاۋال بالىلار، كىچىك تالىپچاقلارنى ئوتتۇرىغا ئىتتىرىپ كىرگۈزۈپ، نورۇزلۇقلىرىنى ئوقۇشقا زورلاشتىن باشلاشتى. دەسلەپ ھەركىم تارتىنىش بىلەن تىرەجەپ مەيدانغا چۈشكىلى ئۇنىمىغان بولسا، «غورا غورىنى كۆرۈپ ئالىيپتۇ» دېگەندەك، بارا- بارا نۆۋەت تالىشىش ۋەزىيىتى شەكىللىنەتتى.

بالىلارنىڭ نورۇزلۇق ئوقۇشلىرى ئۈستىگە زىكرى كەچكەن ئەمەت مەخسۇم، ئابدىراھمان، مۇھەممەد قارى دېگەن ئوخشاش ئىسىملىكتىن يەنە ئىككى يىگىت تەرەپ- تەرەپتىن كېلىشىپ، توپقا قىستالدى. تاھىر خەلپەت ۋە نىزامىدىنلار بۇ ياش يىگىتلەر بىلەن كۆرۈشتى. بەكرەك تەرىپى بولۇدىغان ئابدىراھمان يۈزىنى دانىخورەك باسقان بولىشىغا قارىماي، بۇ دانىخورەكلەر خۇددى يىگىتلىكىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان بىر تەركىۋىدەك ياراشقان قىزغۇچ چىراي يىگىت ئىدى. بىر كۆرۈشتىلا نىزامىدىن ئۇنى ياقتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭدا چوڭ كىشىلەردەك سالاپەت، يىقىملىق ۋە ئېغىر- بېسىق مىجەز ئاجايىپ جىپسىلاشقان بولۇپ، چوڭ كىشىلەرمۇ ئۇنى تەڭتۇشۇممىكىن دەپ قالىدىغان بىر خىل تەسىراتقا كېلىپ قالاتتى. ئىككى مۇھەممەد قارى سۇنتاغدىن كەلگەنىدى. بىرى راۋاپ، تەمبۇر دېگەنلەرنى ئوينىتىۋېتەتتى. ھېلىمۇ ئۇ تەمبۇرنى كۆتۈرىۋالغانىدى.

شائىرلىقى ھەققىدە تەرىپى بولۇنغان يىگىتلەرمۇ نىزامىددىن بىلەن تونۇشقىنىدىن مەمنۇن بولۇشتى. چۈنكى نىزامىددىنمۇ زامانىسىنىڭ ئۇقۇمۇشلۇقلىرىدىن سانىلاتتى. ئۇ بىر زامان تاغىسى تاشاخۇنۇمنىڭ سودا ۋەكىلى بولۇپ رۇسلار بىلەن بىللە ئىشلىگەن بولغاچقا رۇسچە بىلەتتى. بۇ ھال ئۇنى ياشلار ئىچىدە «مەشھۇر» ئورۇنغا ئىگە قىلغان بولسا، يەنە بىر تەرىپى، ئۇنىڭ ئىنىسى مەمتىلى تۆپەيلىدىن ئىدى. بىر زامان يۈلتۇزدەك چاقناپ ئۆچكەن بۇ يىگىت ھەققىدە يۇرتتا كۆپ ھىكايىلار بارىدى. شۇڭا ھەممە مەمتىلى ئەپەندى دېگەن قانداقراق ئادەمىدىكىن؟ مۇشۇ ئاكىسىغا ئوخشامتىكىن دەپ ئۇنىڭغا قارىشىپ قوياتتى.

بۈگۈنمۇ ياشلار ئۇنىڭدىن ئىنىسى ھەققىدە گەپ سورىدى. ھەممە ئۇنى چەتئەلدە ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتىدۇ، كېيىن قايتىپ كېلىپ يۇرتقا خىزمەت قىلىدۇ، دەپ بىلگەچكە، ئۇنىڭ قاچان كېلىدىغانلىقى، نەلەردە يۈرگىنى ھەققىدە سوراپ كېتىشتى.

باللارنىڭ نورۇزلۇق ئوقۇشى قىزغىنلىقى تۈرغاندا نىزامىددىن باللىرىنى مەيدانغا ئۈندىدى. ئۇلار سەل تارتىنىپ تۇرسىمۇ يەنىلا مەيدانغا چىقىپ، قوللىرىدىكى سابىت يېزىپ بەرگەن نەزمىلەرنى ئوقۇدى. ئۇلارنىڭ ئوقۇغىنى كېيىن كەلگەن ياش تالىپلارنى ھەيران قالدۇردى.

— بۇلارنى مەمتىلى ئەپەندى يېزىپ بېرىپ كەتمىگەن بولغىيدى؟

— دېدى ئابدىراھمان چاخچاققىمۇ راستقىمۇ ئوخشىمايدىغان ئاھاڭدا.

— سابىتنىڭ چاخچىقى بولمامدۇ، — دېدى مۇھەممەدقارى دوستى بىلەن ئىپتىخارلانغان ئاھاڭدا، — چاخچاقنىڭ ئورنىدا مۇشۇنداقلا ئىلمەپ قويسا ئاشۇنچىلىك چىقىپ قالىدۇ ئەمەسمۇ.

— ھەي سابىت، ھەي سابىت، — دېدى ئابدىراھمان، ئۆزىگە دەۋاتقاندەك، — ھەمىشە بىر قىلىقى بىلەن توككىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ ئادەم ھەيران قالدۇرۇشقا ئۇستا ـ دە.

— ھەبىسلىرى بىلەن بۈگەن (بۈگۈن) مۇشائىرىدە تۇتۇشماقچى، — دېدى ئابلىمىت قارى ئەمەت مەخسۇم بىلەن ئابدىراھمان ئارىلىقىدا تۇرۇپ

پەقەت شۇلار ئاڭلىنىدەك قىلىپ.

— شۇنداقلا بولسا ياخشىدىغۇ، ئەمما ئۇنى ئوتتۇرىغا چىقارغىلى بولماسمىكىن؟ — دېدى ئەمەت مەخسۇم.

— بۇ يېقىنى مۇھەممەد قارىغا قويۇۋېتىڭلار، ئۇ چاپلاشقاق بىر نېمىلەر قىلىپ، ئۇنى چىقىرىدۇ. ئۇ قىزىتىشنىڭ ئېپىنى بىلىدۇ.

ئەمدى ياش تالىپلارمۇ بىرەر شېئىر ئوقۇپ بەرسە دېگەن كىرىش سۆز بىلەن، مۇشائىرىنى باشلىتىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن سۇنتاغلىق مۇھەممەد قارى تەمبۇرنى سازلاپ بىر پەدە چالدى. كىمدۇر تېپىپ كەلگەن داپنى يەنە بىر مۇھەممەد قارى چالدى. مۇڭ بىلەن خالايىق دىققەتكە كەلگەن پۇرسەتتە داپ چالغان مۇھەممەد قارى كۆپچۈلۈكنى دىققەتكە ئۈندەپ:

— ئەمدى ياش تالىپلىرىمىزدىن نەزمە ئاڭلاپ باقايلى، قانداق دەيسىلەر؟ — دېدى. كۆپچۈلۈك تەرتىپسىز سۈرەن سېلىپ، ئالقىش ياڭراتتى.

تارتىنمايدىغان ھەۋەسكارلار ئوتتۇرىغا چىقىپ شېئىر ئوقۇشقا باشلىغاندىلا، مۇھەممەد قارى سابىتنىڭ بېقىنىغا كىرىۋېلىپ، ئۇنى «بىلەشكە» باشلىغاندى. لەپەرلەر، شېئىرلار ئوقۇلۇپ، ھەتتا زور ئالقىش ئىچىدە ئابدىراھمان ۋە ئەمەت مەخسۇملارمۇ نورۇزغا ئاتىغان نەزمىلىرىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن سابىت ئاران ئەيۋاشقا كەلدى ۋە قىزارغانچە ئوتتۇرىغا چىقتى.

بىرىنچى مىسرانى تارتىنىش ئىچىدە خىرىلداپ، ئاۋازى ئارانلا ئاڭلانغۇدەك باشلىغان سابىت، بارا- بارا شۇ سورۇننى تامامەن ئۇنتۇپ، ئۆزىنىڭ شېئىري ئالىمىگە پەرۋاز قىلىپ كەتكەچكە، قىزىپ كەتكىنىدىن شۇنداق گۈزەل ئاھاڭدا ئوقىدىكى، شېئىر چۈشەنمىدىغانلارنىڭ يۈرەكلىرىدە ئىسسىق ئېقىم تېنىگە يامراپ، كۆزلىرى ياشاڭغىراپ كېتىشتى. كىمدۇر ئۇنىڭ شېئىردىن توختاپ قېلىشىنى خاھلىمىغاندەك ئارقىدىن بىر نېمە دېۋىدى، سابىت ئۇنىڭغا جاۋابەن بىر رەددىيە شېئىرنى ھازىر جاۋاپلىق بىلەن شۇئاندىلا توقۇپ

www.uyghurkitap.com

ئوقۇپ كەتتى.

ھەممەدىن بەك سۆيۈنۈپ كەتكىنى ئابدىراھمان ئىدى. چۈنكى ئۇ ھەممىدىن بەك چۈشەنگىنى، شېئىرنىڭ ئەھلى ئىدى. ئۇ سابىتنى مۇرىسىدىن مەھكەم قامالLاپ سىلكىتىپ، مەمنۇنلۇقىنى ئىپادە قىلىۋىدى، ئارىغا كىرگەن مۇھەممەد قارى:

— دوستىمىز قانداق ئىكەن؟ — دېدى.

— ھەممىدىنمۇ سېنىڭ ئۇنى قانداق قىزىتقىنىڭ قىزىق تۇيۇلىۋاتىدۇ، شۇنى بىزگە ئېيتىپ بەرگىنە، — دېدى ئەمەت مەخسۇم.

— بۇ بىر سىر. ئەمما سوئالىمغا جاۋاپ بېرىڭلار، دوستىمىز قانداقراق ئىكەن؟ — تەكرارلىدى ئۇ.

— دەيمەنغۇ، ئۇ ھەر زامان كۆتمىگەن بىر يەردىن چىقىپ، ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ.

تاھىر خەلپەتنىڭ چېھرىسىدىمۇ شاگىرتى قۇچقان شەرەپكە بىر ھەغدالىق ئىپتىخارى بىلىنەتتى. ئۇ نىزامىددىنغا قانداق دېگەندەك قارىۋىدى، نىزامىددىنمۇ ئۈنسىز كۈلۈمسىرەش بىلەن باش لىڭشىتىپ قايىللىقىنى ئىپادىلىدى. ئارتۇقچە ماختاشلار بىلەن سابىتنى خىجالەت قىلماسلىقنى ئويلىغانىدى.

— ئۇ مانا شۇنداق، — دەپ خۇلاسىلىدى ئابلىمىت قارى، — سۆزگە كىرىشىۋالغۇچە قىز بالىدەك ئۇيىاتچان، قىزىشىپ كەتكەندىن كېيىن ھېچكىمگە نە يول، نە گەپ بەرمەيدىغان مەمەدانە.

ئەمدى يەنە تەمبۇرچى مۇھەممەد قارىنى بىر پەدە چېلىشقا ئۈندەشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئىككىنچى باب

ئۇلۇغ پەزىلەت بولمىسا، ئۇلۇغ ئادەم بولمايدۇ.

— رومىن روللان

ھەركىمنىڭ تىلى تاتلىق، گۈزەل بولسا،
دوستلىرى كۆپ بولىدۇ.

— «قابۇسنامە»

تەبىئەتنىڭ سەنئەتكار قولى دالىلارغا يېشىل رەڭ بەرگەن، ئورمانلار يىراقتىن گويا يامغۇردا يۇيۇلغاندەك توق يېشىل رەڭدە كۆرۈنەتتى. دەل-دەرەخلەر باھاردا بەكرەك يېشىل بولامدۇ ياكى قىشچە قاخشال ھالەتنى كۆرۈپ ئۆگەنگەن كۆزلەرگە تەبىئەتنىڭ بۇ يېڭى ئەسىرى ئاشۇنداق يېشىل كۆرۈنەمدۇ، ئەيتاۋۇر باھاردا سۆگەتلەر گوستاڭ بولغاندا شۇنچىلىك پاكىز ئوچۇق كۆرۈنەتتى. تۇپراقتىن باھارغا خاس پۇراق كېلەتتى، يېشىل رەڭدە بۇيالغان زېمىن — يەكەن دەريا ۋادىسى تاكى ئۇپۇققىچە تەپتەكشى سوزۇلۇپ ياتاتتى.

قاغىلىق (قاغىلىقتىن كېيىن يىلقىچى) تەرەپتىن چىققان خېچىر قوشقان ھارۋا ئەگرى- بۈگرى يېزا يولىدا توپا توزۇتقان ھالدا شىمالغا قاراپ كېلەتتى. ھارۋىدا چەتئەل پاسونىدا كېيىنگەن ئۈچ كىشى، يەرلىك كىشىدىن ئىككىسى ۋە ھارۋىكەش بولۇپ ئالتە كىشى قىستىلىشىپ ئولتۇرۇشاتتى.

ھارۋىكەش 25 ياشلاردىن ھالقىغان، ئەمما كۆرۈنۈشىدىن 30 ياشلاردا كۆرۈنىدىغان يىگىت ئىدى. ئۇنىڭ ئورۇق يۈزى سەپەر چاڭلىرى بىلەن ئاقىرىپ تېخىمۇ جۇدەڭ كۆرۈنەتتى. بىراق ئۇنىڭ بىر جۈپ كۆزى ئۇيغۇر يىگىتلىرىگە خاس شوخلۇق بىلەن ئويناپ تۇراتتى. ئۇ ئۇڭ تەرەپتە ئۇنىڭ بىلەن ياندىشىپ ئولتۇرۇپ بىر پۇتىنى شوتىغا ئېلىۋالغان ئاق- سېرىق،

مەڭزى قىزىل، يۇمىلاق يۈزلۈك، قاڭشارىنىڭ ئاستىغىلا كىچىككىنە بۇرۇت قويۇۋالغان، كۆزلىرىدىن ئەقىل - پاراسەت نۇرى چېچىلىپ تۇرغان، ئاق شىلەپە، سۇررەڭ كاستيۇم - بۇرۇلكا كىيگەن 30 ياشلار چامىسىدىكى كىشى هارۋىكەش بىلەن سۆھبەتنى ئۈزۈلدۈرمەي كېلەتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر - بىرىگە قىيا بولۇپ، هارۋىنىڭ يېنى تەرەپتىن پۇتىنى ساڭگىلىتىپ يۆلەك - تاقلار ئۈستىدە ئولتۇرغان ئىككى كىشىنىڭ بىرى سۇررەڭ شىلەپە، ئوچۇق يوللۇق رەختتىن كاستيۇم - بۇرۇلكا كەيگەن، كاستيۇمى بىلەن ماسلاشتۇرۇپ يىپەك گالستۇك تاقىغان، پۇتىغا ئېنىگىلىز ئۆتۈكى كىيگەن، ئىنتايىن سالاپەتلىك، سېمىز، قاۋۇل، جىددىي كۆرۈنىدىغان 35 ياشلار چامىسىدىكى كىشى ئىدى. يەنە بىرى بوي - بەستى كىچىك بۇرۇت قويغان ئەپەندىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان، ئەمما چېھرىسى تۇتۇق، قويۇق قاشلىرى ئاستىدىكى يوغان كۆزلىرىدىن ئېغىر غەمكىنلىك چىقىپ تۇرغان 30 ياشلار چامىسىدىكى كىشى ئىدى. هارۋىنىڭ ئارقا تەرىپىدە بىر - بىرىگە ياندىشقان هالدا سەپەر يۈنىلىشىگە ئارقىسىنى قىلىپ، هارۋىدىن پۇتلىرىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرغان ئىككەيلەن چەكمەندىن چاپان، ماتادىن كۆينەك، پۇتلىرىغا كونىراپ كەتكەن كۆك چورۇق كەيگەن 20 ياشلاردىن سەل هالقىغان دېهقان يىگىتلىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ياشلىق هاياتى كۆچى ئۇرغۇپ تۇراتتى. كۆزلىرى بولسا ئارقىدا قېلىۋاتقان مەنزىرىگە تىكىلگەن ئىدى. بۇلار ئاشۇ چەتئەلچە كىيىنگەن جانابلارنىڭ مۇلازىملىرىدەك قىلاتتى.

— مەمتىلى ئەپەندى ئاجايىپ كىشىكەن جۇما، — دېدى مۇلازىم يىگىتلەرنىڭ بىرى، ئۇ بېشىغا چۆچۈرە بادام دوپپا كەيگەن قىلىقلىرىدىن شوخلۇق چىقىپ تۇرۇدۇغان، تولا گەپ قىلىدىغان يىگىت ئىدى. ئۇ تېخىچە قىشنىڭ تەۋەرۈكى بولغان ئۈزۈنچاق ئاق تۇمىقىنى تاشلىمىغان، هەمرىيىغا هارۋىكەش بىلەن قىزغىن سۆھبەتلىشىپ كېتىۋاتقان كىچىك بۇرۇتلۇق كىشىنى ئىشارە قىلىپ داۋام قىلدى، — بەك چىقىشقاق ئادەمكەن، هارۋىكەش بىلەن بىردەمدىلا قەدىناس بولۇپ كەتتىيا.

— توختاجىكام هېرىپ بولالمايلا قاپتۇ، — دېدى تۇماق كىيگىنى

جاۋابەن، يۈك- تاقلار ئۈستىدە ئولتۇرغان سېمىز، قاۋۇل كىشىنى ئىما قىلىپ.

ئۇلارنىڭ پۈتكۈل سەپەر جەريانىدا قىلغۇدەك گېپى قالماي، ئەمدى جاناپلارنى باھالاشقا باشلىغانىدى. دوپپىلىق يىگىت گەپنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەندەك داۋام قىلدى.

— ئەخمەت ئەپەندىغۇ گەپنى پۇلغا ساتىدىغان ئادەمكەن، مۈگدەپلا ماڭدى. ھازىرغا كەلگىچە بىرەر ئېغىز گېپىنى ئاڭلىغىنىم يادىمدا يوق،

— بۇ گەپ چېھرىدىن غەمكىنلىك چىقىپ تۇرۇدۇغان قويۇق قاشلىق، يوغان كۆزلۈك كىشىگە قارىتىلغانىدى.

— نېمە دېيىشىۋاتىسىلەر، يىگىتلەر؟ — دەپ سورىدى توختاجى چالا يۇمۇۋالغان كۆزلىرىنى ئېچىپ، يىگىتلەرنىڭ نېمە دېيىشىۋاتقىنىغا قىزىقىپ ئەمەس، زېرىككەنلىكىدىن سۆھبەتكە قوشۇلۇشقا قىزىقىۋاتقاندەك قىلاتتى. شۇڭا ئۇ يېنىدىكى ھەمرىيىنى نۇقىدى، — ئەخمەد ئەپەندى، كۆزلىرىنى ئاچسىلا ئۇخلاۋېرەملا دەيمەن.

ئەخمەد ئەپەندى كۆزلىرىنى ئاچتى ۋە بېشىنى چايقاپ قويدى. بۇ ئۇنىڭ «ئۇخلىمىدىم» دېگىنى ئىدى. مۇلازىم يىگىتلەر توختاجىنىڭ پاراڭ قىلىپ ماڭغۇسى كېلىپ قالغانلىقىنى سېزىپ:

— بىز ئاۋۇ مەمتىلى ئەپەندىنى دەيمىز- يا، بەك چىقىشقاق، قىزىق كىشىكەن، ھارۋىكەش بىلەن بىردەمدىلا ئەسرا بولۇشۇپ كەتتى، — دېدى.

— بۇ ئۇنىڭ ۋەتەنگە قايتىپ كەلگىنىدىن خۇشاللىقىنى ئىچىگە پاتقۇزالماي قېلىۋاتقىنى، يەنە كېلىپ ھارۋىكەش ئەسكەر بولغان يىگىتكەن ئەمەسمۇ، ئۇنىڭدىن ئىنقىلاپ ھەققىدە سوراپ تىنماي كەتكىنى شۇ- دە، — مۇلازىم يىگىتلەرگە ۋەتەن ئاتالمىسى ئۇ قەدەر تونۇشلۇق بولمىسىمۇ يۇرتنى كۆزدە تۇتىۋاتقىنىنى بىلدى ۋە بۇ سۆز مەدەنىي تۇيۇلدى.

— سىلىچۇ، توختاجىكا؟ يۇرتقا قايتىپ كەلگەنلىرىدىن سىلى خۇش بولمايۋاتامدىلا؟

— مەنمۇ خوش، بىراق مەن بۇ ئىككى ئەپەندىدەك ۋەتەندىن

ئايرىلغىلى ئۇزۇن بولغانلاردىن ئەمەستە. مەن سودا ئىشى بىلەن ھەمىشە كېلىپ - بېرىپ تۇرىمەن. ماڭا ھەممە يەر «قوغۇنلۇقنىڭ يولى» بولۇپ كەتتى. مەمتىلى ئەپەندىگە ۋەتەندىن ئايرىلغىلى يەتتە يىلچە بولۇپ قالغانىدى. ئەخمەد ئەپەندىگە تېخىمۇ كۆپ بولدى.

— ئەمسە ئەخمەد ئەپەندى نېمىشقا جىملا مۈگدەپ ئولتۇرىدۇ؟

— بۇ دوستىمىز ھامان شۇنداق،— دەپ چاقچاق باشلىدى توختاجى، — «بۇ ئالەمنى توپان باسسا ھوشۇقىغا ئالمايدىغان» لاردىن، «ئىچىدىن پىشقان سىر بەرمەس» دېگەن شۇ. مەمتىلى ئەپەندىنى ئادەم دورىيالامدىغان، ئۇ دېگەن بىر پارچە ئوت- دە.

— توختاجى يېنىدىن سىگارت چىقىرىپ ئاۋۋال ئەخمەد ئەپەندىگە تۇتتى، — چەككىلىرى كەلگەندۇ؟ ئۇيقۇلىرى قاچىدۇ، بىر تال چەكسىلە، — ئاندىن مەمتىلى ئەپەندىگە تەڭلىدى، — چېكىۋالسىلا، ئەپەندى، نىمانچىلا تۈگىمىگەن گەپ بۇ؟ — دېدى چاقچاق قىلىپ، ئارقىدىن مۈلازىم يىگىتلەرگە تەڭلىدى. ئۇلاردىن دوپپىلىق يىگىت ھازىرغىچە تارتىنىپ ئەپەندىلەرنىڭ چېكىدىغان نەرسىسىنى ئالمىغان ئىدى، ئەمدى سىگارتنى ئېلىپ چەكتى.

— قالتىس نېمىكەن بۇ، شۇ بىر قاپچۇقى قانچە پۇل شۇنىڭ؟ — دەپ سورىدى ئۇ ھەممىگە قىزىققۇچى كۆزلىرى بىلەن قاراپ.

توختاجى ئۇنىڭغا سىگارتنىڭ نەرقىنى قەشقەر پۇلىغا سۇندۇرۇپ ئېيتىپ بېرىۋىدى، يىگىتنىڭ قاشلىرى ئويناپ كەتتى:

— ۋاھ، يېرىم چارەك قوناقنىڭ پۇلىكەن.

مەمتىلى ئەپەندى سىگارتنى ئېلىپ تۇتاشتۇرىۋالغاندىن كېيىن دوستىغا ئەدەپ بىلەن رەخمەت ئېيتىپ كۇلۇپ قويدى ۋە يەنە ھارۋىكەش تەرەپكە قايرىلدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ نۇرلۇق چاقنىشى، قىزىللىق تەپكەن يۈزلىرىدىن دائىمىي تەبەسسۇم يېغىپ تۇرىشى، ئۇنىڭغا بۇ ئۇزۇن سەپەرنىڭ ھېچقانچە تەسىر قىلمىغانلىقىنى بىلدۈرەتتى.

— شۇنداق قىلىپ، جەڭلەردىمۇ بولدۇم دەڭ، — دېدى ھارۋىكەشنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ يېقىملىق تەبەسسۇم بىلەن ئۇنىڭ گەپ-

سۆزلىرىدىكى ئاھاڭنىڭ يېقىملىقلىقى، چىرايىنىڭ ئىللىقلىقى ھەر قانداق كىشىدە شۇئانلا بىر خىل يېقىنلىق تۇيغۇسى پەيدا قىلاتتى. كۈلۈمسىرىگەندە كۆزلىرى سەل ـ پەل يۇمۇلۇپ، ئوڭ كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدىكى بىلىنەر ـ بىلىنمەس تاتۇق يۇمۇلۇشتىن ھاسىل بولغان تالا ـ تالا پۈرۈكلەر ئارىسىدا كۆرۈنمەي قالاتتى. بۇنداق كۈلۈمسىرىشى ۋە شۇ چاغدىكى كۆزلىرىنىڭ يۇمۇلۇش ھالىتى بەكمۇ يېقىملىقىدى.

ــ ھە، ــ دېدى ھارۋىكەش، ــ خوتەندىن قەشقەرگە قاراپ ماڭغان «ئىسلام قوشۇنى»[①] مىنى ئەسكەرلىككە ئېلىپ ماڭغانىدى. يەكەندە جەڭگە قاتناشتىم، دەسلەپ تازا قوقتۇم، كېيىنچە ئانچە قوقمايدىغان بولدۇم، ئەمما ـ زە، قىلغان ئىشىمىزنىڭ ھېچ تۈتامى يوقتەك، ئۇيان سىكىلدەپ، بۇيان يۈرىمىز، مۇشۇنداغلام تايىنى يوق ئۆلەپ كەتسەم، ئارماندا كەتمەي دەپ ئۆيگە كېتىشنىڭ ئېپىگە چۈشتۈم.

ــ قانداق قايتىپ كەلدىڭىز؟ قاچتىڭىزمۇ يە؟

ــ ھەئە، قاچتىم، ــ دېدى ھارۋىكەش ۋە ئارقىدىنلا داۋام قىلىپ، ــ بۇ يىل قىشتا خوجانىياز ھاجى، ماھمۇت سىجاڭلار[②] قەشقەرگە كەلدى. بۇ چاغدا بىز، يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ[③] ئەسكەرلىرى ئەمىر ساھىپ نۇرمۇھەممەتنىڭ باشچىلىقىدا يېڭىشەھەردىكى «چولاق زىخۇي[④]» بىلەن ئۇرۇشۇۋاتقانىدۇق. خوجانىياز ھاجىلار كېلىپلا يېڭىشەھەر ئۇرۇشىغا قاتناشتى. ماجەنسەڭلار ئاجىزلىشىپ بەل قويىۋېتەي دېگەندە ئۇرۇسلاردىن يېڭىلىپ ئۈرۈمچى تەرەپتىن چېكىنىپ كېلىۋاتقان مافۇيۈەن، ماشىمىڭلار كېلىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ ئەمەلدارلىرى ھەر تەرەپكە تېزىپ كەتتى. سابىت داموللا ئۆزىنىڭ سىپاھلىرى بىلەن يېڭىسارغا قاچتى، بىزدەك ئاددىي سولتەكلەرنىڭ

---

[①] مەمتىمىن بۇغرا باشلامچىلىقىدىكى خوتەن قوزغىلاڭچىلىرىنى دېمەكچى ـ ئاپتۇر.
[②] مەھمۇت مۇھىتىنى جەنۇپ خەلقى ماھمۇت سىجاڭ دەپ ئاتەتلەنگەن.
[③] 1933 ـ يىلى 12 ـ نۇيابىردا قەشقەردە قۇرۇلغان «شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» ھۆكۈمىتىنى دېمەكچى.
[④] چولاق زىخۇي ــ ماجەنساڭنى دېمەكچى.

بىرمۇنچىسى خۇجانىياز ھاجىنىڭ قوشۇنىغا قېتىلىپ، پەيزاۋات، مارالۋېشى ئەتراپىدا ئۇرۇش قىلدۇق، ئاخىرى تۇڭگانلارنىڭ جىمى ئادىمى ئۇرۇمچى تەرەپتىن كېلىپ ئاۋۇپ كەتكەچكە، خۇجىنىياز ھاجى ئازراق ئەسكەر بىلەن ئاتۇش ئارقىلىق سايىزغا[1]كەتتى. بىلەرمەنلەرنىڭ ئېيتىشىچە سايىزدا توختاملىشىپ قويغان قوراللىرى بارىكەنمىش، بىر قىسمىنى ئاقسۇدىكى ۋاقتىدا ئالغانىكەن؛ بەزىلەر ئۇنى تۇڭگانلاردىن قورقۇپ قېچىپ كەتتى دەيدۇ، ئىشقىلىپ، ئۇ سايىزغا كەتكەندىن كېيىن ئېپىنى كەلتۈرەلىگەنلىرىمىز خۇدانى بىردەپ جاننى ئېلىپ قاچتۇق. كەلسەم ئۆيۋاقامنى ھادىن قاچقان، يادىن قاچقان ئەسكەرلەر قۇرۇقداپ قويغانىكەن، شۇنىڭ بىلەن خەققە يالىنىپ ئىشلەپ جان بېقىپ يۈردۇق، ئاكا.

— قايتىپ كەلگەندىن كېيىن نىمىلەرنى ئاڭلىدىڭىز؟

— ھەرخىل پاراڭلارنى ئاڭلاپ تۇردۇق...

— بىلگىنىڭىزنى سۆزلىگەچ ماڭامسىز، تۇڭگانلار قەيەرگىچە كەلدى؟ يەكەندە بارمۇ؟

— بەزى خەقنىڭ پارىڭىغا قارىغاندا يېڭىساردا بار ئوخشايدۇ، يەنە بىر خىل كوچا پارىڭىدا يەكەنگىمۇ كەلدى دىيىشىدۇ. لېكىن، يېقىندا قەشقەرگە بېرىپ يانغان بىر يۈرتلىقىمىز يېڭىشەردىن باشقا يەردە تۇڭگان كۆرمىدىم دەيدۇ، قايسى راستكىن تاڭ، ئىشقىلىپ يەكەنگە كىرىشمىسىلە، چىمدۇدىن كاچۇڭغا ئۆتۈپ، كاچۇڭدىن ئوتتۇرلا كۆكراۋاتقا ئۆتۈپ كېتىشىسىلە.

— بولمىسا تۇڭگانلار ئەسكەرلىككە تۇتۇۋالىدۇ، دەپ ئويلامسىز؟ — دەپ سورىدى مەمتىلى ئەپەندى چاخچاق ئارىلاش.

— ھېچنىمە دەپ بولمايدۇ. يا، — دېدى ھارۋىكەش ئەستايىدىللىق بىلەن، بۇ خەق بى بالاكەن. يا، ئىمانى با دېگەن بىلەن، ئەجەپلا باغرى

[1] سايىز رۇسچە: سويۇز (союз — ئىتتىپاق) سۆزىدىن، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئىلگىرى ئۇيغۇر دېھقانلىرى تىلىدا شۇنداق ئاتالغانىدى، — ئاپتور.

قاتتىق خەقكەن، ئاڭلىساق مۇشۇ ئىككىنچى ئايدا قەشقەردە شۇنداق قەتلىئام قىپتىمىشكى، ئادەملەرنىڭ قېنى بىلەن كوچىلار چىلىق-چىلىق بولۇپ كېتىپتۇ.

— ئىككىنچى ئايدا؟ نېمىشقا؟

— ئەمەلىي ئەھۋالىنىغۇ بىلمەيمەن، مېنىڭ ئاڭلىغىنىممۇ شۇنچىلىكلا.

— «ئەر كىشىنى جەڭگە ياراتقان» دەيدىغان گەپ بولۇدۇغان، سىز ياش تۇرۇپلا ئەسكەرلىكتىن قېچىپسىزغۇ؟

— گەپلىيىنى قالىسىلا، بىكادىن. بىكا جاننى دوغا تىكىپ بېيىدىغان ساراڭمۇ مەن؟ بى كۈن بوسىمۇ كۈننىڭ سېپىقىنى كۆمەيلىمۇ، — هارۋىكەش دېھقانلارچە نادانلىق ۋە كۆزى كىچىكلىك بىلەن شۇنداق دېگەندىن كېيىن يەنە ئۆزىنى ئاقلاپ، — دېدىم يا، بىز يا ئۇ خەقنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىنى بىلمىسەك، يا پايدىسىنى كۆمىسەك؛ بىردەم ئۇنىڭ بىلەن سوقۇشۇڭ، بىردەمدىلا بىرلىشىڭ، تازىمۇ ئەتى-مەتى يوق ئىشىقۇ ئۇ؟ بىھۇدە كەتمەمدۇ، كىشى.

مەمتىلى ئەپەندى ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن بىر ھەقىقەتنى چۈشەنگەندەك بولدى. دېھقان يىگىت ئۇنى ھەيران قالدۇردى. دېمەك، ئىنقىلاپ قىلغاندا بىر نەچچە ئادەم ئۆزلىرى بىلگىنىچىلا ئىش كۆرۈۋەرسە، ئاددىي ئەسكەرلەر ھېچنەرسىنى ئۇقمىسا، ئۇلاردا ئاڭلىق پوزىتسىيە، جان پىدالىق بىلەن جەڭ قىلىش روھى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى.

— ئەسكەرلىكتە يۈرۈپ خېلى كۆزىڭىز ئېچىلىپ قاپتۇ جۇمۇ، ئىنىم،

— دېدى مەمتىلى ئەپەندى دوستانە كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ.

— قالىسىلا، يەكەن دەرياسىغا كېلىپ قالدۇق، ئالدىمىزدىكى يۇرت چىمدۇ. چىمدۇنىڭ ئارقىسىدا يەكەن دەرياسى. ھەربىرلىيى بىلەن مۇشۇ يەردە خوشلىشىمىز. مۇشۇ ژۇتتىن قىيىقچى تېپىپ كاچۇڭ تەرەپكە كەتكىلى بولۇدۇ، چېغىمدا، — دېدى هارۋىكەش بىر كۆجۇم مەھەللىگە يېقىنلاشقاندا.

— ھوي، ئەپەندىلەر، — دېدى مەمتىلى ئەپەندى ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ،

— مەنزىلگە كېلىپ قالدۇق، ئۇخلاپ قالمىغانسىلەر؟
— ئۇخلىمىدۇق،— دەپ ئاۋۋال جاۋاب بەردى ئارقىدىكى يىگىتلەردىن بىرى.
— ھاجىم، ئۆزىڭىزنى قانداقراق ھېس قىلىۋاتىسىز؟ سېمىز ئادەمنىڭ ئىشى تەسقۇ دەيمەن؟ — دەپ چاخچاق قىلدى مەمتىلى ئەپەندى توختاجىغا قاراپ، ئاندىن ئەخمەد ئەپەندىگە بۇرۇلۇپ، — سىزچۇ، دوستۇم؟ خىياللىرىڭىز بىلەن ئوبداق مۇڭدىشىۋالغانسىز؟
— شۇنداق، تەۋپىق، — دېدى ئەخمەد ئەپەندى ئۆزىگە خاس غەمكىن كۈلۈمسىرىشى بىلەن مەمتىلى ئەپەندىگە، ئاندىن يەنە شۈكلەپ كەتتى.
— سىلىزە، كەلمەي تۇرۇپلا نۇرغۇن ئەھۋال بىلەن تونىشىۋاللا ـ ھە؟
— دېدى توختاجى، — ئەمدى قەشقەرگە بارغىچە بىزگە سۆزلەپ بېرىلا جۇمۇ.
— ئەلۋەتتە شۇنداق بولۇدۇ ـ دە، ئۇنىڭسىزمۇ يول تۈگىمەيدۇ.
— ۋوي! ۋوي! — دېدى ھارۋىكەش ئاتلارغا خىتاپ قىلىپ، مەھەللىنىڭ دەسلەپكى ئۆيلىرىگە كەلگەندىلا ئاتنى ئاستىلىتىشقا باشلاپ.
— چۈشىمىزمۇ، ئىنىم؟
— «بىلمىگەن يەرنىڭ ئوي ـ چوقۇرى تولا» دەپتىكەن ـ يا، يەنە كېلىپ بۇ دېگەن تازىمۇ ئەنسىز زىلىلا ـ دە، مۇشۇ يەدە خوشلىشىمىز. مەن بۇ يەدە بىرەسىنىڭ ئۆيىدە ئاتلىرىمنى چالدۇرۇپ، ئارقامغا ياناي، بولسىغۇ قەشقەرگىچە بىللە بارسام ياخشى بولاتتى، كۆڭنىشىپ قاپتىكەنمىز، .... — ھارۋىكەش راستىنلا يېقىن قېرىنداشلىرى بىلەن ۋىدالىشىش ئالدىدا تۇرغاندەك كۆڭلى يېرىم بولغان ھالدا دېدى، — ھەربىرلىي`نىنىڭ خىزمىتىدە بولالمىدىم، خاپا بولۇشماي رازى قېلىشالا...
— سىزنى ئاۋارە قىلدۇق، ئىنىم، رەخمەت سىزگە، — دېدى مەمتىلى ئەپەندى ھارۋىدىن ئىرغىپ چۈشۈپ، — چۈشەيلى، ئەپەندىلەر ياردەملىشەيمۇ، ھاجىم؟ — دېدى ئۇ توختاجىغا، ھەم ئىتتىكلا ئۇنىڭ قولتۇقىدىن تۇتۇپ ھارۋىدىن چۈشۈشىگە ياردەملەشتى.
مۇلازىم يىگىتلەر چامادانلارنى بىر ـ بىرلەپ چۈشۈرۈپ، بىر تال

بادرىنى بالداق قىلىپ تۇتقۇچىلاردىن ئۆتكۈزۈپ كۆتۈرۈپ ماڭدى. ئەپەندىلەر قول سومكىلىرىنى ئېلىشىپ، ھارۋىكەش بىلەن خوشلاشتى. مەمتىلى ئەپەندى ھارۋىكەشنىڭ دوستانىلىق ۋە يېقىنلىق بىلەن قايتا- قايتا ئېيتقان خوشلىشىش سۆزلىرىنى ئاڭلاپ بولۇپ، ئۇنىڭغا ياخشى تىلەكلەرنى تىلىگەندىن كېيىن ھېلال ئاي سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن دورا سومكىسىنى تاسمىسىدىن مۈرىسىگە ئارتىپ، قول سومكىسىنى بىلىكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىپ، ئۆزى گويا مۇشۇ يېزا كىشىسىدەك ئەڭ ئالدىدا يول باشلاپ، يىنىك قەدەملەر بىلەن يۈرۈپ كەتتى.

مەمتىلى ئەپەندى ئەمدىلا دۇنياغا كۆز ئاچقان بالىدەك ئەتراپقا تويماي قارايتتى. توختاجى مۇلازىم يىگىتلەر بىلەن پاراڭلاشقاچ كېلەتتى. ئەخمەد ئەپەندى بولسا ھېچقانداق مەۋجۇداتنى سەزمەيۋاتقاندەك ھېچ ياققا قارىماي، بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە كېلەتتى. باھارنىڭ كېلىشى بىلەن يامغۇردىن كېيىنكى باغچىدەك گۈزەللەشكەن يېزىلارغا، ئەگرى- بۈگرى يېزا يوللىغا، پاكار ئۆيلەرگە، سازلىقتا بۈلتۈردىن قالغان قۇرۇق ئوتلارنى قىدىرىپ ئوتلاپ يۈرگەن پادىلارغا قارىغانسېرى كىشىگە يېڭى ۋە راھەتبەخش تۇيۇلاتتى. ھاۋامۇ ئۆزگىچە ساپ، نەمخۇش ئىدى. يولۇچىلارغا ئەڭ ئەۋۋەل ئۇچرىغان ئادەم ئون نەچچە ياشلاردىكى بىر ئوغۇل بالا بولدى. بالا غەلىتە كىيىنگەن مېھمانلارنى كۆرۈپ بالىلارغا خاس قىزىقىشى بىلەن بىردەم قاراپ تۇردى ۋە ئۇلارنىڭ يېقىنراق كېلىشىنى كۈتمەيلا ئارقىسىغا بۇرالدى.

ـــ قاچما، ئوغلۇم، ـــ دېدى مەمتىلى ئەپەندى ئاتىلارچە مېھرىۋانلىق بىلەن سۇغۇرۇلغان ئاھاڭدا، ـــ بىز يامان ئادەم ئەمەس، سەندىن بىرسىنى سورىماقچىمىز.

ـــ كىمنى ئىزدەيلا؟ ـــ دېدى بالا ئارقىغا بۇرۇلۇپ مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزلىرىنى مېھمانلارغا تىكىپ، شۇنداقلا ئاستا يىراقلاشقاچ، ئۇنىڭ بېشىدا ياغلىشىپ كەتكەن شاپاق دوپپا، ئۇچىسىدا كۆك بويالغان ماتا كۆينەك، تامبال بارىدى، پۇتى يالىڭاياقىدى.

ـــ بىز دەريادىن ئۆتمەكچىدۇق. قېيىقچى بارمۇ؟ دەريادىن ئۆتكۈزۈپ

قويسا پۇلنى جىق بېرەتتۇق.

بالىنىڭ سەبى قەلبى مېھمانلارنىڭ يامان ئادەملەر ئەمەسلىكىنى پەملەپ، قەدىمىنى توختىتاتتى. مەمتىلى ئەپەندى بالىنىڭ يېنىغا كېلىپ، دورا سومكىسىنى ئۇ مۈرىسىدىن بۇ مۈرىسىگە يۆتكىۋالغاندىن كېيىن، يانچۇقىدىن بىر نەچچە تال كەمپۈت چىقىرىپ ئۇنىڭغا تەڭلىدى.

ــ مە، يېگىن، تاتلىق نەرسە، ــ دېدى ئۇ كۆيۈمچان ئاتىلاردەك، ــ يەنە قورقۇۋاتامسەن؟

ــ ياق، مەن دېگەن ھېچنەرسىدىن قورقمايمەن. يا، ــ دېدى بالا مەغرۇرلۇق بىلەن، ــ مەن دېگەن بىر قېتىم پوسكامدىن بۇ يەگە چېرىكلەر كەگەندە تامنىڭ كەينىدە تۇرۇپ چامما ئاتقانتىم، تېخى!

ــ ھە بەللى! ئوغۇل بالا دېگەن مانا شۇنداق بولىشى كېرەك، شۇنداققۇ، ئەپەندىلەر؟ ــ دېدى مەمتىلى ئەپەندى ھەمراھلىرىغا قاراپ، ئاندىن يەنە بالىغا قاراپ، ــ سەن باتۇر بالىكەنسەن، بىز تونۇشۇپ قويايلى، مېنىڭ ئىسمىم مەمتىلى، سېنىڭ ئىسمىڭ نېمە؟ــ دەپ سورىدى.

ــ ئېتىممۇ؟ ئېتىم سۇلايمان.

ــ ھە، مانا تونۇشۇپمۇ قالدۇق، ــ دېدى مەمتېلى ئەپەندى سۇلايماننىڭ بېشىنى سىلىغاچ كېتىۋېتىپ، ــ سۇلايمان، بىزگە قېيىقچىنى تېپىپ بېرەلەمسەن؟

ــ مېنىڭ دادامنىڭ قېيىقى با ـ يا، ئاشەدە بىڭ قولتۇقتا باغلاغلىق.

ــ شۇنداقمۇ؟ بىزنىڭ ئۇچرۇشۇشىمىز خاسىيەتلىك بولغان ئىكەن ـ دە! سەپىرىمىزنىڭ ئالدى ياراشتى، بۇرادەرلەر، ئەمدى بۇ كىچىك دوستىمىز دادىسىغا تونۇشتۇرۇپ قويىدۇ، شۇنداقمۇ سۇلايمان؟

ــ ھەئە، ــ دېدى سۇلايمان قەتئىيلىك بىلەن.

ــ داداڭنىڭ ئىسمى نېمە؟

ــ تۇداخۇن.

بالا بىردەمدىلا بۇ ئىللىق تاغىلىرى بىلەن چىقىشىپ قالدى. ئۇ ھەتتا تەۋپىقنىڭ دورا سومكىسىنى كۆتۈرۈشۈپ بەرمەكچىمۇ بولدى، بىراق مەمتىلى ئەپەندى ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىپ رەت قىلدى.

www.uyghurkitap.com

— سەن بۇنى كۆتۈرەلمەيسەن، ئوغلۇم، — دېدى ئۇ مېھرىبانلىق بىلەن، ئاندىن بالىنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن قول سومكىسىنى بەردى، — بۇنى كۆتىرىۋالساڭمۇ چوڭ ياردەم قىلغان بولىسەن.

بالا سومكىنى ئېلىپ ئۆزىنى چوڭ بولۇپ قالغاندەك ھېس قىلدى.

بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن كېلىۋاتقانلار مەمتىلى ئەپەندىنىڭ چىقىشقاقلىقىدىن ھەۋەسلەنگەندەك، بىر- بىرىگە قاراپ كۈلۈشۈپ قويدى. توختاجى ئەخمەت ئەپەندىگە قاراپ:

— تەۋپىقتە ھەم ھەۋەس قىلىمەن، ھەم ھەيران قالىمەن. ئۇ خۇددى ئۆز ئەچچە بالىلىق ئائىلىنىڭ ئاتىسىدەك، يانچۇقىدىن تاتلىق- تۈرۈملەرنى ئۈزمەيدۇ. خەق بىلەن بىردەمدىلا چىقىشىپ كېتىدۇ. ئەگەر مەنمۇ بالىلارغا تاتلىق- تۈرۈملەرنى بەرسەم ئۇلار ئالىدۇ- دە، قاچىدۇ، يەنىلا دوست بولۇپ قالالمايمەن. مەنمۇ ئاتىقى چىققان باينىڭ ئوغلىمەن، دەپ چوڭچىلىقمۇ قىلمايمەن، شۇنداقتىمۇ قىياسىمچە كىشىلەر مېنى تەكەببۇرراق كۆرىدىغان ئوخشايدۇ... تەۋپىق بولسا تامامەن باشقىچە ئادەمكەن- دە، ئۇنى ماڭا قارىغاندا ئوبدانراق چۈشىنىلا ھەقچان، مەن دېگەن سىلەرگە تېخى يېقىندىلا قوشۇلۇپ قالغان ئادەم، بىراق مۇناسىۋىتىمىز ئادەتتىكى سەپەرداشلىقتىن ئۆتۈپ، نەچچە يىللىق قەدىناسلاردىن بولۇپ كەتتۇق، بۇمۇ مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئاللىقانداق سىرلىق كۈچىدىن بولغان گەپ، بۇ ئادەمدە نېمە خىسلەت باركى؟

ئەخمەد ئەپەندى ئۈيچان كۈلۈمسىرەپ، قويۇق قاشلىرىنى ھېمىرىتىپ قويۇپ:

— ئۇنىڭ قەلبى پاكىز، ناتىلىقلىق سەنئىتى ھەممىدىن كارامەت، ئۇ كىمگە قانداق سۆزلەش كېرەكلىكىنى ناھايىتى ئوبدان بىلىدۇ، — دېدى.

ئىككىسى دوستىغا ھەۋەس بىلەن قاراپ جىم مېڭىشتى. بۇ چاغدا مەمتىلى ئەپەندى سۇلايمان بىلەن پاراڭلىشىپ كېتىۋاتاتتى:

— مەكتەپتە ئوقۇمسەن؟

— سۇلايمان بېشىنى چايقىدى.

— مەھەللەڭلاردا مەكتەپ يوقمۇ؟

— مىچىتنىڭ يېنىدا تاتۇق موللام بالا ئوقۇتىدۇ، مەن ئۇ يەرگە بامايمەن. دادام ئەۋەتمەيدۇ.
— ئۆيۈڭلاردا سەندىن چوڭلار بارمۇ؟
— يوق، ئۆلۈپ كېتىپتىكەن، ھازىر ھەممىسىدىن مەن چوڭ، ئىككى ئۇكام بار.
ھويلىلارنىڭ پاكار تاملىرىدىن يېزىلىقلار يات مېھمانلارغا قىزىقىش، قورقۇش، ھەيران قېلىش بىلەن تولغان كۆز نۇرىدا قارىشاتتى. كىچىك باللار بولسا مېھمانلار بىلەن بىللە كېلىشىۋاتقان سۇلايماننى كۆرۈپ ئۇنىڭغا تارلىقى كەلگەندەك بولۇپ، ئانىلىرىنىڭ توسقىنىغا قارىماي ھويلىلاردىن يۈگرەپ چىقىپ، مېھمانلار بىلەن قاتارلىشىپ مېڭىشتى. سۇلايمان تەڭتۇشلىرىغا ۋە ھويلىلاردىن مارىشىۋاتقان چوڭلارغا قاراپ قويۇپ، مەغرۇر ماڭاتتى. ئۇ دوستلىرىنىڭ تېخىمۇ تارلىقىنى كەلتۈرۈش ئۈچۈن قولىدىكى خۇرۇم سومكىنى ئەتەي ئۇ قولىدىن بۇ قولغا يۆتكەپ قوياتتى. بەزىدە باللارغا قىزغىنىش تۈيغۇسىدا ھۆرپىيىپ قوياتتى.
— مەيلى، بىللە ماڭسۇن، ئوغلۇم، — سىلەرنىڭ ئۆيگە بارغاندا مەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى مېھمان قىلىمەن.
باشقا باللار بۇ چىرايلىق بۇرۇت قويغان مېھرىۋان كىشىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، يۈرەكلىنىپ تېخىمۇ يېقىنىراق مېڭىشتى. مۇلازىم يىگىتلەر باللار بىلەن چاخچاقلىشىپ ماڭدى. توختاجىمۇ ئۇلاردىن ئۇنى - بۇنى سوراپ قوياتتى. پەقەت ئەخمەد ئەپەندىلا باللارنىڭ توپا- چاڭ باسقان يۈز- كۆزىگە جۇل- جۇل كىيىملىرىگە قاراپ، بەتتام بىرنەرسىنى يۇتىۋاتقاندەك تۈپرىكىنى يۇتۇپ قويۇپ جىم ماڭاتتى.
ئۇلار سۇلايماننىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلگەندە ئەگىشىپ كەلگەن باللار سۇلايماننىڭ باش ئىشتىنىشى بىلەن دەرۋازا تۈۋىدە قېلىشتى. سۇلايمان مېھمانلارنى باشلاپ ھويلىغا كىرىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاۋۋال كۆرگىنى ھويلا سۈپىسىدا يىغلاۋاتقان بەش ياشلاردىكى قىز ۋە ئۇنى بەزلەۋاتقان ئايال بولدى. خوجايىن ئايال مېھمانلارنى كۆرۈپ تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. ئۇچ يىللىق يېغلىق كىشىلەرنى خۇدۇكچان قىلىپ

قويغانندى. شۇڭا بۇ ئايالمۇ دەسلەپ يوچۇن مېھمانلارنىڭ كىرىپ كەلگىنىدىن قورقۇپ كەتتى. بىراق، مېھمانلارنىڭ ئالدىدا خۇشال- خۇرام كېلىۋاتقان ئوغلىنى كۆرۈپ، كۆڭلى سەل ئارامىغا چۈشتى. يىغلاۋاتقان قىزچاقمۇ يىغىسىنى توختۇتۇپ بولارغا قاراشقا باشلىغاندى.

— ئاشۇ يىغلاڭغۇ مېنىڭ كىچىك ئۇكام، ئىنتى تەلەيقىز، — دېدى سۇلايمان.

بۇ گەپ ئانىنىمۇ، تەلەيقىزنىمۇ ھەيران قالدۇردى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، تۇققانلار — دېدى مەمتىلى ئەپەندى سۇپىغا يېقىن كەلگەندە ساھىپخانغا سالام قىلىپ.

بۇ مېھمانلاردىن ئۆزىنى دالدىغا ئېلىشنى ياكى تۇرۇۋېرىشنى بىلمەي تېڭىرقاپ ئىشىك تۈۋدە تۇرۇپ قالغان ئايال سالامنى ئىلىك ئېلىپ باش لىڭشىتتى ۋە:

— ئۆيدە ئەكىشى يوق... — دېدى، بىر خىل چەكلىگۈچى ئاھاڭدا.

— بىز سۇلايمان بىلەن يول ئۈستىدە دوستلۇشۇپ قالدۇق، يېڭىلىشمىسام يەڭگىمىز سۇلايماننىڭ ئانىسى بولىسىزغۇ دەيمەن؟ — دەپ سورىدى مەمتىلى ئەپەندى قىلىچە تارتىنىپ تۇرماي، بىر خىل ئىشەنچكە تولغان تەلەپپۇزدا ئۆزىنى ئەركىن، ئازادە تۇتۇپ، — بىز تۇرداخۇنكامغا ھاجىتىمىز چۈشۈپ كېلىۋاتاتتۇق.

— ھە، ... ۋايەي، ئىسىم قۇرسۇن، ئۆيگە چىرىشسىلىيا، بىر پىيالا چاي قۇياي...

— رەخمەت يەڭگە، بىز مۇشۇ سۇپىدىلا ئولتۇرايلى، سۇلايمان بىزنى تۇرداخۇنكام بىلەن تونۇشتۇرۇپ قويماقچى بولغانىدى. بىز كاچۇڭغا ئۆتمەكچىدۇق.

— ئوبدان بوپتۇ، دادىسى بىر ياققا كەتكەنىدى، كېلىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى. خاپا بومىاي بىردەم ئولتۇرۇشۇپ تۇرۇشسىلا، — دېدى ئايال سۇپىغا كىگىز سېلىپ، ئاندىن مېھمانلارنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي كۆرپە سېلىپ. بۇ چاغدا توختاجى مۇلازىم يىگىتلەرگە پىچىرلاپ:

— قانداق، مەمتىلى ئەپەندى بولسىلا بىزگە ھەر يەردە كۆرپە-يىكەنداز

ئۈستىدە ئورۇن بار. ئۇنىڭغا ھەممە ئادەمنىڭ ئۆيى ئۆزىنىڭكىدەك، — دېدى چاخچاق قىلىپ.

— راستىنلا، ئۇ قالتىس ئادەمكەن، نەچچە كۈنىنكىياقى كۆرىۋاتىمىز - يا. ئاقتامدا[1] ئۇ نورۇز دەپ بىردەمدىلا يۈرتنى قىزىتىۋەتمىدىما...

توختاجىمۇ ئاقتامدا بولغان نورۇز پائالىيىتىنى ئەسلەپ، ۋۇجۇدى قايتا ھاياجاندىن قىزىشىپ كەتتى. دەل نورۇز كۈنلىرىدە مۇشۇ يېزىغا يېتىپ كەلگەن يولۇچىلار، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ تەشكىللەش تالانتىنى جانلىق ئەمەلىيەت ئۈستىدە كۆرۈپ ھەيران قالغاندى: ئۇ بۇ ناتونۇش مۇھىتتا بىردەمدىلا كىشىلەر بىلەن تونۇشۇپلا قالماي، بىر قانچە سازەندىنى تاپتۇرۇپ كېلىپ، ئۆزى باشلامچىلىق بىلەن ساز چېلىپ، بىر نەچچە يىللىق يىغلىقتىن كېيىن بۇ يەردە تۇنجى ۋە كىشىلەر ئۇزاققىچە ئۇنتالمىغۇدەك بىر نورۇز كېچىلىكى ئۇيۇشتۇرغانىدى. يېزىدىن خوشلۇشۇپ چىققانلىرىدا بىر مۇنچە باللار ۋە ياشلار كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا، خۇددى قەدىناس ئادىمىدىن ئايرىلىۋاتقاندەك ئۇزۇتۇپ قېلىشقانىدى...

ئۇلار ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن مەمتىلى ئەپەندى بايا ئۆزلىرىگە ئەگىشىپ كېلىۋاتقان باللارنى ئېسىگە ئالدى. ئۇ قارىشىغا كېلىپ ئولتۇرغان سۇلايمانغا:

— ئوغلۇم، بىز يالغانچى بولۇپ قالغىلى تاس قاپتۇق ئەمەسمۇ، بۇ يەردە باللارنىڭ ھەممىسىنى مېھمان قىلىشقا ۋەدە بەرگەن ئەمەسمىدۇق. يۈگۈر، بېرىپ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى باشلاپ كىر، — دېدى.

باللارنىڭ جىمىسى دەرۋازا تۈۋىدە چۇۋۇلدىشىپ تۇرۇشقىنى ھويلىدىكىلەرگە ئاڭلىنىپ تۇراتتى. شۇڭا ئۇلار ھايال بولمايلا بىر- بىرىنى ئالدىغا ئىتتىرىشكەن ھالدا كىرىشتى. مەمتىلى ئەپەندى باللارغا قاراپ كۈلۈمسىرە تۇرۇپ:

— كەچۈرۈڭلار، باللىرىم، مەن سىلەرگە سۇلايماننىڭ ئۆيىگە بارغاندا

[1] ئاقتام — پوسكامغا تەۋە يېزىلاردىن بىرى، — ئا.

مېھمان قىلىمەن، دەپ ۋەدە بېرىپ قويۇپ، ئېسىمدىن چىقىرىپ قويغىلى تاس قاپتىمەن، كېلىڭلار، يېقىنراق كېلىڭلار، — مەمتىلى ئەپەندى ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە كەمپۈت تارقىتىپ بەردى، — سىلەرنى مانا شۇنچىلىكلا مېھمان قىلىمەن، ئاز بولسىمۇ مېنىڭ كۆڭلۈم، — مەمتىلى ئەپەندى ئەستايىدىللىق بىلەن، گويا تەڭتۇشلىرى بىلەن سۆزلىشىۋاتقاندەك سۆزلەيتتى. بالىلار بولسا بۇ كىشىنى چاپسانلا ياقتۇرۇپ قېلىشقانىدى. بۇ چاغدا قاياقتىندۇر چوڭ ئۆكسىنى تېپىپ كەلگەن سۇلايمان، ئۇنى مېھمانلارنىڭ ئالدىغا باشلاپ كەلدى.

— بۇ مېنىڭ چوڭ ئۆكام، ھەمراجان، — دېدى سۇلايمان.

مەمتىلى ئەپەندى 7 ـ 8 ياشلار چامىسىدىكى بۇ بالىغا قاراپ، نېمىشقىدۇر يۈرىكى 'شۇر' قىلىپ قالدى. ئۇنىڭ خىيال ئېكرانىدا شەمەيدە قالغان ئوغلى ئابدۇسەمەد پەيدا بولغانىدى. ئوغلى ھەققىدىكى خىيال ئۇنى چۆچەككە، ئاندىن شەمەيگە ئېلىپ كېتىپ، ئايالى سەرۋەرنىڭ جاپاكەش، قەيسەر سىماسى كۆز ئالدىدا جانلىنىشقا باشلىدى... ئەمما ئۇ دەرھاللا ئازابلىق خىياللارنى ئۆزىدىن نېرى قىلىپ، كۆز ئالدىدىكى رىياللىققا قايتىپ كەلدى. ئۇ ھەمراجانغىمۇ كەمپۈت تۇتقۇزۇپ قويدى ۋە ئۇنىڭ قەيەردىدۇر توپىدا ئويناپ مەينەت قىلىۋەتكەن باش كۆزىنى كۆرسۈتۈپ:

— قارا، سېنى، توپىدا ئويىنساڭ كىسەل بولۇپ قالماسەن، كىيىم ـ كېچەكلىرىمۇ پاسكىنا بولۇپ كېتىپتۇ، چوپ ـ چوڭ بالا تۇرۇپمۇ شۇنداق بەڭۋاشلىق قىلىدىكەنمۇ؟ — دېدى ۋە يەنە ئوغلى يادىغا يەتتى. «ئابدۇسەمەد توشقان يىلى تۇغۇلغان، بۇ دېمەك 1927 ـ يىلى،... ئەگەر ئۇ تىنچ ـ ئامان بولغان بولسا مۇشۇ بالىچىلىك بولۇپ قالغاندۇر...» ئۇ يەنە خىيالىدىن ئۆزىنى تارتىپ، ھەمراجاننى يېنىغا يېقىنراق كەلتۈردى ۋە ئۇنىڭ ياغلىشىپ كەتكەن شاپاق دوپپىسىنى ئالدى. بالا ياپما تاز ئىدى. بۇنى كۆرۈپ مەمتىلى ئەپەندىنىڭ قىزىللىق كەتمەيدىغان يۈزىدە بىر يېرى چىدىغۇسىز ئاغرىۋاتقاندەك ئىپادە پەيدا بولدى. ئۇ توختاجىغا قاراپ، —

بىز بالىلارنى مۇشۇنداق تاشلىۋېتىمىز، مۇھتىمىزمۇ مۇشۇنداق كېسەللەرگە مۇۋاپىق كېلىدۇ. قىسقىسى ھەممە نەرسە مەدەنىيەتكە باغلىق، مىللەتنى ھەم مەنىۋي جەھەتتىن، ھەم جىسمانى جەھەتتىن سۈپەتلىك قىلىشقا تىرىشماي بولمايدۇ، ــ ئۇ توختاجى بىلەن ئەخمەد ئەپەندىگە قارىتىپ داۋام قىلدى، ــ مانا مۇشۇنداق كېسەلنىڭ يۇرتىمىزدا كۆپلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ ئەڭ يېڭى رىتسىپلارنى ۋە دورىلارنى ئالغاچ كەلگەنىدىم. مانا قاراڭ، ھەر مەنزىلدە ماڭا خىزمەت چىقىپلا تۇرۇۋاتىدۇ.

توختاجى بىلەن ئەخمەد ئەپەندىمۇ بالىنىڭ بېشىغا ئېچىنىش نەزەرىدە قاراپ قويدى. ئۇلار دوستىنىڭ قابىلىيىتىگە ھەۋەس قىلغانلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئەخمەد ئەپەندىگىمۇ قاراپ قويۇشتى.

ــ تەۋپىقنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشىمۇ يوق، بار بولسىمۇ بەربىر ئۇزاق قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، ــ دېدى توختاجى كۈلۈمسىرەپ.

ــ ئەپەندى، مەن دېگەن تەۋپىقنىڭ بالىسى، چەتئەلگە چىقىشىنىڭ ئالدىدا دادامغا ياردەملىشىپ تەۋپىلىكمۇ قىلغان. مانا ئەمدى غەرپ تىبابىتى بىلەن ئازراق تونۇشتۇم، شۇ، ــ دېدى مەمتىلى ئەپەندى كۈلۈپ، ئاندىن سۇلايمانغا، ــ ئاپاڭ قېنى ئوغلۇم؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ ئانام سىلەرگە چاي قايناتىۋاتىدۇ، ــ دېدى سۇلايمان ماختىنىش ئاھاڭىدا.

ــ ئەھ، ئۇيغۇر مېھمان دوستلىقى! ــ دېدى مەمتىلى ئەپەندى كۆڭلى ئېرىگەن ھالدا، ــ ئۇنداق بولسا تېخىمۇ ياخشى بوپتۇ بار، ئوغلۇم، ئاپاڭ چۆگۈننى كۆتۈرۈپلا چىقسۇن.

ساھىبخان ئايال چاپسانلا بوسۇغىدا پەيدا بولدى. ئۇ ھەيرانلىق بىلەن:

ــ ما بالا... چاي تېخى قاينىمىغان ـ يا؟ ــ دېدى.

ــ مەيلى ئېلىپ چىقىۋېرىڭ، دېدى مەمتىلى ئەپەندى ئىللىقلىق بىلەن. ساھىبخان چۆگۈننى ئېلىپ چىققاندىن كېيىن، ــ بىز چاي ئىچمىسەكمۇ رەنجىمەيمىز، يەڭگە، سىز شۇ ئىسسىغان سۇ بىلەن ھەمراجاننىڭ بېشىنى يۇيىۋەتسىڭىزكەن، ــ دېدى.

ئايال يەنىلا ھېچنىمىنى چۈشەنمىگەن بولسىمۇ، لېكىن چىلاپچا ئېلىپ چىقىپ، ھەمراجاننى ئېگىشتۈرۈپ تۇرۇپ بېشىنى يۇيۇشقا باشلىدى ھەم بالىنىڭ تاز بولۇپ قېلىشى قايسى بىر ساتراچنىڭ ئەسكى ئۈستۈرىسىدىن يۇقۇملانلىقى، ساقايتىش ئۈچۈن قىلمىغان سەۋەبى قالمىغان بولسىمۇ يەنىلا بىر خىل تۇرۇۋاتقانلىقىنى سۆزلىدى.

ــ بالىنى پاكىزە بېقىڭ، مەينەتچىلىك ھەرخىل كېسەللىكلەرنىڭ سەۋەبچىسى، ــ دېدى مەمتىلى ئەپەندى دورا سومكىسىنى ئېچىپ، دېزىنفېكسىيە قىلىنغان پاختا ئېلىپ ھەمراجاننىڭ بېشىنى سۈرتتى. ئاندىن پاختا بىلەن پەلكۈچ ياساپ، دورا بوتۇلكىسىدىكى مەلھەم دورىغا مىلەپ چېپىشقا باشلىدى.

ــ ئەپكەلسىلە، مەن مىلەپ بېرەي، دېدى توختاجى بوتۇلكىنى ئېلىپ، ــيارەمچى بولالامدىمكىن.

ئۇلار بىرلىكتە ھەمراجاننىڭ بېشىغا قويۇقلىقى يۇقىرى بولغان ئاق رەڭلىك مەلھەمنى چېپىپ بولغاندىن كېيىن مەمتىلى ئەپەندى ئانىغا تاپىلاپ:

ــ بىزدە دورا ئاچچىق بولسا شىپالىق بولىدۇ، دەيدىغان ئېتىقاد بار، يەڭگە، بۇ دورىمۇ بالىنىڭ بېشىنى ئېچىشتۇرىدۇ، لېكىن شىپا قىلىدۇ. مەن سىزگە دورىدىن ئازراق بېرىپ كېتەي، سىز ئۆزىڭىز ئىسسىق سۇ بىلەن بالىنىڭ بېشىنى پات - پات يۇيۇپ بېرىڭ، پاكىز تۇتۇڭ، تويىدا ئۇينىمىسۇن، ــ دېدى.

ھەمراجان چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈشكە باشلىۋىدى، مەمتىلى ئەپەندى ئۇنىڭ بېشى ئېچىشىۋاتقانلىقىنى بىلىپ مەدەت بەردى:

ــ ئوغۇل بالا دېگەن بۇنچىلىك ئاغرىققا چىدالامتى، قانداق، بالىلار؟ دورىنىڭ ئاچچىقىغا چىدىمىغان ئادەم ساقايمايدۇ، چىدىغىن، ئوغلۇم، ــ دېدى. ئانىغا ئۇنىڭ دوپپىسىنى كۆرسىتىپ، ــ بۇنى يۇيىۋېتىڭ، بەكلا كىرلىشىپ كېتىپتۇ. بۇنىڭدا كېسەل مىكروبى بولۇشى چوقۇم، بۇنىڭدىن كېيىن بېشىمۇ، دوپپىسىمۇ پاكىز بولسۇن. بالىلارنى ياخشى ئاسراش كېرەك، توق بېقىشلا كۇپايىگەنلىك بولمايدۇ.

يـۈز-كـۆزى پـاكـىز يۈيۈلغـان ھەمراجـان مەمتىلـى ئەپەنـدىنىڭ يېنىغـا كېلىـپ ئولتۇرىۋالدى. ئـۇ ئەڭ يېقىملىـق كىشـىنىڭ كۆيۈنۈشـىگە بىۋاسـتە ئېرىشكىنى ئۈچۈن ئـۆزىنى مەغـرۇر تۇتـاتتى. ئۇنىڭدا ساقىيىش ئـىستىكى كۈچلـۈك بولغاچقـا يېنىـدىكى «خـۇدا ئەۋەتـكەن» ئـادەمگە كۈچلـۈك مـۇھەببىتى قوزغالغانـدى. چـۈنكى ئـۇنى تەڭتۇشـلىرى «تـاز» دېـگەن ئەيىپنـى تىلغـا ئېلىـپ تىللايتتـى. بـۇ ئۇنىـڭ سـەبى قەلبىـدە ئـازاپلىق جاراھەت پەيـدا قىلغانـدى. ئـۇ مەمتىلـى ئەپەنـدىنىڭ يېنىغـا جايلىشـىپ ئولتۇرغـان ھامـان، قىـزغىنىش تۇيغۇسـى قوزغالغـان تەلەيقىـز ئەخـمەد ئەپەنـدىنىڭ قۇچىقىـدىن قوپـۇپ كېلىـپ تـوپ- تـوغرا ئاشـۇ مېھرىبـان تاغىسىنىڭ قۇچىقىدا ئولتۇرىۋالدى.

سۈپىنىڭ ئۇ تەرىپىدە تەڭتۇشـلىرى بىـلەن ئولتۇرغـان سۇلايمان «دادام كەلـدى» دەپ توۋلـىۋەتتى. دېگەنـدەكلا، تـالادىن 45 ياشـلار چامىسـىدىكى چاساقال، يۈزلىرى قىزىل، تەمبەل بىـر ئـادەم كىرىـپ كېلىۋاتتـاتتى. ئـۇ ئـۆز ھويلىسىدا بىرمـۇنچە بالىلار بىـلەن بىللە ئولتۇرغـان يوچۇن مېھمـانلارنى كۆرۈپ ھەيران قالـدى. قىـزى تەلەيقىـز كىچىـك بـۇرۇت قويغـان مېھماننىـڭ قۇچىقـىدا ئولتـۇراتتى. ھەمراجـان بولسـا ئىككـى مېھماننىـڭ ئارىلىقىـدا قىسـىلىپ ئولتـۇراتتى. بالىلارنىـڭ بۇنـداق ئولتۇرۇشـىدا ئەڭ يـېقىن تۇغقانلىق باردى. مەھەللىنىڭ بالىلىرى بولسا باشقا مېھمـانلار بىـلەن ئارىلىشـىپ كونـا قەدىناسـلاردەك ئولتۇرۇشـاتتى. بـۇنى كـۆرگەن تۇداخـۇن بالىلارنىڭ سەبى قەلبى تونىغانـدىكىن بۇلار چوقـۇم ياخشى ئادەملەركەن دېگەن ئىشەنچكە كەلگەنىدى.

سـۇلايماننىڭ ئـاۋازىنى ئـاڭلاپلا مېھمـانلار ئـۇ تەرەپـكە قاراشـتى ۋە ئورۇنلىرىـدىن تۇرۇشـقا تەمشـەلدى. ئالـدىراپ يېتىـپ كەلـگەن تۇداخـۇن ئۇلارغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ:

— قوزغىلىشمىسـىلا، ئولتۇرىۋېرىشـىلە، دېدى ۋە ئـۇلار بىـلەن بىـر-بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. ئانـدىن ئـۆي ئىچىـگە قـاراپ توۋلـىدى، — ئانىسـى، ھـوي، ئانىسى، — سـۇلايمانغا قـاراپ، — ئانـاڭ قاياقتـا يوقالـدى - يا؟ — دەپ سورىدى. بۇ چاغدا ساھىپخان ئايال ئاشخانا ئۆيىدىن ئالدىراپ

چىقىپ كەلدى، تۇداخۇن ئۇنىڭغا، ــ مېھمانلارغا داستىخان سالماي نېمە قىلىپ ژۇرىسەن؟ ــ دېدى.

ــ سالاي دەپ چاي قۇيغان شۇ، ــ دېدى ئايال، ماۋۇ بالىنىڭ بېشىنى... ــ ئۇ مەمتىلى ئەپەندى بىلەن توختاجىننىڭ ئارىسىدا ئولتۇرغان ھەمراجاننى كۆرسۈتۈپ توختاپ قالدى. ئاندىن، ــ يەنە چاي قويدۇم، ئاز قالدى، ــ دەپ قوشۇپ قويدى.

تۇداخۇن ئوغلىنىڭ بېشىغا دورا چېپىلغانلىقىنى كۆرۈپ، كەلگەنلەرنى پەرەڭلەرنىڭ[1] ئەمچىسى بولسا كېرەك دېگەن ئويغىمۇ كەلدى. بۇ چاغدا ھەمراجانمۇ دادىسىغا قاراپ مەمنۇنىيەت بىلەن كۈلدى.

ــ ھەر بىرلىرىنى قەيەردىن سورايمىز؟ ــ دەپ سورىدى تۇرداخۇن ئۆزىگە زور بېرىپ، سەل ئوڭايسىزلانغان ھالدا.

ــ بۇ ئۈچىمىز تۇركىيەدىن كېلىۋاتىمىز، ــ دەپ جاۋاپ بەردى مەمتىلى ئەپەندى، ــ ئەسلىمىز مۇشۇ يەردىن ــ سىز بىلەن ۋەتەنداش، بۇ ئىككى يىگىت كۆكيادىن كېلىۋاتىدۇ. بىزگە يارەملىشىپ يۈك-تاقلىرىمىزنى كۆتۈرۈشۈپ بېرىۋاتىدۇ. بايا بۇ مەھەللىگە كېلىپ سۇلايمان بىلەن تونۇشۇپ قالدۇق، ئۇ بىزنى بۇ يەرگە باشلاپ كەلدى. ئۆزلىرىنى مالال قىلىدىغان ھاجىتىمىز باردى.

تۇرداخۇن سۇلايمانغا قاراپ قويدى. سۇلايمان دادىسىنىڭ قارىشىغا جاۋابەن «مەن باشلاپ كەلدىم، مەن شۇنداق ئوبدان بالا» دېگەندەك كۆزلىرىنى ئوينىتاتتى.

ــ ئوبدان بوپتۇ، ئوبدان بوپتۇ، ــ دېدى تۇرداخۇن دوستانىلىق بىلەن، خىزمەتلىرىگە تەييارمەن. ئەمدى، مۇشۇ ئۆيدە قونۇپ، ھادىقلىرىنى ئېلىشسىلا، ئەتە سەھەردە ئۆتكۈزۈپ قوياي.

ــ يۇرتىمىزدىن ئايرىلغىلى ئۇزۇن بولدى، بىر كۈن بولسىمۇ بۇرۇنراق ماڭايلى. «تۇرمىغان مېھماننىڭ كەتكىنى ياخشى» ئەمەسمۇ، ــ دېدى مەمتىلى ئەپەندى كۈلۈمسىرەپ.

---

[1] پەرەڭ ــ ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئىلگىرى ياۋرۇپالىقلارنى پەرەڭ دەپ ئاتايتى ــ ئا.



www.uyghurkitap.com

— ئىلاجى قىلىپ بۇگۈن دەريادىن ئۆتۈپ كېتەيلى، ئاكا، — دېدى توختاجىمۇ گەپ قىستۇرۇپ.

پەقەت ئەخمەد ئەپەندىلا بىر خىلدا جىم ـ جىت ئولتۇرۇپ، قېشىدا ئولتۇرغان بىر كىچىك قىزچاقنىڭ بېشىنى سىلايتتى. ئەمما ئۇنىڭ خىيالى بۇ يەردە ئەمەسلىكى بىلىنىپلا تۇراتتى. مەمتىلى ئەپەندى ئەخمەد ئەپەندىنىڭ شۈكلەپ كەتكىنىگە قاراپ، ئۇنىڭ شۇتاپ نىمىلەرنى ئويلاپ كەتكىنىنى قىياس قىلدى.

— ھازىرچە كېتىشنىڭ گېپىنى قىلىشمىسىلا، ھازىرچە سىلە مېنىڭ ئىختىيارىمدىكى مېھمان، — دېدى تۇراداخۇن داستىخان سېلىپ، چاي قويغاچ، — بۇ ئۆيگە كېلىشكەن ئىكەنلا مەچىت بومىغاندىكىن قۇرۇقلا چىقساق سەت تۇرىدۇ. ئاۋۋال ھاردۇقلىرىنى ئېلىشسىلا، ئۆيدىكىلەر ھاردۇق ئېشى ئەتسۇن، غورىگۈل بوسىمۇ ھەمداستىخان بولىلى، ئاندىن بىز گەپ بولا.

— كۆردۈڭلارمۇ، ئىنىلىرىم، — دېدى توختاجى كۆكيارلىق ئىككى يىگىتكە بۇرۇلۇپ، مەمتىلى ئەپەندى بىلەن چېقىشىپ، مەمتىلى ئەپەندى جان بېقىشنى بىلەمدىكەن؟ بىردەمدىلا تونۇشتى، ئەمدى مېھمان بولماقچى.

مەمتىلى ئەپەندى كۈلۈپ، دوستىنىڭ مۈرىسىگە نوقۇپ تۇرۇپ:

— ئۆز مىللىتىنىڭىزنى چۈشەنمەمسىز، ئەپەندى، ئۇيغۇر دېگەن مېھماندوستلۇقى، رەھىمدىللىكى، ئاقكۆڭۈللىكى، ساددىلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدىغۇ؟

— دېمىسىمۇ، مەمتىلى ئەپەندى بەك ئىسسىق چىراي ئادەمكەن. يا، — دېدى مۇلازىم يىگىتلەردىن بىرى.

— نېمە دەيدىغاندۇ، ماۋۇ يىگىتلەر، ئۇغۇ ھازىر مېھماندوستلۇق، ئۇيغۇر دېگەن شۇنداق بولمامتى، ۋاھاكازا، دېدى، ھىندىستاندىچۇ؟[1] — بۇ

---

[1] ھازىرقى پاكىستاننىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ چاغلاردا ھىندىستان بىلەن پاكىستان ئايرىلمىغانىدى — ئا.

ئادەم ئوردۇلار، ھىندىلار ئارىسىدىمۇ ئوخشاشلا جان باقالايدۇ. قالتىس كىشى بۇ.

ــ توختاجىكام ـ زە، مەمتىلى ئەپەندى بىلەن بەك چېقىشىدىكەن جۇما، ــ دېدى دوپپىلىق يىگىت.

ــ بۇنى چېقىشقان دېگىلى بولامدۇ، ــ دەپ كۈلدى مەمتىلى ئەپەندى چىرايىدىن يېقىملىق تەبەسسۇم ياغدۇرۇپ، ــ قەشقەردە بىر دوختۇر دوستىمىز بار، ئۆزى تاشكەنتلىك، تۈركىيەدە ياشىغان ۋە تۈركىيەدىن قەشقەرگە كەلگەن، ئىككىمىز جان دوستلاردىن. ئۇ كىشى مېنى كۆرسە بولدى، يوپۇشۇپلا ئالىدۇ. ئەگەر ھېلىمۇ ئېسەن بولسا ئۇ ماڭا «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دېيىش ئورنىغا چاخچاق قىلىشنى باشلايدۇ.

ئۇلار ساھىپخانىنىڭ ئۆزلىرىنى قويۇۋەتمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىشقاندىن كېيىن توختاجى دوستىدىن سورىدى:

ــ ئەمدى تۇرداخۇن ئاكامغا تۇتۇلدۇق، بۇ كىشى بىزنى قويۇپ بەرگىچە نىمە قىلىمىز، ئەپەندى؟

ــ مەن سىلەرگە كونسېرت ئويۇشتۇرۇپ بەرسەم قانداق؟ ــ دېدى مەمتىلى ئەپەندى قىزغىنلىق بىلەن. ئۇنىڭ كەيپى چاغلىقى بىلىنىپ تۇراتتى، ــ مەن كونسېرتنى مۇشۇ باللار بىللە قويىمەن. بۇلاردىن شۇنداق بىر خور ئۇمىكى تەشكىللەيكى، ئۇلار بۇ خورنى ئۇزاقتىچە ئوقۇپ يۈرىدىغان بولسۇن. دېسەم ـ دېمىسەم ئۇيغۇر دېگەننىڭ ئۆيىدىن بىرەر چالغۇدەك نەرسە تېپىلماي قالمايدۇ. تۇرداخۇنكامنىڭ ئۆيىدە چوقۇم بار، بولمىسا قوشنىسىنىڭكىدە بار، ــ مەمتىلى ئەپەندى ئىشەنچ بىلەن شۇنداق دېدى، ــ ئەگەر پىيانىنوسىمنى ھىندىستاندىكى ئوردۇ دوستۇمغا تاشلاپ كەلمىگەن بولسامغۇ ھېچنەرسىگە ھاجىتىم چۈشمەيتى.

ــ خوش؟ ... توختاجى سوئال نەزىرىدە ساھىپخانىغا قارىدى.

ــ راستىنلا خىجىلمەن، دېدى تۇرادخۇن، ــ ئۆيدە ساز يوق، ئەمما قوشنىمىز تەمبۇرچى، سوراپ كىرەي. ئۇ شۇنداق دەپلا بۇ چىقىشقاق مېھمانلارنىڭ كۆڭلىنى ئالىدىغان ياخشى پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ

قويماي دېگەندەك ئىتتىك چىقىپ كەتتى.

— ئاقتامــدا كۆردۈققــۇ ســىلىنىڭ كــارامەتلىرىنى، خــور ئــۆمىكى تەشكىللەش دېگەن سىلىگە ئانچە بەك تەس ئىش ئەمەسكەن. سىلى بايا پىئانىنونى ھىندىستاندا تاشلاپ كەلمىگەن بولسام دەيلا، توۋا دېسىلە، ئاشۇ تاغلاردىن قانداق ئۆتكۈزەتتىم دېمەيلا - ھە؟ قاراقۇرۇم تاغلىرى دېگەن جاھاننىڭ ئۆگزىسىغۇ؟ شۇ كېلەڭسىز نەرسىلىرىنى- زە... — توختاجى گېپىنىڭ تېمىسىنى ئۆزگەرتىپ سورىدى، — بىزگە نىملەرنى ئورۇنلاپ بېرىلا، ئەپەنــدى؟ — دەپ ســورىدى توختــاجى ســاھىپخان كىــرگىچە كۆنتەرتىپنى بېكىتىشۋالماقچى بولغاندەك.

— مەن بــۇ ئومــاق  بالىلارغــا بىــر ناخشــا ئۆگىتــىپ قويسامىكىن دەيمەن. قانداق، ئۆگىنەمسىلەر؟

— ئۆگىنىمىز! — دەپ چوقان سالدى بالىلار.

مەمتىلــى ئەپەنــدى ئۇلارغــا قــاراپ، بــۇ بالىلارنىڭ ئۆسۈپ - يېتىلىش شارائىتىنىڭ ناچارلىقى، تەربىيىلەشنىڭمۇ ئەقىلغە مۇۋاپىق ئەمەسلىكى ھەققىــدە ئــويلاپ كەتتــى. ئــۇ بــۇ بالىلارغــا ئــۆگەتمەكچى بولۇۋاتقــان ناخشىسىنىڭ ئاھاڭىنى چېگرىدىن ئۆتكەندىلا  تۈنجى تاغلىق يېزىدىكى بىر توپ بالىغا قاراپ ئىجاد قىلغانىدى. كۆكياردا ئۇنى شۇ يەرلىك بالىلارغا ئۆگىتىــپ قويۇشــنى ئويلىغــان بولســىمۇ، مۇزىكىســى پىشــمىغانىدى. ئــۇ بۇلارنىــڭ مىللەتنىــڭ كەلگۈســى ئىكەنلىكىنــى ئويلىغىنىــدا ۋۇجــۇدى يېنىــپ كېتەتتــى. مانــا ئىچكــى ھاياجــان مۇزىكــا تۇغــدۇرۇپ، بــالىلار ناخشىسىنىڭ مۇزىكىسىمۇ پىشىپ باردى.

مەمتىلــى ئەپەنــدى قويــۇن دەپتىرىنــى ئېلىــپ، تۇراداخــۇن كىــرگىچە بولغــان ئارىلىقتــا نوتىغــا قــاراپ ئىچىــدە ئوقــۇپ ئولتــۇردى. ئۇنىــڭ قوچىقىدىكى تەلەيقىز، يېنىدىكى ھەمراجانلار ئۇنىڭ خاتىرىسىگە نېمە بارلىقىنى دېگەندەك  بويۇنداپ قاراپ كەتتى.

تۇراداخــۇن تەمبــۇرنى ئېلىــپ كىــردى. مەمتىلــى ئەپەنــدى تەلەيقىزنــى قۇچىــدىن ئېلىــپ كىگىــز ئۈســتىگە ئولتۇرغــۇپ قويــۇپ، تەمبــۇرنى قولغــا ئالدى:

— تۈركىيەدىن چىققاندىن تارتىپ تەمبۇرنى قولۇمغا ئالمىغانتىم، ئۆزۈممۇ بۇ ئۈلپىتىمنى بەك سېغىنىدىم، — دېدى تەمبۇرنى سازلىغاچ،
— ئەگەر تەمبۇر تېپىلمىغان بولسا سىلەردىن قانداق قۇتۇلاردىمكىن.
— ئاقتامدىكىدەك، راۋاپ تېپىلسىمۇ، دۇتار تېپىلسىمۇ بىر ئىش قىلىلىغۇ سىلى، سىلى بوش كېلىدىغان ئادەممۇ. ھېچ بولمىسا پەتنۇسنى چېلىپمۇ جاھاننى قىزىتىشقا يارايدىغان ئادەمغۇ سىلى، — دېدى توختاجى.
— مېنى مۇنچە شىلىمىسىلىمۇ بولىدۇ، — دېدى تەۋپىق قاپىقىنى سۈنئىي تۈرۈپ.
ئۇ ئاۋۋال بالىلارغا ئۆگىتىدىغان ناخشىنىڭ ئاھاڭىنى تىرىڭشىتىپ چېلىپ كۆردى، ئاندىن غىڭشىپ ئوقىغاچ تەڭكەش قىلدى. ئارقىدىن بالىلارغا:
— ئاۋۋال مەن بىر قېتىم ئوقۇپ بېرەي، سىلەر ئاڭلاپ بېقىڭلار، ئاندىن بىرلىكتە ئۆگىنىمىز، قانداق؟ — دېدى - دە، ئوقۇشقا باشلىدى:

مەن ئۇيغۇر بالىسى — ۋەتەن غۇنچىسى،
زەرەپشان، تارىمنىڭ سۈزۈك ئۈنچىسى.
كۆزۈمدە ئازاد تاڭ نۇرى — بەلگۈسى،
مەنسۇپتۇر بىزلەرگە ۋەتەن كەلگۈسى.
نەقرات: تۆرەلدىم قانلاردا، ئۆستۈم قانلاردا،
بارىمەن ئەجداتلار باسقان يوللاردا.

ناخشا جەڭگىۋار مارش ئاھاڭىدا بولۇپ، ھەم بالىلارنىڭ چاپسانراق ئۆگىنىۋېلىشى ئۈچۈن باشقا كۇبلېتلىرىنى قىسقارتىۋەتكەنىدى. مەتىلى ئەپەندىنىڭ ئاۋازى ناھايىتى ساز بولغاچقا مۇشۇ ئاددى بالىلار ناخشىسىنىمۇ ناھايىتى ھېسسىياتلىق ئوقىدى. ھويلا ئىچى جانلىنىپ كەتتى. ئۆز بالىلىرىنى ئىزلەپ كەلگەن ئاتا - ئانىلار تۇرداخۇننىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا ۋە پاكارتام چىتلاقلار كەينىدە مارىشىپ تۇراتتى.

ئەمدى مەمتىلى ئەپەندى باللارغا مىسرامۇ- مىسرا ئۆگۈتۈشكە باشلىدى. باللارنىڭ زىل ۋە چىقىراق ئاۋازلىرى مىسرالارنى تەكرارلايتتى. ئۇلارنىڭ غۇبارسىز لەپىزىدىن چىققان كۈمۈش قوڭغىراقتەك ئاۋاز چىمەدۇنىڭ ئاسمان بوشلۇقىدا يىراقلارغا تارقالماقتىدى. باھارنىڭ قوينىغا قايتىپ كېلىشكە باشلىغان قۇشلار بۇ ئاۋازغا مەھلىيا بولغاندەك، پوتلا تاشلاۋاتقان شاخلار ئۈستىدە ئولتۇرۇشۇپ ئۆز ئارا تەسىرات سۆزلىشىۋاتقاندەك چۇرۇقلىشاتتى.

— ئاڭلىمىغانلا ناخشىكەن - يا، — دېدى دوپپىلىق يىگىت شېرىكىگە، تۇماق كىيگەن يىگىت جاۋابەن دولىسىنى چىقىرىپ قويدى.

توختاجى  ئۇلارغا قاراپ:

— بۇنداق ناخشىلار تەۋپىقنىڭ قورسىقىدىن چىقىۋېرىدۇ. ئۇ دېگەن ھەم قوشاق توقۇيدۇ، ھەم ئاھاڭ ئىجاد قىلىدۇ. دېسەم - دېمىسەم بۇ ناخشىنى ئۇ ھازىرلا قورسىقىدىن چىقاردىغۇ، — دېدى.

— ئاجايىپلا ئادەمكەن - يا، بۇ مەمتىلى ئەپەندى، — دېدى مۇلازىم يىگىتلەرنىڭ بىرى.

ئەخمەت ئەپەندى ئۈنچىقماستىن ھەممىنى ئاڭلاپ تۇراتتى. ئۇ يىگىتلەرنىڭ مەمتىلى ئەپەندى توغرىسىدىكى مۇلاھىزىلىرىنى ئاڭلاپ، «تۈرك گەنچلەر بىرلىكى»[1]دىكى بىر دوستىنىڭ مەمتىلى ئەپەندى ھەققىدىكى باھاسى ئېسىگە كەلدى. ئۇ سىياسىيون شۇنداق دېگەندى: «تەۋپىق كۆيۈپ تۇرغان بىر پارچە چوغ. ئۇ ھەم كۆپ ھارارەت بېرەلەيدۇ، ھەم شۇنىڭ ئۈچۈنلا ھەممىدىن بۇرۇن كۆيۈپ تۈگەيدۇ. بۇنىسى بولسا ھەقىقەتەنمۇ شانلىق ھايات، ئارمانسىز ھايات».

«شۇنداق، — دەپ ئويلىدى ئەخمەد ئەپەندى، — ئۇ ھەقىقەتەنمۇ بىر پارچە چوغ».

باللارنىڭ غۇبارسىز زېھنىگە ناخشا ئورۇنلۇشۇپ قالدى. قانداقلا

---

[1] «تۈرك گەنچلەر بىرلىكى»، (Türk gençler birliği—«تۈرك ياشلار بىرلىكى») ئەينى يىللاردا تۈركىيەدە قۇرۇلغان بىر تەشكىلات، قۇرغۇچىسى ۋە رەئىسى مەجىددىن دەلىل (دوختۇر) — ئا.

بولمىسۇن «تىلى چىققان هامانلا ناخشا ئېيتىيالايدىغان، ئايىقى چىققان هامانلا ئۇسسۇل ئوينىيالايدىغان» ئۇيغۇر بالىلىرى ئۈچۈن بۇنداق قىسقا ناخشىنى ئۆگىنىۋېلىش ئانچە قىيىن ئەمەسىدى. قايسىڭلار ئۆگىنىۋاپ بولدۇڭلار؟ — دەپ سورىدى مەمتىلى ئەپەندى بالىلارغا قاراپ جىددىي تەلەپپۇزدا، گويا تەگتۇشلىرى بىلەن رەسمىي ئىشلار ئۈستىدە سۆزلىشىۋاتقاندەك.

— مەن!

— مەن!

— ...

بىر قانچە بالا تەڭلا چوقان سالدى. مەمتىلى ئەپەندى رازىمەنلىك بىلەن كۈلۈمسىرەپ:

— ياخشى. لېكىن، تەرتىپلىكراق بولۇش كېرەك، چوقان سېلىش ياخشى ئەمەس، يېقىن ئارىدا سىلەرمۇ مەكتەپلەرگە كىرىپ ئوقۇشۇڭلار مۇمكىن، شۇ چاغدىمۇ مۇشۇنداق غىلۇچى بولساڭلار ياخشى ئەمەس، مەقسەتنى ئېيتىش ئۈچۈن تەلەبەلەر[1] قانداق قىلىدۇ، بىلەمسىلەر؟ مانا مۇنداق قول كۆتۈرۈش كېرەك، — ئۇ زەخمەك تۇتقان قولىنى كۆتۈرۈپ بالىلارغا ئۈلگە كۆرسەتتى. بالىلارمۇ ئۇنى دوراپ قوللىرىنى كۆتۈرۈپ بېقىشتى.

— قايسىڭلار ئوقۇپ باقىسىلەر؟

بالىلارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى قول كۆتۈردى.

— قىزىم، سەن ئوقۇپ باق، — دېدى تەۋپىق، ھەم قىزغا ئۆزى ناخشىنى باشلاپ بەردى. قىز ئاساسەن ئۆگىنىۋاپ بولغانىدى. ئۇ ئوقۇپ باققاندىن كېيىن مەمتىلى ئەپەندى رازىمەنلىك بىلەن باش لىڭشىتتى ۋە قىزچاقنى ئالدىغا چاقىرىپ، ئۇنى ئەركىلىتىپ تۇرۇپ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى.

---

[1] تەلەبە (telebe)— ئوقۇغۇچى (ئەسلى ئەرەبچە «تالىب» نىڭ كۆپلىگى بولۇپ، تۈركچىدە ئوقۇغۇچى مەنىسىدە قوللىنىلغان، تىل ئىسلاھاتىدىن كېيىن بۇنىڭ ئورنىغا öğrenci — ئۆرەنجى — دېگەن سۆز ياسالغان) — ئا.

— ئەمدى ئاخىرقى قېتىم يەنە بىر تەكرارلايمىز ئاندىن سىلەر بۇ ناخشىنى ئېيتىپ ئاپاڭلارنىڭ، ئاتاڭلارنىڭ ئالدىغا قايتىسىلەر، ئۇلار سىلەرنى ئىزلەپ ئاۋارە بولۇپ قالسا ياخشى ئەمەس، شۇنداق قىلايلىمۇ؟
— دېدى ئۇ.

يەنە بىر قېتىم مىسرامۇ ـ مىسرا تەكرارلىغاندىن كېيىن، مەمتىلى ئەپەندى ئۇلارغا ناخشىنى باشلاپ بەردى. بالىلار بىر ئاز ئىگىز ـ پەس بولۇشقان بولسىمۇ، ياخشى ئۇگەنگەنلەرگە ئەگىشىپ ئۆزلىرىنى تۈزىتىپ، جۆر بولۇپ كېتىشتى. شۇنىڭ بىلەن قاچاندۇر بىر كۈنى بۇ يەردىن ئۆتكەن ئەسكەرلەرگە تەقلىد قىلىپ، پۇتلىرىنى يەرگە ئۇرۇپ، ئىگىز ـ پەس دەسسەپ چىقىپ كېتىشتى.

ئەخمەد ئەپەندى بالىلارنىڭ ئارقىسىدىن ئۈنسىز قاراپ، دوستىنىڭ مىتودىغا زوقلاندى.

توختاجى گويا «قانداق، يىگىتلەر، بىزنىڭ دوستىمىز تەۋپىق مانا قانداق كىشىكەن؟» دېگەندەك قىلىپ، مۇلازىم يىگىتلەرگە ۋە تۇراداخۇنغا قاراپ قويدى.

مەمتىلى ئەپەندى بالىلارنىڭ ئارقىسىدىن مەمنۇنىيەت، مېھرىۋانلىق، زوقلۇنۇش، شۇنداقلا ئېچىنىش ئارىلاشقان سۇس كۈلۈمسىرىشى بىلەن قاراپ تۇرۇپ ئۇزۇتۇۋەتكەندىن كېيىن، دوستلىرىغا قارىدى:

— كەچۈرسىلەر، زېرىكتۈرۈپ قويمىغاندىمەن؟ — دېدى ئۇ.

— ياق، ئەپەندى، ئەكسىچە، بەك ياخشى بولدى،— دېدى ئەخمەد ئەپەندى خىيالچانلىق بىلەن. مەمتىلى ئەپەندى «ئۇنىڭ دېگىنى راستمۇ؟» دېگەندەك توختاجىغا قارىدى ۋە:

— ئەمدى نۆۋەت سىلەرگە، دوستلار، بىردەم مۇقاملاردىن مۇڭ قىلايلىمۇ؟ — دېدى.

— قولىرى دەرت كۆرمىسۇن، شۇنداق قىلسىلا، — دېدى توختاجى جانلىنىپ.

تەۋپىق تارلارنى تىرىڭشىتىپ تىڭشاپ، ئاندىن قايتىدىن سازلىدى،

تەمبۇر غەمكىن تىرىڭلاپ، ئارقىدىن شوخ كۈيلەرنى، شاد- خۇراملىقنى ھېكايە قىلىشقا باشلىدى. تەۋپىق راكىنىڭ بىرىنچى داستانىنى ناھايىتى بەلەن ئاۋازدا ئوقۇدى:

ئەي دىلا گۈل ۋاقتىدا گۈلزاردىن ئەندىشە قىل،
ئۈزمىگىل بىھۇدە گۈلنى كاردىن ئەندىشە قىل.
كىمكى كىردى بۇ چىمەنگە تا گۈلنى ئۈزمەي يانمىدى،
ئارى- ئارى گۈل ئۈزەرسەن خاردىن[①] ئەندىشە قىل.
پاشا كىم بىدارلىقىدىن ئىچتى ئادەم قانىنى،
بەزى- بەزى مەردۇمى[②] بىداردىن ئەندىشە قىل.
راست گېپىڭنى ئېيتمىغىل ھەركىمنى سەن مەھرەم بىلىپ،
ئاقىل ئەرسەڭ مەھرەمۇ ئەسراردىن[③] ئەندىشە قىل.
گەنجى- گەنجى، زاھىر[④] ئەتمە، تۇت ناھان[⑤] ئەلدىن نىرى،
تاپسا شەھۋەت زالىمى بەتكاردىن ئەندىشە قىل.

*

**

تۇرداخۇن تاماقنىڭ تەييار بولغانلىقىنى خەۋەر قىلىش بىلەن ناخشىنى ئۈزۈپ قويۇپ، مېھمانلارنىڭ كەيپىنى بۇزۇۋېتىشتىن خىجىل بولۇپ تەمترەپ تۇراتتى، توختاجى بۇنى سېزىپ، مەمتىلى ئەپەندى بىر ناخشىنى تۈگۈتۈپ، بىرىنى باشلىغىچىلا ئۇنى نوقۇپ:

— رەخمەت، ئەپەندىم، سەپەرنىڭ ھاردۇقىنى چىقاردىلا، ئەمدى ساھىپخانىنى ساقلىتىپ قويمايلى، — دېدى.

مەمتىلى ئەپەندى تەمبۇرنى تۇداخۇنغا سۇنۇپ:

---

[①] خار — تىكەن، — ئا.
[②] مەردۇمى — ئادەملەر، — ئا.
[③] ئەسرار — سىر، سىرداش، — ئا.
[④] زاھىر — ئاشكارە، — ئا.
[⑤] ناھان — يوشۇرماق، يوشۇرۇن، مەخپىي، — ئا.

— ئارزۇلىرىمىزنى يەردە قويمىغىنىڭىز ئۈچۈن رەخمەت ئېيتىشقا تىلىمىز ئاجىز، — دېدى كۈلۈپ.

— يوغسۇ، يوغسۇ،... — دېدى. تۇرداخۇن، مۇشۇنداق ياخشى مېھمانلارغا دېگەندەك ئىش قىلىپ بېرەلمىگەنلىكىگە ئۆكۈنۈپ، — قول چايقاشسىلا، — ئۇ چاقچاق ھەركەتلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ قولىغا سۇ بەردى ... تاماق يەپ بولۇشقاندىن كېيىن، بىر ھازا پاراڭ سېلىپ ئولتۇرۇشتى. تۇرداخۇننىڭ ئۆيىنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ كىرىشتى، شۇنداق قىلىپ ساھىبخانلارنىڭ خاھىشىغا بويسۇنۇپ، قونۇپ قالدى.

ئەتىسى ئۈچۈق سۆزلەگەندە مېھمانلار كېتىش ئۈچۈن تەييارلىنىشتى. مەمتىلى ئەپەندى دورا سومكىسىنى ئېچىپ، ئۈنىڭدىن چاپىدىغان مەلھەم دورا ئېلىپ ساھىپخان ئايالغا بېرىشنى ۋە بالىنىڭ بېشىغا قانداق پەرۋىش قىلىش ھەققىدە تاپىلاشنى ئۇنۇتمىدى. باشقا بالىلار ھەققىدىمۇ بىر مۇنچە گەپ تاپىلىدى.

بۇ چاغدا بالىلارنىڭ ھەممىسىلا ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىشكەندى. چۈنكى ئۇلار تۇنۇگۈنلا مېھمانلارنىڭ ماڭىدىغان ۋاقتىنى ئۇقۇۋالغاچقا، ئىنتايىن سەگەك يېتىشقانىدى. مەمتىلى ئەپەندى بالىلارنىڭ ھەممىسىنى بىر- بىرلەپ سۆيۈپ خوشلاشتى. بىراق، بالىلار دەريا بويىغىچە بىللە بارىمىز دەپ تۇرىۋېلىشتى. تۇداخۇن بالىلارغا كايىدى. لېكىن، مەمتىلى ئەپەندى گەپنى ئۇزارتماسلىق ئۈچۈن گەپ- سۆزسىزلا تەلەيقىزنى كۆتۈرۈۋالدى، ئاندىن مەڭدەپ قالغان قېيىقچىغا:

— مەيلى، بارسا بارسۇن، بىز شۇ يەردە خوشلىشايلى،— دېدى.

تۇرداخۇن ئامالسىز قالغاندەك ئايالىغا قاراپ بېشىنى ئېغىتىپ قويۇپ، تەۋپىقنىڭ مۇرىسىدىكى دورا سومكىسىنى ئالدى- دە، مېھمانلارنى باشلاپ يۈرۈپ كەتتى.

كوچىدا تۇنۇگۈن ناخشا ئۆگەنگەن بالىلارنىڭ ھەممىسى ۋە تۇنۇگۈنكى قىزىق مۇراسىمغا قاتنىشالماي قالغان بالىلارمۇ كۈتۈپ تۇرۇشاتتى. ئۇلار ئاخشام سۆلايماندىن مېھمانلارنىڭ تاڭ سەھەردە يولغا چىقىدىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدى. مېھمانلار ۋە ئاسەن ئۇششاق بالىلاردىن ئىبارەت بولغان

ئۇزاتقۇچىلار قۇملۇق ساھىلىنى بويلاپ، نەم قىرغاقتا روشەن ئىزلارنى قالدۇرۇپ، كىچىككە قاراپ كېتىشتى. باھارنىڭ قوياشى شەرق ئۇپۇقىنى قىزارتىۋەتكەن، ھاۋا نەم ۋە سوغۇق ئىدى. سەھەرنىڭ جىمىلىقىدا دەريانىڭ شاۋقۇنى ئالاھىدە ئاڭلىناتتى. ئۇلار كىچىككە يېتىپ كەلدى. مۇلازىم يىگىتلەر چامۇدانلارنى قېيىققا سالدى. مەمتىلى ئەپەندى ئۇلارنىڭ خىزمىتى ئاخىرلىشىپ قايتىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ سەل- پەل كۆڭلى يېرىم بولدى:

— خەير، ئۇكىلار، سىلەرنى تازا ئاۋارە قىلدۇق — دېدى ئۇ تەسىرلىك ئاھاڭدا.

— ئانداغ دېمىسىلىيا، بولسىغۇ قەشقەرگىچە ئاپىرىشىپ بەرسەك بولاتتى، ئەمما زەمىنە بەك يىراققا كېتىپ قالىدىكەنمىز، ھېلىمۇ سىلىگە چىدىماي شۇ، قاغىلىقتىن يانىمىز، پوسكامدىن يانىمىز دەپ مۇشۇ يەرگىچە كەپتۇق... — دېدى. ئۇلار يىغلامسىرىغاندەك ئاھاڭدا. كۆڭلىدە بولسا دەسلەپ ياللانغاندا مېھمانلاردىن پۇل ئالغىنى ئۈچۈن خىجىل بولۇپ قېلىشقاندەك قىلاتتى.

توختاجى بىلەن ئەخمەد ئەپەندىلەرمۇ بىر- ئىككى ئېغىزدىن تەكەللۇپ ئېيتىپ، ئۇلار بىلەن خوشلاشتى.

تۇرداخۇن قېيىقنى يەشكىچە تەۋپىق تەلەيقىزنى يەرگە قويۇپ پىشانىسىدىن سۆيدى ۋە:

— خەير، قىزىم، — دەپ خوشلاشتى.- دە قېيىققا سەكرەپ چىقىۋالدى.

— ئۇكاڭلارنى ئېلىپ ئۆيگە كېتىڭلار، بالام، — دېدى تۇرداخۇن سۇلايمانغا، قېيىقنى سايازدىن ئىتتىرىپ چىقىرىۋېتىپ.

— ياق، كەتمەيمىز، سەن كەلگىچە تۇرىمىز، — دېدى ئوغلى خاتىرجەملىك بىلەن.

تۇرداخۇن قېيىقنى سايازدىن ئىتتىرىپ چىقارغىچە مەمتىلى ئەپەندى قىرغاقتا تۇرغان بالىلارغا:

— ئاخشام ئۇگەنگەن ناخشىنى ئۇنتۇپ قالمىغان بولساڭلار،

سۇلايمان، ئوغلۇم، سەن باشلاپ بەرگىن، ــ دېدى.
سۇلايماندا باللارغا خاس ماختىنىش تۇيغۇسى پەيدا بولۇپ، تەڭتۇشلىرىغا ئەشەددىي ئىشەنچلىك بىلەن بىر قاراپ قويغاندىن كېيىن گېلىنى قىردى ۋە ناخشىنى باشلىدى.
ئالدىراپ قالغان باللار دەرمەھەل ناخشىغا جۆر بولۇپ كېتەلمىگەن بولسىمۇ، بىر-ئىككىدىن باشلاپ، ئاندىن ئومۇمىي خورغا ئايلاندۇرۇشتى. مەمتىلى ئەپەندى دولقۇنلار ئىچىدە ئېقىم يۆنىلىشى بىلەن قىيپاش تۆۋەنگە سۈرۈلۈپ كېتىۋاتقان قېيىق ئۈستىدە تۇرۇپ، باللارنىڭ ساھىلنى زىل- زىلىگە كەلتۈرىۋاتقان ساداسىغا قۇلاق سېلىپ، توختىماي قول بولاڭشىتتى. شەرقتىن كۆتۈرۈلگەن قوياشنىڭ نۇرى تارام- تارام بولۇپ، غەرب تەرەپ ئاسمىنىدىكى بۇلۇتلارنى قىزارتقان، شۇنداقلا دولقۇن يۈزىدە جىلۋە قىلىپ جىمىرلايتتى.
مەمتىلى ئەپەندى ئۇ قاتتا قالغان باللارغا قاراپ گويا ياخشى كۆرگەن كىشىسى بىلەن ئەبەدىلىككە خوشلىشىۋاتقاندەك قىيماسلىق تۇيغۇسىدا يۈرىكى «شۇر» قىلىپ ئېچىپ كەتتى. ئۇنىڭ خىيالى تۈركىيىگە كېتىش ئالدىدا شەمەيدە قالغان ئايالى سەرۋەر ۋە ئوغلى ئابدۇسەمەت تەرەپكە كەتكەنىدى... ئارقىدىن تۈركىيىدىن يولغا چىقىش ئالدىدا شەپقەتچىسى ئابدۇللاھ ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ يالغۇز قىزى ئەدىبە بىلەن خوشلاشقان چاغلىرىمۇ كۆز ئالدىدىن ئۆچۈپ ئۆتۈپ، ئېغىر، مۇڭلۇق ۋە تەسىرلىك مىسرالارغا ئايلىنىشقا باشلىدى. بۇ چاغدا ئەخمەد ئەپەندىمۇ تۈركىيىدىن يولغا چىقىش ئالدىدا ئايالى ۋە ئوغلى بىلەن خوشلاشقان چاغلىرىنى ئەسلىمەكتىدى ... ئۇلار شىمالىي قىرغاققا يېتىپ كەلدى. تۇرداخۇن مېھمانلارنىڭ يۈك- تاقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ قۇرۇق يەرگىچە ئاپىرىپ بەردى. توختاجى ئۇنىڭغا پۇل تەڭلىۋىدى، ئۇ خاپا بولۇپ:
ــ نېمە قىلىۋاتىلا، ئەپەندىم؟ كەمبەغەل بولساقمۇ ئادىمەتچىلىكنى ئۇنتۇپ قالمىدۇق جۇما، ــ دېدى.
ــ سىزنى دېسەكقۇ بەرمىسەكمۇ بولاتتى، ــ دېدى مەمتىلى

ئەپەندى توختاجىغا بولۇشۇپ، — لېكىن بالىلارغا كۆڭۈلدىكىدەك سوۋغا قالدۇرالمىدۇق، شۇڭا بۇ بىزنىڭ بالىلارغا تۇتقان سوۋغىمىز بولسۇن — تەۋپىق كۈلۈمسىرەپ گەپ قىلىۋاتقان بولسىمۇ ئۇنىڭ ئاۋازىدا ئۆزگىچىلا خاس بولغان، رەت قىلىۋېتىش قىيىن بولغان بىرخىل كۈچ بار ئىدى.

تۇرداخۇن ھېچنەرسە دېيەلمىدى. پۇلنى ئالغاندىن كېيىن ئاۋازى تىترىگەن ھالدا:

— خەير- خوش، ئاقيول بولسۇن، خۇدايىمغا ئامانەت! — دېدى ۋە بوش ئاۋازدا قوشۇپ قويدى، — يىمىسەكمۇ ئىچمىسەكمۇ بالىلارنى ئوقۇتىمىز، خۇدا بۇيرىسا... يەكەنگە ئاپىرىپ قويىمەن، ئۇ يەردە تاغىسى بار... — ئۇ بۇ گەپلەرنى مەمتىلى ئەپەندىنىڭ بالىلارنى ئوقۇتۇش ھەققىدىكى تاپىلاشلىرىغا قارىتا ئېيتىۋاتاتتى.

ئۇلار خوشلاشتى. تۇرداخۇننىڭ قېيىقى دولقۇنلار ئۈستىدە لەپەڭشىتىپ ئارقىغا قاراپ ئۈزۈپ كەتتى. يولۇچىلارنىڭ ئالدىدا كاچۇڭ يېزىسى سەھەر قوياشىنىڭ نۇرىغا پۈركىنىپ ياتاتتى. ئۇلار بۇ يەردىن يەنە ئىككى ئادەم ياللاپ، سەپىرىنى داۋام قىلاتتى.

توختاجى دوستىغا چاقچاق قىلىپ:

— ئەپەندى، ئەرەپلەرمۇ، ھىندىلارمۇ، ئوردۇلارمۇ سىلى بىلەن بىردەمدىلا چىقىشىپ قالىدىكەن ھەم تېخى ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي كۆزلىرىگە ياش ئالىدىكەن، سىلىدە نېمە خاسىيەت بار؟ — دېدى.

تەۋپىق جاۋابەن ئېچىلىپ- يېيىلىپ كۈلۈش بىلەن چەكلەندى.

# ئۈچىنچى باب

## 1

مارتنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى.

بۈنىدىن سەل ئىلگىرى قەشقەر ئەتراپىدا ھەرىكەت قىلىۋاتقان خوجانىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچى قوشۇنلار بىلەن يېڭىشەھەرگە يېقىنلىشىۋالغان ما جەنسىڭ قوشۇنلىرى ئارىسىدىكى ئۆزئارا سوزۇلغان مۇھاسىرە ئۇرۇشى ئاياقلىشىپ، نىسپىي تىنچلىق شەكىللەنگەنىدى. قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئاساسىي قىسمى مەھمۇد مۇھىتى باشچىلىقىدا يەكەنگە كەتكەن؛ «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نىڭ شامەنسۇر، ئەمىر ساھىپ نۇرمۇھەممەت باشچىلىقىدىكى ئەسكەرلىرى يېڭىسارغا جايلاشقان ئىدى. بۇ چاغدا خوجانىياز ھاجى ئۇرۇمچىدىن كېلىۋاتقان مافۇيۈەن قىسىملىرىنى توسۇش ئۈچۈن مارالبېشىغا بىر بۆلۈك ئەسكەر ئەۋەتىپ، ئۆزى ئاقئاش ئەتراپىدا تۇراتتى. مارالبېشىدىكى توسۇپ زەربە بېرىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتسىز بولغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ئاتۇش ئاغۇ بىلەن تەڭگە تار تەرەپكە چېكىندى. مافۇيۈەن قىسىملىرى ئارقىدىن قوغلاپ تەڭگە تارغا كەلگەندە خوجانىياز ھاجى ئەپلىك يەر شارائىتىدىن پايدىلىنىپ دۈشمەننى چېكىندۈرۈۋېتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن توختاپ قالغان ئەركەشتام سۇھبىتىنى داۋام قىلىش ئۈچۈن كەتكەنىدى.

مافۇيۈەن قىسىملىرى قەشقەرگە كېلىپ ماجەنساڭ قوشۇنلىرىغا قوشۇلغاندىن كېيىن، 27- مارت تاڭ سەھەردە يېڭىسارغا ھۇجۇم باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن نىسپىي تىنچلىق بۇزۇلۇپ تاشلاندى. ئەمىر ساھىپ نۇرمۇھەممەت بەرداشلىق بېرەلمەي، سېپىل دەرۋازىلىرىنى تاقاپ مۇداپىئە كۆرىشى قىلىشقا مەجبۇر بولدى. بۇ چاغدا مەھمۇد مۇھىتلار يەكەندە ئىدى. ئۇلار بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ دەرھال يېڭىسارغا قاراپ ئاتلاندى.

*

**

«مامۇت سىجاڭ ئەسكەر باشلاپ يېڭىسار بازىرىغا كىرىۋاتقۇدەك» دېگەن خەۋەر هايت- هۇيت دېگىچە پۈتۈن بازارغا پۇر كەتتى ھەربىيلەرنى كۆرسە قورقۇدۇغان توخۇ يۈرەكلەردىن باشقا كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كوچىلارغا چىقىپ يەكەن دەرۋازا تەرەپتىن كېلىۋاتقان جەڭچىلەرنى زور ھۆرمەت ۋە ئىشەنچ ئىچىدە كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزەتتى.

ئەڭ ئالدىدا 45 ياشلار چامىسىدىكى ئورتا بويلۇق، گەۋرە كەلگەن، كالتە سېرىق ساقال، كەڭ يۈزلۈك، بۇغداي ئۆڭلۈك، قىلىچ ھەم تاپانچىلار بىلەن قوراللانغان ئىنتايىن سۈرلۈك، يوغان كۆزلىرىدىن كىشىنى تىترىتىدىغان ئاللىقانداق نۇر چېچىپ تۇرغان كىشى كېلەتتى. ئۇنىڭ قېشىدا قوش تاپانچا ۋە قىلىچ ئېسىۋالغان چەبدەس بىر يىگىت ياندىشىپ كېلەتتى.

— ئاشۇ سۈرلۈك ئادەم مامۇت سىجاڭ دېگەن شۇ! — دېدى ھەممىدىن خەۋەردار، پاراڭچى سارايۋەن ئۆزىنىڭ ھەممىنى سوراپ تۇرغۇچى مېھمىنىغا ھېلىقى ئورتا بويلۇق، كالتە سېرىق ساقال كىشىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — قېشىدىكىسى ئۇنىڭ نەۋكىرى ئىلياس، ئۇ يىگىت مامۇت سىجاڭنىڭ قورۇقچىلىرىغا باشلىق.

سارايۋەننىڭ قېشىدا قورشاۋدىن بۇرۇن يېڭىسارغا كېلىپ، سارايۋەنگە مېھمان بولۇپ تۇرۇپ قالغان مەمتىلى ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى تۇراتتى. سارايۋەن قېرىندىشىدەكلا بولۇپ قالغان كىچىك بۇرۇتلۇق بۇ ئەپەندىگە بۇ يەرنىڭ ۋەزىيىتى ھەققىدە كۆپ سۆزلەپ بەرگەن، ئەمدىلىكتە ئۇنىڭغا مۇشۇ يىللاردىكى زور ۋەقەلەرنىڭ ئاساسلىق قەھرىمانلىرىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى.

— ئاينا ئاۋۇسى قۇربان نىياز... ئاۋۇ قۇربان سەئىدى، — سارايۋەن ھەر بىر بۆلۈمنىڭ ئالدىدا كېلىۋاتقان ئوفىتسېرلارنى تونۇشتۇراتتى، —

ئاۋۇ سەمىتاجى، ئاۋۇسى غوپۇر، بۇلار تەنجاڭلار[1] .

— تاغا، سىز ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئوبدان بىلىدىكەنسىزغۇ؟ — دەپ سورىدى مەمتىلى ئەپەندى قوشۇنلار ئۆتۈپ بولۇپ، ئۇلار سارايغا قايتىپ كېتىۋاتقاندا.

— ئۇلار بۇندىن ئىلگىرى يەكەنگە ئۆتكىچە چوڭلىرىنى تونۇۋالغان گەپ بولمامدۇ. ھەم ئۆزۈمنىڭمۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر تونۇشۇم بار، ئۆزى چوڭ كاتتىۋاش ئەمەس، ئەسكەر باشلىقى، يۈز بېشى چېغىمىدا، ئۇنىڭ ئىپتى ئابدۇنىياز، ئۆزى ماموت سىجاڭ بىلەن تۇرپاندىن تاتىپ بىللە كەلگەن ژىگىت. ئۇنىڭ بىلەن خېلى ئوبدان تونۇشىلاردىن بىز. ئەگەر چولىسى تەگسە مىنى ئىزدەپ كېلىپمۇ قالىدۇ، چېغىمىدا، — دېدى سارايۋەن ئىشەنچ بىلەن.

سارايغا قايتىپ كىرىشكەندىن كېيىن مەمتىلى ئەپەندى ھامان ئۇرۇش ھەققىدە باشقىلارنىڭ پىكرىنى بىلىشكە تىرىشىپ گەپ كوچىلىدى. باشقىلارمۇ ئۇرۇشنىڭ چاپسانراق ئاياقلىشىپ ئۆيگە پاتراق يېتىۋېلىشنى ئارزۇ قىلىشاتتى. شۇڭا ھەممە ئادەمنىڭ ئاغزىدا ئۇرۇش ھەققىدە گەپ بولىۋاتاتتى.

******

مەھمۇد مۇھىتى يېڭىسارغا كېلىپلا ئەسكەرلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ، ئەمىر ساھىپ نۇرمۇھەممەت ئەسكەرلىرىدىن سەپنى ئۆتكۈزۈۋالدى. تۇڭگانلار ماڭشىن تەرەپتىن سېپىلغا يېقىنلىشىشقا تىرىشاتتى. سېپىل ئۇستىدىكىلەر ئۇلارغا يېقىنلىشىش ئىمكانىيىتى بەرمەيتتى. ئۇرۇشتا شامەنسۇرنىڭ پۇتىغا ئوق تېگىپ، ئەمىر ساھىپ نۇرمۇھەممەدنىڭ ئەسكەرلىرى پۇتۇنلەي سەپتىن چېكىنىپ چىقتى.

---

[1] تەنجاڭ 团长 —(tuanzhang) نىڭ بۇزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىشى بولۇپ، مىڭبېشى (پولكوۋنىك) دېمەكتۇر، — ئا.

جەڭگاھتا پەقەت مەھمۇد مۇھتى قوشۇنلىرىلا قالدى.

## 2

كۆلكە شۇنچىلىك قۇدرەتلىككى،
ئۇنىڭغا جاھاندىكى ھەر قانداق مەن- مەن
دېگەن كىشلەرمۇ بوي سۇندۇ.

—ئېمىل زورلا

بۇ چاغدا سارايدىكى مېھمانلار كېچە جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ ئاندا - ساندا ئېتىلىۋاتقان ئوق ئاۋازلىرىغا قۇلاق سېلىپ ئولتۇرۇپ، مۇشۇ ۋەزىيەت ھەققىدە سۆزلىشەتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئازدۇر-كۆپتۇر تەشۋىش بار ئىدى. تەۋپىقنىڭ ھەمراھلىرىدىن باشقا سارايدا يەنە بىر قانچە سودىگەر ۋە ھەر خىل يولۇچىلارمۇ باردى. سودىگەرلەرنىڭ قولىدا پۇللۇق مال بولغاچقا ھەممىدىن بەك تەشۋىشلىنەتتى. ھەتتا بەزىلەر خوتۇن-بالىلىرىنى كۆرەلمەي ئۆلۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ يىغلاشقا باشلىغانىدى.

— ۋەتەنداشلار، ئۇرۇشقا ئاز- پاز بولسىمۇ پايدىمىز تەگسە، غەمدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ھەسسىمىزنى قوشساق ياخشى بولاتتى، — دېدى مەتىلى ئەپەندى تىت- تىت بولۇپ.

— نېمە دەيدىغانلا، ئەپەندى؟ زېرىكىپ قېلىۋاتقان ئوخشىمامىلا؟ — دېدى توختاجى بېشىنى چايقاپ، — بىز ئۆزىمىزنىڭ جېنى بىلەن ھەلەك، سىلى تېخى... يوق گەپنى قىلماي ئىچلىرى پۇشقان بولسا ساز چېلىپ بەرسىلە، ئۇمۇغۇ كۆڭۈل خاتىرجەم بولسا تېپىلىدىغان نېمە...

— شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇرۇشنى پاتراق تۈگىتىش ئۈچۈن بىر كىشىلىك ھەسسە قوشساق دەيمەن - دە، قولىمىزغا قورال ئالايلى، مەھمۇد مۇھتى ئالدىغا بارساق بىزگە قورال بەرمەسمۇ؟

شۇ چاغدا سارايۋەن خوشال ھالدا كىرىپ كەلدى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— مەن دېمىسىدىممۇ، ئابدىنىياز بىلەن بىز ئانداق. مۇنداق تونۇشلاردىن ئەمەس، ئۇ چوقۇم مەن بىلەن كۆرۈشكىلى كېلىدۇ، دېمەپمىدىم. مانا، دېگىنىمدەك ئۇ مېنى ئىزلەپ كەپتۇ، — دېدى ئۇ ۋە ئارقىسىدىكى بەستلىك ئادەمنى كۆرسەتتى، — مانا ئۇلار، مەن بۇ كىشىگە سىلەرنىڭ گېپىڭلارنى قىلىپ بېرىۋىدىم، ئۇ كۆرۈشۈشكە قىزىقىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىردەم. يېرىمدەم گەپلىشىپ ئولتۇرىمىز دەپ باشلاپ كەلدىم.

سارايۋەن ئۇنى تونۇشتۇردى. مەمتىلى ئەپەندى ئۇنىڭدىن ئۇرۇش ۋەزىيىتى ھەققىدە سوراشقا بولۇدۇغانلىقىنى ئويلاپ خوشال بولدى. ئۇلار ئولتۇرۇپ بولۇشقاندىن كېيىن مەمتىلى ئەپەندى ئابدىنىيازدىن سورىدى:

— ئۇرۇش ۋەزىيىتى قانداق؟ ئۇستۇنلۇك قايسى تەرەپتە؟

— ئۇ گەپلىرىنى قويسىلا، ئەپەندى، — دېدى سودىگەرلەردىن بىرى، — بىز قاچانغىچە تۆشۈككە بېكىنگەن چاشقاندەك ئولتۇرىمىز، دەپ سورايلى ئاۋۋال، — ئابدۇنىياز سودىگەرنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىغانغا سېلىپ، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ سوئالىغا جاۋاپ بەردى:

— تۇڭگانلار بىزنى چاشقان تۆشۈككە كىرىۋېلىشقا مەجبۇر قىلغاندىكىن ئۇستۇنلۇك ئەلۋەتتە شۇلار تەرەپتە بولىدۇ - دە! — ئابدىنىيازنىڭ ئاۋازىدا نارازىلىق سېزىلەرلىك جاراڭلاپ تۇراتتى.

— بۇ ھالەت قاچانغىچە داۋاملىشار؟

— بىزنىڭ ئوقىمىز توگەپ تۇڭگانلارغا تەسلىم بولغىچە! يا بولمىسا يېڭىسارنى تاشلاپ قاچقىنىمىزغىچە داۋاملىشىدۇ!

مەمتىلى ئەپەندى ئابدىنىيازنىڭ كۆڭلىدە يوشۇرۇن بىر نەرسە بارلىقىنى ھېس قىلدى. ھەمدە ئۇنىڭ يۈرەكلىك، دادىل ئادەم ئىكەنلىكىنى جەزىملەشتۇردى.

— قارىغاندا، كۆڭلىڭىزدە غۇمىڭىز باردەك تۇرىدۇ، ئويلىغانلىرىڭىزنى دەپ باقمامسىز، ھېچ بولمىسا قورسىقىڭىز بوشاپ قالار، — دېدى مەمتىلى ئەپەندى دوستانىلىق بىلەن، — كىم بىلىدۇ «ھەر سۆڭەكتە

www.uyghurkitap.com

يىلىك بار، ھەر كۆيىنەكتە بىر ئەركەك»[1] دېگەنىدەك تېخى سىزگە ياردىمىمىز تېگىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس.

ئابدىنىياز بۇ يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ تۇرۇدۇغان، چىقىشقاق ئادەمگە لەپپىدە قاردى. ئارقىدىن ئەخمەد ئەپەندى، توختاجىلارغىمۇ بىر- بىرلەپ قاراپ گويا «سىلەرنىڭ قولۇڭلاردىن نېمە كېلەر» دېگەندەك باش چايقاپ قويدى.

— دوستۇم، قارىغاندا بىزنى مەسلىھەتكە يارىمايدۇ، دەپ ئويلاۋاتقاندەك تۇرىسىز، مەن سىزگە شەيخ سەئىدىنىڭ مۇنۇ مىسرالىرىنى ئوقۇپ بېرەي:

بەزىدە كاللىسى ئۆتكۈر دانادىن
چىقمايدۇ دۇرۇسراق تەدبىر - مەسلىھەت.
بەزىدە ئۇقۇشماي بىر گۆدەك نادان —
ئوق ئاتسا، نىشانغا تېگىدۇ ھەيۋەت.

— بۇنىڭغا نېمە دەيسىز؟

ئابدىنىيازنىڭ چېگىشىپ تۇرغان كۆڭلى بىردىنلا ئېچىلىدى. ئۇ سۆھبەتداشلىرىنىڭ ئاددىي ئادەملەر ئەمەسلىكىنى، ئۇلار ئالدىدا كۆرەڭلىك قىلىپ قويغىنىنى ھېس قىلىپ، كۆڭلىدىكى نارازىلىقىنى، قارىغۇلارچە قىلىنىۋاتقان ئورۇشنى بىر- بىرلەپ سۆزلەپ بەردى. ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ پىلانىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويدى.

— مەنچە بولسا سېپىل ئىچىگە سولۇنۇپ يېتىپ مۆكۈشمەك ئوينىماي، سىرتقا چىقىپ ئۇرۇشاتتىم! ھاڭگىتلىق تەرەپتىن بىر بۆلۈك ئەسكەر چىقىرىپ، چولانئېرىق، قوشمە تەرەپلەر بىلەن ئايلىنىپ ستلىگە[2] — تۇڭگانلارنىڭ ئارقىسىدىن كېلىدىغان بولسا لومودى[3] چولاقنىڭ كۆرگۈلىكىنى كۆرسەتكىلى بولاتتى!

---

[1] شەيخ سەئىدى «گۈلىستان» — ئا.
[2] ھاڭگىتلىق، چولانئېرىق، قوشمە، ستلە — يېڭىسار يېزىلىرى، — ئا.
[3] لومودى — تۇرپان شىۋىسىدە تىللىغان سۆز، —ئا.

— ئۆزىڭىزنىڭ تەدبىرىنى نىمىشكە باشلىقىڭىزغا ئېيتمايسىز؟ — دەپ سورىدى مەمتىلى ئەپەندى.

— شۇنى دەيمەن، — دەپ لوقما سالدى توختاجى، — تەدبىرلىرىغۇ خېلى جايىدا تۇرىدۇ. نىمىشكە سىناپ بېقىش ئۈچۈن باشلىقلىرىغا دېمەيلا؟

— دېسەم ئاڭلىسىغۇ، بىر نۆرى، ئاڭلىماي قالسا، تېخىمۇ چاتاق يېرى «ماڭا ئاقساقاللىق قىلىپ ئەقىل ئۈگەتمەكچىمۇ» دەپ يامان كۆرۈپ قالسا پايدىسى يوق - تە.

— ئىنقىلاپچىلار ئەگەر بىر نىيەتكە كەلمىسە، توغرا پىكىرنى قوبۇل قىلىپ، خاتانى تۈزەتمىسە قانداقمۇ غەلىبە قىلغىلى بولىدۇ؟ قارىغاندا بۇ ئىش بەك مۇھىم ئىكەن، مەن بۇ ئىشقا بەك دەقەت بولىۋاتىمەن. ئەگەر سىز ئېيتىشنى خالىمىسىڭىز مانا مەن ئېيتىمەن. توپ- توغرا مەھمۇد مۇھىتىنىڭ ئۆزىگە ئېيتىمەن. شۇنداق قىلسام بولارمۇ؟

— سىجاڭنىڭ ئۆزىگە؟!...

— ھەئە، بولمامدۇ؟ ئۇ كىشى ئىنقىلاپ باشچىلىرىدىن بىرى بولغاندىكىن ئەلۋەتتە بۇنىڭغا توغرا قارار؟ بولمىسا ئىنتايىن خاتا قىلغان بولىدۇغۇ؟

— ئۇ كىشىغۇ توغرا پىكىرلىك ئادەم، بىراق... — ئابدىنىياز توختاپ قالدى.

— ئۇ دېققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم ئىشتىن بىرى مۇشۇنداق ئىشلار تۇرسا، ئۇ بۇنىڭغا بىر نېمە دېمەس؟ ھازىرلا بېرىپ ئېيتسام بولارمۇ؟

— بۇ چاغ بولغاندا بەك ئەپسىز بولار، ئەتە بارالا، — دېدى سارايۋەن گەپ قىستۇرۇپ.

— سىز بۇ ئىشقا راستىنلا بەك كۆڭۈل بۆلۈپ كەتتىڭىزغۇ؟ — ھەيران بولۇپ سورىدى ئابدىنىياز:

— نىمىشكە كۆڭۈل بۆلمەيدىكەنمەن؟ ئىنقىلاپ يالغۇز ھەربىيلەرنىڭلا ۋەزىپىسىمۇ؟ ئۇ پۈتۈن خەلقنىڭ، ھەر بىر پۇخرانىڭ

مەنپەئەتكە مۇناسىۋەتلىك تۇرسا كۆڭۈل بۆلمىسەم بولامدۇ؟ قانداق، ئەپەندىلەر؟ ــ ئۇ ھەمراھلىرىغا قارىدى، ئۇلار باش لىڭشىتىشتى.

مەمتىلى ئەپەندى كۆپچۈلۈكنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئەتىسى ئەتىگەندە مەھمۇد مۇھتى بىلەن كۆرۈشۈشكە نىيەت قىلدى. ئابدىنىياز ئەتىسى ئەتىگەندە ۋەزىپە ئۆتەيدىغان بولغاچقا بالدۇرراق ئارام ئېلىش ئۈچۈن مېھمانلار بىلەن خوشلاشتى.

ــ يەنە كۆرۈشۈپ قالارمىز، ــ دېدى ئۇ بۇ يېڭى تونۇشلىرىغا ئەمدىلا كۆڭلى چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئاشكارىلاپ، ــ بىزنىڭ دوستلۇقىمىز مۇشۇ يەردىن باشلانسۇن.

ــ بەلكىم ئەتىلا مەھمۇد مۇھتى ئالدىدا ئۇچرىشىپ قالامدۇق، تېخى. مەن سىزنى ئۇ كىشىنىڭ دىققىتىگە ھاۋالە قىلماقچىمەن. تەدبىرلىك سۇبايلار[1]نى بايقاش قوماندان دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم ئىشلارنىڭ بىرى ـ دە!

ــ رەھمەت ، ئەپەندىم، ــ ئابدىنىياز ئۇلار بىلەن قول ئېلىشىپ خوشلىشىپ سارايدىن چىقىپ كەتتى.

*

**

ــ مەممەم! مەممەم![2] نېمە ئادەمسىلەر؟ بۇ يەردە توي بولۇۋاتامدۇ، ئورۇش! جەڭ! ئادەم ئۆلىدىغان گەپ! ــ سېپىلغا چىقىپ كېتىۋاتقان مەمتىلى ئەپەندى، توختاجى، ئەخمەد ئەپەندىلەرنى قاۋۇل بىر ئەسكەر توسۇۋېلىپ شۇنداق دېدى:

ئۇلار مەھمۇد مۇھتىنى ئۇچرىتالماي، جەڭ مەيدانىغىلا كېلىشكەندى. سېپىل ئۈستىدە ۋە سېپىلنىڭ ئۇ تەرىپىدە ھېلىدىن ـ ھېلىغا ئوق ئاۋازلىرى، گۈمبۈلىگەن پارتلاش سادالىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ھاۋا بوشلۇقىدىن سېپىل ئىچىگە قاراپ ئوقلار ئۇچۇپ ئۆتەتتى.

---

[1] سۇباي ــ ئوفىتسېر(تۈركچە) ــ ئا.

[2] مەممەم ــ (تۇرپان شىۋىسى) ئاچچىقلاش، ھاياجانلىنىشنى بىلدۈرىدىغان ئىملىق، ــ ئا.

— بىزمۇ تويغا ئەمەس، سوقۇشقا كېلىۋاتىمىز، ئىنىم! نېمە، بىزنى مىلتىق تۇتالمايدۇ دەمسىز؟ — دېدى مەمتىلى ئەپەندى كۈلۈپ.

— بولمايدۇ، بۇياققا چىقماڭلار! — جەڭچى بىردە ئۇلاردىن گۇمانلانسا بىردە ئۇلارنى بىھۇدە ئۆلۈمدىن توسايتتى، — جېنىڭلارغا ئۆگىلانىمامسىلەر[1]؟

— قارىغاندا تۇرپانلىقتەك قىلىسىلەر، بۇ دېمەك، مەھمۇد مۇھىتىنىڭ كونا يولداشلىرى دېگەن سۆز - دە، بىزمۇ مەھمۇد مۇھىتى بىلەن كۆرۈشمەكچىدۇق، ئۇ كىشى سېپىلدىكەن.

— سىجاڭ بىلەن؟ ئۇ ئادەم بېشىنى قولتۇقىغا قىسىپ قويۇپ ئوقنىڭ ئارىسىدا يۈرسە، بۇلار ئۇنىڭغا مېھمان بولغىلى كەلگەن ئوخشايدۇ، تېخى! — جەڭچى نارازى بولغاندەك ئۇياقتا دۈشمەن تەرەپكە قورال بەتلەپ ياتقان ھەمرىيىنى تۈۋلىدى، — ھاي، نىمتۇللا، بۇ يەردە بىزگە مېھمان كەپتۇ.

— نىمە مېھمان؟ ئايالالارمۇ؟ — سېپىل ئۈستىدىن سوئال ئاڭلاندى. ئۇلارنىڭ تۇرغان يېرى ھاڭگىتلىق تەرەپ بولۇپ، ئۇلار بۇ يەردە پەقەت تاسادىپىيلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن كۆزەتتە تۇراتتى. ئۇرۇشنىڭ قايناۋاتقان يېرى ماڭشىن تەرەپتە ئىدى.

— ياق، سون سون[2] ئەپەندىلەركەن، سىجاڭ بىلەن كۆرۈشىمىز دەيدۇ.

- نېمە؟ توختا، مەن قاراپ باقاي، - نىمتۇللا بۇ تەرەپكە كېلىپ ئەپەندىلەرگە بىر- بىرلەپ قاراپ چىقىپ، — سىجاڭنى نىمە قىلىسىلەر؟ بۇ يەر بەك خەتەرلىك، سىجاڭ بىلەن جاھان تىنچىغاندا كۆرۈشەرسىلەر،— دېدى.

— ھوي، ئىنىم، بىز بالا ئەمەسقۇ؟ بىزمۇ جەڭ قىلىمىز دەپ كەلدۇق، نېمە، بىز تۆشۈكتە ئولتۇرۇدۇغانلاردىنمىدۇق؟

نىمتۇللا ھەمرىيىغا:

---

[1] ئۆگىلانماق — ئىچ ئاغرىتماق، ئېچىنماق(تۇرپان شىۋىسى)، — ئا.
[2] سون سون - يوچۇن، غەلىتە (تۇرپان شىۋىسى) — ئا.

ــ مەڭلىك، سەن قاراپ تۇر، ئۇلار سېپىلغا چىقماي تۇرسۇن، كىم بىلىدۇ، ئادەم دېگەننىڭ ئالىسى ئىچىدە نېمە، مەن باشلىقلاردىن بىرسىگە ئېيتىپ باقاي، ــ دېدى ۋە كېتىپ قالدى.
ــ كۆپ ئۆتمەي ئۇ قايتىپ كەلدى.
ــ لەنجاڭغا[1] دېسەم چۈشۈنۈپ ـ چۈشەنمەيلا «جەڭ قىلىدىغان ئادەم بولسا كەلسۇن، قولىغا قورال بېرىڭلار» دەۋاتىدۇ. مەيلى، ئۇ دېگەندىكىن بۇلار چىقىپ كۆرۈپ باقمىسۇنمۇ، جېنىغا ئۆگىلانسا كېتىپ قالار. ھەر ھالدا ئېھتىيات ئۈچۈن بۇلارنى داشۇ[2] ياققا ماڭدۇرىۋېتىلى، ــ دېدى نىمتۇللا.
مەتىلى ئەپەندى ھەمراھلىرى بىلەن سېپىلغا چىقتى.
ــ سىجاڭغا قەيەردە يولۇققىلى بولىدۇ، يىگىت؟ ــ سورىدى تەۋپىق.
ــ ھەر ھالدا پەسراق تۇرۇپ گەپ قىلىڭ، باشنىڭ لازىمى بولسا، كىم بىلىدۇ بۇ ئەتراپتىمۇ تۇڭگانلارنىڭ پىستىرمىسى بارمۇ، چاك قىلىپ بىر ئوق كەلسە بېشىڭىز يوق! سىجاڭنى دەمسىز؟ ئۇ ئادەم ئەمىر نۇرمۇھەممەد بىلەن بىر يەردە بولسا كېرەك، ئۇ كىشىنى بىلىدىغانسىز؟
ــ نۇرمۇھەممەدىكىزنى كىم بىلسۇن، قىزىقكەنسىز، بىز چەتئەلدىن كېلىۋاتىمىز.
ــ بوپتۇ، مېنى گەپكە تۇتماڭلار، داشۇ قايىنغان يېرىگە بېرىڭلار، تەلىيىڭلار بولسا كەچتە كۆرۈشۈپ قالارمىز، مەڭلىكاخۇن شۇنداق دەپلا ئۆز ئورنىغا بېرىپ، سېپىلنىڭ سىرتىنى كۈزىتىشكە باشلىدى ۋە نىمتۇللاغا، ــ بۇلار ئۆزى زانانە[3] سارىيىدا ئولتۇرماي ئۆزىگە جاپا سېلىپ نېمە قىلىتىكىن؟ ــ دېدى.
ــ دوستلۇققا يارايدىغان ئادەملەردەك قىلىدۇ، بىراق، ھازىر ۋاقتى ئەمەس بولۇپ قالدى ـ دە.
ئۈچەيلەن جەڭنىڭ بارغانسىرى جىددىيلىشىپ قېلىۋاتقانلىقىنى

---

[1] لەنجاڭ ــ(连长) ــ روتا كوماندىرى، يۈز بېشىغا توغرا كېلىدۇ، ــ ئا.
[2] داشۇ ــ ئاشۇ (تۇرپان شىۋىسى) ــ ئا.
[3] زانانە ــ نازۇك، نەپىس، چىرايلىق(تۇرپان شىۋىسى) ــ ئا.

هېس قىلىپ، دەرھال مەڭلىكاخۇن كۆرسەتكەن تەرەپكە بېرىپ روتا كوماندىرىدىن قورال تەلەپ قىلدى ۋە ئۇ كۆرسەتكەن جايغا بېرىپ مىلتىقلىرىنى تۆۋەنگە قارىتىپ بەتلەشتى.

توختاجى بىمەھەل يېڭىسارغا كېلىپ بۇنداق ئوشۇقچە دەدىسەرگە چۈشۈپ قالغىنىدىن بىزارلىق ھېس قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ قورال تۇتقان قوللىرى بىلىنەر- بىلىنمەس تىترەيتتى. قاپاقلىرى سېلىنىپ كەتكەن، ھەرىكەتلىرى ئانچە قولاشماي تۇرۇشلىرىدىن خورلىقى كېلىۋاتقاندەك قىلاتتى.

ئەخمەد ئەپەندى ئارتۇقچە قىزىشىپ كەتكەن بولۇپ، بارلىق جىمغۇر، ئەمما ھېسسىياتچان ئادەملەرگە خاس ئىپادىلەر رەڭگى- روھىدىن بىلىنىپ تۇراتتى.

مەمتىلى ئەپەندى توختاجىنىڭ روھىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، زاتۇۋۇرنى تاتىپ مىشەك چىقىرىۋاتقان پۇرسەتتە چېقىشىپ دېدى:

— ئادەتتە باي ئادەملەرنى ئۆلۈمدىن بەك قورقىدۇ، دېيىشىدىغان، سىزنىڭ ھازىرقى ھالىڭىزغا قاراپ، بۇگۈن ئىشەندىم.

توختاجى خاھلار- خاھلىماس كۈلۈپ قويۇپ:

— توۋا قىلدىم، ما ئادەمنى! جان بىلەن ئويناشقاندەك، مۇشۇ يەردىمۇ شۇ مىجەزى بىلەنلا! ئەپەندىم، سىلىدىن ئايرىلىپ قالغۇم كەلمىگەچكىلا ئارقىلىرىدىن كەلدىم، بولمىسا ئاتىمەن دېسىمۇ كەلمەيتتىم.... بەلكىم بىر سائەت ئىچىدە ئەجەل كېلەر، يەنە نېمە ئانچە خاتىرجەم سىلى؟ قانداقمۇ كۈلگىلىرى، چاقچاق قىلغىلىرى كېلىۋاتىدۇ؟

— بۇ گەپلىرى بىلەن،«قۇرئانى كەرىم»دىن شۇنداق بىر ئايەتنى ئوقۇغۇنۇم ئېسىمگە كېچىۋاتىدۇ: «ئەجەل كەلگەندە نەدە بولساڭلارمۇ ئۇ سىلەرنى ئىزدەپ تاپىدۇ، ھەتتا مۇستەھكەم قەلئەلەردە بولغان تەقدىردىمۇ». مانا قارىسىلا، ئەجەل كېلىدىغان بولسا كۈلمىسەممۇ كېلىۋېرىدۇ، ئەپەندىم.

ئۇلار تاكى دۈۋېزىيە ئىشتاۋىنىڭ ئالاقىچىسىغا يولۇققىچە جەڭ

قىلىپ تۇرۇشتى. جەڭ مەيدانىغىلا ئېلىپ كېلىنىپ تارقىتىپ بېرىلگەن «ئەسكەر تامىقى»دىن تېگىشلىكنى ئالدى. گەرچە بۇ بىر ۋاقلىق قۇرۇق نان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارغا بەكمۇ تاتلىق تېتىدى. ئەخمەد ئەپەندى ئۆزىنى ھەقىقىي جەڭچىگە ئايلاندىم دەپ ئويلىدىمىكىن، خېلى شوخلىشىپ قالغاندەك بولدى. ئۇ مەمتىلى ئەپەندىگە قەلبىدىكىنى ئاشكارىلاپ «ھايات مانا مۇشۇنداق جىددىيلىك ئىچىدە ئۆتسە دەيمەن، كىشى ئارتۇقچە غەملەرنى ئويلاشقا ۋاقىت تاپالمىسا... » دېدى. بۇ بىر ئازاپلىق ئىگراشقا، ئېغىر دەرت تاتقۇچىنىڭ ئۆز ئۆزىگە ئۆلۈم تىلىگىنىگە ئوخشاش سۆز ئىدى. تەۋپىق ئۇنى چۈشىنەتتى. شۇڭا ئۇ كۆز چاناقلىرىنىڭ ئېچىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. شۇنداق، مەمتىلى ئەپەندىمۇ مۇشۇنداق جەڭگىۋار ھاياتنى ياخشى كۆرىدۇ. شۇ تاپ ئۇمۇ ئۆزىنى ھەقىقىي جەڭچىدەك ھېس قىلماقتا. پەقەت توختاجىلا بۇنداق جىددىلىككە، ئېغىرچىلىققا كۆنەلمەيتتى. چۈنكى ئۇ ئۆمرىدە بۇنداق رىيازەتلەرنى چېكىپ باقمىغان، ئاۋۇ ئىككىسىنىڭ بولسا سەرسانلىق - سەرگەردانلىقتا كۆرمىگىنى قالمىغانىدى.

دىۋىزىيە ئىشتابىنىڭ ئالاقىچىسى ئەتىسى چۈشتىن كېيىن بۇيرۇق ئېلىپ پولكوۋنىكلار بىلەن كۆرۈشكىلى كېتىۋاتقاندا مەمتىلى ئەپەندى ئۇنىڭغا سىجاڭ بىلەن كۆرۈشمەكچى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

بۇ چاغقىچە ئەجنەبىيلەرگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئۈچ ئەپەندىنىڭ ئۆزلىكىدىن كېلىپ جەڭگە قاتنىشىۋاتقانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر پۈتۈن لېنىيە بويلاپ تارقىلىپ كەتكەنىدى.

— سىلەرنىڭ جەڭگە قاتنىشىۋاتقانلىقىڭلارنى سىجاڭمۇ ئاڭلىدى، — دېدى ئىشتاپ ئالاقىچىسى، — ئۇ جەزمەن سىلەرنى چاقىرىدۇ.

**3**

كەچقۇرۇن، مەھمۇد مۇھىتى ئىشتابىدا ئۆزلىكىدىن ئۇرۇشقا ئىشتىراك قىلغان يوچۇن ئادەملەرنى كۈتۈپ ئابدۇللاھ داموللا نەئىمى بىلەن

ئۆلتۇراتتى. ئۇنىڭ يوغان كۆزلىرىدە جىددىيلىك، ئاق سېرىق كەلگەن چىرايىدا غەمكىنلىك بىلىنىپ تۇراتتى. تاشقىرقى بۆلۈمدە مۇھاپىزەتچىلەر باشلىقى ئىلياس مېھمانلارنى كۈتۈپ تۇراتتى. سەلدىن كېيىن ئىلياس ئىچكىرىگە كىرىپ چاس بەردى:

— مېھمانلار كەلدى، كىرسۇنمۇ؟

— چاقىر، — مەھمۇد مۇھتى هاياجانلىنىۋاتقانلىدەك ئالقانلىرىنى بىر- بىرىگە سۈركەپ قويدى.

ئىلياسنىڭ ئىشىك ئېچىپ بېرىشى بىلەن مېھمانلار بۆلۈمگە كىرىپ كەلدى. مەمتىلى ئەپەندى ئۆزىگە خاس جاراڭلىق، ئىشەنچكە تولغان ئاۋازدا سالام بەردى. ئارقىدىن توختاجى ۋە ئەھمەد ئەپەندىلەرمۇ شىلەپىلىرىنى قوللىرىغا ئېلىشتى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، رەھمەتۇللاهى ۋەبەركاتاهۇ، — مەھمۇد مۇھتىنىڭ روشەن ۋە تولۇق باس ئاۋازى جاۋاب بەردى. ئۇنىڭ ئەستايىدىل سالىمى مېھمانلاردا ئىشەنچ پەيدا قىلدى. ئارقىدىن ھەربىرىلەرچە پىشقان قوللىرىنى ئۇزۇتۇپ كۈچلۈك - كۈچلۈك قول سىقىشىپ كۆرۈشتى.

— كۆرۈپ تۇرۇپسىز، ئاغا، قوللىرىمىز خېلى يىرىكلىشىپ قالدى. ئەسلى قەلەم تۇتۇپ كۆنگەن قوللار ئەلەم تۇتۇش بىلەن خېلى پىشتى، — دېدى تەۋپىق ئۇچۇق- يورۇقلۇق بىلەن.

توختاجى دوستىغا هاي بەرمەكچى بولغاندەك پېشىنى بىلىندۈرمەي تاتىپ قويدى. ئۇ «سىجاڭ سېنىڭ تەڭتۇشۇڭ ئەمەس، ھۆرمەتتە تۇرغىن» دېمەكچىدى. بىراق، مەمتىلى ئەپەندى ھەر قانداق ئوردا-ساراي ياكى مەشھۇر ئەرباپ ئالدىدىمۇ ئۆزىنى ئەركىن تۇتۇپ، تارتىنمايدىغان كۆنۈپ قالغاچقا، ئومۇمەن ھېچ كىشى ئالدىدا قورۇنۇپ تۇرمايتتى، ئۆزى ياخشى دەپ بىلگەن ئادەملەر ئالدىدا گەپ ياساپ ئولتۇرمايتتى.

— ئاڭلىدىم، ئاڭلىدىم، جەڭگە قاتنىشىپسىلەر، — دېدى مەھمۇت مۇھتى كۈلۈمسىرەپ، — خوش ئۆزۈڭلار كىم؟ نېمە ئۈچۈن جەڭگە قاتناشماقنى ئىختىيار قىلىپ قالدىڭلار؟

— بىزمۇ مۇشۇ قان- ياشقا تولغان زېمىننىڭ پەرزەنتلىرى. ئەسلىمىز قەشقەردىن. بۇ كىشىنىڭ ئىسمى توختاجى، قەشقەر قىزىل دۆۋىدىكى تۇداخۇنباينىڭ ئوغلى، ئۆزى ھەم سودىگەر، ھەم سەيياھ؛ ئىلىم ئەھلىنىڭ دوستى، ئازادلىق جەڭچىلىرىنىڭ ھامىيسى. بىز چەتئەلدە تونۇشقان، ماۋۇ دوستىمىز ئەخمەد ئەپەندى. ئەسلى قەشقەر شەھىرىدىن. ۋەتەننىڭ تەقدىرى، مىللەتنىڭ ئىستىقبالىنى دەپ سەرسان - سەرگەردان بولۇپ، ئەل كېزىپ، ئاخىر تۈركىيىدە ئوقۇغان. ئەمدى ئۇ ۋەتەندە ئاقارتىش ئىلىپ بېرىش، ئىنقىلاپقا ئىشتىراك قىلىش ئۈچۈن كېلىۋاتىدۇ. كەمىنىڭىز مەمتىلى ئەپەندى، لەقىمى تەۋپىق، قەشقەر ئاتۇشتىن. مېنىڭ كەچمىش- كەچۈرمىشلىرىمنى ئەخمەد ئەپەندىنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، مەنمۇ شۇنداق مەقسەتتە ۋەتەنگە قايتتىم. قورشاۋدىن بىر كۈن ئاۋۋال يېڭىسارىغا كېلىپ چۈشكەندۇق، تەقدىرى قىسمەتتە بىزنىڭ قورشاۋدا قېلىشىمىز پۈتۈلگەنمۇ قانداق، بۇ يەردە جەڭلەردىمۇ بولدۇق. دوستلىرىمغا ۋاكالىتەن ئاخىرقى سوئالىڭىزغا جاۋابىم شۇكى، ۋەتەن ھەممىمىزنىڭ، ئىنقىلاپ ھەربىر ۋىجدان ئىگىسىنىڭ بۇرچى، شۇڭا گېزى كەلگەندە ئەلەم تۇتۇشمۇ، قەلەم تۇتۇشمۇ بىزنىڭ كۆزلىگەن مەقسىدىمىزگە ئۇيغۇن.

— ئولتۇرۇڭلار، بۇرادەرلەر، نىمىشقا تۇرىمىز، ئولتۇرۇپ سۆزلىشەيلى، — دېدى مەھمۇد مۇھىتى كۈلۈمسىرەپ. ئۇ مېھمانلارغا ئەمدىلا ئىشەنچ قىلغاندەك ئۆزىنى تونۇشتۇردى، ئاندىن كاتىپى ئابدۇللاھ داموللىنى تونۇشتۇردى. ھەممەيلە بەھۇزۇر ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن، — تۈركىيىدىن كېلىۋاتقان بولساڭلار قەشقەردىكى يۈسۈپ زىيا، مەجىددىن① ئەپەندىلەرنى تونۇيدىكەنسىلەر- دە، ئۇلارمۇ تۈركىيىدىن كەلگەنلەرىكەن، — ئۇ

① مەجىددىن دەلىل 1902-يىلى تاشكەنتتە تۇغۇلغان، كېيىن ئۇزۇن يىل تۈركىيىدە تۇرۇپ سىياسىي پائالىيەتلەرگە قاتناشقان. «تۈرك ياشلار بىرلىكى»نى قۇرغان ۋە رەھبەرلىك قىلغان. 1938-يىلى قەشقەردىن تۈركىيەگە قايتقان. 1943-يىلى كېسەل بىلەن ئۆلگەن، 1980-يىللاردا ماتېرىيال مەنبەسىنىڭ يېتەرسىزلىكى تۈپەيلىدىن بۇ دوختۇر ھەققىدە پەقەت قېرىلارنىڭ ئەسلىمىسىگىلا تايىنىلغان. شۇڭا تۇنجى نەشرىدە ئىككى خاتالىق ساقلانغان: ئۇنىڭ يېشى ۋە يۇرتى خاتا بولۇپ قالغان.— ئا.

تەۋپىقنىڭ ئاللىقانداق بىر يەرلىرىنى ئاكىسى مەخسۇد مۇھەممەتكە، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا ئوخشىتىپ يۈرىكى دۈپۈلدەپ كەتتى. «ئۇلارنىڭ سۆزلىرى نەقەدەر ئوخشايدۇ ـ ھە؟» دەپ ئويلىدى ئۇ.

ــ شۇنداق، ئۇ ئەپەندىلەر بىلەن ئوبدان بىلىشىمىز، ئۇلار ئىلگىرىلەپ كېلىشكەن. دېمەك، ئۇلار ساق ـ سالامەت ئىكەن ـ دە؟

ــ بۇ يەردە ۋەزىيەت شۇنداقلا بولسا قانداق قىلىسىلەر؟ جەڭگە قاتنىشىۋېرەمسىلەر؟

ــ بىز شۇبھىسىز ئىنقىلاپنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ قالدۇق. ئەمما سىزگە بەزى پىكىر ـ تەكلىپلەرنىمۇ بەرمەكچىمىز.

ــ خوش؟ مەنمۇ سىلەرنىڭ كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلغىنىڭلارغا قاراپ شۇنداق ئويلىغانىدىم، ئەمسە ئويلىغانلىرىڭلارنى قالدۇرماي ئېيتىپ بېقىڭلار.

مەمتىلى ئەپەندى يوشۇرۇن ھالدا سېپىلدىن چىقىپ، تۇڭگانلارنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتۈش ھەققىدىكى چارىنى سۆزلەپ بەردى.

ــ بولۇدۇغان مەسىلىھەتكەن، سىناپ باقساق بولىدۇ. قارىغاندا سىزلەرنىڭ ھەربىي بىلىمىدىنمۇ خەۋىرىڭلار بارىكەن ـ دە؟

ــ ياق، بىز بۇ ئىشقا ساۋاتسىز، بىراق، قوشۇنىڭىزدا ھەربىي ئىقتىدارى بار ئادەملەرنى ئۇچراتتۇق، ئەگەر ئۇلار مۇۋاپىق ئىشقا قويۇلۇپ، رولىنى جارى قىلدۇرسا ئىنقىلاپ ئۈچۈن بەكمۇ پايدىلىق بولاتتى. ئەپسۇسكى، قوشۇن ئىچىدە مەسىلە ئېغىردەك قىلىدۇ، ــ تەۋپىق سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە توختاجىنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. توختاجى ئۇنىڭغا بولدى قىل دېگەندەك ئىشارە قىلاتتى.

ــ بىزنىڭ قوشۇندىكى كىمنىڭ ئويلىغان چارىسىكەن بۇ؟

ــ ئابدۇنىياز، دېگەن ئەسكەر باشلىقى. ئۇ ئۆزىنى يۈز بېشى دېدىغۇ دەيمەن.

ــ ئابدۇنىياز؟ ــ مەھمۇد مۇھىتى شۇنداق بىر سوئال قويۇپ سەل تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئىلياسنى چاقىرىدى، ــ ئابدىنىيازنى دەرھال بۇ يەرگە ھازىر قىل!

www.uyghurkitap.com

— خوپ! ئۇ غوپۇر تەنجاڭنىڭ قولىدا، ھازىرلا باشلاپ كېلەي.

ئىلياس چىقىپ كەتتى.

ئابدىنىياز چاپسانلا چاقىرتىپ كېلىندى. ئۇ ئۆزىنى دادىل تۇتۇپ، ئۆزىنىڭ تەكلىپىنى كونكېرىت ئوتتۇرىغا قويدى. مەھمۇد مۇھتى ئۇنىڭ مەسلىھەتىنى يېقىن ئارىدا سىناپ كۆرۈشكە ۋەدە قىلدى.

— قوشۇنىمىزدا يەنە قانداق مەسىلە ئېغىركەن؟ — سورىدى سىجاڭ.

— ھەربىي ئىنتىزام ياخشى ئەمەس، ھەربىي ئىنتىزامنىڭ ياخشى بولماسلىقى جەڭگىۋارلىقنىڭ سۇسلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. جەڭگىۋارلىق بولمىسا ئۇرۇشتا ئۈستۈنلۈك قازانغىلى بولمايدۇ.

— يەنىچۇ؟ — مەھمۇد مۇھتى تەۋپىقتىن كۆزىنى ئۈزمەي ئولتۇرۇپ، يەنە بىر قېتىم ئاكىسىنى ۋە ئابدۇخالىقنى ئەسلىدى.

— يەنە ئەسكەرلەردە ئاڭلىق جەڭ قىلىش روھى كەم، ھەتتا يوق. كوماندىرلاردىمۇ شۇنداق. ئىنقىلاپنىڭ دەسلىۋىدە نېمە ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغانلىقى ئېنىق بولسىمۇ، بارا- بارا ئۇ نىشان سۇسلىشىپ كەتكەندەك، پەقەت باشلىقلىرى ئۈچۈن «ھاشار» غا جەڭ قىلىدىغان بولۇپ قېلىشقان. ئەمەلدارلاردا بولسا، شەخسىي مەقسەت ئۈچۈن شۇنچە كۆپ ئادەمنى قۇربانلىق قىلىشتىن يانمايدىغاندەك بىر خىل...

— مەسىلەن؟ — مەھمۇد مۇھتى بۇ سۆزلەرنىڭ توغرۇلۇقىنى ھېس قىلىپ تۇرغاچقا سۆز ئارىلىۋەتكۈسى كەلمەي پەقەت قىسقا سوئاللارنى سوراش بىلەن چەكلەندى.

— تەۋپىق ئەپەندى شامەنسۇرنىڭ پۇتىغا ئوق تېگىشى بىلەنلا ئۇنىڭ پۈتكۈل قوشۇنى سەپنى تاشلاپ، ئۇنى كۆتۈرۈپ چېكىنىپ چىققانلىقىنى نەزەردە تۇتىۋاتىدىغۇ، دەيمەن، — دېدى ئەخمەد ئەپەندى سۆز قىستۇرۇپ. ئۇ بۇ ئىشقا تەۋپىقتىن كەم كۆڭۈل بۆلمەيتتى. شۇڭا تارتىنىشنى قويۇپ، قاراشلىرىنى سۆزلەشتىن ئۆزىنى تۇتۇپ قالالمىدى.

— ئۇغۇ سىزنىڭ قوشۇنىڭىز ئەمەس، ئىشقىلىپ شۇنداق ئىشلار سىلەردىمۇ يوق ئەمەستەك تۇرىدۇ. بىر باشلىققا ئوق تەككىنى ئۈچۈنلا

پۈتۈن قوشۇن سەپنى تاشلاپ كەتسە بۇ قانداق كۆرەش؟ ئەگەر ئۇ ئۆلۈپ كەتسە كۆۋرەشنى پۈتۈنلەي توختۇتۇپ، قوشۇننى تارقىتىۋېتىش كېرەكمۇ؟

— شۇنداق، — دەپ تەستىقلىدى تەۋپىق، — شۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋاللار سىلەرنىڭ قوشۇنىڭلاردىمۇ خېلى باردەك قىلىدۇ. قوشۇندا بىرى، ھەربىي تەلىم - تەربىيىنى چىڭ تۇتقۇلۇق، ھەربى مەشىقنى ھەر ۋاقىت تاشلاپ قويماسلىق كېرەك. ئىككىنچى ھەربىيلەردە ئاڭنى ئويغۇتۇش، ئۇلارغا سىياسىي دەرس بېرىش كېرەك. ئۇلار قارىسىغا ئۇرۇش قىلىدىغان ئەمەس، ئاخىرقى نىشاننى بىلىپ ئۇرۇش قىلىدىغان بولۇشى كېرەك!

مەھمۇد مۇھىتى بۇ سۆھبەتكە بەكمۇ ئېتىۋار بىلەن قارىدى. شۇنداقلا سۆھبەتداشلىرىنى ياقتۇرۇپ قالدى. ئۇ ئەپەندىلەرنىڭ يات-يات كېلىپ، مەسلىھەت بېرىپ تۇرىشىنى ئىلتىماس قىلدى. ئۇ مېھمانلارنى ئۇزۇتۇپ قويغاندىن كېيىن ئابلا داموللىغا:

— مېنىڭچە، بۇلار بىزنىڭ قوشۇنغا تازا كېرەكلىك ئادەملەركەن. ئۇلارنى ئەسكەرلەرنىڭ سىياسىي تەلىم-تەربىيە ئىشلىرىغا قويسا بەك ياخشى ئىش بولغۇدەك، — دېدى.

— بولمىسا ئۇلارنى بىللە ئىشلەشكە تەكلىپ قىلايلى، — دېدى ئابدۇللاھ داموللا نەئىمى.

— كېيىنچە بىر نېمە دەرمىسىز، — دېدى قوماندان ۋە ئابدۇنىيازنىڭ تەكلىپىنى سىناپ كۆرۈش ئۈچۈن كۆڭلىدە كونكرىت لايىھە ئويلىنىشقا باشلىدى.

## 4

غەربىي شىمال تەرەپتىن دۈشمەن ئارقىسىغا ئۆتۈش چارىسى سىناپ كۆرۈلدى. شۇ كۈنى زەربىدارلار ئەتىرىتىگە ئۆزىنى مەلۇم قىلغان تەۋپىق، رازۋىتكىچلار بىلەن بىللە بارماقچى بولغانىدى. بىراق مەھمۇد مۇھىتى ئۇنىڭ بۇ خەتەرلىك ئىشقا قاتنىشىشىغا قوشۇلمىدى. زاپاستىكى قىسىملارغا سىياسىي دەرس بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. بۇ

www.uyghurkitap.com

ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئاڭلىغان تەۋپىق ھەمراھلىرىغا:

ــ ماھمۇد مۇھىتى بىلەن تونۇشقىنىمىز زىيان بولىدى، ــ دېدى، توختاجىنى تېرىكتۇرۇپ، ــ تونۇشمىغان بولساق جەڭچى دېگەن شەرەپلىك نامىمىز بولاتتى، ئەلەم تۇتاتتۇق. سېپىلدىن چىقىدىغانلار بىلەن بارالمىغان تەقدىردىمۇ سېپىل ئۈستىدە مىلىكە ئۇرۇشقا قاتنىشاتتۇق. مانا ئەمدى ئەپەندىلىك قىلىدىغان بولدۇق، توختاجى دوستىمىزغۇ بىر ئۇھ دەپ تىنىۋالىدىغان بولدى، جېنى تاتلىق ئادەمكەن ئەمەسمۇ.

مەھمۇد مۇھىتى جاۋابەن سالاپەتلىك قىياپەتتە كۈلۈمسىرەپلا قويدى.

شۇنداق بولسىمۇ تەۋپىق زەربىدارلار ھەققىدە ھەر ۋاقىت سۈرۈشتە قىلىپ تۇردى. بۇ چارە ئوبدانلا ئۈنۈم بەرگەن بولۇپ، ماجەنساڭ قوشۇنلىرى زور تالاپەتكە ئۇچىرىتىلدى. بىراق، ئۇرۇمچى تەرەپتىن چېكىنىپ كېلىۋاتقان ماجوڭيىڭنىڭ قىسىملىرى ماجەنساڭ تەرەپنى تولۇقلاپ كۈچلىنىپ كەتكەچكە كۈچ سېلىشتۇرمىسى جەھەتتە تەڭ كېلىشكە بولمىدى. مەھمۇد مۇھىتى بۇ چارىنى بىر نەچچە كۈن ئىلگىرى سىناپ كۆرگەندە ناھايىتى ياخشى ئۈنۈم بېرىدىغانلىقىنى ئويلاپ قالدى.

7- ئاپرېل كۈنى ئەركاشتامدا سوۋېت تەرەپ بىلەن سۆھبەتلىشىپ قايتقان خوجىنىياز ھاجى يېڭىسارغا يېتىپ كەلدى. ئۇ كېلىپلا مەھمۇت مۇھىتى بىلەن مەخپى مۇزاكىرە ئۆتكۈزدى. مۇزاكىرىدىن كېيىنلا ئۆزىنىڭ خادىملىرى، خاس قۇرۇقچىلىرىنى ئېلىپ ئالدىن يەكەنگە يۈرۈپ كەتتى. مەھمۇد مۇھىتى بۇ يەردىكى ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ ئارقىدىن ماڭىدىغان بولدى.

ئۇ ئاۋۋال ئەمىر نۇرمۇھەمدنى چاقىرتىپ، ئۆزىنىڭ قوشۇنىنى ئېلىپ يەكەنگە كېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئىككىسى ھەربى ئىشلار ھەققىدە ئۇزاق سۆھبەتلەشتى. ئاندىن ئىلياسنى ئەۋەتىپ مەمتىلى ئەپەندىلەرنى چاقىرىپ كەلدى.

ــ ئەپەندىلەر، ھاجىمنىڭ بۇيرىقى بىلەن مەن ئەسكەرلەرنى ئېلىپ يەكەنگە ئاتلىنىش ئالدىدا تۇرىمەن. ئەمىر نۇرمۇھەممەد يېڭىساردا قالىدۇ.

بۇلار بۇ يەرنى ئۇزاق تۇتۇپ تۇرالمايدۇ. ئاڭۋاچۇن[1] مەن سىلەرنى بۇنداق تاشلاپ كېتەلەيمەن، — دېدى مەھمۇد مۇھىتى ئاللىقانداق ئىچكى ئازاپ بىلەن چىرايى پۈرۈشكەن ھالدا — ئەسلىدە مەن سىلەرنى بىز بىلەن قېلىشقا تەكلىپ قىلىش خىيالىدا بولۇپ يۈرگەنىدىم. شۇنداق قىلسام، سىلەر قوشۇندا بىزگە مەسلىھەتچى، ئەسكەرلەرگە ئۇستاز بولساڭلار پايدىلىق بولاتتى. ئەمدىكى ئەھۋال بۇ نىيىتىمنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر قىلىۋاتىدۇ. قوشۇن بىلەن بولۇدىغان ئىشلارنىڭ قۇيرىقىنى قۇم باستى، ھاجىمنىڭ بۇيرىقىدىن بۇ نەرسە ئاشكارىلاندى. ئاڭۋاچۇن، سىلەرنىڭ تېنچراق مۇھىتقا ئېرىشىپ مەكتەپ ئاچمىقىڭلار دۇرۇسىراق تۇرىدۇ. ساۋاتسىز خەق بىلەن قىلغان ئىنقىلاپنىڭ قانچىلىك نەتىجە بېرىدىغانلىقىنى ئەمەلىيەتتىن كۆردۈم، تويدۇم. ئىنقىلاپ ئۈچۈن بۇ نەرسە تولىمۇ مۇھىم ئىكەن... مەن سىلەرنى بۈگۈن كېچە مۇھاسىرىدىن چىقىرىپ، لومپا، ئاتۇشباغ تەرەپ بىلەن يولغا سېلىپ قويماقچىمەن، تاشمىلىقتا قاسىمبەگنىڭ ھوزۇرىغا كىرىڭلار. مەھمۇت مۇھىتى ئەۋەتكەن كىشىلەرمىز دەڭلار، ئۇ سىلەرنىڭ خىزمىتىڭلاردا بولۇدۇ. قەشقەرگە تېنچ-ئامان يېتىپ بارساڭلار مەجىددىن ئەپەندى، يۈسۈپ زىيا ئەپەندىلەرگە مەندىن سالام ئېيتىپ قويارسىلەر.

مەمتىلى ئەپەندىنىڭ بىر نەرسىلەرنى كۆچىلاپ سورىغۇسى بار ئىدىيۇ، بىراق، بۇ چاغدا مەھمۇد مۇھىتىنىڭ قوڭۇر ساقاللىق كەڭ يۈزىدە ھەربىيلەرگە خاس جىددىلىك، سۈرلۈك قىياپەت ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ھەر قانداق سۆھبەت ئۈچۈن ۋاقتى ۋە ھەپىلىسى يوقتەك قىلاتتى.

— ئىلياس! — مەھمۇد مۇھىتى جىددىي بۇيرۇق قىلدى، — ئابدىنىياز ئۆزىنىڭ ئىشەنچىلىك ئادەملىرىدىن يىگىرمىنى ئېلىپ دەرھال ھازىر بولسۇن،— ئۇ ئىلياس چىقىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ ئەپەندىلەرنىڭ مەۋجۇتلىقىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك قولىنى ئارقىسىغا قىلىپ، بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە تۇرۇۋەردى. بۆلۈمدە سۈرلۈك جىم-

---

[1] شۇڭا، شۇڭلاشقا (تۇرپان شىۋىسى) — ئا.

www.uyghurkitap.com

جىتلىك ھۆكۈم سۈرەتتى. پەقەت سىرتتا ئەسكەرلەرنىڭ قەدەم تىۋىشلىرى ئاڭلانغاندىلا، — ئەپەندىلەر، بىز دوستلاردىن بولۇپ قالدۇق. بىز داستىخان ئۈستىدە تونۇشقان دوستلارغا ئوخشىمايمىز. جەڭ مەيدانىدا تونۇشتۇق. مۇشۇ دوستلۇقنىڭ يۈز خاتىرىسى ئۈچۈن سىلەردىن سورايدىغىنىم، ھەر قانداق ئىككىلىنىشلەردە بولماي، خەلقنى ئوقۇتۇڭلار. ئامان بولساق كۆرىشەرمىز! — ئۇ كۈچلۈك قوللىرى بىلەن ئەپەندىلەرنىڭ قوللىرىنى ئاغرىغىدەك سىقتى.

ئەپەندىلەر بولسا ئۇنىڭ قەلبىدە نېمىلەر ھۆكۈم سۈرۈۋاتقانلىقىنى بىلىش كويىغا چۈشكەندەك زۇۋان سۈرۈشمىدى. پەقەت ئاخىرقى مىنۇتلاردىلا:

— خەير، خوش! خۇدايىمغا ئامانەت!... — دېيىشتى.

ئابدىنىياز ئۇلارنى ھاڭگىتلىق تەرەپ بىلەن ئېلىپ چىقىپ، ئۆزۈتۈپ قويۇش ئۈچۈن لومپا تەرەپكە ئېلىپ كەتتى.

تەۋپىق ئىنقىلاپ تەقدىرى ھەققىدە ئويلاپ، كۆڭلى مەيۈسلىنەتتى. چۈنكى ئۇ مەھمۇد مۇھىتىنىڭ تەلەپپۇزىدىن خوجا نىياز ھاجىمنىڭ يامان خەۋەر بىلەن كەلگەنلىكىنى، قوراللىق كۈرەشنىڭ توختايدىغانلىقىنى، ... ئىنقىلاپنىڭ ئاللا كىملەر تەرىپىدىن شىڭ شىسەيگە سېتىۋېتىلگەنلىكىنى ھېس قىلغانىدى...

تاڭ سەھەرنىڭ نەمخۇش، سوغۇق ھاۋاسى ئادەمنىڭ تېنىنى شۈركەندۈرەتتى. چېچەككە پۈركەنگەن باغلار گىرىمسەن كۆرۈنەتتى. كائىنات «ئانا ئۇيقۇسى» غا چۆككەن بولۇپ، قۇلاقنى ئېتىۋالغاندەك جىملىق ھۆكۈم سۈرەتتى.

ئابدۇنىياز نىمتۇللا بىلەن مەڭلىكاخۇنلارنى ئالدىن رازۋېتكا قىلىپ مېڭىشقا بۇيرۇپ، ئارقىدىن ئۆزى مۇھاپىزەت قىلىپ، ئەپەندىلەرنى ئېلىپ كېتىۋاتاتتى. مەمتىلى ئەپەندى ئالاقاندا قىممەتلىك نەرسىنى تاشلاپ كېلىۋاتقاندەك كۆڭلى قىيمىغان ھالدا يېڭىسار بازىرى تەرەپكە ئۆرۈلۈپ قاراپ قوياتتى. ئۇلار ئارىلىقتىكى سايدىن شەپىسىز ھەرىكەتلەر بىلەن ئۆتۈپ لومپىغا يېقىنلاشقاندا ئالدىدىكى چارلىغۇچىلاردىن «دېقەت»

سىگنالى كەلدى. ئابدۇنىياز ئەسكەرلەرنى دەرھال مۆكۈنۈپ كۈزۈتۈشكە بۇيرىدى ھەم بىردەم تىڭشاپ تۇرغاندىن كېيىن:

— پاپىلاپ[1] مېڭىڭلار! — دېدى.

ھەممىنىڭ كۆڭلىنى ۋەھىمە ئەسىر قىلىۋالدى. ئۇلار لومپا تەۋەلىكىدىكى بىر باغنىڭ ئارقىسىدا گۇمانلىق بىر نەچچەيلەننى قورشىۋېلىشتى. نىمتۇللا ئابدۇنىيازغا دوكلات قىلىپ:

— ئۇلار قوراللىق ئادەملەر، بۇنىڭدا شەك يوق. ئەمما كىملىكىنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ، — دېدى.

قورشاۋدىكىلەرگە خىتاب قىلىندى:

— قورالنى تاشلاپ تەسلىم بولۇڭلار!

— ئاناڭنى! ... «تازغا تاڭاتقان نەدە بار» دېگەندەك، تەلىيىمىز تازىمۇ كاژ كەلدىغۇ... يەنە قولغا چۈشۈپتۇق!... — قارشى تەرەپتىكىلەرنىڭ سۆزلىرى كېچە جىملىقىدا ئۈزۈك-ئۈزۈك ئاڭلاندى.

— ھوي، ئۇلار تۇڭگانلار ئەمەس ئوخشايدۇ، شامەنسۇرنىڭ ئادەملىرى، يا بولمىسا خوجانىياز ھاجىنىڭ ئادەملىرى... — گۇمانلىق كۆلەڭگىلەر تەرەپتىن پىچىرلاش ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

— ياق، تۇڭگانلار! بىز خەقنى ئالدىغا سېلىپ كەلگەن بولسا نېمە دېگۈلۈك؟ قاراپ تۇرۇپ دامىغا چۈشكىچە ئېتىشىپ ئۆلەيلى، ھەقچان تەسلىم بولساقمۇ بىزنى ئاتىدۇ...

— ھوي! بىز خوجانىياز ھاجىنىڭ ئەسكەرلىرى!

— مامۇت سىجاڭنىڭ! تىزرەك بۇ تەرەپكە كېلىڭلار!

— بىزنى ئىشەندۈرىدىغان دەلىلىڭلار بارمۇ؟ بولمىسا ئېتىشىمىز!

— بۇ لومۇدىلار بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزۈپ تۇرغاندا تۇڭگانلار ھازىرلا يېتىپ كېلىدۇ، ئاتايلى، — دېدى مەڭلىكاخۇن.

— توختاڭلار، — دېدى تەۋپىق سۆزگە ئارىلىشىپ، — ئوق چىقىرىپ جىملىقنى بۇزۇش تېخىمۇ پايدىسىز. يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ

---

[1] پاپىلىماق — ئۆملىمەك (تۇرپان شىۋىسى) — ئا.

ئۇيغۇرلۇقى ئېنىق تۇرسا ئۆز مىللىتىمىزنى قىرىمىزمۇ؟ مەن ئۇلارنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇلارنى ئىشەندۈرۈپ ئېلىپ كېلەي، ــ شۇنداق دەپ ئۇ بەخرامان هالدا تام تۈۋىدىكى قېرىمدا قورال بەتلەپ ياتقانلار تەرەپكە قاراپ كەتتى.

ــ توختا! ئاتىمەن! ــ دەپ ۋارقىرىدى ئۇياقتىكىلەر.

ــ ئەپەندىم، قايتىپ كېلىڭ، داۋۇ[1] تەلۋىلەر ئېتىپ سالمىسۇن! سىجاڭ مېنىڭ بېشىمنى تېنىمدىن جۇدا قىلىدۇ!

ــ مەندە سىلەرنى ئىشەندۈرىدىغان دەلىل بار. ئوق چىقىرىشىپ نېمە قىلىمىز؟ ئۇلارمۇ ئوق چىقارمايدۇ،ــ تەۋپىق شۇنداق دېدى كېتىۋېتىپ، ــ بىز ھەممىمىز بىر مىللەت تۇرۇپ، كىم ئۈچۈن بىر - بىرىمىزنى ئاتىمىز؟ بۇنچىلىك ئىشنى ئويلىغۇدەك ئەقلىڭلار باردۇر؟ ــ ئۇ كېتىۋېتىپ شۇنداق دەيتى. ئارىلىقمۇ ئانچە يىراق بولمىغاچقا ئىككى تەرەپتىكىلەرگە ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ــ سىلەر بىزنى تۇڭگانلارغا تۇتۇپ بېرىسىلەر، ...

ــ ئەھۋالدىن قارىغاندا بۇلار تۇڭگان قوشۇنىدىن قاچقانلاركەن، ــ ئابدىنىياز شۇنداق پەرەز قىلدى. مەمتىلى ئەپەندى ئۇلارغا يېقىن بېرىپ:

ــ مانا مېنىڭ جېنىم بىزنىڭ دۈشمەن ئەمەسلىكىمىزنىڭ دەلىلى، ئەمدى قوراللىرىڭلارنى ماڭا بەتلەپ، ئارقامدىن مېڭىڭلار ئەگەر بىزنىڭ تەرەپتە تۇڭگانلار بولسا يېقىن بارغاندا قاراپ بېقىپ، ئاندىن مېنى ئېتىۋەتسەڭلار بولىدۇ، ــ دېدى.

بۇ گەپ بىلەن قاچاقلار ئىككىلىنىپ قالدى. تەۋپىق ئۆزلىرىنىڭ سەمىمىيىتىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئۇلارنى شۇنداق قىلىشقا ئۈندىدى. ئۇلار تەۋپىقنىڭ ئارقىسىدىن بۇ تەرەپكە كېلىشتى. يېقىن كەلگەندە توختاپ ئەھۋالنى كۆزەتتى. ۋە سەل ئىشەنچ ھاسىل قىلىپ تېخىمۇ يېقىن كەلدى.

ــ بىز ماجەنساڭنىڭ قولىدىن قاچتۇق قوراللىرىمىزنى ئېلىۋېلىپ،

---

[1] داۋۇ ــ ئاۋۇ (تۇرپان شىۋىسى) ــ ئا.



www.uyghurkitap.com

بىرگە ئۆيلىرىمىزگە كېتىش ئۈچۈن ئىجازەت بەرسەڭلار بولىدى، ــ دېيىشتى ئۇلار. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەمدىلا 17 ـ 18 ياشلارغا كىرگەن بىر يىگىتمۇ باردى. تۇڭگانلار ئۇنى مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە تۇتىۋالغان بولسا كېرەك، مەمتىلى ئەپەندى ئۇنىڭغا دىققەت قىلىپ قالدى.

نىمتۇللا بىلەن مەڭلىكاخۇن ئۇلارنىڭ قورالىرىنى يىغىۋالماقچى بولغانىدى، تەۋپىق ئۇلارنى توستى.

ــ بۇلار يەنە نى ـ نى پالاكەتلەرگە يولۇقۇشى مۇمكىن، قورالىرى ئۆزىدە قالسۇن، قورال دېگەن ئىشەنچىلىك ھەمراھ ــ دېدى ئۇ، ئاندىن بىر ئاز خاتىرجەملىككە ئېرىشكەن قاچاقلارغا قاراپ، ــ مېنىڭ ئىسمىم مەمتىلى، قەشقەر ئاتۇشتىن، ... ــ ئۇ ئۆزىنى تونۇشتۇردى، ــ تونۇشۇپ قويايلى، بۇ تار دۇنيادا بىر كۈنى يەنە كۆرۈشۈپ قالارمىز، ــ ئاندىن قاچاقلارنىڭ ئىسمىنى سورىدى، ھېلىقى بالا چىراي يىگىتكە قىزىقىپ ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ئالاھىدە سورىدى.

ــ ئېتىم رېھىم، ئارالدىن، مۇشۇ يەرگە يېقىن، مېنى تېخى ئىككى ئاينىڭ ئالدىدا تۇتىۋالغان، ــ دېدى يىگىت.

ــ يۇرتىڭىز بۇ يەرگە يېقىن بولسا ئۆيگە بارماڭ، ئۇ يەرلەردە تېخى تۇڭگانلار بولۇشى كېرەك، ئەڭ ياخشىسى قەشقەرگە كېتىپ بىر زامان شۇ يەردە پاناھلىنىپ تۇرۇڭ، ــ دېدى تەۋپىق ئەنسىرەپ.

ــ قەشقەردە ھېچكىمىم يوق، شە دېگەندە تېنەپ قالسا يامان، ــ دېدى رېھىم.

ــ مانا بۇ ئاكىڭىز چوڭ باي، قىزىلدۆۋىلىك، ئىسمى توختاجى، ئۇنى ئىزدەڭ، بولمىسا قەشقەر نوۋېشىغا بارسىڭىز ئۇ يەردە يۈسۈپ دېگەن بۇرادىرىمىز بار، ئۇنى تاپسىڭىزمۇ بولىدۇ، ئۇ مۇئەللىم، سىز تېخى بالىكەنسىز، بەلكىم ئوقۇپ قالارسىز.

بۇ گەپ بىلەن گومانىدىن پۈتۈنلەي خالاس بولغان قاچاقلار چىن كۆڭلىدىن:

ــ بولدى بىزگە بۇ كۆسەيلەرنىڭ كېرىكى يوق، زېرىكتۇق، زادى! ...

ــ دېيىشتى.

ــ خاتا دەۋاتىسز، ئىنىم، بىزنىڭ جىمى بەختسىزلىكىمىز قولىمىزدا مۇشۇ «كۆسەي» لەرنىڭ بولماي كەلگەنلىكىدە. ئۇنىڭ خەتىرى ــ سىز ئۇنىڭ ئالدىغا روبىرو بولۇپ قالسىڭىز بولۇدۇ. ئۆزىڭىزنىڭ قولىدىكى قورالدىن سىزگە زىيان يەتمەيدۇ. ئۇ خاتىرجەملىك ۋە بەخت كەلتۈرگۈچى. ھەدىستىمۇ «جەننەت قىلىچنىڭ سايىسىدا» دېيىلگەن. دېمەك، مۇشۇ كۆسەي دېگىنىڭىز ئەنە شۇ قىلىچ. ئۇ قولىمىزدا بولسا جەننەتنى قولغا كەلتۈرۈشكە ۋاستە بولۇدۇ. ئالغاچ كېتىڭلار. بىر يەرگە يوشۇرۇپ قويساڭلار ئاخىرى بىر كۈنى ئەسقاتىدىغان ۋاقتى كېلىدۇ.

تەۋپىق رىھىمگە ئېچىنىش، ئىچ ئاغرىتىش ھىسسىياتىدا بېقىپ، ئۇنىڭ قورالنى تاشلىماي بىر يەرگە يوشۇرۇپ قويۇشىنى تاپىلىدى ۋە قەشقەرگە بېرىشىنى يەنە بىر قېتىم ئەسكەرتتى.

ــ سىلەرگە ئىجازەت! ــ دېدى ئابدىنىياز، ــ يولۇڭلارغا مېڭىڭلار.

قاچاقلار تاڭ سۈبھىسىنىڭ گىرىمسەن يورۇقىدا يىراقلاپ كەتكەندىن كېيىن بۇلارمۇ يولىنى داۋام قىلدى، ئابدىنىيازلار مېھمانلارنى لومپىدىن ئۆتكۈزۈپ قويۇپ قايتىپ كەتتى.

# تۆرتىنچى باب

لومپــــدىن چىققانــــدىن كېــيىن يەنە كەڭ دائىرىلىـــق ســـايلىق باشلىناتتى. غىلاڭ تاشلىق سايلىقنىڭ غەربىي جەنۇپ تەرىپىدىن شەرقى شىمال تەرەپكە قاراپ ئىككى ـ ئۈچ تاشلىقچە تاغ سۈيى ساينى كېسىپ ئېقىپ تۇراتتى. سايلىقنىڭ ئەتراپىنى يېزىلار يىراقتىن ئوراپ ئالغان، غەربىي جەنۇپ ۋە جەنۇپ تەرەپتە پەس تاغلار گىرمىسەن كۆرىنەتتى تاڭ سەھەرنىڭ تۇمانىدا ئۇ خۇددى دەرپەردە ئارقىسدا تۇرغاندەك بىلىنەتتى.

ساي غەرب تەرەپتە كىچىككىنە يېشىل بەلۋاغ بىلەن ئۇزۇلۇپ، ئارقىدىن يەنە ساي باشلىناتتى. بۇ كىچىككىنە يېشىل بەلۋاغ تۇن دەپ ئاتىلاتتى. تۇندىن كېيىنكى سايمۇ شىمال ۋە شەرق تەرەپلىرى يىراقتىن يېشىل سىزىق بىلەن؛ جەنۇپ ۋە غەربىي جەنۇپ تەرەپلىرى سۇس كۆك رەڭدىكى تاغلار بىلەن ئورالغاندى. بۇ ساي بولسا غەرپ تەرەپتە يەنە يېشىل بەلۋاغ بىلەن ئۈزىلەتتى. بۇ يەرنى موغۇل دەپ ئاتىشاتتى.

موغۇلدىن چىققاندىن كېيىن يول غەربكە قاراپ $30^{o}$لۇق يانتۇلۇق بىلەن داۋاملىق يوقۇرى ئۆرلەپ، ئۇپۇق سىزىقىدا غايىپ بولاتتى. يولنىڭ سول تەرىپىدە خۇددى گۈزەل سۈرەتلەرنىڭ ئارقا مەنزىرىسىدەك غۇۋا تاغلار كۆرۈنۈپ تۇردۇ. ئوڭ تەرەپ چېكى يوقتەك بىلىنىدىغان يانتۇ سايلىق، يول بولسا مانا شۇ بۇلۇتنىڭ سايىسى چۈشۈپ تۇرغاندەك قارا ساينىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاقۇش لېنتىدەك سوزۇلۇپ ياتاتتى. بىراق بۇ نەپىس لېنتا ئەمەس، كىشىلەر ئاياقلىرى بىلەن پەيدا قىلغان، توپا ئۆرلەپ تۇرغان ئاياغ يولى ئىدى.

يولۇچىلار موغۇلدىن ئۆتكەندىن كېيىن شەرق ئۇپۇقى قىزىرىپ قوياش كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى، غەرپ تەرەپ ئاسمىنىنىڭ يىراق بىر يېرىدە لەيلەپ يۈرگەن بىر پارچە ئاق بۇلۇت قوياشنىڭ دەسلەپكى نۇرلىرىدا شەلپەر ئاسقاندەك نۇرلۇنۇپ كەتتى. بۇ 1934 ـ يىل 8 ـ

www.uyghurkitap.com

ئاپرېلنىڭ سەھەرى ئىدى.

— بۇ قېتىمقى سەپىرىم ھەقىقەتەنمۇ پالاكەتلىك بولدى، — دەپ غۇدۇڭشىدى توختاجى تەقدىردىن ئاغرىنغان ھالدا. ئۇ ھېرىپ قالغانىدى.

— خۇداغا شۈكرى دېيىشىڭىز كېرەكىدى، خەير...، سىز قانداق ئويلايسىز، ئەخمەد ئەپەندى؟ — سورىدى تەۋپىق ئەمەك ئۇچۇن گەپنى ئۆزارتىشنى كۆزلەپ.

— ھەر ھالدا ئانچە خاپا ئەمەسمەن.

— مەن ئەكسىچە ئىنتايىن خوشالمەن. چۈنكى بۇ يەردە ئىنقىلاپنىڭ مۇھىم بىر يولباشچىسى بىلەن دوستلۇشۇپ قالدۇق. بۇ تەقدىردىن يەنە نېمە ئۇچۇن ئاغرىنىغۇدەكمىز؟

— ئەگەر قەشقەرگە بارغىچە مۇشۇنداقلا ماڭىدىغان ئىش بولسا سىلىنىڭ خوشاللىقلىرى تۈتۈنۈدەك غايىپ بولۇپ كېتەرمىكىن.

— نىمىشكە بۇنداقلا ماڭاتتۇق؟ ئەمدى ھەر ھالدا تېنچ مۇھىتقا ئېرىشتۇق. ئالدىمىزدىكى يېزىدىن ھارۋا كىرا قىلىمىز، كىراغا ھارۋا تېپىلمىسا بىر- ئىككى يىگىتنى يالاپ ئالىمىز. تاشمىلىققا بارغاندىغۇ ھارۋا تېپىلار؟

— ھارۋا بولمىسا ئۇلاق تېپىلىسىمۇ بولاتتى.

— ئۈمىدۋار بولۇڭ، ئەپەندى.

يۇقىرى ئۆرلەپ كېتىۋاتقان ساي يولىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى تۈگىگەندە $30^\circ$گرادۇسلۇق يانتۇلۇق بىر ئاز تۈزلىنىپ $20^\circ$گرادۇسلۇق يانتۇلۇققا ئايلاندى. بۇ يەردىن ئەمدى ئاتۇشباغ يېزىسىنىڭ دەرەخلىرىنى كۆرگىلى بولاتتى.

ئاتۇشباغ كۆسەن دەرياسىنىڭ شەرقى قىرغىقىغا جايلاشقان، تەخمىنەن ئەللىك تۈتۈنلۈك يېزا بولۇپ، بۇ يەردىن ھارۋا تېپىلمىدى. بەكمۇ كەمبىغەل ۋە ئىپتىدائىي تۇرمۇش كەچۈرىدىغان بۇ يېزىدىن ئاتمۇ تېپىلمىدى. ھەر ھالدا يامان ئەمەس ئېشەكلەردىن تېپىپ مىنىشكە مۇۋەپپەق بولۇشتى. بىراق، ئۇلاق ئىگىلىرى ئۇلارنى تاشمىلىققا ئاپىرىپ قويۇشقىلا رازى بولدى. مېھمانلار ئاتۇشباغدا چۈشلۈك ئازراق بىر

نېمە يەۋالغاندىن كېيىنلا يولغا راۋان بولۇشتى.

ئۇلار ئاتۇشباغنىڭ غەربى جەنۇپ تەرىپى ــ ئالتۇنلۇق مەھەللىسىنى ئارىلاپ ئۆتۈپ كۆسەن دەريا قېشىغا چۈشۈشكە باشلىدى. دەريا بويلىرىدىكى سايازلاردا ئۇششاق ئاچ قىزىل مۆلىلەيدىغان چاتقاللار باراقسان ئۆسۈپ كەتكەندى. شاخلاردا ئۆتكەن يىلدىن قالغان مۆلىلەرمۇ باردى. دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدە گۈلباغ يېزىسىنىڭ دەرەخلىرى ئۇچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. دەريا قېنى تولىمۇ كەڭ بولۇپ، ئازغىنە سۇ بۇ كەڭ ساي ئىچىدە يېيىلىپ ۋە تاراملارغا بۆلۈنۈپ ئاقاتتى. دەريانىڭ ئاخىرى شەرقى شىمال ئۇپۇقىدا غايىپ بولاتتى.

يولۇچىلار تاراملاردىن كېچىپ ئۆتۈپ، قارشى قىرغاقتىكى تاغ باغرىغا جايلاشقان گۈلباغقا يېتىپ كېلىشتى. گۈلباغ يېزىسىنىڭ يېرى قۇمساز، سۈيى مول بولغاچقا ئورمان ياخشى ئاينىيتى. گۈلباغ ۋە ئۇنىڭ غەربىدىكى يەلگەن يېزىلىرىدا تۇغراق كۆپ ئۆسەتتى. دەريا سۈيى تاشقان چاغلاردا ھەر دائىم نۇرغۇن مىقداردا قۇم ئېقىتىپ كېلىپ بۇ يەرلەرنى قۇم بېسىپ تۇرۇدۇغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. يولۇچىلار ئىشەكلىك بولغاچقا ئانچە ھارغىنلىق ھېس قىلمىدى. ئەكسىچە چۈشتىن ئاۋالقى ھارغىنلىقى بىر ئاز تارقىغاندەك بولۇپ قېلىشتى. ئۇلاق ئىگىلىرىنى يول بويى پاراڭغا سېلىپ ماڭغاچقا زېرىكىشمۇ ھېس قىلمىدى.

ئۇلار كەچقۇرۇن تاشمىلىققا يېتىپ كەلدى. بۇ يەردە ئۇلار قاسىمبەگنى تېپىپ، ئۇنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالدى. تەۋپىق بۇ يەردىمۇ ئۆزىنىڭ ئاجايىپ سېھرى بىلەن خۇددى ماگنىتتەك جەلپ قىلىپ، بىرمۇنچە دوست تېپىۋالدى. ھەتتا ئۇلارنىڭ ئەتىسىلا كەتمەكچى بولۇشى ساھىپخانلارنى تولىمۇ مەيۈسلەندۈردى.

مېھمانلارغا گەز دەرياسىدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدىغان بولغاچقا ھارۋا ياللاشقا قولايسىزدى. شۇڭا قاسىمبەگ ئۇلارغا ئات تېپىپ بەردى. ئۇلار ئوپالغىچە ئاتلىق بېرىشى كېرەكىدى.

ئۇلار سەھەردىلا ئاتلىق يولغا چىقتى. بۇ يەردە گەز دەرياسى تەرەپتىن سالقىن ئۇرۇلۇپ، دىماققا نەم ھاۋانىڭ ئۆزگىچە خاس پۇرىقى ۋە ئاللىقانداق

كۆكاتلارنىڭ پۇرىقى بىلىنەتتى. ئۇلار 30- 40 مېتىرچە ئېگىزلىكتىكى قاشقا چىققاندىن كېيىن دەريا تەرەپتىن تېخىمۇ كۆچلۈك نەملىك بىلىنىدى.

گەز دەرياسىنىڭ قېنى بۇ يەردە مىڭ مېتىردىن ئارتۇقراق كېلەتتى. بۆلۈنۈپ- بۆلۈنۈپ، ئاشۇ كەڭلىك ئىچىدە ئەركە بالىدەك قىيغىتىپ ئاقاتتى.

گەزنىڭ سۈيى بىر قەدەر مول بولغاچقا ھەربىر تارامىلىرىمۇ كىشىنى ئەيمەندۈرگىدەك ھەيۋەت بىلەن ئاقاتتى. دەريا قىنىنىڭ سۇسىز يەرلىرىدە ياۋا چاتقال، زىرىق، ژۇلغۇن قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەر ، باراقسان ئۆسكەن، دەريانىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا بىر يېشىل نۇقتا كۆزگە تاشلىناتتى. بۇ ئارال كەنت ئىدى. بۇ يەردىن غەربى قىرغاقتىكى چامئېرىق كەنتى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. تۆۋەن ئېقىم تەرەپتە بىر كىچىك تاغ دەريا قىنىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا چوقچۇيۇپ تۇراتتى.

ئۇلار ھەيۋەتلىك، شوخ ۋە تارام- تارام تاغ سۈيىنى بىر-بىرلەپ كېچىپ ئۆتۈپ چامئېرىققا چىقىشتى. ئۇ يەردىن جۇلۇقباشقا قاراپ ئاتلىنىشتى. بۇ ئارنى ئىدىرلىق ساي ئۇزۇپ تۇراتتى. ساي يولىنى كېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن بىر تۆپىلىكنىڭ يانباغرىغا جايلاشقان قىرغىز يېزىسى جۇلۇقباشنى ئارقىغا تاشلاپ دۆلەتبۇلىقىغا[1] كېلىشتى. بۇ يېڭى ئۆزلەشتۈرۈلگەن سازلىق بولۇپ، ئوپاللىق سۇلايمان قازىھاجىمغا قارايتتى. بۇيەرنى ئۇنىڭ قىرغىز ئوتاقچىسى مۇساق باشقۇراتتى.

يولۇچىلار بۇ يەردە ئاتلارنى دەم ئالدۇرۇپ، ئۆزلىرى ئۇسسۇلۇق ئىچىپ مېڭىش ئۈچۈن توختاشتى. سۇلايمان قازى ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلىرى مۇناسىۋىتى بىلەن مۇشۇ يەردە ئىكەن. ئۇ توختاجى بىلەن ھەم ئۇنىڭ ئاتىسى بىلەن يېقىن تونۇشلاردىن بولغاچقا مېھمانلارغا ئۆزىنىڭ مېھماندۇستلۇقىنى كۆرسەتتى.

---

[1] دۆلەت بۇلىقى ــ ھازىرقى قىزىلسۇ ئوبلاستلىق نەسىللىك قوي فېرمىسى جايلاشقان بىنامىلىقنىڭ ئەسلى نامى «دۆلەتبۇلىقى» ئىدى ــ ئا.

مۇشۇ قىسقىغىنە پۇرسەتتە مەمتىلى تەۋپىقنىڭ چىقىشقاق مىجەزى بۇ مۆتىۋەر ئادەمنى ئۆزىگە رام قىلىپلا ئالدى. ئۇ ھەتتا مېھمانلار كېتىش ئۇچۇن قوزغالغاندا قىيالماسلىق بىلەن.

— ئەگەر ئالدىراش بولمىسام سىلەرنى قەشقەرگىچە ئۇزۇتۇپ باراتتىم، — دەپ ئۆكۈنۈپ قالدى.

ئۇلار مېھماندۇست ساھىپخان بىلەن خوشلىشىپ ئوپالنىڭ تېرەك، شوتا، دۆڭئۆستەڭ، قۇمباغ كەنتلىرىنى ئارىلاپ ئۆتۈپ ئوپال بازىرىغا كەلدى. بۇ يەردە ئاتلارنى ئىگىسىگە بېرىۋەتكەندىن كېيىن ھارۋا ياللاپ دەرھال سەپىرىنى داۋام قىلىشتى.

ھارۋىغا جايلىشىۋالغاندىن كېيىن ئۇلار ئۆزلىرىنى خېلى يېنىك ھېس قىلىشتى. كەيپى كۆتۈرۈلۈپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن مەمتىلى ئەپەندى ھارۋىكەشنى پاراڭغا سېلىشقا باشلىدى. بۇنىڭسىز زېرىكىپمۇ قېلىشاتتى. ھارۋىكەش ئەسكەر بولۇپ بىر نەچچە قېتىم جەڭلەرگە ئىشتىراك قىلغان يىگىت بولۇپ چىقتى. ئۇ ئۆزى قاتناشقان جەڭلەر ھەققىدە تولىمۇ جانلىق، تەسىرلىك سۆزلەپ بەردى. ئارقىدىن قەشقەردە يۈز بەرگەن «فېۋرال پاجىئەسى»[1] ۋە شۇ ئايدا تۇڭگانلار بىلەن خوتەن قوزغىلاڭچىلىرى ئارىسىدا ھىمتىنىڭ سېيىدا بولغان قانلىق جەڭ ۋە قوزغىلاڭچىلارنىڭ پاجىئەلىك ھالاكىتى ھەققىدە ئاڭلىغانلىرىنى ھېكايە قىلىپ ماڭدى.

— بۇ تۇڭگان دېگەن بەك رەھىمسىز خەقكەن، بىز خەقنى چامغۇرنىڭ كۆكىنى يۇلغاندەكلا، كاللىسىنى ئېلىپ تاشلاۋېرىدىكەن، خۇدايا! ئىگىسى يوق جاھانمىدۇ بۇ؟ پاشىچىلىكمۇ قەدرىمىز يوق خەقكەنمىز...

— ئۆز مىللىتىڭىز ھەققىدە نېمىشقا بۇنداق يامان گەپلەرنى

---

[1] «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى — 12» دا بۇ پاجىئەنى 6- فېۋرال شەمبە يۈز بەرگەن دەپ يازغان، بۇنىڭدا خاتالىق باردەك قىلىدۇ. شۇ يىللىق كالىنداردىن قارىغاندا 6-فېۋرال شەنبە ئەمەس، سەيشەنبە ئىكەن. ئەگەر شەنبە ئىكەنلىكى ئېنىق بولسا، ئۇ ھالدا بۇ 6- فېۋرال ئەمەس، 3- ياكى 10- فېۋرال بولىشى كېرەك، — ئا.

قىلىسىز، ئىنىم؟ — دېدى تەۋپىق جىددىيلىك بىلەن ئۇنىڭ ئاۋازىدا نارازىلىقمۇ، چېكىپ بېقىشمۇ باردى، — سىز بۇ مىللەتنىڭ «پاشىچىلىكمۇ قەدرى يوق» ئىكەنلىكىنى ئوبدان چۈشىنىپسىز، بۇ ياخشى ئەھۋال، لېكىن بۇ چۈشىنىش ئۆز. ئۆزۈمىزنى مەسخىرە قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، مىللەتنى «ئالتۇندەك قەدرى بار» قىلىش ئۈچۈن بولسا تېخىمۇ ياخشى بولاتتى.

ھارۋىكەش بۇ سۆزلەرنىڭ ۋەزنىنى دەڭسەپ كۆرۈش ئۈچۈن ئويلاشقا باشلىدى. مەمتىلى ئەپەندى يەنە ئۇنىڭغا نادانلىق ئاپىتى ھەققىدە، ھۆرلۈكنىڭ بىردىن - بىر يولى خۇراپاتلىقتىن قۇتۇلۇپ، ئىلىمگە يۈرۈش قىلىش ئىكەنلىكى ھەققىدە ئاددىي قىلىپ سۆزلەپ ماڭدى.

تەۋپىقنىڭ شۇنچە ئەستايىدىللىقىدىن كۈلگىسى كەلگەن توختاجى ئۇنى بېقىنلاپ:

— ئەپەندى، قىزىق. قىزىق لەتىپە ئېيتىپ ماڭساقچۇ، بەربىر ئۇ بۇلارنى چۈشەنمەيدۇ، — دېدى.

— مەن ئۇنداق بولۇشقا ئىشەنمەيمەن، ھەر ھالدا بىر ئادەم بالىسى ياخشى گەپ دېگەننى روھى بىلەنمۇ بىر ئاز سېزىدۇ. ھېچ بولمىسا ئازراق مەنپەئەتى بولۇدۇ.

بىر خىلدا سوزۇلۇپ ياتقان يولدىن زېرىككەن توختاجى يەنە:

— ئەگەر شۇ تاپ بۇ يولنى پايېزدا ماڭغان بولساق، سىلى تەمبۇر چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ ماڭسىلىرى، بىلىنمەيلا يول تۈگەپ قالاتتى، — دېدى.

— نېمە، سىز پەقەت مەمتىلى ناخشا ئوقۇيدۇ دەپ ئويلامسىز؟ — دېدى تەۋپىق كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، چېقىشمىش تەلەپپۇزىدا، — خەلق ناخشىلىرىدىن بىر نەچچىنى ئاڭلىساق نېمىسى يامان؟ مانا بۇ ئىنىمىز بىزگە بىر نەچچە يىلدىن بېرى ئاڭلىيالمىغان ناخشىلارنى ئوقۇپ بېرىدۇ، — دېدى.

ئۇلار ھارۋىكەشنىڭ تۇرۇۋت قىلغىنىغا قويماي ئۇنى ناخشا ئوقۇپ بېرىشكە ئۈندىدى. يىگىت ئاخىر:

ــ قاملاشتۇرۇرالمىسام زاڭلىق قىلىشمايلا، ــ دەپ گېلىنى قىرىپ، سەل تۇرىۋالغاندىن كېيىن بىردىنلا جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن ناخشا باشلىدى.

ھارۋىكەش يىگىتنىڭ ناخشىسى سۆكۈتكە چۆمگەن دالىدا يىراقلارغىچە دولقۇن تارتىپ كەتتى. ناخشىنىڭ ئاھاڭىدا ئۆزگىچە بىر خىل كۈچ يوشۇرۇنۇپ ياتاتتى. ناخشىنىڭ مۇڭى ھەربىر ئادەمنى خىيال سەھراسىغا باشلاپ كېتەتتى.

شۇ تاپ مەمتىلى ئەپەندى ناخشىنىڭ مۇڭىدىن ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى ۋاراقلىغاندەك بولدى: يۇرتىدىن ئايرىلىپ «تاغ ئارقىسى» غا كەتكىنى، يېڭى مەدەنىيەت بىخلىرى بىلەن تونۇشقىنى، سەرۋەرگە ئۆيلەنگىنى،... «ئىسيانچى» دەپ قارىلىپ تەقىپ قىلىنغىنى ۋە ئىلاجىسىزلىقتىن سوۋېتكە كېتىپ شەمەيدە تۇرۇپ قالغىنى،... ئوغلى ئابدۇسەمەتنىڭ تۇغۇلىشى،... '«ھەي ي، ئۇلار ھازىر قانداقراق تۇرىۋاتىدىكىن!؟... » ئوقۇش ئارزۇسى بىلەن تۈركىيەگە كەتكىنى، دەسلەپكى سەرسان- سەرگەردانلىقتا ئۆتكەن ھايات، ... دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇش، ئوقۇتقۇچىلىق قىلىش، تىرىشىپ سىرتتىن ئۆگۈنۇش،... گۈزەل ئەدىبە، ئۇنىڭ باياشات ئائىلىسىنىڭ ياردىمى، ئابدۇللاھ ئەپەندىنىڭ مېھرىبانلىقى،... ۋەتەندىكى ئىنقىلاپ خەۋىرى... قاتارلىقلار بىر- بىرلەپ كۆز ئالدىدىن ئۆتەتتى.

ئەخمەد ئەپەندىمۇ ئۆزىنىڭ غەمسىز بالىلىق دەۋرىدىن تارتىپ ئويلاشقا كىرىشىپ كەتكەندى... ئويلا- ئويلا تۈركىيەدىكى ھاياتى يادىغا كەلدى. سادىق رەپىقىسى ــ تۈرك قىزى سارماشىق[1]، ئوغلى ئىستىقلال كۆز ئالدىغا كېلىش بىلەن سېغىنىش پىراقىنىڭ ھۇجۇمى ئاستىدا قالدى...

توختاجىمۇ ئاللىقانداق ئەسلىمىلەر قوينىغا چۆمگەنىدى. ھارۋىكەش بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ كەچمىش دەپتىرىنى ۋاراقلىغاندەك قىلاتتى.

---

[1] سارماشىق ــ ھەمىشە باھار(گۈل ئاچىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك) (تۈركچە) ــ ئا.

لەڭگەرنىڭ دەرەخلىرى كۆرۈنۈپ تەدرىجىي يېقىنلاپ، ئاندىن ئارقىدا قالدى. سايۋاغىنىڭ يوللىرى ئۇلارنى كۈتۈۋالدى.

********

ئۇلار پاختەكلىدىن ئۆتۈپ قىزىل دەرياسىغا يېقىنلاشقاندا ھەممەيلەننىڭ قەلبىنى ئاجايىپ بىر ھېسيات ئۆز قۇچىقىغا ئالدى. بۇ شۇنداق ھېسياتىدىكى، ئاشىق ئۆز مەشۇقىدىن ئايرىلىپ، قايتىدىن يار ئاستانىسىغا يېقىنلاشقاندا، جەڭگە كەتكەن ئوغۇلمۇ ئۆز ئۆيىنىڭ بوسۇغىسىغا ئالدىغا كەلگەندە ئەنە شۇنداق ھېسياتقا كېلەتتى. بۇ چاغدىكى ئىنتىزارلىق شۇ قەدەر تەخىرسىز بولاتتىكى، ئۆتكەن نەچچە يىل، نەچچە ئون يىلمۇ مۇشۇ ئاخىرقى سائەتلەردەك ئۇزۇن بىلىنمەيتتى. ھەممەيلەن ئالدى تەرەپكە — شاۋقۇنلۇنۇپ ئېقىۋاتقان دەريا دولقۇنلىرىغا ۋە ئۇ قاتتىكى شامالباغ، قىزىل دۆۋە تەرەپلەرگە خۇددى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان مەشۇقلىرىنى كۆرمەكچى بولغاندەك بويۇنداپ قاراشتى. قەشقەر قانداقراق بولۇپ قالدىكىن؟ ئاخىرقى يىللاردا بۇ قەدىمىي شەھەر نۇرغۇن پاجىئەلەرنى باشتىن كەچۈردى، بۇ يەردە قانلار دەريا بولدى؛ بۇ يەردىن كۆتۈرۈپ چىقىلغان جەسەتلەر بىلەن يېڭىدىن- يېڭى قەۋرىستانلىقلار پەيدا بولدى... شەھەر ئۆزىچۇ؟ ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدى تىترەپ كەتتى.

تەۋپىقنىڭ قەشقەر ھەققىدىكى خىياللىرى قاناتلىنىشى بىلەنلا شائىرانە ھېسلار قەلبىنى تولدۇردى. ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا گۇمنامنىڭ مۇنۇ مىسرالىرىنى شائىرانە ئاھاڭدا دېكلاماتسىيە قىلدى:

مەزرەئى لۇتفى ئىلاھىدۇر دىيارى كاشغەر،
ئىشق ئىلىنىڭ قىبلەگاھىدۇر مەزارى كاشغەر.
ئىشقۇ- ئۇلفەت چەشمەسىدىن دەردۇ - مېھنەت جۇش ئېتەر،
تۇفراغى ھەسرەت بىلەن پۇتكەن ھىسارى كاشغەر.
دىلرەبالەر باغرىنى لەئلە بەدەخشان ئەيلەگەي،

بىر نىگاھى غەمزەسىدىن گۈلئۈزارى كاشغەر.
ئەيش ئېلىگە خارىدىن كەلگەي ئىشرەت ئېسى،
چۈن سۈلەيمان دەۋلەتىدۇر خارۇ- زارى كاشغەر.
ئۇدۇ- ئەنبەر تۇفراغىدۇر، ئابى -كەۋسەردۇر سۈيى،
دۇررى- مەرجان تاشلارىدۇر كوھسارى كاشغەر.
....................

مەمتىلى ئەپەندى ئۇ قىرغاقتىكى يېشىللىققا پۈركەنگەن يېزىلارغا تىكىلگىنىچە جىمىپ قالدى. سەلدىن كېيىن ئەخمەد ئەپەندى قوشۇپ قويدى:

يا پەرى، يا ھۆر، يا باغى - ئېرەم ياد ئەيلەمەس،
شەھرىنى ئۇنتار، بولۇر ھەركىم دۇچارى كاشغەر.

ئۇلار ئاللىقانداق ھەيۋەتلىك گۈمبۈرلەشنى كۈتۈپ، دېمىنى ئىچىگە ئالغاندەك جىمىپ كېتىشتى. هارۋىنىڭ غىچىرلىشى بىلەن تاراقلىشى، دەريانىڭ شارقىرىشى ئاڭلىنىپ تۇراتتى...

ئۇلار ئالدى بىلەن قىزىل دۆۋىگە بېرىپ تۇداخۇنباينىڭ قەدەم جايىغا — توختاجىنىڭ ئۆيىگە چۈشتى. ئۇ يەردە توختاجىنىڭ ئىنىسى ئابدېكىرىماخۇن، ساھىپخانلىق قىلدى.

# بەشىنچى باب

## 1

ئۇلار شۇ كۈنىلا توختاجىنىڭ ئاكىسى ئىمىنھاجى، ئىنىسى ئابدېكىرىماخۇنلاردىن قەشقەر شەھرىنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇشتى. مەمتىلى ئەپەندى كونا تۇنۇشلىرىنى — يۈسۈپ زىيا ۋە مەجىددىن دوختۇرنى سورىدى. ئۇ يۈسۈپ ئەپەندى بىلەن ئىكساقتىكى «ھۈسەينىيە» مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان چاغدىن تارتىپلا تونۇشاتتى، گەرچە ئۇلار تەڭ قۇراملىق بولمىسمۇ بۇ ئۇلارنىڭ دوستلۇقىغا توسقۇن بولالمىغانىدى. كېيىن ئۇلار تۈركىيىدىمۇ بىللە بولۇشقانىدى. مەجىددىن ئەپەندى بىلەن تۈركىيەدىكى تونۇشلۇق مەزگىلى ناھايىتى قىسقا بولغان بولسىمۇ، بىر-بىرىگە بەك ئامراق بولۇپ قېلىشقانىدى.

يۈسۈپ زىيا ئوردا ئىشكىدە ئولتۇردىكەن، نوۋبىشى مەكتەپكە دەرس بېرىدىكەن، مەجىدىن ئەپەندى «ھىلال ئەھمەر»[1] دە ئىشلەيدىكەن ھەم شۇ يەردە ئولتۇرىدىكەن. ئۇلار يەنە يۈسۈپ ئەپەندىنىڭ توي قىلىۋالغانلىقىنى ئۇقتى. بارلىق ئىشقى- مۇھەببىتىنى مىللەتنى ئاقارتىش ئىشىغا بېغىشلىغان بۇ كىشى ئوتتۇرا ياشقا بارغاندىلا ئۆزىنىڭ تۇرمۇشى ھەققىدە ئويلاشقا ئېشىنغانىدى. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي خاراكتېرى ۋە ئادەتلىرىدىن ئېيتقاندا ئاددىي مەسىلە ئەمەس، كىچىك قۇربان بېرىش ئەمەسىدى. ئۇلار يەنە مەجىددىن ئەپەندىنىڭمۇ ئۆيلەنمەكچى ئىكەنلىكىنى ئېيتىشتى. ئۇ شامالباغلىق ئىبادەتخان دېگەن ئايال بىلەن توي قىلىش ئالدىدىكەن.

يۇقىرقى سۆھبەتلەر بولۇپ ئۆتكەن پۇرسەتتە ئازراق دەم ئېلىۋالغان ئەخمەد ئەپەندى تەۋپىقنى شەھەردە كۆتىدىغان، نوۋبىشى مەكتەپتە

[1] ھىلال ئەھمەر — (قىزىل يېڭى ئاي) — «قىزىل كىرېست جەمئىيتى»نىڭ ئىسلام ئەللىرىدىكى ئاتىلىشى. قەشقەردىكى «ھىلال ئەھمەر» 1933 - يىلى قۇرۇلغان، ئۇرنى ياۋاغدا ئىدى — ئا.

ئۇچرۇشـۇدىغان بولـۇپ شـەھەرگە كىرىـپ كەتتـى، توختـاجى ۋە باشـقا ساھىبخانىلار ئۇنى ئىلىپ قېلىشقا خېلى تىرىشقان بولسىمۇ، دوستىنى ھەممىـدىن بەك چۈشـىنىدىغان تەۋپىـق ئۇنىڭغـا ئىجـازەت بېـرىش ئەڭ ئـاقىلانىلىق دەپ قاريدى. ئۆيىنىـڭ بوسۇغىسىغا كەلگەنـدە كىـم بۇنـداق ئالدىرىمىسۇن؟ تەۋپىق ئۆزى توختاجىنىڭ ئۆيدە قوناق بولۇپ قالدى.

تەۋپىق سەپەر چاڭلىرىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئـۇزاق يۇيۇندى. ئـادەتتە ئـۇ ئاۋال ئىسسىق سۇ بىلەن ئـۇزاق يۇيۇنـۇپ ئارقىـدىن مـۇزدەك سوغوق سـۇدا چايقايتتى. بۇنداق قىلىش بەدەننىـڭ كىسـەلگە قارشى كـۈچىنى ئاشـۇرىدۇ، دەپ چۈشەندۈرەتتى ئۇ.

ئەتىسى ئەتتىگەنـدە ئـۇ ھەممىـدىن بالـدۇر تـۇردى، ئـۇزاق گىمناسـتىكا ئوينىغانـدىن كېيىن يـۈز-كـۆزىنى يۇيـدى. ئانـدىن بىـر بـۇردا قـاتتىق نـان يېـدى. بۇمـۇ ئۇنىـڭ ئـۇزاقتىن بېـرى داۋاملاشـتۇرۇپ كېلىۋاتقـان ئـادىتى بولـۇپ، دادىسـى ـــ تېۋىـپ مـوللا توختاجىنىـڭ قارىشـىچە قـاتتىق نـان كېچىسى ئاشقازاندا پەيدا بولـۇدىغان ۋە زەردىنـى قايىنىتىـدىغان ئـاچچىق سـۇيۇقلۇقنى شـۈمۈرۈپ، ئاشقازاننىڭ پائالىيىتىنى ياخشىلاشقا پايدىسـى باركەن، ئۇ دادىسىنىڭ شۇ نەزەرىيىسىگە ئىزچىل ئەمەل قىلىپ كېلەتتى. تەۋپىـق تـاكى ساھىپخان ئەتتىگەنلىك چايغا تەكلىپ قىلغـۇچە قىزىـل دۆۋىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ ئايلىنىپ يۈردى.

ئەتتىگەنلىـك ناشـتىدىن كېيىـنلا مەمتىلـى ئەپەنـدى شـەھەرگە كىرىشكە ئالدىرىدى.

ـــ قەشـقەر بىـر ياققـا قاچمايـدۇ، ئەپەنـدىم، بىـر- ئىككـى كـۈن، ھېچ بولمىسا بۈگـۈن بىـر كـۈن دەم ئالسـىلا ئانـدىن كىرەيلـى، ـــ دەپ توسـتى توختاجى.

ـــ شـۇنداقمۇ؟ ـــ دېدى تەۋپىـق كۈلۈمسـىرەپ، ـــ دوستۇم، دۇنيـادا بىرمـۇنچە قاچمايـدىغان نەرسـىلەر بـار، لېكىن ئىنسـان ۋاقتـى كەلگەنـدە ھامـان ئـۆزىنى تۇتۇۋالالمايـدۇ. ئەگەر سـىزنى بىـر گـۈزەل كۈتۈۋاتقـان بولسـا، ئۇنىڭ بەربىر كېتىپ قالمايدىغالىقىنى بىلسىڭىزمۇ ئالدىرايسىزغۇ؟

ـــ ئۇغۇ راست.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

— شۇنداقتىمۇ مىللىتىمىزنىڭ يۈرىكى بولغان بۇ دىيارنى كۆرمىگىلى ئون نەچچە يىل بولغانلىقىنى نىمىشقا نەزەردىن ساقىت قىلىۋېتىسىز؟

— يائاللا، نىمانچە ھاياجانلىنىپ كېتىلا، ئەپەندىم؟ ئۇنداق بولسا جۇرسىلە مەن تېخى مەمتىلى ئەپەندى بىر پارچە چوغ دېسە، نىمە دەيدىغاندۇ دەپتىكەنمەن، ئەمدى قارىسام سىلى كۆيۈپ تۈگىنىدىن ئىكەنلىغۇ، — توختاجى كۈلۈپ كېتىپ، دوستىغا ئىجازەت بەردى ۋە ئۆزىمۇ بىللە كىرىشكە تەييارلاندى.

مەمتىلى ئەپەندى يۈك- تاقىلىرىنى ئېلىپلا كەتمەكچى بولۇۋېدى، توختاجى ئۇنى توسۇپ:

— يۈك- تاقىلىرىنى ئالمىسىلىمۇ بولىدۇ، يەنە كېلىمىز. بۈگۈن قايتىپ كېلىمىز، بىزنىڭكىدە قونۇلا. ئەتە ئەتىگەندە نەگە بارىمەن دېسىلە، يول بولسۇن دەيمەن، — دېدى.

تەۋپىق ئۇنىڭ سۆزىنى يىرالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى توختاجىنىڭ پوچتىسىغا ئولتۇرۇپ شەھەرگە قاراپ ماڭدى. شەھەر سېپىلىغا يېقىنلاشقانسېرى مەمتىلى ئەپەندىنىڭ كۆكرەكلىرى تېز- تېز كۆتۈرۈلۈپ - پەسىيىشكە باشلىدى. ئۇ ئۇزۇن يىل ئايرىلىپ كەتكەن ئەزىز ۋە مۇقەددەس جاينى قايتا كۆرۈش شاتلىقىدا مەست ئىدى.

ئۇلار قۇم دەرۋازىسى بىلەن شەھەرگە كىرگەندىن باشلاپ مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئەتراپتىكى بارلىققا قاراشلىرىدا چوڭقۇر ۋەتەن سۆيگۈسى بىلەن سېغىنىشنىڭ ئوتى يالقۇن چېچىپ تۇراتتى. ئۇنىڭغا زىچ جايلاشقان ئۆيلەرنىڭ قەدىمىيلىكى، ئۈستى يېپىق كوچىلار ئېگىز- ئېگىز سىرەج تاملار، سالاسۇنلار... ئومۇمەن شەرق ئۇسلۇبىدىكى بۇ شەھەرنىڭ تۈرك خەلقلىرىگە خاس ئۆزگىچىلىكى قىزىق ۋە يېڭى تۇيۇلاتتى. ئۇنىڭغا ھەتتا چىرمىشىپ كەتكەن، ئادەم ئېزىپ قالغۇدەك مۈرەككەپ كىچىك كوچىلىرىمۇ ئاجايىپ زوق بېغىشلايتتى. قەشقەر بازىرىغا يېتىدىغان بازار يوقىدى.

ئۇلار ئۆستەڭ بويى كوچىسى بىلەن ھېيتگاھ ئالدىغا چىققاندا

مەمتىلى ئەپەندى بۇ ھەيۋەتلىك قۇرۇلۇشقا باللىق مېھرى بىلەن ئۇزاققىچە تىكىلدى. ئۇنىڭ شائىرغا خاس قەلبى ھاياجانغا، تەسەۋۋۇرغا باي مېڭىسى ئاجايىپ خىياللارغا چۆمدى. ئۇ خىيالدا قۇش بولۇپ ئۇچتى ۋە قۇببە ئۈستىدىكى ھىلال ئاينى سۆيدى. ئۇ خىيالدا غايەت زور بىر كىشىگە ئايلىنىپ مۇنارنى قۇچاقلىدى. ئاخىردا ئۇنىڭ خىيالى ئۆزىنى ئاشۇ مۇنارغا ئايلاندۇرىۋەتتى. بۇ مۇنارە بولسا تەدرىجىي بەھەتۋەت نەيزىگە ئايلىنىپ جاھالەتكە روبىرو بولدى...

توختاجى ئۇنى ئۈنسىز بېقىنلىغانىدى، ئۇ شۇندىلا خىيالى مۇھىتتىن ئايرىلىپ ھېيتگاھ ئالدىغا ــ رېئاللىققا قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ مېڭىسىدە ھېيتگاھ ھەققىدە بىر شېئىر پۈتۈپ قالغانىدى. ئۇ ئىچىدە ئاشۇ يېڭىلا دۇنياغا كەلگەن مىسرالارنى تەكرارلىغاچ نوۋېشى تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

توختاجى ئەسلىدىمۇ كۆپ گەپ قىلمايتتى، ئەمدىلىكتە ئۇ تەۋپىقنىڭ كۆڭلىدە ئاجايىپ كارتىنىلارنىڭ پەيدا بولۇپ ۋە يېڭىلىنىپ تۇرىۋاتقانلىقىنى بىلگەچكە تېخىمۇ شۈك ماڭدى. ئۇ شائىرلارنىڭ خيالغا پاتقان ھامان كۆڭلىدە سۆھبەت، مۇشائىرە باشلايدىغانلىقىنى بىلەتتى.

ــ ئەپەندىم، نېمىشقا گەپ قىلمايسىز؟ ــ دەپ سورىدى تەۋپىق دوستىدىن، ئۇ خىيالدىن باش كۆتۈرگەنىدى.

ــ سىلىنىڭ خىياللىرىنى بۆلۈۋەتمەي دېدىم.

ــ شۇنداقمۇ؟ مېنىڭ خىيال سۈرىۋاتقانلىقىمنى قانداق بىلدىڭىز؟

ــ شائىر دېگەن جىم بولغاندىكىنلا ئىچىدە بىر نېمە توقۇشقا باشلايدۇ دەپ ئۇققانتىم.

ــ شۇنداقمۇ، مېنىڭچە ھەمىشىمۇ ئۇنداق بولىۋەرمەيدۇ. ئەمما مەن ھېلىراقتا ھېيتگاھ توغرۇلۇق خىيال قىلغانىدىم، بۇنى نەزەردە تۇتقاندا پەرىزىڭىز ھەقىقەتەنمۇ توغرا.

ئۇلار نوۋېشى مەكتەپكە بۇرۇلىدىغان دوقمۇشتا تۇرغان ئەخمەد ئەپەندى بىلەن ئۇچراشتى.

ــ ئەسسالامۇئەلەيكۇم، خەيرلىك كۈن، ئەپەندى، ــ دەپ سالام

www.uyghurkitap.com

قىلدى، تەۋپىق ئاۋال ئىغىز ئىچىپ، ــ قانداق، تۇققانلار بىلەن تېپىشتىڭىزمۇ؟ ھەممىسى تېچلىقمىكەن؟ خۇداغا شۈكرى.

ــ ھە، يامان ئەمەسكەن، ــ غەمكىن جاۋاب بەردى ئەخمەد ئەپەندى.

ئۇلار نوۋبىشى مەكتەپكە يېتىپ كەلدى. مەكتەپ ئورنىدا ئىنقىلاپتىن ئىلگىرى بۇتخانا بولۇپ، ئىنقىلاپتا بۇتخانا چېقىپ تاشلىنىپ، ئورنىغا مەكتەپ سېلىنغانىدى. ئۇلار مەكتەپ ھويلىسىغا كىرىپ كەلگەنـدە چۈشكە يېقىنلاشقانىدى. شۇڭا ئۇزاق كۈتۈشكە توغرا كەلمەيلا ئەپەندىلەر دەرستىن چۈشتى. مەمتىلى ئەپەندى سىنىپتىن چىقىۋاتقان يۈسۈپ زىيانىڭ ئالدىغا قاراپ ماڭدى. يۈسۈپ ئەپەندى قىرىق ياشلاردىكى قارا مۇتۇق، ئورۇق، سوزۇنچاق يۈزلۈك كىشىدى. ئۇ ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقان كىچىك بۇرۇتلۇق، كېلىشكەن ئادەمنى كۆرگىنىدە قولتۇقىدىكى كىتاپ-دەپتەرلەرنىڭ چۈشۈپ قالغىنىنىمۇ تۇيماي قۇچىقىنى ئاچتى. ئۇلار شۇ يوسۇن ئۈنسىز قۇچاقلىشىپ تۇرۇشتى. ئارقىدىن بىر-بىرىنى نېرى ئىتتىرىپ ئۇزاق تىكىلىشتى. ئاندىن قوللىرى ئاغرىپ كەتكۈدەك قول قىسىشىپ تۇرۇپ:

ــ سالام...، ــ دېيىشتى ۋە ئۆز-ئارا ھال-ئەھۋال سورىشىپ كەتتى.

بۇ كەيپىياتنى جىددىيلەشتۈرىدىغان مۇراسىم تۈگىگەندىن كېيىن مەمتىلى ئەپەندى يەرگە چۈشۈپ كەتكەن كىتاب-دەپتەرلەرنى ئېلىپ، ئەستايىدىل قېقىشتۇرۇپ، قاراپ چىققاندىن كېيىن ئۇنى يۈسۈپ ئەپەندىگە سۇندى.

ــ تەبرىكلەيمەن، مەرىپەتنىڭ زىياسىنى[1] چېچىشنى باشلاپسىلەر، دېدى ئۇ.

ــ تېخى يېقىندىلا... ئاسان بولمىدى، ئەپەندىم.

بۇ چاغدا نوۋبىشى مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلاردىن تۆرت-ئۇن ئەپەندى، ساۋۇت ئەپەندىلەر ئۇلارنىڭ قېشىغا كەلدى. يۈسۈپ زىيا ئۇلارنى تەۋپىق

---

[1] زىيا ــ نۇر. بۇ يەردە تەۋپىق سۆز ئويۇنى قىلىپ، يۈسۈپ ئەپەندىنىڭ تەخەللۇسىغا ئىشارە قىلىۋاتىدۇ، ــ ئا.

بىلەن ئەخمەد ئەپەندىگە تونۇشتۇردى، تەۋپىق بولسا ئەخمەد ئەپەندىنى ۋە ئۆز- ئۆزىنى تونۇشتۇردى.

— يۇرۇڭلار، ئاۋۋال بىزگە مېھمان بولۇڭلار، چۈشتىن كېيىن مەجىددىن ئەپەندىنىڭ قېشىغا بارىمىز، — دېدى يۇسۇپ زىيا.

— ياق، دوستۇم، ئاۋۋال «بوۋاي» بىلەن كۆرىشەيلى، تاماقنى شۇ يەردە يەيلى، — دەپ ئۇنىمىدى تەۋپىق، ئۇ مەجىددىن ئەپەندى بىلەن دائىم چېقىشىپ تۇرۇشقا ئامراق، سىرداش دوستلاردىنىدى. شۇڭا ئۇ دوستىنىڭ ھوزۇرىغا بېرىشقا بەك ئالدىرىغانىدى.

يۇسۇپ ئەپەندى ئۆزىمۇ خېلىدىن بېرى مەجىددىن ئەپەندى بىلەن كۆرۈشمىگەنىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇزۇن بىر جۇدالىقتىن كېيىن ئەمدىلا كۆرۈشۈپ تۇرغان دوستىنىڭ كۆڭلىگە بارماي بولمايتتى. شۇڭا ئۇ دەرھال قوشۇلدى.

— جۇرۇڭلار، ھەممىمىز بىللە بارايلى، — دەپ تەكلىپ قىلدى تەۋپىق ئوچۇق- يۇرۇقلۇق بىلەن ھېلىلا تونۇشقان تۇرغۇن ئەپەندى ۋە ساۋۇت ئەپەندىگە.

ئۇ ئىككەيلەنمۇ بۇ كىشىنىڭ سەمىمىيلىك، دوستانىلىق يېغىپ تۇرغان چىرايىغا قاراپ ئۇنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلىشقا ئاجىز كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ھەممىسى بىللە ياۋاغقا — «ھىلال ئەھمەر» گە قاراپ كېتىشتى.

## 2

ئۇلار «ھىلال ئەھمەر» گە بارغاندا مەجىددىن ئەپەندى ئىشخانىسىدا ئىكەن، ئۇ 35 ياشلار ئەتراپىدىكى ياش كىشى بولسىمۇ، ساقال قويۇۋالغاچقا خېلى قېرى كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ دائىملا قولىدا ئەگرى ساپلىق ھاسا باردى. بۇ كىشىلەرگە ئۇنى بوۋايدەك كۆرسىتەتتى. شۇڭا كۆپ ئادەملەر ئۇنىڭ يېشى ھەققىدە خاتا قىياستا ئىدى. مەمتىلى ئەپەندى بولسا چېقىشىپ، بەزىدە ئۇنى «بوۋاي» دەيتى.

ئۆزى ئورۇق، ۋىجىك، ئوينىشىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن چاققانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ تەۋپىقنى ئۇزاق قۇچاقلىدى. كىچىك كۆزلىرىنىڭ چانىقى ياش بىلەن پارقىراپ كەتتى.

— خوش كېلىدىڭىز، سەفا كېلىدىڭىز، ئەپەندى؟ — دېدى ئۇ قويۇق ئىستانبۇل شىۋىسىدە، دوستلىرى يېقىندىن تۈركىيەدىن كەلگىنى ئۈچۈن نېزىقىغاندەك قىلىپ ئەتەي تۈركچە سۆزلىمەكتىدى.

— سالامەت، ئۆزىڭىز ئوبدان تۇرغانسىز؟ ئوبدان بولمىسىڭىز تويىڭىزنى قانداق ئويناىمىز؟

تەۋپىق ئۇنىڭ ئۆيلەنمەكچى بولغىنىنى ئاڭلىۋالغاچقا چاقچاق قىلدى.

— مەنمۇ مانا شۇنچىلىك، — دېدى ئۇ مۇرىسىنى يۇقۇرى كۆتۈرۈپ ئىنتايىن چاققان ھەرىكەت بىلەن ئۆزىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى نامايەن قىلىپ، — تىرىك يۈرۈپتىمەن، ئىستىخبارات[1] سىستېمىلىرىڭىزنىڭ سەزگۈرلىكىدىن سۆيۈندۈم، مېنىڭ جىمى ئەھۋالىمنى سىزگە مەلۇم قىلىپ بولغان چېغى؟

تەۋپىق كۈلۈپ قويۇپ:

— تىرىك بولۇڭ، دوستلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى سالام ئېيتىشتى، — دېدى.

— سالامەت بولسۇن ، بۇ ھەقتە ماڭا كېيىن سۆزلەپ بېرىسىز، ھازىر يېمەك ۋار، سوفرايا گېلىنىز، — دېدى ئۇ يەنە ئاغزى ئىستانبۇل شىۋىسىگە كېتىپ، ھاسىسىنى يىپ ئەشكەندەك بىر پىرقىرىتىپ قويۇپ، مېھمانلارنىڭ ئالدىدا يول باشلاپ ماڭدى، — بىز سىزنىڭ ۋەتىنىڭىزدە نۇرغۇن بوران - چاپقۇننى باشتىن كەچۈردۇق. بۇلار ھەققىدىمۇ كېيىن سۆزلىشىمىز،— ئۇ كېتىۋېتىپ شۇنداق دەيتتى. ئۇ توختاجىننىڭ قولىنى تۇتىۋېلىپ پەس ئاۋازدا دېدى، — مەن سىزنى بىلىمەن.

[1] ئىستىخبارات — رازۋېدكا، جاسۇسلۇق ۋە ئانتى جاسۇسلۇق، — ئا.

ـــ مەنمۇ شۇنداق، سىلىنى تونۇيمەن، ـــ دېدى توختاجى قىسقىلا.

هويلىدا ئۇلارغا بىر كىشى ئۇچرىغانىدى، مەجىددىن ئۇ كىشىنى يېڭى كەلگەن مېھمانلارغا تونۇشتۇرۇپ:

ـــ بۇ كىشى نامان ئەپەندى بولىدۇ، تەۋپىق بىلەن يۇرتداش، «ھىلال ئەھمەر» نىڭ قۇرغۇچىلىرىدىن، ـــ دېدى ئاندىن نامان ئەپەندىگە،ـــ يۇرتۇڭ، سىزمۇ بىز بىلەن بىللە مېڭىڭ، بۇلار بىلەن تونۇشۇپ قېلىڭ، ھەر ھالدا ئۇلپەتچىلىككە يارايدىغان ئادەملەر،ـــ دېدى.

نامان ئەپەندى تەۋپىقنىڭ يۇرتدىشى،«ھىلال ئەھمەر» نىڭ قۇرغۇچىسى دېگەن گەپلەرگە قىزىقىپ قالغان مەمتىلى ئەپەندى مەجىددىن دوختۇرنىڭ ئۆيىگە كىرگىچىلا نامان ئەپەندى بىلەن تونۇشۇۋالدى ھەم ئۇنىڭ ئاتۇش ئوقۇئېرىقتىن ئىكەنلىكىنى، تىبابەت ساھەسىدە ۋە پەننىڭ باشقا ساھەلىرىدە خېلى كۆزگە كۆرۈنگەن زىيالى، شۇنداقلا جامائەت ئەربابى ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا ئۈلگۈردى.

ئۇلار مەجىددىن ئەپەندىنىڭ ياتاقخانىسىغا كىرگەندىن كېيىن ساھىپخانىنىڭ پارىڭى تۈگىمەيلا كەتتى. ئۇنىڭ سۆز- ھەرىكىتىدىن تەۋپىقنى ئۆز قېرىندىشىدىنمۇ يېقىن كۆرىدىغانلىقى، شۇڭا ھازىر خوشاللىقىدىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي مەڭدەپ كېتىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ قولىدىكى ھاسىسىنى پات- پات يەرگە ئەشكەندەك پىرقىرىتىپ قويۇپ، گاھ تەۋپىققە چاقچاق قىلاتتى؛ گاھ سوئال سورايتتى، ئارقىدىنلا ئۇزىنىڭ قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىنكى كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ كېتەتتى. ئىنقىلاپ ھەققىدە سۆزلىگەندە ئالاھىدە جانلىنىپ كېتەتتى. كېيىن روي بەرگەن پاجىئەلەر، تېرورلۇق ھەرىكەتلەر ـــ يوشۇرۇن تۇتۇپ كېتىش، يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش... لەر ھەققىدە سۆزلىگەندە غەمكىنلىشىپ قالاتتى. ئۇ ئۇلار باشتىن كەچۈرگەن بارلىق بەختسىزلىككە ئىچ ئاغرىتىپ سۆزلىدى.

تۇرغۇن ئەپەندى، ساۋۇت ئەپەندىلەرنىڭ چۈشتىن كېيىن دەرسى بولغاچقا مەكتەپكە قايتىپ كەتتى. قالغانلار يەنە بىردەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشتى.

— ئەمدى، ئەپەندىلەر، بىزگە ھەمرا بولساڭلار، قەشقەرنى ئايلانساق، ھەممە يەرنى كۆرۈپ سىغىنچىلىرىمىزنى باسساق، — دېدى مەمتىلى ئەپەندى.

— ئۆلگۈرسىز، ئەپەندى ھەممىگە ئۆلگۈرسىز، نېمە ئىشنىچە ئالدىرايسىز؟ — دېدى مەجىددىن ئەپەندى، — ئاۋۋال بىز سىلەرگە بولغان سىغىنىچىمىزنى باسمايلىمۇ.

— ھەممىمىز بىللە چىقساق، پاراڭلىرىمىزنى كوچا ئايلانغاچ داۋاملاشتۇرساق بولىدىغۇ، — دېدى تەۋپىق ئورنىدىن تۇرۇۋېلىپ، باشقىلارمۇ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى.

ئۇلار «ھىلال ئەھمەر» دىن چىقىپ ھېيگاھ تەرەپكە قاراپ مېڭىشتى. شۇ چاغدا مەمتىلى ئەپەندى دوختۇردىن سورىدى:

— ئەپەندىم، ئۇيغۇرلارنىڭ يۈرىكى بولغان، «شەرقنىڭ يۇلتۇزى» دەپ ئاتالغان قەشقەر شەھرى سىزگە قانداق تەسىرات بەردى؟ ياقتىمۇ؟

— ھەقىقەتەنمۇ قايناق شەھەر ئىكەن، قەشقەرنىڭ بازىرىدىن ياۋروپادىكى چوڭ شەھەرلەردىمۇ ئاسانلىقچە تاپقىلى بولمايدىغان نەرسىلەرنى تاپقىلى بولىدىغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم، — دېدى دوختۇر چىن قەلبىدىن ماختاپ.

— «قەشقەرنىڭ بازىرىدا توخۇ سۈتىدىن باشقىسى تېپىلىدۇ» دېگەن گەپ بىكار ئېيتىلمىغان-دە! — دېدى مەمتىلى ئەپەندى ئىپتىخار بىلەن.

— بىراق،... — دەپ توختاپ قالدى دوختۇر.

مەمتىلى ئەپەندى ئۇنى قولتۇقلىۋالدى ۋە ئۇنىڭ دېمەكچى بولغان، ئەمما دېيەلمىگەن سۆزىنى بىلىۋالغاندەك سۆزلەشكە باشلىدى:

— بىراق، مۇشۇ بىر قەدىمي شەھەر تەرەققىي قىلماي ئوتتۇرا ئەسىر قالاقلىقىدا، مەڭگۈلۈك ئاسارە-ئەتىقە بولۇپ تۇرۇپتۇ، دەپ ئېچىنىۋاتىسىزغۇ دەيمەن، شۇنداقمۇ؟ — دېدى ئۇ نۇرلۇق كۆزلىرىنى ئالدى تەرەپتىن ئۈزمەستىن كېلىۋېتىپ، — بىز بۇ شەھەرنى گۈزەل قىلىپ قۇرۇشنى، تەرەققىي قىلدۇرۇشنى خالايتتۇق. ئالدىنقىلارمۇ

خالايتتى. لېكىن، بەختىسىز ئۇيغۇر خەلقى ئاسارەت زەنجىرىدىن قۇتۇلالمىدى. جاھانگىرلار، مۇستەملىكچىلەر ھەرخىل چىرايلىق نىقاپلارغا ئورۇنۇپ بىزنىڭ بېشىمىزنى سىلىغۇچى «ماشايىخ»لار سۈپىتىدە كېلىشىپ، مىللىي مۇناپىقلار، ۋەتەن ساتقۇچىلار، ئاخماق ۋە قىزىلكۆز موللىلار بىلەن بىرلىشىپ ۋەتىنىمىزنىڭ بايلىقىنى گويا بىر بۆيۈك تەندىن قان شورىغاندەك شوراشتى. ئامىتىگە شېرىك بولدى، ئاپىتىگە ئىگە بولمىدى ــ پايدا بولغاندا ھەممىگە ئىگە بولىۋېلىپ، ھەقىقىي ئىگىلىرىنى يېقىن كەلتۈرۈشمىدى؛ بىراق زىيان بولغاندا مەزلۇم ئەلنىڭ ئۆزىگە ئىتتىرىپ قويۇپ، ئۆزلىرى چەتكە چىقىۋېلىشتى. ئەنە شۇنداق قىلىپ بايلىقلارنى توشۇپ كېتىپ ئۆز شەھەرلىرىنى ھەشەمەتلىك قىلىپ قۇرۇشتى. بۇ يەر بولسا خۇددى سۈت بەرگەن كالىدەك باشقىلارنى ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىن ئەتتى -يۇ، ئۆزى بېقىش تاپمىدى. ــ توختاپ، ئەخمەد ئەپەندى، يۇسۇپ زىيالار پاراڭ قىلماي مېڭىشتى. ھەممىيلەن تەۋپىقنىڭ ھاياجان بىلەن ئېيتىۋاتقان سۆزلىرىگە قۇلاق سالاتتى، ــ لېكىن، بىز ئەمدى ئەسىرلىك ئۇيقۇدىن ئويغىنىمىز، ۋەتىنىمىزدە تەبىئىي بايلىق مول، ھەرخىل «تەييارغا ھەييار» «دوست»لارنى بىزگە «ماشايىخ» بولۇۋالغان ئالدامچىلارنى قوغلىۋەتسەكلا ناھايىتى تېز پۈرسەتتە ھەر قانداق مەدەنىيەتلىك ئەل بىلەن تەڭلىشىپ قالىمىز. مانا بۇ جانلىق 'ئاسارە- ئەتىقىنىمۇ پارىژدەك، بېرلىندەك، لوندوندەك قىلىپ قۇرۇپ چىقىمىز. چۈنكى بىز ئوغۇز ئەۋلادى! بىز ئىنسانىيەتكە قەغەزنى، مەتبەنى ۋە يەنە نۇرغۇن نەرسىلەرنى تەقدىم قىلغان خەلقمىز!

ئۇلار قىزىزىق پاراڭ بىلەن ھېيتگاھ جامەسى ئالدىغا يېقىنلاشقاندا ئۇلارنىڭ قارشىسىدىن 45 ياشلار چامىسىدىكى دۈپچەك، قاڭشار بۇرۇن، ئاق سېمىز، بۇرۇت قويغان، ساقالسىز بىر كىشى چىقىپ كەلدى ۋە ئۇلارغا گۇمان ھەم دۈشمەنلىك نەزىرىدە قاراپ قويدى. ئۇنىڭ چېھرىسىدىن بىر خىل سوغۇق، رەھىمسىز نۇر تارقىلىۋاتقاندەك بىلىنەتتى. ئۇ ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن يۇسۇپ ئەپەندى:

ــ بۇ ساقچى باشلىقى قادىر ھاجى دېگەن كىشى بولۇدۇ، ئۆزى

قازىرىقلىق[1] هاشىمباي دېگەننىڭ ئوغلىكەن. ئىلگىرى دادىسى بىلەن ھەججىگە بېرىش سەپىرىدە سوۋېت يېرىدە قېلىپ يولىدىن چىققان، ئەتكەسچىلىك، قىمارۋازلىق قاتارلىق بولمىغۇر ئىشلارنى قىلغانىكەن. شۇڭا ھاشىمباي ئۆلۈش ئالدىدا «كاپىرغا مىراس قالدۇرۇش دۇرۇس ئەمەس، قادىر كاپىر بولۇپ كەتتى، ئۇنىڭغا ھېچنىمە بەرمەڭلار» دەپ ۋەسىيەت قىلغانىكەن. بىراق، قادىر ھاجى سوۋېتتىن كەلگەندىن كېيىن ئەمەلدار بولدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ بىر تۇغقانلىرى ئۇنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ مال- مۈلۈكنىڭ كۆپرەك بىر قىسمىنى ئۇنىڭغا بېرىپتۇمىش، — دەپ تونۇشتۇردى.

— بۇ كىشىدە راسا جاللاتلىق تەبىئىتى باردەك قىلىدۇ، — دېدى تەۋپىق

— شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇنىڭ مۇشۇ خىل ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىش مەقسىتىدە مۇشۇ خىزمەتكە قويۇلغان ـ دە، — دېدى يۈسۈپ زىيا.

— نېمە گەپ بۇ، ھازىر بۇ يەردە سوۋېتتە ئوقۇغانلار ئىش بېشىغا چىقىۋاتقان ئوخشىمامدۇ؟

— ھازىرچە تېخى بەك ئاشكارىلانمىدى، ھەرھالدا كېلىشىملەرنىڭ مەزمۇنلىرى شۇنداق بولۇشى كېرەك، ئاستا ـ ئاستا كومۇنىستلار ھاكىمىيەت قاتلاملىرىغا چىقىۋاتقاندەك قىلىدۇ. ئاقسۇ ساقچى ئىدارىسىغىمۇ سوۋېتتىن كەلگەن بىرىنى قويۇپتىمىش، يېقىندا يەنە بىر بولشېۋىك خىتاي كېپتۇ دېيىشىدۇ، قەشقەرگە ۋالى بولارمىش. ئەمما تېخى ئاشكارىلانمىدى.

ئۇلار جامە ئىچىگە كىرىپ زىيارەت قىلىشتى. ئىككى رەكئەت تەھىييەتۇل مەسجىد[2] نامىزى ئوقۇپ، ئۇ يەردىن قايتىپ چىقىپ ئۆستەڭ

---

[1] قازىرىق — قەشقەر كونىشەرگە تەۋە يېزا، بەشكېرەم بىلەن قوغان ئارىلىقىدا، — ئا.

[2] مەسچىدكە سالام نامىزى دەپ ئاتالسىمۇ، ئەرەپچە ئەسلى مەنىسىدە «مەسجىدنىڭ پەرۋەردىگارىغا سالام» مەنىسى بار. ئىلىمىزدە بۇ بىدئەتچى موللىلار تەرىپىدىن بۇرمىلىنىپ، مەسجىد بىنا قىلغۇچىنىڭ روھىغا ئاتاپ ئوقۇلىدۇ دەپ چۈشەندۈرۈلىدۇ. قۇرئاننىڭ تىرىكلەرگە چۈشۈرۈلگەنلىكى نۇقتىسىدىن ئالغاندىمۇ ئۆلگەنلەرگە ئاتاپ ناماز ئوقۇلمايدۇ، ئەلۋەتتە. بۇ ناماز

بويى كوچىسىنى ئايلىنىپ، ئاندىن يان دەرۋازا، قوناق بازىرى، ئوردا ئالدى كوچىلىرىنى زىيارەت قىلىشتى. ھەممە يەردە پۈتكۈل شەرق بازارلىرىنىڭ ئومۇمىي خۇسۇسىيىتى چىقىپ تۇراتتى.

— مەن دەيمەن، — دەپ سۆز باشلىدى مەجىددىن ئەپەندى، — ئۇيغۇرلار بەك ئاقكۆڭۈل خەلق بولۇش بىلەن بىللە، يەنە ئىنتايىن قىزغىن مىجەزلىك خەلق ئىكەن. دىققەت قىلدىڭلارمىكىن، بىز ئايلىنىپ ئۆتكەن كوچىلاردىلا نەچچە يەردە توپلىشىۋالغانلارنى كۆردۇق، ئۇلارنىڭ قىزغىنلىق بىلەن ئولىشىۋالغانلىقىغا قاراپ ئۇ يەردە قىزىق بىر ئىش بولغان ئوخشايدۇ، دەپ قالىسىز. ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇنچىۋالا ئىش يوق. يا بىر چەتئەللىك مال ئېلىۋاتقان بولىدۇ، يا ئىككى ئادەم قىزىرىشىپ قالغان بولىدۇ... ئىشقىلىپ شۇنچىلىكلا بىر ئىش.

مەمتىلى ئەپەندىنىڭ چىرايىغا قوپۇق قىزىللىق تەپتى. ئۇ بۇ گەپتىن ئۆزى ياكى يېقىن كىشىسى ھاقارەتكە ئۇچرىغاندەك نومۇسى كەلدى. لېكىن ئۇ مەجىددىن ئەپەندىدىن رەنجىمىدى، دوختۇرنىڭ ھاقارەت مەخسىتىدە دېمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ گەپلەر ھەقىقەتەنمۇ راستىدى. شۇڭا ئۇ يۈرىكىنىڭ شىددەت بىلەن تېپىشىنى سەل تىزگىنلىۋېلىپ دېدى:

— ئومۇمەن، ھاياتتىن لەززەت تاپالمايدىغان، تۇرمۇشنى ھايۋانلاردىن سەللا يۇقىرى سەۋىيىدە ئورۇنلاشتۇرۇۋېلىپ شۇنىڭدىن قانائەتلىنىدىغان، بەلكى بۇنىڭدىن يۇقىرىراق تۇرمۇشنىڭ بولىشىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان، مەنىۋىي دۇنياسى قۇرۇق بولغان ئادەملەر ھەربىر ئۇششاق ئىشلارغىمۇ قىزىقىپ، ھېچنەرسە كۆرمىگەن كىشىدەك ئۆزىنى ئۇرۇپ تۇرىدۇ. ئەسلىدە بۇ ئادەملەر ھاياتنىڭ باشقا قىزىقچىلىقلىرىنى، ھەقىقىي لەززىتىنى تېتىپ كۆرمىگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەنىۋىي دۇنياسى تېخىمۇ كەمبىغەل بولىدۇ. بەزىلىرى ماددى جەھەتتىن ئالاھىدە باي بولسىمۇ،

---

رەسۇلىللاھنىڭ سۈننىتى بولۇپ، ھەرزامان مەسچىتكە كىرىلسە پەرز نامازغا تۇرۇلمىغانلا بولسا ئولتۇرماستىن مۇشۇنداق ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇلىدۇ، — ئا.

www.uyghurkitap.com

يەنىلا مۇشۇ قالاق مۇھىت ئىچىدە ياشاپ تۇرغىنىمچۇن مەنىۋى جەھەتتىن ئوخشاشلا گادايى بولىمەن. چۈنكى بايلىققا تايىنىپ، تۇرمۇشنى ئۈچۈن مەنىۋى بايلىق يارىتىشنى بىلمەيدۇ. روھى لەززەت ئېلىشنى بىلمەيدۇ. ھەتتا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا بۇنداق تەلەپمۇ بولمايدۇ. مانا شۇنداق كەڭ دائىرىلىك مەنىۋى گادايلار مۇھىتىدىكى بۇ ئادەملەر يولدا بىرسى يىقىلىپ چۈشسىمۇ گويا كەم ئۇچرايدىغان قىزىق تاماشا تېپىلغاندەك ئەتراپىغا ئولىشىۋالىدۇ. مۇشۇنداق ئەرزىمىگەن نەرسىلەرنى ئەمەك قىلىپ ئۆمرىنى ئۆتكۈزىدۇ، مەنىۋى ئاچلىقىنى بېسىشقا تىرىشىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ زادى نېمىگە تەشنا بولىۋاتقانلىقىنى، كۆڭلىدىكى ئاچلىقنىڭ ئوزۇقى نېمە ئىكەنلىكىنى ئۆزلىرىمۇ چۈشەنمىگەچكە بىرسىنىڭ دوپپىسى چۈشۈپ كەتكەنگىمۇ، بىرسىنىڭ تېيىلىپ كەتكىنىگىمۇ «ھو!... » تۈۋلىشىپ دىۋەيلىشىدۇ، — تەۋپىق ئازاپ ۋە ئېچىنىشقا تولغان ئاۋازدا سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە بىر ئاز زەردىلىك ئاھاڭدا قوشۇپ قويدى، — بىز ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى ياخشىمۇ ئاران ئون مىليونكەن[①]، ئاز بولغىنىمىز بىلەن بىز تۈۋلىشىپ، قىستىلىپلا يۈرىمىز. بىرگە تەرتىپ، قائىدە ـ قانۇنمۇ ئاسانلىقچە ئۆزلىشىپ كەتمەيدۇ. بۇنداق چېچىلاڭغۇلۇققا يۈرتۋازلىق ئىللىتى قوشۇلۇپ، جاھاگىرلارنىڭ بىزنى كولدۇرلىتىشى ئۈچۈن پايدىلىق شەرت شارائىت ھازىرلايدۇ.

---

[①] نوپۇس ھەققىدىكى بۇ سان سوۋېت تارىخچىسى ئا. ھاكىمبايېۋنىڭ «ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ شىنجاڭغا بولغان تەسىرى» ناملىق ماقالىسىدا تىلغا ئېلىنغان 20 ـ يىللاردىكى نوپۇس سانىغا كۆرە ئېلىنىدى (بۇ ماقالە ئىلگىرى سوۋېتتە چىققان «تارىخ مەسىلىلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1982 ـ يىلى 10 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان ئىكەن). نوپۇسىمىز ھەققىدىكى بۇ تەخمىننى باشقا ئىككى مەنبە بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرگەندىن كېيىن ئىشىنىشكە بولۇدىغانلىقىنى تېخىمۇ ھېس قىلغىلى بولىدۇ: بىرى، 1915 ـ يىللاردا ئاتۇش ئېكىساقتا مەكتەپ ئېچىشقا كەلگەن تۈركىيەلىك ئەھمەت كامالنىڭ شۇ يىللار ھەققىدىكى ئەسلىمىلىرى بولغان «چىن — تۈركىستان خاتىرىلىرى»دۇر. ئەھمەد كامال شۇ يىللاردىكى (1915) نوپۇسنى 10 مىليوندىن كۆپ دەپ تەخمىن قىلغان؛ يەنە بىرى، 1908 — 1909 يىللىرى دىيارىمىزنى ۋە جوڭگونى كەزگەن تۈرك سەيياھى ئابدۇرېشىت ئىبراھىم شۇ يىللاردىكى نوپۇسىمىزنى 12 مىليون دەپ خاتىرىلىگەن، — ئا.

بىزدىكى يۇرتۋازلىق شۇ دەرىجىگە يېتىپ بارىدۇكى، يۇرت بىلەن يۇرت ئارىسىدىكى زىدىيەتتە ئۆز مىللىي قېرىنداشلىرىمىز ئۇستىدىن غەلىبە قىلىش ئۈچۈن ئورتاق دۈشمىنىمىزنى ئىتتىپاقچى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىشتىن يانمايمىز. ئۆز ئىچىمىزدىن بىرى يۇرت سورىسا ھېچكىم ئۇنى قوللىمايدۇ، ياراتمايدۇ ــ يا ئۇنىڭ يۇرتىنى پەس كۆرىدۇ، يا ئۇرۇقىنى پەس كۆرىدۇ. ئەمما چەتتىن كەلگەن بىرى شىلىلىمىزگە مىنىۋالسا ھېچكىم ئۇنىڭ نەسەبىنى سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرمايدۇ. ئەكسىنچە ئۇنىڭ بىلەن كارى يوق، ئۇنىڭ ياردىمى ۋە يەل بېرىشى بىلەن ئۆز ئارا نىزاھ-جاڭجال قىلىشنى توختاتمايدۇ... ھېلىقى چەتتىن كەلگەن كەلگىندى بولسا ئەسكەر، يالاقچى ۋە باشقا زۆرۈر خادىملارنى ئۆزىمىزدىن ئېلىپ، ئۆزى يالغۇزمۇ جاھان سوراپ كېتىۋېرىدۇ...

تەۋپىقنىڭ ھەمرالىرى باشلىرىنى سېلىپ جىم مېڭىشتى. ئۇلارمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئاجىزلىقلىرى ھەققىدە مەمتىلى ئەپەندى ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقان باھاغا قوشۇلاتتى. بۇ مىللەتتىكى ئىللەتلەر ھەققىدە ئەڭ ئەۋەل دىموكرات ئابدۇقادىر داموللا دىئاگنوز قويغان، شۇنداقلا داۋالاشقا جىددى كىرىشكەندى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى يا كېسەلنى داۋالاشقا جىددىي ئۇرۇنۇلمىغانىدى، يا كېسەل يوشۇرۇلغانىدى. كېسەلنى يوشۇرۇشنىڭ ئىنتايىن پايدىسىز ئىكەنلىكى ھەر بىر زىيالىغا ئايان بولغىنىدەك سۆھبەتداشلارنىڭ ھەممىسىگىمۇ ئايان بولغاچقا بۇ نۇقتىنى چۈشىنەتتى. مەجىددىن ئەپەندى بولسا مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئازاپلىق ئىقرارىدىن يۈرىكى ئېچىشقان ھالدا يەر ئاستىدىن ئۇنىڭغا قاراپ قويدى. بۇ چاغدا مەمتىلى ئەپەندىنىڭ يۈرىكى ئۆزى بايا دىئاگنوز قويغان كېسەلنى ساقايتىش ئىستىكى بىلەن تولغانىدى. مەجىددىن ئەپەندى ئۇنىڭغا تەسەللى ئېيتماقچى بولغاندەك:

ــ بۇ ئىللەتلەر يالغۇز ئۇيغۇرلارنىڭ ئاجىزلىقى ئەمەس، ئومۇمەن تۈركلەرنىڭ ھەممىسىگىلا ئورتاق، ئەپەندىم، ــ دېدى.

ــ بىراق، بۇ بىر ئۇلۇغ ئانا، قېرى ئانا... ئۇنى ئەيىپلەش ھەددىمىز ئەمەس، ــ دېدى تەۋپىق خىيالچان ھالدا.

ئۇلار ئوردا ئالدى كوچىسى بىلەن يەنە ھېيتگاھ ئالدىغا چىققاندا قوياش غەربكە قىشايغان بولۇپ، ھېيتگاھ مۇنارىسىنىڭ سايىسى ئۇزىراپ كەتكەنىدى.

بۇ يەردە بىر نەچچە ساقچى ئۇلارنى توسۇپ، مەمتىلى ئەپەندى بىلەن ئەخمەد ئەپەندىنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈردى.

ساقچىلار كەتكەندىن كېيىن يۈسۈپ ئەپەندى:

— بايقى قادىر ھاجى ئەۋەتكەن ئادەملەر ئوخشايدۇ، — دېدى، — ئۇلار ھەربىر ئوقۇمۇشلۇق ئادەملەرگە، يەنە بىرگە، باي ئادەمگە ئەنە شۇنداق دىققەت قىلىدۇ، ئۇلاردا ھەربىرىمىزنىڭ تەپسىلى ئارخىپىمىز بولىشىمۇ مۇمكىن... ئاجايىپ ئەنسىز جاھان بولۇپ كەتتىغۇ... — يۈسۈپ ئەپەندى كۆڭلىنى خىرە قىلغۇچى سۆزلەرنى ئانچە ئۇزۇنغا سوزمىغان بولسىمۇ بەزى مۇھىم ھالقىلىرىنى سۆزلەپ ئۆتتى.

كەيپى خىلىلا بۇزۇلغان زىيارەتچىلەر مۇشۇ مەنزىلدە توختاپ، ھەر قايسى ھەر تەرەپكە تارقاشماقچى بولۇشتى.

— ئەپەندىم، قەيەرگە بارماقچىسىز؟ — دەپ سورىدى مەجىددىن ئەپەندى، — مېنىڭ ئۆۋامغا كېتەمدۇق ياكى ئوردا ئىشىكىگە كېتەمسىز؟ سىزنىڭ نەغمە ـ ناۋالىرىڭىزنى خويمۇ سېغىنۇۋېدىم...

يۈسۈپ ئەپەندىمۇ ئۇنى «قانداق قىلىسەن؟» دېگەندەك قارىدى.

— مېنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىم قىزىل دۆۋىدە، ھازىر توختاجى بىلەن كېتىمەن. ئەتە نەرسە ـ كېرەكلىرىمنى ئېلىپ ئۇزاپ كېلىمەن. ئاۋۋال ئوردا ئىشىكىگە ـ زىيانىڭ ئاستانىسىگە چۈشۈمەن، ئۆگۈنلۈككە سىزگە قوناق بولىمەن، لېكىن شۇندىمۇ نەغمە ـ ناۋادىن تامادا بولمىغايسىز. بۇ گەپنى ئېچىپ خاپىلىقىمنى قوزغاپ قويىدىڭىز. بىلەمسىز، پىئانىنوسىمنى ھىندىستاندا تاشلاپ كېلىشكە توغرا كەلدى.

— بۇ كىشى ئۇ يەردە مېھمانخانا خوجايىنى بىلەن دوستلۇشۇپ قېلىپ، ئايرىلىدىغان چاغدا ئاغىنىدارچىلىقنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن ھىسسىياتقا بېرىلىپ كېتىپ پىئانىنوسىنى قالدۇرۇپ كەلگەندى، ئەمدى چىدىمايۋاتىدۇ، — دېدى توختاجى كۈلۈپ.

— ئۇ چاغدىكى ئەھۋالدا ئۇنى ئاياپ ئولتۇرۇشقا بولمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھېلىقى ئاجايىپ داۋانلاردىن ئۇنى ئېلىپ ماڭماقمۇ مۇمكىن بولماسكەن، قالدۇرغىنىمىزمۇ توغرا بولغانىكەن، دەپ ئويلاۋاتاتتىم. بىراق، ئەمدى ماڭا پېئانىنو بەكمۇ لازىم بولۇدۇغانلىقىنى ھېس قىلىۋاتىمەن.

— غەم قىلماڭ، دوستۇم، ئۇنىڭسىزمۇ قەشقەر دېگەن دۇتار-تەمبۇرنىڭ كانىغۇ، بىز شۇلار بىلەن قىلىدىغىنىمىزنى قىلىۋېرىمىز.

— بىراق پېئانىنومۇ ئۆز نۆۋىتىدە لازىم - دە، بۇ ئىشتىن كۆڭلۈم بەكمۇ يېرىم.

تەۋپىقنىڭ راستىنلا كۆڭلى يېرىم بولغىنىنى چۈشەنگەن دوختۇر تەسەللى ئېيتتى:

— ئالدىرىماڭ، كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماي تۇرۇڭ. مېنىڭ شىۋېد دوختۇرخانىسىدا بىر تونۇشۇم بار، ئۇنىڭكىدە بىر پېئانىنونىڭ بارلىقىنى كۆرەتتىم، ئەمما بىر قېتىممۇ چالغىنىنى كۆرگىنىم يوق، يا ئۇ ئاۋالقى دوختۇر قالدۇرۇپ كەتكەن نىمە، بولمىسا بۇزۇق مال.

— قېنى سىز سۆزلىشىپ كۆرۈڭ، بۇزۇق بولسىمۇ مەيلى، ئوڭشىۋالىمەن، سېتىپ بېرىشكە ئۇنىسىلا بولغىنى.

ئۇلار شۇ يەردە خوشلىشىپ ھەر قايسى ھەر تەرەپكە تارقاشتى.

## 3

تۇن نىسبىدىن ئاشقان بولسىمۇ مەمتىلى ئەپەندى ئويقۇسىنى قوغلاپ تۇتالماستىن ئۇيان - بۇيانغا ئۆرلەتتى. ئۇنىڭ خىيالىدىن نۇرغۇن ئىشلار تىزىلىپ ئۆتەتتى.

قەشقەر ئۇنىڭ تەسەۋۋۇر قىلغىنىدىن يامانراق بولۇپ چىقتى. ئەسلىدە ئۇ ئۆزى چەتتە يۈرگەن يىللار ئىچىدە قەشقەردە مەلۇم تەرەققىياتلار بولدىغۇ دەپ ئويلىغانىدى. لېكىن قەشقەر جاھالەتنىڭ تۇمانىدا غۇۋۇلىشىپ تۇرغان، يەنە كېلىپ ئالدىنقى ئۈچ يىللىق يېغىلىق خەلقنى

تېخىمۇ نامراتلاشتۇرىۋەتكەنىدى. نامراتلىق ھەر قاچان خۇراپات ياخشى كۆكلەيدىغان تۇپراقىدى. خۇراپات بولسا قاشقا بېدىگە ئوخشاش ئۆزى ئۆسكەن تۇپراقنى «ياخشىلايتتى».

«نامراتلىق ــ خۇراپاتلىق ــ نامراتلىق» دەۋر قىلىپ بۇ قەدىمىي مىللەتنىڭ قەدىمى شەھىرىنى ئۆزىنىڭ ئۇۋىسىغا ئايلاندۇرىۋالغانىدى. قەشقەر بازىرىدىكى تەرتىپسىزلىك، بىكارچىلىك، نامراتلىق، جېدەل - ماجرا مەمتىلى ئەپەندىنىڭ يۈرىكىنى سانسىز خەنجەردەك ئىسكەنجىگە ئېلىۋالغانىدى.

ھەممىدىن يامىنى شۇ ئىدىكى، خەلقىنىڭ نادانلىقىدىن پايدا ئېلىپ ئۈگەنگەن ھۆكۈمران گوروھ ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەرنى يوق قىلىۋېتىش كويىدا ئىدى. ئىلگىرى ئابدىقادىر داموللىنى قانداق يوق قىلىشقانلىقلىرى ھەققىدىكى خاتىرە كۆڭۈل ئىكرانىدىن ئۆتمەكتىدى. ئۇقمىشلاردىن قارىغاندا ھازىرقى ۋەزىيەتكە ئىشەنچ قىلغىلى بولمايتتى. سوۋېت بولشېۋىكلىرى شىڭ شىسەينىڭ ھاكىمىيەتنى چاڭگىلىغا ئېلىۋېلىشى ئۈچۈن ياردەملىشىپ، بۇ تۇپراقلاردا ئىمتىياز قازانماقتا، ئاشكارە يوشۇرۇن شەكىللەر بىلەن ئۆز ئادەملىرىنى بۇ يەرلەردىكى ھاكىمىيەت قاتلاملىرىغا تىقماقتىدى. بۇ ھالدا كېيىنۋەرسە تەبىئىيكى، بۇ يەردىمۇ بولشېۋىكلارنىڭ تازىلاش سىياسەتلىرى، رەھىمسىز سىنىپىي كۆرەشلەر ئەۋج ئېلىپ كېتىشى مۆلچەردىن تاشقىرى ئەمەسىدى. بۇ ۋاقىتلىق تىنچلىق بۇزۇلغان ھامان ئىشپىيونلار تەرىپىدىن ئاللىقاچان رويخېتى تۈزىلىپ تەييارلىنىپ بولغان ئادەملەر ھەرخىل شەكىلدە يوقىلىشقا باشلايتتى.

مەمتىلى ئەپەندى بىشى تەرەپتىكى ئېچىۋېتىلگەن دەرىزىدىن يولتۇزلۇق ئاسمانغا قاراپ ياتاتتى. نەدىدۇر بىر يەردە پاقا كۇكىرىدى. قىزىل دۆۋىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە بىر سازلىق ئېرىق، جەنۇبىدا قىزىل دەرياسى بارىدى، شۇڭا بۇ يەردە پاشلارمۇ يېتەرلىكىدى. مەمتىلى ئەپەندى ئۈچ - چېكى يوق خىيالدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن شامنى ياقتى. (ئۇ ھەر قانداق جايدا ياتسا ياستۇقى يېنىغا چىراق، سەرەڭگە ۋە يانچۇق دەپتىرىنى

قويۇپ ياتاتتى) ئاندىن بوگۇن ھېيتگاھ ھەققىدە كۆڭلىگە تىزىۋالغان شېئىرنى خاتىرلەپ قويدى. ئاندىن يەنە چىراقنى ئۆچۈرۈپ، ئۇخلاش ئۈچۈن ئۆز ـ ئۆزىنى مەجبۇرلىدى.

لېكىن ئويلا ـ ئويلا، ئۇيقۇسى كەلمىدى. ئۇخلىيالمىغانسېرى خىيال باستى ئاخىرى ئۇنىڭدا ھەممىدىن بىزار بولۇش تۇيغۇسى پەيدا بولدى. ئۇ بۇ يەرگە كېلىشتە بىرمۇنچە زىيان تارتقانىدى. ئۇنىڭ ئوبدان خىزمەت ئورنى باردى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئەدىبە ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسى بىلەن بولغان باغلىنىشى تېخىمۇ ئاجايىپىدى. ئەگەر ئۇ ئەدىبەگە ئۆيلىنىشىنى خاھلايدىغانلا بولسا كاتتا بىر بايغا مىراسخور بولۇپ قالاتتى. بۇنچە كۆپ مال ـ مۈلۈك بىلەن ئۇ غەمسىز ياشىيالايتى. ئەدىبەدەك تېپىك ئۇيغۇر گۈزىلى ئۇنىڭ ھاياتىغا بەخت ۋە خوشاللىق بەخش ئېتەلەيتى. .. ئۇنىڭدا ئىككىلىنىش تۇيغۇسى پەيدا بولدى. نىمىشكە ئىككىلىنىش پەيدا بولمىسۇن؟ ئۇ شۇنچە كۆپ قۇربان بېرىپ ــ ئاۋۋال يۇرتىدىن ئايرىلىپ، ئاندىن ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ خوتۇن، بالا ـ چاقىسىنى تاشلاپ ئوقىغان، كېيىن ئەدىبەدەك گۈزەلنى ۋە ئۇنىڭ نۇرغۇن مال مۈلكىنى تەرك ئېتىپ، شۇنچە ئۇزاق مۇساپىنى بېسىپ كەلسە بۇ يەردە ئۇنى دار كۈتۈپ تۇرسا... جاھاننىڭ تېنچ ۋاقتىدا قايتىپ كەتكەن تۈزۈكمۇ، قانداق؟

تەۋپىق بىر قارارغا كېلەلمىدى. ئاخىر ئۇ ئالدى بىلەن قەشقەردىكى دوست بۇرادەرلەر بىلەن كۆرۈشۈپ، پىكىرلىشىپ، ئاندىن ئاتۇشقا بېرىپ ئۇرۇق ـ تۇغقانلار بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن بۇ ھەقتە بىر قارارغا كەلمەكچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن سەل ـ پەل يىنىكلەشكەندەك بولدى.

ئۇ ئۇيغۇغا كەتكەندە باش توخۇ چىللىغانىدى.

www.uyghurkitap.com

# ئالتىنچى باب

## 1

تۈن پەردىسى ئالەمنى قاپلىغان، ئەتراپ جىمجىت...

... نىزامىددىن بىلەن مەمتىلى ئەپەندى قەھرىلىك ئۆركەشلەۋاتقان، شاقىراشلىرى كېچە جىمىلىقىغا سۈر بېغىشلايدىغان بىر دەريانىڭ ساھىلىدا ئۇچراشتى. سەل ئىلگىرى ئىككىسى دەريانىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرۇپ قول پۇلاڭلىتىشقان، ھېلىراقتا مەمتىلى ئەپەندى بۇ تەرەپكە ئۆتكەنىدى.

دەريا بويى بۇلۇتلار ئارىسىدا ماراپ چىققان ھىلال ئاي نۇرىدا سۇس يورىغان، سۇ يۈزىدە ئاي شولىسى ئەلەڭلەپ تۇراتتى. ئۇلار بىر-بىرىنىڭ قولىنى سىقىشقان چاغدا نىزامىددىننىڭ سوزۇنچاقراق، گۆشلۈك، كەڭ يۈزى ۋە قېلىن كالپۇكلىرى دىرىلدەپ كەتتى. مەمتىلى ئەپەندىنىڭ پىشقان ئالمىدەك يۈزىدىن نۇر تۆكۈلۈپ تۇراتتى. نۇرلۇق كۆزلىرىدە كۈلۈمسىرەش،... سۇس يورۇقلۇقتا ئۇلارنىڭ رەڭگى- روھىدا ئىپادىلىنىۋاتقان ئىنچىكە نازۇك ئىپادىلەرنى بايقىغىلى بولمايتتى.

— ئاخىرى قايتىپ كەپسەن -دە؟ — دېدى نىزامىددىن، ئىككىسى بىر- بىرىگە قارىشىپ بىر ھازا ئۈنسىز بېقىشىپ تۇرۇشقاندىن كېيىن، — ئەمدى ئىككىمىز ئايرىلمايلى، مېنىڭ سەندىن باشقا قېرىندىشىم يوق ئەمەسمۇ...

— مېنىڭ تۇرۇشۇم قانداق بولاركىن، ئاكا، — دېدى مەمتىلى ئەپەندى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە بىلىنەر- بىلىنمەس مەيۈسلۈك چاقناپ ئۆتكەن بولسىمۇ ئىللىق كۈلۈمسىرىشىنى داۋام قىلىپ، ئۇ پات- پات دەرياغا گويا سۇ ئۇلغىيىپ دولقۇن كۆتىرىلىۋاتامدۇ قانداق دېگەندەك قاراپ قوياتتى.

— نېمىشقا؟ نېمىشقا تۇمايسەن؟ ئەجەبا ئون نەچچە يىللىق جۇدالىق ساڭا يەتمىدىمۇ؟ ئۆز ۋەتىنىڭدىن زېرىكتىڭمۇ؟ بىزدىن

زىرىكتىڭمۇ؟

ــ ياق، ئاكا، ئۇنداق ئەمەس، لېكىن، ... مەن بەك كىچىكىپ قاپتىمەن، بەك كېيىن كەپتىمەن ئەگەر بۇرۇنراق كەلگەن بولسام بەك ياخشى بولاتتى... ئىنقىلاپنىڭ راسا قىزىغان ۋاقتىغا ئۈلگۈرۈپ كېلەلمەپتىمەن...

ــ مەيلى، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، كۆڭۈلدىكىدەك ياشاپ كېتەلەيسەن. ساڭا ئوخشاش چەتتە ئوقۇغان ئادەمگە ھەر قانداق مەھكىمىلەردە خىزمەت تېپىلىدۇ.

مەمتىلى ئەپەندى ئىستىھزا بىلەن كۈلۈمسىرىدى.

ــ ئاكا، «پادىشاغا خىزمەت قىلىشنىڭ ئىككى تەرىپى بار. ھەم نان ئۈمىدى، ھەم جان قورقۇنچىسى»[①]. شۇڭا ئاشۇ ئۈمىدنى دەپ قورقۇنچقا چۈشۈپ قېلىش ئاقىللارنىڭ پىكرىگە خىلاپ،ــ دېدى ئۇ ئىلگىرىكىدەكلا سالماق قىياپىتىنى بۇزماي.

ــ ئۇنداق بولسا تېخى ياخشى، ئۆيدە ھۈنەر قىلساقمۇ بەخۇدۇك جان بېقىپ كېتىمىز. بىلەمسەن، مەن خېلىدىن بۇيان ئۆيدە بوياقچىلىق دوكىنى ئېچىپ كېلىۋاتىمەن، ئالدىراش بولغاندا ئونچە نىمكار سالىمەن، ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا ئىككى نىمكار ئىشلەيدۇ. دەسلەپ بىر مەزگىل ئاخۇن دادامغا ۋەكىل بولۇپ ئورۇس كونسولخانىسىدا تۇردۇم، ئىشنىڭ تەقەززارسىدىن شۇ يەردە ئاشۇ خەقنىڭ تىلىنىمۇ ئۆگىنىۋېلىپ كەتتىم دېگىنە... كېيىن ئاخۇن دادامنىڭ سودا ئىشى توختىغان ھامانلا بوياقچىلىقىمنى قىلغىلى تۇردۇم، ئىككى نىمكارنى دائىمىي ياللىۋالدىم،... مېنىڭ ئەھۋالىم ئەنە شۇنداق، سەن ئەمدى تېۋىپچىلىك قىلساڭمۇ بولىدۇ، ئىشقىلىپ قولۇڭدىن ھېچ ھۈنەر قېچىپ قۇتۇلالمايدىغۇ؟...

ــ ھۈنەر بولىدىغان گەپ،... مەن ماۋۇ لايىقا سۇدىن ئەنسىرەيمەن،...ــ مەمتىلى ئەپەندى كۆڭلىدىكىنى ئېيتىشتىن ئەنسىرەۋاتقاندەك جىمىپ

---

[①] شەيخ سەئىدى :«گۈلىستان» دىن.

www.uyghurkitap.com

قالـدى. ئـۇ يەنە دەرياغـا قـاراپ قويـدى. تاشـقىن بولـۇش ئېهتىمـالى بـاردەك قىلاتتى. ئۇ ئـاي پېتىـپ كـەتسە مۇشـۇ گـىرىمسـەن يۇرۇقلۇقنىمـۇ مەهـرۇم قالارمەنمۇ دەپ ئەنسىرىگەندەك باش كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قاراپ قويدى.

ـــ بولمىغۇر گەپلەرنى قويۇپ يۈر ئۆيگە!

ـــ مۇشۇ ئۆي بولماي قەيەر؟

نىزامىددىن هەيران بولۇپ ئەتراپىغا قارىۋىدى، راستىنلا ئۇلار هويلىغا كىلىپ قېلىشقانىكەن، خۇلۇم- خوشنا، ئۇرۇق- تۇققانلار هـويلىنى بىـر ئالغانىدى، هەممىسى مەمتىلى ئەپەندىگە ئېهتىـرام بىلدۈرەتتى، مەمتىلى ئەپەندى بولسا ئۇلارغا تىخىمۇ تۆۋەنچىلىك بىلەن تازىم قايتۇراتتى.

ئۆز- ئۆزىدىن مەرىكىلەرمۇ پەيدا بولـدى. مېهماننىڭ شـەرىپىگە نەغمە- نـاۋا قىلىنىشـقا باشـلىدى. مەمتىلـى ئەپەنـدى سـۆپىنىڭ لىۋىـدە نىزامىـددىننىڭ كىچىـك قىـزى پـاتىمەنى قۇچىقىغـا ئېلىۋالغـان بولـۇپ «ئانام، ئانام» دەپ ئەركىلىتەتتى. بۇ قىز مومىسى بىلەن ئىسمداش ئىدى.

بىرەمـدىلا ئۇنـىڭ ئالدىـدا چـوڭ جىيەنـى غېنـى پەيـدا بولـدى. تەۋپىـق ئۇنىڭ بىشىنى سىلاپ تۇرۇپ:

ـــ يەكەن دەرياسى بويىدا سەن بىلەن تەڭ بىر دوستۇم قالدى...

ـــ مالـلىكامنىـڭ قىزىلقىنـى، ـــ دەيتـى بالىلارنىـڭ ئەڭ چـوڭى ئايىمگۈل، ـــ غېنى بىلەن تەڭ بالا ماللىكامنىڭ دوستىكەن!...

نەبى بىر چەتتە تۇرۇپ بۇ ئاجايىـپ كېلىشـكەن ئادەمنىـڭ ئـۆز تاغىسى ئىكەنلىكىگە ئىشەنگۈسى كەلمەيۋاتقاندەك قىزىقىش بىلەن قارايتتى.

ـــ كىچىـك بولسـا دوسـت بولمامـدىكەن؟ دوسـتلۇق دېگەن چـوڭ- كىچىــك دەپ چەكلەنمەيــدۇ، گەپ كۆڭۈلــدە،... ـــ دەپ چۈشــەندۈرەتتى تەۋپىـق جىيەنلىـرىگە، ئـۆزىگە خـاس ئەسـتايىدىللىق، زىرىكمەيـدىغان پوزىتسىيە بىلـەن، ـــ سـىلەر هەممىڭـلار ماڭـا يېقىن كىلىڭلار، نىمشكە ئۇنـداق قـاراپ تۇرىسـىلەر، مولۇنـدەك، ـــ دەيتـى ئـۇ چەتتىـراق يىتىرقـاپ تۇرغان رەجەپ بىلەن خانگۈل ۋە نەبىلەرگە قاراپ.

زورىخـان قېينـى ئىنىسـىگە ئولىشـىۋالغان بالىلىرىغـا قـاراپ هەم سۆيۈنگەن هەم چېچىلغان هالدا:

— مالىكالرىنىڭ ئارامىنى بۇزۇپ ھەممىڭلار يامىشۋاپسىلەرغۇ؟

— دەيتى. نىزامىددىن ئىنىسىنىڭ قىزىق مىجەزىگە قىزىقىپ قاراپ تۇراتتى... مىھمانلار كۆپەيمەكتىدى. ھەممە ئادەم مەتىلى ئەپەندىگە ئىھتىرام بىلدۈرەتتى...

...نىزامىددىن ئىغىر خيالغا پېتىپ ئۆزىگە كەلگەندەك ئەتراپقا قارىغان چاغدا ئاكا- ئۇكا تېخىچە ھېلىقى سۈرلۈك دەريانىڭ ساھىلىدا تۇرىشاتتى. گۇگۇم پەردىسى كۆكنىڭ يۈزىنى يېپىپ، ئەتراپ قاراڭغۇلاشقان بولۇپ،دولقۇنلارنىڭ ئۆرلىشى ۋە قايناملارنىڭ سۈرلۈك تولغۇنىشلىرىنى كۆرگىلى بولمىسىمۇ شاۋقۇننىڭ ۋەھىمىلىك ئاۋازىدىن ھەممىنى ھېس قىلغىلى بولاتتى. دەريانىڭ باش- ئايىقى بولسا ئاسماننىڭ قارا رەڭگى بىلەن پۈتۈنلەي قوشۇلۇپ كەتكەندى.

نىزامىددىن ئىنىسى بىلەن بىللە بولغان قىسقا، تاتلىق دەملەرنىڭ پەيزىدە مەست بولغاندەك، ھېچنىمىنى ئاڭقىرالماي ئەتراپقا قارايتتى، قەلبى ۋىسال شارابىغا قانمىغان ئىدى. بىراق، ئۇ ئىنىسىنى تۇتۇپ قېلىشقا ئاجىز كەلدى.

مەتىلى ئەپەندى نېمىشكىدۇر خوشلاشماستىن جىم- جىتلا گۇگۇم قۇچىقىدا ئىگراۋاتقان دەريا تەرەپكە مېڭىپ كەتتى. ئۇ شۇنچىلىك تۇيۇقسىز كەتتىكى، ھەممە گويا ئەسلىمىدەك تويۇلۇپ كەتتى.

— توختاپتۇر، نەگە بارىسەن؟ مەنمۇ بىللە باراي!.... — نىزامىددىن قول پۇلاڭشىتىپ ۋارقىرايتى.

مەتىلى قول ھەركىتى بىلەن ئاكىسىنىڭ بىللە مېڭىشىنى خالىمىغاندەك ئىپادىنى بىلدۈردى ۋە دولقۇنلار باغرىدا كۆرۈنمەي قالدى. نىزامىددىن تېڭىرقىغانچە ساھىلدا تۇرۇپ قالدى. ئەتراپ ئاۋالقىدەك جىمىپ قالغان بولۇپ، سۆكۈتكە چۆمگەن كائىنات رىۋايەتلەردىكى ئابى ھايات يوشۇرۇنغان زۇلمەتتەك چەكسىز ۋە چوڭقۇر بىلىنەتتى، نىزامىددىننىڭ ئەتراپىدا يۈرتداشلار پەيدا بولۇشقا باشلىدى ۋە ئۇنى ئورىۋالدى، ئۇلارنىڭ ئىغىر نەپەسلىرىنى ئاڭلىغاندىلا ئۆزىگە كەلگەندەك بولدى - دە، دەريا تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇ قەھرى بىلەن نەرە تارتتى،

www.uyghurkitap.com

ئارقىدىن ساھىلدا تۇرغانلار ئىچىدىكى بىر مۇنچە كىشى ھەم دولقۇنلار باغرىغا ئۆزلىرىنى ئېتىپ غايىپ بولدى. گەرچە بۇ مۇدھىش قىسمەتنى سېزىپ تۇرسىمۇ نىزامىددىنىدا ئۆزىمۇ ئۆلۈپ بولغاندەك تۇيغۇ بولغىنى قىزىق ئىدى. ئۇ ھەم ئەندىكىپ ھەم بوغۇلۇپ تېپچەكلەيتى...

... ئۇ سوغۇق تەرلەپ كەتكەن بولۇپ، ئۆزىنىڭ چۈش كۆرگەنلىكىنى بىلىپ خۇداغا شۈكرى- سانا ئېيتتى ۋە تۈنىنىڭ قالغان قىسمىدا ئىنىسىنى ئويلاپ ئۇخلىيالماي تولغىنىپ ياتتى ...

ئۇ ئەتتىگەنلىك چاي ئۈستىدە بۇ چۈشىنى زورىخانغا ئېيتتى. بالىلارمۇ داستىخاندا جەم ئىدى.

— خەيىردۇر، ئىنشائاللاھ، خۇدا نېسىپ قىلسا پات يېقىن دىدارلاشساق ئەجەپ ئەمەس، كۆڭلۈمدە ئۇ كېلىپ قالىدىغاندەكلا قىلىپ تۇراتتى، — دەپ ئۇن قاتتى زورىخان چوڭقۇر تىنىپ.

— دادا، مالىكام قانداق ئادەم؟ — دەپ سورىدى نەبى ھەمىشە ئۆيدە تەرىپى بولۇپ تۇرۇدۇغان، ئەمما ئۆزى كۆرۈپ باقمىغان تاغىسىنى بىلگۈسى كېلىپ.

— مەن بىلىمەن، مالىكام ئوتتۇرا بوي، ئاق سېرىق، چىرايلىق ئادەم، چاخچاقچى، بالىلارغا ئامراق، ھە، يانا، يانا... — دەپ چوڭقان سالدى غېنى.

— بىكار گەپ، — دېدى ئايىمگۈل ئىنىسىنى رەت قىلىپ، ھەممىڭنىڭ ئاچىسى تۇرۇپ مەنمۇ تازا ئەسلىيەلمەۋاتسام، سەن قانداق بىلەتتىڭ؟

— ئىشەنمىسەڭ دادامدىن سوراپ باق، مېنىڭ دېگەنلىرىم راستمۇ قانداق؟ مەن دېگەن بەك كىچىك ۋاقتىمدىكى ئىشلارنىمۇ ئېسىمگە ئالالايمەن.

— دېگەنلىرىڭمۇ راست. لېكىن ھەممىسى دادام ئېيتىپ بەرگەن گەپلەر. ئۇنداق گەپنى دېسەڭ سەن تۇگۇل پاتىمەممۇ بىلىدۇ.

— سەن نىمىشكە بىلمەيسەن، ئايىمگۈل، دېدى زورىخان،— مالىكاڭ تاغ ئارقىسىغا چىقىپ كەتكەندە سەن نەبىجانچىلىك بارىدىڭغۇ

دەيمەن.

ــ چۈشۈمدىكىدەك بىلىمەن، تازا ئاڭقىرىپ كېتەلمەيمەن.

ــ بۇ كالۋا، مەن بولسا بىلىتتىم،ــ دېدى غېنى.

ــ دادا، ــ دېدى نەبى، ماللىكام نىمىشكە تاغ ئارقىسىغا چىقىپ كەتكەن؟

ــ بۇ ئىشلارنى سەن چوڭ بولغاندا ئېيتىپ بېرىمەن. ھازىر بۇنى دېسەممۇ چۈشەنمەيسەن، ــ دېدى نىزامىددىن قېلىن كالپۇكىنى بىلىنەر-بىلىنمەس تىترىتىپ.

دۇئادىن كېيىن ئۇ بۇياقخانىغا كىرىپ كەتتى.

## 2

نىزامىددىن قويلارغا ھەلەپ ئېتىپ بولۇپ ئوقۇرنىڭ تۆشۈكىدىن باشلىرىنى چىقىرىپ، ھەلەپنى تۈمشۇقى بىلەن ئۆرۈپ كېپەكلىك يېرىنى تاپماقچى بولۇپ ئۈرۈنۈۋاتقان قويلارغا قاراپ، ئۇلارنىڭ بىر خىلدا «گىرت- گىرت» قىلىپ ھەلەپ چايناشلىرىغا قۇلاق سېلىپ، خىيالچان تۇرۇپ قالدى. ئۇ دېھقانچىلىق ۋە بوياقچىلىقتىن تاشقىرى ئۇلاق بېقىش بىلەن مەشغۇل بولاتتى. ئۇ ئۇلاقنى بىرخىل ئەرمەك دەپ بىلەتتى، ئىچى پۇشقاندا ئۇلار بىلەن مىلىكە بولاتتى.

ئۇ ئاشۇ ھالەتتە يەنە قانچىلىك تۇراتتىكىن، بىراق بىرمۇنچە كىشىنىڭ يېقىنلا جايدىن ئاڭلانغان، سۆزلىشىش ئاۋازى ۋە ئۇششاق باللارنىڭ ۋاراڭ- چۇرۇڭى بارغانسېرى يېقىنلاپ كىلىپ، ئۇلارنىڭ دەرۋازىسى غىچىرلاپ ئېچىلدى. مانا شۇندىلا نىزامىددىن خىيال ئەسىرلىكىدىن قۇتۇلۇپ ئارقىسىغا ئىتتىك ئۆرۈلۈپدى، جەنۇب تەرەپكە قاراپ تۇرۇدۇغان دەرۋازىنىڭ بوسۇغىسىدا ئۈستى- بېشىغا سەپەر چاڭ- توزاڭلىرى قونغان، كاستيۇم- بۇرۇلكا، بېشىغا بېرى[1] كىيگەن، كىچىك

[1] بېرى ــ تۈركلەرنىڭ بىر خىل باش كىيىمى، ــ ئا.

www.uyghurkitap.com

بۇرۇت قويغان، نۇرلۇق يۈزلىرىدىن تەبەسسۇم يېغىپ تۇرغان ئوتتۇرا بويلۇق بىر كىشى تۇراتتى. نىزامىددىن ئۆز كۆزىگە ئىشەنمىگەندەك كۆزىنى چىمچىقلىتىپ بىر نەچچە سېكونت مەڭدەپ قالدى. بۇ ۋاقىت ئىچىدە مېھمانمۇ نىزامىددىننىڭ ئىگىز بويلۇق، بەستلىك قامىتىگە كۆز تىكىپ ئۈنى باشتىن- ئاياق كۆزۈتۈپ چىقىشقا ئۈلگۈردى. مېھمانغا ئەگىشىپ كەلگەن مەھەللە- كويلار ۋە كەپسىز باللارمۇ بۇ ئاجايىپ هاياجانلىق مىنوتلارنىڭ كەيپىنى بوزۇۋېتىشنىڭ ياخشى بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ، ئالدىن كېلىشىۋالغاندەك تاپسىدا ۋە بۇسۇغىدا تۇرۇپ قېلىشتى. ئۇلار مېھماننىڭ يۈك- تاقلىرىنى كۆتىرىۋېلىشقاندى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئاكا! ... — دېدى ئاخىرى مېھمان تىترەڭگۈ ئاۋازدا. ئۇ «مېنى تونۇمىدىڭمۇ؟» دېمەكچىدى، لېكىن هاياجاندىن بوغۇلغان تىلىغا بۇ گەپلەر دەرمەھەل كەلمىگەچكە ئۇنداق دېيىشكە ئۈلگۈرمىدى، ئاڭغىچە نىزامىددىنمۇ ئىسنى يىغىپ:

— ۋەئەلەيك...مەمتىلى! ... — دەپ ۋارقىرىدى ۋە ئۇنىڭغا ئېتىلىپ كەلدى، نىزامىددىننىڭ ئاۋازى بوغۇلۇپ كەتكەن بولۇپ، نېمىلەرنى دېگىنىنى ئاڭقىرىپ بولمايتى.

ئۇلار هويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قۇچاقلاشتى. نىزامىددىن بەك هاياجانلىنىپ كەتكەچكە ھېلى سېغىنچلىرى ھەققىدە بىر نەچچە ئېغىز پىچىرلايتتى. كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچىلىك ئارىلىقتا هويلىدا قىيا- چىيا باشلاندى. ئارقىدىنلا يېتىپ كەلگەن ئۇرۇق- تۇغقانلار ۋە يېقىن خولۇم قوشنىلار خۇددى بىرسى قازا قىلغاندەكلا يىغا- زارە كۆتۈرۈشتى. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى مەمتىلى ئەپەندىگە ئېسىلىپ يىغلىشاتتى. مومايلارنىڭ ئىچىدىن بەزىلىرى مۇڭلۇق قوشاقلارنى قوشۇپ يىغلىشاتتى. گاھ ئۇنىڭغا، گاھ بۇنىڭغا ئېسىلىشىپ، هويلا سەيناسىدا دەۋر قىلىپ ئايلىنىشاتتى. قوشنا - خولۇملار، ئۇرۇق - تۇغقانلار، كىچىك باللار هويلىغا سانجاق- سانجاق تولۇپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى مويسىپىتلىرى پېشايۋان سۇپىسىدا ئولتۇرۇشۇپ، ئۇزۇن يىل ئايرىلىپ

كەتكەن قېرىنداشلارنىڭ مەرھۇملارغا ھازا تۇتۇپ ھەمدە قايتا دىدارلىشىش خۇشاللىقىدىن يېرىلىپ يىغلاشلىرىغا قاراپ، ئۆز قاراشلىرىنى، تەقدىرنىڭ سىرلىق يازمىشلىرى بولۇدۇغانلىقىنى سۆزلىشەتتى. ئورۇن تەگمىگەنلەر تام بويلاپ تىزىلىشىپ ئۆرە تۇرۇشاتتى. بۇ ئاجايىپ قاينام-تاشقىنلىقنىڭ چۈش ئەمەسلىكىگە ئىشىنىش نىزامىددىن ئۈچۈن ئاسان بولمىدى.

يىغا- زارە قوشاقلىرىدا مەرھۇم موللا توختاجى ۋە پاتىمەملەر يادلىناتتى. ئۇلار ھايات بولسا، بارسا كەلمەس يولدىن قايتىپ كەلگەن ئوغلىنى كۆرسە نېمە بولۇپ كېتەرىدى، دېگەندەك ئارمانلار بايان قىلىناتتى.

جامائەت ئىچىدىن يۇرت ئاقساقاللىرىدىن چىقىپ يىغا- زارە قىلىشىۋاتقانلارنى سەۋرىگە ئۈندىدى، خۇدانىڭ ھېممىتىگە شۈكرى سانا ئېيتىشقا دەۋەت قىلدى.

يىغا - زارە بېسىققاندىن كېيىن مەمتىلى ئۈيغۇر ئادىتى بويىچە ئۇزۇن يىللىق جۇدالىقتىن كېيىن ھەربىرەيلەن بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، تېنچلىق سورىشىپ چىقتى. شۇ پۇرسەتتە كىشىلەرنى ئىنىسىگە تونۇشتۇرىۋاتقان نىزامىددىن بۇ سورۇندىكى مويسىپىت بىر ئادەمنى بويامەتنىڭ ئىمامى مۇھەممەد ئىمام دەپ ئىنىسىگە ئاستىلا ئەسكەرتتى ۋە ئىنىسىگە باشقىچىلا قاراپ قويدى. بۇ مويسىپىت تەۋپىققا بىر خىل شۈبھىلىك نەزەردە قاراپ سوغۇقلا كۆرۈشۈپ قويدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇرۇق- تۇغقانلار، يۇرت مۆتىۋەرلىرىدىن باشقىلار بىر ئىككىدىن تارقاشتى.

قالغانلار پېشايۋان سۇپىسىدا بەداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇشۇپ، سۇنچاي ئىچكەچ ھەر خىل تېمىلاردا پاراڭغا چۈشتى. مەمتىلى ئەپەندى ئۇلاردىن يۇرتنىڭ ئەھۋالىنى سورىسا، ئۇلار ئۇنىڭدىن چەتئەلدە كۆرگەن- ئاڭلىغانلىرىنى سورايتتى.

بۇ سورۇنمۇ ئۇزاققا بارمىدى. قاراڭغۇ چۈشكەندە ئۆي ئىگىلىرى بىلەن ئەڭ يېقىن تۇققانلاردىن بىر نەچچىسى قېلىپ، باشقىلار خوشلۇشۇپ:

www.uyghurkitap.com

— مېھمان ئۇزۇن يولدىن كەلدى، بالدۇرراق ھاردۇق ئالسۇن، — دەپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى.

نىزامىددىن ئۇلارنى ئۇزۇتۇپ دەرۋازىنى تاقاپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، تېخىچە ئۇخلىماي كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ ئولتۇرۇشقان باللارغا تاتلىق- تۈرۈملەرنى بېرىپ، پەپىلەپ ئولتۇرغان ئىنىسىگە قاراپ:

— ئانامنىمۇ، دادامنىمۇ سەنسىز ئۇزۇتۇپ قويدۇق، ئۇكام،... — دېدى غەمكىنلىك بىلەن، — ئۇلا سېنىڭ كەلگىنىڭنى بىر كۆرگەن بوسا نېمە بولۇپ كېتەدى...

— ئىننا لىللاھى ۋە ئىننا ئىلەيھى راجىئۇن[1]، ئاللاھ جايىنى جەننەتتىن قىلغاي، — مەمتىلى ئەپەندى ئۆزىنىڭ ۋە ئاكىسىنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن تەسەللى ئېيتتى. قايغۇلۇق سۆزلەردىن پەيدا بولغان سۈكۈت ئارىدا بىردەم ھۆكۈم سۈردى. جىم- جىتلىقنى يامان كۆرىدىغان تەۋپىق باللار بىلەن پاراڭ قىلىش ئارقىلىق ئارىدىكى سۈكۈناتنى قوغلىۋېتىش ئۈچۈن باللارنىڭ چوڭى بولغان ئايىمگۈل بىلەن گېپىنى:

— ۋۇي، ئايىمگۈل، غېنى، ئىككىڭلار ماڭا ئۇكىلىرىڭلارنى تونۇشتۇرۇپ قويمامسىلەر؟ — دېدى.

15 ياشلار چامىسىدىكى ئايىمگۈل تاغىسى يۇرتتىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن تۇغۇلغان ئۇكىلىرىنى تونۇشتۇرۇشقا باشلىدى:

— بۇ رەجەپ، غېنىنىڭ ئارقىسىدىكى، بۇنىڭ ئارقىسىدىن ماۋۇ، خانگۈل، توققۇز ياشقا چىدى؛ بۇنىڭ كەينىدىن بىر ئۇكام ئۆلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ كەينىدىكىسى ماۋۇ نەبى، بەش ياشقا چىدى؛ بۇنىڭ كەينىدىن پاتىمەم، يەنە تېخى روشەنگۈلمۇ بار، ئۇ بۆشۈكتە ئۇخلاۋاتىدۇ.

— شۇنداقمۇ؟ — دېدى مەمتىلى ئەپەندى ئادەت سۆزىنى ئىختىيارسىز تەكرارلاپ، — ۋۇي، بۇ مېنىڭ ئانام ئىكەنغۇ، — دېدى ئۇ يېتىرقاپ تۇرغان پاتىمەمنى قۇچىقىغا ئېلىپ، — قانداق، ئانجان؟ —

---

[1] «بىز ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقىدامىز، چوقۇم ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز» — «بەقەرە سۈرىسى » 156 ـ ئايەت، ئايەت.

دەپ چىقىشتى ئۇ.

— ئانامنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن بۇنىڭغا ئانامنىڭ ئىسمىنى قويۇپ قويدۇق، — دېدى نىزامىددىن.

مەمتىلى ئەپەندى بالىلارنىڭ بۇرۇنراق ئۇخلىشىنى نەزەردە تۇتۇپ ئۇلار بىلەن خوشلاشتى:

— شۇنداق قىلىپ سىلەر بىلەن تونۇشۇپ قالدۇققۇ؟— دېدى بالىلارنى بىر- بىرلەپ سۆيۈپ، — ئەمدى ئەتە يەنە كۆرۈشىمىز، بىللە ئوينايمىز، قانداق؟ ئەمسە هازىر بېرىپ ئۇخلاڭلار، ياخشى بالىلارنىڭ ياخشى يېرى، گەپ ئاڭلايدۇ، شۇنداققۇ؟ — بالىلار گەرچە بەك گەپ ئاڭلايدىغانلاردىن بولمىسىمۇ، نىمىشكىدۇر تاغىسى شۇنداق دېگەن هامانلا سېھىرلەنگەندەك ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ئانىسىغا قاراپ قويۇشتى. ئۇلارنىڭ قەلبىدە تاغىسىنىڭ نوپۇزى يۈكسەك ئورۇنغا چىققانىدى.

— بۇلارنى ئۇخلىتىڭ، يەڭگە، — دېدى مەمتىلى ئەپەندى زورىخانغا.

زورىخان پاتىمەنى كۆتۈرۈپ، بالىلارنى باشلاپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئاكا- ئۇكا ئىككەيلەن يۇرتتىكى ئۆزگۈرۈشلەر، خەلق قوزغىلىڭى، تۇڭگان يېغىلىقى، هازىرقى ئەهۋاللار ئۈستىدە پاراڭلاشتى. نىزامىددىن ئىنىسى يۇرتتىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىنكى كەچمىشلىرىنى ۋە يۇرت ئەهۋالىنى سۆزلەپ بەردى.

— ما دوتەي ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن ئاخۇن دادام قايتىپ كېلىپ سوۋېت بىلەن سودا توختامى تۈزدى. مېنى ئۆزىگە ۋەكىل قىلىپ كونسۇلخانىغا ئەۋەتتى. بۇ ئۇزۇن مۇددەتلىك سودا بولماقچىدى. شۇڭا مەن ئىشىنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن كونسۇلخانىدا تۇرۇپ روسچە ئۆگەندىم. سودىمىز يېغىلىق يىللىرىغىچە داۋام قىلغانىدى. كېيىن ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقىدا هەممە ئىش ئاستىن- ئۈستۈن بولۇپ كەتتى. خەلق قوزغىلىڭىدىن كۈتكەن ئۈمىدىمىز يوققا چىقتى.

شۇنىڭ بىلەن ئۆيدىكى بوياقخانىنى يۈرگۈزۈشكە باشلىدىم. .. ئەمدى سەن كەلدىڭ، يۈرىكىم توق بولدى. هەر نىمە قىلساقمۇ بىللە قىلىمىز.

www.uyghurkitap.com

ــ مەن ۋەتەنگە قايتىشتا زور بىر ئىسلاھات قايناملىغا چۆمۈشىنى ئويلاپ كەلگەنىدىم، بۇنداق دېيىشىمدە مەنمۇ قوزغىلاڭغا ئۈمىد باغلىغانىدىم. خەلق قوزغىلىڭىنىڭ قۇدرىتى بىلەن ئەسىرلىك زەنجىر-كىشەنلەرنى چېقىپ تاشلاپ، يېڭى دۇنيا قۇرۇشنىڭ دولقۇنىدا ئۈزۈشنى ئارمان قىلغانىدىم. بۇنداق ئارزۇدىكىلەر ئاز ئەمەسىدۇق. ئەپسۇسكى، كۆپ كېچىكىپ قايتىمەن ... ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋەزىيەت ئىنتايىن قالايمىقان بولغاچقا چەتئەلدىن كېلىدىغانلار قاتتىق كونترول قىلىنىۋاتقانىكەن، ھىندىستاندا ھايال بولۇپ قالدۇق... قوزغىلاڭ ئىنتايىن مەككار ئادەملەر تەرىپىدىن بۇرمىلىنىپ كېتىپتۇ، ... ئاڭسىزلىق ئۆزىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىپتۇ، شىر كۈچلۈك بولغىنى بىلەن ئاڭسىز بولغىنىچۇن قاپقانغا دەسسىگەندەك ئىش بوپتۇ... ئەمدى ۋەزىيەت بىزنىڭ خاھىشىمىزغا ئىستەك- ئارزۇيىمىزغا، غايىمىزگە يارىشا بولامدۇ يوق، كۈزىتىپ بېقىپ، نېمە قىلىش توغرىسىدا بىر نېمە دېيىشەرمىز... ــ دېدى مەمتىلى ئەپەندى.

ــ ئەگەر بالدۇر كەلگەن بولساڭلارمۇ بىر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقىش قىيىنىدى. بۇ ئىشقا ھەدېگەندە چەتئەل كۈچلىرى، چەتئەل قولچوماقلىرى ئارىلىشىپ ئىشنى مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتتى، دەسلەپ بىرى ئارىلاشقان بولسا، كېيىن قالغانلارمۇ تەسىر دائىرە تالىشىش ئۈچۈن تەرەپ- تەرەپتىن كىلىپ ئارىلىشىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن قوزغىلاڭ رەھبەرلىرى گاڭگىراپ قالدى. بۇنداق ئەھۋالدا نېمە قىلغىلى بولۇدۇ؟

ــ ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ قوزغىلاڭ پارتىلىغان غەزەپنىڭ مەھسۇلى، ئويغانغان ئاڭنىڭ مەھسۇلى ئەمەس، دەڭا!

ــ شۇ... بىزنىڭ ۋەتىنىمىز باشقىلار تالىشىپ ئويناپدىغان ئىگىسىز نەرسىدەك بولۇپ قالغانىكەن...

ــ ئاڭلىسام، سوۋېت تەرەپ دەسلەپتە قوزغىلاڭچىلارنى

قوللىغانىكەن، كېيىن ھۆكۈمەت تەرەپكە ياردەم بېرىپتۇ[1]، سىز بۇنىڭغا نېمە دەپ قارايسىز؟

— ھەي، ئۇكام، «جانمۇ- جان ئۆزىنىڭ جېنى، كىشىنىڭ جېنى - ئىتنىڭ جېنى» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ. دۇنيادا خالىس ياردەمچىنىڭ بولىشىغا ئىشەنمەيمەن. سوۋېتنىڭ دەسلەپ قوزغىلاڭچىلارنى قوللىشى، كېيىن شىڭ ھۆكۈمىتىگە ياردەم بېرىشى ئوخشاشلا بىر مەقسەتنى ئاساس قىلغان — ئۆزلىرىنىڭ مىللىي مەنپەئەتى. قوزغىلاڭچىلارنى قوللاپ، ئۇلارنىڭ غەلىبىسىدىن كېيىن بولۇدۇغان ئىمتىيازدىن كۆرە، مەۋجۇت ھۆكۈمەتنى قوللاپ، نەخنى نېسىغا تېگىشمىسە پايدىلىقراق ئەمەسمۇ؟ بۇنىڭدا ھەم ئۆزلىرىگە پايدىسىز ئاقىبەتلەرنىڭ ئالدىنى ئالغىلىمۇ بولۇدۇ، «ئىنەكنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈن موزاينىڭ بېشىغىمۇ كېلىدۇ'» دېگەندەك، خىتايلارنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈننىڭ ئۆز بېشىغىمۇ كېلىشىنى ئويلىماي قالامدۇ،— نىزامىددىن بىردەم شۈكلەپ كەتكەندىن كېيىن پەس ئەمما قەتئىي ئاۋازدا قوشۇپ قويدى، — ھەركىم ئۆز غېمىنى ئۆزى يېيىشى كېرەك! ... ئاخىر زامان بولۇپ ئىسانىڭ ئاسماندىن چۈشۈشىنى، ئاخىر زامان پادىشاھى ئىمامھەسەننىڭ بەنت بولۇپ كەتكەن تاغدىن چىقىپ بىز ئۈچۈن غازات قىلىشىنى كۈتۈش ھاماقەتلىك، ئەلۋەتتە.

مەمتىلى ئەپەندى جىم- جىت قۇلاق سالدى.

— سىنىڭ قارىشىڭ قانداق؟— دەپ سورىدى نىزامىددىن.

— ... شۇ، شۇنداق، خەقتىن ياكى غايىپ روھلاردىن ئۈمىد كۈتۈش ئەخمەقلىق! ھەركىمنىڭ چىرىقىنىڭ يورۇقى ئۆزىگە چۈشىدۇ، شۇڭا ھەر كىم ئۆزىگىلا ئىشەنچ قىلىشى كېرەك!... — ئۇ بۇ سۆزلەرنى ئۆرە تۇرۇپ قىلدى ۋە پەگادا ئاستا ماڭغاچ داۋام قىلىپ، باغ تەرەپكە كىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ يۈرىكىنى نېمىدۇر بىر نەرسە قاماللىۋالغاندەك بولۇپ قالغانىدى.

---

[1] بۇ ھەقتە بورھان شەھىدىنىڭ «شىنجاڭنىڭ ئەللىك يىلى» ناملىق كىتابىغا — 454 — 476 - بەتلەردىكى كىچىك ماۋزۇلارغا قارالسۇن— ئا.

شۇڭا كۆك ئاسمانغا قاراپ بىردەم نېرۋىسىنى ئاچماقچى بولدى ھەم بىر تال «سۈرناي» نى تۇتاشتۇرۇۋېلىپ، تۇتۇننى كۆك ئاسمانغا قارىتىپ پۈۋلەشكە باشلىدى.

ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشەنگەن نىزامىددىن ئىنىسىنى مەيلىگە قويۇپ، زورىخاننى چاقىردى:

— ئىسسىق سۈيىڭ بارمۇ؟ مەمتىلى ھەقچان نەچچە ھەپتىدىن بېرى يۇيۇنمىدى، يۇيۇنۇۋالسۇن، ئۇبدانراق ھاردۇقى چىقىدۇ، — دېدى.

— ئىسسىق سۇنى راسلاپ قويدۇم.

باغدىن قايتىپ چىققان تەۋپىق، ئاكىسىنىڭ يۇيۇنۇۋېلىش تەكلىپىنى ئاڭلاپ يەڭگىسىگە:

— يەڭگە، خاپا بولماي ئايرىم بىر چۆگۈن سوغۇق سۇمۇ بېرىڭ، ئاچياردىكى بۇلاقنىڭ مۇزدەك سۈيىدىن بولسا تېخىمۇ ياخشى، — دېدى.

نىزامىددىن ئىنىسىنىڭ دادىسىنىڭ تېبىبي قاراشلىرى بىلەن شەكىللەنگەن ئادەتلىرىنى ھازىرغىچە ساقلاپ كېلىۋاتقىنىغا قاراپ كۈلگىسى كەلدى، ھەم ئاللىقانداق روھى تەسىرلەر بىلەن يۈرىكى لەرزىگە كەلگەندەكمۇ بولدى.

تەۋپىق قازناقتىكى ئەۋرەزدە ئىسسىق سۇ بىلەن ئۇزاق يۇيۇنۇپ بولغاندىن كېيىن، سوغۇق سۇ بىلەن بەدىنىنى چايقاپ، تازا راھەتلەنگەندەك بولدى، ئۆزىنى يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلدى. ئۇ شۇنداق كەيپىي چاغ بولۇپ قازناقتىن چىقىپ نىزامىددىننىڭ يېنىغا سېلىنغان ئورۇنغا كىرىپ ياتتى. ئاكا- ئۇكا ئىككەيلەن يەنە ئۇزۇنغىچە ئۇيقۇلىرى كەلمىگەچكە پاراڭلاشتى.

ئەتىسى تەۋپىق ئاكىسىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئاتا- ئانىسىنىڭ تۇپراق بېشىغا چىقتى. قەۋرىستانلىق بويامەتنىڭ غەربىي جەنۇپ تەرىپىدە، ئاچيارنىڭ شىمالى قىرغىقىغا يېقىن جايدا — تېتىر يېزىسىغا كېتىدىغان يولنىڭ شەرق تەرىپىدە ئىدى. بۇ بىر پارچە ئاپپاق ئاقىرىپ تۇرغان قاغچىراق يەر بولۇپ، ئاندا- ساندا شاپ ۋە كۆك يانتاقلار ئۆنگەندى. قەۋرە ئۈستىدىكى جىم- جىتلىق ۋە قۇرغاقچىلىق كىشىگە ئىختىيارسىز

بىچارىلىك بىغىشلايتتى. ھاياتنىڭ ئاخىرقى مەنزىلى بولغان بۇ جايدىمۇ جەمئىيەتتىكى تەكشىسىزلىك بىلىنىپ تۇراتتى؛ ئېگىز ياسىلىپ پۇختا سۇۋالغان قەۋرىلەر بايلاردەك، سانسىز توپا دۆۋىلىرى بولسا ئاۋامدەك تۇيۇلاتتى. بىراق، بۇ يەر جەمئىيەتتەك قىزىق ۋە قىزغىن ئەمەسىدى. بىر چاغلاردا ھەيۋەتلىك بولغان گۇمبەز ۋە قەۋرىلەرنىڭ شامال ھەم يامغۇر زەربىسىدىن ــ يىللار دەھشىتىدىن ئۇپراپ، ئۇۋۇلۇپ چۈشكەن ھالەتلىرى گويا بىر چاغلاردا جاھانغا پاتماي قالغان شوخ ۋە ساياق قىزنىڭ ئاخىرىدا ئىگە ـ چاقىسىز بىچارە مومايغا ئايلىنىپ، دوڭغاقلاپ قالغىنىدەك ئۆمسە بىلىنەتتى. ئومۇمەن بۇ سۆزلىيەلمەيدىغان، مىدىرلىيالمايدىغان، قىسقىسى، تاۋۇش چىقىرالمايدىغانلار ماكانى شۇ قەدەر سۈرلۈك سۈكۈنات باسقانىدىكى، خۇددى جىنازا نامىزى ئالدىدىكى مۇسىبەت جىمجىتلىقىنى ئۆزىگە سىڭدۈرىۋالغاندەك ھەربىر كۆرۈنۈشىدىن مۇڭ ۋە ھەسرەت تۆكۈپ تۇراتتى.

بۇ جىمجىتلىقنى بۇزغۇسى كەلمىگەندەك ئۇلارمۇ جىمجىت تۇرۇپ ئۈنسىز دۇئا قىلدى. ئەسلىدە نىزامىددىن ئىنىسىنى قۇرئان ئوقۇمىدىكىن دېگەندەك بىر ھازا كۈتكەن بولسىمۇ، تەۋپىق دۇئاغا قولىنى كۆتۈرۈپ پەقەت رەسۇلۇللاھ قەۋرىستانلىقتا ئوقۇغان دۇئانى ئوقۇش بىلەن چەكلەندى. ئارقىدىن ئۆزىنىڭ تىلەك ئىلتىجالىرىنى بىلدۈرۈپ، ئاتا ـ ئانىسىغا جەننەت تىلىدى.

ــ نېمىشقا قۇرئان ئوقۇمىدۇڭ؟ ــ دەپ سوراپ قويدى نىزامىددىن قەۋرىستانلىقتىن يولغا چىقىۋاتقىچە.

ــ بىدئەت، پەقەت دۇئا قىلىش كېرەك، رەسۇلۇللاھ قەبرىلەرنى زىيارەت قىلغاندا «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، يا ئەھلەل قۇبۇر ۋە ئىننا ئىنشائاللاھۇ بىكۇم لەلاھىقۇن»[1] دېگەن دۇئانى ئوقۇغان، قۇرئان ئوقۇمىغان، ــ دەپ جاۋاپ بەردى تەۋپىق.

---

[1] بۇخارى ۋە باشقا ھەدىس كىتاپلىرىغا قارالسۇن. مەنىسى: «ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئەي قەبرە ئەھلى، ئىنشائاللاھ يېقىندا بىزمۇ سىلەرگە يېتىشىمىز» ــ ئا.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# يەتتىنچى باب

## 1

ئۈچىنچى كۈنى نىزامىددىن ئىنىسىنىڭ تېنچ - ئامان قايتىپ كەلگىنى ۋە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئەرۋاھلارغا ئاتاپ ياغ پۇرىتىش ئۈچۈن تۇز[1] قۇيۇشقا تۇتۇندى. بۇ تۇز ئەينى ۋاقىتتا يەنە مەمتىلى ئەپەندىنىڭ يۇرتتىكىلەر بىلەن يۈز كۆرۈشۈش مۇراسىمى بولاتتى. ئۇزۇن يىللىق سەپەردىن كەلگەنلەرنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن نەزرە بېرىش قەدىمىدىن داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئادەتتى.

هويلا، يىراق - يېقىندىن كەلگەن ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلەر بىلەن تولۇپ، بوشاپ تۇراتتى. نىزامىددىن ئاتۇشنىڭ ئاتاغلىق كىشىلىرىدىن بولغان تاشاخۇنۇمنىڭ جىيەنى بولغاچقىمۇ، ھەم ئۆزى ھۈنەرۋەن ــ ئەلنىڭ مۇلازىمەتچىسى بولغاچقىمۇ ئۇنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت دائىرىسى خېلى كەڭ ئىدى. مەرھۇم تاغىسى تاشاخۇنۇمنىڭ كىچىك خوتۇنى سارىخېنىم ئوغۇللىرى سەيپىددىن ۋە لىۋاھىددىنلارنى ئېلىپ ئەتتىگەندىلا كەلگەنىدى.

تەۋپىق، ئاخۇن دادىسىنىڭ ئوغۇللىرىنى چاپسانلا ياقتۇرۇپ قالدى. يىگىتلەرنىڭ تەسىراتىمۇ ئۇنىڭدىن باشقىچە ئەمەسىدى، ئۇلارنىڭ بىر نەۋرە ئاكىسىنى ياقتۇرماسلىقى مۇمكىن ئەمەسىدى، ئەلۋەتتە. سەيپىددىن بىلەن لىۋاھىددىن ئىككىسى ئاق - قارىنى پەرق ئېتىدىغان، ئوقۇمۇشلۇق يىگىتلەردى. چوڭى سەيپىددىن ھازىر قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسىدە كاتىپلىق قىلىپ يۈرەتتى. ئىنىسى لىۋاھىددىن بولسا ئۆزلىرىنىڭ ئۆيىدىكى مەكتەپتە تاتار مۇئەللىم سالاھىددىن بىلەن

---

[1] تۇز ــ تۇز قۇيماق ــ ئومۇمەن داش قازاندا ئاش ئېتىپ جامائەتكە بېرىدىغان مۇراسىملارنىڭ ھەممىسى ئادەتتە شۇنداق ئاتىلىدۇ. بولۇپمۇ بۇ ئاتۇشتا مۇشۇنداق ئاتاش يايغىن بىر ئادەت، ــ ئا.

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ ئايالى مۇشىپقە خانىمنىڭ ھەم ئوقۇغۇچىسى، ھەم يارەمچىسىدى. ئۇ يول يۈرگەندە ئازراق ئاقسايدىغان ئەيىپى بولىشىغا قارىماي، تولىمۇ چىرايلىق، كېلىشكەن، چىچەن يىگىت ئىدى.

تەۋپىقنىڭ بىر نەۋرە ئىنىلىرى ئۇنىڭغا يۆيۆشۇپلا ئالدى. ئۇلارنىڭ ھەممىنى بىلىشكە تەشنا قەلبى مەمتىلى ئەپەندىنىڭ سۆزلىرىدىن لەززەت ۋە ئارام تاپقاندەك بولاتتى. شۇڭا سوئال سوراپ ھارمايتتى.

نەزىرگە ئاتۇش قازىلىرىدىن تېجەنلىك موللا ئىبىز داموللا ئوغلى ئەمەت مەخسۇم بىلەن قەدەم تەشرىپ قىلىشقانىدى. موللا ئىبىز داموللام تۆرت قازىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئادالەتپەرۋەر كۆڭلى يۇمشاق كىشى بولغىنىچۇن، ئاۋام خەلق ئىچىدە ھۆرمىتى چوڭ ئىدى. ئۇ كىشى ئاددىي پۇقرالارنىڭ ھەرخىل مەرىكىلىرىگىمۇ كۆڭۈل ئاياپ قەدەم تەشرىپ قىلاتتى. ئۇ قازىلىق قىلغاندىن تاشقىرى ئۈگىرۈۋقتىكى موللا تۇداجى، ئىمىنھاجى ئاكا- ئۇكىلار سالدۇرغان مەدرىستە مۇددەرىسلىك قىلاتتى. ئوغلى ئەمەت مەخسۇممۇ شۇ مەدرىستە ئوقۇيتتى. ئۇلارنىڭ جامائەتتە يەنە تېجەن بايلىرىدىن قۇناجىممۇ باردى. ئۇنىڭ بىلەن ئوغلى ئابدىغوپۇر بىللىدى. ئابدىغوپۇرمۇ ئۈگۈرۈۋقتىكى مەدرىستە موللا ئىبىز داموللام ۋە مەمتىمىن سوپىزادىلەردىن دەرس ئالدىغان تەلەبىلەردىن بولغاچقا ياش يىگىتلەر بىر بىرلىرىگە يات ئەمەسىدى. بەزىدە مەدرىسكە كېلىپ تەلىم ئېلىپ تۇرۇدۇغان لىۋاھىددىن بىلەن تونۇشاتتى. شۇڭلاشقا ئابدىغوپۇر بىلەن ئەمەت مەخسۇممۇ مېھمانىنى ئورىۋېلىشقان ياشلارنىڭ توپىغا قوشۇلۇپ كەتتى.

ھايال ئۆتمەي نىزامىددىن ئۆزى بىلەن قۇرداش، ئورۇق بىر كىشىنى ئىنىسگە تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن باشلاپ كەلدى. مېھمانىنىڭ ئارقىسىدا يەنە بىر ياش يىگىت باردى.

— بۇ مېنىڭ دوستۇم تاھىر خەلپىتىم، — دېدى. نىزامىددىن، — شورۇقتىن. بۇخارا، ھىندىستانلاردا ئىلىم تەھسىل قىلغان. بۇ يىگىت ئۇنىڭ ئىنىسى ئابلىمىت قارى، مانا بۇ شائىر ئىنىمىز سابىت، بىز تېخى يېقىندا، مۇشۇ نورۇزدا تونۇشقانتۇق، مۇھەممەد قارىنى ئالغاچ كەلمەپسىلەر

- دە؟ — دەپ ئېسىگە ئالدى نىزامىددىن، — بۇلار مۇشۇ يىگىتلەر بىلەن تونۇشىدىغۇ، دەيمەن،...

تاھىر خەلپەت مەمتىلى ئەپەندى بىلەن بىردەم پاراڭلاشتى. ئاندىن خوشلۇشۇپ قايتماقچى بولۇپ، ئىنىسىگە قارىۋىدى، ئىنىسى بۇ چاغدا ياشلارنىڭ توپىغا قوشۇلۇپ، سۆھبەتكە شۇڭغۇپ كەتكەنىدى، شۇڭا نىزامىددىنغا قاراپ «ئۇنىڭ ۋاقتى چاغ تۇرۇپتۇ، زېرىككەندە كەتسۇن» دېگەندەك ئىشارە قىلىپ ئۆزى نىزامىددىننىڭ ئۇزۇتىشى بىلەن چىقىپ كەتتى.

ياشلار ئۆزلىرىنى ئاتۇشنىڭ ئەڭ ئىلغار پىكىردىكى يېڭى ئەۋلادى دەپ ھېس قىلىشقاچقا ناگان- ناگاندا ئوڭۇرۇقتىكى مەدرىستە بىرىيەرگە توپلىنىپ قىلىشسا مەسىلىلەرنى مۇتائىلە قىلىشىپ، ئۆز- ئارا پىكىرلىشىپ كېتىشەتتى. مۇشۇ بىر ئەۋلاد پىكىرداشلارنىڭ ئىچىدە ئىشتاچىلىق ئابدىراخمان بىلىم ۋە ھۆرمەتتە ئەڭ كۆزگە كۆرۈنگىنىدى... يىگىتلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ ئىپتىخارى بولغان بۇ يىگىتنى تۇشمۇ- تۇشتىن تەرىپلەپ، مەمتىلى ئەپەندىگە تونۇشتۇرۇپ كەتتى. ئابدۇراخماننىڭ دادىسى چوڭاخۇنباي ئىشتاچىنىڭ چوڭ بايلىرىدىن بولۇپ، مەرىپەتلىك كىشى ئىدى. ئۇنىڭ تەسىرى ۋە تەربىيىلىشى بىلەن بالىلىرىمۇ ئوقۇمۇشلۇق بولۇپ ئۆسكەنىدى. ئابدۇراخماننىڭ چوڭ ئاكىسى ئابدۇكېرىماخۇنمۇ شېئىر يازاتتى. ئىككىنچى ئاكىسى ئابدۇرېيىماخۇنمۇ كىلاسسىكلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشلۇقىدى. چوڭاخۇنباينىڭ قارا شەھەردە قۇراجاي، يەر- زېمىنلىرى بولغاچقا ئۇلار قاراشەھەردە بەزەن يىللاپ تۇرۇپ قالاتتى. قارا شەھەر بىلەن ئاتۇش ئارلىقىدا قاتناپ سودىگەرچىلىك قىلىشاتتى.

تەۋپىقنىڭ ياش ئىخلاسمەنلىرىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ سۆھبىتىمۇ قىزىپ كەتتى. تەۋپىق بۇ ياش دوستلىرىنى ياقتۇرۇپ قالدى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ سورىغان سوئاللىرىغا ئېچىلىپ- يېيىلىپ جاۋاب بەرگەندىن باشقا، ياشلارنى قىزىقتۇرۇدۇغان يەن يېڭىلىقلىرىنى سۆزلەپ بەردى. كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە بولسا

كەلگۈسى ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆزىگە كېرەكلىك قابىل ۋە ساداقەتلىك ياردەمچىلەرنىڭ تېپىلىدىغانلىقىغا سۆيۈنمەكتىدى. شۇنداقلا بىر كۈن ۋاقىت چىقىرىپ ئوڭۇرۇقتا مەدرىسكە بېرىپ، مەدرىسنى كۆرگەچ، ياش يىگىتلەر بىلەن تونۇشۇپ كېلىشنى كۆڭلىگە پۈكتى. بۇندىن باشقا مەدرىسمۇ ئۇنىڭ مەلۇم پىلانلىرىغا مۇناسىۋەتلىكتەك قىلاتتى.

نەزىرگە كېلىپ- كېتىۋاتقان مېھمانلاردىن بىرەر- يېرىم ياش ئايرىلىپ كېلىپ، تەۋپىقنىڭ ئەتراپىدىكىلەرگە قوشۇلۇپ تۇراتتى... گەرچە تەكلىپ قىلىنمىغان بولسىمۇ، ئەنئەنىمىزدىكى «تۈزغا بېشىچە بولسىمۇ بارغۇلۇق» دېگەن قاراشتىن پايدىلىنىپ، مەشھەتنىڭ جامائىتىگە قوشۇلۇپ، ئاتۇشنىڭ ئامانلىق مەسىلىلى توختى زۇنۇنمۇ كەلدى. بەلكى قەشقەردىن يولىۋرۇق تاپشۇرۇپ ئالغان بولسا، «ئوۋ»نى تونۇپ قويۇش ئۈچۈن كەلگەندۇ. ھەرھالدا ۋەزىيەتنى بەك سىلىق بېجىرىشنى بىلىدىغان كىشىدى؛ ئاممىۋى مۇناسىۋەتكە بەك دىققەت قىلاتتى، تويى- تۆكۈن، نەزىر- چىراقلاردىن قالمايتى، كۈلۈمسىرەپلا تۈرۈدۈغان سىلىق، سىپايە ئادەم ئىدى، شۇڭا، سادىدە ئادەملەر ئۇنى بەك ئادىمىگەرچىلىكى بار، دەپ باھالىشاتتى. نىزامىددىن ئىنىسىگە ئۇنى تونۇشتۇرغاندا ئىسمىنىلا ئاتاپ:

— كۆپنىڭ خىزمىتىنى قىلىدىغان ئاقكۆڭۈل ئاغىمىز، توختى زۇنۇن، مەشھەتتىن، — دەپلا تونۇشتۇرغان بولسىمۇ، ئۇ داستىخان تەرەپكە كېتىۋاتقاندا ئىنىسىنىڭ قۇلىقىغا شىۋىرلاپ ئۇنىڭ سالاھىيىتىنى ئېيتىپ قويدى. ھە، دېگەندە بۇ ئادەمنىڭ «ئادىمىگەرچىلىك»نى ئىپادىلەپ تۈزغا كېلىپ ئولتۇرۇشى نېمىشكىدۇر نىزامىددىننىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىپ قويدى. چۈنكى ئۇ تاغىسىنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىش تۈپەيلىدىن ئىجتىمائى مۇناسىۋەتلەرگە خېلى ساۋاتلىق بولۇپ قالغاچقا خەلق سىپايە، ئوبدان ئادەم كۆرىۋاتقان توختى زۇنۇننى بىر ئاز بىلگەندەك قىلاتتى.

يىگىتلەر بىلەن تەۋپىقنىڭ سۆھبىتى تاكى مېھمانلارنىڭ ئايىقى ئۈزۈلگىچە داۋام قىلدى. تەۋپىق ئۇلارنىڭ باشقا دوستلىرى بىلەن

مەدرىسىگە بىرگەن ۋاقىت چىقىرىپ كۆرۈشمەكچى ئىكەنلىكىنى ئېيتىشتى، ياشلار تۈشمۇ- تۈشتىن ئۇنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى ۋە ئەڭ كۆپ توپلىشىدىغان كۇنى بازار ئەتىسى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى، شۇنداقلا باشقا ياشلار بىلەن خەۋەرلىشىپ، ئالغاچ بارىدىغان بولۇشتى. شۇندىن كېيىنمۇ ئۇلار چەتئەلدىن كەلگەن ئەپەندىنىڭ يېقىملىق چىرايىغا قاراپ، ئۇنىڭ كىشىنى جەلپ قىلىدىغان سۆزلىرىگە بولغان ئەسىرلىكىنى يوشۇرالمىغان ھالدا قىيماستىن خوشلاشتى.

ئۇلار كوچىغا چىققاندىن كېيىنمۇ ئاڭلىغانلىرى ھەققىدە قىزغىن تالاش- تارتىش قىلىشتى، ھەيرانلىقىنى، مەپتۇنلىقىنى ئىزھار قىلىشتى. ئاخىردا ھەر بىرى مەمتىلى ئەپەندىنىڭ شەخسىي سۈپەتلىرى ۋە ئۇ سۆزلەپ بەرگەن يېڭىلىقلار ھەققىدىكى ئاخباراتنى ئېلىپ كەنتلەرگە تاراپ كەتتى. تەۋپىق ناھايىتى چاپسانلا سۆھبەتلەرنىڭ تېمىسىغا ئايلىنىپ، نۇرغۇن كۆڭۈللەردە قىزىقىش پەيدا قىلدى.

## 2

ئابلىمىت قارى بىلەن سابىت خېلى كەچ قايتتى. ئۇلار تالىپ ئاتالغىنى بىلەن ئىزچىل ئوقۇش يوق، بەزەن بېرىپ، بەزەن بارماي ئوقۇپ يۈرىشەتتى. بەزىدە بارسىمۇ دەرس بېرىدىغان ئادەم يوق، قايتىپ كېلىشەتتى. چىڭ تۇتمىغان ئوقۇشنىڭ تايىنى بولاتتىمۇ؟ بەزىدە ئوڭشۇرۇق مەدرىسىكە بارسا، بەزىدە تاشاخۇنۇمنىڭ ھويلىسىدىكى سالاھىددىن ئەپەندىگە بېرىشاتتى. ھېچبىرىدە ئىزچىللىق يوقىدى.

ئۇلار بۈگۈن ھاياتىنىڭ ئەڭ ھاياجانلىق بىر كۈنىنى ياشىغاندەك بولۇشتى. قانداق ئادەم- ھە؟ مۇشۇنداق ئۇستازىڭ بولسا... دېگەنلەر كۆڭۈللىرىدىن كېچەتتى.

— مۇھەممەد قارىنى بىللە ئېلىۋالغان بولساقچۇ، ئېسىت، — دېدى ئابلىمىت قارى، — ئەمدى بۇ يېڭىلىقلارنى ئۇقسا ئۇ چىچاڭلاپ

www.uyghurkitap.com

كېتىدىغان بولدى ـ دە، تاپا ـ تەنىسىدىن قۇتۇلماقمۇ تەس.

سابىت جاۋاپ بەرمىدى. ئۇنىڭ خىيالى بۈگۈن ئاڭلىغان دۇنيا يېڭىلىقلىرى بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. تەپەككۇرى ئاللىقاچان ئاشۇ ئاجايىپ شەھەرلەرگە پەرۋاز قىلىپ كەتكەنىدى.

ئۇلار مەشھەدتىن ئۆتكەندە ئوتتۇراق بىلەن مەشھەد ئارىسىدىكى سايلىق بىلەن ئاق بوز توپىلىق قاغجىرىغان ئۇزۇن ئارىلىقتىن ئۆتەتتى. ئاق بوزنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىگىز پەخشى تام بىلەن قورشالغان بىر قورغانچە باردى. ئۇنىڭ ئىچىدىمۇ بۇ قەدەر ئىگىز تام سوقۇپ مۇھاپىزەت قىلغۇدەك ھېچنېمە يوق، ئوخشاشلا ئاق بوز ئىدى. بۇ قورۇقنى «تاشاخۇنۇمنىڭ قورىقى» دېيىشەتتى. بۇ تېنىمسىز يېڭىلىقپەرۋەر ئادەمنىڭ بۇ قورۇقنى چۆرۈشتە قانداق پىلانلىرى باردىكىن، ئەمما ئۇ مەلۇم بولۇشقا ئۈلگۈرمىگەچكە، بۇ قورۇق خۇددى چۆچەكلەردىكى غايىپ غەزنىلەر يوشۇرۇلغان سىرلىق يەردەك بىر تۈرلۈك سۈر بېغىشلاپ قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى.

ياشلار ئوتتۇراقنى ئارىلاپ ياقۇۋاغىنىڭ بوستان مەھەللىسىگە يېقىنلاشقاندا ئابلىمىت قارى دوستىغا چاخچاق باشلىدى:

ــ ئاستانەڭگە كېلىپ قالدۇق، ــ دېدى ۋە ناۋايى غەزەللىرىدىن بىر بېيىت ئوقۇدى:

ئاستانەڭگە بېرىپ مەنزىلدە ياتماق ئارزۇ،
سەگلىرىڭنىڭ[1] سانىغا ئۆزۈمنى قوشماق ئارزۇ.

سابىت بۇ چاخچاقلارغا كۈلۈمسىرەپلا قويىدى. بوستاندا ئۇنىڭ مەشۇقى باردى. شۇڭا دوستى ئۇنىڭغا شۇنداق چاخچاق قىلاتتى.

سابىتنىڭ مىجەزى قانداق ئىغىر بولسا ئۇ باشتىن كەچۈرگەن كەچمىشلەرمۇ شۇنداق ئىغىردى. بەلكىم ئاشۇ كەچمىشلەر ئەنە شۇنداق

---

[1] سەگ ــ ئىت (چاغاتاي تىلىدا. لوپنۇر شىۋىسىدا شۇ بويىچە ساقلانغان)، ــ ئا.

خاراكتېرنى ياراتقاندۇر.

سابىت ئانىسىنىڭ قانداق ئايال ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. ئۇ ئېسىگە كەلمەستە ئانىسى ئالەمدىن ئۆتكەنىكەن يېتىم سابىتنى شۇندىن كېيىن بوستاندىكى هاممىسى بېقىۋالدى. دادىسى ئۇنى تاھىر خەلپەتتە ئوقۇتتى، كېيىن ۋاقىۋاغقا بېرىپ تاشاخۇنۇمنىڭ ھويلىسىدا سالاھىددىن ئەپەندىدىنمۇ دەرس ئالدى، مۇشۇ جەرياندىمۇ ئۇ يەنىلا ھاممىسىنىڭ ئۆيىدە تۇراتتى. بۇ ھال دادىسى قازا قىلغانغا قەدەر داۋام قىلدى. بوۋاي ئاخىرقى يىللاردا كېسەلچان بولۇپ قالغىنىچۇن تاھارىتىگە سۇ بەرگۈدەك بىر كىشىگە مۇھتاج بولۇپ، «سابىتنىڭ مىراسىغا شېرىك كۆپەيتمەيمەن» دېگەن ۋەدىسىنى بۇزۇپ ئۇرۇق- تۇققان، يار- بۇرادەرلىرىنىڭ سالاسى بىلەن بىر تۇغماس ئايالغا ئۆيلەنگەنىدى. بۇ ئىنتايىن ھازازۇل خوتۇن بولۇپ، ئۇنىڭ ئەجىلىنى تېزلىتىشتىن باشقىغا كېرەككە كەلمىدى. بوۋاي قازا قىلىش ئالدىدا قىيامەتلىك قەرز بولۇپ قالمىسۇن دەپ، بۇ ئايالنىڭ ئەسكىلىكلىرىنى ئەپۇ قىلىپ ئۇنىڭغا لايىقىدا مىراس قالدۇرغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ دەۋاسى توگىمىگەنىدى، سابىت يىتىملىكتە چەككەن رىيازەتلىرى ئاز كەلگەندەك ئەمدى ئۆگەي ئانىسى بىلەن بولغان مىراس دەۋاسىدىن بىر مۇنچە كۆڭۈلسىزلىك تېپىۋالغانىدى.شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن، ئۇ تېخىمۇ شۈكلەپ قالغانىدى.

— ناۋاينىڭ دىۋانىنى ئوقۇپ بولدۇڭمۇ؟ — دەپ سورىدى ئابلىمىت قارى دوستىنىڭ دىققىتىنى تارتىش ئۈچۈن.

سابىت بۇ سۆزنى خىيال ئىچىدە ئاڭلاپ، ناۋايى دېگەن ئىسمىغا ئاۋۇ باغلارنىڭ تېمىدىن چىقىپ تۇرغان چېچەككە پۈركەنگەن شاخلارنى بىرلەشتۈرۈپ ئويلىدى:

«باغ ئىچرە ماڭا ساچتى گۇل ئاقۇ- قىزىل ياپراق»...

باھار پۇراقلىرىغا، توي- تاماشانىڭ خۇشال- خۇراملىقىغا تولغان بۇ مىسرالار ئۇنىڭ كۆڭلىگە يۇرۇقلۇق بەخش ئەتكەندەك بولۇپ، خىيالدىن

باش كۆتۈردى ۋە دوستىغا قاراپ باش لىڭشىتىپ قويدى.

— ئوقۇپ بولغان بولساڭ «دىۋان زەلىلى»نى ئۇقۇغىن كەچتە ئۆيۈڭگە ئالغىلى چىرىمەن، ئالماشتۇرۇپ ئوقۇيلى. ئاكامنىڭ كىتىپىدا بىز كۆرمىگەن كىتابلار تېخى نۇرغۇن، تاھىر خەلپەتنىڭ سەككىز كۆزلۈك بىر كاتتا لىق كىتىپى بار دىيىشكىنىنى ئاڭلىماپمىدىڭ.

سابىتنىڭ كۆزلىرى كوچا بويىدىكى باغ تېمىنىڭ ئۆرۈلۈپ چۈشكەن، كېيىن جىگدە شاخچىلىرى بىلەن قاشالاپ قويۇلغان جايغا تىكىلگەندى.

سابىتنىڭ يۈرىكى تۇيۇقسىزلا قاتتىق دۈپۈلدەپ كەتتى، ئۇنىڭ كۆزلىرى چىتلاق كەينىدىن غىل- پال كۆرۈنۈپلا پەخشى تام كەينىگە ئۆتۈپ كەتكەن ئادەم كۆلەڭگۈسىگە چۈشكەندى.سابىت ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ مېڭىشنى قارار قىلدى.

— «يار دوستلىرى بىلەن كەلسە جاپا قىلىش ئۈچۈن كەلگەندۇر، بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، بۇنداق ئۇچرۇشۇش رەشىق ۋە ھەسەتتىن دېرەك بېرىدۇ[1]» دېگەندەك، گۈلزادەم شۇنداق ئويلاپ قالمىسۇن، ئاغىنە، — دېدى ئابلىمىت قارى، — مەن كەتتىم، گېپىڭنى پاتراق توگۇتۇپ قايتارسەن، كەچتە ئۆيۈڭدە ئولتۇرماقچى بولغىنىمىز ئېسىڭدە بولسۇن، ھېلىقى چاپلاشقاق ئاغىنەڭ بىتاقەت بولۇپ كۈتىۋاتىدۇ ھەقچان، ئۇنى ئاڭلىغانلىرىمىز بىلەن ھەيران قالدۇرىۋېتىمىز.

## 3

سابىت مەيۈسلۈك، مىننەتدارلىق ئارىلىشىپ كەتكەن غەمكىن كۆلۈمسىرىشى بىلەن دوستىنىڭ ئارقىسىدىن ئۇنسىز قاراپ، ئۇ ئەگرى- بۈگرى يېزا يولىدا ئۈزاپ كەتكۈچە جايىدا تۇرۇپ، ئاندىن قاشا تەرەپكە

---

[1] شەيخ سەئدى: «گۈلىستان» — ئا.

ماڭدى.

كوچىدا تۇرۇپ قىز بىلەن سۆزلىشىش بىئەپ ئىدى. شۇڭا ئۇ يـاق - بۇياققا قارىۋېتىپ چاقىقانلىق بىلەن قاشادىن ئاتلاپ ئۆتۈپ، باغ ئىچىدىكى كۆكۈرۈشكە باشلىغان بېدىلىككە چۈشتى ۋە چوڭقۇر بىر تىنىۋېلىپ، تام تۈۋىدە پۈتىنىڭ ئۇچىغا قاراپ تۇرغان 15 - 16 ياشلاردىكى، بويالغان ماتا كۆينەك، پۇتىغا نىمكەش كۆن ئۆتۈك كىيگەن ۋىجىككىنە قىزغا ھەۋەسلىنىپ قارىدى. قىز تامغا ئارقىسىنى قىلىپ بىر خىل ھالىتىنى ساقلاپ تۇرىۋەردى.

گۈگۈم پەردىسى كائىناتقا ئېتەك يېيىۋاتقان بولسىمۇ سابىت مەشۇقىنىڭ تەڭداشسىز گۈزەللىكىنى پۈتۈن بەدىنى بىلەن كۆرۈپ تۇرغاندەك قىلدى. ئۇنىڭ ئاشۇ قىزنىڭ، سۆيۈنۈش ۋە ھاياجان ئارىلىشىپ كەتكەن قارىشىدا ئاجايىپ مەستانىلىك بىلىنىپ تۇراتتى. ئاشۇ تەقلىدتە بىر نەچچە سىكونتلا تۇرغان بولسىمۇ، مۇشۇ سۈكۈتتە ئۆتكەن بىر لەھزە ئۇنىڭغا بىر ئۆمۈردەك ئۇزۇن بىلىنىپ كەتتى. ئارقىدىن ئۆزىنىڭ قوپال بەستىگە مۇناسىپ كەلمەيدىغان بىرخىل نازۇكلۇق بىلەن ھاياجانغا تولغان تىترەڭگۈ ئاۋازدا:

— گۈلزادە!... — دەپ خىتاب قىلدى.

بۇئاۋاز ھېلىقى ئاددىي «تاغ گۈلى» نىڭ ۋۇجۇدىنى تىترىتىۋەتتى.

— كەلدىڭىزمۇ؟...

— بۇ يەردىن قاراپ تۇرۇپتىكەنسەن....

— چۈشتە ئۆگزىگە تېزەك يايغىلى چىققانىدىم، يولغا قارىسام ئابلىمىت قارىكام بىلەن ئۆتۈپ كېتىۋاتىدىكەنسىز... يانسا .... دەپ پات - پات قاراپ تۇرغانتىم...

— بىز بويامەتكە نەزىرگە باغانتۇق، ... — سابىت توختاپ قالدى، ھەممە گەپنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بېرىش ھاجەتسىز دەپ قارىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قىزنىڭ ئالدىدا ئەپلەشتۈرۈپ سۆزلىيەلمەسلىكىدىن ئەنسىرىدى.

ئۇلارنىڭ ئۇچرۇشۇشلىرى ھەمىشە شۇنداق بولاتتى. كۆرۈشۈش ئالدىدا

گويا ئۆزىنى كۆڭۈللۈك ئىشلار، قىزىق تاماشا كۈتۈپ تۇرغاندەك ئالدىراش تەشنالىق، ھاياجان ئىلكىدە ئازابلانسا، كۆرۈشكەندىن كېيىن پاراڭنىڭ تايىنى بولماي يۈرەكلىرى سىقىلاتتى. شۇنىسى تېخىمۇ قىزىق ئىدىكى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھازىرغىچە مۇھەببەت ھەققىدە سۆز بولمىغانىدى. شۇنداق تۇرۇپمۇ ئۇچرىشىپ تۇرۇشاتتى ۋە ئۇچرىشىش ھەققىدە پۈتۈشۈپ قويۇشاتتى. ئۇلارنىڭ تونۇشلۇقى ناھايىتى بۇرۇن — بالىلىق ۋاقىتلىرىدىن باشلانغان بولسىمۇ، ئۇلار ئارىسىدىكى ئۆزگىچە مۇناسىۋەت يۇلتۇز كۈزدىن باشلانغانىدى.

سابىت ھامىسى بىلەن بىللە تۇرۇشقا باشلىغاندىن تارتىپلا ئۇلار بىللە ئوينايتى. سابىتنىڭ ھامىسى بىلەن گۈلزادىلەر قوشنا ئىدى. ھەر ئىككىسى ئانىسىز يېتىملەردى. گۈلزادە ئۆگەي ئانىسىدىن تاياق يېسىلا بۇ ئۆيگە كىرەتتى. پەقەت مۇشۇ ئۆيدىلا تەسەللىگە ئېرىشەتتى. سابىت ئۇنىڭدىن ئۈچ ياشچە چوڭىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ كۈچلۈك، قاۋۇل بالا بولغاچقا ھەمىشە قىزغا ياردەم قىلىپ تۇراتتى. كېيىن ئۇلار جاڭگالدا ئۆلاغ باقتى. بىللە تېزەك تېرىشتى، ئۇلار تولا ئۇرۇشۇپ قالاتتى. لېكىن بىردەمدىن كېيىنلا بۇنى ئۇنتۇپ قېلىشاتتى...

كېيىن سابىتنى مەكتەپكە بەردى. سابىت تۇغۇلغان مەھەللىسىگە بېرىپ تاھىر خەلپەتتە ئوقىدى. ئارقىدىن ۋاقۋاغدا ئوقىدى. شۇ جەرياندا ئىككىسى يىراقتىن كۆرۈشكەننى ھېسابقا ئالمىغاندا ئايرىم ئۇچرىشالمىدى...

كۆپ ئۆتمەي تەقدىر سابىتنىڭ دادىسىنىمۇ ئارىدىن ئېلىپ كەتتى. قاراقسىز قالغان ئۆيگە دادىسىنىڭ چىرىقىنى ياندۇرۇش ئۈچۈن قايتتى. بۇ مەزگىلدە ئۇلار تېخىمۇ ئۇچراشمىدى. يۇلتۇز كۈزدىن باشلاپ سابىت ۋاقۋاقتا بېرىشنى توختۇتۇپ، ھەپتىدە بىرەر كۈن ئوكۇرۇقتا بېرىپ ساۋاق ئېلىپ كەلگەندىن باشقا، ئۆز تېرىكچىلىكى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشقا باشلىدى. ئۇ يەنە جاڭگالغا باردى. مانا شۇ چاغدا ئۇلار قايتا ئۇچراشتى.

بۇ چاغدا ئۇلار ئۆزلىرىنى باشقىچە ھېس قىلىشتى. ئارىدا يېتىرقاش ۋە يەنە ئاللىقانداق نازۇك تۇيغۇلار پەيدا بولۇپ قالغاندەك قىلاتتى. ئۇلارنىڭ

قەلبىدە نېمىدۇر پىشىپ يېتىلگەنىدى. گۈلزادە سابىتنى «سىز» لەپ گەپ قىلىشقا باشلىدى. چۈنكى ئايال كىشى ئەر كىشىنى شۇنداق ئاتىشى كېرەكىدى. بىرىنچى كۈنىلا ئۇلار جاڭگالدىن قايتىدىغان چاغدا زەيكەشتىن ئۆتكىچە سابىت گۈلزادىنىڭ قېپىنى سۈنىۋېلىش ئۈچۈن قول ئۇزاتقىنىدا ئىككىسىنىڭ قوللىرى بىر- بىرىگە تېگىپ كېتىپ، ھەر ئىككىسىنىڭ ۋۇجۇدىغا ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر خىل ئىسسىق ئېقىم تاراپ كەتتى. بۇرۇن ئۇلار ھەمىشە دېگۈدەك سۈركىشىپ يۈرسىمۇ بۇنداق سېزىم بولمىغانىدى. مانا شۇ ئىش ئۇلارنىڭ كېيىنكى مۇناسىۋەتلىرىنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قالدى.

ئەمما ئۇلار ئۇچراشقاندا «يۈرەك سۆزلىرى» نى تۆكۈشۈپ، سېغىنىشلىرى، چۈشلىرى، خىياللىرى ھەققىدە سۆزلۈشۈپ كەتمەيتتى. ئۈنسىز سۈكۈت ئىچىدە تۇرۇپ، ئاخىردا خوشلىشاتتى.

— خاپا بولماڭ... ھېلىقى ھازازۇلنىڭ ئاھانىتىگە قالماي يەنە...

سابىت ئۇنىڭ ئۆگەي ئانىسىدىن قورقۇۋاتقانلىقىنى چۈشۈنۈپ ئۇنى قىيىن ئەھۋالدا قالدۇرماسلىق ئۈچۈن:

— ياق نېمىگە خاپا بولىمەن، چىرىپ كېتىۋەر،— دېدى خوشلۇشۇپ،— كېلەر قېتىم مەن ساڭا ئاجايىپ- غارايىپ گەپلەرنى سۆزلەپ بېرىمەن، — دەۋەتتى ئۇ سادىدا ئادەملەرگە خاس خۇسۇسىيەت بىلەن قورسىقىدىكىنى يوشۇرالماي.

— ئاجايىپ گەپ؟

— ھەئە. بۇگۈن بويامەتكە بېرىپ ئەپەندىمدىن ئاڭلاپ كەلدۇق... — ھەمىشە خىجىل بولغاندەك بۇرنىنىڭ ئۇچى تەرلەپ تۇراتتى، قولىدا ھەمىشە سىقىملىۋالىدىغان بىر غاڭزا بولاتتى ۋە قىلغىلى قىلىق تاپالمىغان، خىجالەتتىن قوللىرىنى نەگە قويۇشىنى بىلمىگەن چاغلىرىدا غاڭزىنى ئۇيناپ خىجالىتىنى يوشۇرماقچى بولغاندەك قىلاتتى. بۇ غاڭزىنى بۇلتۇر قەشقەرگە ئۇتۇن ساتقىلى كىرگەندە دوتەي يامۇل ئالدىدىن تېپىۋالغانىدى.

— ھە،... — دېدى قىز ھېچنېمىنى ئاڭقىرالمىسىمۇ، — ماقۇل

ياخشى چۈش كۆرۈڭ...
— خوش...
سابىت قاشادىن كوچىغا ئاتلاپ ئۆتۈپ، گۈلزادىنى بارمۇ، كىرىپ كەتتىمۇ دېگەندەك كەينىگە قاراپ قويۇپ، ئاندىن يولىغا يۈرۈپ كەتتى.

# سەككىزىنچى باب

## 1

نەزىرىدىن كېيىن نىزامىددىن ئىنىسىنى تۇققانلارنىڭ ئۆيلىرىگە پاتىھە قىلدۇردى. ئۇلار ئەڭ ئەۋۋەل ۋاقىۋاقتا — تاغىسى تاشاخۇنۇمنىڭ ئۆيىگە پاتىھە قىلىشتىن باشلاپ، ئاخىرىدا يېقىن ئۆتۈشكەن باشقا ئادەملەرنىڭ ئۆيلىرىگە باش ئۇرۇشتى. بۇ رەسمىيەتلەر ئاخىرلاشقاندا بازار كۈنىمۇ كېلىپ قالغانىدى.

— ئەمدى ئاتۇشنىڭ بازىرىنىمۇ كۆرۈپ قوي، بەلكى ئېسىڭدىنىمۇ چىقىپ قالغاندۇر، — دېدى نىزامىددىن دۈشەنبە[1] كۈنى ئەتىگەندە.

تەۋپىق بۈگۈن چەتئەلدىن كېيىپ كەلگەن غەلىتە «پەرەڭچە ئۈستىۋاش»تا ئەمەس، (نىزامىددىننىڭ زورى بىلەن) شۇ مۇھىتتىكى يىگىتلەرنىڭ چەكمەن تونىنى كېيىۋالغان، شايى بەلۋېغىنى باغلىۋالغان ئىدى.

بۇ يەرنىڭ مۇھىتىغا ئۇيغۇنراق يۈرمىگەندە ياخشى بولمىشىنى بىلگەن توختاجى ئۇنىڭغا ئۆيدىن ئۇزايدىغاندا باي باللىرى كېيىدىغان قەشقەرنىڭ مۇھىتىغا كۆرە ئالىي ھېساپلىنىدىغان ئىككى قۇر كىيىم كېچەكنى تەۋپىقنىڭ سومكىسىغا سېلىپ بەرگەنىدى. ئۇ چاغدا ئۇ بىر ئاز تېرەجىگەن، ئالماسلىقتا ھەركەت قىلىپ كۈلگەن بولسىمۇ، ئەمدى ئاكىسى ۋە يەڭگىسىنىڭمۇ ئوخشاش تەۋسىيەدە بولىشى ئۇنى ئويلاندۇرۇپ قويغانىدى. دېمەك، دوستى بىر ئىشلارنى ئالدىن پەملەپ بۇلارنى بېرىپتىكەن ـ دە!

تونىنىڭ ئۇچۇق ياقىسىدىن ئىچىدىكى كۆينەك كۆرۈنۈپ تۇراتتى، شىمى، خىرۇم پەتىنكىسى، بېشىدىكى تۈرك بېرىسىمۇ ئۇنى يەنىلا

---

[1] ئۇ چاغلاردا ئاتۇشنىڭ بازىرى دۈشەنبە كۈنىدە بولاتتى، كېيىن جۈمەگە ئۆزگەرتىلگەن، — ئا.

مۇھىتقا كۆرە باشقىچە كۆرسىتىپ تۇرۇشقا يېتەتتى.شۇڭا ئۆتكەن-كەچكەنلەرنىڭ ھەممىسى قىزىقسىنىپ قارىشاتتى؛ بەزىلەر مىش-مىشلاردىن ئاڭلىغانلىرىغا كۆرە قىزىقىپ قارىسا، بەزىلەر شۇئاندىكى تۇرقىغا قىزىقىپ قارايتى.

بازار (مەشھەد) بىلەن بوياماتنى تېجەن يېزىسى ئايرىپ تۇراتتى. تېجەن قىران دەريا ئېقىنىدىكى يوپۇرماق شەكىللىك ئارال بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدە قۇرۇق دەريا ئېقىنى باردى. بەزى چاغلاردا بۇ قۇرۇق سايغا ھەيۋەتلىك كەلكۈن كېلىپ دەريانىڭ ساھىلىغا جايلاشقان يېزا خەلقىگە بالايى- قازا كەلتۈرەتتى. بۇ خىل بالا قازالاردىن يالداما بولۇپ قالغان بىرمۇنچە خەلق قوشاقلىرى شۇئانغا قەدەر يادلىناتتى. سايىنىڭ شىمال ئېتىكىدىكى ئازغان كەنتىنى يالاپ، سايغا يېقىن ئۆيلەرنى ئېلىپ كەتكەن كەلكۈندە كەتكەن نەۋجۇۋانلار ھەققىدە شۇنداق قوشاقلار باردى:

ئامىنەمۇ - ئامىنەم،
لايدا ياتقان ئامىنەم.
لاينىڭ تېگىدە يېتىپ
«خۇدا!» دېگەن ئامىنەم!

ئاخشام كەلگەن بەش ئاتلىق،
بەشىلىسى قاراتلىق[1]،
ئامىنەمنى ئەپقاچقان
مەمتىمىن قاناتلىق....

سايدىن چىققاندىلا ئۇ قاتتىكى بازار كۆرۈندى.
— يىغلىقلاردىن كېيىن بازار قىممەتچىلىك بولۇپ كەتتى،

[1] قارا ئاتلىق سۆزى تەلەپپۇزدا قوشۇلۇپ كەتكەن. قوشاقنىڭ ۋەزىن ئېتىبارى بىلەن ۋە تەلەپپۇز قولايلىقى ئۈچۈن تۇغۇلغان تىل ھادىسىسى — ئا.

نىمىشكە دېسەڭ گا سىلىڭنىڭ[1] ئەسكەرلىرى خەلقنىڭ بىر قەۋەت تېرىسىنى شۇلۇپلا ئالدى، — دەپ پاراڭ سېلىپ كېلەتتى نىزامىددىن.

مەمتىلى ئەپەندى بولسا ئۇنىڭ سۆزلىرىگە جىم-جىتلا قۇلاق سېلىپ يولدىن ئۆتتۇۋاتقان كىشىلەرنىڭ چىرايىدىن ئەنە شۇ يېغىلىق قالدۇرغان ئازاپ، جاراھەتنىڭ ئىزناسىنى تاپماقچى بولغاندەك قاراپ باراتتى. ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ يۈركى تېنىمسىز دۈپۈلدەپ، ئالدىقاندىن تۈيغۇلار كەلكۈنى قەلبىدە مەۋج ئۇرۇپ، ئۇنى چەكسىز ھىسسىيات دېڭىزىغا غەرق قىلماقتىدى. ئۇ كەچلىرى شېئىر يازاتتى، ئويلايتتى، تەسەۋۋۇر قىلاتتى... يۇرتلارنى ئارىلاپ يۈرگەندە ھەممە نەرسىگە سوئالغا تولغان كۆزى بىلەن ئۇزاق تىكىلەتتى... «ئىھ، مەن بۇ مىسكىنلىك يېغىپ تۇرغان زېمىننى قانچىلىك سېغىنغاندىم - ھە؟» دەپ ئويلىدى ئۇ. ئارقىدىن ئاكىسىنىڭ سۆزلىرىگە جاۋابەن:

— شۈكرى قىلىپ كۆنگەن خەلققۇ بىز، ئاكا — دېدى ئويچانلىق بىلەن، — بۇ كۈنلەرنىمۇ سەۋر بىلەن ئۆتكۈزۈۋېتىمىز. بۇ كۈنلەرمۇ پايدىسىز ئەمەس، قاتتىق سوغۇق كىشىلەرنى قېلىن كېيىنىشكە مەجبۇر قىلىدۇ؛ قاتتىق ئۇخلىغان ئادەم بېشى يېرىلغاندا ياكى تۇمشىقى قانىغاندا كۆز ئۆچماي قالمايدۇ. ئەلۋەتتە.

— چالا ئويغانغان كىشىلەرنىڭ ئوبدانراق كۆز ئېچىۋېلىشىغا ئىمكان بەرمەي يەنە ئەللەيلەيدىغان ئادەملەر، تېخىمۇ قاتتىق ئۇخلىتىدىغان دورىلارمۇ تەييارلا - دە!

— ئاكا، ئەڭ يوغان قەپەزدىكى ئىمكانىيەتمۇ پەقەت قەپەزگە چۈشلۇقلا بولىدۇ. ئۇزۇل-كېسىل ھۆرلۈككە ئېرىشىش ئۈچۈن قەپەزنىڭ كەڭلىكىگە ئالدانماسلىق كېرەك. قەپەزنى سۇندۇرۇپ گۈلزارلار ئۈچۈن قاشا ياساش كېرەك. تۈركىيەدىكى ئىسلاھاتنى ئاڭلىغانسىز؟ ئەنە شۇنداق، ھەم ھۆكۈمران گورۇھنى، ھەم جاھالەتلىك مۇھىتنى يىمىرىۋەتمىگىچە بىرسى يەنە بىرسىنى پەيدا قىلىپ، بىزەڭ چىۋىن

---

[1] گا سىلىڭ — ماجۇڭيىڭنىڭ خەلق ئىچىدە تونۇلغان ئىسمى، — ئا.

بىلەن پاسكىنا مۇھىتتەك دەۋر قىلىۋېرىدۇ. تۈركلەردە مۇنداق بىر تەمسىل بار «Cami yıkılmış ama mihrabı yerinde» ئەنە شۇنداق قوزغىلاڭ قىلدۇق دېگەن بىلەن ئاڭ بولمىغاچقا «جامەنى يىقىتىۋەتكەن بىلەن مېھرابى جايىدا» تۇرۇۋېرىدۇ. دە! شۇڭا «جامە» نىمۇ، «مېھراپ» نىمۇ يىقىتىپ، ھەممىنى قايتىدىن ياساپ چىقىش كېرەك! ... ئەڭ مۇھىمى ئويغانغان ئاڭنىڭ بولىشى، قارا غەزەپ دېگەن يىرتقۇچتىمۇ بولىدۇ.

ئۇلار پاراڭلىشىپ بازارغىمۇ كېلىپ قالدى. ئۇلار ئاۋۋال مەشھەدكە كىرىپ ھەزرەت سۇلتان جامەسىنى، سۇلتان سۇتۇق قەبرىسىنى زىيارەت قىلدى. ئۇلارنىڭ زىيارىتى ئاخىرلاشقاندا ۋاقىت چۈشكە تايىن بولۇپ قالغانىدى. نىزامىددىن غىزالىنىپ ئاندىن بىردەم ئايلىنىشنى تەكلىپ قىلدى. ئىككىسى يەنە ساي بويىدىكى بازارغا كەلدى.

شەرقنىڭ جىمى بازارلىرىدىكىگە ئوخشاش ئاتۇش بازىرىمۇ ئۆزگىچە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە مەھسۇلاتلار، چەتئەلماللىرى، جۇڭگو تاۋارلىرى، خوتەننىڭ يىپەك توقۇلمىلىرى بىلەن تولغان بولۇپ، سېتىقچىلار دۇنيادىكى جىمى ياخشى سۆپەتلەر بىلەن ئۆز مېلىنى ماختاپ چوقان سېلىپ تۇراتتى.

بازاردا ئومۇمىي تەرتىپسىزلىك ھۆكۈم سۈرەتتى. مىغ - مىغ بازاردا پات - پاتلا جېدەللىشىۋاتقانلارنى ئۇچراتقىلى بولاتتى. بازارلىقلار ھەمىشە ئۇششۇقلۇق، جېدەلخورلۇق بىلەن يىراق - يېقىندىن كەلگەنلەرنى بوزەك قىلىشقا تىرىشاتتى. سىرتتىن كەلگەنلەرمۇ بازارلىق بىلەن بىر يېرى سوگۇشۇپ كېتىشتىن ھەزەر ئەيلەيتى. چۈنكى ھەممە ئادەم ئۇلارنىڭ خۇي - پەيلىنى بىلگەچكە «بۇدۇشقاقلارنى ياماشتۇرۇۋالغاندىن كۆرە، سېنىڭ راست دەپ قۇتۇلغىنىم ياخشىراق» دەپ ئويلىشاتتى. بەشكېرەم، پەيزاۋات قاتارلىق يىراق جايلاردىن ئەمەس، ئاتۇش تەۋەلىكىدىكى باشقا كەنتلەردىن بىر نەرسە ساتقىلى كەلگەن بىچارىلەرنىڭمۇ مېلىنى ئۆز ئەركى بويىچە سېتىش ئىمكانىيىتى يوقىدى، بازارلىقلار بىشەملىك بىلەن ئۇرۇشۇپ ئەرزان ئېلىۋېلىپ ئۆزلىرى ساتاتتى. ئۇلار قارشى تەرەپ



www.uyghurkitap.com

مەندىن قورقتى دەپ ئويلاتتى. گويا ئەڭ ياۋۇز دۈشمىنىنى يېڭىۋالغاندەك غەلبە ئىپتىخارى بىلەن گۆكىرەپ كېتەتتى، بۇ كىشىلەرنىڭ نادانلىقى، ئاڭسىزلىقى ئۆزلىرى ئۇرىشىۋاتقان، ئۇرۇۋاتقان كىشىلەرنىڭ يەنىلا بىردەريانىڭ سۈيىنى ئىچىدىغان قېرىنداشلىرى ئىكەنلىكىنى بىلىشكە ئىمكان بەرمەيتى. يۇرتلار ئارا ئۆچمەنلىك، ئىشەنمەسلىك چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەن بولۇپ، بۇنداق ئۆچمەنلىك ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىنى پەردىلەپ، ئۇلارنىڭ ھەقىقى دۈشمەنلىرىنى تونۇيالىشقا كاشىلا بولاتتى. خەلقنىڭ ئىناقسىز بولىشىنى خالايدىغان ھۆكۈمرانلار بۇنداق «ئۇششۇق نوچى» لاردىن تولىمۇ ئۇنۇملۇك پايدىلىناتتى: بۇ ئىناقلىقنى بۇزغۇچى قورالنى قوغدايتى، ئاسرايتى، دەي ـ دەيگە سالاتتى، شۇلاردىن گۇناھ ئۆتسىمۇ سورىمايتى. ھەر قانداق يولسىزلىق قىلسىمۇ ئۇلارغا گۇناھ قويۇلمىغاچقا باشقىلارنىڭ ئۇلاردىن ھەزەر ئەيلىمەي ئىلاجى يوق ئىدى...

بازارنىڭ بىر دوقمۇشىدا راخمان ئاشىق ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرگە قاراپ بىر ئوڭدىن، بىر سولدىن سۆزلەۋاتاتتى:

ــ ھەر قايسىڭنى مۇشۇنچىلىك ئادەم قىلىپ قويدۇم، بولمىسا نېنىڭنى تېپىپ يېيىشەلمەيسەن! ئەمدى مېنى كۆزۈڭگە ئىلىشمەيسەن! مەن كىم؟ ھەممەڭنىڭ ئاتىسى! ھەربىر يۇرتتىن يەتتىدىن ئادەم بوغۇزغا سۇغا چىقىڭلار، چىقمىغانلارغا سۇ يوق! قېنى شۇ چاغدا سۇ دەپ بېقىشە، كەتمەن بىلەن سالىمەن!...

ئاتۇشنىڭ بازىرى ئانچە چوڭ ئەمەس، بىردەمدىلا بىر چېتىگە بېرىپ قالىدىغان، بۇ كىچىككىنە بازار بىرلا چۆرگىلىسە تۈگەپ قالىدىغان بازارچاق بولغاچقا تونۇش ـ بىلىشلەر ئۇچراپ تۇراتتى. قاقاس ساي بويىدا بولغاچقا توپا ـ چاڭ تۇزۇپ تۇرغاندىن تاشقىرى، ئاۋازلارمۇ مۇھەت تەرىپىدىن شۈمۈرۈلمەيتى. شۇڭا بىر ـ بىرىگە قوشۇلۇپ كەتكەن ئومۇمىي شاۋقۇن ئۇزاقلارغا كېتەتتى. يىپ بازىرىدىكى ئاياللارنىڭ ئاۋازى بىلەن دوپپا بازىرىدىكىلەرنىڭ تووۋلاشلىرى بىرىكىپ كەتسە، ناۋاي بىلەن سامسىپەزنىڭ ئاۋازىمۇ بىر كىشىنىڭكىدەك ئىشىتىلەتتى.پەقەت ئومۇمىي شاۋقۇن ئىچىدە راخمان ئاشىقنىڭ ئالىجوقى سۆزلىرى روشەن

بىلىنىپ تۇراتتى.

— سايغا شۇنداق بىر سەلەپ كېلىدۇكى، ھەممەڭنىڭ سېتىۋاتقان نەرسىلىرىڭنى ئېقىتىپ كېتىدۇ. قايسىڭنىڭ كۈچى يېتىدۇ؟ خۇدانىڭ ئىشى شۇنداق! ھەر بىر يۇرت ماڭا تۆرتتىن ئەركەك بېرىڭلار، سۇنى ئۆزەم ياقىلاپ بېرەي، قانداق دەيسىلەر؟ ساقىلى بولسىلا ئەركەك بولمايدۇ، «بەل باغلىغان بىلەن ئەر ئەمەس، چاچ تارىغان بىلەن خوتۇن» دەپتىكەن،... «ئېتىڭ بەكمۇ چىرايلىق ئابدىقادىر ئەمەسمۇ؟ ... ئاي تۇتۇلماس دەپتىمىز، كۈن تۇتۇلماس دەپتىمىز، داموللامغا دە يۈزلەر قەست قىلالماس دەپتىمىز... » جىننىڭ گېپىنى قىلسا جىن كېلىدۇ. دېگەندەك، داموللامنىڭ غەزىلىنى ئوقۇۋاتسام مەيەردىنمۇ موللا ـ ئۆلىمالار كېلىپ قالدىغۇ؟ خوش تەخسىر،...

راخمان سۆزلەۋاتقان تەرەپتىن راست دېگەندەك يەڭدەك يوغان سەللىلەرنى يۆگىگەن بىر نەچچەيلەن ۋە ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن بىرمۇنچە سالىكلار ھەزرەت سۇلتان جامەسى تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەستلىك، قويۇق ساقاللىق، كۆزلىرىدە قېرىلارغا خاس بولمىغان ئۆتكۈر نۇر چاقناپ تۇرغان بىرسى سالاپەت بىلەن كېلەتتى. ئۇنىڭ ئۆزىنى تۇتۇشلىرىدا، قاراشلىرىدا بىر خىل مەغرۇرلۇق، پەقەت ئاززۇلۇق چوڭ بولغان، تۇغما ھۆكۈمرانلاردىلا بولىدىغان خۇسۇسىيەتلەر ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ يېنىدا ئانچە ـ مۇنچە خوشامەتچىلىك قولىدىن كېلىدىغانلىقى، ئورنىنى تاپسا كاتتىۋاللىقىنىمۇ ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلالايدىغانلىقى بىلىنىپ تۇرغان يەنە بىر ھۆرمەتلىك شەخس كېلەتتى.

نىزامىددىن ئۇلار ئۆتۈپ كەتكىچە كەپسىز بالىغا ھېزى بولغاندەك ئىنىسىنىڭ يېڭىدىن تارتىپ يولنىڭ چېتىگىرەك سۈرۈلۈپ قول باغلاپ ھۆرمەت ـ ئېھتىرام بىلەن تۇردى. ئۇلار ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن تەۋپىق تەخىرسىز سورىدى:

— كىملەر ئۇ؟

— كۆزى چاقناپ تۇرىدىغىنى قازى ھابۇلھاجىم، ئۇنى يەنە «ھابۇل

www.uyghurkitap.com

شەيتان»مۇ دېيىشىدۇ، بۇندىن باشقىمۇ بىرمۇنچە لەقەملىرى باركەن، شۇ لەقەملەر بىكار قويۇلمىغان بولسا كېرەك، «لەقەمنى خىزىر قويىدۇ» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ. «هابۇل خىتاي»، «هابۇل زىناخور»، «هابۇل قىزىلۋاش» دېگەندەك؛ ئۇنىڭ قېشىدىكى كەنجى قازاخۇنۇم، ئارقىسىدىكىلەر ئۇلارنىڭ ئىخلاسمەنلىرى، ئۇلار ناماز ئەسىرنى ئوقۇش ئۈچۈن مەسچىتكە ماڭدىغۇ دەيمەن، ـــ دېدى نىزامىددىن.

ـــ ئەركە ئۆگەنگەن ئادەملىكى مانا مەن دەپ تۇرىدۇ.

ـــ شۇنداقراق، ئۇ ئاغزىدىن چىققان سۆزنى راست قىلىشقا ئۆگىنىۋاپ قالغان، تەرسا ئادەم، ـــ نىزامىددىن سەل جىم تۇرغاندىن كېيىن، ـــ بولمىسا بىزمۇ ناماز ئەسىرنى ئەسسۇلتۇنۇمدا ئوقۇۋالمايلىمۇ ـــ دېدى.

ئۇلار قازىلارنىڭ ئارقىسىدىنلا جامەگە قاراپ ماڭدى.

نامازدا هۆرمەتلىك قازى ـ ئۆلىمالار مېهراپ تەرەپتە بولغاچقا تەۋپىق ئۇلارنى كۆرەلمىدى. قايتىپ چىققاندىن كېيىن چاقناپ تۇرغان هەرىكەتچان كۆزلەر بىلەن مۆرەككەپ ئىپادىلىك كۆزلەرنى يەنە بىر قېتىم ئۇچراتتى. بۇ چاغدا هابۇلهاجىم كەنجى قازاخۇنۇمنى باشلاپ ئۆيى تەرەپكە ماڭغانىدى. مەمتىلى ئەپەندى بۇ مەغرۇر ۋە مۇتەكەببىر كىشىلەرنىڭ پەقەت توختى زۇنۇنغا ئىلتىپات بىلەن سالام قىلغانلىقىنى كۆرۈپ تۇردى.

## 2

كىچىككىنە ئاتۇشتا تەۋپىقنىڭ پەيدا بولىشىدەك يېڭىلىق بىردەمدىلا بۇلۇڭ ـ پۇشقاقلارغىچە پۇر كەتتى. كۈتۈلگىنىدەك، ئۇنىڭ ئېلىپ كەلگەن يېڭىلىقلىرى هەممىگە قىزىقچۇقچى، يېڭىلىققا ئەڭ ئاسان مايىل بولۇدۇغان ياشلار ئارىسىدا قىزىقىش، يېقىنلىشىش تۇيغۇسى ئويغاتقان بولسا، بىرمۇنچىلاردا گۇمان، شۈبهە، هەتتا دۈشمەنلىك پەيدا قىلىشقىمۇ ئۈلگۈردى.

ئۇنىڭ كىيىم ـ كېچىكى، چېچى هەققىدە مۇلاهىزىلەر باراتتى؛ ئۇنىڭ مۇرتەد بولۇپ كەتكەن بولۇش ئېهتىمالى هەققىدىكى پەرەزلەر ئوتتۇرىغا

قويۇلۇش بىلەن، ئارقىدىن چالا ئاڭلىغان بىرەسىنىڭ گەپ توشۇشى ئارقىسىدا ئۇنى ئاللىقاچان مۇرتەد بولۇپ بولغانمىش دېگەن گەپكە ئايلىنىپ ئەتراپقا تارىدى. لېكىن، قانداقلا بولمىسۇن ھازىرچە ئۇ ھېچكىمنىڭ بىرەر مەنپەئەتكە زىيان سالمىغىنى ئەمەلىيەت بولغاچقا، يامان كۆرۈش، دۈشمەنلىك تۇيغۇلىرى كونكرېت تۈس ئالمىغان، پەقەت قىزىقىش ئۈستۈنلۈكتە ئىدى.

بازار ئەتىسى ئوڭۇرۇقتىكى مەدرىسكە ساۋاغ بەرگىلى، يېڭى تاپشۇرۇقلىرىنى ئالغىلى بارىدىغانلار كۆپ بولاتتى. بۇ كۈنى ياشلار بىلەن شۇ يەردە ئۇچراشماقچى بولغان تەۋپىق، ئاكىسىدىن مەدرىس ھەققىدە ئانچە ـ مۇنچە ئاخبارات ئىگىلەپمۇ باقتى.

— سىزنىڭچە مالتۇداجى، ئىمىنھاجىلار قانداقراق ئادەملەر؟ سوپىلاردىنمۇ؟ يا بولمىسا ھەشەمەتچىلەردىنمۇ؟ تەقۋادارلاردىنمۇ ياكى رىياكارلاردىنمۇ؟

— مېنىڭچە ئاكا- ئۇكا ئىككىسى خېلى يامان ئەمەس ئادەملەر. شە كۆگەن، چەتكىمۇ چىققان ئادەملەر. ئابدۇقادىر داموللىنىڭ بىر نەچچە كىتىپىنى ئاشۇلار پۇل چىقىرىپ قازاندا باستۇردى. مەدرىسىنىمۇ ياشلار ئىلىم ئالسۇن دەپ سالدۇرغان ـ دە.

— ئەمىسە، ئۇلارنى تەرەققىيپەرۋەرلەردىن دېيىشكە بولىدىكەن. دېمەك ئۈمىد توقسان بەش پىرسەنت، — مەمتىلى سەل تۇرۇپ بىر نېمىنى ئويلاۋاتقاندەك قىلىپ ئاندىن، — رەنجىمەيسىز، ئاكا، ئىشلىرىڭىزغا قارىشىپ بېرەلمەيۋاتىمەن، بۈگۈن بەلكىم كەچرەك كېلەرمەن دېدى.

— نېمە دەيسەنۇي؟ ئۈمىد توقسەن بەش پىرسەنت، دەيسەن، كەچ كېلىمەن دەيسەن، نەگە بارماقچىسەن؟

— بۈگۈن ئوڭۇرۇقتىكى مەدرىستە ئاتۇشنىڭ تەلەبە ياشلىرى بىلەن ئۇچراشماقچىدۇق، بىر بىرىپ، جاھاننىڭ رەپتايىنى دەڭسەپ كۆرەي، نېمە قىلىمەن، نېمىلەر قىلغىلى بولۇدۇ، مۆلچەرلەپ باقاي دەيمەن، — تەۋپىق شۇنداق دەپ، چۈشكە يېقىن ئۆيدىن چىقتى.

غەرپ تەرەپتىن شەرققە سوزۇلغان يول مەدرىس هويلىسىنىڭ جەنۇبى تېمى ۋە شىمالى تېمىنى ياقىلاپ يەنە شەرققە كېتەتتى. ئاشۇ يول بىلەن يانداش غەرپتىن شەرققە ئاقىدىغان ئۆستەڭ ئۇدۇل مەدرىس دەۋازىسىنىڭ شىمالى تەرىپىدىكى سۈڭگۈچتىن ئۆتۈپ قورا ئىچىگە كىرەتتى. غەرپ تەرەپكە قاراپ تۇرۇدۇغان دەرۋازىدىن كىرگەندە ئوڭ تەرەپتە هەشەمەتلىك جامە قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. جامەنىڭ رىشاتكا بىلەن ئايرىپ قويۇلغان هويلىسى مەدرىس قوراسى ئىچىدە بولۇپ جامەنىڭ دەرۋازىسى مەدرىس هويلىسىدا ـــ شىمالغا قاراپ تۇراتتى. سول تەرەپتە تالىپلارنىڭ هوجرىسى بولۇپ دەرۋازا تۈۋىدىن شىمالى تامغىچە بەش ئېغىز شىمالى تامنى بويلاپ ئوقۇتۇش بىناسىغىچە ئون ئېغىز جەمئىي ئون بەش ئېغىزلىق هوجرا باردى. يول بويىدىن ئايرىلىپ كىرگەن ئۆستەڭ جامەنىڭ شەرق تەرىپىدىكى رىشاتكىنى بويلاپ جەنۇپقا بۇرۇلۇپ مەدرىس هويلىسىدىن چىقىپ كېتەتتى. ئۆستەڭنىڭ هويلا ئىچىدە جەنۇپقا بۇرالغان دوقمۇشىدىن تاتىپ مەدرىس مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىغىچە چوڭ كۆل باردى. هويلىنىڭ شەرق تەرىپىدە ئوقۇتۇش بىناسى بولۇپ بۇ بىنا «لـا» شەكلىدە غەرپ تەرەپكە ـــ مەيدانغا قاراپ تۇراتتى. هوجرىلار بىلەن ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئارىلىقىغا يەنە بىر كىچىك دەرۋازا جايلاشتۇرۇلغانىدى ئوقۇتۇش بىناسىدا تۆرت سىنىپ (قوش دەرىزىلىك)، ئىككى ئىشخانا، بىر ئامبار، ئىككى دالان ئۆي بولۇپ بىنانىڭ ئالدى تەرىپى نەقىشلىك پىشايۋان ئىدى.

مەمتىلى ئەپەندى مەدرىسنىڭ هەممە يېرىنى كۆزدىن كەچۈردى كۆل بويىدىكى دەرەخلەر مال- ۋاران ۋە ئۇششاق باللارنىڭ دەخلىسى تۈپەيلى قۇرۇپ كەتكەن دەرىزىلەرنىڭ ئەينەكلىرى چېقىۋېتىلگەنىدى.

ئۇ ئوبدان كۆرۈپ بولۇپ، كۆل بويىغا كېلىپ سۆگەت سايىسىدا ئېسىنى ئېلىپ تۇرغاندا ياشلار دەرسخانىدىن چۇۋۇلىشىپ چىقتى. بۇلار ئاتۇشنىڭ خەت- ساۋادى بار ياشلىرىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكىلىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا ئۇستازى مولالئېزىز دامولالمۇ چىقىۋاتاتتى. تەۋپىق ئۇلار بىلەن ئامانلىشىپ، تونۇش بولمىغانلار بىلەن ئۆزئارا تونۇشقاندىن

www.uyghurkitap.com

كېيىن، داموللام قايتىشقا ئىجازەت سورىدى.

— دامـــوللام، دەرس تـــۈگىمىگەن بولســـا مەن مـــالال قىلىـــپ قويمىغاندىمەن؟ — دېدى تەۋپىق مۇلايىملىق بىلەن.

— يوغسـۇ، بىمـالال پاراڭلىشـۋېرىڭ، ئەپەنـدىم، دەرس تۈگـىدى، دەرس دېگـىدەك نـېمە ئىـش دەيسـىز؟ شـۇ، تاپشـۇرۇقنى ئـاڭلايمەن، يېڭىسـىنى بېرىمەن شۇ، ئىش جىق، سىجىل دەرس بەرگىدەك ئەھۋالىم يوق، بالىلار ئۆزىمۇ يېڭى. يېڭى ئىلىم تەلەپ قىلىدىغان بولغان باللا بولغاچقا، مەندە بۇلارنىڭ تەلىپىگە لايىق بىر گەپ يوق، مانا شۇنداق. خوش ئەمىسە، ماڭا ئىجازەت بولسا، سىلەرگىمۇ دەخلى بولماي، ئەمىسە، — دېدى دامولام.

موللا ئېزىز دامولام كەتكەندىن كېيىن تەۋپىق سىنىپنىڭ ئىچىنى كۆرۈپ بېقىش نىيىتىنى بىلدۈردى. ئۇلار بىللە دەرسخانىغا كىردى ۋە تەۋپىقنىڭ مىجەز- خۇلقى ئوچۇق- يورۇق بولغاچقا تۈزۈت تەكەللۇپلارغا ئورۇن قالمايدىغان بولغاچقا، تېزلا پاراڭلىرى قىزىپ كەتتى.

بۈگـۈن دوسـتلىرىنىڭ دەۋتـى بىـلەن ئابـدىراھمانمۇ كەلگەنـىدى. ئۇنـدىن باشـقا تېجەنـدىن ئەمەت مەخسـۇم، ئابـدىغوپۇر قۇنـاجى، بىـر نەۋرە ئىنىلـىرى سـەيپىددىن، لىۋاھـىددىن، شـورۇقتىن مـۇھەممەت قـارى، ئابلىمىـــت قـارى، سـابىتلار، سـۇنتاغدىن ئىككـى مـۇھەممەت قـارى،... كېلىشكەنىدى.

تەۋپىق بۇ سۆھبەتلەردىن نېمىنىدۇر كۈتكىنىگە پۈكەتتى. ياشـلار بولسا پۈتۈنلەي ئۇنىڭغا ئەسىر بولغان ئىدى. ياشلار ئۇنىڭ رەسمىيەتچىلىككە ئايلانغان قۇرۇق تەكەللۇپلارنى قىلماسلىقى، سۇنئىيلىكتىن خالى بىر خىل چىن يېقىنلىق بىلەن توغرىدىن توغرى ھەممىدە دوستانە مۇئامىلىسىدىن يېنىكلىك ھىس قىلىشتى. بۇ ھال ھەممە ئادەمنىڭ قورۇنۇشلىرىنى تارقىتىۋېتىپ، نېمە بولسا شۇنى دەلەيدىغان كەيپىيات يارىتاتتى. ئۇ مۇشۇ سورۇندىلا مۇھەممەت قارى ئىسىملىك يىگىتتىن ئۈچى بارلىقىنى بىلگىنىدە ياشلارنى كۈلدۈرۈپ كۆڭۈللۈك چاخچاقلارنى قىلدى.

— بىز تېز پۈرسەتتىلا ئۈچىڭلارنى ئارىلاشتۇرىۋەتمەسلىكنىڭ ئوبدان

چارىسىنى تاپىمىز، — دېدى ئۇ.

ئۇ ياشلارغا ھەم چەتئەللەردىكى تەرەققىياتلار توغرىسىدا سۆزلەپ بەرسە، ھەم ياشلارنىڭ روھى دۇنياسىنى ئىگىلەپ، ئۇلارنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقىشقا مۇۋەپپەق بولدى.

بۇ سورۇندىن تارقىغاندىن كېيىن ياشلار ئاڭلىغان ئاجايىپ غارايىپ يېڭىلىقلار ھەققىدە ھەرقايسى يۇرتلاردا كىشىلەرگە سۆزلەپ بەرگەنلىرىدە ئۆزلىرىنىڭ قىزىقىش ۋە ئىخلاسىنى يوشۇرالمىدى.

تەۋپىق ياشلاردىن ئايرىلىپ، مەدرىسىنىڭ قۇرغۇچىلىرى بولغان موللاتۇداجى، ئىمىنھاجى ئاكا- ئۇكىلار بىلەن تونۇشۇپ قويۇش نىيىتىدە ئۇلارنى ئىزدەپ كەتتى.

## 3

سابىت بويتاق ھەم يەككە- يىگانە بولغاچقا، كەچقۇرۇنلىرى، دوستلىرى ۋە باشقا قوشنا- قولۇملار ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپ تۈن يېرىمىغىچە ئولتۇرۇشۇپ كېتىشەتتى. سابىت كىرگەنلەرگە چۆچەك، جەڭنامىلەرنى ئوقۇپ بېرەتتى.

سابىت ئوكۇرۇقتىن قايتىپ كېلىپ ئازراق غىزالاندى. ئاندىن قولىغا بىر پارچە كىتاب ئېلىپ تۇراتتى، مۇھەممەد قارى بىلەن ئابلىمىت قارى كىرىپ كېلىشتى. ئۇلار سابىتنى مەشۇقى ھەققىدە گەپ قىلىشقا قىستاپ، چېقىشىپ بىردەم ئولتۇراتتى، سابىتنىڭ قوشنىلىرىدىن ئەبەيدۇللا ئوغلى ئابلەقنى يېتىلەپ كىرىپ كەلدى. ئابلەق سەككىز ياشلاردا بولۇپ، ئانىسى ئۆگەي بولغاچقا ھامان يىغلاپلا يۈرەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تەڭتۇشلىرىمۇ «تاز»دەپ ئارام بەرمەيتتى. بۈلتۇر سابىت بوستاندىن قايتىپ كېلىپ، بۇ ئۆيدە تۇرۇشقا باشلىغاندىن كېيىن، ئابلەق ئۇنىڭغا ئۈگىنىپ قالغانىدى. بىچارە يېتىم ئوغۇل سابىتتىنلا ياخشى گەپ ئاڭلايتى ۋە مۇلايىملىق، ئەركىلىتىشكە ئېرىشەتتى. سابىتمۇ يالغۇزلىقىغا ئۇنى ھەمرا دەپ بىلىپ ئۇنىڭغا ئاكىلارچە

غەمخورلۇق قىلاتتى. شۇڭلاشقىمۇ ئابلەق دادىسى سىرىتتىكى ئوقەتلىرىدىن قايتىپ كەلسىلا «سابىتكامنىڭ ئۆيىگە كىرەيلى» دەپ تۇرىۋالاتتى.

ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن سابىتنىڭ كىچىك ئۇلپەتلىرىدىن ئەكبەر كىرىپ كەلدى. ئۇ ئون نەچچە ياشلاردىكى ناھايىتى شوخ بالا ئىدى. ئۇ سابىتتىن باشقا ھېچ ئادەمدىن تەپ تارتمايتتى.

ئۇلارنىڭ كىرىشى بىلەن ياشلارنىڭ چاقچىقى ئۈزۈلۈپ، بىردەم ھەممىسى بالىلار بىلەن چېقىشتى.

— جەڭنامىلەردىن بىرە كەلىمە ئاڭلىساق بولماتتى، يىگىتلە، — دېدى ئەبەيدۇللا.

— يەنە ئاڭلىسىڭىز يەنە شۇ، چۆچەكنىڭ گېپىنى قىلماڭا — دېدى مۇھەممەد قارى، — سابىت ئۆزىنىڭ ئاشىقلىق تارىخىنى سۆزلەپ بەرسە ياخشىراقمىكىن دەيمەن.

سابىت جاۋابەن سۇسقىنا كۈلۈمسىرەپ قويىدى. بۇرنىنىڭ ئۇچىمۇ تەرلىگەندەك قىلدى، بىر قولى يانچۇقىدا غاڭزىنى سىقىمدا تۇتۇشتىن بوشىمايتى. بۇ چاغدا تەڭتۇش يىگىتلەردىن يەنە بىر قانچىسى كىردى. ئۇلارنىڭ كىرىشى بىلەن مۇھەممەد قارىنىڭ سابىتقا قارىتىلغان چاقچىقى ئۇنتۇلۇپ، يېڭى كىرگەنلەر بىلەن بىر قانچە ئېغىزدىن ئېسەنلىك سوراش، چاقچاقلىشىش بىلەن بولۇشتى.

ئاخىردا ئۇلار دىققىتىنى بۈگۈنكى ئوغۇرۇقتا ئاڭلاپ كەلگەن چەتئەل يېڭىلىقلىرى ئۈستىگە ئاغدۇرۇشتى. بۇ مەۋزۇدىكى پاراڭنىڭ قىزىقلىقى ئاۋۇ كۈنى ئابلىمىت قارىلار بويامەتكە بېرىپ كەلگەن ئاخشامدىمۇ بىلىنگەن ئىدى. بۈگۈن ئەمدى بۇ ھەقتىكى پاراڭلارنى ئاڭلىغانلار ئۈچ بولۇشتى، شۇنىڭ بىلەن ئەبەيدۇللا، دېھقان يىگىتلەر ۋە ئەكبەرلەرنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىغاندىن تاشقىرى ئۆزلىرىنىڭ خۇمارى ئۈچۈنمۇ ئۇلار بۇ تېمىدا پاراڭ قوزغاشتى. ئابلىمىت قارى مەتىلى ئەپەندىنىڭ نامىنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىپ:

— مەتىلى ئەپەندى قالتىس كىشىكەن جۇما، ئەگەر پۇرسەت بولۇپلا

قالسا ئاكامغا دەپ ئۇنى ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ، بىرە ئاخشام پارىڭىنى ئاڭلىمىساق بولمايدۇ، ــ دېدى.

ــ ئۇ كىشى قىزىقچىمىكەن ـ يا؟ ــ دەپ سورىدى ئەبەيدۇللا. بۇ چاغدا ئابلەق ئۇنىڭ قۇچىدا مۈگدەشكە باشلىغانىدى.

ــ قىزىقچى دېيىشمۇ بولىدىكەن، ــ دېدى ئابلىمىت قارى، ــ دانىشمەن دېيىشمۇ بولىدىكەن، ئىشقىلىپ ئۇ ئادەمنىڭ پارىڭىنى ئاڭلاپ قالغان ئادەم يىراق كېتەلمەيلا قالىدىكەن. ئۆزى شۇنداق ئوچۇق، گەپلىرى قىزىق ھەم ئورۇنلۇق.

ــ ئۇ چەتتە كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەپ بەدىما؟

ــ نىمىسىنى ئېيتىسەن، يېرىم كۈن دېگۈدەك پاراڭلاشتۇق، ــ دېدى مۇھەممەد قارى سەل كۆرەڭلىك بىلەن، ــ ئۇنىڭ گېپىدىن قارىغاندا ئۇچاق[1] دەيدىغان بىر نېمە بولىدىكەن، ئۆزىنى تۆمۈردىن ياسىغان، ئىچىدە ئولتۇرۇدۇغان كوسىلىرى[2]، بولىدىكەن، ئون ـ يىگىرمە ئادەمنى ئېلىپ ئۇ چالايدىكەن، بىر ئادەم ئۇنى ھەيدەپ خاھلىسا يۇقىرى، خاھلىسا تۆۋەن قىلىپ باشقۇرىدىكەن. ئىلگىرى ئەنجانغا بارغانلار دەپ كەلسە ئىشەنمەيتىكەنمىز، قارىغاندا راست ئوخشايدۇ.

ــ يا ھەزرەت، خۇدايا تووۋا دەڭلا، باللا،ــ دېدى ئەبەيدۇللا، ــ چۆچەكلەردىكى ياغاچ ئاتنى شۇنداق دەۋاتامدۇ، نېمە؟

ــ نېمىگە بۇنچە ئېسەنكىرەپ كەتتىڭلا ئەمدى؟

ــ سايىزغا باغانلا دەپ كەلمىدىمۇ دەيمەن؟ ئۇچاقنى كۆرگەنلە خېلى جىق.

ــ ئۇچار گىلەممۇ...؟

ــ راست گەپ، مەن دېگەندەكلا دېدى، ئىشەنمىسەڭلار مانا سابىت، ئۇنىڭدىن باشقىمۇ مۆجىزىلەر ئاز ئەمەس ئوخشايدۇ. ئوقۇغاننىڭ خاسىيىتى شۇ، دەيدۇ.

---

[1] ئۇچاق ــ (تۈركچە ــ uçak) ــ ئايروپىلان، ــ ئا.
[2] كوسا ــ ئورۇندۇق، ــ ئا.

— سىلەرمۇ ئوقۇغانلارغۇ، ئابلىمىت قارىكا.— دەپ «ئاقساقاللىق» قىلدى ئەكبەر.

— ئۈنچىلىك ئوقۇش نېمىگە كېرەك كېلىدۇ؟ «سوپى ئاللا يار» نى ئون يىل يادلىساڭمۇ ئۇچاق پۈتمەيدۇ، دېگىنە.

— ئەمىسە ئۇلار نىمىنى ئوقۇيدۇ؟ ئۇ ئادەم ناسارالارنىڭ ئوقۇشىنى دەمدىغاندۇ يا؟

—«ئىنجىل» نى ئوقۇسا كېرەك.

— يا بولمىسا «تەۋرات»نى ئوقۇيدىغان گەپمىكىن؟

— ھەي، سىلەر ھەر نېمە دەۋېرىسىلەر- دە، ئۇنىڭ دېيىشىچە پەن ئوقۇش كېرەككەن، پەن!

— پەن؟! — سابىت ئۈندەرىگەندەك بىر ئېغىز غۇدۇڭشۇپ قويدى.

— پەن؟ بىزنى كىم پەن ئوقۇتۇدۇ؟ ئۇچاق ياساشنى كىم ئۆگۈتىدۇ؟

— مەمتىلى ئەپەندى بىلەمدىكەن - يا؟

— ئۇ ئادەم بىلمەيدىغان نېمە يوقتەك، ئۆگۈنۈپ كەلسىمۇ كەلگەندۇ. ئۇ بەك ئەقىللىق ئادەمدەك قىلىدۇ.

ئۇلار داۋام قىلدى. ئەبەيدۇللا قاتارلىق قوشنىلارنىڭ سوئالى بەك كۆپىيىپ كەتكەچكە، ئاۋۇ ئىككەيلەن ئاڭلىغانلىرىنى بىر باشتىن سۆزلەپ بېرىشكە باشلىدى. مۇھەممەد قارى سوئال بىلەن ئايدىڭلاشتۇرۇپ تۇردى. سابىت بولسا جىم- جىت ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ خىيالى ئۇچاق ياسايدىغان پەننى ئۆگىنىشلا بىلەن قاناتلىنىپ كەتكەنىدى.

— مەن دادامغا دەپ ئۇچاق ياسايدىغان ئۇستىغا شاگىيت بولىمەن. ئاندىن ئۆگزە بويى ئۇچۇپ، ئۆگزىلەرگە يېيىپ قويغان گۆلە- قاق، جىگدىلەرنى سېرىپ سۈرۈپۈرۈپ ماڭىمەن،— دېدى كەپسىز ئەكبەر. ئۇ چوڭلار ئالدىدا بىر كىشىلىك گەپ يورغىلىتىپ تۇراتتى. مۇھەممەد قارى ئاڭلىغانلىرىنىڭ ھەممىسىگە سۆھبەداشلارنىمۇ ئورتاق قىلىش ئۈچۈن، مۆجىزىلەر ھەققىدىكى ھېكايىنى داۋام قىلاتتى:

— بىر ئۆيدەك، بىر ئۆيدىنمۇ چوڭراق تۆمۈرچاقلىق ھارۋىلار بولىدىكەن، بۇنداق ھارۋىلاردىن ئوتتۇز- قىرىقنى بىر- بىرىگە

چېتنۋېلىپ سۆرەپ ماڭىدىغان يەنە بىر نىمە بارىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ شورۇق — ئۈچ يۈرتنىڭ پۈتۈن ئۆيۋاقىسىنى ئادەملىرى بىلەن قوشۇپ يۈكلەپ ماڭغىلى بولىدىكەن.

— توۋا قىلدىم! نىمىنىڭ كۈچى يېتىدۇ ئۇنىڭغا؟ بۇ بىر چۆچەك ئوخشايدۇ.

— سۇ قاينىغان چاغدا چىققان هونىڭ كۈچى بىلەن ماڭىدىكەن...

بۇ گەپكە هېچكىم ئىشەنمىدى. ئەمما هەيرانلىقىدىن داڭقېتىپ قېلىشتى، ئۇلار بۇرۇنمۇ سودىگەرلەردىن مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان گەپلەرنى ئاڭلايتى، ئەمما ئۇ چاغلاردا بۇنى پەقەت بىر قىزىقچىلىق ئۈچۈن ئېيتىلغان گەپ بولسا كېرەك دەپ ئۆتكۈزىۋېتەتتى. ئەمدىلىكتە بۇنداق گەپلەر كۆپەيگىلى تۇردى، يەنە كېلىپ بەزىلىرى راست چىقىۋاتاتتى. مەسىلەن ئۇلار «كوڭكا» هەققىدە ئاڭلىغانلىرىدا ئەنە شۇنداق ئىشەنمىگەن، كېيىن بىر قېتىم ماشىنىنى كۆرۈشكەندى.

— ئاسمانغا تاقاشقىلى ئاز قالىدىغان ئۆيلەر بولىدىكەن. ئۇنىڭ ئۆگزىسىگە قارىماقچى بولساڭ دوپپاڭ چۈشۈپ كېتىدىكەن.

— نېمە دەيدىغاندۇ، بۇ؟ ئۇنداق ئېگىز ئۆگزىگە شاخ- پاخ، ئوتۇن- ياغاچ قويماقچى بولسا قانداق تاتىپ چىقىرىدۇ؟

— بىزمۇ شۇنى سوريدۇق، شەهەرلەردە ئۆگزىگە شاخ باسىدىغان ئىش يوق- تە. ئوتۇنمۇ كەتمەيدىكەن، ئۆيلەرنى سۇ بىلەن ئىسىتىدىكەن، هېلقىدەك سۇنىڭ هورى بىلەن.

— هە، سۆزلە، سۆزلەۋەر، بەربىر بىز ئىشەنمەيمىز.

— شەهەرنىڭ يوللىرى تۈز هەم سىلىق، ئەينەكتەك پارقىراپ تۇرىدىكەن، چاڭ- توزىمايدىكەن...

— پىتكىسىنى ئۆزەڭ قوشۇپ دەۋاتامسەن، ئاڭلىغانلىرىڭنىڭ ئەينى ئۆزى شۇمۇ؟

— شۇنى دەيمەن، بىر يۇرتنى پۈتۈن ئۈستىگە يۈكلەپ ماڭىدىغان نەرسىنىڭ بارلىقىغا ئىشەنگىلى بولامدۇ.

— بىزمۇ دەسلەپ ئىشەنمىگەن، قانداقلا قىلدى، بىر نىمىلەر

قىلىپ بىزنى كۆرگەندىنمۇ بەك ئىشەندۇرىۋەتتى، — دېدى ئابلىمىت قارى جىددىيلىك بىلەن.

مۇھەممەد قارى يەنىلا ئىشەنمىگەندەك باش چايقاپ قويدى. بىراق، بىر نېمە دېمىدى. سابىت ھەممىنىڭ ئاغزىغا قاراپ جىم ئولتۇراتتى. ئەكبەر ئۆزىنىڭ بالىلارچە ئويىغا كەلگىنىنى دەپ قاتاردىن قالمايتتى.

— مەن ھېلىقى ئېگىز ئۆيلەرگە ھەيرانمەن، — دېدى ئەبەيدۇللا، — ئۆينى ئۇنداق ئېگىز سېلىپ نېمە قىلىدۇ؟

— شەھەرلەردە ئادەم كۆپ، يەر قىس بولغاچقا ئۆينىڭ تۆپىسىگە ئۆي سېلىپ ئاشۇنداق ئاسمانغا ئاچىقىپ كېتىدىكەن، مۇشۇ بىز خەقنىڭ بالىخانىسىغا ئوخشاش بىر گەپ-تە. قەشقەردىمۇ بەزىلەرنىڭ ئۆگزىلىرىدە ئۆيى بولىدىغۇ، شۇنداق.

—ئۆينىڭ تۆپىسىگە بىر ئۆيمۇ سالسۇن، ئۇنىڭ ئۆگزىسىگە يەنە بىرنىمۇ سالسۇن، سېلىۋەرسە چىقماقتا گەپ بار-دە!

— ئۇنىڭغا چىقىپ-چىقماي شوتا قويۇپ چىقامتى، ئۆنىڭ ئىچىدە پەللەمپەي بولىدىكەن.

— ئۇنداق ئىگىزگە ھەركۈنى چىقىپ چۈشمەك ئاسان گەپما؟ قوياڭلا شۇ گەپنى، يا راستۇ، يا يالغان! بىر ئۆي دېگەندە قۇشتەك قونداقتا چىقىۋېلىپ ئولتۇرىۋەرسە قوساق ئاچمايدىغان گەپما؟ سۇ ئەكىرمەمدا؟ ئۇلاغلارغا ھەلەپ-يەلەپ ئەتكىلى چۈشمەمدا؟...

— بىزنى بۇلارنى سورىمىدى دەمسەن؟ ئۇلارنىڭ باقىدىغان ئۇلاغلىرى بولمايدىكەن، سۇنى كۆلدىن يا قۇدۇقتىن ئۇسۇپ چىقىدىغان ئىش يوق دەيدۇ، ئۆينىڭ ئاشخانىسىدا سۇ چۈشىدىغان جۈمەك بولىدىكەن، خۇددى ساماۋەرنىڭكىدەك، بۇراپ قويسىلا چۈشىدىكەن...

— ئۇنىڭ ئىچىدە تۈگمەيدىغان قانداق سۇ باركەن؟ كۆل بارمىكەن يا؟ كۆل بولسىمۇ تۈگەيدۇ، سۇ ياقىلاپ كېلىپ سۇ سالماق كېرەك.

ئابلىمىت قارى ئوسال بولغاندەك جاۋاپ بېرەلمەي دۇدۇقلاپ قالدى. ئۆزىنىڭ قانداقسىگە مۇشۇنداق گەپلەرگە شۇنچە ئاسان ئىشىنىپ قالغىنىغا ھەيران قالدى. ئەمما سۆھبەتداشلىرى ئۇنىڭ ياقىسىنى

قويۇۋېتىدىغاندەك ئەمەسىدى.
— تاھارەتكە چىقسا قانداق قىلىدۇ؟ يا بولمىسا شەلكتەك ئۆگزىسىگە چىچامدىكەن؟ — دېدى ئەبەيدۇللا.
— خالاسى ئۆينىڭ ئىچىدە بولىدىكەن، سۇ بىلەن ئېقىپ كېتىۋېرىدىكەن... — دەپ ئۇن قاتتى مۇھەممەد قارى.
— ئوھ! بۇنىسى شەلكتىنمۇ ئۆتەراقكەنغۇ!؟
— پەسكە چۈشمەكچى بولسا پەللەمپەي بىلەنلا چۈشمەيدىكەن، يەنە ئاسانسۆر[1] دەيدىغان بىرنېمە بولىمىش، ئۇ بىرنەچچە ئادەمنى بىر ئېلىپ، چىقىدىغان يېرىگىچە ئاچىقىپ قويىدىكەن، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە ھاۋايى مۇئەللەققە ئاچىقىپ قويىدىكەن...
— خۇدايا تووۋا، بۇمۇ بىر مۆجىزە بولدى، ئەگەر راست بولسا.
— ئىسەنسۇر دېگىنىڭ قانداق نىمىكەن؟ ئۇنى ئادەم تاتىپ چىقىرامدۇ، ئۇلاغمۇ؟
— توك دەمدۇ، تاك دېدىمۇ بىر نېمە بىلەن ماڭىدىغان ئوخشايدۇ.
— توك؟ غەلىتە بىرنىمىكەن، ئەنجانغا بارغانلارمۇ كۆرۈپ كەپتىكەنغۇ، ئۇنىڭدا ھەم چىراق ياقىلى بولىدىكەن، ئادەم قىلالمايدىغان ئېغىر ئىشلارنى قىلالايدىكەن،... شۇغىنىسى ئادەم تۇتسا ئۆلتۈرۈپ قويىدىكەن.
— راست، مەن سودىگەرلەردىن ئاڭلىغان، قارىغاندا بۇ راست گەپ ئىكەن - دە!
— سابىت، سەن ئىشىنىۋاتامسەن، قانداق؟ نىمىشقا ئۈنچىقمايسەن؟
— ھە... مەنما؟ ئىشقىلىپ مەن ئاشۇ ئەپەندى دېگەن ئوقۇشقا قىزىقىپ قالدىم... خۇدايىم نىسىپ قىلسا ئوقۇسام دەيمەن... — سابىت توختاپ قالدى.
— مەنمۇ ئوقۇيتتىم، — دېدى ئەكبەر، — سابىتكام بىلەن بىللە ئوقۇيتتىم - دە.
ئەمدى ئۇلار سابىتنىڭ گېپىنى چۆرىدىگەن ھالدا «شۇنداق ئوقۇش

---

[1] ئاسانسۆر — (تۈركچە ‹ئەسلى فىرانسۇزچىدىن› — asansör) — لىفىت، — ئا.

بولـۇپ قالسـا ئوقـۇش كېرەكمـۇ قانـداق؟» بۇنـداق ئوقـۇش مۇسـۇلمانلارغا دۇرۇس بولامـدۇ- يـوق؟ مـوللىلار رۇخسـەت قىلامـدۇ، ... دېگەنـدەك تالاش - تارتىشلارنى قىلىشتى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

# توققۇزىنچى باب

## 1

ھايت- ھۇيت دېگۇچىلا ماي ئېيمۇ كىرىپ قالدى. كەچقۇرۇننىڭ مەيىن شاملى بۇغدايلىقتىن ئۆزىگە خاس پۇراقلارنى ئېلىپ كېلەتتى. كۈندۇزلىرى بولسا ئىسسىقنىڭ تەپتىدىن ئاق يەرلەر ئۇستىدە ئالۋۇن ۋىلىلداپ كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

بۇ مەزگىل ئىچىدە مەمتىلى ئەپەندى ئاكىسىنىڭ توسقىنىغا قارىماي ئېتىز- ئېرىق ئىشلىرىغا قارىشىپ ئۆتكۈزدى. تاشمەت بىلەن ئىگەمبەردىگە قىزىق پاراڭلارنى سېلىپ بەرگەچ بوياقچىلىقنىمۇ قىلدى. ساچتراچلىق ھۈنىرىنى كۆرسۈتۈپ ئۆيدىكى باللارنىڭ ۋە نىمكارلارنىڭ چاچلىرىنى ئېلىپمۇ قويدى. بىراق ئۇ ئاخىرىقى ھېسابتا ئۆزىنىڭ زېرىكىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ھەر خىل ئۇششاق- چۈششەك، پارچە- پۇرات ئىش بىلەن ئۆمۈرنى زايا قىلىش ئۇنىڭ يۈرىكىنى يىمەكتىدى. بۇنداق ياشاپ بولمايتى. بىرەر ھەقىقىي ئىش بىلەن شۇغۇللانماي بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى، ئۇنىڭسىز ھاياتتا نە لەززەت، نە مەنا بولمايتى.

بىراق، قايسى «ھەقىقىي ئىش» بىلەن شۇغۇللىنىش كېرەك؟ نىزامىددىن تېۋىپچىلىك قىلىش، مۇزدۇزچىلىق قىلىش، ئاشخانا ئېچىش قاتارلىقلارغا بىرمۇ- بىر سايە قىلىپ چىقتى. ئەمما بۇلارنىڭ ھېچبىرى ئۇنى قىزىتۇرمىدى. ئەجىبا ، ئۇ مۇشۇنداق ئىشلار بىلەن شۇغۇللۇنۇپ پەقەت ئۆز جېنىنى جان ئېتىش ئۈچۈنلا ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن بولسا- ھە؟ ئۇ قاينام- تاشقىن ۋەزىيەت ئىچىدە ئالدىراپ ياشاشنى خالايتتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا بىر خىل قىزىق ھەم تىنىمسىز قان مەۋج ئۇراتتى. لېكىن ئۇ ئوتتەك قىزىق يىللاردا كېلەلمەي قاپتۇ. ئەمدى نېمە قىلىشى كېرەك؟ يەنە بىر قاراشتا بۇ يەردە تۇرۇپ قېلىش خەتەرلىكتەكمۇ قىلاتتى. نىملىكى بولمىسۇن بۇنى قەشقەردىكى دوستلار بىلەن

www.uyghurkitap.com

مەسلىھەتلىشمەي بولمايدۇ. يۈسۈپ زىيا مەكتەپ ئىچىپ ياخشى قىپتۇ، جاھالەتكە ئوت ئاچماقتىنمۇ مەنىلىك ئىش بولامدۇ؟ بولمىسا يۈسۈپنىڭ يېنىدا ئىشلىسىمۇ بولارمىدىكىن؟ ئاخىرى ئۇ نىزامىددىنغا بۇ خىيالىنى ئېيتتى.

— نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى قەشقەردىكىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ كەلسەممىكىن، ئاكا.

— شۇنداق قىل، لېكىن بىزنىڭ ئۈمىدىمىز، قېشىمىزدىن ئاجرىمايدىغان قارارغا كەلگىن.

— ھېچ بولمىسا ھازىرچە ئىچ پۇشقۇمنى چىقارغۇدەك بىر نېمە تېپىپ كەلمەمدىمەن.

— بولۇدۇ، بېرىپ كەلگىن.

مەمتىلى ئەپەندى ئەتىسى سەھەردىلا يولغا چىقتى.

ئۇ ئۇدۇللا نوۋېشى مەكتەپكە باردى. مەجىددىن ئەپەندى مۇشۇ يەردە ئىكەن، يۈسۈپ ئەپەندى ئەخمەت ئەپەندىگە بالا ئەۋەتتى. توختاجى قەشقەردە بولمىغاچقا مەمتىلى ئەپەندى قىزىل دۆۋىگە چىقماسلىق نىيىتىگە كەلدى. باشقا دوستلار مۇشۇ يەردە جەم بولۇشتى.

— بەك ئۇزاق يوقاپ كەتتىلىغۇ، ئەپەندىم؟ — يۈسۈپ ئەپەندى تەۋپىقتىن ئاغرىنغان ھالدا سورىدى،— بىزنى ئۇنتۇپلا كەتتىلىغۇ؟

— كونا دوستلارنى قانداقمۇ شۇنچە تېز ئۇنتۇپ قالاي؟ ئۇنۇتمىدىم، سىز دېگەندەك بەك ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكىنىمۇ يوق. خوش، دوستۇم، نېمە قىلىۋاتىسىز؟ — سورىدى ئۇ ئەخمەد ئەپەندىدىن.

— بىكارلا يۈردۈم.

— مۇشۇنداق بىكارلا يۈرمىسەك بولاتتى...

— بىر ئىش قىلساق بولاتتى...

— بىر ئىش؟ — دېدى مەجىددىن ئەپەندى ئېتىراز بىلدۈرۈپ، — ئەمدى بىر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتقۇدەك پۇرسەت قالمىدى، ئەڭ ياخشىسى «بىر ئىش»نى كەلگەن يېرىڭلارغا بېرىپ قىلساڭلارمىكىن؟! — بۇ گەپ ھەممەيلەننى ئويلاندۇرۇپ قويدى.

— نىمىلەرنى دەۋاتىسىز، دوكتۇر، چاخچاق قىلىۋاتامسىز؟ «ئۆزى كەلگەن يار- يار، ئۆزى كەتكەن يار- يار» دېگەندەك ئۆزىمىزچە كەلدۇق، ئەمدى كېتىشىمىز تېخىمۇ تېز بولسۇنمۇ؟— مەمتىلى ئەپەندى رەسمىي ئاھاڭدا سورىدى.

— نېمە قىلاي دەيسىز؟

— بىز ئاقارتقۇچىلارمىز، يەنە نېمە قىلاتتۇق؟ شۇتاپ خەلقىمىزگە ئەڭ زۆرۈرىمۇ شۇ.

— لېكىن، ئەپەندى، ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى توغرا مۆلچەرلىمەكمۇ زۆرۈر، — دېدى مەجىددىن ئەپەندى.

ئەخمەد ئەپەندى گويا سىلەر قانداق قارار چىقارساڭلار مەن شۇ دەۋاتقاندەك بېشىنى يەرگە سېلىپ جىملا ئولتۇراتتى. يۈسۈپ ئەپەندىنىڭ تاشقى ئىپادىلىرىدىن مەجىددىن ئەپەندى بىلەن بىر پىكىردە ياكى مەمتىلى ئەپەندى تەرىپىدە ئىكەنلىكىنى بىلىپ بولمايتتى.

— ھېچ بولمىسا بىر نەچچە زامان تېنچ بولۇدۇغانلىقىنى جەزىملەشتۈرۈشكە بولۇدۇ. چۈنكى شىڭ شىسەي تېخى ئەمدىلا پۇت تېرەپ تۇردى. قوزغىلاڭچى قوشۇنلا تېخى مەۋجۇت، — دېدى تەۋپىق مۆلازىمىزە يۈرگۈزۈپ،— خوجانىيازھاجى مۇئاۋىن رەئىسلىككە تەكلىپ قىلىنىۋاتىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا يېڭى ھۆكۈمرانىنىڭ قانداق سىياسەت يۈرگۈزىشىنى مۆلچەرلەش مۇمكىن. ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن خەلقچىللىق تونىنى كىيىدۇ، ھەمدە مۇشۇ تونغا لايىق تۇرۇشى چوقۇم.

— ئەمما ئاخىرىدىچۇ؟ — سورىدى مەجىددىن ئەپەندى.

— ئاخىرىدا؟ — دېدى تەۋپىق ياندۇرۇپ، — بەلكىم ھېچنىمە بولماس، ئەگەر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىرى ئۆز رولىنى كۆرسەتسە، شىڭشىسەي بىزنىڭ سىياسىيغا ئارىلاشمايدىغان ئاقارتقۇچىلار ئىكەنلىكىمىزگە ئىشىنىپ قالسا...

— ئىشىنىپ قالسا! — دېدى مەجىددىن ئەپەندى قولىدىكى ھاسىنى يىپ ئەشكەندەك قىلىپ بىرنەچچە پىرقىرىتىپ، — بۇ ئۆلاردىن

كۆتىدىغان ئۈمىدمۇ؟ چوپان بۆرىگە ئۈمىد باغلىغاندەك سەمىمىي ئۈمىدمۇ؟ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ياخشى كۆرۈنمەك ئۈچۈن چوقۇم سوۋېت سىياسىتىگە ئۇيغۇن سىياسەت يۈرگۈزىشى كېرەك، بۇنىڭ ئاقارتىش ئىشلىرىدىكى ئىجابىيلىقىنىلا كۆرۈپ، سىياسىي جەھەتتىكى تازىلاشلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋەتسەك بەڭۋاشلىق بولارمىكىن دەيمەن.

— ھازىر بىزنىڭ بۇ تەقلىتتىكى مۇھاكىمىمىز سەل ۋىجدان چېكىدىن چىقىپ كېتىۋاتامدۇ، قانداق؟ — دەپ سۆز قىستۇردى يۈسۈپ زىيا.

— بۆرى توق بولسا بەلكىم يېمەس، دەپ ئۈمىد قىلىدۇ، بۇ كىشى،— دەپ باش چايقىدى مەجىددىن ئەپەندى.

— شۇنداق، بۆرى دېگەن يىرتقۇچ، ئۇ قوساق تويدۇرۇش ئۈچۈنلا يىرتقۇچ بولغان ئەمەس، — دەپ داۋام قىلدى تەۋپىق، — ئۇ توق بولسىمۇ جان ئېلىپ كېتىۋېرىدۇ. بۇ ئۇنىڭ مەنتىقىسى.

— ئەنە خالاس! — دېدى دوختۇر، — يەنە نىمە «ئىشىنىپ قالسا» دەيسىز ئەمسە؟

— ئەپەندىلەر، بىز جان قايغۇسىغا چۈشۈپ قالغاندەكمۇ قانداق؟ — يەنە بىر قېتىم ئەسكەرتتى يۈسۈپ ئەپەندى.

— بىراق قارامىلىق قىلىشمۇ بولمايدۇ. دە، نەدىلا بولسا ئىنسانىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلغىلى بولىدۇ. خالىساڭلار تۈركىيىگە قايتىپ كېتەيلى. بولمىسا ئافرىقىدىكى ئىپتىدائى دۆلەتلەرگە بېرىپ «پىدائى» بولايلى.

— ھا ھا... — مەمتىلى ئەپەندى جاراڭلىق ئاۋازدا خاتىرجەملىك بىلەن كۈلدى. ئارقىدىن چاخچاق ئارىلاش،— سىز نېمىدىن شۇنچىلا ھۈركۈپ كەتتىڭىز؟ ھاۋۇنى ئېلىپ قاچماقچىمۇ؟ بىرىنچىدىن ئۆز ئېلىمىز ياردەمگە مۇھتاج تۇرغاندا باشقا ئەلگە «پىدائى» بولۇپ بېرىشىمىز كۈلكىلىك ئىش بولار، قارىغاندا بىزنىڭ يۇرتىمىز ئافرىقىدىن ئېشىپ چۈشكىدەك دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى تونۇدۇق؛ ئىككىنچىدىن

ياخشى ئىش قىلىمىزلا دەيدىكەنمىز، ھەممە يەردە قارشىلىققا ئۇچرايمىز، ئىپتىدائى ئورمانىنىڭ بۆرىسى ئادەم يىمەيدۇ دەمسىز — دېدى.

— شۇنى سەمىڭىزگە سېلىپ قويايكى، بىزنى پايلاپ يۈرىۋاتقانلار بار. مەن بۇ «قۇيرۇق» لارنى بىر نەچچە قېتىم سىزىپ قالدىم...

— «قۇيرۇق»لارنىڭ ۋەزىپىسى شۇنداق، پايلاش بەدىلىگە مائاش ئالىدۇ؟ ئىتقا ئىگىسى نېمە ئۈچۈن سۆڭەك بېرىدۇ؟ ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ئاشۇنداق مەجبۇرىيەتلىرى بار- دە. بىراق، بىزنىڭ ۋەزىپىمىز قېچىش ئەمەس،— تەۋپىق دوستلىرىغا پاسسىپ تەسىر بەرمەسلىك ئۈچۈن ئۆزىنى خاتىرجەم تۇتۇپ ش«ۇنداق دېدى، — ھەرقانداق ھاكىمىيەتنىڭ ئەنە شۇنداق بىر تالاي 'ئالاھىدە خىزمەتچىلىرى» بولىدۇ. ئەپەندىلەر، شۇنى ئۇنۇتماڭلاركى، ياز كۈنى چىۋىنىدىن خالى بولغىلى بولمايدۇ. چىۋىنلەرنىڭ قونۇش ئېھتىماللىدىنلا كۆڭلىگە شەك كەلتۈرگەن كىشى ئاچ قالىدۇ، ئەلۋەتتە. بۇ خۇددى «قۇچقاچتىن قورقۇپ ئىكىن ئەكمىگەندەك» بىر ئىش بولىدۇ.

مەمتىلى ئەپەندىنىڭ خاتىرجەم سۆزلىرى بىلەن تالاش- تارتىش ۋاقىتلىق توختىغان بولسىمۇ لېكىن كۆڭۈللەر قېتىغا يوشۇرۇنغان ۋەھىمە تارقاپ كەتمىگەنىدى. ئىنسانىنىڭ ياشاش ئىستىكى، ئۆزىنى مۇھاپىزەت قىلىش تەبئىي تۇيغۇسى خەتەر ئالدىدا دەككە- دۈككە پەيدا قىلاتتى. ئارىدا پەيدا بولغان ئوڭايسىز ۋەزىيەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن مەجىددىن ئەپەندى تېمىنى يۆتكىدى؛

— ئەپەندىم، بىزگە قاچانغىچە مېھمان بولىسىز؟

— ئەتە كېتىمەن، — جاۋاب بەردى مەمتىلى ئەپەندى سالماقلىق بىلەن، — ئىچىم پۇشۇپ، سىلەر بىلەن دىدارلىشىپ چىقاي دەپلا كەلگەنىدىم. ئەتە چۈشكىچە بازار ئارىلىسام، چۈشتىن كېيىن كېتىمەن. بازاردا قىلىدىغان سودىلىقىممۇ كۆپ ئەمەس، كىتاب- پىتاپ ئالىمەن. ئاندىن ياخشى ئۇستىغا باشلاپ بارساڭلار بىر تەمبۇر سېتىۋالمىسام بولمىدى.

— ھە، راست ئەپەندىم، — دېدى مەجىددىن مۇھىم بىر ئىشنى

يادىغا ئالغاندەك، ــ سىزنى بىر خوشال قىلاي دەپ شىۋىد دوختۇرخانىسىدىن ھېلىقى پىئانىنونى سۆزلۈشۈپ ئېلىپ قويدۇم، قانداق، خوشال بولغانسىز؟

ــ شۇنداقمۇ؟ خوشال بولمامدىغان، بەكمۇ پەيزى ئىش بوپتۇ. مەن يەنە شۇ يەردىن ئازراق دورا سېتىۋالماقچىدىم. پىئانىنونى شۇ چاغدا كۆرۈپ ئېلىپ كېتەرمەن.

ــ ئۇنداق بولغاندىكىن بۈگۈن ماڭا قوناق بولارسىز؟

ــ رەخمەت، بوۋا،ــ (مەمتىلى تازا ئامراقلىقى تۇتقاندا مەجىددىن ئەپەندىگە شۇنداق خىتاپ قىلاتتى) ــ يۈسۈپ زىياغا قوناق بولىمەن. مۇھىمى ئۇنىڭ بىلەن دېيىشىدىغان گەپلەر بار. يەنە بىر قېتىمدا سىزنى ئاۋارە قىلىمەن. ئەلۋەتتە.

تەۋپىق كەچتە يۈسۈپ ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە ــ قوناق بازىرىغا كەتتى. كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئىككىسى بىردەم كوچا ئايلىنىپ يۈرۈشتى. ئەنە شۇ چاغدا تەۋپىق يۈسۈپ ئەپەندى بىلەن ۋەتەندە قېلىپ خىزمەت قىلىش ياكى چەتكە چىقىپ كېتىش مەسىلىسى ھەققىدە ئېنىق پىكىرلىشىۋېلىشقا پۇرسەت تاپتى.

ــ سىز قانداق ئويلايسىز، دوستۇم؟ ــ دەپ سورىدى ئۇ.

يۈسۈپ زىيا ئاسمان گۈمبىزىنىڭ ئالدى تەرەپتىكى قارىيىپ كۆرۈنىۋاتقان ئۆگزىلەر ئۈستىگە ئېگىلىپ چۈشكەن يايدىكى پىلىلداپ كۆرۈنۈشكە باشلىغان يۇلتۇزلارغا بىر ھازا قاراپ جىم-جىت ماڭدى. ئاخىر ئۇ ئۆز كۆز قارىشىنى قويۇشتىن كۆرە، مەمتىلىنىڭ كۆز قارىشىنى بىلىپ بېقىشنى توغرىراق ھساپلاپ، قايتۇرۇپ سورىدى:

ــ سىلىچۇ؟ سىلى قانداق ئويلاۋاتىلا؟ سىلىنىڭ ئويلىرىنى بىلىپ باققىم بار.

ــ مېنىڭ پىكىرىمنى سورىسىڭىز، مەن نېمە دەيتتىم. يولىمىزدىن قايتمىساق ياخشىراق بولۇدۇ، ــ دېدى ئەزەلدىن ئۆز قارىشىنى يوشۇرمايدىغان تەۋپىق،ــ ئاڭلىغانمىدىڭىزكىن، بۆرى قوي پادىسىغا تېگىشتىن بۇرۇن پادىنى ئايلىنىپ ھوۋلايدىكەن، ئەگەر قويلار غۇژمەك

بولـﯘبلـىپ تۇرىۋەرسـە بـۆرى ئۇلارغـا چىقـىلالـماي پـادىـنى ئـايلـىنىۋېرىـدىكەن. مۇشـۇنداق ۋەھــمـە سـالـىدىكەن. بـىــراق، قــوي دېــگەن سـاددا مەخـلـۇق بولغاچقـا توپـىنـىــڭ ســىرتـىدىكىلەر ئـىچــگە كـىرىۋېلـىشــقا ئۇرۇنــىدىكەن، لېكـىن بەرىبـىر بـىر مۇنچىلارغا سىرتتا تۇرۇشـقا تـوغرا كېلـىـدۇ. دە؟ بـىـراق ئۇلارنـىڭ ھەمـمـىسـى ئـۆز جېنـىـنىڭلا قايغۇسـىدا بولغاچقـا ھەمـمـىسـى ئـۆز جېنىنـى قوغــداش ھەلەكچىلـىكــدە پادىنـىــڭ مەركــىزىگە قســتىلـىپ، شـۇنىڭ بـىـلەن تەرتـىپ بۇزىلـىـدىكەن. شـۇ چاغـدا بـىـر. ئـىككـىسـى ئـۆزىنى باشقـىلارغا قارىغاندا داناراق ھېسابلاپ، قېچىپ قۇتۇلـۇش ئەڭ ياخشـى چارە دەپ ئويلايـدىكەن. دە، سـىـرتقا ـــ ئوچۇقچىلـىققـا قـاراپ قاچىـدىكەن. بـۇ بولسـا پۈتـۈن پادىـدا «سـايـىسـىدىن ھۈركـۈش» دېگەنـدەك ۋەھـــمە پەيـدا قـىلـىپ، ھەمـمـىسـى ھەر تەرەپـكە پىتـراپ كېتـىدىكەن. مانـا بـۇ بـۆرى ئۈچـۈن ئەڭ ياخشـــى پۇرســەت ئـــكەن،ـــ مەمتـىلــى ئەپەنــدىنىڭ تەلەپپۇزىـــدىن جىددىي كۆلۈمسىرەۋاتقانلـىقى بـىلـىنـىپ تۇراتتى، ـــ شـۇنداق دوسـتۇم بـىـز ئاشۇ بـىرلـىكنى بۇزىدىغان بـىرىنچى قـوي بولـمايلى. ئەگەر بـىرىمـىزلا مۇشـۇ بۇزۇلۇشقا رازى بولۇدۇغان بولساق «پىتراپ كېتىش» يۈز بېرىدۇ...

ـــ خـــاتىرجەم بولســـىلا، مەن هامـــان ســـىلىنىڭ پىكىرلىرىنـــى قوللايمەن... گەرچە ئەھۋال ھەقىقەتەن خەتەرلىك بولسىمۇ...

ـــ بۇنـىسـى چۈشۈنۈشـلۈك، ھەمـمـىمـىـزگە ئېغـىـر، چـۈنكى بـۇ ھايـات مەسىلـىسـىگە بېرىـپ تاقىلـىـدۇ... لـېكـىن، ھەمــمە ئـادەم ئـۆز جېنـىـنىڭلا غېمىدە بولۇپ كەتسە بۇ بەختسىـز مىللەتنـىڭ تەقـدىرى توغرىسـىدا كـىم باش قاتۇرىدۇ؟

مەمتـىلـى ئەپەنـدى يۈسـۈپ زىيانـىڭ قوللىشـىنى قولغـا كەلتۈرگەنـدىن كېيـىن سەل خاتىرجەم بولدى. لېكـىن، كۆڭلـىنىڭ چوڭقـۇر بـىـر يېرىـدە بـىـر ئارامسىزلىق يەنىلا تىركىشىپ تۇراتتى.

ـــ ئۇنداقتا قىلىدىغان ئىش توغرىسـىدا نـېمە قارارغا كېلـىۋاتىلا؟ مەن بـىــلەن بـىلــلە نوۋېتــدا ئىشلـىســىلە، ســىلى شــوتا بولســىلا مەن يانــداق بولاي، قانداق دەيلا؟

ـــ رەھــمەت، مەن بۇنـىمـۇ ئويلـىمـىـدىم ئەمەس، مــوھىمى، ھەمـمـىـز

كەتمەيدىغان قارارغا كېلىشۋالساق بولغىنى، باشقىسى ئۆز ئۆزىدىن ھەل بولۇپ كېتىدۇ. قىلىدىغان ئىش توغرىسىدا كۆڭلۈمگە يەنە باشقا پىكىرلەرمۇ كېچىۋاتىدۇ، مەن بىر قارارغا كېلىشۋالاي، دوستۇم.

— ئۆزلىرى بىلسىلە، ھەممىمىز بىر يەردە بولساققۇ بەك بەلەن ئىش بولاتتى.

ئۇ ئەتىسى يۈسۈپ ئەپەندىنىڭ ھەمراھلىقىدا بازار ئارىلىدى. ئاۋۋال ھېيتگاھ جامەسى ئالدىغا كېلىپ، تونۇگۇن كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغان كىتابلارنى سېتىۋېلىشقا ئالدىرىدى. ئۇ ناۋاينىڭ «چاھار دىۋان» نى «دىۋان مەشرەپ»نى ۋە يەنە كىلاسسىكلارنىڭ باشقا بىر نەچچە ئەسىرىنى سېتىۋالدى. ئۇندىن باشقا ئابدىقادىر داموللامنىڭ قازاندا نەشىر قىلىنغان «سەرپ نەھۋى»[1]، «نەسىھەتۇل ئەتپال»[2]قاتارلىق كىتابلىرىنى سېتىۋالدى. بۇ كىتابلارنى ئۆگىنىپ بايلىرىدىن موللا تۇداجى، ئىمىنھاجىلار پۇل چىقىرىپ نەشىر قىلدۇرغانلىقىنى ئاكىسىدىن ئاڭلىغان ۋە ئاۋۇ كۈنى ئۇ ئۇلار بىلەن تونۇشقىلى بارغاندا ئۇلارنىڭ ئاغزىدىنمۇ ئاڭلىغانىدى.

ئاندىن بۇلتۇر قەشقەردە نەشىر قىلىنغان «ئەركىن ھايات» گېزىتىنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنىمۇ سېتىۋالدى ۋە بۇ گېزىتنىڭ قۇتلۇقھاجىم شەۋقى مۇھەررىرلىكىدە چىققانلىقىغا دىققەت قىلدى - دە، يۈسۈپ ئەپەندىگە قاراپ:

— ھازىرچە مۇشۇلار يېتىدۇ، — دېدى ۋە جىددى تۇردە، — گېزىت قەشقەرنىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالىدا مۆلچەرلىگۈسىز بۈيۈك ئىش، ئۇ بىر ئىنقىلاپ! بۇنداق بىر ئىشنىڭ بولىشى ئادەمنى بەكمۇ خۇرسەن قىلىدۇ. سىز قۇتلۇقھاجىم شەۋقى بىلەن تونۇشامسىز؟ — دەپ سورىدى قولىدىكى گېزىتنى پۇلاڭلىتىپ قويۇپ.

— تونۇشىمەن، — دېدى زىيا.

---

[1] «مورفولوگىيە، سىنتاكسىس»، — ئا.
[2] «بالىلارغا نەسىھەت» — ئا.

ــ ئەگەر ئۇ زات خالىسا مەنمۇ دوستلىشىپ قالسام بولاتتى، سىز بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايسىز.
ــ بۇلىدۇ، مەن ئۇ كىشى بىلەن ئۇچراشقاندا سىلى توغرۇلۇق پاراڭ قىلاي، ئۇ چوقۇم سىلىگە قىزىقىدۇ.
ــ يەنە بىر كەلگىنىمدە جەزمەن تونۇشۇپ قالىدىغانلىقىمغا ئىشەنسەم بولىدىكەن - دە؟ رەخمەت، ئەپەندىم. ئەمدى مېنى چالغۇ ئەسۋاپ ياسايدىغان داڭلىق ئۇستىنىڭ دۇكىنىغا باشلاپ بارسىڭىز، شۇنىڭ بىلەن مالال قىلىشىم توختايدۇ، ئاندىن «ھالال ئەھمەر» گە كېتىمەن. «بوۋاي» بىللە بىلەن بولۇپ قايتىمەن، ــ يۈسۈپ زىيا مەمنۇنىيەت بىلەن دوستىنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ، ئۇنى ئۆستەڭ بويى كوچىسىغا باشلاپ كەتتى.
ئۇلار ھېيتگاھ ئالدىدىن ئايلىنىپ ئۆتەيلى دەۋاتقاندا ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ۋالىنىڭ پوچتىسى سۈر ھەيۋىلىك قورۇقچىلىرى بىلەن ياۋاغ تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىۋاتقانىكەن، بۇنى كۆرۈپ يۈسۈپ ئەپەندى:
ــ سوۋېتتىن ئەۋەتىلگەن يېڭى ۋالى شۇ بولسا كېرەك، قارىغاندا تىرەكلىك جۇزىگە[1] مېڭىپتۇ - دە، ــ دېدى.

## 2

ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئەڭ مەخپىي يىغىنلار ئۆتكۈزىلىدىغان كىچىك خانىسىدا ساقچى، ھەربىي ۋە مۈلكىي ئەمەلدارلارنىڭ يىغىنى چاقىرىلدى. قادىرھاجى يىغىننىڭ ساھىپخانى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ياكى بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى يۇقىرى مەنسەپتىكىلەر بولغاچقىمۇ بۇ يەرگە جەم بولغانلار ئىچىدىكى «ئەڭ پەگادىكى»لەردىن بىرسىدەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ «قار يېغىپ تۇرۇدۇغان»

---

[1] تېرەكلىك جۇزى ــ ھازىرقى بەشخىل مېتال ماگىزىنى جايلشقان يەر، ئىلگىرى بۇ يەردە ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى ۋە ياۋاغ تۈرمىسى بارىدى، بۇ يەرنى تېرەكلىك بولغىنى ئۈچۈن «تېرەكلىك جۇزى»مۇ دېيىشەتتى، ــ ئا.

قاپقى ئېچىلىپ قالغانىدەك. شۇنداقلا ئادەتتىكى سۇر- ھەيۋىسىدىن ئەسەر قالمىغانىدەك قىلاتتى. يېنىغا يەنە بىر ساھىپخان ۋۇ دارىن رەئىسلىك قىلاتتى.

ئېپەك يوپۇقلار يېپىلغان شىرەنىڭ ئۇ تەرىپىدە گىدىيىپ ئولتۇرغانلارنىڭ قىياپەتلىرىدىنلا سورۇننىڭ ئەڭ ئۇلۇغى كىم ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى. ئۇزۇنچاق قەغەزلىك ئىككى پارچە ھۆسنىخەت تىكىسىگە ئېسىلغان جايىنىڭ ئوتتۇرىدا ۋاڭ «دارىن» ئولتۇراتتى. ئۇ تېخى ھازىرچە جامائەتكە ئاشكارە مەلۇم بولمىغان يېڭى كەلداخۇن بولغىنى بىلەن، بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ يېقىن ئارىدا قەشقەر ۋالىيسى بولۇدۇغانلىقىنى بىلگەچكە، سىياسىي سەزگۈرلىكى يۇقىرى بۇ كىشىلەر مۇۋەققەت ۋالىي ماشياۋۋغا ئېتىبار قىلماستىن، ۋاڭ باۋچىيەن (ۋاڭ دارىن) غا ئالاھىدە ئىھتىرام بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا باشلىغانىدى. ئۇنىڭ بىر تەرىپىدە سېرىق چاچلىق، قىرلىق ئىگىز قاڭشارلىق بىر روس مۇشاۋىر سۆلەت بىلەن گىدىيىپ ئولتۇراتتى. يەنە بىر تەرىپىدە ئىگىز بويلۇق، ئۇچلۇق ساقال، بېشىغا سەللە ئورىۋالغان ئاۋاق يۈز كەلگەن بىر ئۇيغۇر كىشى ئولتۇرغانىدى. ئۇ ھەر قانداق يېڭىلىق قايىنىمىنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇدىغان ئاجايىپ ماھارىتى بىلەن ھەممىنىڭ ھەۋەس- ھۆرمىتىنى قوزغىغان كىشى بولۇپ، جەمئىيەتتە ئۇنى ھەر تەبىقە ھەرخىل تونۇيتتى، ئەمما ھېچقايسىسى دۈشمەن كۆرمەيتتى. لىبىراللار، يېڭىلىق تەرەپدارلىرى ئۇنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى زىيالىيسى، مەشھۇر ئاقارتىش ئەربابى، خەلقپەرۋەر دەپ تونۇيتتى، ئۇ سابىت داموللا ھۆكۈمىتىدىمۇ ۋەزىپە ئالغان، ئۇنى ئاغدۇرغانلارنىڭمۇ ئىلتىپاتىدىن مەھرۇم قالمىدى. ئەشەددى ئوڭچىلار ئۇنى سوۋېتپەرەست ئۇنسۇر، 3- ئىنتېرناتسىيونالنىڭ ئىشپىيونى (خەلقئارالىق كوممۇنىست ئىشپىيون) دەپ قاراشاتتى. ئەمما ھۆكۈمەتنىڭ ئۇنىڭغا ئىلتىپاتلىق مۇئامىلىدە بولىۋاتقانلىقى ئۇلاردا يەنە ئۆز قاراشلىرىغا نىسبەتەن گۇمان تۇغدۇرغاچقا، ئۇلارمۇ ئۇنى يامان كۆرەلمەيتتى. ئۇنىڭ قېشىدا ھەربى ئەمەلدار لىيۇبىڭ ئولتۇرغانىدى.

روس مۇشاۋۇر ئاللىقانداق مەنىۋي كۈچ بىلەن ھەممىنى تىزگىنلەپ تۇرىۋاتقاندەك بىلىنەتتى. چۈنكى ئۇ «دارىن»لارنى قىلچە كۆزگە ئىلمەيتتى. ھەم بۇنى يوشۇرۇپ ئولتۇرمايتى. ئۇ شۇنداق كىبىرلىك، تولىمۇ مەغرۇر ئىدى. ئۇ پەقەت ئۈچلۈق ساقاللىق ئاۋاق ئۈيغۇرغا ۋە ۋاڭ دارىنغا ئىلتىپاتلىق مۇئامىلە قىلاتتى. بۇنىسى سۆز ئارىلىقىدا ئارىلاپ: «شۇنداقمۇ، مەخسۇم؟»، «سىز بۇنىڭغا نىمەن دەيسىز جاۋشى؟[1]» دېگىنىدىن بىلىنىپ قالاتتى. ئۇلار بۈگۈنكى قوزغىلاڭ تىنچىتىلغان مۇشۇ ۋەزىيەتنى قانداق ساقلاپ قېلىش، مۇستەھكەملەش؛ يەنە قوزغىلاڭ چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ھازىرغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋاتقان قوزغىلاڭچى قوشۇنلارنىڭ تەھدىتىنى قانداق تارايتىپ، قانداق ئازايتىش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە كېڭەشمەكتىدى.

— ئەمدى قوزغىلاڭ چىقمايدۇ دەپ ھۆددە قىلغىلى بولمايدۇ. خوجا نىياز ھاجىنىڭ قۇشۇنلىرى تېخىچە مەۋجۇت، قوراللىرىمۇ بار تېخى! سابىت داموللامنىڭ تەسىرىمۇ يوق ئەمەس. بۇ ھال خەلقنىڭ ئۈيۈشۈپلىشى ئۈچۈن تۈرتكە ھەم پۇت تېرەپ تۇرۇش ئىمكانىيىتى بېرىدۇ،— ۋۇ دارىن ياسىما كىبىر بىلەن ئەتراپىغا ئايلىنىپ قاراپ، ئۆلۈقلارنىڭ ئۆز نۇتقىدىن قانداق تەسىرلىنىۋاتقانلىقىنى ئوغۇرلۇقچە كۈزىتەتتى.

— گېپىڭىزچە بولغاندا قوزغىلاڭچىلارنىڭ مەۋجۇتلىقى خەلقنىڭ قايتا ئۈيۈشىشىدىكى تاشقى شەرتنىڭ بىرىكەن، شۇنداقمۇ؟ — دېدى مۇشاۋۇر ۋۇ دارىننىڭ تومتاقراق ئېيتىلغان سۆزلىرىنى ئۆز تەلەپپۇزىغا ئايلاندۇرۇپ، پەلسەپىۋى تۈس بېرىپ، — شۇنداق چۈشەنسەك بولامدۇ؟

— شۇنداق چۈشۈنۈش مۇمكىن، دېدى ۋۇ دارىن ئىشەنچسىزلىك بىلەن، چۈنكى ئۇ تاشقى شەرت دېگەننىڭ نېمىنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى

[1] جاۋشى — ۋاڭ باۋچيەننىڭ يەنە بىر ئىسمى. ئۇ ۋە قادىرھاجى قاتارلىق كىشىلەر ھەققىدە «قەشقەر تارىخ ماتىرىياللىرى — 2» دىكى «مەھمۇد — قەشقەردە» ناملىق ماقالىغا ۋە بورھان شەھىدىنىڭ «شىنجاڭنىڭ ئەللىك يىلى» ناملىق كىتاپقا قارالسۇن، — ئا.

www.uyghurkitap.com

تازا ئاڭقىرالمىغانىدى،ـــ ھەئە، شۇنداق، ـــ ئۇنىڭ ئەنىكى ياسىما كىيىم يەنە ئەسلىگە كەلدى.

ـــ ئۇنداق بولسا ئويۇشۇشنىڭ، قايتا قوزغۇلۇپ چىقىشىنىڭ ئىچكى ئاساسى نېمە، جانابى ۋۇ دارىن؟ ـــ ئاغزىنى غەلىتە بىر تۈرلۈك پۈرۈپ، مەسخىرە قىلغاندەك سورىدى رۇس مۇشاۋۇر.

ـــ ...، ـــ ۋۇ دارىننىڭ ياپياڭ بۇرنىنىڭ ئۇچى تەرلەپ كەتتى. ۋاڭ دارىن مىللىي بىرلىك تۈيغۇسىنىڭ سېزىلمەس تۈرتكىسى بىلەن ۋۇ دارىننى قىيىن ئەھۋالدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئورنىدا جاۋاب بەردى.

ـــ ئىچكى ئاساسى ـــ ئاڭنىڭ ئويغۇنىشى ۋە ئىتتىپاقلىق.

بۇ گەپ بىلەنلا ئەقلىنى تاپقان ۋۇ دارىن دەرھال سۆز ئېلىپ ئۆزىنىڭ ئانچۇۋالامۇ دۆت ئەمەسلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن ئالدىرىدى (بايىقى خىجىللىق ئۇنى بەك ئازاپلىغاچقا ئۆزىنى كۆرسىتىپ، شۇ سەھۋەنلىكىنى خەقنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈۋېتىش ھەلەكچىلىكىدە تولا پالاقشىدى):

ـــ شۇنداق، شۇنداق، مەنمۇ شۇنى دېمەكچىدىم. ئەمدى بىزگە قىلىدىغان ئىش ـــ ئىسيانىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن قىلىدىغان ئىش ـــ ئىچكى بىرلىكىنى بۇزۇش! ئېيتايلۇق: قەشقەرلىك بىلەن ئاتۇشلۇق بىر- بىرىنى دۈشمەن كۆرسۇن. قەشقەرنىڭ ئۆزىدە بولسا ھەربىر مەھەللە، ھەربىر كوچا بىر- بىرىنى تالاپ تۇرسۇن. بىز بولساق ئۇلارنىڭ جىدىلىنى ئايرىغۇچى بولايلى. بۇ ئەلنىڭ ئىناقلىقىدىن ئەلھەزەر!...

ئۇنىڭ دەۋاتقانلىرى قانداقتۇر كەشپىيات ئەمەس، ئەزەلدىن قوللۇنۇلۇپ كېلىۋاتقان كىلاسسىك ئۇسۇل ئىدى، شۇنداق بولسىمۇ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى تەستىقلاپ بىر نەچچەيلەن ھىجايغىنىچە باش لىڭشىتتى. ۋاڭ دارىنمۇ «ئەمدى ئەقلىڭنى تاپتىڭ، يارايسەن» دېگەندەك قىلىپ ئىلتىپاتلىق نەزەرىدە قاراپ باش لىڭشىتتى. مەسلىھەتچى رۇسلا ئۇنى ياراتمىغاندەك مېيىقىدا كۈلۈپ، مەخسۇم تەرەپكە قاراپ بىلىنەر - بىلىنمەس مۇرىسىنى قىستى. ئۇنىڭ يىغىن ئەھلىنىڭ ئەقلىگە چوڭقۇر ئورناتماق ئىستىگەن تۈپ مەخسەت بۇنداق كونكرېت ئۇسۇللار ھەققىدىكى تەپسىلاتلار ئەمەس، ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان ۋەزىپە ـــ بۈيۈك

دۆلەتنىڭ بۈيۈك ئىستراتېگىيىسىنىڭ بىر پارچىسى، يەنى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دوستلۇقىنى زۆرۈرىيەت دەپ ئېتىراپ قىلدۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىنى كەم بولسا بولمايدىغان زۆرۈرىيەت دەيدىغان تونۇشنى هاكىم قىلىش، ك گ ب تىپىدا بىر ئاخبارات تورى قۇرۇپ چىقىش ئىدى. ئاندىن مەنىستىمەسلىك تەلەپپۇزى بىلەن:

ــ ئەپەندىم، خوجانىياز هاجىدىن خاتىرجەم بولسۇن. ئۇنىڭ ئىشى يېقىن ئارىدا چىرايلىق بىر تەرەپ بولدى ۋە بولىدۇ، بۇ ئىشتا بىز دوستلۇقىمىزنى يېتەرلىك ئىسپات قىلدۇق. بۇنىڭ بىلەن خەۋپنىڭ تاشقى شەرتى مەۋجۇتلۇقتىن قالىدۇ، دېگەن سۆز. ئەمدى ئۇنىڭ ئىچكى ئاساسىي توغرىسىدا ئەپەندىنىڭ دېگەنلىرى ئورۇنلۇق، ئەمما تېخىمۇ مۇهىمى «ئاڭنىڭ ئويغۇنىشى» مەسىلىسىدىن ئىبارەت ئېيتقاندا يامانراقى زىيالىلار! بولۇپمۇ چەتئەلدە ئوقۇپ كەلگەنلەر! بۇ قايتا تەشكىللىنىش، قايتا توپلاڭ قوزغىلىشىنىڭ ئاساسىدۇر. تۈركىيەدە ئوقۇپ كەلگەنلەر جەزمەنكى، پانتۈركچىلىك ئۇرۇقى چاچىدۇ. بۇ بولسا سىلەرگىمۇ، بىزگىمۇ ياقمايدىغان يامان ئاقىۋەتلەرگە ئېلىپ بارىدۇ. مۇشۇنداق بىر ئىچكى ئامىل، يەنى تەشكىللىنىشنىڭ بىخلىرى مەۋجۇتكەن، قىلىشقا تېگىشلىك ئىش يېتىپ ئاشىدۇ، باش ئاغرىقىمىز كىچىك ئەمەس، ئەپەندىلەر! بۇنداق زور تىرەنمە كۈچىگە قارشى سىلەرنىڭ قولۇڭلاردىن نېمە كېلىدۇ؟ ــ ئۇ مەسخىرىلىك ئىپادە بىلەن دارىنلارغا بىر بىرلەپ قارىدى، ئاندىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دوستلۇقىنى زۆرۈر دەپ ئىما قىلىشنى ئۇنتۇمىدى، ــ هەرهالدا بىزنىڭ ئۇزۇن يىللىق باسمىچىلىق هەركىتىگە قارشى تەجرىبىمىز سىلەرنى بۇ باش ئاغرىقىدىن خالاس قىلىدىغانلىقىغا ئىشەنسەڭلار بولىدۇ.

ــ تەبىئى، چەتئەلدە ئوقۇپ كەلگەنلەر، بولۇپمۇ تۈركىيەدە ئوقۇپ كەلگەنلەرنىڭ مەۋجۇتلىقى، ئاپەتنىڭ ئۇرۇقى دېگەن گەپ.

ــ ئۇلاردىن يېقىن كەلگۈسىدە بىر خەۋپ كېلىشى ناتايىن ئەلۋەتتە،ــ داۋام قىلدى مۇشاۋۇر، ــ ئەمما ئۇلار يىراق كەلگۈسىدىكى مىسلىسىز ئاپەتنىڭ ئاساسىنى تىكلىگۈچىلەر! شۇنداققۇ، جاۋشى؟

ۋالڭ باۋچيەن تېخى ئاشكارا سەھنىگە چىقمىغاچقا ئاز پىكىر بايان قىلىشقا، مۇلايىمراق كۆرۈنۈشكە تىرىشۋاتقاندەك قىلاتتى.
قادىر ھاجى بۇ گەپلەر ئىچىدىن ھەممىدىن كېرەكلىكىنى ئىلغاپ چىقماقچى بولغاندەك دىققەت بىلەن قۇلاق سالاتتى.چۈنكى بۇ يەردە قارار تاپقان ئىشلارنىڭ كونكرېت ئىجراچىسى ئۇ ئىدى.
— تەبىئىيكى، بۇ ئىشتىكى ئاساسىي خىزمەت سالمىقى ئامانلىق ساھەسىگە چۈشىدۇ، — داۋام قىلدى مۇشاۋۇر.
— ئەلۋەتتە، دۆلىتىڭىزلارنىڭ دوستانە ياردىمى بىلەن بۇ ئىشلار نەتىجىلىك بولغۇسى. ئەمدى كونكرېت چارىلار ھەققىدە بىر ئاز توختالساق، قانداق دەيسىلەر؟ — دېدى ۋۇ دارىن.
ۋۇ دارىن زۇرۇر يارىدەملەر، مۇتىخەسىسلەر، مەسلىھەتچىلەر، ئەسلىھەلەر ھەققىدىمۇ سۆزلىدى.
— سىزنىڭچە قانداق، مەخسۇم؟ ۋۇ ئەپەندى ئوتتۇرىغا قويغان چارىلارغا نېمە دەيسىز؟ — دېدى مۇشاۋۇر كۆزلىرىنى ئوينۇتۇپ تۇرۇپ.
— بولۇدۇغان گەپلەر... — دېدى شۇ داڭ يۈز مەخسۇم سالاپىتىنى چۈشۈرمەسلىك ئۈچۈن داناراق كۆرۈنۈشكە تىرىشىپ.
— شۇنداق، بولۇدۇغان گەپلەر، — دېدى مۇشاۋۇر چىرايىغا ياسىما جىددىيلىك بېرىپ، — سىزگە ماقۇل كەلگەن بولسا ئەلۋەتتە بولغىدەك قېنى ئىشنىڭ كونكېرت ئىجراچىسى بولغان ھاجى نېمە دەيدىكىن؟ — دېدى ئۇ قادىر ھاجىغا بۇرۇلۇپ.
قادىر ھاجى چۆچۈپ كەتتى، ئۇنىڭ گۆشلۈك يۈزى لىپىلداپ، بۇرۇتلىرىمۇ تىترەپ كەتتى. دەھشەت يېغىپ تۇرۇدۇغان چىرايى يەنە چاپسانلا ئەسلىگە كەلدى. ئۇ بارلىق كەسپى جاللاتلارغا ئوخشاش پەرۋاسىزلىق بىلەن:
— دارانىلار، ئەپەندىلەر نېمىنى كېرەك تاپسا بىز شۇنى ئىجرا قىلىمىز، دۆلەت مەنپەئەتى كېرەك تاپسا ھەر نەرسە ئۇنىڭ يولىدا قۇربان قىلىنىدۇ،... — دېدى ئۇ ئۇگۇتۇلگەن، فورمۇلىلاشقان ئىبارىلار بىلەن. ئاندىن تەكلىپ بويىچە يېقىنقى قەشقەر ئەھۋالى، تەقىپكە نىشان بولغان

يىگى ئادەملەر ۋە ئۇلارنىڭ كىملىك ــــ سالاھىيەتلىرى ھەققىدە سۆزلەپ بەردى. يىگى ئىچىلغان مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش پروگراملىرى ئۇلارنىڭ دىققەت نەزىرىدىن چەتتە ئەمەس ئىدى.

مۇشاۋۇر تولۇقلىما بىرىپ:

ــــ ئۇلارنىڭ مەكتەپلىرى قارشى تەشۋىقات ئىلىپ بارىدىغان جايغا ئايلىنىپ قىلىش ئىھتىمالى چوڭ. بۇنىڭغا كۆز- قۇلاق بولۇش كىرەك. بىزنىڭ ئىنتايىن خەتەرلىك بىر دۈشمىنىمىز بار: ئۇ بولسىمۇ جامە! بىزنىڭ ئىنتايىن كۈچلۈك بىر ئىتتىپاقچىمىز بار: ئۇ بولسىمۇ جامە! جامە ئەھلى!- ئۇ بۇ يەردە ئولتۇرغان كالۋالار بۇ قارىمۇ- قارشى سۆزلۈرۈمنى چۈشىنۈۋاتامدۇ- قانداق دەۋاتقاندەك ھەممەيلەنگە قاراپ چىقىپ داۋام قىلدى، ــــ بۇمۇ بىر كىلاسسىك تاكتىكا. كىم ئۇستا كەلسە جامەدىن شۇ پايدىلىنىدۇ، كىم بالدۇر ھوشىنى تاپسا جامە شۇنىڭغا خىزمەت قىلىدۇ. ئۇلار نىمىنى تەشەببۇس قىلسا شۇنىڭ تەتۈرىنى قىلىپ تۇرۇش كىرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن سىزدە ئادەملەر بولسۇن!

قادىر ھاجى باش لىڭشىتتى. ئۇنىڭ كۆڭلى پاللىدە يورىغاندەك بولدى. ئۇنىڭ تەجرىبىلىك كاللىسىدا بۇ پىلان كونكىرتنى ئادەملەر، كونكىرت جايلار ئۈستىدە باردى. ئىنىق تەخسىماتلار بولدى. بىرى قۇلاقلارنى كۆپەيتىش ھەققىدە مەسلىھەت بىرىۋىدى، يەنە بىرەيلەن راسخودنى كۆپەيتكەنىنىڭ نىمە پايدىسى دەپ قارشى چىقتى. روس مۇشاۋۇر زەھەرخەندىلىك بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ:

ــــ ئۇلارنى سىز مائاشىڭىز بىلەن باقمايسىز، يەنىلا خەلق ئۆزلىرى باقىدۇ. بۇركۇتى بار ئادەم ئۇنىڭغا ئۆزگۆشىدىن بىرەمدۇ، ئۇۋ گۆشىدىنمۇ؟ ئوۋنىڭ گۆشى بىلەن باقىدىغۇ؟ شۇنداق، ھەر توپتا ئادەملىرىڭىز بولىشى كىرەك، ھەر تەبىقىدە ئادەملىرىڭىز بولىشى كىرەك! ــــ دىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

# ئونىنچى باب

## 1

ھەش- پەش دېگۈچىلا تومۇز ئايلىرى كىردى.

تاڭ سەھەردە ئورنىدىن تۇرغان تەۋپىق گىمناستىكا ئويناپ بولۇپ، ساپ ۋە سالقىن ھاۋادىن راھەتلەنگەچ ئاچپارغا چۈشۈپ سوغۇق سۇدا يۇز- كۆزنى يۇيدى. ئۆيگە قايتىپ كېلىپ ئادىتى بويىچە بىر پارچە قاتتىق نان يەۋەتتى- دە، تاھارەت ئېلىپ ئەمدىلا تەييارلانغان نىزامىددىن بىلەن نامازغا چىقىپ كەتتى.

مەمتىلى نامازدىن يېنىپ ئۆيگە كېلىۋاتقىچە ئاكىسىغا بۇگۇن ۋاق- ۋاغقا بېرىپ كەلمەكچى ئىكەنلىكىنى ئېيتتۇبىدى، نىزامىددىنمۇ بىللە بارماقچىدى بولدى.

— توغرا ئويلاپسەن، خانئانىلارنى يوقلاپ كېلەيلى، ئەتە - ئۆگۈن ئومىغا كىرىشىپ كەتسەك خېلى ئۇزۇنغىچە چولىمىز تەگمەيدۇ،— دېدى ئۇ.

خامانلاردا، ئېتىزلىقتا دېھقانلار ئالدىراشتى. ئۇلار سەھەرنىڭ بىردەملىك سۆرۈن ھاۋاسىدا كۆپرەك ئىش تۈگىتىۋېلىش ئۈچۈن ئالدىرايتى. ئېتىزلىقلاردا باللار مال بېقىشاتتى.

ئاكا- ئۇكا ئەتتىگەنلىك ناشتىدىن كېيىن يولغا چىقىشتى. ئىيۇننىڭ جان قاخشاتقۇچ ئىسسىقى باشلانغانىدى. نىزامىددىن يەنە تەۋپىقنىڭ ئىشلىرى ھەققىدە گەپ تەشتى. چۈنكى ئىنىسى ھېلىمۇ چەتئەلگە چىقىپ كېتىش ياكى قېلىش مەسىلىسىدە ئاكىسىنى خاتىرجەم قىلىدىغان بىرەر ئەمەلىي ئىپادىدە بولمىغانىدى. شۇڭا ئۇ ئىنىسىنىڭ يەنە كېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتى، ئۇنى ئېلىپ قېلىش ئۈچۈن يېلىنەتتى. تەۋپىق كۆڭلىدىكى پاراكەندىچىلىكنى قىلچە چاندۇرماي، يەنىلا ناھايىتى خۇشخۇيىدى. ئۇنىڭ رەڭگى- روھىدىنمۇ بىئارامىلىقى بىلىنمەيتتى. ئۇ نامازدىن كېيىن نامازخانلار بىلەن مەسچىت

ئالدىدا بىردەم- يېرىم دەپ تۇرۇپ، ئۇلارغا قىزىق- قىزىق پاراڭلارنى قىلىپ بېرەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن بازارغا ياكى تونۇش- بىلىشلەرنىڭ سۆھبىتىدە بولغىلى باراتتى؛ باشقا چاغلاردا ئاكىسىنىڭ ئىشلىرىغا قارىشىپ بېرەتتى، قۇلۇم- قوشنىلارنىڭ ئىشلىرىغىمۇ قارىشىپ بېرەتتى. مەھەللە ئارىلىسا دائىم دورا سومكىسى مۈرىسىدە بولاتتى ۋە تاز داۋالاشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلەتتى. كېيىنچە ئۇنى دوختۇركەن دەپ بىلىشكەنلىرىدە باشقا كېسەللەرنىمۇ كۆرسىتىدىغان بولۇشتى. بىراق ئىچىدىغان دورىلارنى ئىچىشكە تەرسالىق قىلىشاتتى، ئىككى كۈن ئۆتمەيلا پايدا قىلمايدىكەن دەپ تاشلىۋېتەتتى. بۇنداق نادانلىق تەۋپىقنى چەكسىز چۆلدە قالغاندەك بىر تۇيغۇغا غەرق قىلىپ، روھىنى ئېزىپ تاشلايتى. ھەي، بۇ خەقنى قانداق قىلغاندا چاپسانراق ئادەم قىلغىلى بولاركىن!

— نېمە قىلىشنى ئويلاۋاتىسەن؟ كېتىش خىيالىڭ يوق ھەر ھالدا؟

— كېتىش خىيالىم يوق، تەبىئى، ئەمما ئىش توغرىسىدا ئويلاۋاتىمەن، يۈسۈپنىڭ مەكتىپىدە ئىشلىسەممىكىن دەيمەن، قۇتلۇق شەۋقى دەيدىغان بىر چوڭىمىز گېزىت چىقىرىۋېتىپتۇ، بۇمۇ ياخشى بىر ئىش ئەلۋەتتە. ماڭا ھەممىسى توغرا كېلىدۇ... نېمە قىلىش ھەققىدە ئوبدانراق ئويلىنىۋالاي، بىر ئىشنى باشلىدىممۇ، يېنىش يوق، غەلىبە قىلىشلا كېرەك!

نىزامىددىن ھېچنېمە دېمىدى. نېمە دېيىشىنىمۇ بىلمەيتى. ئۇ ئىنىسىگە خۇددى تىۋىش چىقارسىلا ئۇچۇپ كېتىدىغان قۇشقا مۇئامىلە قىلغاندەك ئېھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىلماقتىدى.

— ئاكا، ئايىمگۈلنى نېمىشقا ئاخۇن دادامنىڭكىگە ئاپىرىپ بەرمەيسىز؟ مۇشىپقە خانىمنىڭ تەربىيىسىگە بەرسىڭىز ياخشى بولاتتى،— دېدى تەۋپىق ئاكىسىغا سەممىي ئاھاڭدا.

— ئانىسى يالغۇزچىلىق تارتىپ قالىمەن دەپ ئۇنىمايدۇ... ئۇكىلىرى قاراقسىز قالدۇ- دە،— دېدى نىزامىددىن، مەمتىلىنىڭ ئەيىپلىشىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ.

— غېنىچۇ؟ ئۇنى نېمىشقا سالاھىددىن ئەپەندىگە بەرمىدىڭىز؟

— ئالدىمىزدىكى كۈزدە ئاپىرىپ بېرەي دەۋاتاتتىم، تېخى... ئۆزۈم ئوقۇتسام ياخشىراقمىكىن بولمىسا... — دېدى نىزامىددىن يەنە خىجىللىق بىلەن،— ئارىلىق يىراق، بالا كىچىككىلىك قىلارمىكىن دەيدىكەنغۇ، كىشى.

— ئوقۇتۇڭ، سىز ئوقۇشقا مۇشۇنداق قارىسىڭىز، باشقىلاردىن نېمە دەپ ئاغرىنغۇلۇق؟

نىزامىددىن ئۈنچىقمىدى.

ۋاقۋاقنىڭ زەي تۇپرىقىدىن ئۆزگە خاس چىرىندە پۇرىقى، ئېچىغان پاتقاق پۇرىقى كېلەتتى. بۇ پۇراق تىنجىق بىلەن قوشۇلۇپ دىماققا ئۇرۇلغاندا كىشىنى تېخىمۇ بۇرۇختۇرمىلۇق ھېس قىلدۇراتتى.

ئۇلار تاشاخۇنۇمنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ كەلگەندە ئۇلارنى يېڭىلا قەشقەردىن كەلگەن سەيپىددىن كۆتىۋالدى ۋە مېھمانخانىغا تەكلىپ قىلدى. دالاندا سارىخېنىم، لىۋاھىددىنلار ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ ئېسەنلەشتى. مەمتىلى ئەپەندى كىشىگە يېقىنلىق تۇيغۇسى بېرىدىغان، قېرىنداشلىق مۇھەببىتىنى ھېس قىلدۇرىدىغان قىزغىنلىق بىلەن:

— قانداقراق، خانئانا؟ تېنىڭىز ساقمۇ؟ — دەپ ئاۋۋال سارىخېنىم بىلەن ئەھۋاللاشتى.

— خۇداغا شۈكرى، بالام، ئۆزىڭىزچۇ؟

— بىزمۇ مانا تىرىك يۈرۈپتۇق،— دېدى مەمتىلى ئەپەندى كۈلۈپ. ئاندىن لىۋاھىددىنگە قاراپ، — سىزچۇ؟ ئوقۇۋاتامسىز؟ سالاھىدىن ئەپەندى، مۇشپىقە خانىملار قانداقراق؟ ئوقۇۋاتقانلار كۆپمۇ؟

لىۋاھىددىن بىر نەۋرە ئاكىسىنىڭ سوئاللىرىغا بىر- بىرلەپ جاۋاب بېرىپ، ئاخىرىدا:

— يىگىرمىچە بالا ئوقۇۋاتىدۇ، كۆپ دېگىلى بولمايدۇ،— دېدى.

— نېمىشقا كۆپ ئادەم جەلپ بولمايدۇ؟ ئارىلىقنى يىراق كۆرۈپ، باشقا يۇرتلاردىن كەلمەيدىغان ئوخشىمامدۇ؟

— يېتىپ ئوقۇيدىغانلارمۇ بار، يىراق دېسە يېتىپ ئوقۇسا بولاتتىغۇ، ئەمما، بۇ ئىشلارنى تەكىتلەپ، تەشۋىق- تەرغىپ قىلىپ تەشكىللەيدىغان كىشى يوق- تە، — دېدى سەيپىددىن ئىنىسىدىن ئاۋۋال جاۋاب بېرىپ.

— سالاھىدىن ئەپەندى بىكار بولسا چاقىرساڭلار بىردەم پاراڭلاشساق بوپتىكەن، — دېدى تەۋپىق.

— توختاپ تۇر، ئۇكام، كېيىنىراق چاقىرايلى، ھازىر باشقا گەپ بار، — دېدى نىزامىددىن ۋە سارىخېنىمغا قاراپ،— مەمتىلى كەلگەندىن بېرى ئارسالدى بولۇپ يۈرۈۋاتىدۇ. كەلدى- دە، بىر ۋەسۋەسىگە چۈشۈپ قالدى. تۇرۇشقا قەتئىي نىيىتى يوقتەك مېنى ئەنسىرىتىۋاتىدۇ. سىز ئانىمىزنىڭ ئورنىدا نەسىھەت قىلسىڭىز بىر يەرگە كېلىشكە پايدىسى بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس، دەپ ئۇنى بىللە ئەكەلمەكچى بولۇپ تۇراتتىم، ئۆزىنىڭمۇ كېلىش نىيىتى باركەن، كېلىۋاتقىچىغۇ كەتمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى، شۇنداق بولسىمۇ كۆڭلۈم تىنمايدۇ. گەپ قىلسىڭىزچۇ، ئانام- دادامىلار ئۆلۈپ- تۈگەپ كەتتى، مەمتىلىنىڭ داغىدا قان يىغلاپ كەتتى. بىزنىڭمۇ كۆڭلىمىزنىڭ ئارامى بولمىدى. ھالا بۈگۈنگە كېلىپ، ئاران جەم بولدۇق، كېتىدىغان بولسا يەنە جەم بولۇشىمىزغا كۆزۈم يەتمەيدۇ.

— كېتىدىغان نىيىتىڭىز يوقتۇ، بالام؟ — سورىدى سارىخېنىم.

— ئۇنداق نىيەت ئەمدى بولمايدۇ، — دېدى تەۋپىق ئىللىق كۈلۈمسىرەپ.

مەمتىلى ئويچان كۆزلىرىنى ئاكىسىغا تىكىپ بىر دەم تۇردى ۋە كۆز نۇرىنى لىۋاھىددىن بىلەن سەيپىددىنگە يۆتكەپ، ئاخىرىدا سارىخېنىمدا توختىدى- دە ئېغىر ئۇھ تارتىپ قويدى. ئۇ ئاساسەن ۋاقىۋاغىدا بىر تۇغقانلىرى يېنىدا چوڭ بولغاچقا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئادەتتىكى تۇغقانلىق مۇناسىۋىتىدىن ھالقىغان بىر خىل چوڭقۇر مېھىر- مۇھەببەت ھاسىل بولغانىدى. ئۇ تاغىسىنىڭ ئۆيىدىمۇ بىر مەزگىل تۇرغان، شۇڭا تاغىسىنىڭ كىچىك خوتۇنى سارىخېنىمنى بەك ھۆرمەت قىلاتتى. مۇشۇ ۋەجىدىنمۇ نىزامىددىن سارىخېنىمنى ئارىغا سېلىپ ئىنىسىنى تۇرۇپ

قېلىشقا ئۈندەشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ كەلگەنىدى. مەمتىلى ئەپەندى كەتمەكچى ئەمەسىدى، پەقەت ھەمراھلىرىنىڭ قەتئىي نىيەتتە بولالماسلىقىدىنلا ئەنسىرەيتتى.

— نىزامىددىنىنىڭ دېگىنىمۇ توغرا، نېمىلا دېگەن بىلەن ئۆز يۇرتقا يەتمەيدۇ، ئۆز يۇرت دېگەندە كۆڭۈل تۇقراق ئۆتكىلى بولۇدۇ. نېمىلا دېگەن بىلەن ئاتا- ئانىنىڭ تۇپرىقى بار يەردە، ھېيت- ئايەملەردە ياغ پۇرىتىپ، تۇپراق بېشىغا چىقىپ، زىيارەتتە بولۇپ ئۆتكەن ياخشى بولمامدىغان. تۇرۇدۇغان نىيىتىڭىز بولسا ئوبدان بوپتۇ، بالام، ھەممىمىزنى خاتىرجەم قىلىسىز. دۇنيادا خاتىرجەملىكتىنمۇ ئارتۇق نەرسە بارمۇ؟...

سابىرجاننىڭ ئۈنىگە ئۇزاق نەسىھەت قىلدى. ئۇ تەربىيە كۆرگەن، ئوقۇمۇشلۇق ئايال بولغاچقا، ئۇنىڭ چىن قەلبىدىن ئېيتىلغۇاتقان سۆزلىرى مەمتىلىگە چوڭقۇر تەسىر قىلدى.

— ھەممىڭلارنى نارازى قىلىش ھەددىم ئەمەس، مېنىڭ بىر قارارغا كېلەلمەيۋاتقىنىم قىلىدىغان ئىشىم ئىدى، ئەتە قەشقەرگە بېرىپ يولداشلىرىم بىلەن كۆرۈشۈپ كېلەي، ھەر ھالدا ئۇلار بىلەن يەنە بىر كېڭەشكىنىمنىڭ پايدىسى بولار،— ئۇ سەيپىددىنگە قاراپ، — ئەتە كېتىدىغان بولساڭ بىللە ماڭايلى،— دېدى.

— بولىدۇ، مەنمۇ ئەتە قايتماقچىدىم، بىللە ماڭايلى.

مەمتىلى ئەپەندى كۈلۈمسىرەپ باش ئېغىتىپ قويدى.

يېقىندىن بېرى يۈز بەرگەن يېڭىلىقلارمۇ ئۇنى قەشقەرگە بېرىپ كېلىشكە ئۈندىمەكتىدى. خوجانىيازھاجى مۇئاۋىن ئۆلكە رەئىسى بولۇپ كۈرسىغا ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنى قەشقەر تەۋەسىگە كەلگەن مەھمۇد مۇھىتى قەشقەر گارنىزونىغا مۇئاۋىن قوماندان (قوماندانى لىيۇ بىڭ ئىدى) بولۇپ تەيىن قىلىنغانىدى. ئۇنىڭ قولىدىكى قوزغۇلاڭچى قوشۇن ھۆكۈمەت ئارمىيىسى شتاتىغا ھېساپلىنىپ، 6- دىۋىزىيە دەپ ئاتالغان، دىۋىزىيىنىڭ قوماندانلىق شتابى قەشقەر «يۇمىلاق شەھەر»(گۈلباغ) دە قارار تاپقانىدى. ئۇ مەھمۇد مۇھىتىنىڭ قەشقەردە قارار تېپىشىدىن بىر تامادا بولۇۋاتاتتى، بۇ بۈيۈك

بىر ئۈمىد، ئاداققى غايىسىگە ئۈيغۇن بىر ئۈمىد ئىدى.
— سالاھىدىن ئەپەندىنى قىچقىتتىپ چىسەك بولىدۇ،— مەمتىلى پاراڭلاشماقچىكەن، — نىزامىددىنىنىڭ ئاۋازىدىن خېلى كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالغانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى.
لىۋاھىددىن سالاھىدىن ئەپەندىنى چاقىرىپ كىرىش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى.

## 2

مەمتىلى ئەپەندى سەيپىددىن بىلەن قەشقەرگە كىرىپ، ئاۋال «ھىلال ئەھمەر» گە يولۇقۇپ مەجىددىن ئەپەندى بىلەن كۆرۈشتى ھەم ئۇنى ئېلىپ نوۋېشى مەكتەپكە كېتىشتى. ئۇلار ئەخمەد ئەپەندى بىلەن شۇ يەردە ئۇچراشتى.
مەجىدىن ئەپەندى ئادىتى بويىچە مەمتىلى ئەپەندىگە چاقچاق قىلىپ بىردەم كۈلۈشكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ چاقچىقىغا مېيىقىدا كۈلۈپ قاراپ تۇرغان يۈسۈپ زىيا تەۋپىققە:
— سىلىنىڭ تاپشۇرۇقلىرىغا بىنائەن قۇتلۇق ھاجىم بىلەن كۆرۈشتۈم. شەۋقى ھەزرەت سىلى بىلەن تونۇشۇشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، سىلى كەلگەن ھامان خەۋەر قىلىشىمنى تاپىلىغانىدى. ئەگەر خالىسىلا بىز بارىلى ياكى ئۇ كىشىنىڭ كېلىشىگە چولىسى تەگسە باشلاپ كېلەي،— دېدى.
— رەھمەت دوستۇم، بۇ خوشخەۋىرىڭىز ئۈچۈن كۆپ رەھمەت. ئەگەر ئۇ كىشى مۇشۇ يەرگە كېلەلىسىغۇ تېخىمۇ ياخشى بولاتتى، — دېدى. مەمتىلى ئەپەندى چىن كۆڭلىدىن خۇشال بولۇپ، يۈسۈپ ئەپەندىنىڭ مۇرىسىدىن سىلكىپ، — بۇ يەردە تازىمۇ تېپىشقانلار جەم بولاتتۇق، ئەمما مېنىڭچە بىرىنچى قېتىمدىلا چوڭ ئادەمنى ئالدىمىزغا چاقىرتىش ئەدەپتىن بولمىسا كېرەك، ئاستانىسىغا ئۆزىمىز بارايلى، ۋاقتى بولسا بىللە كېلىپ، مەجلىسىمىزگە قاتايلى، قانداق؟

ــ توغرا ئويلاپلا، ــ دېدى يۈسۈپ ئەپەندى ۋە دەرھال، ــ مەن ھازىر، ــ دەپ قوشۇپ قويدى، ئارقىدىن جىددىي بىر ئىش يادىغا يەتكەندەك، ــ ئارال يېزىلىق بىر يىگىت سىلىنى سوراپ كەپتىكەن، يېڭىسار ئەتراپىدا تونۇشقانكەنسىلەر، ئۇنىڭ يېشى ئىپتىدائىي مەكتەپتە ئوقۇش ئۈچۈن سەل چوڭراق بولغاچقا دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇسۇن دەپ ئەخمەد ئەپەندىگە ئەۋەتىپ بەردىم، قالغىنىنى مۆرىمەس دوستلىرىدىن ئاڭلايلا، ــ دېدى يولغا جابدۇنۇۋېتىپ.

ئەخمەد ئەپەندى دارىلمۇئەللىمىندە ئىش باشلىۋەتكەنىدى. يۈسۈپ ھازىرلانغىچە ئارىلىقتا ئەخمەد ئەپەندىدىن رىھىم ھەققىدە سورىدى ۋە ئۇنى ئوبدان تەربىيىلەشنى تاپىلىدى.

ــ دېمىسىلىمۇ گەپ كەتمەيدىغۇ، ــ دېدى ئەخمەد ئەپەندى جاۋابەن.

تەۋپىق دوستىنىڭ سۆزى بىلەن قانائەت ھاسىل قىلىپ، ئاندىن بىللە كەلگەن سەيپىددىنگە بۇرالدى. ئۇ سەيپىددىنگە شۇ يەردە ئىجازەت بەردى ۋە ئەتە شۇ يەردە كۆرۈشۈشنى تاپىلىدى. سەيپىددىن دوتەي يامۇلغا (ۋالىي مەھكىمىسىگە) كەتكەندىن كېيىن مەكتەپتە جەم بولغان دوستلىرىغا ئۆزر ئېيتىپ، شەۋقى ھەزرەت بىلەن كۆرۈشۈپ، بىر بولسا ئۇنى باشلاپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، يۈرۈپ كەتتى.

ئۇلار پاراڭلاشقاچ قوتلۇق ھاجىم شەۋقىنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدى. مەمتىلى ئەپەندى سۆرەلمىلىكنى ياقتۇرمىغاچقا ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇپ، ئىشلىرىنى پۈتتۈرۈشكە ئالدىرىماقتىدى. يۈسۈپ زىيا ئۇنى شەۋقىنىڭ ئۆيىگە باشلاپ كىرىدى.

ئۇلار ھويلىدا ئۇچراشتى، شەۋقى 50 نەچچە ياشلاردىكى كىشى بولۇپ، ياشىنىپ قالغىنىغا قارىماي تۇرقىدىن جاسارەت، قىزغىنلىق ئۇرغۇپ تۇراتتى، ئۇنىڭ ئۈستى ـ بېشىدىكى تون، سەللە، پۈتىدىكى مەيسە ـ كالاچ ئۇنىڭ لاتاپەتكە مۇلايىملىق، مېھرىۋانلىق تۈسى بەرگەنىدى.

تەۋپىق ئىككىسى خۇددى ئىلگىرى قەيەردىدۇ بىللە ياشاپ كېيىن ئايرىلىپ كەتكەن قەدىناس دوستلاردەك ئاۋال ئۇچ قېتىم قۇچاقلاشتى،

ئانــدىن قىــزغىن  قــول ئېلىشــىپ كۆرۈشــتى. تەۋپىــق بــۇ پىشــقەدەم شــائىرنىڭ قــولىنى قويىــۋەتمەي ســىقىپ تــۇرۇپ، ئۇنىڭغــا ئــۇزاق ســەپ سېلىپ قارىدى ۋە:

ــ تونۇشــقىنىم ئۈچــۈن ناھــايىتى خوشــالمەن،ــ دېــدى ۋە قوشــۇپ قويــدى،ــ ســىز مۇھەررىرلــىك قىلغــان گېزىتنــى كــۆرۈپ، ئەســەرلىرىڭىزنى ئوقۇپ سىزنى مەنــدىنمۇ ياشــراق يىگىــت بولســا كېــرەك دەپتىكەنمەن، ــ تەۋپىق ھەر قانــداق ئــادەمنى بىــر دەمــدىلا قەدىناســلارغا ئايلاندۇرىۋالىــدىغان بىــر خىــل يېقىملىــق، دوســتانە پوزىتســىيە بىــلەن كۈلۈمســىرىدى، ئۇنىــڭ سۆھبەت ئۇســلۇبىمۇ توختــاجى تەرىپلىگەنــدەك، كىمــگە قانــداق سۆزلەشــنى بىلىــدىغان؛ قايىســى ســورۇندا قانــداق سۆزلەشــنى بىلىــدىغان بولغاچقــا، يېقىنلىشىشنى كېچىكتۈرىــدىغان ئۇزۇنــدىن ئــۇزاق ياســالما تەكەللــۇپلارنى بىر تاقىلاشتا ئاتلاپ ئۆتــۈپ، مۇساپىنىڭ قــاق بېلىــدىنلا چىقــاتتى، ــ مانــا ئەمدى كــۆردۈمكى، ســىز ئەســلىدە ياشــىنىپ قالغــان كىشــىكەنسىز. بىــراق شــۇنچە قىزغىنلىــق، شــۇنچە جاســارەت ۋۇجۇدىڭىزغــا قانــداق پــاتتىكىن؟ مۇشۇنداق بىر ئوت يۈرەك كىشى ياش ۋاقتلىرىــدا قانــداق بولغىيــدى، بــۇ تــار جاھانغا قانداق پاتقان بولغىيدى دەپ ئويلىغۇسى كېلىدۇ، كىشىنىڭ.

شــەۋقى تەۋپىقنىــڭ مىــجەزى تەســىرىدە  ھەقىقەتەنمــۇ ئــۆزلىرىنى قاچاندۇر  ئىلگىرى تونۇشــقان، كونــا بــۇرادەلەردەك تۇتۇشــقا باشــلىدى ھەم بــۇ ئىختىيارسىز ئىللىق سېزىمدىن سۆيۈنۈپ يىنىك كۈلۈمسىرىدى:

ــ مەنمۇ سىلى بىلەن  دىدارلاشقىنىمغان خوشالمەن، ــ دېدى ئــۇ،ــ مېنىــڭ يــاش ۋاقتىمــدا قەيەرگە پاتقــانلىقىمنى ســوراپ قــاللا، «جاھانغــا پاتىمغــان» ســەركىمۇ قازانغــا پېتىپتىكەنغــۇ؟ مەنمــۇ بىــر بۇلۇڭغــا ئــۈن- تىنسىز  پېتىپ كەلدىم، گاھىــدا مەرىــدىم، گاھىــدا جىــم ... ــ شــەۋقى بــۇ سۆزلەرنى مەمتىلــى ئەپەنــدىنىڭ چاقچىقىغــا جــاۋابەن چاخچــاق تەلەپپۇزىــدا دېــگەن بولســىمۇ ئۇنىــڭ ســۆزىدە مىللەتنىــڭ مــۇنەۋۋەر ئوغلانلىرىغــا بەخشــەندە بولــۇپ كەلــگەن كۈلپەتلىــك تەقــدىرنىڭ ئىخچــام تەســۋىرىگە ئوخشــاپ كېتىــدىغان قــايغۇلۇق ئاھــاڭ يوشــۇرۇنغانىدى. شــۇڭا بۇنــداق تېمىلاردىكى سۆزلەرنىڭ تېگى- تەھتىنى چۈشىنىكە زىــل بولغــان تەۋپىــق

www.uyghurkitap.com

قاتتىق تەسىرلىنىپ، غەمكىنلىشىپ قالدى.

— نام شەرىپلىرى مەمتىلى، تەخەللۇسلىرى تەۋپىق ئىكەنلىكىنى يۈسۈپ ئەپەندىدىن ئاڭلىدىم. مېنىڭ گېپىمنى قىپتىكەنلا. ئۇنداق قىلمىسىلىمۇ مەن ئۆزلىرىنى ئىزدەپ باراتتىم، — دېدى شەۋقى كۈلۈپ،
— ئېسىم قۇرسۇن، سىلىنى ئۆيگە باشلىماي ئاياقتا تۇرغۇزۇپ سۆزلەۋەرگىنىمنى قارىمامدىغان. قېنى مەرھەمەت!

— بۈنىسى بىزگە تېخىمۇ ياقىدۇ، چىن دوستلار ئارىسىدا ئۇشۇقچە تەكەللۇپلار بولمىغىنى تېخىمۇ ياخشى، — دېدى تەۋپىق ۋە شەۋقىنىڭ ئاۋالقى تەكەللۇپىغا قارىتىپ، — سىز بىزنى ئىزدەپ كەلگىچە قاراپ ئولتۇراتتۇقمۇ، بالىنىڭ ئاتىنى، ئىنىسىنىڭ ئاكىسىنى، شاگىرتنىڭ ئۇستازنى ئىزدىگىنى خوپراق ئەمەسمۇ.

ئۇلار ئەنە شۇ تەقلىتتە پاراڭلاشقاچ، ھەتتا قوللىرىنىمۇ چىڭ تۇتىشىپ ئولتۇرۇشقان ھالدا مېھمانخانىغا كىرىپ، سالا-سۆلەسىزلا ئۈتتۈر كەلگەن يەرگە ئولتۇرۇپ، پارىڭنى شۇ بويىچە داۋام قىلدى.

— يۈسۈپ ئەپەندى توغرا ئېيتىپتىكەن، مەن سىلى بىلەن كۆرۈشمەي تۇرۇپلا سىلىنىڭ مىجەز- خاراكتېرلىرىنى، قانداق تېمىلاردا پاراڭلاشسام ياخشىراق بولىدۇغانلىقىنى سوراپ كېتىپتىمەن. يۈسۈپ ئەپەندى: تەۋپىق دېگەن بىر پارچە ئوت، كۆرۈشۈپلا قالسا بىزدەك كونا تونۇشلىرىنى ئۇنتۇپ شۇنىڭ بىلەنلا بولۇپ كېتىلا دېگەندى. مانا ئەمدى ئىشەندىم، ئىنىمىزدىن تېچلىق سورايمۇ دېمەپتىمەن، — دېدى شەۋقى چىن كۆڭلىدىن خوشال بولۇپ.

— مانا شۇنداق، بۇ تەۋپىق دېگەن ئادەم كىشىنىڭ ھەسەتلىرىنىمۇ قوزغىۋېتىدۇ، يەنە بۇ ھەسەتلەرنى چەيلەپ يوقمۇ قىلىۋېتىدۇ، — دېدى يۈسۈپ ئەپەندى كۈلۈپ.

— ھاي، قايسىڭلار بار؟ — دېدى شەۋقى سىرتقا قاراپ تovۋلاپ، — بىزگە بىر پىيالىدىن چاي ھازىرلاپ بېرىڭلا.

— ھەزرىتىم، چاينى بولدى قىلسىلا، نوۋېشىدا ئەپەندىلەر ساقلاپ قالدى، بىرمۇنچە ئادەمنى ئۇ يەردە ساقلىتىپ قويۇپ، بىز بۇ يەردە چاي

ئىچىپ ئولتۇرۇپ كەتسەكمۇ سەت، ۋاقتلىرى بولسا بىز بىلەن يۈرسىلە،
— دېدى يۈسۈپ زىيا.

— توغرا دەيدۇ، بىز سىزنىڭ ئاستانىگىزگە باش قويۇپلا يېنىشقا ۋەدە قىلىپ كەلگەنىدۇق، بىز بىلەن بىللە بېرىڭ، ئۇستاز.

— ئەمما ئۆيۈمدىن قۇپ- قۇرۇق چىقىپ كەتسەڭلار سەت ئەمەسمۇ؟ بىرىنچى قېتىمدىلا؟

— نېمە كېرىكى شۇ قۇرۇق تەكەللۇپلارنىڭ؟ بىز بىلىشىمىگەن ئادەملەر بولمىساق، قويايلى شۇنداق رەڭۋازلىقنى، ئادىمىگەرچىلىكنىڭ بۇنداق ئىپادە شەكلى بىزدىلا قالدى، تەكرار- تەكرار تەكەللۇپ قىلىشماي، بىرلا ئېغىز سۆز بىلەن ئىشقا كىرىشىدىغان بولساق، شۇنداق ئۇلگە ياراتساق دەيمەن، ئۇستاز. قانداق دەيسىز؟ — تەۋپىق ئاللىقاچان ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەنىدى ۋە ئىشىك تەرەپكە سىلجىغاچ سۆزىنى داۋام قىلاتتى.

— مەيلى ئەمسە، ئېسىمنى يوقاتتىم، گەپ بىلەن. بولمىسا ئىككى قېتىم چاي قاينىغۇدەك ۋاقىت كەتتى، — دېدى شەۋقى، — سۆزلىرىگە يەنە تىرەجەش ئىمكانى قالمىدى، بۇيرۇقۇڭلارغا ھازىر بولماقتىن باشقا چارەم يوق.

شۇنداق دەپ شەۋقىمۇ ئۇلارغا ئەگەشتى. ئۇلار يەنە شۇ تەقلىتتىكى قىزغىن پارىڭى بىلەن ئۆيدىن چىقىپ، تۈيماستىنلا نوۋېشىغا كېلىپ قالدى.

شەۋقى مەكتەپتە ئەپەندىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ تېنچلىق سورۇشۇپ بولغاندىن كېيىن، مەجىددىن ئەپەندى شەۋقىدىن سورىدى:

— تەۋپىق ئەپەندى بىلەن تونۇشۇپ قالغانسىز ھەرھالدا؟ بۇ كىشىگە گەپ كەتمەيدۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

— شۇنداق، ھېچ ھايالسىزلا ئۆزلۈشۈپ كەتتۇق، — دېدى شەۋقى كۈلۈپ.

— بۇ ئەپەندىنىڭ بىرى ئەنە شۇ، — دېدى مەجىددىن ئەپەندى ئېيتىخارلىنىش ئاھاڭىدا، ئەمما ساختا ئاغرىنىش بىلەن،— ھەممە

دوستىمىزنى تارتىۋالغان. ھەتتا باللارمۇ بۇ كىشىنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ، ئاتىسىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويىدۇ.

— راستىنلا، مانا ئەمەسمۇ، شۇنداق بولدى، — دېدى شەۋقى ئېچىلىپ كېتىپ. — مەجىددىن ئەپەندى بىلەنمۇ تۈزۈكرەك ئەھۋاللاشمايلا سىلى بىلەن بولۇپ كېتىپتىمەن.

يۈسۈپ ئەپەندى ساھىپخانىلىق قىلىپ، ئۇلارغا چاي قۇيدى. يېڭى تونۇشلار چاي ئىچكەچ پاراڭلىشىپ بىردەمدىلا ئىچەكىشىپ كەتتى.

ئەخمەد ئەپەندى تەۋپىقنىڭ چەتئەلدىن كەلگىچە سەپەر ئۈستىدىكى قونالغۇلاردا قانداق قارشى ئېلىنغانلىقىنى يادىغا ئېلىپ، بۇ سۆزلەرنى تولغرا تاپقاندەك باش لىڭشىتىپ قويدى. ئۇنىڭ كەم سۆزلىكى بۇ ۋاقىئەلەرنى زوق- شوق بىلەن ھېكايە قىلىپ كېتىشكە ھالاقىت بېرەتتى. ئۇ پەقەت:

— رېھىم دېگەن قاچاق ئەسكەر بىلەن كۆرۈشۈپ كېتەملا قانداق؟ — ئۇ بىچارە شۇنداق يالۋۇرۇپ، تاپىلاپ كەتكەن... مانا، شۇنىڭدىنمۇ قارىساق بولىدۇ: ئۇنىڭغا شۇنچە ياخشى مۇئامىلە قىلىۋاتىمىز، مەكتەپكە جايلاشتۇردۇق، ئەمما يەنە مەمنىلى ئەپەندىلا دەيدۇ...

— چاخچاقنى قويايلى، ئۇ بالا ھەققىدە باشقا تەپسىلاتىنى ئايرىم سۆزلىشەرمىز. گېزى كەپ قالسا كۆرەشتۈرەرسىز، — دېدى تەۋپىق خوشال بولۇپ، ئاندىن شەۋقى بىلەن سۆھبىتىنى داۋام قىلىپ، — «ئەركىن ھايات»[1] بۇغۇلۇپ قالدىمۇ، نېمە بالا؟ قانداق قەپەزگە مۈپتىلا بولۇپ قالدى؟ — دەپ سورىدى تەۋپىق شەۋقىدىن.

— بۇنىڭدا ھەرخىل سەۋەبلەر بار، ئەپەندىم. ئەمما ھازىر يەنە قايتا نەشىر قىلىشقا تەييارلىق كېتىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە- بەختىمىزگە يارىشا مەھمۇد سىجاڭ بۇنداق ئىشلارغا بەك كۆڭۈل بۆلىدىغان ئادەمكەن. ئەمدى «يېڭى ھايات» نامىدا نەشىر قىلماقچىمىز. بەلكىم بىر- ئىككى ئايدىن كېيىن يۈز كۆرۈشۈپ قېلىشالا.

---

[1] «ئەركىن ھايات» شۇ يىللاردا شەۋقى تەرىپىدىن چىقىرىلغان گېزىت. — ئا.

— شۇنداق بولسىغۇ، — دېدى مەمتىلى ئەپەندى خوشال كۈلۈمسىرەپ، — مېنىڭ ياردىمىم كېرەك ئەمەسمۇ؟ گېزىت چىقىدىغانلا ئىش بولسا مېنى نىمكار ئىشلەتسىڭىزمۇ رازىدىم.
— ياق، سىلىنى ئۇ ئىشقا ئاۋارە قىلمايمىز، لېكىن سىلىنىڭ يارەملىرىگە قاراغلىق بىر مۇھىم ئىش بار، ئەگەر مالال كۆرمىسىلە...
— سىز ئىش بۇيرۇيدىغان بولسىڭىز يەنە مالال- پالال دېگەنمۇ گەپمۇ؟
— مەندە مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ئەسىرى بارىدى، تۈركىيىدە نەشىر قىلىنغان نۇسقىسى. شۇنى ئالىمنىڭ ئانا تىلىغا تەرجىمە قىلىشنى ئۇزۇندىن بېرى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ كېلىۋاتاتتىم، لېكىن ئىجتىمائىي مۇھىت، تۇرمۇش ۋە باشقا شەرت- شارائىتلارنىڭ يار بەرمەسلىكى بىلەن بۇ ئىش كەينىگە كېتىۋاتىدۇ. مەن بولسام ئۆمرۈمنىڭ قىران مەزگىلىنى ياشاپ بولدۇم، ئەمدىلىكتە بۇ ئېغىر يۈكنى ئۇستۈمگە ئېلىشقا ئاجىزلىق قىلىمەن، ئۇنى تۈگىتىشكە ئۆمرۈم يار بەرمەسلىكىمۇ مۇمكىن. ئەگەر سىلى بۇ ئىشتا شۇتا ئات بولۇپ بەرسىلە، مەن ياندىق بولسام، ئەۋلادلار، ئەجدادلارنىڭ ئىزىنى كۆرسە ئۆلسەممۇ خاتىرجەم كېتەتتىم.
— بارىكاللا، سىزگە. ئىنتايىن ياخشى ئويلاپسىز، كەمىنە گەرچە ئىقتىدار ئىگىسى بولمىسامۇ، ئۇستازىمنىڭ يېتەكلىشى بىلەن مۇشۇنداق شان- شۆھرەتلىك ئىشقا قول تىقىش بەختىگە مۇيەسسەر بولالىسام، يەنە نېمىنى ئايايتىم؟ قېنى، يول باشلاڭ، ئىشىمىزدا ئالالاھ يار بولغاي.
— يۇقسۇ، يۇقسۇ، مەندە ئۇنچىۋالا دەسمى نېمە قىلسۇن، بۇ ئىشتا مەن سىلىگە تايانماقچى ئىدىم.
— بۇنىڭ تالىشىدىغان نېمىسى بار ئۇستاز؟ بىز بۇ ئىشنى چوقۇم تۈتىدىغانغا كېلىشتۇقمۇ؟ ھە، بولىدى، قالغان ئىش پۈتۈشەلمىگۈدەك ئەمەس.
— ئەمىسە، بۈگۈن بىزنىڭ ئۆيگە كېتىپ قونسىلا، كىتابنى

كۆرسىلە، قانداق قىلىشنىڭ يولىنى شۇيەردە سۆزلىشەيلى.

ــ رەھمەت، ئۇستاز. «بىسمىللا دىمەيلا» سىزنى مالال قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايمەن. ھەم كەچكىچە قىلىدىغان ئىشلىرىڭىزمۇ بار، ئەپۇ قىلىڭ. ئەگەر مالال كۆرمىسىڭىز ئەتە يەنە مۇشۇ يەردە كۆرۈشسەك بولماسمۇ؟ كىتابىڭىزمۇ بىللە ئېلىپ كېلىشكە بولسا...

قۇتلۇقھاجىم تەۋپىقنى كۆپ تۇتمىدى. چۈنكى ئۇنىڭ جاۋابى ئۇنى قانائەتلەندۇرگەنىدى. ئۇ خېلى ئۇزاق پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ، خوشلۇشۇپ قايتىپ كەتتى.

شەۋقى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، مەجىدىن ئەپەندى مەمتىلى ئەپەندى، ئەخمەد ئەپەندىلەر ئۇياقتىن- بۇياقتىن پاراڭلىشىپ، ئارقىدىن يەنە «تۇرىمىزمۇ، كېتىمىزمۇ» دېگەن مەسىلىگە كۆچتى.

ــ ئەپەندىم، ــ دېدى تەۋپىق سالماقلىق تۇس بېرىدىغان تەبەسسۇمى بىلەن مەجىدىن دوختۇرغا قاراپ، ــ ئاخىرقى قارارغا ئاللىقاچان كەلدۇقمۇ، يەنە نېمە پۈتمىگەن مۇزاكىرە؟ مەسىلەن، مەن ۋەتىنىم ئۈچۈن خىزمەت قىلماي نەگە بارىمەن؟ سىزمۇ قېلىڭ. ئاتايىن ياخشى نىيەتلەر بىلەن كەپتۇق، ئەمدى بىردىنلا ھېچگەپتىن- ھېچگەپ يوق كەتكىنىمىز قانداق؟ سىز تېخى بەينەلمىنەلچىسىز!

ــ يۈسۈپ ئەپەندى نېمە دەيدۇ؟

ــ ئۇ كىشى نېمە دەيتتى، ئۇ بۇ يەردە ئۆيلۈك- ئوچاقلىق بولۇپ بولغاندا، ئائىلىسىنى تاشلاپ كېتىشكە تېخىمۇ چىدىمايدۇ، دەڭا. ئەگەر سىزنىمۇ پاتراق ئۆيلەپ قويغان بولساق، سىزمۇ يىپسىز باغلىنىپ قالاتتىڭىز.

ــ ئەگەر سىزنىڭ قارارىڭىز بويىچە بولغاندا ئەمدى بۇ يەردە ئۇۋا تىزمايمۇ بولمىغۇدەك، ــ دەپ چاقچاق بىلەن جاۋاب بەردى دوختۇر. ئاندىن يەنە جىددىيلىك بىلەن،ــ بۇ ئىشتا ياشلىق قىلماي ۋاتقىنىڭىزغا ئىشەنچ قىلالامسىز؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ ئۆزەمنىڭ ھاياتىنى دېگەندە بەلكى ياشلىق قىلىۋاتقاندىمەن، لېكىن تاللىغان يولۇم جەھەتتىن ياشلىق قىلمايۋاتقىنىم ئېنىق،

سالماقلىق بىلەن يول تاللىغىنىمغا ئىشەنچ قىلالايمەن.

— دېمەك، سىز ھەممە ئېھتىماللىقنى نەزەردە تۇتۇپسىز ـ دە؟

— شۇنداق؟

— ھەتتا ئۆلۈمنىمۇ؟

—«ھەممە» دېگەندىكىن ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ـ دە.

— يېقىندا مەھمۇد مۇھىتى بىلەن كۆرۈشكەنىدىم ئۇ كىشىمۇ بىزنى كەتمەسلىككە دەۋەت قىلىپ چىڭ تۇرىۋالدى. تېخى سىزنى تەكرار ـ تەكرار سۈرۈشتە قىلغانىدى، سۆزلەشكۈسى باردەك، — دېدى دوختۇر غەمكىن قىياپەتتە، — مەھمۇد ئەپەندى بىزنىڭ قايتىشىمىزغا ئۇنايدىغاندەك ئەمەس.

— شۇنداقمۇ؟ مەن بۇ قېتىم ئۇ كىشى بىلەن كۆرۈشۈپ كېتىمەن. ئەمدى سىز قانداق قارارغا كەلگەنلىكىڭىز ھەققىدە بىر نېمە دېسىڭىزچۇ!

— سىز نېمىنى ئۈمىد قىلىسىز؟

— ئەگەر ماڭا تاللاش ھوقۇقى بېرىلگەندە سىزدىن ئايرىلماسلىقنى خاھلايمەن.

— ئەمدى ماڭىمۇ شۇنى خالىماسلىقتىن باشقا ئامال بولمىدى ـ دە، — دېدى، مەجىدىن ئەپەندى مەيۈس كۈلۈمسىرەپ، ئارقىدىنلا جىددىي، ئەمما ئۆز ـ ئۆزىگە دەۋاتقاندەك قىلىپ، — لېكىن، زۇلمەتكە يەم بولۇشىمىزدا گەپ يوق،.....ـ دەپ قوشۇپ قويدى.

— مەن قارارىمنى ئۆزگەرتمەيمەن، — دېدى تەۋپىق تېخىمۇ جىددىيلىشىپ، — مەن يات ئەللەرنى كەزدىم، بىلىم ئالدىم. بۇلارنىڭ ھەممىسى نېمە ئۈچۈن؟ ۋەتەن ئۈچۈن ئەمەسمۇ؟ مۇشۇ بەختسىز مىللەت ئۈچۈن ئەمەسمۇ؟ مۇشۇ مىللەتكە خىزمەت قىلىشنىڭ پۇرسىتى كەلگەندە ئەلۋەتتە خىزمەت ئۈستىدە ئۆلۈش تازا مېنىڭ غايەمدىكى ئىش، — ئۇ سەل تۇرۇۋېلىپ كېيىن شائىرانە ئاھاڭدا قوشۇپ قويدى،— «لەھەڭنىڭ

ئاغزىدىن قورقسا گەر غەۋۋاس، دېڭىزنىڭ تەكتىدىن گۆھەر ئالالماس!»[1]

ئاخىرقى ھېساپتا مەجىددىن ئەپەندىنىڭ قىلىش ۋەدىسى ئېلىنغاندىن كېيىن مەجىددىن ئەپەندى، يۈسۈپ زىيالار ۋاقىت چىقىرىپ ناخشا- ساز، ئۇسسۇل- تاماشا قىلىپ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئۇلار مەمتىلى ئەپەندىنىڭ تەمبۇرىنى سېغىنغانىدى.

— ئەپەندىلەرنىڭ كۆڭلىنى يەردە قويۇش ھەددىم ئەمەس، — دېدى تەۋپىق، — لېكىن، قەشقەرنىڭ ئۇستا سازەندىلىرىدىن بىر قانچىنى تەكلىپ قىلساق، ئۆز- ئارا ئۆگىنىشكە ياخشى پۇرسەت بولاتتى. ئاندىن بىرلىكتە قىزىتامدۇق، — ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئۇيغۇر سەنئەملىرىنى نوتىغا ئېلىش خىيالى بارىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن يەرلىك سازەندىلەر بىلەن كۆپرەك ئۇچرىشىش زۆرۈرىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە ئالدى بىلەن سەنئەملەرنى خەلق سەنئەتكارلىرىدىن ئۆگىنىۋالسا ئاندىن ئۇنى نوتىغا ئالغىلى بولاتتى. شۇ دوستلارنىڭ بەزمە قىلىش تەلىۋىدىن پايدىلىنىپ، خەلق سەنئەتكارلىرى بىلەن ئۇچراشماقچى بولدى.

— سازەندە تونۇشلار باردۇر؟

— تونۇشلارغۇ بار، — دېدى يۈسۈپ زىيا.

— مېنىڭ ئىلتىماسىم سىلەرگە مالالىق كەلتۈرمىسە شۇنداق بولسۇن. ئەكسىچە بولسا ناھايىتى ئۆزرىلىكمەن.

— ئەمىسە ئەتە بىزنىڭ ئۆيدە ئولتۇرايلى، دېدى يۈسۈپ زىيا.

— مالال كۆرمىسىڭىزلا.

— مالال بولغۇدەك نېمىسى بار.

— ئۇنداق بولسا سىز مۇشۇ ئىش بىلەن بەنت بولسىڭىز، دوختۇر مېنى سىجاڭ ئالدىغا باشلاپ بارسا بولارمىكىن. قانداق دەيسىز «بوۋا»؟

— مەن تەييار. بۈگۈن ماڭا قوناق بولۇڭ، ئەتە ئەتىگەندە سىجاڭ بىلەن كۆرۈشۈپ قايتقاندىن كېيىن زىيانىڭكىگە بارايلى.

[1] شەيخ سەئدى: «گۈلىستان» — ئا.

www.uyghurkitap.com

— مانا قاراڭ، شەۋقى ئۇستاز بىلەن كېتىپ قالغان بولسام بۇنچە ئىش پۈتمەيتتى، — دېدى تەۋپىق ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ.

— بۈگۈن كۆرۈشكەن ئادەم بىلەن بۈگۈنلا مېھمان بولغىلى كېتىپ قالسىڭىز سەت تۇرارىدى، ئەپەندى، — دېدى دوختۇر چىقىشىپ.

— بەزىدە ئادەم يىگىرمە يىلدىمۇ سىنىشىپ، چۈشىنىشىپ بولالمايدۇ، بەزىدە بولسا ئاشۇنداق، كۆرۈشۈپلا چۈشىنىشكىلى بولىدۇ. شۇنداق ئەمەسمۇ زىيا؟ ئەخمەد ئەپەندى بىز بىلەن بارامسىز؟ ياق؟ مەيلى.

— سىلى ئۈچۈن قىيىن ئىشمۇ ئازغۇ، دوستۇم، — دېدى يۈسۈپ.

— شۇنى دەيمەن.

— ناتايىن، — دەپ كۈلدى تەۋپىق تالاغا قاراپ مېڭىۋېتىپ، — بەزىدە گەپنى ئاشۇرىۋېتىشكىمىز بولمىغىنىدا سىزمۇ ياخشى كۆرۈشكە ئەرزىيدىغان كىشىسىز. بىراق مۇشۇ ئىشكىمىز ماڭا ياقمايدۇ.

ئۇلار شۇ گەپلەردىن كېيىن نوۋېشى مەكتەپتىن چىقىپ «ھىلال ئەھمەر» گە قاراپ كېتىشتى. يولدا كېتىۋېتىپ تەۋپىق مەجىدىن ئەپەندىن سورىدى:

— توختاجى چەتئەلدە كۆپ تۇرۇپ قالماس؟

— كۆپ تۇرمايدۇ، بۇنداق دېيىشىمدىكى سەۋەب، ئۇ كىشىمۇ ئەمدى يېڭى دەۋر ئۈچۈن ئاز- تولا خىزمەت قىلماقچى بولسا كېرەك. چالا قالغان بەزىبىر مۇئامىلىلىرىنى ئۈزۈۋېتىپ كەلمەكچىكەن. چامامدا كېلىدىغانغا ئاز قالدى.

— ئەمدى بىز تۇرۇدۇغان بولغاندىكىن دەرسلىك كىتابلار كېرەك بولىدۇ. توختاجى كەلسە يەنە بىر قېتىم چەتكە چىقىشىدا بىز ئۈچۈن تاشكەنتتە دەرسلىك بۇيرۇتۇپ بەرسە ئوبدان بولاتتى.

— ئۈلگۈرىسىز، ئەپەندىم، ماڭا ئۆزىڭىز ھەققىدە سۆزلەپ بەرسىڭىزچۇ، پىلانلىرىڭىز، ئارزۇلىرىڭىز ھەققىدە، دېدى مەجىددىن.

ئۇلار مەجىدىن ئەپەندىنىڭ تۇرالغۇسىغا يېتىپ كېلىپ، ئازادە پاراڭغا چۈشتى.

www.uyghurkitap.com

# 3

ئەتىسى تەۋپىق سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ گىمناستىكا ئويناپ، يۈز يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن بىر بۇردا نان شوكۇم قىلغاچ تۈنۈگۈن كەچ يازالماي قالغان كۈندىلىك خاتىرىسىنى يېزىپ تولۇقلىۋەتتى. بۇ ئىشلارنى ئۇ مەجىددىن ئەپەندى ئورنىدىن تۇرۇپ يۇيۇنۇپ بولغىچىلا تۈگەتتى، ئاندىن تەييار بولغان مەجىددىن بىلەن بىللە ناماز ئوقۇپ بولۇپ، چايۋاقتىغىچە هويلىدا ئايلىنىپ پاراڭلاشتى.

چايدىن كېيىن ئىككىسى يۇمۇلاق شەگە بېرىش ئۈچۈن تۇرۇشتى.

— سىجاڭنىڭ سەھەردە سىپىل ئۈستىدە ئايلىنىپ يۈرىدىغان ئادىتى بار. بەلكىم بۇ چاغقىچە ئىشخانىسىغا قايتقاندۇر، — دېدى مەجىددىن ئەپەندى. ئۇنىڭ يول باشلىشى بىلەن ئۇلار ئاۋۋال مۇھاپىزەتچىلەر باشلىقى ئېلياسقا يولۇقۇشتى. ئېلياس ئۇلارنى ئىشخانىغا باشلاپ باردى. سىجاڭنىڭ كۈتۈش بۆلۈمىدە ئىشتاپ باشلىقى ئىدرىس ئۇلارنى كۈتىۋالدى.

— سىجاڭ سەلدىن كېيىن هازىر بولىدۇ، كۈتۈپ تۇرۇڭلار، — دېدى ئىدرىس دىپلوماتلارچە مۇلايىملىق بىلەن. ئۇنىڭ مۇئامىلىسىدىن تەربىيە كۆرگەن ئادەملىكى بىلىنىپ تۇراتتى.

سەلدىن كېيىن ئىشخانىغا تولۇق ھەربىي فورما كىيگەن، ئوتتۇرا بويلۇق، گەۋدىلىك كەلگەن، بۇغداي ئۆڭلۈك، 45 ياشلار چامىسىدىكى بىر كىشى كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ مەزمۇت قەدەم ئېلىشلىرىدا پىشقان ھەربىينىڭ بەردەملىكى، جەسۇرلۇقى بىلىنىپ، ئۆزگىچە خاس سۈر بېغىشلاپ تۇراتتى.

تەۋپىق رەسمىي ھەربىي كىيىمدىكى بۇ كىشىنىڭ سىجاڭ ئىكەنلىكىنى روھىي سېزىملىرى ۋە مەجىددىننىڭ سالىمى ئارقىلىق تونىدى دېيىشكە بولاتتى. چۈنكى ئۇ سىجاڭنى يېڭىسارىدا كۆرگەنىدە بۇنداق ھەربىيچە فورمىسى يوق ئىدى.

— ياخشىمۇ سىز، سىجاڭ، مەن سىزگە كونا تونۇشىڭىزنى باشلاپ

كەلدىم.

شۇنچە قىسقا ۋاقىتتىلا بولغان ئۆزگۈرۈشلەرگە قىزىقىپ تۇرۇپ قالغان تەۋپىق ئېغىز ئاچقۇچىلا، سىجاڭ ئۇنىڭغا بىر قەدەم يېقىنلاپ كەلدى:

— ۋۇي، تەۋپىق، ئۆزلەمۇ؟— دېدى سىجاڭ قول ئۇزۇتۇپ ھەم ھەربىيلەرگە خاس تېز ۋە چوس ھەرىكەتلەر بىلەن ئۇلارنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلغاچ چاپىنىنى يېشىۋېتىپ، — سىز تازىمۇ تۇتۇۋق بەرمەس ئادەمسىزغۇ؟ نەلەردە يۈردىڭىز؟ — دېدى ئۇ مەمتىلى ئەپەندىگە.

— ئاتۇشتا يۈردۈم، مەنمۇ تېخى يېڭىلىقلارنى — ھاجىمنىڭ رەئىس بولۇپ ئۇرۇمچىگە ماڭغانلىقىنى، سىزنىڭ بۇياققا كېلىپ قارار تاپقىنىڭىزنى يېقىندىلا ئۇقتۇم. سىز بىلەن كۆرۈشكە نېمە ئۈچۈن ئالدىرىماي، بىراق مانا ئەمدى نېسىپ بوپتۇ.

مەھمۇد مۇھىتى سەمىمىيلىك بىلەن باش ئېغىتىپ قويدى. ئاندىن ئۇنىڭدىن تەپسىلى ئەھۋال سوراپ كەتتى. ئۇنىڭ سالماق، ئېغىر ئاۋازىدا ئاجايىپ مېھرىبانلىق، جەلپ قىلغۇچى كۈچ يوشۇرۇنغاندى.

مەمتىلى ئەپەندى گاھ سىجاڭنىڭ يوغان، جىددىي كۆزلىرىگە تىكىلىپ جاۋاب بەرسە، گاھ ئاددىي سەرەمجانلاشقان ئىشخانىغا كۆز يۈگۈرتكەچ جاۋاب بېرەتتى.

— كونا دوسلۇقىمىزنىڭ يۈز خاتىرىسى ئۈچۈن بولسىمۇ ھەمكارلىشىپ ئىشلەشكە ماقۇل دەرسىلەر؟ — دەپ سورىدى سىجاڭ يېقىملىق ئاھاڭدا. — مۇنداق دېگىنىم، سىلەرنى كەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ دەپ ئاڭلىغىنىم، راست ئەمەستۇ؟

— ئۇنداق خىياللارمۇ بولمىدى ئەمەس، — دېدى تەۋپىق سەمىمىيلىك بىلەن، — بىراق ئاخىرى يەنە كەتمەس بولدۇق.

— بەرىبىر مەن رۇخسەت قىلمايتتىم، ئەمدى ئوبدان بوپتۇ، ئىشلەڭلار. زىبىلداپ[1] يۈرگەننىڭ پايدىسى يوق، — دېدى.

---

[1] زىبىلدىماق — بىر جايدا تۇرالماسلىق(تۇرپان شېۋىسى)، — ئا.

— شۈنداق، نېمىلا بولمىسۇن ئاخىرى شۇ قارارغا كەلدۇق. ئەمدى سىزنىڭ پېشىڭىزغا ئېسىلىپ بىرنېمىلەر قىلارمىز، بىلگىنىمىزنى چىللارمىز، — دېدى مەمتىلى ئەپەندى ئوچۇق. يۇرۇقلۇق بىلەن كۆلۈمسىرەپ(ئۇنىڭ بۇنداق يېرىم چاقچاق، يېرىم جىددىي سۆزلىرى كۆپ چاغلاردا يېگى تونۇشلىرى بىلەن بولغان ئارلىقنى يېقىنلاشتۇرۇش رولىنى ئويناتتى)، ئۇنىڭ مۇددىئالىرىنى ئوچۇقراق ئۇقۇپ بېقىشقا ئالدىرىغان سىجاڭ ئىتتىك ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ سورىدى:

— نېمە ئۈچۈن قالدىڭىز؟

— ئاكىڭىزنىڭ قىلمىسىگە ۋارىس بولۇش ئۈچۈن، يەنى بىز مىللىتىمىزنىڭ قالاق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت بۈيۈك مەخسەتنى دەپ قالدۇق.

— مېنىڭ ئاكام؟... — سىجاڭ مەرھۇم ئاكىسى تىلغا ئېلىنىشى بىلەنلا غەزەپ ھەم قايغۇ ئارىلاشقان روھى ھالەت بىلەن تەۋپىققا تىكىلىپ قالدى.

— مەخسۇت مۇھتىنىنىڭ قېنى بىكارغا ئاقتى دەمسىز؟ ئۇ قان بىزنىڭ كۆزىمىزنىڭ ئېچىلىشى ئۈچۈن ئاقمىدىمۇ؟ ...

مەھمۇد مۇھتى تەۋپىقنىڭ دوستانىلىقى ئالدىدا ئېرىپلا كەتتى. ئۇنىڭ تېخىمۇ مېھرى ئېشىپ:

— خوش، پىلانلىرىڭىز قانداق؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— مەن ئاتۇشقا قارارلىشىپ، مەكتەپ ئېچىش ئىشىغا كىرىشمەكچىمەن.

— يالغۇزمۇ؟

— شۇنداق، سىجاڭ. بىراق، ئىشقا كىرىشكەن ھامان بىر مۇنچە دوست تېپىۋالالايدىغانلىقىمغا ئىشىنىمەن.

— ياخشى. شۇنداق قىلىڭلار، مەرھۇم ئاكامۇ خەلقنى ئاقارتىشنىڭ ئىنتايىن زۆرۈرلىكىنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى... — دېدى سىجاڭ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، — بىز ئىنقىلاب قىلىش داۋامىدا نادان ئادەملەر بىلەن ھېچنەرسە قىلىپ بولمايدىغانلىقىنى ئۇبدانلا تونۇپ يەتتۇق...

شۇ چاغدا بۆلۈمگە سىرىق چاچ، كۆك كۆز، ئېگىز بوي، سىرىق ساقال بىر چەتئەللىك كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ يېنىدا ھېلىقى تاشقىرى بۆلۈمدە ئۇچراشقان شتاپ باشلىقى ئىدرىسمۇ باردى. ئۇلارنىڭ بىللە كىرىشىدىن ئىدرىسنىڭ تەرجىمانلىق ۋەزىپىسىنى قوشۇمچە ئۆتەيدىغانلىقىنى پەرەز قىلغىلى بولاتتى.

ئۇلارنى كۆرۈپلا مەھمۇت مۇھىتنىڭ چىرايىدا كەيپى ئۇچقاندەك ئالامەت پەيدا بولدى. ئۇنى مېھمانلاردىن تەۋپىق بايقاپ قالدى.

ـ Доброе утро[①] Здрàвствуйте?[②] — دېدى چەتئەللىك ئوچۇق ـ يورۇق كۈلۈمسىرەپ.

— مەن سىلەرنى تونۇشتۇرۇپ قوياي، — دېدى مەھمۇد مۇھىتى ھېلىقى ئىككەيلەننى تەۋپىققا كۆرسۈتۈپ، — بۇياق مېنىڭ ھەربىي مۇشاۋىرىم بولىدۇ... — ئاندىن تەۋپىقنى قارشى تەرەپكە «مۇئەللىم» دەپ ئادىيلا تونۇشتۇردى.

ئىدرىس بىرمۇ گەپنى قويماستىن تەرجىمە قىلىپ تۇردى.

Хорошо, Хорошо! Я очен рад с вами — познакомиться![③]، — دەپ كۈلۈپ تۇرۇپ باش لىڭشىتتى رىبالكو.

مەھمۇد مۇھىتى ئۇھ تارتىپ كىرىسلودىن تۇردى.

— ھازىرچە سىلەرگە ئۇزاق ئولپەت بولالمايمەن، ۋاقتىڭىزلار يار بەرسىلا مېنى ياد ئېتىپ يوقلاپ كېلىشنى ئۇنتۇپ قالمىغايسىلەر، خەير، — دېدى خوشلۇشۇپ،— ئالدىرىمىساڭلار باشقىلار سىلەرگە ھەمراھ بولىدۇ، بىر دەم ئولتۇرۇپ كېتىڭلار.

— رەھمەت، يەنە بىر قېتىم كۆپرەك ئولتۇرارمىز، ھازىر بىزمۇ

---

[①] دوبرويې ئۇترو — (رۇسچە) — خەيرلىك سەھەر، — ئا.

[②] زىدراستۋۇيتې — (رۇسچە) — ياخشىمۇسىلەر، — ئا.

[③] خاراشو، خاراشو! يا ئوچېن راد سۋامى پازنىكومتسا — (رۇسچە) — ياخشى، ياخشى! سىز بىلەن تونۇشقانلىقىم ئۈچۈن ئىنتايىن خوشالمەن، — ئا.

ئالدىرايمىز، ــ دېدى، تەۋپىقمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ.

رىبالكو ئۇلارنى مېھماندوستلۇق بىلەن چىڭ تۇتقانىدى، تەۋپىق سەممىيلىك بىلەن رەت قىلىپ، بىر دوستىمىزنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرۇشقا كېلىشىپ قويغانىدۇق، ئۇلارنى ساقلىتىپ قويمايلى، دەپ سەۋەب كۆرسەتتى. شۇندىلا مۇشاۋۇر ئۇلارنى ئارتۇق زورلىمىدى ھەم مەمنۇنىيەت بىلەن كۈلۈمسىرەپ، شتاب باشلىقىغا قاراپ مۇرىسىنى قىستى.

ئىلياس ئۇلارنى دەرۋازىغىچە ئۇزۇتۇپ قويدى. يولدا كېتىۋېتىپ مەجىددىن ئەپەندى:

ــ قارىغاندا سىجاڭ بىلەن ئۇنىڭ ئورۇس مۇشاۋۇرى بىر- بىرىگە ئىشەنمەيدىكەن، خېلىدىن بېرى بۇنى بايقاپ كېلىۋاتىمەن. ئورۇس ھەرقاچان پەيدا بولۇپ سۆھبەتكە داخىل بولۇدۇ. بۈگۈنمۇ شۇنداق بولدى، سىجاڭنىڭ بىز بىلەن كۆپرەك پاراڭلاشقۇسى باردەك قىلىپ تۇراتتى، كېيىن بىردىنلا كەيپسىزلىنىپ كەتتى.

ــ شۇنداقمۇ؟ــ دېدى تەۋپىق خىيالچانلىق بىلەن ھەمدە ئۆزىنىڭ ساددىلىق بىلەن ئۇ يەردە دوستلىرىنىڭكىدە ئولتۇرماقچى ئىكەنلىكىنى دەپ يۈرگىنىگە ئۆكۈنۈپ قالدى.

ــ زىيانىڭكىگە كېتىمىزمۇ؟ ــ سورىدى دوختۇر.

ــ ھوي، تېخى ئەتىگەن. ئۇ بەلكىم مەكتەپتىدۇر. بىز شەۋقىنىمۇ نوۋبىشىغا كېلىشكە تەكلىپ قىلىپ قويماپمىدۇق؟ يەنە تېخى مېنىڭ ھېلىقى ئىنىممۇ شۇ يەرگە بارماقچىدى. ئاۋۋال مەكتەپكە بارايلى، ئاندىن ھەممىمىز بىللە كېتىمىز. زىيانىڭ دەرسى تۈگىسۇن، كۈتەيلى.

ئۇلار نوۋبېشى مەكتەپكە قايتىپ كەلگەندە سەيپىددىن ئىشخانىدا بىر نەۋرە ئاكىسىنى كۈتۈپ ئولتۇرغانىدى. ساۋۇت ئەپەندى، تۇرغۇن ئەپەندىلەر ئۇنىڭغا ھەمرا بولۇپ پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. يۈسۈپ ئەپەندى دەرسكە كىرىپ كەتكەن، سەۋقى تېخى كەلمىگەنىدى.

ــ ھازىر يۈسۈپ زىيانىڭكىگە بېرىپ بەزمە قىلىمىز. ئاندىن ئاتۇشقا كېتىمىز. سەنمۇ ۋالى مەھكىمىسىدىكى ئىشگنى تاشلا، كېتىپ مەكتەپ ئاچىمىز. ــ دېدى ئۇ سەيپىددىنگە.

يۇسۇپ زىيا دەرستىن چىقىپ سازەندىلەرنى ئۇقۇشۇپ، تەييارلىقىنى تەق قىلىپ قويغانلىقىنى ئېيتىپ تەۋپىقنى خوشال قىلدى. ئۇلار بىردەم خوشال- خورام پاراڭلىشىپ ئولتۇرغانىنىڭ ئۈستىگە شەۋقى سالام بېرىپ كىرىپ كەلدى.

شائىر ھەمىشەمكىدەك ئۇزۇن تون، مەيسە-كالاچ كىيىۋالغان، ساقىلىنى چىرايلىق تاراپ، كىيىملىرىگە خۇشبۇي ئەتىر چېچىۋالغانىدى.

تەۋپىق ئۇنىڭ ياشانغانلارغا خاس يومشاق ۋە قورۇق چۈشكەن قوللىرىنى قوش قوللاپ سىقىپ قويىۋەتمەي تۇرۇپ:

— خىجىلمەن، ئۇستاز. دىدارىڭىزنى كۆرۈپ، سۆھبىتىڭىزدە بولۇشنى دېمىسەم ئاستانىڭىزگە بالا ئەۋەتىپ كىتابنى ئەكەلدۈرۈسەممۇ بولاتتى. سىزنى ئەتتىگەندىلا بۇ يەرگە كېلىشكە ئالدىرىتىپ قويغىنىم سەل قاملاشمىغان ئىش بولدىمۇ نېمە؟ — دېدى ھۆرمەت بىلەن.

— بۇ نېمە دېگەنلىرى، ئىنىم؟ — دېدى شەۋقىمۇ بىر خىل چوڭلارنىڭ كىچىكلەرگە قارىتىدىغان مېھرىۋانلىقى بىلەن،— مەن سىلىگە ھاجەتمەن بولسام- يۇ، يەنە سىلى خىجىل بولۇدۇغان نىمىسى بار؟

— لېكىن، ئۇستاز، سىزنىڭ ماڭا ھاجەتمەن بولغىنىڭىز قانداق؟ بۇ يە مېنىڭ، يە سىزنىڭ شەخسىي ئىشىمىز ئەمەس، مىللەتنىڭ ئىشىغۇ؟ بۇنىڭغا سېنىڭ- مېنىڭ كېتەمدۇ، قانداق ئورۇنلاشتۇرۇشىڭىز بولسا بىمالال ئېيتىۋېرىڭ، مېنى  ساداقەتمەن شاگىرتىم دەپ  بىلىسىڭىز بولۇدۇ.

— تەۋپىق راست  دەيدۇ. بۇ كىشىنىڭ ئالدىدا ھەرگىز تۈزۈت كەتمەيدۇ،— دېدى يۇسۇپ ئەپەندى گەپ قىستۇرۇپ، — بۇ ئەپەندىنى چۈشەنگەنسېرى ئۇنىڭ مىللى مەنپەئەتكە مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردىكى مەيدانىنى كۆرۈپ يېتىلا، بۇ كىشى تارتىنىپ ئولتۇرۇدۇغانلاردىن ئەمەس.

مەجىددىنمۇ ئۆز نۆۋەتىدە تەۋپىقنى چېقىشىپ تۇرۇپ ماختىدى.

شەۋقى بۇ تەرىپلەرنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ مەمتىلى ئەپەندىگە زوقلىنىپ باقاتتى. ئۇنىڭ كىچىك بۇرۇتى ياراشقان، قىزىللىق تەپكەن ئاق يۈزىنى، بولۇپمۇ ئەقىل- پاراسەتنىڭ چىرىغىدەك يېنىپ تۇرغان كۆزلىرىنى

www.uyghurkitap.com

سۇرەتكە ئېلىنىۋالماقچى بولغانلىدەك ئۇنىڭغا قارايتتى. كۆڭلىدە تېخىمۇ ئىسسىيانكار، تېخىمۇ قىزغىن ئىككىنچى ئەۋلادتىن سۆيۈنمەكتە، خاتىرجەم بولماقتىدى.

— دوستۇم، — دېدى مەمتىلى ئەپەندى يۇسۇپ زىياغا قاراپ، ئۆزى ھەققىدىكى گەپلەرگە خاتىمە بېرىش ئۈچۈن، — ھاجىمكامنىڭ شۇنچە سەھەردە كېلىشىگە قاراپ ئېيتىپ بېقىڭە، ئۇ تازا قىزغىن، ئوت يۈرەك كىشى ئەمەسمىكەن.

— ئەلۋەتتە، ئۇ بىر پارچە چوغ، ئۇ يېنىپ بولغىلى تۇرغان چوغ، سىلى تازا يېنىۋاتقان چوغ. ئەمدى ئىككى چوغ بىر بولدۇڭلار.

— بۇ كىشى نېمە دەيدۇ، ئەپەندى؟ — دېدى شەۋقى تەۋپىقنى ھوجۇمغا ئاتلاندۇرۇش ئۈچۈن دەي- دەيگە سېلىش ئاھاڭىدا، كۈلۈپ تۇرۇپ.

— نېمە دەيتى، ئىنتايىن توغرا گەپ قىلدى، بىزدە «يالغۇز ئوتۇن يالۋۇرسا كۆيمەس» دېگەن گەپ بارغۇ، دېمەك، ئەمدى كۆيگۈچى ئىككى بولسا ئوت ئۆلغۈيدۇ، شۇ، — دېدى تەۋپىق كۈلۈپ، — بىزنىڭ شولا چېچىپ تۇرغان سىرتقى قەۋەتىمىزنى كۆل بېسىشقا باشلىغاندا يېڭى ئوتۇن سېلىنىپ تۇتاشتۇرۇلسا بۇ ئوت ئۆچمەيدۇ، دېگەن سۆز. شۇنداق ئەمەسمۇ، ھاجىكا؟

— بولدى قىلىڭ، يۇسۇپ ئەپەندى، — دېدى مەجىددىن ئەپەندى چاخچاقتا ئارىلىشىپ، — بىزنىڭ تەرپىمىز ئاجىز، بۇلار كۈچلۈك كېلىپ قالدى. ئىككى شائىر بىر بولۇۋالسا بىزدەكلەرنى پوملايدۇ- دە.

— بولدى، بولدى، «بوۋا»، بىز ھاجىكام بىلەن ئۆز ئىشىمىز ئۈستىدە سۆزلىشىۋالايلى، ھېلى زىيانىڭ ئۆيىگە كېتىمىز، ئۇ چاغدا بۇ ئىشلارنى سۆزلىشىشكە پۇرسەت بولمايدۇ. قېنى، ھاجىكا، «دېۋان» ھەققىدە قانداق ئوي- پىلانلىرىڭىز بولسا ئېيتىپ بېقىڭ. دوستلىرىمىزنىڭ بارىدا ئۇلارنىڭمۇ مەسلىھەتىنى ئالايلى.

— پاتراق پۈتتۈرۈش ئۈچۈن ئىككىمىز بۆلۈشىۋالساق بولماسمۇ؟

— بۇنىڭدا ئىككىمىزنىڭ ئىشلەتكەن سۆزلىرىمىزدە ئىككى خىللىق بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئاتالغۇلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈش

ئۇچۇن چوقۇم باشتىن- ئاخىر بىر قولدىن ئۆتمەي بولمايدۇ. دېمەك، بىر ئادەم مۇھەررىرلىك قىلمىسا بولمايدۇ.
— سىلىنىڭچە بولغاندا...؟
— مېنىڭچە بولغاندا كىتابنى ماڭىلا بېرىڭ، مەن تەرجىمە قىلاي. ئۇتتۇرلۇق ئېلىپ كېلىپ سىزگە بېرەي، سىز تەھرىرلەڭ. شۇنداق قىلساق ھەم تەرتىپلىك، ھەم تېز بولۇدۇ؟ دەپ ئويلايمەن.
— بۇنداق بولغاندا ھەممە ئېغىرچىلىق سىلىنىڭ ئۇستىلىرىگىلا چۇشۇپ قالغۇدەكقۇ؟
— ئۇنداقمۇ ئەمەس، ئەگەر شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ مەن ياش بولغاندىكىن ئېغىر تەرىپى ماڭا بولسىمۇ ھېچقىسى يوق. سىز پىشقەدەم بولغاندىكىن نازۇك تەرىپىنى ئۇستىڭىزگە ئېلىڭ. شۇنداق بولغاندا مەندە يۈك ئېغىرلىقى، سىزدە مەسئۇلىيەت ئېغىرلىقى بولۇدۇ. يەنىلا سىزنىڭ ئەجرىڭىز كۆپرەك سىڭگەن بولۇدۇ.
—سىلىزە، راستىنلا ھېچكىمگە گەپ بەرمەيدىكەنلا، جۇمۇ، — دېدى شەۋقى كۇلۇپ.
— شۇنداق پۇتۇشتۇقمۇ، ھاجىكا؟
— شۇنداق بولدى - دە، ئەمدى.
ئەمدى ئۇلار كونكرېت مەسىلىلەر ھەققىدە پىكىرلەشتى، بۇ زور ئىشنىڭ پىششىقراق بولۇشى ئۇچۇن ئاردا ئەخمەت ئەپەندىنىڭمۇ بىر قېتىم كۆرۇپ ئاققا كۆچۇرۇپ بېرىشى مۇۋاپىق تېپىلدى. شۇنداق قىلىپ بۇ ئىلمىي گورۇپپا ئۇز ئۆزىدىن شەكىللەندى. بۇ ھەقتىكى گەپلەر بىر يەرگە بارغاندىن كېيىن:
— ئۇنداق بولسا، ئالدىراش بولمىسىڭىز بىز بىلەن بىللە يۇسۇپ ئەپەندىنىڭ ئۆيىدىكى بەزمىگە بېرىپ كۆڭۇل ئېچىپ كېلىڭ. بىز ئۇيەردە ئېچىلىپ- يېيىلماقچى،— دېدى تەۋپىق شەۋقىنىڭ قولىقىغا يېقىن كېلىپ قىزىقچىلىق بىلەن.
— نېمە بەزمە؟ ئۆيلەنمەكچى بولىۋاتامىلىيا؟
— بۇ بەزمە سىلەردەك يېقىن دوستلار بىلەن تونۇشقانلىقىمىز

شەرىپىگە بېغىشلىنىدۇ. شۇنداقلا يەنە بىزنىڭ نۆۋەتتە تۇتۇش قىلىدىغان زور ئىلمىي ئەمگىكىمىزنىڭمۇ باشلىنىش مۇراسىمى بولۇپ قالىدۇ. تۇرۇڭ ئەمسە، كەتتۇق.

تەۋپىق، سەيپىددىن، يۈسۈپ زىيالار ئالدىدا مېڭىشتى، ئارقىدىراق كېلىۋاتقان شەۋقى دوختۇرغا:

— تەۋپىق ھەقىقەتەنمۇ ئۇلپەتچىلىككە يارايدىغان يىگىتكەن، — دېدى.

# ئون بىرىنچى باب

ئـــائىــــله ئۆچـــۈنلا ياشـــاش هـــايۋانلار
ئارزۇســــىدۇر، بىــــر كىشــى ئۆچـــۈنلا ياشـــاش
پەسكەشــــلىكتۇر، ئـــۆزى ئۆچـــۈنلا ياشـــاش
نومۇسسىزلىقتۇر.

— ن. ئوستورىۋسكى

يۈسۈپ زىيا تەكلىپ قىلغان سازەندىلەرنىڭ ھەممىسى قەشقەردىكى زىيالىلار بىلەن تونۇشلۇق بولغان، سانايى نەپسە قارمىقىدىكى ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىق يىگىتلەردى. ئۇلارنى تەكلىپ قىلىنمىغان بولسىمۇ سانايى نەپسە مۇدىرى ئوبۇلقاسىم باشلاپ كەلگەنىدى.

تەۋپىق ئوبۇلقاسىم بىلەن تېزلا تونۇشۇۋالدى ۋە ئۇنىڭ سانايى نەپسەدەك مەدەنىيەت مۇئەسسەسەسىدە يېتەكچى بولۇشىنىڭ موھىم ئەھمىيىتىنى تىلغا ئېلىپ، ئۇنىڭ خىزمىتىنى ماختاپ قويدى.

ئۇ ھاۋانىڭ ئىسسىقلىقى، يول يۈرمەك قىيىنچىلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئولتۇرۇشنى چۈشتىن كېيىن ھاۋا يانغانغا قەدەر داۋاملاشتۇرۇشنى ئىلتىماس قىلغانىدى. ئولتۇرۇش ھەقىقەتەنمۇ كۆڭۈللۈك بولدى. ئويۇن-كۈلكە، ناخشا- ساز بىلەن بىرگە يەنە ئىلمىي سۆھبەت، كەلگۈسىدىكى ئىشلار ھەققىدە قىزغىن تالاش- تارتىشلارمۇ بولدى. بۇ كۆڭۈللۈك ئولتۇرۇشتىن كېيىن مەمتىلى ئەپەندى يېڭى- كونا تونۇشلار بىلەن خوشلۇشۇپ، كەتمەك بولۇپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇزۇتۇپ چىققانلار بىلەن بىر- بىرلەپ قول ئېلىشىپ ئاخىرىدا شەۋقىگە:

— كۆرۈشكىچە ئامان بولۇڭ، ئۇستاز. مەن «دىۋان»نى تەرجىمە قىلىشنى باشلىغاندىن كېيىن، تەرجىمە قىلىنغىنىنى ھەر قېتىم كەلگىنىمدە ئوتتۇرلۇق ئالغاچ كېلىمەن. قانداق؟— دېدى ئۇ قولىدىكى

www.uyghurkitap.com

خىرۇم سومكىسىنى سەل يوقىرى كۆتۈرۈپ.

— خەير، ئىنىم، خۇدا مەدەتكار بولسۇن، كۆرۈشكىچە ئامان بولسىلا، — دېدى شەۋقى ھاياجانلىنىپ. ئۇلارنىڭ مۇئامىلىسى تېخى تونۇگۈنلا تونۇشقاندەك ئەمەسىدى.

تەۋپىق سەيپىددىننى باشلاپ چاپان بازىرىدىن ھېتگاھ ئالدىغا چىقتى. شۇ يەردىن پوچتا ياللاپ ئاتۇشقا يۈرۈپ كەتتى. ئۇ پېئانىنونىمۇ ئېلىپ كېتىشى كېرەكىدى. پوچتىدا كېتىۋېتىپ سەيپىددىن:

— قەشقەر سەنىمى، قاغىلىق سەنىمىنى گاچچىدىلا ئۆگىنىۋالدىڭىز. ھە؟ — دېدى گەپ باشلاپ.

— ئىلگىرىمۇ چالاتتىم، سەل باشقىچىراق بىر خىل (ۋارىيانتى) ئىدى، بۈگۈنكىسى يەنە سەل باشقىچىراقكەن، ئوبۇلقاسىم سانايى نەپىسەنى ياخشى باشقۇرىۋاتقاندەك قىلىدۇ، ئۇ ئۆزى قانداقراق ئادەمكىن، ئۇقۇشۇپ كۆرەلمىدۇق، — دېدى تەۋپىق. ئۇنىڭ كەيپى ئىنتايىن چاغ ئىدى. شۇڭا ئۇ بىر نەۋرە ئىنىسىگە چۈشەندۈرۈپ، — سەنەملەردە مىللىتىمىزنىڭ خاراكتېرى باردەك قىلىدۇ، شۇڭلاشقىمۇ نوتىغا ئېلىپ قويىاي دېگەنىدىم، ھەر ھالدا نوتىغا ئېلىنىپ ساقلىنىپ قالغىنى ئىشەنچلىكراق، — دېدى.

ئۇلار گۈزەردىن چىقىپ ھەزرەت يولىدا كېتىۋاتقانىدا ئېڭىزلىقتا ئوتلاۋاتقان پادىغا، يېشىل تامدەك تۇتاش كەتكەن قوناقلىقلارغا تويماي بېقىپ، بىردىنلا سەيپىددىنگە بۇرۇلۇپ:

— مۇنداق ماڭساق زېرىكىپ قالىمىز، مەن ساڭا كەچمىشلىرىمنى ھىكايە قىلىپ بېرەي، ئاڭلامسەن؟ — دەپ سورىدى خۇشخۇيلۇق بىلەن.

— جان دەپ ئاڭلايتىم، — دېدى سەيپىددىن.

— مەن ساڭا ئاتۇشتىن ئايرىلىشىم ۋە شۇندىن كېيىنكى ئىشلار ھەققىدە سۆزلەپ بېرەي، بولامدۇ؟ — دېدى تەۋپىق يەنە.

— مەيلى، ئەمسە باشلاڭ.

تەۋپىق ئەتراپىدىكى يېزىلارغا-يىراقتا سوزۇلغان ئېتىزلارغا باقىنىچە قوشۇمىسىنى تۈرۈپ سەل ئويلىنىپ تۇرۇۋېلىپ، يەنە شۇ مەنزىلەردىن

كۆزىنى ئۇزمەستىن سۆز باشلىدى:

— مەن تېجەندە — ئاق مەھەللىسىدە قۇناجىم ئاچقان مەكتەپتە ئوقۇشتىن ئىلگىرى ئېكساقتا ئوقۇغانىدىم، ئېكساقتا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدىن باشلاپ سۆزلەپ بېرەي. بولمىسا ھېكايەم بەك چولتا بولۇپ قالغۇدەك، ئۇنىڭ ئۇستىگە يولمۇ ئۇزۇن، — مەمتىلى ئەپەندى بىر نەۋرە ئىنىسىگە لەپپىدە بىر قاراپ قويغاندىن كېيىن، يەنە كۆزىنى يىراققا تىكتى، ئىسسىقتا ئۇنىڭ مەڭزى تېخىمۇ قىزىرىپ كەتكەنىدى،— بۇ 1915- يىللىرىدىكى ئىش. تۈركىيەلىك ئەھمەد كامال[1] ئېكساق مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان چاغلار ئىدى. مەن ساڭا ئۇستازىم ئەھمەد كامالنى نېمە دەپ تەسۋىرلەپ بەرسەم بولىدىكىن، ئۇ مەندە ئەڭ چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرغان بىر كىشى. ئۇ ماڭا ھاياتتا قانداق قاراشنى، ئادەمدە غايە ۋە ئەقىدە بولۇشى كېرەكلىكىنى، ھەمدە بۇ غايە قۇرۇق سۆز بولۇپلا قالماي كىشى ئۆز غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى ئۆگەتكەنىدى. مەن ئەنە شۇ كىشىدىن دەسلەپ ۋەتەن ئوقۇمىنى، مىللەت ئوقۇمىنى، نادانلىقنىڭ ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى چۈشىنىۋالغانىدىم. مېنىڭ شوخ مىجەزىم، سوئالغا

[1] ئەھمەد كامال (ئىلكۇل) — 1889- يىلى (بۈگۈنكى گېرتسىيىگە قاراشلىق) رودوس ئارىلىدىكى رودوس شەھرىدە تۇغۇلغان (تۇغۇلغان ۋاقتى ھەققىدىكى مەلۇمات ئەھمەد كامالنىڭ «بىر يىتىمنىڭ ھاياتى» ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىنغان). 1914- يىلى 16- فېۋرالدا ئىستانبۇلدىن ئايرىلىپ ئاتۇشقا قاراپ يولغا چىققان. ئۇنى بۇ خىزمەتكە ئەۋەتكۈچىلەر زىيا گۆكالىپ ۋە تەلئەت پاشا بولۇپ، تەلئەت پاشا ھەج مۇناسىۋىتى بىلەن ئىستانبۇلغا كەلگەن مۇسابايلار جەمەتىدىن بولغان ئوبۇلھەسەن ھاجىغا ھاۋالە قىلىپ، ئەھمەت كامالنى ھىمايە قىلىشنى ئۆتۈنگەن. ئەھمەت كامال بۇ سەپەرنى 27 كۈندە تاماملاپ 1914- يىلى 14- مارتتا ئاتۇشقا يېتىپ كەلگەن. 1914- يىلى 19- ئاپرىلدا دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى ئېچىلغان. قەشقەردە ۋە ئۈرۈمچىدە تۈرمىلەردە ياتقان. 1920- يىلى 18- ئىيۇندا ياپون پاراخودى بىلەن شاڭخەيدىن ھامبۇرگقا، ئۇ يەردىن رېشت پاشا پاراخودى بىلەن تۈركىيەگە قايتقان. 1966- يىلى 22- مايدا ۋاپات بولغان (بۇ مەلۇماتلار ئەھمەت كامالنىڭ «چىن —تۈركىستان خاتىرىلىرى» ناملىق ئەسلىمىسىدىن ئېلىندى. بۇ ئەسەرنىڭ ئاخىرقى نەشرى دوكتور يۈسۈپ گېدىكلى تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلانغان ۋە شەرھىيلەنگەن)، — ئا.

تولغان قەلبىم، تېنىم تاپماسلىقىم، خاتىرەمنىڭ كۈچلۈكلۈكى ئۇستازىمغىمۇ بەك ياقاتتى. ئۇ دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردىمۇ پۇرسەت تېپىپ مەن بىلەن چوڭ كىشىلەر بىلەن پاراڭلىشىۋاتقاندەك پاراڭلىشاتتى. ماڭا ياۋرۇپادىكى چوڭ شەھەرلەر، باغچىلار، دېڭىزلار، ئالىي مەكتەپلەر، زاۋۇتلار ھەققىدە سۆزلەپ بېرەتتى. ئۇنىڭ ھېكايىلىرىدىكى ھەممە يېڭىلىق قەلبىمدە تۈگىمەس سوئاللارنى قوزغايتتى ۋە مەن ئۇنى سوئاللار يامغۇرىغا كۆمۈۋېتەتتىم.

— ئەھمەد كامالنىڭ تەربىيىسى ۋە پەرۋىشىدە كەلگۈسىگە تەلپۈنۈش، تىرىشىپ ئىستىقبال تېپىش، تىرىشىپ ۋەتەنگە خىزمەت قىلىش ئىستىكى تۇغۇلغانىدى. بىراق رۇس كونسۇلى ۋە قەشقەر بايلىرىدىن ئۆمەر باي قاتارلىقلارنىڭ ھۆكۈمەتكە چېقىشى بىلەن ئۇ ھەپسىگە ئېلىنىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇستازىمدىن ئايرىلىشقا توغرا كەلدى. كېيىن ئۇنى ئۈرۈمچىگە يوللىۋېتىشتى، ئۇ يەردىن ۋەتىنىگە قايتىپ كەتكەنمىش. ئۇنىڭدىن ئايرىلغان ۋاقتىمدا مەن ئەمدىلا يىگىتلىك يېشىغا قەدەم قويىۋاتقان ئۆسمۈر ئىدىم.

— ئاكام ئىككىمىزنىڭ ئاشۇنداق بىر ئادەمدىن تەربىيە ئېلىشىمىزغا داداڭ سەۋەبچى بولغان. ئەگەر ئاخۇن دادام بىزنى يېڭى مەكتەپتە ئوقۇتۇشقا ئۈندىمىگەن بولسا بۈگۈنكى تەۋپىقنىڭ بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلىشمۇ تەس ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئاخۇن دادامغا مىننەتدارلىقىم چەكسىز.

— كېيىن ئاكام ئىككىمىز تېجەندە بىر مەزگىل ئوقۇغان بولساقمۇ لېكىن كۆپ ئۆتمەي مەكتەپتىن ئايرىلىپ ئۆيگە قايتتۇق. ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن بۇيامەتتە پەننى مەكتەپ ئېچىپ بالىلارنى ئوقۇتماقچى بولۇپ، تەشۋىق قىلدىم. قىرىقچە بالا يىغىلدى. بالىلار مېنى «مەمتىلى ئەپەندى» دەپ ئاتاشتى، چوڭلارمۇ شۇنداق ئاتاشقا باشلىدى. بىراق مېنىڭ ئىشىم كونا دۇنيانىڭ بۇرۇختۇرم مۇھىتىدا كۆپ ھايات كەچۈرەلمىدى. كونا كۈچلەرنىڭ بېسىمى ئاستىدا بالىلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرى بالىلىرىنى ئېلىپ كېتىشتى. مەن تولىمۇ مەيۈسلەنگەن

بولسامмۇ، بىراق، ئاچچىق ئەمەلىيەت ئالدىدا ھېچنېمە قىلالمىدىم. بۇ چاغدا يېشىممۇ خېلى زورىيىپ قالغان، ئەقلىممۇ خېلى ئاشقانىدى.

— ئامالسىز دادامغا ياردەملىشىپ تىۋىپچىلىك قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم. كۆڭلۈمدە تىۋىپچىلىكنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، مۇشۇ جەھەتتىن بولسىمۇ خەلققە خىزمەت قىلىمەن دېگەن نىيەتكە كەلدىم. دورا ئۆسۈملۈكلىرى يىغدىم. ئۆسۈملۈكلەرنى قۇرۇتتۇم، سوقۇپ، ئايرىم-ئايرىم قاچىلىدىم ۋە دادامنىڭ تەجرىبىلىرى ئاساسىدا ئاستىرتتىن يەنە قايتا سىناق ئېلىپ باردىم... دادام مەندىن چەكسىز رازى ئىدى. ئاكام ئىككىمىز بىر مۇنچە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ شىپالىق رولىنى بايقىدۇق، يەنى يېڭىچە تەڭشەش نىسبىتىنى تاپتۇق. بۇندىن باشقا دادام جوۋچىلىقمۇ قىلاتتى، شۇڭا تېرە-تەسەك سېتىۋېلىش ۋە دورا ئۆسۈملۈكى يىغىش ئۈچۈن پات-پات يايلاقلارغا چىقىپ تۇراتتۇق.

— دېمەك، ئائىلىمىزنىڭ كىرىمى ياخشى، تۇرمۇشىمىز خېلى ئوبدان ئۆتەتتى. بىراق، ماڭا ھامان نىمىدۇر يېتىشمەيۋاتقاندەك بولاتتى. يۈرۈكۈمنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا ئەھمەد كامال ياقفان ئوتلار ئۆچمىگەن، يۈرىكىم ھامان كەڭلىكلەرگە تەلپۈنەتتى. ئىستىكىم تېخىمۇ چوڭراق خىزمەت قىلىشىدى، ئەلۋەتتە. لېكىن، مەن بولسام تېخى بالا، بىلىممۇ، يۈز-ئابرويۇممۇ يوق. بۇنداق تۇرۇپ نېمە قىلالايمەن؟ مۇشۇلارنى ئويلىغۇنۇمدا بەكمۇ بىئارام بولاتتىم...

— بىر كۈنى سىلەرنىڭكىگە ئاخۇن دادام بىلەن كۆرۈشكىلى بېرىپ ياناشىمدا،— تەۋپىق شۈيەرگە كەلگەندە سەل توختاپ ئىلاۋە قىلدى، — بۇ كۈندىكى ئىشلار مېنىڭ كېيىنكى ھاياتىمدىكى ئۆزگۈرۈشلەرنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قالغانىدى، شۇڭا بۇنى سۆزلەۋاتىمەن،— شۇنداق دەپ ئىزاھلىغاندىن كېيىن ئاۋالقى سۆزىنى داۋام قىلدى،— ۋاقۋاقىدىن ياناشىمدا بۇيامەتنىڭ يۇز بېشى ئابدۇلباقى چوڭنىڭ ئىشىك ئالدىدىن رومىلىنى ئالدىغراق چېگىپ، يۈزىگە سايىۋەن قىلىۋالغان ئون ئالتە ياشلاردىكى بىر قىز ئېتتىك يۈگرەپ چىقىپ قالدى. ھاۋا تازا قىزىغان چۈش مەزگىلى بولغاچقا غېرىپچىلىق باسقان ئەگىرى- بۈگرى يېزا يولىدا

ئادەم يوقىدى، شۇڭا ئىتتىك باسقان ئاياق تىۋىشى دەرھال دىققىتىمنى تارتىپ دەۋرۋازا تەرەپكە قارىدىم. شۇنداقلا ھېلىقى قىزنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇ ناھايىتى لىۋەن ئىدى. بىراق ئۇنىڭ ھەربىر گۈزەل ئالاھىدىلىكىنى تەسۋىرلەپ بېرىشكە ئاجىزلىق قىلىمەن. چۈنكى مەن ئۇنىڭغا بىر قاراپ قالدىم. مەن ئۇنىڭغا بىر قاراپ قالدىم- يۇ، دەرھال كۆزلىرىمىز ئۇچرىشىپ قالغان ۋە ئاللىقانداق سېھرى كۈچ بىزنى شۇ يەرگە مىخلاپ قويغاندەك ھەر ئىككىمىز تۇرۇپ قالغانىدۇق. مەن ئۇنىڭغا شۇنچە قىسقا مۇددەت قارىغىنىمغا قارىماي، ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىدىكى چاققان- تېتىكلىكنى، مىجەزىدىكى ئوچۇق- يورۇقلۇقنى بايقاپ، «كېيىك بالىسىدەك» شوخ نېمىكەن، دېگەن خىيالنى كۆڭلۈمدىن كەچۈردۈم ھەم ئۇنىڭ ئاشۇنداق مىجەز- خۇلقىغا يارىشا ئاۋازىمۇ كۈمۈش قوڭغۇراقتەك بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ، ئاۋازىنى ئاڭلاپ بېقىش خىيالىدا ئالدىن گەپ ئېچىشقا ئۆز- ئۆزۈمگە ئىلھام بەردىم. نېمە دەيدىغانلىقىمنى قانچە قىلسامۇ ئويلاپ تاپالمىدىم. نېمە بولسا بولسۇن دەپ ئاخىرى:

— نېمانداق ھۆركۈپ كەتكەن كېيىك بالىسىدەك يۈگرەپ يۈرىسىز؟...— دېدىم ئاڭسىز بىر ھالەتتە، ئىشەنچسىز ئاھاڭدا. شۇنداق دېدىم- يۇ، پۈتۈن بەدىنىمگە ئوت كەتتى. گەپلىرىم بەك قوپال كەتتىمىكىن دەپ دەككە- دۈككە بولۇپ قالدىم.

— سىزچۇ؟ سىزمۇ نىماندا بۆرە بالىسىدەك ھۆركۈتۈپ يۈرىسىز؟ ھۆركۈتكەن ئۆزى تۇرۇپ،... نەدىن كەلگەن ئادىمكام بۇ؟ ... — دېدى ئۇ.

پاھ، ئۇنىڭ ئاۋازى سازلانغان تارنىڭ ساداسىغا ئوخشايدىكەن! سەل جۈرئەتلەنگەندەك بولۇپ:

— ۋاقۋاققا- ئاخۇن دادامنىڭكىگە بېرىپ كېلىۋاتىمەن،... — دېدىم كۈلكىلىك ھالدا. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇ مېنى مەسخىرە قىلغاندەك قىلىپ:

— ۋىيەي، ئاخۇن دادىڭىزنىڭ كىملىكىنى ئۆزىڭىز بىلمىسىڭىز، مەن نەدىن بىلەي، سىزنىمۇ كۆرۈپ باققىنىم يوق، — قىز تازىمۇ ئەركە ئۆسكەن قىز بولغاچقا مەندىن جۈرئەتلىكراق بولۇپ چىقتى.

— تاشاخۇنۇمچۇ، مېنىڭ ئاخۇن دادام،... — بالىلارغا ئوخشاش

سۆزلەرنى قىلىپ يۈرگۈنۈمدىن ئۆزۈمگە بەكمۇ ئاچچىقىم كەلدى. هودۇققان هالدا ئىزا تارتىشىمنى يوشۇرۇشقا ئالدىراپ، — مەن غانجۇغاندىن كەپ قاپىمەن، مەنمۇ بويامەتلىككۇ. سىز مېنى بىلمىسىڭىز مەن سىزنى بىلىمەن، سىز يۈز بېشىنىڭ قىزى.

— هە ، مەنمۇ سىزنى بىلدىم، سىز تۆپىنىڭ ئوغلى. هېلىقى ئەپەندىچىلىك قىلىپ يۈرگەن بالا، ئاڭلىغانتىم...

شۇ چاغدا هويلىدىن بىرسىنىڭ گال قىرىشى ۋە سۆرەپ باسقان قەدەم ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ۋىيەي، دادام! چاپسان يۈقۈلۇڭ!— دېدى قىز ۋە دەرهال رومىلىنى پېشانىسىگىرەك قىلىپ، ئېرىق بويىغان ئېڭىشتى.

مەن هەم هودۇققان، هەم كېتىشكە قىيمىغان هالدا ئارقامغا قاراپ-قاراپ قويۇپ كېتىپ قالدىم. ئارقامدىن يۈز بېشىنىڭ قىزىغا كايىغىنى ئاڭلاندى...

شۇندىن كېيىن ماڭا شېرىن خىياللار هەمرا بولۇدۇغان بولدى. يىراق يېقىنغا دورا ئۆسۈملۈكلىرى يىغىش، ئوقەت قىلىش ئۈچۈن بېرىشقا توغرا كەلسىمۇ دادام بىلەن ئاكام ئىككىسى باراتتى. مەن بىرەر باهانە تېپىپ، ئاكامنى بېرىشقا سايە قىلاتتىم-دە، ئۆزۈم ئۆيدە قالاتتىم. ئىشتىن بىكار بولسام‌لا يۈز بېشىنىڭ ئۆيى ئەتراپىدا ئەگىپ يۈرەتتىم.

كەچلىرى دوستلۇرۇم بىلەن بىللە ناخشا توۋلاپ كوچىنى چاڭ كەلتۈرۈپ ئۆتەتتىم. ئۈنىڭغا بېغىشلاپ بېيتلارنى يېزىشقا باشلىدىم. هەتتا بەزىلىرىنى خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئاهاڭىغا سېلىپ ئوقۇپ كېچىلىرى شۇ ئەتراپى ئەگىيتىم. قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ تۈنىنىڭ كۆپرەكىنى خىيال بىلەن ياكى تەمبۇر چېلىپ مۇڭ تۆكۈش بىلەن ئۆتكۈزۈپ، تۈزۈك ئۇخلىيالمايتتىم. هەي، قارىغاندا ياش يىگىت دېگەن بەئەينى توسۇن تايىنىڭ ئۆزى بولىدىكەن-دە، كۈن بويى سۇكۇلداپ يۈرگەن، ئىشلەپ هارغانىنىڭ ئۈستىگە يەنە يېرىم كېچىگىچە ناخشا توۋلاپ يۈرگەنلىرىمىز... — گەپ بۇ يەرگە كەلگەندە هارۋىكەشمۇ گەۋدىسىنى بۇراپ پاراڭغا قۇلاق سېلىشقا باشلىدى، ئات بولسا ئاستا مېڭىشقا

چۈشۈۋالدى. تەۋپىق ھېكايىسىنى داۋام قىلدى.

— ئانام مېنىڭ مىجەزىمدىكى ئۆزگىرىشلەرنى سېزىپ قاپتۇ، دادام ئىككىسى مەسلىھەت قىلىشىپ مېنى ئۆيلىۋەتمەكچى بولۇشقان ئوخشايدۇ. بىزدە باللارنىڭ مۇھەببەتلىشىشى بىلەن ئائىلە قۇرۇلۇدۇغان ئىش يوق، ئاتا- ئانىلار ئۆزلىرى تاللاپ بىرسىنى ئېلىپ بېرىدىغان گەپ بولغاچقا ئۇلارنىڭ كىمنى دىتىغا كەلتۈرىۋاتقىنىنى بىلمەك ماڭا مۇھىم ئىدى. ئۇلار بولسا مېنىڭ كۆڭلۈمگە كىمنى پۈككەنلىكىمنى سوراپمۇ ئولتۇرمايتى، ئۆزلىرىچە ئالدىرىشاتتى. مەن ئۇلارنىڭ بىرەر چاتاقنى تېرىپ مېنى تازا قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ ئۇلارنى توسۇشنى ئويلىدۇم. لېكىن بىزدە ئاتا- ئانىغا توغرىدىن- توغرا بۇ توغرۇلۇق گەپ قىلىدىغان ئادەت بولمىغاچقا پەدىشەپ پەردىسى يول قويمايتى.

ئاخىرى مەن دوستۇمنى ئارىغا قويۇپ، ئاۋۋال ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە پۈكۈۋاتقىنىنى ئۇقۇشۇپ كۆردۈم، ئۇلارنىڭ كېلىنلىككە دىتلاۋاتقان قىز يۈز بېشىنىڭ قىزى ئەمەسلىكى مەلۇم بولدى. لېكىن مەن ئۆز كۆڭلۈمدىكىنى ئېيتىشتىن خىجىل بولۇپ، ئۇلارنى توي قىلىشتىن توسۇپ قويۇش بىلەنلا چەكلەندىم.

بىرىنچى قېتىملىق ئۇچرۇشۇشتىن كېيىن كۆپ ئۆرۈنغان بولسامۇ قىزنى چالا- پۇچۇقلا قارىسىنى كۆردۈم - يۇ، سۆزلەشكۈدەك پۇرسەت تاپالماي يۈردۈم. مۇشۇ مەزگىل ئىچىدە بەكمۇ ئازابلاندىم. ھېلىقى چاغدا ئۇنىڭ ئىسمىنى بولسىمۇ سورىۋالمىغىنىمنى قارىمامدىغان! ئەمدى باشقىلاردىن سوراي دېسەم خۇددى باشقىلار مېنىڭ سىرىمنى بىلىۋالىدىغاندەكلا تۇيۇلۇپ ئاغزىمدىن چىقىرالمايتتىم.

ئاخىرى بىر كۈنى خۇددى بىرىنچى قېتىمقى ئۇچرۇشۇشىمىزدەك كوچىدا قىسقىلا ئۇچرۇشۇپ قالدۇق. ئۇ كۈنىمۇ چۈش ۋاقتى بولۇپ، ھاۋا ئىسسىق بولغاچقا تالا- تۈزدە ئىنسى- جىن كۆرۈنمەيتتى. مەن يەنە ۋاقىۋاغىدىن يانغانىدىم. ئابدۇلباقى چوڭنىڭ ئۆيىگە يېقىنلاشقانسېرى قەدىمىمنى ئاستىلاتتىم. دەرۋازىنىڭ ئۇدۇلىغا ئاز قالغاندا ئاسماندىن

چۇشكەندەكلا مەشۇقۇم ٴالدىمدا پەيدا بولدى. يۇرەگىم ٴاعزىمعا تىعىلىپ قالعانداي گەپ قىلالماي قالدىم. حۋددى بىردىنلا سوعۋق سۋعا چۇشۇپ كەتكەندەك ٴەندىكىپ كەتتىم.

ــ ٴەجەپمۋ ٴۇرۇشۇپ قالدىڭىزا، كىچە. كۇندۇز حۋدادىن تىلىگىنىم شۇ ٴىدى، ــ دىدىم سەل دىمىمنى راستىۋىلىپ، دەككە. دۇككە ٴىچىدە ٴالدى. كەينىمگە قاراپ.

ــ سىزنىڭ ٴەتىۋالىقىڭىزنى نەگە بىرىپ ٴىيتاي،...

«بۇ نىمە دىگىنىدۇ؟... » دەپ ٴويلىدىم ٴىچىمدە.

ــ ٴۇرۇشۇپ قالامىن دەپ تامادىلا يۇرگەنىدىم...

ــ سىز ٴاياقتا ٴوتۇپ كىتىۋاتقاندا ٴوگزىدىن،... قاچان يانارىكىن دەپ ٴوگزىگە نەچچە چىقىپ-تىمەن. تۋۋا!... بىر چاعدا قارىسام ٴەپەندىگە ٴوخشاش مىڭىپ كىلىۋىتىپسىز... ــ دىدى قىزمۇ ٴالاق-جالاق ٴەتراپقا قاراپ.

دىمەك، بىزنىڭ ٴارىمىزدا بىر ٴىيغىز رەسمى گەپ بولماي تۇرۇپلا ٴويلىرىمىز بىر- بىرىمىزگە مەلۇم بولۇپ بوپتۇ.

ــ سىزگە جىق گەپلىرىم باردى، بىراق...

ــ مىنىڭمۇ... بىرسى كىلىپ قالسا گەپ تاپمىسۇن،... ٴاخشاملىقتا بىزنىڭ باعقا كىلەمسىز؟ قاراڭعۇ چۇشكەن هامان يان ٴىشكنى ٴىچىدىن ٴىچىپ قويىمەن، ٴىشىك بىلەنلا چىرىسىز....

ــ ماقۇل....

ــ ٴەمىسە ٴىتتىكرەك يوقۇلۇڭ.

ٴۇ قانداق تىز پەيدا بولعان بولسا شۇنداق تىز عايىپ بولدى.

ٴۇ كۇنى كۇننىڭ كەچ بولمىغىنىنى نىمە دەيسەن. ٴۇزۇنراق بادرا بولسا كۇننى ٴىتتىرىپلا تاغ كەينىگە هەيدىۋەتكۇم كىلىپ كەتتى. مەن قانچىلىك سەۋرسىزلەنگىنىم بىلەن قوياشنىڭ نىمە پەرۋايى؟ كەچلىك تاماق گىلىمدىن ٴوتكىنىمۇ يوق. يۇز بىشنىڭ ٴويى تەرەپكە قاراپ چاپتىم. قوناقلىقلارنىڭ قىرلىرىدا مۇدۇرۇپ- چوقۇرۇپ، ٴولارنىڭ يان ٴىشكنى تاپتىم.

www.uyghurkitap.com

ئىشىك تاقاقلىقمىدىكىن، ھەر ھالدا ھىم ئىتتىكلىك تۇراتتى. بىراق بۇ كەمدىن-كەم ئېچىلىدىغان ئىشىك بولغاچقا يامغۇر سۈيى ئۆلگۈجىكىگە لاي ئېقىتىپ كىرىپ چىڭقاپ قويغاچقا ئىشىكنى ئىتتىرىشىم بىلەنلا شۇنچىلىك سەت غىچىرلىدىكى، يۈرىكىمنىڭ ئۇرۇشى توختاپ قالغۇدەك بولدى. بۇ غىچىرلاش ھازىرغىچە قۇلاق تۈۋىمدىن كەتمەيدۇ. ھېلىمۇ ئەنە شۇنداق غىچىرلاشنى ئاڭلىسام شۈركۈنۈپ كېتىمەن.

باغقا كىرىپ تال باراڭنىڭ ئاستىغا بېرىپ ئولتۇرۇپ ئېھتىيات بىلەن سوزۇپ- سوزۇپ نەپەس ئېلىپ ئۆنى كۈتۈپ تۇردۇم. بىر كەمدە باغنىڭ ھويلا تەرەپتىكى ئىشكى ئېچىلدى. ئۆنى مېنىڭ تىۋىشىمنى تونۇيدۇ دەپ ئىشىنىپ ئاللىقانداق چەررەندىگە ئوخشۇتۇپ ئىسقىرتىپ قويدۇم. ئۇ ھولۇققان ھالدا باراڭ ئاستىغا كەلدى ۋە ماڭا تاشلىنىدىغاندەك يېقىنلا كەلدى. مەن گويا ئۇتتىن قاچقاندەك بىر يانغا داجىپ ئارىمىزدا مۇئەييەن بوشلۇق قالدۇرۇپ توختۇدۇم.

— كەلدىڭىزمۇ؟ بىرسى كۆرمىگەندۇ؟

— ياق، كۆرمىدى.

— ھە، گېپىڭىزنى قىلمامسىز؟ چاپسان بولۇڭ، مېنى ئىزلەپ قالىدۇ.

— نېمە دېسەم بولا، جىق گەپلىرىم باردەك قىلاتتى. ئەمدى بىرسىمۇ يوققۇ، ھە، ھېلىقى، نېمە، بىزنىڭ ئۆيدىكىلەر...

— دەيدىغان گېپىڭىزنى كۆڭلىڭىزگە تىزىۋېلىپ ئاندىن كەلسىڭىز بولمامدۇ؟

— قانداق قىلىمەن، تىزىۋالسامىمۇ قېچىپ كەتسە؟ بۇنىڭغا ئۆزىڭىز ئەيىپلىك، سىز تىزىۋالغان سۆزلىرىگىزنى دەۋەرمەمسىز...

— مەن؟... مەنمۇ شۇ... ئىلدام بولساق بولاتتى...

— ھە، راست، ھازىرغىچە ئىتىڭىزنىمۇ سورىماپتىمەن، بىرسىدىن سوراي دېسەم گۇمانلانمىسۇن دەپ قورقتۇم...

— مەنىسا...

ـــ هە، مېنىڭ ئېتىم...
ـــ سىزنىڭ ئېتىڭىز مەمتىلى، شۇ.
ـــ مېنىڭ ئېتىمنى قانداق بىلىسىز؟
ـــ تېۋىپنىڭ بالىسىنى بىلمەيدىغان ئىش بولامدۇ؟ سىز بالا ئوقۇتۇپمۇ يۈرگەن، خەق سىزنى ئەپەندى دەيدىغۇ؟
ـــ ھېلىقى گېپىمنى تاپتىم... بىزنىڭ ئۆيدىكىلەر كېلىن ئىزدىگىلى تۇرۇپتىكەن، توختۇتۇپ قويدۇم.
ـــ نېمە؟!...
ـــ ئۇلارنىڭ تاپقىنى سىز ئەمەسكەنسىز، شۇڭا...
ـــ كىم؟ قەيەرلىك؟
ـــ تۇققانلاردىن بىرىنىڭ قىزىمىش،...
ـــ مېنىڭ توغرامدىمۇ شۇنداقراق بىر ئىشلار بولسا كېرەك، ئۆيدىكىلەر،...
ـــ نېمە!؟ كىممىش ئۇ؟! نەلىككەن؟
ـــ بازارۋېشىلىق دېيىشىۋاتىدۇ، مەن كۆرۈپ باقمىغان. ئەمما دوستلىرىم ھەركۈنى ئۇ توغرۇلۇق ئاڭلىغانلىرىنى ماڭا دېيىشىدۇ. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا ئۇ تازىمۇ بۇزۇق، نەشىكەش بىرنېمىكەن، قىمارمۇ ئوينايدىكەن...
ـــ ئېتى نېمىكەن؟
ـــ ئېتى؟...
ـــ ئۆيىڭىزدىكىلەر نېمىشقا ئاشۇنداق بىر ئادەمگە چاپسانلا ماقۇل كېلىپ قويغاندۇ؟
ـــ ئۇنىڭ قولىدا ھۈنىرى بارمىش. ھۈنىرى بار ئادەم خار بولمايدۇ، دەپلا قىلىشۋاتقان ئىش...
ـــ ھۈنىرى بولۇپ نېمە ھۈنىرى بولار ئۇنىڭ؟ يا دوغچىدۇ، يا ناۋايدۇ، شۇ... ئەمدى قانداق قىلىمىز؟
ـــ مەن قىز بالا تۇرسام مېنىڭ قولۇمدىن نېمە كېلىدۇ؟ شۇڭا سىزنى كۆرۈشكە ئالدىرىغانتىم. ھەممىشە ناخشا ئېيتىپ ئۇيان- بۇيان ئۆتىسىز،

ئادەمنى قىياپ... تېنىچقىنا ئۇخلىغىلىمۇ قويمايدىغان بولدىڭىز.

ــ سىزگە تېتىمىغان بولسا بۆگۈندىن باشلاپ بۇ ئەتراپتا ئۈنۈمنى ئۆچۈرەي.

ــ ياق، ياق، ــ دېدى قىز ھولۇقۇپ، ــ ئەسلا! مېنى ئۈنىڭدىنمۇ مەھرۇم قىلماڭ...

ــ ئۈنىڭغىمۇ ماقۇل. ھېلىقى ئىشنى ئۆزەم بىر ئامال قىلىمەن. بولمىسا مەشھەدكە بېرىپ ھېلىقى بىر نېمە بىلەن كۆرۈشىمەن...

ــ ھەرگىز ئۈنىڭ بىلەن كۆرۈشكۈچى بولماڭ! ئۇ تۇرغانلا بىر ئىت ئىمىش. ھە دېسە پىچاق كۆتۈرۈپ چىقىدىغان قانجىق دەيدۇ. بىر ئۈنىڭ بىلەنلا كەتمەيدۇ دەڭا، تېخى، بازاۋېشىلىقنى بىلمەمسىز، خوشۇلغاي دەڭ. ئۇ خەققە گەپ قىلىپ ئايىقىغا چىققىلى بولامدۇ. باشقا ئامال بولسا قىلىڭ. ماڭىمۇ گەپ كەلتۈرۈپ قويماڭ... ئەمدى كېتىڭ، چاققان بولۇڭ. ئانام مېنى ئىزدەپ قالىدۇ، ھويلىدا بىرسى مېڭىپ يۈرىدۇ...

شۇنچە ئۇزاق كۈتۈپ ئاران قولغا كەلتۈرگەن قىممەتلىك مىنۇتلار ئەنە شۇنداق تېزلا ئاخىرلاشتى. ئۈنىڭ ئالدىغا بېرىشتا ۋىسال شاتلىقى بىلەن دىلىم يايراپ، دەممۇ- دەم خۇشاللىق ئاتىشى ۋۇجۇدۇمنى كۆيدۈرۈپ تۇرغان بولسا، ئەمدى قىيالماسلىق ئىلكىدە يۈرىكىم ئېچىشىپ ياندىم.

ئىككى ئېتىزدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۆزەمنى روھلاندۇرۇش ئۈچۈن ئىشەنچسىز ئاۋازدا ناخشا باشلىدىم. ئەمما بۇ ناخشام ئۆزەمگىمۇ يىغلاۋاتقاندەك ئاڭلاندى.

قانداق ئامال قىلىپ بولغۇسى تويىنى بۇزۇشنى ۋە مەنىسانىڭ ۋىسالىغا يېتىشنى ئويلاپ، كېچىسى ئۇيقۇ، كۈندۈزى ئارامچىلىق بولمىدى.

دادام كۈزدىن قالماي توي قىلىشقا ئالدىراپ ماڭا ئادەم قوياتتى. ئاخىرى مەن دوستلۇرۇم ئارقىلىق كۆڭلۈمدىكىنى ئېيتتىم. مېنىڭ كۆڭۈل سىرىم تۇققانلار ئارىسىدا بىر مەزگىل غۇلغۇلىغا سەۋەب بولدى. ئۇلاردىن بەزىلىرى «خەق ئېغىز ئېچىپ قويغان ئىشنى بۇزساق گۇناھكار بولىمىز» دېسە، بەزىلىرى «تارتىۋېلىش»نى تەشەببۇس قىلاتتى. ئاخىرى،

يۈز بېشىنىڭ باشقا بىرى بىلەن قۇدىلىشىپ قويغانلىقىنى بىلمەسكە سېلىپ، گەپنىڭ ئۇچىنى چىقىرىپ سىناپ بېقىش قارارىغا كېلىشتى. ئۇلار دادامنىڭ يۈزى بېسىپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

ئويلىغىنىمىزدەك ئابدۇلباقى چوڭ دەرھاللا بولۇدۇغان توي ئىشىدىن ياندى. بىزنىڭ ئۆيدىكىلەر دەرھال داستىخان كىرگۈزۈپ مەنسانىڭ بېشىنى باغلاپ قويدى.

مېنىڭ رەقىبىمنىڭ دادىسى قازىغا ئەرز قىلىپ، ئابدۇلباقى چوڭنى جازاغا تارتقۇزماقچى بولۇپ كۆپ ئاۋارە بوپتىمىش. كېيىن مەن بىر قېتىم بازارغا بارغىنىمدا رەقىبىم بىر توپ «نوچىلار»بىلەن ئالدىمنى توستى.

— ئاكاڭ قارىغاينىڭ كىملىكىنى بىلىپ قالىسەن! — دەپ پوپۇزا قىلدى ئۇ.

— مەن سېنى بالدۇرمۇ بىلەتتىم، — دېدىم مەنمۇ. گەرچە يالغۇز بولسامۇ بازارچىلار ئاجرىتىپ قويىدىغۇ دېگەن ئىشەنچىم باردى.

— ئاكاڭنىڭ ئالدىدا ھۆرت- پۆرت دەيدىغان نېمە ھەددىڭ؟! مەن دېگەن مەشھەدلىك جۇما!

— مەن ساڭا ھېچنېمە دېگىنىم يوق، ئەكسىچە ئۆزەڭ دەۋاتىسەن، بازارلىق بولغىنىڭ يوغۇن ئىش ئەمەس! ئاداۋىتىڭ بولسا ئۇچۇق ئېيت.

— خەقنىڭ بولغىلى تۇرغان تويىنى نېمىشقا بۇزىسەن.

— مەن بۇزمىدىم.

— ئەمىسە، ئۆيۈڭدىكىلەر بۇزغاندۇ؟

— ياق ئۇلارمۇ بۇزمىدى. قىز سېنى خالىمايدۇ، سېنى ياراتمايدۇ. بۇ ئىش شۇنىڭ رايى بويىچە بولغان ئىش!...

— سېنى يارىتامدۇ؟ ھە! بۇگۈن سېنىڭ بۇرنۇڭنى تۈزلىۋېتىپ باقاي، قېنى شۇ چاغدا يەنە سېنى يارىتامدىكىن!

— بۇ تالىشىپ ئولتۇرۇدۇغان ئىش ئەمەس! ئوغول بالا بولساڭ قىزنىڭ مەيلىنى ئۆزەڭگە قارىتىۋال، شۇنداق قىلالىساڭلا مېنىڭ باشقا گېپىم يوق. ساڭا ئوخشاش يول توسۇپ ئۇششۇقلۇق قىلىپ جۇمەيمەن.

شۇ چاغدا بىزنىڭ پارىڭىمىزنى ئاڭلاپ تۇرغان بىر مويسىپىت كىشى

گەپكە ئارلىشىپ:

— بۇ مانا توغرا گەپ ئەمەسمۇ؟ «مەرتنى مەيداندا سىناڭ» دېگەندەك سەنمۇ يىگىت بولساڭ خەقنىڭ مەيلىنى ئۆزۈڭگە تاتىۋالساڭ بولمىدىمۇ. كۆڭۈل دېگەن مۇشت بىلەن مايىل قىلغىلى بولۇدۇغان نەرسە ئەمەس. — دېدى.

— ماڭەۋە، پوقساقال، يولۇڭغا ماڭ! ساڭا گەپ قىلغان ئادەم يوق، — ئۈنىڭ شۇ گېپى بىلەنلا ئولاشقان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئۇلارنى ئەيىپلىدى، ھەم مېنى كەتكۈزىۋەتتى. رەقىبىم ئىچىدە خەپىلىگەن بولسىمۇ مەخسىدى ئىشقا ئاشمىدى.

بىز ئۇ يىلى قىش قىستاپ كېلىپ قالغاچقا توينى يەنە بىر يىلى كۈزگە قالدۇرۇق. بىراق، خۇدا نېسىپ قىلمىسا قولۇڭغا ئالغان ئاشنىمۇ يىيەلمەيدىغان گەپكەن. مەنىسا باشتىنلا ماڭا نېسىپ بولمىغان بولسا كېرەك، تەييار بولغان ئىش قېرىشقاندەكلا يەنە بىر يىلى قىز تەرەپتىن سۇغا چىلاشتى.

شۇ چاغلاردا ئاخۇن دادام ماتتەي بىلەن شېرىكلىشىپ قەشقەردە «زەرب كاشغەر» ناملىق تەڭگە قۇيدۇرغانىكەن. قەشقەر بايلىرىدىن ئۆمەر باي كۆرەلمەسلىك، ئىچى قارىلىق تۈپەيلىدىن قۇيمىچىلارغا پارا بېرىپ تەڭگىنى ساختىلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلغان. قۇيمىچىلا كۈمۈشكە رو، ئالتۇنغا مىس قوشۇپ ساختا تەڭگە ئىشلەپچىقارغان. ئۆمەر باي دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ ماتتەيگە چېقىشتۇرغان. ماتتەي تەكشۈرۈپ كۆرسە ئەھۋال ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق. پارا ئالغان قۇيمىچىلار ئاخۇن دادامنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە شۇنداق قىلغانلىقىنى «ئىقرار» قىلىشقان. ماتتەي كۈمۈشلىرىمگە خىيانەت قىلدى دەپ ئاخۇن دادامنى قاتتىق تەپتىش قىلىشقا باشلىغاندى. شۇڭا بۇ بىزنىڭ ئۆرۈقتىكى جىمى ئائىلە پاراكەندە بولۇپ تۇرغان، ھەسەتخورلار ھەدەپ تۆگمىنى تۆگە قىلىپ كۆرسۈتۈپ، «جىنايەت»نى چوڭايتىپ كۆرسۈتۈش ئۈچۈن ئالدىراۋاتقان، ئاخۇن دادام ئۆزىنى ئالدىغا ئېلىشقا مەجبۇر بولغان مەزگىل ئىدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن يۈز بېشى توينى ئارقىغا سۈرۈشنى تەلەپ قىلىپ



www.uyghurkitap.com

تۇرۇۋالدى. ئۇ پۈتۈنلەي ئادا- جۇدا بولۇپ كېتەي دېسە ئاخۇن دادامنىڭ قايتا باش كۆتۈرۈپ قېلىشىدىن ئېھتىيات قىلىپ، ئەنە شۇنداق كۈزۈتۈپ بېقىش يولىنى تۇتقانىدى.

براق، ئاخۇن دادامنىڭ ئىشى ئايدىڭلىشىشىنىڭ ئەكسىچە تېخىمۇ يامان تەرەپكە تەرەققىي قىلىپ، ھۆكۈمەت ئۇنى تۇتۇشقا بۇيرۇق چىقاردى. بۇنىڭ بىلەن ئابدۇلباقى چوڭ قۇدىلىقتىن يېنىشىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەم مەنىسانىڭ مەن بىلەن قېچىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ ئۇنى قاتتىق نەزەربەند قىلىپ قويدى. ئەنە شۇ چاغدا مەن ئاشۇ شارائىتتىن ئۈزۈل- كېسىل بىزار بولغانىدىم. كۆڭلۈمدە ئىنسانلار خالىغىنىنى قىلالايدىغان ئەركىن جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئىستىكىمنىڭ ئىپتىدائىي ھالىتى بىخلانغانىدى.

1922- يىلى كۈز بولسا كېرەك، ئابدۇلباقى چوڭلار يېغىدىن قۇدىلاشقان تەرەپ بىلەن توي قىلىش ھارپىسىدا مەنىسانىڭ ئۇغا ئىچىۋالغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر يۇرتقا پۇر كەتتى. مەن بۇنداق بولۇشىنى زادىلا تەسەۋۋۇر قىلمىغانىدىم. يۈز بېشىنىڭ ئەركە چوڭ بولغان قىزىدا بۇنچىلىك جاسارەتنىڭ بولغانلىقى مېنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى. مەن ئاشۇ قەيسەر قىزنى تىرىك يۇتقان مۇشۇ كونا دۇنيانى قانداق قىلغاندا ئاغدۇرغىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا كۆپ ئويلىنىدىغان بولدۇم. يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا ئۆسمۈر ۋاقتىمدىكى ئۇستازىم ئەھمەد كامال تەرگەن ئىسيانكارلىق ئۇرۇقلىرى بىردىنلا بىخلانغاندەك بولدى. مەن بۇ كۆڭۈل خاھىشلىرىمغا يېتىش ئۈچۈن كۆپرەك ئوقۇش، ئىلىمگە تولۇش لازىملىقىنى ئۇستازىمنىڭ سۆزلىرىدىن بىلىۋالغانىدىم.

ئاشۇ پاجىئە يۈز بەرگەن زېمىندىن كېتىش، مۇھىتنى يېڭىلاپ، نەزەر دائىرەمنى كېڭەيتىشتەك ئىچكى سەۋەپ، ھەمدە دادامنىڭ تىۋىپچىلىك ئىشلىرى ئۈچۈن دورا ئۆسۈملۈكلىرى تەييارلاش (بۇنداق ئىشلاردىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ يۈرەتتىم، ئەمدى ئۆزۈم ئىختىيار قىلدىم)، ئاخۇن دادامنىڭ بۇ يەردىن باش ئېلىپ كېتىش سەپىرىگە ھەمرا بولۇش

قاتارلىق تاشقى باھانىلەرگە كۆرە 1923- يىلىنىڭ باھارىدا تەڭرى تاغىنىڭ شىمالىغا قاراپ كەتتىم.

مېنىڭ شۇ چاغدىكى روھى ھالىتىم تولىمۇ مۇرەككەپىدى. تەلكىدىن ئۆتۈشىمىز بىلەنلا گۈزەل سايرام كۆلى كۆك زۇمرەتتەك ئالدىمىزدا جۇلالىنىپ پەيدا بولدى. ئۇنىڭ شىمالىي قىرغىقىدا خۇددى شۇ رەڭدىكى تاغلار تۇمانغا پۈركىنىپ ياتاتتى. سايرام سۈيىنىڭ گويا كەڭساي تەرەپكە تېشىپ چىقماقچى بولىۋاتقاندەك چايقىلىپ تۇرىشى مېنىڭ قەلبىمدە مەۋج ئۇرىۋاتقان ئاللىنىمگە ئوخشاپ كېتەتتى، شۇڭا مەن كۆڭلۈمدە تاشقىنلاپ تۇرغان، ئەمما چىقىش يولى تاپالمايۋاتقان ھېسسىياتىمنى شۇنىڭغا تەققاس قىلدىم. بۇنى شۇ چاغدا يازغان مۇنۇ مىسرالىرىمدىن كۆرىۋالغىلى بولىدۇ:

سايرام كۆلى ئۆزۈڭ كىچىك، دەردىڭ تولا،
داۋالغۇيسەن، ساھىللاردىن تاشالمايسەن.
ئەتراپىڭنى قورشىۋالغان ئېگىز تاغلار،
ئۆمتۈلسەن، داۋانلاردىن ئاشالمايسەن...

مەمتىلى ئەپەندى يىراقلارغا تىكىلگىنىچە گويا ھارۋىدا كېتىۋاتقىنىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك جىم- جىت بولۇپ كەتتى. ئۇ بەلكىم ھازىر كۆز ئالدىدا قاغجىراپ ياتقان قۇمالتاغنى ئەمەس، سايرام بويىنى، تەلكىنى، كەڭسايىنى كۆرىۋاتقاندۇ. رەڭگا- رەڭ گۈل- چېچەكلەرگە پۈركەنگەن قاپتاللار ئۇنى شائىرانە ئىلھامغا چۆمدۈرىۋاتقاندۇ...

سەيپىددىن بىلەن ھارۋىكەش ئۇنىڭ ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇرۇشىنى كۈتۈپ جىم- جىت قۇلاق سالاتتى. بىراق، مەمتىلى ئەپەندىدىن سادا چىقمىدى. پەقەت بەشكېرەم يېزىلىرىنى ئارىلاپ كېتىۋاتقان ھارۋىنىڭ تاراقلىشى بىر خىلدا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئەتراپتىن سۆچى دېھقانىنىڭ ناخشىسى كېلەتتى. كۈتۈۋېرىپ ئۈمىدى ئۈزۈلگەن سەيپىددىن ۋىلىلداپ تۇرغان جەزىرىمە قۇمالتاغدىن كۆزىنى ئېلىپ سورىدى:

www.uyghurkitap.com

— كېيىنچۇ؟ كېيىن قانداق بولدى؟

مەمتىلى ئەپەندى چوڭقۇر خىيال ئىچىدىن چۆچۈپ باش كۆتۈرۈپ، بىر نەۋرە ئىنىسىگە كۈلۈمسىرەپ قارىدى ئۇنىڭ كۈلكىسىدە يۈرەكتە داغ بولۇپ قالغان كونا جاراھەتنىڭ — پاجىئەنىڭ ئازابى بىلىنىپ تۇراتتى.

— كېيىنمۇ؟ كېيىن شىمالنىڭ ھەر قايسى شەھەر- يېزىلىرىنى كېزىپ ئاخىرى چۆچەككە يېتىپ بېرىپ تىرىكچىلىك قىلدۇق. مەن شۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئاتۇشلۇق ماموتھاجىم دېگەن كىشىنىڭ ساتىراچخانىسىدا ئىشلىدىم...

— چەتئەلگە چىقىپ كېتىشىڭىزدىكى سەۋەب نېمە؟ ئۇ يەردىمۇ تۇرۇشقا ئىمكانىيەت بولماي قالغانمۇ ياكى ئوقۇش نىيىتىدە كەتكەنمىدىڭىز؟

— ھەر ئىككىسى بار... — تەۋپىق بىر دەم خىيال سۈرۈپ جىم بولۇپ كەتتى ۋە ئارقىدىن شارتتىدا بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ دائىمى خۇشخۇيلىقى ئەسلىگە كەلدى، ھېكايەمنى داۋام قىلىشقا قىستاۋاتىسەن- ھە، ماقۇل، ساڭا ھەممىنى سۆزلەپ بېرەي، — دېدى ئۇ ھەم بۇرۇلۇپ سەيپىددىنگە روبىرو بولۇپ ئولتۇرىۋېلىپ ھېكايىسىنى داۋام قىلدى.

— مېنىڭ قېنىم قىزىغاندى. جاھالەتنىڭ زىيانلىرىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ تۇرغىنىم، ئۇنىڭ ئازاۋىدا ئىڭراۋاتقانلارنىڭ ئاھۇ- زارى قۇلىقىم تۈۋىدە جاراڭلاپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن مەندە قارشىلىق قىلىش تۇيغۇسى، بۇزۇپ تاشلاش ئىستىكى ئويغانغانىدى. شۇڭا ئىمكانىيىتىم يار بەرگەن دائىرىدە جاھالەتلىك جەمئىيەتنىڭ جىنايەتلىرىنى ئېچىپ تاشلايدىغان بولدۇم. بىزنىڭ ساتىراچخانىمىزغا ئادەم كۆپ كېلەتتى. كۆپچۈلۈكى چاچ ئالدۇرمىسىمۇ مېنىڭ تەمبۇرۇمنى ئاڭلىغىلى كېلەتتى. شۇڭا بۇ يەر كىشىلەرنىڭ، بولۇپمۇ ياشلارنىڭ يىغىلىپ ئولتۇرۇپ، قوساق كۆپۈكىنى بوشىتىدىغان يېرىگە ئايلاندى.

كېيىن مۇرات ئەپەندى دېگەن بىر كىشى بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. ئۇ قازان دارىلمۇئەللىمىنىدە ئوقۇغان تاتار زىيالىسى بولۇپ، بۇ يەردە مەكتەپ ئاچاتتى. ۋاقىت تاپسىلا ساتىراچخانىغا كېلىپ بۇ يەرگە يىغىلغان ياشلار

بىلەن پاراڭلىشىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ چوڭقۇر پىكىرلىرى، يىراقنى كۆرەرلىكى مېنىڭ زېھنىمنى ئاچاتتى. ماڭا ئۇستازىم ئەھمەد كامالنى ئەسلىتەتتى. ئۇنىڭدا خېلى كۆپ كىتاب باردى. يەنە كېلىپ بۇ كىتابلارنىڭ ھەممىسى قازاندا كېيىنكى ۋاقىتلاردا نەشىر قىلىنغان ئىلغار كىتابلار بولۇپ، بىز بىر توپ ياشلار يېرىم كېچىلەرگىچە دۇكان ئىچىدە ئوقۇپ ئولتۇراتتۇق.

مۇراد ئەپەندى بىزگە سوۋېت ئىتتىپاقىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىنقىلابلار، ئاخىرىدا ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى، ئاق پادىشانىڭ ئاغدۇرۇلىشى قاتارلىقلار ھەققىدە سۆزلەپ بېرەتتى. ئۇ مەۋجۇت تۈزۈم ۋە ھۆكۈمران پادىشا ھەرگىزمۇ مۇتىئەسسىپلەر ئېيتقاندەك مۇقەددەس، تەۋرەنمەس نەرسە بولماي، بەلكى ئاغدۇرۇۋەتكىلى بولىدىغان نەرسە ئىكەنلىكىنى سۆزلەيتتى. بۇنىڭغا سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۆزگىرىش بىلەن شۇ مەزگىللەردە يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنى مىسال قىلاتتى.

بۇنداق سۆزلەر قۇرۇق ئوتتۇندەك بولۇپ قالغان يۈرەكلەرگە ئوت تۇتاشتۇرۇدىغان سەرەڭگە بولاتتى. بىز كۆپ ئۆتمەي تېپىلىشىپ ئولتۇرۇپ زۇلۇم - جاھالەت ئۈستىدىن دەرت تۆكۈپ، ھۆكۈمەتنى سۆكۈپ، قوساق كۆپىكىمىزنى چىقىرىۋېتىلىشتەك پاسسىپ ئىنكاسنى، ئاڭلىق ھالدا ئاقارتىش تەشۋىقاتى ئېلىپ بېرىشقا ئۆزگەرتتۇق. مەلۇم مەقسەد، روشەن مۇددىئا ئاساسىدا خېرىدارلارغا سۆزلەشتىن تاشقىرى، كىتاب كۆچۈرۈپ كۆپەيتىپ ساۋاتلىقلارغا تارقىتىدىغان بولدۇق. بىرمۇنچە ياشلار مۇراد ئەپەندىنىڭ مەكتەپ ئىشلىرىغا ھەمكارلىشىدىغان بولدى. ئارىمىزدا قىزلارمۇ باردى. بۇلار ئارىسىدا تەربىيە ئالغان سەرۋەر ئىسىملىك بىرسى ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنەتتى. سەرۋەر مېنىڭ تۇنجى مۇھەببەت پاجىئەم تۈپەيلى مۇزلاپ كەتكەن يۈرىكىمدە ھارارەت پەيدا قىلىشقا، بارغانسېرى مەيلىمنى تارتىشقا باشلىدى...

بۇ چاغدا بىزنىڭ ھەرىكىتىمىز ھۆكۈمەت پايلاقچىلىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغاشقا باشلىغانىدى. بەزى گۇمانلىق ئادەملەر ساتىراچخانىدا پات - پات

پەيدا بولۇپ قالىدىغان بولۇپ قالدى. بىز ھەممىمىز مۇرات ئەپەندىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ ئۇنى مەكتەپتىن سىرتقا كۆپ چىقماسلىققا تەۋسىيە قىلدۇق. ھەمدە ئۇنىڭدىن ۋاقتلىق يىراقلاشتۇق. پايلاقچىلارمۇ كۆپرەك ساتىراچخانىدىن گۇمانلانغاچقا، مۇرات ئەپەندىگە كۆپ دىققەت قىلىپ كەتمىگەنىدى. بىزمۇ بىر مەزگىل جاسۇسلار ھەرىكىتىنى سۇسلاشتۇرسۇن ئۈچۈن جىم بولۇۋالدۇق. بىراق شۇ مەزگىللەردە مەن قىزىقارلىق بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان بىر ئىش قىلىپ قويدۇم:

ــ 1924 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا ساتىراچخانىمىزغا قەشقەر تەرەپتىن كەلگەن بىرەيلەن كىرىپ قالدى. ئۇ باشقىلارنىڭ قەشقەر ئەھۋالى توغرىسىدا سورىغان سوئاللىرىغا قەشقەردە شۇ يىلى روي بەرگەن ئەڭ زور ۋەقەدىن بىرنى ــ ئابدۇقادىر دامۇللامنىڭ قەتل قىلىنغانلىقىنى چوڭقۇر قايغۇ، ئېچىنىش ئىچىدە سۆزلەپ بەردى. ئۇ داموللامنىڭ چەتئەل مىسسىئونېرلىرىغا، مەدەنىيەت تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى قانداق كۆرەشكەنلىكى، ئۇزىنىلا ئويلايدىغان ھارام تاماق بايلار چەتئەللىككە تايىنىپ (يالاقچىلىق بىلەن) بېيىۋاتقاچقا بۇ ئىشقا ئۆچمەنلىك قىلغانلىقى، شۋېد مىسسىئونېرلىرى قەشقەر بايلىرىنى ئۆمەر باي قاتارلىقلارنى ئىشقا سېلىپ، ئۇ بولسا 300 تەڭگە پۇلغا بىر قارا قوساق ئىمانسىزنى سېتىۋېلىپ بۇ رەزىل قىلمىشنى سادىر قىلغانلىقىنى، ھەمدە قەشقەردە داموللام ھەققىدە توقۇلغان قوشاقلار، خەلقنىڭ دامۇللامغا قانداق قارىلىق تۇتقانلىقى... قاتارلىقلارنى سۆزلەپ بەردى.

ــ بۇ ئىشلارنى ئويلاپ كېچىچە ئۇيقۇم كەلمىدى. تېخىمۇ دىققىتىمنى تارتقىنى بۇ پاجىئەنىڭ سەۋەبكارلىرى ئىچىدە يەنىلا ئۆمەر باينىڭ بولىشىدى. ئويلاپ كۆرسەم ئۇستازىم ئەھمەد كامال ئاشۇ ئۆمەر باينىڭ پىتنىسى سەۋەبىدىن ئىكساق مەكتەپتىن قوغلانغانىدى. ئاخۇن دادامنىڭ ئېشىغا تويپا سالغانمۇ يەنە شۇ. ئۆمەر باينىڭ دامۇللامنىڭ ئىشلىرىغا شۇنچە ئۆچمەنلىك قىلىشى بولسا ئادەتتىكى كۆرەلمەسلىكتىن ھالقىپ كەتكەن ئىدى. بۇ ئۇنىڭ «ئالداشقا كىچىك

www.uyghurkitap.com

بالا ياخشى» دېگەندەك خەلقنىڭ نادان ھالەتتە تۇرۇشىنى ئۆزىنىڭ بايلىق توپلىشى ئۈچۈن پايدىلىق دەپ ئويلىغانلىقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، بۇ ئۇنىڭ نەقەدەر شەخسىيەتچى، قىتغۇر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە. ئۇنىڭ بۇ قىلمىشى جىنايىتى ئاددى ھالدىكى قاتىللىق بولماستىن مىللەتكە قىلىنغان خىيانەت، چەتئەلگە سېتىلىشتەك خائىنلىق ئىدى.

بۇلارنى ئويلاپ ئۇيقۇم كەلمىدى، يۈرىكىمدىكى ئەلەملىرىمنى زادىلا باسالماي قالدىم. شۇنىڭ بىلەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ھېلىقى كىشى بەرگەن مەرسىيە مەزمۇنىنى ئاساس قىلىپ بىر پارچە مەرسىيە يازدىم[1] بۇ مەرسىيەمنى يوغان بىر پارچە قەغەزگە كۆچۈرۈپ ساتىراچخانىنىڭ ئالدى تېمىغا چاپلاپ قويدۇم. ئەنە شۇندىلا سەل ئارام تاپقاندەك بولۇپ ئۇخلاپ قاپتىمەن. تاڭغا يېقىن ئۇخلىغانلىقىمدىنمۇ، ئادەتتىكىدەك سەھەر ئويغىنالمىدىم. پەقەت بىر مۇنچە ئادەمنىڭ ساتىراچخانا ئالدىدا قىلىشىۋاتقان غۇلغۇلىسىدىن ئويغىنىپ كەتتىم. نېمە بولغىنىنى ئاڭقىرالماي ، ئىتتىك بېرىپ ئىشىكنى ئېچىۋىدىم، بىر توپ ئادەم ھېلىقى مەرسىيىنى ئوقۇۋېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ مۇلاھىزىسىگە قۇلاق سېلىپ بوسۇغىدا تۇردۇم.

بارغانسېرى ئادەم كۆپەيدى. بىلىمگەنلەر نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى ئۆز ئارا سورۇشتۇرەتتى. داموللامنىڭ ئۆلۈمىنى ئۆزلىرىچە ھەر خىل چۈشەندۈرەتتى. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ تۇرۇپ، يەنە بىر قېتىم قېنىم قايناپ كېتىپ، ياڭراق ئاۋازدا نوتۇق سۆزلەشكە، خالايىققا داموللامنىڭ ئۆلۈمىنى قانداقتۇر «خۇدا بەرگەن ئامانىتىنى ھەرخىل يوللار بىلەن ئالىدۇ» غانلىقى يۆنىدە چۈشەندۈرۈشكە ئۇرۇنۇش، زىددىيەتنىڭ ماھىيىتىنى يېپىش، زوراۋانلارغا يالاقچىلىق قىلىش بولۇدۇغانلىقى، شەخسىي زىددىيەت سەۋەبىدىن بولغان ـ ئاددىي ھالدىلا بىر شەخسنىڭ يەنە بىر شەخسكە قەست قىلىشىمۇ ئەمەسلىكى، بەلكى جاھالەت بىلەن ھۆرىيەتنىڭ،

---

[1] «ئوقىدى ــ ئاشتى»ناملىق مەرسىيە كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ــ ئا.

مۇتئەسسىپلىك بىلەن يېڭىلىقنىڭ مۇرەسسەسىز زىددىيىتىدىن بولغان پاجىئە ئېكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈشكە باشلىدىم. (شۇ چاغدا ئۆزۈمدە ناتىقلىق ئىقتىدارى بارلىقىنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلغانىدىم).

جاسۇسلارنىڭ ھەرىكىتى جىددىيلىشىپ قالدى. بىرسى ئارىغا قىستىلىپ كىرىپ تامغا چاپلانغان مەرسىيىنى سويۇۋېلىپ ئېلىپ كەتتى. خالايىق تەۋرەشكە، تارقىلىشقا باشلىدى. شۇ كۈنى كەچكىچە دۇكان ئەتراپىدا بىر خىل كۆڭۈلسىز جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى.

كەچقۇرۇن مۇراد ئەپەندى ماڭا سەرۋەرنى ئەۋەتىپتۇ. سەرۋەر:

— ئەپەندىم سىزنى كېچىسى ئەل ئايىقى جىمىققاندا يېنىمغا كەلسۇن دەيدۇ، — دېدى.

كېچىسى مۇرات ئەپەندىنى ئىزدەپ باردىم. ئۇ مېنى كۈتۈپ ئولتۇرغانىكەن.

— ئىنىم، ئۆزۈڭىزنىڭ قانچىلىك خەتەرلىك ئەھۋالدا تۇرۇۋاتقانلىقىڭىزنى بىلەمسىز؟ — دېدى ئۇ ئېغىر ئۇھ تارتىپ تۇرۇپ، — ياشلىقتىكى قىزغىنلىق كۆپ ھاللاردا خەتەرگە پىسەنت قىلماسلىقتەك قارامىلىقنى تۇغدۇرىدۇ. كىشىدە خەتەرگە ئۆزىنى ئۇرۇش، تەۋەككۈل قىلىش خاھىشى ئۇيغۇتىدۇ. بەلكىم سىزمۇ ھازىر ھاياجانلىنىش تۈپەيلى مۇھىتنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋەتكەنسىز. بەلكىم سىزنى قولغا ئېلىشى مۇمكىن، بەلكىم مېنىمۇ ۋە يەنە بىر قانچەيلەننىمۇ قولغا ئالار. بۇ قولغا ئېلىش ئۆمۈرلۈك زىندانغۇ بولماس، لېكىن قانداقلا بولمىسۇن سىزنىڭ زايا بولۇپ كېتىشىڭىزگە چىداپ تۇرالمايمەن.

ئەگەر بۇ تاسادىپىي چاتاق تۇغۇلمىغان تەقدىردىمۇ مەن سىزگە بۇ يەردىن كېتىش، ئوقۇيدىغان جاينى تېپىش مەسىلىسىنى بەرگەن بولاتتىم. لېكىن ئۇ چاغدا يا ئۇستازىڭىز ئۇنىمايتى ياكى تۇغقانلىرىڭىز توسايتى. ئەمدى بۇ بىر باھانە- سەۋەپ بولسۇن، دەرھال كېتىپ قېلىڭ. بولسا بۈگۈن كېچىدىن قالماڭ. قىردا سىزگە ياردەملىشىدىغان قازاق يىگىتلەر بار، مېنىڭ ياخشى تونۇشلۇرۇم. ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە خەت يېزىپ قويدۇم. مېنىڭ ئېتىمنى مىنىڭ، بۇ يەردىن كېتىڭ، — دېدى.

www.uyghurkitap.com

مەن ئۈشتۈمتۈت قارارغا نېمە دەرىمنى بىلمەي تۇرۇپلا قالدىم. كاشكى سەرۋەر بولسىمۇ ئۇنىڭدىن مەسلىھەت ئالاتتىم. ھېچ بولمىسا ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشۋالسامۇ بولاتتى. ئەگەر موشۇ كېچە كېتىشىمگە توغرا كەلسە ئۇ سۆيۈملۈك قىز بىلەن خوشلىشىشقىمۇ پۇرسەت يوق!

مۇرات ئەپەندى مېنىڭ قاراملىق قىلىپ ئۇنىماسلىقىمدىن ئەنسىرەپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

ــ ئەتتىگەن سۆزلىگەن سۆزلىرىڭىزنىمۇ ئاڭلىدىم. پەرۋىش تاپسا كىرەكلىك ئادەم بولىشىڭىزدا گەپ يوق. ئۇقۇڭ، بىلىم قانات پۇتىدۇ. كەڭرى پەرۋاز قىلىشقا ئىمكانىيەت بېرىدۇ. ئۆزىڭىزمۇ چۈشىنىسىز، جاھالەت، نادانلىق، خۇراپات بىزنىڭ بىر- ئىككى قېتىملىق نۇتىقىمىز ياكى بىر توپ ئادەمنىڭ يوشۇرۇن كىتاب ئوقىشى بىلەن ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ. مەن كۆپ سۆزلىمەي، قالغىنىنى يېتەرلىك ئوقۇيالىسىڭىز چۈشۈنۈپ قالىسىز. ئەمدى دەرھال ئۇستىڭىز بىلەن خوشلۇشۇپ كېلىڭ، تاغىڭىزغا تاپىلايدىغانلىرىڭىز بولسا ئۇستىڭىزغا ئامانەت قىلىڭ، چاپسان بولۇڭ.

مۇرات ئەپەندىنىڭ سۆزلىرىنى يىرالمايتىم. دېمىسىمۇ ئەھۋال ھەقىقەتەن خەتەرلىك ئىدى. شۇڭا دەرھال كېتىپ ئۇستامنى ئويغاتتىم ۋە ئۇنىڭغا ئەھۋالنى قىسقىچىلا چۈشەندۈردۈم. ئۇمۇ بوگۈنكى ئىش ھەققىدە باش قاتۇرۇپ تۇرغانىكەن، تارتىشىپ تۇرماي رازىلىق بەردى. بۇ چاغدا غۇلجا جىبىلىيۈزىگە كەتكەن ئاخۇن دادامغا بىر پارچە خەت يېزىپ قالدۇردۇم. ئۇنىڭغا ئۆيدىكىلەرگە يېزىلغان خەتنىمۇ قوشۇپ قويدۇم.

مۇرات ئەپەندى ئاتنى توقۇپ راستلاپ قويغانىكەن. ئۇ قولۇمنى ئۇزاق قىسىپ، ئاندىن مېنى ئاتنى مىنىشكە ئالدىراتتى. ئاندىن قىردىكى قازاق دوستلىرىغا يېزىپ قويغان خەتلىرىنى قولۇمغا تۇتقازدى. مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى شەبنەملەرنى كۆرەلمىسەممۇ، ئاۋازىنىڭ تىترىشىدىن قەلبىنى ئېنىق كۆرۈپ تۇراتتىم. ئۇ مېنى مېڭىشقا ئالدىرىتىپ ئاتنىڭ ساغرىسىغا شاپىلاقلىدى...

مەمتىلى ئەپەندى شۇ يەرگە كەلگەندە گويا ھېكايىسىنىڭ ئاخىرىنى

ئويلىنىۋاتقاندەك توختاپ قالدى. بىردەمدىن كېيىن داۋام قىلىپ:
— مەن مۇرات ئەپەندى دېگەندەك چەتكە چىقىپ كەتمىدىم، — دېدى بېشىنى چايقاپ، — قازاق دالىلىرىدا يېرىم يىلدىن ئارتۇقراق سەييارە تۇرمۇش كەچۈرۈپ، چەتئەلگە چىقىشتىن ئىككىلىنىپ ئاخىرى سەرۋەرگە تاتىشىپ قازاق دوستلۇرۇمنىڭ ئىلتىماسىغا قارىماي يەنە چۆچەككە قايتىپ كەلدىم.
1925 ـ يىلىنىڭ كۈزىدە مۇرات ئەپەندى، ئۇستام ۋە ئاخۇن دادامىلار ئورتاق مەسلىھەتلىشىپ مېنى ئۆيلەپ قويدى. مەن سەرۋەرنىڭ ۋىسالىغا يەتتىم. ئاخۇن دادامغا قەشقەردىكى خەۋپ تۈگىگەندەك بىلىنگەنىدى. بۇ چاغدا ماتىتەي ئاغدۇرۇلغانىدى. بىزنىڭ تويىمىز ئۇنىڭ قايتىش ئالدىدا بويىنىدىن ساقىت قىلىۋەتكەن قەرزى ئىدى.
سەرۋەر بىلەن ناھايىتى ياخشى ياشىدۇق. مەن دۇكان ئاچتىم. ئۇ مەھەللىدە باللارنى تەربىيلىدى. كېيىن ئۇنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى تۇغقانلىرىنىڭ تەكلىپلىرى بىلەن مەسۇم تاران دېگەن كىراكەشىنىڭ هارۋىسىغا ئولتۇرۇپ شەمەيگە قاراپ كەتتۇق. بۇ 1926 ـ يىلى ياز ئايلىرى ئىدى.
شەمەيدە مەن بىر تەرەپتىن ئىشلەپ، بىر تەرەپتىن ئوقۇپ يۈردۈم. بۇ مەزگىل سوۋېت ئىتتىپاقىدا قۇرۇلۇش يىللىرى بولغاچقا ئانچە مەمۇرچىلىك دېگىلى بولمايتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇرۇش جاراھەتلىرى تېخى تامامەن ساقىيىپ كەتمىگەن، تۈركىستان جۇمھۇرىيەتلىرىدە بولسا باسمىچىلارنى تازىلاش كېتىۋاتاتتى. بۇنداق شارائىتتا مېنىڭ بىر تەرەپتىن ئىشلەپ، بىر تەرەپتىن ئوقۇشۇم كۆڭۈلدىكىدەك بولمىدى.
سەرۋەر مېنى ئۆيدىن ئايرىلىپ تاشكەنتكە، قازانغا ياكى موسكۋاغا بېرىپ ئوقۇشقا دالالەت قىلاتتى. بىراق مەن ئۇنىڭدىن ئەنسىرەيتتىم. بۇ چاغدا ئۇ ئېغىر ئۇسقان بولۇپ قالغانىدى...
1927 ـ يىلى سەرۋەر ئوغۇل تۇغدى. ئىسمىنى ئابدۇسەمەد قويدۇق. بۇ چاغدا مەن كىچىككىنە ئائىلىنىڭ غېمىنى قىلىمەن دەپ ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرالمايلا قالدىم. بۇ ھالنى كۆرگەن سەرۋەر قەتئىي ھالدا مېنى

ئوقۇپ كېلىشكە دەۋەت قىلىپ تۇرىۋالدى. ئىككىمىز ئۇزاق دەتالاش قىلىشقاندىن كېيىن ئاخىرى بىر قارارغا كېلىشىپ، سەرۋەرنى شەمەيگە تاشلاپ، ئوقۇش ئىزلەپ چىقىپ كەتتىم.

ئاۋۋال تاشكەنتكە باردىم. كېيىن ئىچكى روسىيگە كەتتىم.

دەسلەپ مۇسكۋاغا بېرىپ بىر مەزگىل سەرگەردان تۇرمۇش كەچۈرۈپ، ئوقۇشنىڭ يولىنى قىلالماي يۈردۈم. كېيىن بۇ يەردە ئوقۇش ئۈچۈن ئۆرپ-ئادەت، تىل ھەم ئىقتىسادىي جەھەتلەردىن بىراقلا قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىدىغانلىقىمنى تونۇپ يېتىپ، تۈركىيىگە بېرىپ ئوقۇش نىيىتىگە كەلدىم. سودا پاراخۇدلىرىغا ئولتۇرۇپ تۈركىيىگە كېتىش ئۈمىدىدە سۋاستىپول شەھىرىگە بېرىپ پورتتىكى بىر ئاشخانىدىن ئىش تاپتىم. پورتتا چەتئەل پاراخۇدلىرى توختايتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە تۈركىيە پاراخودلىرىمۇ باردى. ماتروسلار بىزنىڭ ئاشخانىدا تاماق يەيتتى. پورتتىكى باشقىلار مۇسۇلمان دۆلەتلىرىنىڭ پاراخود خادىملىرىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن ئېچىلغان بۇ مۇسۇلمانلار ئاشخانىسىدا مەندىن باشقا ئازەربەيجان ۋە تاتارلار ئىشلەيتتى.

تۈرك ماتروسلىرى تاماق ۋاقتىدا مېنى تەمبۇر چېلىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلاتتى. مەن خەلق ئاھاڭلىرىغا ئۆزۈمنىڭ شېئىرلىرىنى سېلىپ ئېيتىپ بېرەتتىم. ناخشىلىرىمدا ئۆزۈمنىڭ تېنىچسىز ئۆمرۈم ھېكايە قىلىناتتى. بۇنىڭدىن باشقا ۋەتەنىدىكى نادانلىق، جاھالەت ئۈستىدىن قىلىنغان شىكايەتلەرمۇ بولاتتى. شۇنداق قىلىپ ماتروسلار بىلەن چاپسانلا تونۇشۇپ، چىقىشىپ كەتتۇق. ئۇلار ھەمىشە تۈركىيەدە يۈز بەرگەن يېڭىلىقلار- مۇستاپا كامال ئېلىپ بارغان ئىسلاھاتلارنىڭ مەزمۇنلىرىنى سۆزلەپ بېرەتتى. گەرچە ئۇلار بۇ ئىسلاھاتلاردىن تامامەن مەمنۇندەك كۆرۈنمىسىمۇ، بۇلارنى بىۋاستە باشتىن كەچۈرمىگەن مەن ئۈچۈن يەنىلا جەلپكار تۇيۇلاتتى.

بۇنداق ئىسلاھاتلار بىزنىڭ جاھالەت ۋە نادانلىق ئىسكەنجىدە قالغان ۋەتىنىمىز ئۈچۈنمۇ ئىنتايىن زۆرۈر ئىدى. شۇڭا تۈركىيەگە بېرىپ ئوقۇش ئارزۇيۇم كۈچىيىپ كەتتى.

بۇ ئارزۇيۇمنى تۈرك مايروسلىرىغا ئېيتتىم، ئۇلار مېنى تۈركىيىگە ئاپىرىپ قويۇشقا ماقۇل بولدى. شۇنداق قىلىپ 1928 ـ يىلى تۈركىيەگە قاراپ يولغا چىقتىم قىرىم يېرىم ئارىلى تەدرىجي ئارقىمىزدا قالدى...

...

بىرمۇ تونۇشۇم بولمىغان يات ئەلدە بىردىنلا ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالىشىم مۇمكىن ئەمەسىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىممۇ ئىنتايىن خەتەرلىكىدى. مەندە سۋاستىپول يۇرتىدا ئىقتىساد قىلغان ئازغىنا پۇلدىن باشقا ھېچنەرسە يوقىدى. كۆتۈرىۋالغان تەمبۇرۇمنى بولسا بۇ يەردە پۇلغا ئالمايتى.

مەن بىرەر پانا جاي تاپقۇچە بار دەسمايەمنى تۈگۈتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئىش ئىزلىدىم. بىراق ئىش ئورنى تېپىش ئاسان ئەمەسىدى. شۇڭا كۈنلۈك ئىشلىدىم. پورت ۋە پرىستانلاردا، ۋوگزالدا ھامماللىق قىلدىم. يېتىشتا بولسا جامەلەردە، مۇساپىرخانىلاردا ۋە بەزىدەبودرومىلار (پودۋال، بىنا پەللەمپىيىنىڭ ئاستى) دا تۈننى ئۆتكۈزەتتىم. كېيىن بىر مەسچىتنىڭ ئىمامى ماڭا خەيرىخاھلىق قىلىپ، تاقىۋېتىلگەن خانىقانىڭ بىر ھوجرىسىنى ئېچىپ بەردى. شۇ يەردە يېتىپ ـ قوپىدىغان بولدۇم. كەچلىك تاماقنى ئاساسەن شۇ يەرگە ئەڭ يېقىن بىر ئاشخانىدا، ئەتىگەن ۋە چۈشلۈكنى ئوتتۇر كەلگەن يەردە يەيتىم.

شۇنداق قىلىپ، ئاخىرقى ھېسابتا بىر ئاز ئىشەنچلىك تۇرار جايغا ئىگە بولدۇم. شۇندىن كېيىن تىرىكچىلىك ھەركىتىدىن ئېشىنغان ھامان ئوقۇشقا كىرىش يولىنى ئىزلەپ ھەرىكەت قىلىدىغان بولدۇم...

كەچقۇرۇنلىرى ئۆزۈم تاماق يەيدىغان ئاشخانىدا شۇ ئەتراپتىكى ياشلار بىلەن بىللە كۆڭۈل ئاچىدىغان بولدۇم. ئاشپەزمۇ مەندەك بىر چوپقىتى بولغانلىقىدىن خۇشال ئىدى. ئۇ ۋە شۇ ئەتراپتىكى يېگى دوستلۇرۇم مېنىڭ غايە ـ ئىستەكلىرىمنى چۈشەنگەندىن كېيىن مېنىڭ ئىشىمغا تەڭ باش قاتۇرۇپ كېتىدىغان بولدى. ئاشخانا خوجايىنى بولسا ماڭا بىر قەشقەرلىك باي كىشى ھەققىدە سۆزلەپ بەردى. ئۇ نۇرغۇن پۇل ئاجرىتىپ يېتىم ـ يېسىرلارغا بېرىدىكەن، مەكتەپتە ئوقۇتىدىكەن. ئاشپەز گەز كېلىپ

قالسىلا، ئۇ كىشىگە مەن توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرمەكچى بولدى. ئۇلارنىڭ ۋەدىلىرى ئانچە ئىشەنچلىك بولمىسىمۇ ھەر ھالدا ئۇلار ياخشى كۆڭلى بىلەن ماڭا ياردەم قىلىشنى ئىستەيتتى.

كېيىن ياش دوستلۇرۇم مېنى دىۋان يولىدىكى «تۈرك ئوچىقى»[1] غا باشلاپ باردى. بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى يېنىپ تۇرغان چوغقا ئوخشايدىغان قىزغىن كىشىلەر بولغاچقا، بەك تېز چىقىشىپ كەتتۇق. بۇ يەردە كەچقۇرۇنلىرى قەرەللىك لىكسىيە بولۇپ تۇراتتى. بىلىملىك ئادەملەر لىكسىيىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولاتتى. ھەممە تېمىدا سۆزلىنەتتى. ئۇ مەندەك ھېچنېمە كۆرمىگەن ئىگىسىز غېرىپقا نىسبەتەن گويا بىر ئالىي مەكتەپ ئىدى.

بىر كۈنى كەچتە ھېرىپ- ئېچىپ ئەمدىلا «ياتىقىم» غا قايتىپ كېلىپ تۇراتتىم، 50 ياشلار چامىسىدىكى بىر سالاپەتلىك ئەپەندى بوسۇغىدا پەيدا بولدى. ئۇ مېنىڭ تېڭىرقاپ قارىشىمغا جاۋابەن:

— كىرىشكە بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى، تولۇق قەشقەر شىۋىسىدە سورالغان بۇ ئىجازەت ئاۋال بەك دىققىتىمدا بولمىغان ئىكەن، ئەمما بىرنەچچە سېكونتتىن كېيىن ئىسسىق بىر ئېقىم بەدىنىمگە تاراپ كەتكەندەك بولدى. گويا دادام ماڭا گەپ قىلماقتىدى...

— بولۇدۇ، كىرىڭ، — دەپ جاۋابەن بەردىم مەنمۇ ئۇيغۇرچىلاپ.

ئۇ ھوجرامغا كىرگەندىن كېيىن ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلغۇدەك بىساتىم يوقلىقىدىن خىجىل بولۇپ مەڭدەپ كېتىۋاتقىنىمغا پەرۋا قىلماي، ھە دەپ تامدا ئېسىقلىق تۇرغان تەمبۇرغا قارايتتى.

— سىلى قەشقەردىن كەلدىلىمۇ؟ — دېدى بىر ھازادىن كېيىن. مەن گىرىمسەن ئۆي ئىچىدە ئۇنىڭ رەڭگى- روھىدىكى ئۆزگۈرۈشلەرنى ئېنىق كۆرەلمىسەممۇ، ئاۋازىدىن ھاياجانلىنىۋاتقانلىقىنى سەزدىم.

---

[1] «تۈرك ئوچىقى» — 1912 - يىلى قۇرۇلغان مىللىي ئاڭنى ئۆستۈرۈش، بۈيۈك تۈركچىلىك ئىدىيىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مەخسىدىدە قۇرۇلغان بولۇپ، تۈرك ئوچىقىنىڭ دائىمىي قاتناشقۇچىلىرى مۇستەقىللىق ئورۇشىنىڭ ئېغىر يۈكىنى ئۈستىگە ئېلىشتا ئاۋانگارت رول ئوينىغان، ئۇ تۈركلەرنى تاۋلايدىغان ئوچاق، مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ. — ئا.

www.uyghurkitap.com

— شۇنداق، قەشقەر ئاتۇشتىن، ئىسمىم مەمتېلى، — دېدىم ئۆزەمنى تونۇشتۇرۇپ.

— مەنمۇ قەشقەردىن، ئاق ئوردا مەھەللىسىدىن. ئىسمىم ئابدۇللاھ... — دېدى ئۇ ۋە بىر ئۇلۇغ- كىچىك تىنىۋالغاندىن كېيىن،

— پەمىمچە سىلى يېقىندا كەلدىلىغۇ دەيمەن؟

— شۇنداق.

— مەن سىلى يېڭى كەلگەن چاغلار بولسا كېرەك، سىلىنى بىر قېتىم كۆرگەنىدىم. تەمبۇر كۆتۈرىۋالغان ئىكەنلا. ئاشۇ چاغدا قەشقەر كۆز ئالدىمغا كېلىپ يۈرىكىم يېرىلىپ كەتكۈدەك بولغانىدى. ئۇ كۈنى مەن ئارابا[1] بىلەن كېتىۋاتاتتىم، دەرھال توختاپ ئەھۋاللىشىشقا بولمىدى. بۈگۈن مۇشۇ يەرلىك ئاشپەز ئېيتىپ بەرمىگەن بولسا تاپالمايتىم...

مەن ئۇنىڭ زادى نېمىشقا مېنى ئىزدىگەنلىكىنى، ھازىر نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىنى بىلمەي ئۇنچىقماستىن قاراپ تۇراتتىم.

— سىلى كەلگەندىن كېيىن نېمە كەچمىشلەرنى كەچتىلە؟ مۇشۇ يەردىلا تۇردىلىمۇ؟

— ياق، دەسلەپ بىنا پەللەمپەيلىرىنىڭ ئاستىدا، كېيىنچە مەسچىتلەردە قونغانىدىم. كېيىن مۇشۇ مەسچىتنىڭ ئىمامى بۇ ھوجرىنى ئېچىپ بەردى.

— بولدى قويسىلا، باشقىسىنى كېيىن سۆزلىشەيلى، بەلكىم سىلى تېخى كەچلىك تاماق يېمىگەن بولسىلا كېرەك؟ مەن سىلىنى ئۆيۈمگە تەكلىپ قىلىپ كەلدىم. تەمبۇرلىرىنىڭ مۇڭىدىن بەھرىمەن قىلىشنى خاھلارلىمىكىن؟

مەن ھېچقانداق قارشىلىق ئىپادىسىدە بولمىدىم. بىر ئېغىز تەكەللۇپمۇ قىلمىدىم. بۇ يەردە بىر ۋەتەندىشىم بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىش مېنىمۇ چەكسىز ھاياجانغا سالغانىدى.

---

[1] ئارابا — ھارۋا سۆزىدىن، تۈركچىدە كىچىك ماشىنا ئارابا دېيىلىدۇ. — ئا.

— ئەلۋەتتە خاھلايمەن، — دېدىم شۇڭا.

— ئەمسە يۈرسىلە، كەتتۇق. ئەپكەلسىلە، تەمبۇر مېنىڭ قولۇمدا تۇرسۇن، مەن ئېلىۋالاي. سىلىگە ھەقىقەتەنمۇ ھەۋىسىم كېلىۋاتىدۇ، قەشقەردىن تەمبۇرنى تاشلىماي كەلگەنلىرىنى قارىمامدىغان، ماختاشقا ئەرزىيدۇ. ئۆيدە سۆزلىشەيلى، ئۆيدە. چارچىغانلا...

ئۇ ماشىنا بىلەن كەلگەنىكەن، بىز چاپسانلا ئىستانبۇل بوغۇزىغا يېقىن ھەشەمەتلىك قورۇ- جايغا يېتىپ كەلدۇق. مويسىپىت كىشى مېنى ئازادە مېھمانخانىغا باشلىدى. مېھمانخانىنى ئېلىكتىر چىراقلىرى يوپ- يورۇق يورۇتۇپ تۇراتتى.

شۇ چاغدىلا بۇ ۋەتەندىشىمنىڭ بەستلىك، قاڭشارلىق، تىپىك ئۇيغۇر ئەرلىرىدىن ئىكەنلىكىنى كۆردۈم. ئۇ شىلەپىسىنى ئالغاندا چاچلىرىنىڭ ئاقارغانلىقىنىمۇ بايقىدىم. ئۇ يېشىنىپ بەھۇزۇر ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. خىزمەتكار دەرھال چاي كەلتۈردى. بىز بىر ئىستىكاندىن چاي ئىچىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ سۆز باشلىدى:

— ئۇنداق بولسا بىز تاماق ئۈستىدە قىسقىچە تەرجىمە ھالىمىز بىلەن تونۇشۇۋالايلى، ئاندىن تەمبۇرغا نۆۋەتنى بېرىمىز، قانداق؟

— بولىدۇ، دېگىنىڭىزچە بولسۇن. ئەمسە مەن ئۆزۈمنىڭ كەچمىشلىرىمنى سۆزلەپ بېرەي، — دېدىم مەن ۋە كەچمىشلىرىمنى قىسقىچە ئاڭلاتتىم ئەمما ئەڭ موھىم يەرلىرىنى تەپسىلىراق ئاڭلاتتىم.

مۆلازىم داستىخاننى نازۇ- نېمەتلەرگە تولدۇرىۋەتكەنىدى.

— ئەمدى پاراڭنى مەندىن ئاڭلىسىلا، — دېدى ئابدۇللاھ ئەپەندى، — مەن ئەمدىلا بۇرۇتۇم خەت تارتىۋاتقان چاغدا دادامغا ھەمراھ بولۇپ يۇرتتىن چىقىپ كەتكەنىدىم. دادام ئەسلىدە ئۆزى بىلىدىغان زەردىچىلىك ئىچىدە يۇرتنى تاشلاپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن دادام كىچىك كارخانىلارنى ئىچىپ، بەزى كارخانىلارغا پاي قوشۇپ تىرىچىلىك باشلىغان. ئاخىرى ئۇنى مۇشۇ ئەلنىڭ تۇپرىقىغا كۆمۈپ قويۇشقا توغرا كەلدى. ئۇنىڭدىن قالغان دەسمايە بىرىنچى دۇنيا

ئۇرۇشى ۋە ئۇرۇشتىن كېيىنكى جاھانگىرلارنىڭ بۆلىشىۋېلىش ھەرىكىتىدە ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغانىدى. ئۇرۇشتىن بىز تۈركىستانلىقلارمۇ نەسىۋىسىز قالمىدۇق. بۇ يەردە ھەج سەپىرىدە تۇرۇپ قالغانلارمۇ بىرلىكتە گىركلار بىلەن سوقۇشتۇق. جۇمھۇرىيەتنىڭ قۇرۇلۇشىدا بىزمۇ قان-تەر ئىمىزنى تۆكتۇق. جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغاندىن كېيىن ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ دادامنىڭ كارخانىلىرىنىڭ بەزىلىرىنى تاقاپ، بەزىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ دېگەندەك، مەنمۇ ئىسلاھات يۈرگۈزۈپ، ئازراق قەددىمنى تىكلىدىم. لېكىن، روھى جەھەتتىن ھامان كەمبىغەللىك ھېس قىلىمەن...

ئابدۇللاھ ئەپەندى چوڭقۇر ھەسرەتلىك تىنىپ شۈكلەپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ ئارزۇسىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن تەمبۇرنى قولۇمغا ئالدىم. تارلاردىن زىل ئاۋاز ئاڭلىنىشى بىلەنلا ئۇ خىيالدىن باش كۆتۈرۈپ، مەمنۇنىيەت بىلەن كۈلۈمسىرەپ مېنىڭ تەمبۇر سازلىشىمغا قاراپ تۇردى. مەن دەرھال «قەشقەرسەنىمى» نى باشلىۋەتتىم....

ئابدۇللاھ ئەپەندى يوغان- يوغان تىنغاندا كۆكرىكى بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر چۈشۈپ، بۇرۇن- چاناقلىرى كېڭىيىپ- كېڭىيىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ شۇ تۇرىقى ھېلىلا يىغلىۋېتىدىغاندەك كۆرۈنەتتى. مەن تىنىماي چالاتتىم. ئارقا- ئارقىدىن پەدە يۆتكەپ، ئۇلاپ كېتىۋېرەتتىم.

ئاتاسى ئۆلمىگەن كىم بار؟
ئاناسى ئۆلمىگەن كىم بار؟
كىشنىڭ يۇرتىغا بېرىپ،
مۇساپىر بولمىغان كىم بار؟

مېنىڭمۇ يىغانىم ئۆرلەپ، ئىچىم سىقىلىپ تۇرغاندا مۇشۇنداق مېھماندوست ۋەتەندىشىمنىڭ ھوزورىدا ئولتۇرۇشۇم خۇددى ئۇزاق يىغلىغان بوۋاق پەپىلىنىشكە ئېرىشىپ ئارام تاپقاندەك بىر خىل تۇيغۇ بەخش ئەتتى بولغاي، كۆزلىرىم ئىختىيارسىز نەمدەلدى. بۇ چاغدا تېخىمۇ قىزغىن، ھېسسىياتلىق ئوقۇدۇم. مەن چېلىشتىن توختاپ تەمبۇرنى كىرسلوغا قويغىنىمدا ئابدۇللاھ ئەپەندى ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭا يېقىن

كەلدى. مەنمۇ ئىختىيارسىز ئورنۇمدىن تۇردۇم. ئۇ مېنى چىڭ قۇچاقلاپ تۇرۇپ، ئۇيغۇر ئادىتى بويىچە:

— قولۇڭغا دەرت بەرمىسۇن، رەھمەت ئوغلۇم، — دېدى،

ئۇنىڭ بىلەن خوشلۇشۇپ، تۇرالغۇمغا كەتمەكچى بولۇپ، تەمبۇرنى قولۇمغا ئېلىۋىدىم، ئۇ ئىتتىكلا تەمبۇرنى قولۇمدىن تارتىۋالدى.

— نەگە بارىلا؟ بۇنداق كېچىدە كىم سىلىنى يولغا سېلىپ قويىدىكەن؟ قونۇپ قالىلا. بۇندىن كېيىن قانداق قىلىشلىرىنى ئەتە سۆزلىشەيلى. قېنى بۇياققا مەرھەمەت. بۇ ياتاق سىلىگە تەۋە، ئارام ئالسىلا. تەمبۇرنى مەن ئۆزۈمنىڭ ھوجرىسىغا ئېسىپ قوياي، قەشقەردىكى ئۆيۈمدە ياتقاندەك تۇيۇلسۇن...

شۇنداق قىلىپ ساھىپخانىنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلىشقا توغرا كەلدى.

ئەتىسى يايىمامنى ئېچىشقا ئالدىراپ ئورنۇمدىن تۇردۇم ۋە كېتىشكە تەمشەلدىم، بىراق خىزمەتچى تاماقخانىغا تەكلىپ قىلدى. ئابدۇللاھ ئەپەندى كۆرۈنمەيتتى. خىزمەتچى ماڭا:

— خوجايىن زاۋۇتقا كەتتى. پاتلا قايتىمەن، كۈتۈپ تۇرسۇن، دېگەنىدى، — دېدى چالىراق تەلەپپۇز بىلەن تۈرك تىلىدا. ئۇ سەرگەردان ئەرەپىدى.

تاماقتىن كېيىنمۇ خېلى ئۇزاق كۈتتۈم. زېرىكتىم، تىت- تىت بولدۇم. ئابدۇللاھ ئەپەندىنىڭ قورا- جايىنى(ئۇلار بۇنداق مەنزىرىلىك جايلارغا سېلىنغان ئۆيلىرىنى يازلىق دەپ ئاتايدىكەن) كۆزدىن كەچۈرۈشكە باشلىدىم...

ئابدۇللاھ ئەپەندى چۈشكە يېقىن قايتىپ كەلدى.

— ئالدىلىرىدا چەكسىز ئۆزرىلىكمەن، تولىمۇ بىھۆرمەتلىك قىلدىم. ئەسلىدە مەن بۇنچىلىك ھايال بولۇشۇمنى ئويلاپ باقمىغانىدىم، — دېدى ئۇ سەمىمىيلىك بىلەن خىجىل ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ.

— مەن خوشلۇشۇش ئۈچۈن سىزنى كۈتۈپ تۇرغانىدىم، — دېدىم مەن مېڭىشقا ئالدىراپ. ئۇنداق بولمىغاندا بىر كۈنلۈك تاپاۋەتتىن قۇرۇق

قالاتتىم. بۇ ھال بولسا تۇرمۇشۇمغا قىيىنچىلىق ئېلىپ كېلەتتى.
— سىز خۇشلۇشۇپ نەگە بارماقچى؟ خانىقاغىمۇ؟ يايمىچىلىك قىلىشقىمۇ؟ ياكى يۇك توشۇشقىمۇ؟ بولدى قويسىلا. ئېغىر كېلەمدىمىكىن دەپ دېمىگەنىدىم، ئەگەر بىكار نان يەمدىم دەپ خىجىل بولسىلا سىلىگە خىزمەت بېرەي، قانداق؟ نەرسە-كېرەكلىرىدىن ۋايىم يەۋاتامىلا؟ قىيمۇغىدەك نېمىلىرى باردى؟
— بىر نەچچە كىتاب.
— كىتاب؟ ھاھا.... بۇ ياققا كەلسىلە، ئارقامدىن ماڭسىلا، مانا سىلىگە كىتاب. بۇ قىزىمنىڭ كۇتۇپخانىسى. زۆرۈر تېپىلسا بۇلاردىن خالىغانچە پايدىلانسىلا بولۇدۇ.
— رەھمەت. بىراق ئۆزەمگە بىر نەچچە ۋاخ ھەمراھ بولغان كىتابلارنى تاشلىۋېتىشكە ھەققىم يوق-تە، — بۇنداق دېيىشىم بۇ كىتابلار ئىچىدە ۋەتەندىن بىللە ئېلىپ كەلگەن، مۇراد ئەپەندى بەرگەن كىتابلار، سەرۋەرمۇ ئوقۇغان، ماڭا نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئەسلىتىدىغان كىتابلار باردى.
— ئەمىسە مەن بىرسىنى ئەۋەتەي، نەرسە-كېرەكلىرىنى ئېلىپ كەلسۇن.
— ئابدۇللاھ ئاكا، رەھمەت ئېيتىشقا رۇخسەت قىلىڭ. مەن باشقا بىراۋغا — مەيلى ئۇ قانچىلىك رەھىمدىل كىشى بولسىمۇ— بېقىندى بولۇپ ياشاشنى خالىمايمەن. شۇڭا مەن يەنىلا ئۆز يولۇمنى ئۆزەم تاپاي.
— ھەي، تەرسا يىگىت، سىلىنىڭ بۇ سۆزلىرى ئۈچۈن ئەيىپكە بۇيرۇشقا ھەقلىق ئەمەسمەن. چۈنكى مېنىڭ قارىشىمچە يىگىت دېگەندە ئاشۇنداق روھ بولۇشى كېرەك. لېكىن، مېنىڭ سىلىگە تەۋسىيە قىلىۋاتقىنىم بېقىندى بولۇپ ياشاش ئەمەس، خىزمەت. مېنىڭ ئىگىلىكىمدە خىزمەت قىل دېمەكچىمەن. قىلغان ئەمگەكلىرىگە تايىنىپ ياشىسىلا يەنە بېقىندىلىق بولماس؟ بۇ ئۆيدە تۇرۇشنى نەزەردە تۇتىۋاتامىلا-يا؟ بۇنى توغرا كۆرمىگەن بولسىلا، ئۆيۈمدە تۇرغانلىرى ئۈچۈن سىلىگە قوشۇمچە ۋەزىپە بېرەي ياكى ئىجارە تۆلەپ ئولتۇرسىلا، قانداق؟
مەن ئۇنىڭ ھېلىلا يىغلىۋېتىدىغاندەك ھالەتتە ئىلتىجا

قىلىۋاتقىنىغا قاراپ، قاتتىقلىق قىلىشنى راۋا كۆرمىدىم.
— ئۇنداق بولسا نەرسە-كېرەكلىرىمنى ئېلىپ كېلىشكە ئۆزەم باراي. ھېلىقى ئىمام ۋە ئاشپەز بىلەن خوشلاشمىسام بولماس. ئۇلارمۇ يامان چاغدا بېشىمنى سىلىغان ئادەملەر، ئەمدىلىكتە ئۇلارنى بىردىنلا ئۇنتۇپ قالسام تۇزكورلۇق بولار، — دېدىم ئاخىرى.
— ئېھ، ئاقكۆڭۈل يىگىت، بۇنداق توغرا سۆزنى رەت قىلىپ بولاتتىمۇ، بارسىلا، ماشىنا بىلەن بېرىپ كەلسىلە. سىلىنىڭلا گەپلىرى ھېساب بولىدۇ، مېنىڭ بىرەر ئىلتىماسىم قوبۇل قىلىپ قويسىلا، — دېدى ئۇ سەمىمىي رەنجىپ.
شۇنداق قىلىپ بۇرۇنقى تۇرالغۇمغا بېرىپ ئۇ جايدىكى بۇرادەرلەر بىلەن خوشلاشقاچ نەرسە-كېرەكلىرىمنى يۆتكەپ كەلدىم ھەم شۇ كۈنىلا خىزمەت تەلەپ قىلدىم.
— ئەمىسە ۋەدىڭىز بويىچە ماڭا دەرھال خىزمەت بېرىڭ. بۈگۈنلا ئىشقا كىرىشىپ كېتەي.
— ھازىرچە سىلىگە دەم ئېلىش ۋەزىپىسى بېرىلىدۇ. سىلى ئىستانبۇلنىڭ جىمى كوچىلىرى، زاۋۇت-فابرىكىلار ۋە ھۆكۈمەت مەھكىمىلىرىنىڭ جايلاشقان ئورنى بىلەن تونۇشسىلا، بۇ سىلىنىڭ كېيىنكى خىزمەتلىرى ئۈچۈن كېرەك بولىدۇ.
ئۇنىڭ سەمىمىي سۆزلىرىنى ئاڭلىماي ئىلاج بولسۇنمۇ؟
— كۈتۈپخانىدا كىتاپ كۆرسىلە، قىزىم ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇيدۇ. شەنبە كۈنى كېلىپ ئۆيدە ئىككى قونىدۇ. ئۇنىڭ ئىسمى ئەدىبە. ئۇ مېنىڭ بىر تالال قىزىم، ئانىسى رەھمەتلىكنىڭ تەۋەررۈكى...
كېيىن ئايال خوجايىنىنىڭ ئازاتلىق ئۇرۇشى مەزگىلىدە بىر قېتىملىق قىرغىنچىلىقتا جاھانگىرلارنىڭ قانلىق قىلىچىدا ئۆلگەنلىكىنى بىلدىم. بۇندىن باشقا يەنە ئابدۇللاھ ئەپەندىنىڭ ھەمىشە يالغۇزلۇق، غېرىپلىق ھېس قىلىپ تۇرغىنى ئۈچۈنمىكىن، ۋەتەنداش مۇساپىرلارنى ئۆيدە تۇرۇشقا، ئۆزى بىللە ئىشلەشكە تەكلىپ قىلىدىغانلىقىنى، بەزىدە بىر ياكى ئىككى مۇساپىر، بەزىدە بىر نەچچىسى

ئۇنىڭ قىورا- جايىدا پەيدا بولۇپ، كېيىنچە كېتىپ قالىدىغانلىقىنى ئۇقتۇم. ھەج سەپىرىدە ئىستانبۇل ئارقىلىق ماڭىدىغانلاردىن ئۇنىڭ بىرەر ياخشىلىقىغا قەرزدار بولمايدىغىنى يوق دېيىشمۇ بولىدىكەن.

مانا شۇنداق قىلىپ، ئابدۇللاھ ئەپەندى مېنى ھەممە گېپىگە ماقۇل دەيدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويدى. مەن ئۇنىڭ ئېزىز مېھمىنى بولۇپ، تۆردىن چۈشمەي تۇرىۋاتسامىمۇ كۆڭلۈم تازا جايىدا ئەمەسىدى. قانداقلا بولمىسۇن مەن ئىشلىشىم ۋە ئوقۇش پۇرسىتى ئىزدىشىم كېرەكىدى.

كۇتۇپخانىدا كونا بويى كىتاب ئوقۇپ، ۋاقتىنىڭ قانداق ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى تۇيماي قالدىم. ھايت- ھۇيت دېگۈچىلا شەمبە كۈنىمۇ كېلىپ قالدى. ئابدۇللاھ ئەپەندى زاۋۇتتىن بالدۇرلا قايتىپ كېلىپ:

— بۈگۈن ئەدىبەنى ئېلىپ كەلگىلى بارىمەن، مالال كۆرمىسىلە بىللە بارايلى، — دېدى

ماشىنا بىلەن كېتىۋېتىپ مەن ئابدۇللاھ ئەپەندىگە كۆڭلۈمدىكىنى ئېيتتىم، چۈنكى ھازىرغىچە بۇنچىلىك پۇرسەت بولمىغانىدى.

— مەن بەك تىت- تىت بولۇپ كېتىۋاتىمەن، ئابدۇللاھ ئاكا، — دېدىم دېرىزىدىن كوچىغا قاراپ ئولتۇرۇپ.

— نېمىشقا؟ قانداق ئىش سىلىنى مالال قىلدى؟

— مەن ئاخىر بۇ يەرگە سىزنىڭ مېھمىنىڭىز بولۇش ئۈچۈن كەلمىگەن- دە! جان بېقىش كويىدا كەلگەنمۇ ئەمەس. ئوقۇش پۇرسىتى ئىزلەپ كەلگەنمەن. ئەگەر سىزنىڭ ماڭا بەك ياخشىلىق قىلغۇڭىز بولسا مېنى بىرەر مەكتەپكە تونۇشتۇرۇپ قويۇڭ. بۇندىن باشقا دەرستىن سىرت ئىشلەيدىغان ئورۇنمۇ كېرەك.

— ئوقۇش؟ ياخشى گەپ. ئوقۇماي بولمايدۇ! — دېدى ئۇ كۈلۈپ. سەلدىن كېيىن سالماق ئاۋازدا، ئوغلۇم، نىيەتلىرىنى چۈشىنىمەن، بۇ يىل ئوقۇش باشلاش ۋاقتى ئۆتۈپ كەتتى. مەن سىلىگە مەكتەپ ئوقۇشۇپ بېرىشكە ۋەدە قىلاي، بىراق سىلى تەخىر قىلسىلا. شۇڭغىچە بىمالال تۇرۇۋەرمەملا، مەن سىلىنى يەكلەۋاتمىغاندىكىن.

— مەسىلىمۇ دەل شۇنىڭدا. ئۇيلاپ كۆرۈڭ، ھەر قاچان ياخشىلىق قىلغۇچى ئۆزىنى يېنىك ۋە ئازادە ھېس قىلىدۇ؛ ياخشىلىقنى قوبۇل قىلغۇچى بولسا ئۆزىنى كۆرۈنمەس يۈك بىلەن بېسىلىۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ. مەن باشقىلارغا شەپقەت قىلىشنى ئويلايمەن، باشقىلارنىڭ شەپقىتىگە قەرزدار بولۇپ قېلىش مەن ئۈچۈن بەك ئېغىر. مەن دېگەن باقاندەك ئەركىشى تۇرسام...

— مەن سىلىگە شەپقىتىمنى مىننەت قىلماۋاتقاندىمەن؟

— مەن دېگەن قەرزنىڭ سالمىقىمۇ دەل شۇ يەردە. ئەگەر مىننەت قىلسىڭىز ئىدى، ياخشىلىقىڭىزنىڭ قىممىتىنى ئۆزىڭىزلا تۆگۈتۈپ قوياتتىڭىز.

— ئۇنداق بولسا دۈشەمبە كۈندىن باشلاپ مەن بىلەن زاۋۇتقا بارسىلا، ئۇنىسىڭىز سىلىدىن قۇتۇلالمايدىغان ئوخشايمەن، — دېدى ئۇ كۈلۈپ.

بىز ئۇنىۋېرسىتېت ئالدىغا — بايازىت مەيدانىغا بېرىپ كۈپ كۈتمەيلا بىر قىز قول پۇلاڭلىتىپ ماشىنىغا قاراپ كەلدى.

— ئەنە شۇ مېنىڭ بىر تالالا قىزىم، ئەدىبە، — دېدى ئابدۇللاھ ئەپەندى ماشىنىدىن چۈشكەچ.

مەنمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماشىنىدىن چۈشتۇم. ئۇ چاققىچە قىزمۇ يېتىپ كەلدى ۋە دادىسى بىلەن سۆيۈشۈپ كۆرۈشتى. دادىسى بىلەن بىللە كەلگىنىمنى پەملىگەچكە ماڭىمۇ ئىللىق كۈلۈمسىرەش بىلەن:

— Merhaba! —دەپ سالام قىلدى.

— تونۇشۇپ قويۇڭلار، قىزىم، بۇياق مەمتىلى ئەپەندى، قەشقەردىن يېقىندىلا كەلگەن ۋەتەندىشىمىز. بۇ مېنىڭ قىزىم ئەدىبە.

— Hoş geldiniz? — دېدى قىز چوڭ سۆيەت مۇلايىملىق بىلەن. ئۇنىڭ خىيالچان، ئېغىر مىجەزلىكى بىلىنىپ تۇراتتى.

— ياخشىمۇسىز خېنىم؟ — دېدىم مەنمۇ جاۋابەن.

— قېنى ماشىنىغا چىقىڭلار، پاراڭنى ئۆيدە قىلىمىز، — دېدى ئابدۇللاھ ئەپەندى.

ئەدىبە تۈركچىلا سۆزلەيتتى. ئۇ ئۇيغۇرچىنى بىلمەسلىكىدىن

ئەپسۇسلانغاندەك قىلاتتى.
— مەن قەشقەرگە بارسام گېپىمنى ئۇقتۇرالامدىم قانداق، — دېدى ئۇ.
— سىز خۇددى ئىنگلىز تىلى ياكى روس تىلى توغرىسىدا گەپ قىۋاتقاندەكلا. ئۇيغۇر دېگەنمۇ تۈرك ئەمەسمۇ؟ ئەگەر سىز ئۇيغۇر تىلى مۇھىتىدا قىسقا بىر مەزگىل تۇرسىڭىزلا كۇپايە. مەنمۇ تۈركچىنى ئاتايىن ئۆگەنگىنىم يوق، مۇشۇ مۇھىتتا ئۆزەمچىلا مۇشۇنچىلىك سۆزلەيدىغان بولۇپ قالدىم.
— داداممۇ ھەمىشە شۇنداق دەيدۇ. بىراق،...مەن ۋەتىنىم ھەققىدە، قەشقەر ھەققىدە بەكمۇ كۆپ ئويلايمەن...
— قىزىم، بۇگۈن بۇ ئاكاڭ بىزگە تەمبۇر چېلىپ ئۇيغۇرچە ناخشىلارنى ئوقۇپ بېرىدۇ. ئۇيغۇر ناخشىسى بىلەن تەمبۇرنىڭ قانداق ھىملىشىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلگىنىڭدە ھەيران قالىسەن، — ئابدۇللاھ ئەپەندى ئىپتىخار بىلەن شۇنداق دىۋىدى، مېنىڭمۇ ۋۇجۇدۇم ئوتتەك يېنىپ كەتتى.
كەچلىكى ھەقىقەتەنمۇ بەزمە قىلدۇق. مەن ئۇلارغا ئۇيغۇر ناخشىلىرىنى ئوقۇپ بەردىم. كەچكى مۇراسىمىمىز ئاياقلاشقاندىن كېيىن ئەسلىدىمۇ خىيالچان بولغان ئەدىبە قاتتىق ھاياجانلاندى:
— بەربىر مەن يات ئۇخلىيالمايمەن. بىردەم كۆكنى تاماشا قىلايمىكىن دەيمەن. كەچ كۈزنىڭ تولۇن ئايلىق ئاخشىمى بەك گۈزەل بولۇدۇ، ...سىز ماڭا ھەمراھ بولۇشنى خالامسىز؟ — دەپ سورىدى.
— بۇ گەپتىن ھەيران قېلىۋاتامسەن؟ ئۇ يەرنىڭ قىزلىرى بۇ يەردىكىدەك ئەركەكلەردىن ھۆركۈپ كەتمەيدۇ، — دەپ ئىزاھات بەردى تەۋپىق سەيپىددىنگە، ئاندىن يەنە داۋام قىلدى، — ئۇنىڭ دادىسىغا تاتقان يوغان بۇلاق كۆزلىرىدە ئانا يۇرتىغا بولغان سېغىنىش تولۇپ ياتاتتى. كۆز قارچۇقىنىڭ نۇرلۇق چاقناپ تۇرۇشى ئۇنى كۆزىدە ياش دۇردانىلىرى پارقىراۋاتقاندەك كۆرسەتتى. بىرىنچى ئۇچرۇشۇشتىلا ماڭا ئېغىر، غەمكىن ۋە نىمىشكىدۇر ئاللىقانداق ھەسرەتلىك بار ئادەمدەك

www.uyghurkitap.com

كۆرۈنگەن قىز ھازىر تېخىمۇ شوخلەپ، بىچارە كۆرۈنمەكتىدى. ئۇ خۇسۇسەن غەمكىن ھالەتتە تېخىمۇ گۈزەل كۆرۈنەتتى.

— مەيلى، ھەمراھ بولۇشۇمنى خالىغان بوسىڭىز ھەمراھ بولاي، — دېدىم مەن.

— ئەمسە پەلتۇ كىيىۋېلىڭ، قېلىنراق كىيىنىۋالمىسىڭىز كېچىسى دېڭىز تەرەپتىن غۇر- غۇر شامال سوقۇپ تۇرىدۇ، ئاڭلىغانسىز، «ئىستانبۇلنىڭ ھاۋاسىغا، پاراسىغا...»[①] ئىشەنمە دېيىشىدۇ، — دېدى ئۇ سەبىلىك بىلەن گويا مەن بۇ شەھەرگە بۈگۈنلا كەلگەندەك چۈشەندۈرۈپ ۋە تەمسىلنىڭ ئاخىرقى بۆلىكىدىن ئۇيالغاندەك دۇدۇقلاپ قالدى.

مېنىڭ كىيىۋالغۇدەك پەلتۇيىممۇ يوقتى. ئەمما مەن يوقسۇز سەرگەردانلىقتا «غۇر- غۇر شامال» غىلا ئەمەس، بورانغىمۇ كۆنۈپ قالغاچقا شۇ پېتىلا كېتىۋەردىم.

— مەن ئۈنچىۋالا تاۋى نازۇكلاردىن ئەمەس، قورقماڭ، ئاغرىپ قالمايمەن، — دەپ ئىزاھلاپ قويدۇم مەن.

ئىككىمىز قورا ئىچىنى، گۈلزارلىقنى، كىچىك باغچىنى ئايلىنىپ يۈردۇق. خېلى ئۇزاققىچە ھەر ئىككىمىز جىم ماڭدۇق. مېنىڭ گەپ- سۆزسىز ماڭغۇم بولمىسىمۇ قىزنىڭ كەيپىنى بۇزماسلىق ئۈچۈنلا جىملىقنى ساقلاپ ماڭاتتىم.

— زەپ ياخشى ئايدىڭ! ناخشىنى ئەسلىدە مۇشۇنداق جايدا ئېيتسا تېخىمۇ ساز بولىدۇ، گۈزەللىك ئۈستىگە گۈزەللىك! سىزنىڭچە قانداق؟

— ئەلۋەتتە. بىز يۇرتىمىزدا ئايدىڭ ئاخشاملىرى خامان ساقلاپ ياتقان يېرىمىزدە شۇنداق ناخشا ئېيتىپ چىقىمىز. ئۇ كېچىلەرگە نېمە يەتسۇن، ناخشىلار تەبىئەت قوينىغا سىڭىپلا كېتىدۇ، دېسىڭىزچۇ، — دېدىم مەن بىردىنلا خىيالىمغا مەنسا ئۈچۈن ناخشا ئوقۇپ يۈرگەن

---

[①] بۇ سۆز ئىستانبۇللۇقلارنىڭ: «İstanbul’un havasına, parasına, karısına (ınanma)» دېگەن تەمسىل سۆز بولۇپ، مەنىسى: ئىستانبۇلنىڭ ھاۋاسىغا، پۇلىغا، خوتۇنلىرىغا ئىشەنمە»، — ئا.

ئۈيقۈسىز ئاخشاملار كېچىپ.

— سىزنىڭ تۇركچىنى كوچىدا يۇرۇپلا مۇشۇنداق ئۆگەنگىنىڭىزگە ئىشىنەلمەي قالدىم، — دېدى قىز مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاپ بولۇپ،— ئاغزىڭىزدىن چىقىۋاتقىنى شېئىرغۇ؟ مەخسۇس تەربىيە ئالماي مۇشۇنداق ئۆگەنگىنىڭىز...؟

— مەنمۇ كۆچا تىلى بىلەنلا قانائەتلەنمەيمەن- دە، چۈنكى مېنىڭ قوغلىشىدىغىنىممۇ شېئىرى تىل،— دېدىم كۈلۈپ.

بىز بىر تۇپ قارىغاي تۈۋىدىكى مەر- مەر ئورۇندۇقتا يانمۇ- يان ئولتۇرغاندا قىز تولۇن ئايغا قاراپ تۇرۇپ:

— قەشقەرنى كۆرۈشكە نېسىپ بولارمىكىن؟... — دېدى پىچىرلاپ.

— ئىنشا ئاللا، تىلىكىڭىزگە يېتەرسىز، — دېدىم مەن رومانتىك تۇسنى بۇزماستىن.

... بىز كېچىلىك سەيلىدىن ئۇخلاش ئۈچۈن قايتقان ۋاقتىمىزدا ئابدۇللاھ ئەپەندى كېچىلىك كىيىمى بىلەن كارىدور ئىشكىدە خۇددى نەچچە كۈنلۈك سەپەردىن كېلىۋاتقانلارنى كۈتىۋاتقاندەك كۈتۈپ تۇرغانىكەن ئۇ بىزنى كۆرگەندىن كېيىن راستىنلا شۇنداق ئۈزۈندا كۆرۈشۈپ تۇرغاندەك ئەھۋال سوراپ، قىزنى ھوجرىسىغا ئۈزۈتۈپ قويۇپ، ئاندىن ماڭا خەيرلىك كەچ تىلەپ، خانىسىغا كىرىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ يالغۇز قىزنى ئادەتتىن تاشقىرى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئۇ قىزنى دىلى سۇنۇق دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېچىش، ئۇنى خوشال قىلىش كويىدىلا يۈرىدىكەن.

مەمتىلى ئەپەندى ئەمدى قىزغىنلىق بىلەن ھىكايىسىنى ئۇزمەي سۆزلەشكە باشلىدى. ئاڭلىغۇچىلارمۇ گەپ ئارىلىمىدى. ئات بىر خىلدا قەدەم ئېلىپ كېتىۋاتاتتى.

— ئەتىسى ناشتىدىن كېينلا ئەدىبە مېنى دېڭىز ساھىلىغا بېرىپ تاماشا قىلىپ كېلىشكە تەكلىپ قىلدى. گەرچە مەن ئۇ ئۇقۇمۇشلۇق قىز بىلەن بىللە بولۇشتىن قاچمىسامۇ كۈنلەرنىڭ مۇشۇنداقلا ئۆتۈپ كېتىشىگە رازى ئەمەسىدىم. شۇڭا ئىككىلەنگەندەك، ئابدۇللاھ ئەپەندىگە

قاراپ قويدۇم.

— بارسىلا، ئوغلۇم. نەچچە كۈندىن بېرى يالغۇز زېرىكىپ قالدىلا كۆڭۈللىرىنى ئېچىپ كەلسىلە. مەن بىرنەچچە ئاغىنىلىرىمنى يوقلىغاچ سىلىنىڭ مەكتەپكە كىرىش ئارزۇلىرىنى قاندۇرۇشقا ھەرىكەت قىلىپ كۆرەي،— دېدى ئابدۇللاھ ئەپەندى مېھرىۋانلىق بىلەن.

بىز مەرمەرە دېڭىز بويىغا كەتتۇق. پۈتۈن سەيلە داۋامىدا روھى كەيپىياتىم ياخشى بولدى. بىراق، «ئەدىبەگە كۆڭلۈم چۈشۈپ قېلىۋاتامدۇ- قانداق؟» دېگەن سوئال بىلەن ئۆز- ئۆزۈمنى كۆپ قىيىنىدىم. سەرۋەرنىڭ مېھرىۋان چىرايى، ئوغلۇمنىڭ سەبى چىرايى پات- پات كۆز ئالدىمدا پەيدا بولاتتى. مەن ئەدىبەدىن ئىمكان قەدەر ئۆزۈمنى تارتىشقا، ئۇنىڭغا بېرىلمەسلىككە كۆڭلۈمنىڭ قېتىدا ۋەدە قىلدىم. ئۇنداق قىلمىسام بۇ يەرگە شەكلىسىز باغلىنىپ قېلىپ، جىمىكى غايىلىرىم كۆپۈككە ئايلانغاندىن باشقا مېنى ئوقۇشقا ئۇزىتىش ئۈچۈن جىمى جاپانى ئۈستىگە ئالغان قەيسەر ئايالىم سەرۋەرنىڭمۇ يۈزىگە پاتقاق چاچقان بولاتتىم.

ئابدۇللاھ ئەپەندىنىڭ مەكتەپ ھەققىدە بىرەر ئۈچۈر ئېلىپ كېلىدىغانلىقىغا ئىشەنچ باغلاپ، ئۆيگە قايتىپ شۇ ھەقتە خەۋەر ئاڭلاشقا ئۈمتۈلۈپلا تۇردۇم.

دېڭىز بويىدىن كەچ قايتتۇق، ئابدۇللاھ ئەپەندى ئالىقاچان قايتىپ كېلىپ گۈلزارلىقىدا چىنار ئاستىدىكى تاش ئورۇندۇقتا بىزنى كۈتۈپ تۇرغانىكەن.

سالامدىن كېيىنلا ئالدىراپ سورىدۇم:

— مەكتەپنىڭ ئىشى قانداق بولدى؟

— مەن سىلىنى مۇشۇ خەۋەرگىلا ئىنتىزار بولۇپ كۆڭۈللۈكرەك تاماشا قىلمايدىغۇ دەپ ئويلىۋىدىم، ئويلىغىنىمدەك، بىسسىمىللا دېيەستىن شۇنى سورىدىلا.

— پۈتۈنلەي ئۇنداقمۇ ئەمەس، مۇشۇ خەۋەرگە ئىنتىزار بولغىنىم راست، لېكىن سەيلىمىزمۇ كۆڭۈللۈك بولدى. ئىشەنمىسىڭىز ئەدىبەدىن



www.uyghurkitap.com

سوراڭ.

ــ شۇنداقمۇ، قىزىم؟ ــ دېدى ئابدۇللاھ ئەپەندى ساددا دىللىق بىلەن.

ــ شۇنداق، دادا، مەمتىلى ئەپەندى بەك چىقىشقاق كىشىكەن، كۆڭلىدە ئاشۇ خەۋەرنىلا ئويلاپ يۈرگىنىنى زادىلا چاندۇرمىدى، بۇنى مەن ئەمدىلا بىلدىم. ئۇ ماڭا بىزنىڭ ۋەتىنىمىز ھەققىدە سۆزلەپ بەردى. بەك ئېچىنىشلىق...

ــ شۇنداقمۇ؟ يۈرۈڭلار، ئۆيگە كىرەيلى، مەن مەمتىلى ئەپەندىنىڭ كۆڭلىنى تىنندۇراي.

بىز مېھمانخانىغا كىرىپ قەھۋە ئىچكەچ ئولتۇرۇپ پاراڭغا چۈشتۇق. ئاۋۋال ئابدۇللاھ ئەپەندى مەكتەپ ھەققىدىكى ئۇچۇرنى ئېيتتى:

ــ بىر ئوتتۇرا دەرىجىلىك دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ مۇدىرى بىلەن كۆرۈشتۇم، ئۇ مېنىڭ خېلى يامان ئەمەس ئۇلپەتلىرىمدىنىدى. ئىلتىماسلىرىنى ئاڭلاپ قوبۇل قىلىشقا قوشۇلدى. بىراق ئوقۇش باشلىنىپ ئىككى ئېيى ئۆتۇپ كەتكەچكە دەرسكە يېتىشەلمەي قالارمىكىن، ئوقۇۋېرىپ كېلەر يىلى قايتىلاپ ئوقۇيمەن دېسە مەيلى دەيدۇ، قانداق قىلىسىز؟ سىلى باشقا مەكتەپتە ئوقۇماقچىمىدىڭىز يا؟

ــ ياق، يەنە مەكتەپ ئوقۇشىمىز دەپ پۇرسەتنى ئۆتكۈزىۋەتمەيلى شۇ مەكتەپ قوبۇل قىلسىلا ئوقۇغاچ تۇراي، يېتىشىپ كەتسەم تېخى ياخشى، يېتىشەلمىسەم بۇ يىلقىسى تەكرار بولار، ئوقۇش راسخودى قانداق...؟

ــ ئۇ مېنىڭ يۈز- خاتىرەم ئۈچۈن سىزدىن ئوقۇش پۇلى ئالمايدىغان بولدى...

مەن بۇ گەپكە ئەلۋەتتە ئىشەنمىدىم. ئۇ مېنىڭ تەرسالىق قىلىشىمدىن ئەنسىرەپ شۇنداق دەۋاتاتتى ئەمەلىيەتتە راسخودىنى ئۆزى ئۈستىگە ئالغانىدى.

ــ قېنى كۆرەمىز. ئەمسە ۋاقتىڭىز يەتسە ئەتىلا مېنى باشلاپ بارسىڭىز ئىكەن.

ــ سىلىنىڭ بۇ تەقلىدتىكى قىزغىنلىقلىرىغا مېنىڭ باشقا ئامالىم

www.uyghurkitap.com

يوق. بىراق، سىلى ئىشلەيمەن دېگەننى قويسىلا، ئوقۇش پۇلى ئالمىغاندىكىن...

ــ بۇ بولماسمىكىن... يەنىلا پارچە ـ پۇرات خىراجەتلەر ئۈچۈن پۇل كېرەك بولار...

ــ ئوغلۇم، مەن زاكات ئۈچۈن ھەر يىلى بىر مۇنچە پۇل ئاجرىتىمەن، مۇساپىرلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىمەن، مەكتەپلەردە بالا ئوقۇتىمەن. سىلى نىمانچىلا تەرسالىق قىلىلا؟ سىلىگە ئوخشاش ۋەتەنداش مۇساپىردىن قىرىق ـ ئەللىكى ئوقۇيمەن دەپ كەلسە ئوقۇتسام شۇ غېرىۋانە قەشقىرىمگە كىچىككىنە بولسىمۇ پايدىسى بولۇپ قالسا دەپلا ئويلايمەن. مېنىڭ كۆڭلۈمنى نېمىشقا چۈشەنمەيلا؟...مەن دۇنيا يىغىپ ئاخىرەتكە ئېلىپ كېتەمدىمەن؟ بىر ئاتا، بىر بالا تۇرساق ئىككىمىزگە يېتىشمەي قالامتى؟

ئابدۇللاھ ئەپەندى بىر مۇنچە قايناپ كەتتى. ئەدىبەمۇ دادىسىغا بولۇشۇپ بوتىندى. مەن ئۇلارنىڭ ياخشى كۆڭلىگە ئازار يەتكۈزۈشنى توغرا تاپمىدىم.

ــ مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق سىلىنى سېتىۋالماقچى ئەمەسمەن. ھەر قاچان ئەركىكىز قولىڭىزدا، مېنىڭ دەۋاتقىنىم يۇرتداشلىرىمغا ياخشىلىق قىلىش ئارقىلىق ئۆز كۆڭلۈمنى تەسكىن تاپتۇرۇش، خالاس.

ــ رەخمەت، ئاكا. مەن ھازىر پەقەت مۇشۇنداق بىر ئېغىز رەخمەت بىلەنلا چەكلىنىمەن.

ــ سىلىگىمۇ رەخمەت ئوغلۇم ئەدىبەنىڭ كۈتۈپخانىسىدا سىلىگە كېرەكلىك كىتاپلارنىڭ كۆپى تېپىلىدۇ، خاھلىغانچە پايدىلانسىلا، قىزىممۇ بۇنىڭغا قارشى ئەمەس، شۇنداققۇ قىزىم؟

ــ نېمىلەرنى دەپ يۈرىسىز دادا، خوشاللىق بىلىمەن رازىمەن.

ــ بولىدۇ، رەخمەت مېنىڭ يەنە باشقىچە خىيالدا بولۇپ يۈرۈشكە نېمە ھەددىم؟ ئادەم دېگەن ياخشىلىقنىڭ قولى دېگەن گەپ بار.

ــ ئەمسە بۇ ھەقتىكى ئىش پۈتكەن بولسۇن ئەمدى ئۈچىمىز بىر يەرگە بېرىپ كەچلىك ئولتۇرۇشقا قاتنىشىپ كۆڭۈل ئېچىپ كېلەيلى

قانداق، سىلىگە يۇرتداشلاردىن بىر قانچىنى تونۇشتۇرۇپ قوياي. بۇ يەردە مۇسابايلارنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بار.

بىز شۇ كۈنى كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكىگە بېرىپ بىر مۇنچە ۋەتەنداشلار بىلەن تونۇشتۇق. ئىلگىرى مەن ئىكىساق مەكتەپتە كۆرگەن يۇسۇپ ئەپەندىمۇ شۇ يەردە ئىكەن (ئۇ چاغلاردا مەن كىچىك، يۇسۇپ زىيا بولسا يۇقىرى سىنىپتا ئوقۇيدىغان بولغاچقا ئارىمىزدا تونۇشلۇق يوقىدى. بۇ ئولتۇرۇشتا رەسمىي دوستلىشىپ قالدۇق). ئەخمەد ئەپەندى، مەجىددىن دوختۇرلار بىلەنمۇ شۇ كۈنى تونۇشقانىدۇق.

شۇنداق قىلىپ ئەتىسى مەكتەپ قويىنىغا كىرىپ ئارزۇيۇمغا يەتتىم. ساۋاقداشلىرىم بىلەن چاپسانلا چىقىشىپ كەتتىم. مەكتەپنىڭ سەنئەت پائالىيەتلىرىگە، كېيىن ئەخمەد، يۇسۇپ ئەپەندىلەرنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن «تۈرك گەنچلەر بىرلىكى» گە قاتناشتىم. دەرستىن سىرتقى ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتناشقاندىن باشقا ئىستامبول مۇزېيى، ئىستامبول ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كۈتۈپخانىسىغا قاتناپ، كۆپرەك بىر نەرسە ئۆگىنىشكە ئورۇندۇم. ناخشا-ساز جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىم مېنى مەكتەپىمىزگە يېقىن بولغان بىر سەنئەت مەكتىپىگە قاتنىششقا ئۈندىدى. مەن نوتا ئۆگىنىۋېلىشقا تىرىشتىم. ئومۇمەن ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن نېمىلەرنى ئىسلاھ قىلىش كېرەك؟ نېمىلەرنى تەشەببۇس قىلىش كېرەك؟ دېگەنلەرنى ئويلاپ شۇنىڭغا كېرەكلىكنىڭ ھەممىسىنى ئۆزەملا ئېلىپ كېتىشكە تىرىشتىم. (بۇنىڭغا بىر مىسال قىلسام: كېيىم-كېچەك ئەندىزىلىرىنىمۇ توپلىغانىدىم. بۇلارنى كېيىن كۆرۈپ قالسەن).

ئەدىبە ماڭا كۆپ ياردەم قىلدى، ئۇنىڭ دادىسى ئابرويلۇق شەخس بولغاچقا ئۇنىڭ ئىمكانىيىتى كەڭراقىدى. ئەمما مەن ئۇنىڭدىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇشقا تىرىشىدىغان بولغاچقا بارا- بارا گاھى شەمبە، يەكشەمبە كۈنلىرىلا بىللە بولۇپ قالاتتۇق. كۆپ ئۆتمەي قۇمۇلدا پارتلىغان دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ ساداسى يېتىپ كېلىپ، مۇھاجىرلارنىڭ ھەممىسىنى ھاياجانلاندۇرۇۋەتتى. نۇرغۇن يولداشلار دەرھال قايتىپ كېتىپ ئىنقىلاپقا

قاتناشماقچى بولدى. مەنمۇ ئۇزۇندىن بېرى ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتقان بۇ گۈلدۈرماملىق ئاسمان ئاستىدىكى ھەيۋەتلىك دولقۇندا ئۈزۈشنى خالايتتىم. بىراق مەن تېخى ئوقۇش پۈتتۈرمىگەنىدىم.

يۈسۈپ زىيا قايتىدىغانلارنىڭ بىرىدى، مەجىددىن دوختۇرمۇ پىدائىلىق بىلەن ئۇنىڭغا ھەمرا بولۇدۇغانلىقىنى ئېلان قىلدى. ئۇلار قالاقلىق بىلەن كۈرەش قىلىپ زۇلمەت ئىچىدە مەشئەل يېقىش غايىسىنى كۆڭۈللىرىگە پۈكۈپ يولغا چىقتى. ئەخمەد ئەپەندىمۇ ماڭماقچى بولغانىدى. بىراق ئۇ يېڭىلا بىر قىزغا ئۆيلەنگەنىدى. شۇڭا ئۇنىڭدا بىر ئاز ئارسالدىلىق بولۇپ، كىچىككىنە ئائىلىسىگە قىيالمىدى. بۇ ھال ماڭا بىر ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالى بولۇپ قالدى.

بىراق، ئەدىبەنىڭ ماڭا تۇتقان مۇئامىلىسى كۆرۈنەرلىك ئۆزگۈرۈپ ۋە ئاشكارىلىنىپ بارماقتىدى.

بىر كۈنى ئۇ مېنى ئۇنىۋېرسىتېتقا كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكىگە تەكلىپ قىلدى. بىز سورۇنغا كىرىپ كەلگەندە ئۇنىڭ قىز دوستلىرى، ساۋاقداشلىرى كىشىنى ئوڭايسىزلاندۇرىدىغان پىچىرلاشلار، ئىما-ئىشارەتلەر بىلەن كۈتىۋالدى. بەزى پىچىرلاشلارنىمۇ ئاڭلاپ قالدىم. ئۇلار مېنى ئەدىبەنىڭ سۆيگۈنى دېيىشمەكتىدى!

ئەدىبە بولسا بۇلارنى سەزمىگەندەك مېنىڭ ئۆيغۇرچە ناخشىلارنى ئوقۇپ بېرىشىمنى ئىلتىماس قىلاتتى... قىسقىسى مەن بىلەن ماختىنىۋاتقاندەكتى. ئەمما مەن بۇ گەپلەر ئۇنىڭغا كۆڭۈلسىزلىك كەلتۈرۈپ قويارمىكىن دەپ ئەنسىرەپ تۇراتتىم.

قايتىش يولىدا كۆڭلۈمدىكى تۈگۈننى يېشىۋېتىش ئۈچۈن ئەدىبەگە دېدىم:

— مېنى بۇنداق سورۇنلارغا باشلاپ كەلمەسلىكىڭىزنى سورايمەن...

— نېمىشقا؟

— ساۋاقداشلىرىڭىزنىڭ كەيپىياتىدىن ئۇلارنىڭ ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى خاتا چۈشىنىپ قالغانلىقىنى سەزمىدىڭىزمۇ؟ بۇ سىزگە كۆڭۈلسىزلىك كەلتۈرمەسمۇ؟

— بىرىنچىدىن بۇ ئىستانبۇل، ياۋروپا، ئايالالر ھوقۇقى ئەمەلىيلەشتۈرىلىۋاتقان جۇمھۇرىيەت. ئىككىنچىدىن، ئەگەر بۇ ئىش راست بولسىدى، ھەرقانداق كۆڭۈلسىزلىكىمۇ چىداشقا بولاتتى،... — دېدى ئۇ كۈتكىنىمدەك، شۇنداقلا ئويلىمىغان يەردىن.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز، ئەدىبە؟

— ... بۇنى ئويلىسام يۈرىكىمگە نېمىدۇر پاتمايۋاتقاندەك بولىدى... دادامنىڭ ئۆمىدىمۇ ئۆز مىراسخورىنىڭ ۋەتەنداشلاردىن بولىشىدى... ئاڭلىغانسىز، ئۇ ئىلگىرىدىن تارتىپلا مۇساپىرلارنىڭ بېشىنى سىيلايتى، كېيىنكى چاغلاردا بولسا باشقا بىر خىل ئىنتىلىش، ئېھتىياج (نېمىلا دېسىلا بولىدۇ ھەم تازا مۇۋاپىق كەلمەيدۇ) بىلەن ۋەتەنداش مۇساپىرلارغا ھامىيلىق قىلىدىغان بەزىلىرىنى ئۆيدە تۇرغۇزىدىغان بولدى ئەمما ئۇلارنىڭ ھېچقايسى مەندە ياخشى تەسىر قوزغىيالمىدى، قوزغىيالمايتى ھەم. ئەكسىچە ئۆزلىرى مەن توغرۇلۇق ئازاپقا قالاتتى. بۇندىن باشقا دادام بىچارە ھەمىشە يۇرۇتداشلارنى ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ زىياپەت كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى ئويۇشتۇرۇپ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى تۇيۇپ تۇراتتىم. ئۇ مېنىڭ بىرەرسىنى ياقتۇرۇپ قېلىشىمنى ئۈمىد قىلاتتى بىراق مەن ھەممىگە پەرۋاسىز مۇئامىلىدە بولۇپ كەلگەنىدىم ئاخىرىدا...

— ئەدىبە، ماڭا كۆڭۈل بەرمەڭ بىز ئاكا- سىڭىل بولايلى...

— سىز مېنى ئەتەي قىينىماقچى ئوخشايسىز... نېمىشكىدۇر قەستەن ئۆزىڭىزنى قاچۇرىسىز....ھەركەتلىرىڭىز زورۇقۇشتەك...

— ئۇنداق ئەمەس. مەن بىرىنچىدىن سىزگە ھەمراھ بولۇپ قالالمايمەن... ئىككىنچىدىن، مەن ئۆيلەنگەن، باللىق بولغان ئادەممەن، ۋەتەنگە قايتىشىم كېرەك.

— ئايالىڭىزنىڭ سىزنى كۈتۈپ تۇرۇدۇغانلىقىغا ئىشىنەمسىز؟ ئۇ ھازىر نەدە؟

— ئۇ ھازىر سوۋېتتە، قازاقىستاندا.

— ئەنە، بۇ بىر قاملاشمىغان خىيال ئەپەندىم، سىز سوۋېتكە كەتمەيدىغان بولغاندىكىن، ئايالىڭىز بىلەن قوشۇلۇش ئېھتىمالى يوق.

لېكىن...

ــ گەپ ئۇنىڭدا ئەمەس...

ــ بولدى قويۇڭ خالىمىسىڭىز... سىز بۇ يەردىن كەتكىچە سىزگە بىر دىدەك كېرەك ئەمەسمۇ؟ خىزمىتىڭىزنى قىلىشنى خالايدىغان بىر دېدەك بولغان تەقدىردە...؟

ــ سىز بەك رومانتىك ئىكەنسىز... ئەمەلىيەرەك بولغان بولسىڭىز...

ــ ئاھ دەردىما....

ــ ھەسرەت چەكمەڭ، تەقدىر ھەسرەت چەككۈچىلەرنى بوزەك ئېتىدۇ. سىز بىردەملىك ھاياجان، بىردەملىك قىزغىنلىقنىڭ ئەسىرى بولماسلىقىڭىز كېرەك. ھايات يولى ئەگرى- توقاي سىز جۇرە تاللاشتا ئۆمۈر مۇساپىسىنى ئۆزىڭىز بىلەن بىرگە باسالايدىغان كىشىنى تاللىشىڭىز كېرەك...

ــ كېرىكى يوق. ئاتىدارچىلىق قىلىغىنىڭىز ئۈچۈن رەھمەت... خۇدا كۆڭلىڭىزگە ئىنساپ بېرە....

ئەينى ۋاقىتتا مەن ئۇنى ياشلىقتىكى بىردەملىك قىزغىنلىقنىڭ تەسىرىدىن شۇنداق قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم. شۇڭا ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئارتۇق پەرۋا قىلماي كەتمىدىم.

مەن ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن شەھەر ئەتراپىدىكى بىر مەكتەپكە خىزمەتكە ئورۇنلاشتىم. مېنىڭ بۇ يەردە بىلىم ئېلىش پىلانىم تېخى ئورۇندىلىپ بولمىغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋەتەنگە قايتىش ئۈچۈن ئازراق پۇل توپلىۋېلىشىممۇ زۆرۈرىدى. شۇڭا بىر مەزگىل خىزمەت قىلغاچ كەچلىك كۇرۇسلارغا قاتنىشىپ يۈردۈم.

بىر ئەخمەد ئەپەندى بىلەن بىر بىنادىن ئۆي ئىجارە ئېلىپ ئولتۇردۇق ئۇنىڭ ئايالى تېپىك تۈرك گۈزىلىدى. ئۇ جىمغۇر ئەخمەد ئەپەندىنىڭ نېمىسىنى ياخشى كۆرۈپ قالغىنى نامەلۇم. ئەخمەد ئەپەندىنى مەبۇد بىلىپ چوقۇناتتى. ئۇنىڭ مۇھەببەتتىكى ساداقىتىنى تېپىك ئۈلگە دېيىشكە بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ ئايالنى چەكسىز ھۆرمەتلەيتى. مېنىڭ بىر مەزگىللىك ھاياتىم ئۇلارنىڭ ئائىلىسى بىلەن باغلانغاچقا

ئۇلارنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىۋاتىمەن.

شەپقەتچىم ئابدۇللاھ ئەپەندىنىمۇ شەمبە، يەكشەمبە كۈنلىرى يوقلاپ تۇراتتىم بىراق ئەدىبە بىلەن ئۇچراشماسلىققا تىرشاتتىم. ئابدۇللاھ ئەپەندى مېنى ئۆز ئۆيىدە تۇرمىغىنىم ئۈچۈن كايىپ قارشى ئالاتتى. لېكىن مەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى دەي دېسەم ئەدىبەنىڭ كۆز يېشىنى كۆرۈپ تۇرۇش ئېغىر ئىدى. شۇڭا ئارىلىقنىڭ يىراقلىقىنى باھانە قىلاتتىم.

بىر كۈنى ئەدىبە بىلەن دېڭىز ساھىلىدا ئۇچرىشىپ قالدۇق. مەن ئەخمەد ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسىگە ھەمراھ ئىدىم. ئەدىبە بىلەن كۆزلىرىم ئۇچراشقان ھامانلا ئۇنىڭ ئۇزۇن كىرپىكلىرى ئارىسىدا لىغىلداپ تۇرغان ياشقا كۆزۈم چۈشۈپ يۈرىكىم ئېچىشىپ كەتتى.

— بۈگۈن سەيلىگە چىقىپ مەن بىلەن ئۇچرىشىپ قالغانلىقىڭىزغا ئۆكۈنمەيدىغانسىز؟ — دېدى ئۇ چىقىشىلىش تەلەپپۇزىدا.

— ئەكسىچە خۇشالمەن.

ئەخمەد ئەپەندى رەپىقىسىنى ئىشارەت قىلىپ بىزنى تەنھا قالدۇرۇپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇلار كەتكەندىن كېيىن ئەدىبە بوتناپ:

— بۇنداق سۆزلىرىڭىز بىلەن كىچىك بالىنى ئالدىڭ. لېكىن مېنىڭ سىزنى ئەيىپلەيدىغان ھەققىم يوق چۈنكى سىز ماڭا ھېچقانداق ۋەدە بەرگەن ئەمەس،... نېمىشقا مەندىن قاچىسىز؟ خىجالەت كۆڭلىڭىزنى قويۇڭ، مەن بىلىمەن سىز ئۇنتۇلدۇرۇش، مېنى ئازاپتىن «قۇتۇلدۇرۇش» ئۈچۈن شۇنداق قىلىۋاتىسىز، ياخشى نىيىتىڭىزگە رەھمەت! بىراق «كۆزنى يار جامالىنى كۆرۈشتىن تارتىۋېلىشقا قارىغاندا كۆڭۈلنى جاپاغا سېلىش ئوڭايراق چۈشىدۇ» دېگەنىدەك، سىزنىڭ مەن بىلەن بىرگە بولغىنىڭىزدا تارتىدىغان ئازابىم يېنىكرەك بولاتتى ئەلۋەتتە.

— مەنغۇ قاچماقچى ئەمەس...

— بىراق، «بارلىق كىچىلەر قەدىر كېچىسى، بولسا قەدىر كېچىسىنىڭ قەدرى بولماس ئىدى»[1] دېمەكچىمۇ يا؟ خاتىرجەم بولۇڭ،

---

[1] شەيخ سەئدى، «گۈلىستان» دىن، — ئا.

www.uyghurkitap.com

مېنىڭ كۆڭلۈمدە ھەممە كىچە «قەدىر كېچىسى» بولسىمۇ قىممىتىنى يوقۇتىۋەتمەيدۇ.

ــ مەن سىزنى پىكىرىنى ئۆزگەرتىدىغۇ دەپ كۈتكەنىدىم....

ــ مېنى شاللاق دەپ ئويلىغىنىڭىزمۇ بۇ ياكى گۆدەك بالا دەپمۇ؟ ياق، ئەپەندىم ئەكسىچە مەن سىزنىڭ پىكىرىڭىزنى ئۆزگەرتىشىڭىزنى كۈتكەنىدىم، ئەمدى بىلدىمكى سىز جاھىل ئىكەنسىز... بىراق مەن يەنە كۈتىمەن... خەير بىللە چىققان يولداشلىرىڭىزغا يېتىشىۋېلىڭ، باشقا بىر كۈنى كۆرۈشۈشكە ئىلتىپات قىلارسىز.

ئەدىبەنىڭ ئاۋازى ھېلىلا يىغلىۋېتىدىغاندەك تىترەڭگۈ ئىدى. ئۇ ماڭا كۆز يېشىنى كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن كېتىپ قالدى.

ئەدىبەنىڭ بۇنداق قىلىشى مېنى تازىمۇ ئازاپلىدى. مەن ئۇنى قىيالمايتتىم، بىراق بىر بالام بىلەن سەرۋەرىم بار. تېخىمۇ مۇھىمى بۇ يەردە ئۇنىڭغا باغلىنىپ قېلىپ غايىلىرىمدىن ۋاز كېچىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭغا ئۆيلىنىدىغان بولسام ئابدۇللاھ ئەپەندىنىڭ مال- مۈلكىگە ۋارىس بولۇپ قالاتتىم؛ بىراق مەن دۇنياغا مال- مۈلۈك توپلاش ئۈچۈن كەلمىگەن- دە!

قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى، بۇ قوزغىلاڭنىڭ پۈتۈن تارىم ۋادىسىغا يېيىلىپ غايەت زور ئېقىمغا ئايلانغانلىقى قاتارلىق كىشىنى ئۈمۈدلەندۈرىدىغان خەۋەرلەر كېلىپ ئاشۇ كۆرەش قاينىمىغا شۇڭغۇشقا ئۆلگۈرگەن يۈسۈپ زىيا، مەجىددىن ئەپەندىلەرگە ھەۋسىمىز كېلەتتى. بۇ قېتىمقى ئىنقىلاپ ئارقىلىق جاھالەتنى يىمىرىۋەتكىلى، ھۆرلۈككە ئېرىشكىلى بولۇدۇ دەپ ئىشىنەتتۇق. شۇ چاغدىلا مېنىڭ كۆڭلۈم ۋەتەنگە قاراپ ئۇچۇپ كەتكەنىدى، بىراق ئۇ چاغلاردا مەن تېخى ئوقۇۋاتقىنىم ئۈچۈن كېتەلمىگەنىدىم. ئەمدى ئىلاج بار پاتراق كېتىش كويىدا بولۇپ ۋەتەنگە كېرەكلىك نەرسىلەرنى كۆپرەك ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن ئالدىرايتتىم. بىلىم دېگەن بىر دېڭىز. ئۇنىڭ چېكىگە يەتكىلى بولمايدۇ. مەن بۇ يەردە تۇرۇپ ئۆمۈر بويى ئۆگەنسەممۇ ئاخىرىغا يېتەلىشىم مۇمكىن ئەمەس ئىدى . ئۆگەنگەنلىرىمنى ۋەتەن ئۈچۈن ئىشلىتىش كېرەك، دېگەن

يەرگە كەلدىم.

تەييارلىقىم پۈتكەندىن كېيىن ئابدۇللاھ ئەپەندى بىلەن خوشلاشقىلى ئۇنىڭ يازلىقىغا باردىم. گەرچە كۆز كىرىپ قالغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئادەتتە يازلىقتا تۇرۇشىنى ياقتۇرۇدۇغانلىقىنى بىلەتتىم. باردىم كۆڭلۈمدە ئەدىبە بىلەن ئۇچرۇشۇپ قالمىسامكەن دېگەن ئوي باردى ئۇنىڭ ئاجايىپ سېھىرلىك كۆزلىرىنى ۋە بۇ كۆزلەردىكى ئېغىر ھەسرەتنى كۆرۈش ھەقىقەتەنمۇ ئېغىر شۇنداقلا ئىرادەم ئۈچۈن ئەجەل ئوقى ئىدى. ئابدۇللاھ ئەپەندى سۆز تاپالمىغاندەك:

ــ راستىنلا كېتەملا؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ ئەلۋەتتە راست. يالغان ئەمەسلىكى ھەممىدىنمۇ سىزگە ئايان، ئاكا، مەن دەسلەپتىلا بۇ يەرگە ئوقۇش ئۈچۈن كەلگەنلىكىمنى ۋەتەنگە قايتىپ خىزمەت قىلىش نىيىتىم بارلىقىنى ئېيتقانىدىمغۇ؟

ــ ئېيتقانىدىلە، بىراق... بىز يەنە مۇشۇ يەردە قالىدىكەنمىز- دە؟ ئوغلۇم قايتمىسىلا زادى بولماسمۇ؟

ــ ياق ئاكا، ھازىر ئىنقىلاپ دولقۇنى قەشقەرگە يېتىپ كەلدى. خوتەندىمۇ ئوت تۇتاشتى بۇ جاھالەتنى قوغلىۋېتىشنىڭ ياخشى پۇرستى.

ــ كۆڭۈللىرىڭىزنى چۈشىنىمەن، سىلى غايە ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغانلاردىن. مېنىڭچە ئەمەلىيىراق ئويلاپ ئۆز غەملىرىنىمۇ ئانچە- مۇنچە قىلغانلىرى ياخشى بولماسمىدى؟ سىلى مىڭ يىل ياشامىلىيا؟ ھەممە جاپانى سىلىگە كۆتۈرە قىلغاندەك نىمانچىلا ئۆزلىرىنى قىينايلا؟ مېنىڭ بىردىن- بىر مىراسخورىم ئەدىبە ئىكەنلىكىنى بىلىدىغانلا؟ سىلىغۇ مال- دۇنياغا پىسەنت قىلمايدىغان دەرۋىشانە پىكىر ئۈچۈن ياشايدىغانلاردىن. شۇنداق بولسىمۇ يەنىلا ھەممە ئىشقا پۇل بولمىسا بولمايدۇ...

ــ ئاتا، بولدى سۆزلىمەڭ، دېگەنلىرىڭىز راست، بۇنى ئىنكار قىلماقچى ئەمەسمەن، ئەمما ھەممىمىز چەتكە چىقىۋېلىپ، باي بولساق ساخاۋەت قىلىپلا ئۆتسەك، بۇنىڭ ۋەتەنگە بىر ئەمەلىي پايدىسى بولمىسا، يەنىلا ئادەمنى قانائەتلەندۇرەلمەيدۇ، ــ دېدىم ئۆزۈمنى باسالماي كۆڭلۈم

يۇمشاپ كەتكىنىدىن ئۇنى «ئاتا » دەپ ئاتاپ، ــ مەن باشتا سىزگە ئۆزۈمنى تونۇشتۇرغاندا دادامنىڭ تىۋىپ ۋە جۇۋچى ئىككەنلىكىنى ئاكام ئىككىمىزنىڭمۇ شۇ ھۈنەرنى قىلالايدىغانلىقىمىزنى؛ بۇنىڭدىن باشقا مەن سەرسانلىق ھايات مۇساپەمنى بېسىپ ئۆتۈش يولىدا يەنە ساتىراچلىق، ئاشپەزلىكنى ئۆگىنىۋالغانلىقىمنى ئېيتقانىدىم. ئويلاپ كۆرۈڭ مەن شۇ ھۈنەرلىرىم بىلەن ئۆز ۋەتىنىمدىمۇ باياشاد ياشىيالايتىم. مەن بەش ئالتە مىڭ كىلومېتىر مۇساپىنى بېسىپ سەرسان- سەرگەردان بولۇپ كېلىپ سىزنىڭ مال- مۈلكىڭىزگە ۋارسلىق قىلماقچىمىدىم؟ شۇنىڭ ئۈچۈن كەلگەنمىدىم؟ بۇنى قويۇپ تۇرايلى سىزنىڭ شۇنچە كۆپ ۋەتەنداش مۇساپىرلارنى ئوقۇش راسخودى بىلەن تەمىنلىشىڭىز نېمە ئۈچۈن؟ چوڭ دائىرىنى ئويلىغاندا سىزمۇ ۋەتەن ئۈچۈن خىزمەت قىلىسىز ئەمەسمۇ؟ ...

ــ ماڭغۇ بەربىر، قىزىم ئەگەر بىر ئوغرىنى يارىتىپ قالغان بولسىمۇ خاھىشى ئۈچۈن ھەممىسگە رازى بولغان بولاتتىم...

ــ دادا، بولدى قىلىڭ، ــ دېدى ئەدىبە ئىشىكتىن كىرىپ كېلىپ. قارىغاندا ئۇ ئىشىك تۈۋىدە ھەممە گەپنى ئاڭلاپ تۇرغانىكەن، ــ سىز ئۇنى تولۇق چۈشەنمەيسىز مەن مەمتىلىنىڭ ۋەتەنگە قايتىشىنى قوللايمەن. پەقەت مېنىڭمۇ بىللە قايتىشىمغا قوشۇلسىڭىز... سىزدىن ئىلتىماسىم ... روخسەت قىلىسىڭىز...

ئەدىبە شۇ تاپ ئىستامبول مۇزىيىدىكى ياخشى خىزمەت ئورنىدىن ۋاز كەچمەكچى بولىۋاتاتتى.

ــ نېمە؟!نېمە دەۋاتىسىز قىزىم!؟ ئابدۇللاھ ئەپەندى گېپىنى تاپالماي كېكەچلەپ كەتتى،ــ مەن يالغۇزچىلىقتىن ئۆلەيمۇ ئەمدى؟...ــ ئۇ كۆكرىكىنى تۇتۇپ كىرسلوغا ئولتۇرۇپ قالدى.

دادىسىنىڭ ئۆزىگە چىدىمايدىغانلىقى بىچارە قىزنى ئىككىلەندۈرۈپ قويدى. شۇڭا ئۇ ئىلاجىسىزلىقتىن كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ مېنى خوشلۇشۇش ئالدىدا بىر نەچچە سائەت پاراڭلىشىشقا تەكلىپ قىلىش بىلەن كۇپايىلەندى.

ئىككىمىز دەسلەپ تۇنۇشقان كۈنى ئايلانغان باغچا ئىچىنى ئايلاندۇق بىر- بىرىمىزگە ئېيتىدىغان شۇنچە كۆپ سۆزلىرىمىز باردەك قىلسىمۇ، لېكىن ھېچقايسىمىز ئەسلى دېمەكچى بولغان سۆزلەرنى دېيەلمىدۇق، مەن بەزەن زوروقۇپ چاخچاق پاراڭلارنى قىلىپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېچىشقا ئۇرۇنسامۇ لېكىن ئۇنىڭ غەمكىن ھالىتىگە خاتىمە بېرەلمىدىم...

بىز ماڭىدىغان كۈنى ئاتا- بالا ئىككىسى پورتقا چىقىپ ئۇزۇتۇپ قويدى مەن تەمبۇرۇمنى ئۇلارغا ئەستىلىك قىلىپ قالدۇردۇم.

ئەخمەت ئەپەندى ئەمدىلا بوشانغان ئايالىنى ئېلىپ مېنىڭ ئەپسىز بولغاچقا ئۈزلا يولغا چىقتى. بىز بىلەن يەنە يېڭى تونۇشلاردىن توختاجى ئەپەندىمۇ باردى. توختاجى سودىگەرچىلىك بىلەن ھەممە يەرنى كېزىپ يۈرگەن ئادەمكەن، بىز ئۇنىڭ بىلەن تېخى يېقىندىلا ئەخمەت ئەپەندىنىڭ ۋاستىسى بىلەن تونۇشقاندۇق. ئۇمۇ قايتىدىغان بولغاچقا بىزگە ھەمرا بولماقچى بولدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ كۆپ شەھەر كۆرگەن بولغاچقا يوللاردا ياردىمى تېگىدۇ، دەپ خوش بولدۇق. ئۇ ئىككىمىز ئەخمەد ئەپەندىنىڭ ئائىلە ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتۇپ ئۇنى كېيىنچىرەك قايتىشقا سايە قىلغان بولساقمۇ، ئۇ دەسلەپكى ئەھدىمىزگە خىلاپلىق قىلىشنى راۋا كۆرمىدى، ئايالىغا بالا ماڭالايدىغان بولغان ھامان ئارقىسىدىن يولغا چىقىشنى تاپىلاپ بىز بىلەن بىللە كېتىشتىن يالتايمىدى. بىز قىرغاقتىن ئايرىلغاندا ئەدىبە ئەخمەد ئەپەندىنىڭ ئايالىنى قوچاقلىۋالدى. ئىككىسى جۇدالىق ياشلىرىنى قوشۇۋېتىشتى.

تەۋپىق شۇ يەرگە كەلگەندە ھېكايىسىنى توختاتتى. سەيپىددىن ئېغىر ئۇھ تارتىپ قويدى، پەقەت ھارۋىكەش ئۇلارغا بۇرىلىپ:

— تازا ئەخمەقكەنلا، ئاشۇنداق بەلەن قىزنى ئېلىپ شۇ يەردە قالمىدىغان. ئۇنى ئالغان بولسىلا تازا باي بولاركەنلا- دە خەپ! مەندەك ئەدەم ھەرگىز بۇ خۇدا ئۇرغان يەرگە قايتىپ كەلمەيتتىم،— دېدى.

— شۇنداقمۇ؟ — دېدى مەمتىلى ئەپەندى غەمكىن كۈلۈمسىرەپ.

ئۇلار قومالتاغ يولىنى ئايلىنىپ ئوغۇرۇققا كەلگەندە بۆگەن تەرەپكە كەتكەن يول بويىدا سەيپىددىن چۈشۈپ قالماقچى بولدى.

www.uyghurkitap.com

— مەن مۇشۇ يەردە چۈشۈپ قالاي، — دېدى ئۇ بۇ يەردىن ۋاقۋاققا پىيادە كېتەتتى.

— ئەمسە، سەن بىر ھەپتە ئىچىدە خەت. ساۋادى بار، جىگەرلىك، شۇدى بار ئاغىنىلىرىڭدىن تونۇش. بىلىشلىرىڭدىن ئىشقىلىپ ئىختىيار قىلغۇچىلاردىن 40 ـ 50 نى تاپقىن ئۇلارنىڭ تىزىمىنى تەييارلاپ ماڭا بەرگىن ئىسمى. ئاتىسى، جىنسى، يېشى، يۇرتى، بوي تۇرقى، رەڭگى. رۇخسارى، كۆز رەڭگى، ھەۋەس. قىزىقىشى، ھۈنىرى قاتارلىق مەزمۇنلار بويىچە تىزىملايسەن بۇ يەردە رەسىم تارتىدىغان بولمىغاندىكىن رەڭگى. روھىنى يازماي ئىلاجى يوق بۇلار ئارخىپ بولۇپ قالىدۇ. بۇ ئىشقا ئەتىلا كىرىش. مەنمۇ ئەتىلا مەكتەپ ئورنى، راسخودى، دېگەندەكلەرنى ھەل قىلىش كويىدا بولىمەن خەير، — دېدى مەمتىلى ئەپەندى، — ھېلىقى ئانكىت مەزمۇنلىرىنى ئېسىڭگە ئېلىۋالدىڭمۇ؟ ھە بوپتۇ ماقۇل ئەمسە.

مەمتىلى ئەپەندى ئۆيىگە قايتىپ كېلىپلا ئاكىسىنىڭ ياردىمى بىلەن پىيانىنونى ياتاقخانىسىغا جايلاشتۇرۇۋېلىپ، جىيەنلىرىگە قەشقەردىن ئالغاچ كەلگەن سوۋغاتلىرىنى ئۈلەشتۈرۈپ بېرىپ، دەرھال «دىۋان» نى كۆرۈشكە باشلىدى. ئۇ كىبلەر قېتىم قەشقەرگە كىرگىچە كىرىش سۆز قىسمىنى تەرجىمە قىلىپ بولۇش ئۈچۈن ئۆز. ئۆزىگە سۆز بەردى. ئۇ ئادەتتە ئۆز ـ ئۆزىگە ۋەزىپە بەلگىلەش، ئۇنى ئورۇنلاش ياكى چالا قالدۇرۇشى ئارقىلىق ئۆزىنى باھالاپ تۇرۇشنى ئادەت قىلغانىدى. ئەگەر سەلبىي باھا ئالغان ئەھۋالدا ئۆزىگە قويۇلۇدىغان تەلەپنى كۈچەيتەتتى.

# ئون ئىككىنچى باب

## 1

سەھەردە ئاچيار تەرەپكە قاراپ تۇرغان نىزامىددىننىڭ ئۆيگە تاڭ قوياشى ئەلۋەك نۇرلىرىنى قىيپاش سىپىپ تۇراتتى. پىشايۋان سۇپىسىدا پاتىمەم بىلەن ئوينۇشۇپ ئولتۇرغان مەمتىلى ئەپەندى ئۇنى ئەركىلىتىپ:

— ئانام، ئانام! — دەپ كۆلدۈرەتتى ئۇ ئانىسى بىلەن ئىسىمداش جىيەن قىزىنى ھەمىشەم شۇنداق ئەركىلىتەتتى.

سەھەردىلا مال- ۋارانغا ئوت ئىبلىش ئۈچۈن چىقىپ كەتكەن زورىخان قايتىپ كىردى. ھويلا ئىچى يېڭى چىقىرىلغان قىغنىڭ پۇرىقىغا تولغانىدى. ئۇ ئاللىقانداق يېقىملىق پۇراش بىلەن كەڭ دالانى ئەسكە سالاتتى. زورىخان قولىدىكى قىپىنى ئوقۇر ئالدىغا تاشلاپ پىشايۋان تەرەپكە يېقىنلاپ:

— ئۇبدان قوپۇپسىزمۇ، ئۇكام؟ — دېدى قېيىنئىنىسىگە، — كېچچە خەتكە سىنچىلىغاندىكىن ما ۋاقىتچە ئۇخلىماي ئەتتىگەندىلا تۇرۇۋاپسىزغۇ؟ — دېدى ئۇ كۆيۈمچانلىق بىلەن ھەمدە تاغىسىنىڭ قۇچىقىدىكى پاتىمەنى جىملەپ، — موللىكاڭنى خاپا قىلدىڭمۇ، ھە؟ — دېدى.

— موللىكام نىۋاق قوپقان. پاتىمەم يىغلاپ ئۇخلاتمىسا قوپمامتى ئەمسە؟ ئۇنى پەس قىلىپ ئۇخلۇتۇپ قويۇپ، قوتاننىڭ قىغىنى چىقاردى تېخى، — دەپ مەلۇم قىلدى غېنى.

— ئەڭ باشتا ھويلىدا تۇرۇۋېلىپ ئۇسۇل ئوينىغاندەك قىلدى، ئاندىن قىغ چىقاردى، دېگىنە، — دەپ ئۇن قاتتى نەبى.

— ئۇسسۇل ئەمەس ئۇ كالۋا! تەنھەرىكەت دېگەن شۇ، ماللىكام نەچچە قېتىم دەپ بەرسىمۇ بىلمىگىنىڭنى.

— ۋايىيەي، مەن زەڭ قويماپتىمەن سىز راستىنلا قىغنى چىقىرىپ

قويۇپسىز ئەمەسما، ــ دېدى زورىخان، ــ سىزنى مۇشۇنداق ئىشقا سېلىپ، يەنە تېخى بالا باققىلى سېلىپ تازىمۇ مېھمان قىلىدىكەنمىز ـ دە

ــ يەڭگە، نېمە دېگەن گەپ بۇ؟ مېنى تۆردىن چۈشمەي چوڭ بولغان دەپ ئويلامسىز، نېمە؟ ئۆزىمىزنىڭ ئۆيىغۇ، قاچانچىچە مېھمان بولىۋېرەتتىم؟ ھېلىمۇ ئۆيگە قارىشىپ بېرەلمەيۋاتىمەن.ــ دېدى تەۋپىق كۈلۈپ.

ــ بۈگۈن بىر ياقتا ئىشىڭىز يوقمىدى؟

ــ بار، ئاكام بىلەن مەسلىھەتلىشىدىغان بىر ئىش باردى ئۇنى كۈتۈۋاتىمەن.

ــ سىز تالادا يۈرۈپ دائىم كەچ كېلىسىز ئاكىڭىز ئەنسىرەپ قالىدىكەن، ــ دېدى زورىخان بالىلارنى جايلاشتۇرۇپ، چاي راسلىغاچ، ــ خەقنىڭ ئاغزىدا بىر مۇنچە سۆز. چۆچەك ئېقىپ يۈرىدۇ، خەققۇ ھەنىمە دېسە دەيدۇ...

ــ قانداق گەپ ئۇ؟ ئوغرىلىق قىلدى دەمدىكەن؟ ياكى قىمارۋاز دەمدۇ؟ ــ دەپ كۈلدى مەمتىلى ئەپەندى.

ــ بىردەم ۋاي ماللا توختاجىنىڭ ئوغلى چەتتە ئوقۇپ ناسارا بولۇپ كېتىپتۇ، دەۋاتقان بىر دەم كەمىنۇس (كوممۇنىست) مىش دەۋاتقان بىردەم ئالىلقانداق يامان خوتۇنلار بىلەن يۈرىدىكەن دەۋاتقان... ئىشقىلىپ گەپ تولا، بىزنىڭ بۇ خەقلەرنى بىلمەمسىز، ياخشىلىق قىلغان ئادەمنىڭ تۇمشۇقىنى قانىتىدىغان خۇيى بار، سىز خەقنى داۋالايمەن دەپ ئۆيمۇ-ئۆي يۈرگىنىڭىز بىلەن، خەق سىزنى نېمە دەپتۇ، دەڭ؟ داۋالاشنى باھانە قىلىپ خوتۇن- قىزلانى كۆزلەپ ماراپ يۈرىدۇ، دېيىشىپتۇ...

ــ ئاكام شۇڭا ئەنسىرەپتۇ ـ دە؟ ئاكامۇ- زە، كىچىك بالىلىق قىپتۇ. يوقۇرىدا دېگەنلىرىڭىزنىڭ بىرسىمۇ مېنىڭ خىلىمدىكى ئىشلار ئەمەس،... ئەنە، ئەنسىرىگەك ئاكام ئۆزىمۇ كەلدى.

نىزامىددىن داستىخانغا يېقىن جايلاشقاندىن كېيىن زورىخان ئۇنىڭ ئالدىغا بىر چىنە ئەپكىلىپ قويدى. ئۇ جۆۋەندە نائىنى چىنىگە چىلاشقا

باشلىغاندا مەمتىلى ئەپەندى ئۈنىڭغا قاراپ:

— ئاكا، ئاخشام ھېلىقى كىتاب بىلەن بولۇپ ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىپتۇ، مەن مەكتەپ ئاچماقچى بولغىنىمنى ئېيتقانىدىغۇ، ئەمدى بەزى قىيىنچىلىقلار باردەك تۇرىدۇ. ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا تەييار سىنىپ بولسا ئون كۈن بولمىسا يېرىم ئاي ئىچىدە ئىش باشلاپ كەتسەم دەيمەن. بىراق بازار ئىچىدە سىنىپ قىلغۇدەك بىكار ئۆي تېپىلمىغاچقا بېشىم قېتىپ قالدى.

— ئۈكام، كەتمەيدىغان بولغىنىڭ ئوبدان ئىش بولدى، بونىڭغا مەن بەك خۇرسەند. لېكىن سىڭگەن ناننى يەپ ھۈنىرىمىزنى قىلساق جېنىمىزنى گۈلدەك باقامدۇق؟ سەن دەۋاتقان ئىشنىڭ چاتىقى تولا...

— ئاكا، سىز ئۈنداق دېسىڭىز باشقىلاردىن نېمىنى كۈتىمىز؟ نان يېيىش ئۈچۈنمۇ قوۋزىڭىزنى تالدۇرمىسىڭىز بولمايدۇ. ئۈنچىلىك زىيان تاتماي تەييار ناننى يىمەكمۇ مۇمكىن ئەمەس، بۇنى سىز چۈشەنمەيدىغان يەردە ئەمەس.

— سەن بىلەن زۆكۈنلۈشۈش نىيىتىم يوق، لېكىن ئۆزۈن يىل ئايرىلىپ ئاران جەم بولغاندا يەنە سەندىن ئايرىلىپ قالارمەنمىكىن دەپ ئەنسىرەپلا تۇرىمەن.

— سىزنىڭ ئەنسىرەشلىرىڭىزنىڭ بىر قىسىم مەزمۇنلىرىدىن خەۋەر تاپتىم. بايىلا يەڭگەم دېگەنىدى. بالا بولمىسىڭىزلا بۇنداق گەپلەرگە ئىشىنىپ يۈرمەسسىز. ھازىر ئاقىۋىتىنى كۆزدە تۇتىۋاتقان ئەنسىرىشىڭىزگە كەلسەك بۇرۇن مۇنداق بىر ئىش بوپتىكەن: «بىر بوۋاي قورامىغا يەتكەن ئوغلىنى ئاتقا مىندۈرۈپ ئۆزى ئاتنىڭ چۇلۋۇرىدىن يېتىلەپ بىر مەستىچتىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپتۇ. مەسچىت قەۋمى: ‹قاراڭلا ماۋۇلارنىڭ ساراڭلىقىنى ياش يىگىت ئاتقا مىنىۋېلىپ قېرىسى پىيادە مېڭىپتۇ، يېشى باغرى تاش ئوغۇل ئىكەن دادىسىغا ئىچ ئاغرىتاي دېمەپتۇ؛ قېرىسى ئالجىپ قالغان ئوخشايدۇ› دەپتۇ. بوۋاي بۇ گەپكە كۆلۈپ قويۇپتۇ. يىگىتكە بولسا بۇ گەپ توغرىدەك بىلىنىپتۇ. كۆپ ئۆتمەيلا ئۇلار ئارقىسىغا يېنىپتۇ، بۇ قېتىم بوۋاي ئاتقا مېنىپ، ئوغلى پىيادە

ماڭغانىكەن. مەسچىد ئالدىدىن ئۆتكەندە كىشىلەر: ‹تازىمۇ رەھىمى يوق دادىكەن ئاتقا ئۆزى مىنىۋېلىپ ياش يىگىتنى قىيناپتۇ›، دەپتۇ. ئۇلار ئۆچىنچى قېتىم بۇ يەردىن ئۆتكەندە ئاتنى يېتىلەپ ھەر ئىككىسى پىيادە ماڭغانىكەن خالايىق يەنە: ‹قاراڭلار، بۇ خەقنىڭ تەلۋىلىكىنى! ئاتنى يېتىلەپ ھەر ئىككىسى پىيادە ماڭغانمۇ ئىشمۇ؟ ھايۋان دېگەننىڭ كۈچى ھالال نەرسىغۇ، ئۇنى ئاياپ نېمە قىلىدۇ؟ بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ئەخمەقلىك بارمۇ؟› دەپ كۈلۈشۈپتۇ. ئاتا- بالا تۆتىنچى قېتىم بۇ يەردىن ئۆتكەندە ھەر ئىككىسى ئاتقا مىنىپ ئۆتكەن ئىكەن، خالايىق يەنە گەپ تېپىپتۇ: ‹ھايۋان بولغان گۇناھىغا شۇنچە قىينىغان بارمۇ؟ ئۇمۇ خۇدا ياراتقان جانىۋارغۇ؟... › خالايىقتىن يىراقلاپ كەتكەندىن كېيىن بوۋاي ئوغلىغا: ‹ئوغلۇم ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىدىڭمۇ؟ ئەھۋال شۇنداق، ھەر قانداق قىلساڭمۇ ئۇلارنىڭ گېپىدىن خالى بولالمايسەن شۇڭا ئۆزۈڭنىڭ بىر مىزانى بولسۇن، توغرا دەپ قارىغان ئىشىڭنى بېشىڭ كەتسىمۇ قىلىۋەر››» دەپتىكەن. شۇنىڭدەك خەقنىڭ ئاغزىنى تىكىپ قويغىلى بولمايدۇ. ئۇلار ھەنىمە دېسە دەۋېرىدۇ بىز ئۆزىمىز توغرا دەپ قارىغان ئىشىمىزنى قىلىۋېرىمىز.

— ئۇغۇ شۇنداق، بىراق ھازىر ھۆكۈمەتنىڭ چېكى توختىماس بولدى. جاھانغا ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدۇ.

— «قۇچقاشتىن قورققان ئىكىن ئەكمەپتۇ» دېگەندەك ئىش قىلساق بولماس، قېنى مەكتەپكە نېمە مەسلىھەتىڭىز بار؟ بازاردىن ھېچ بولمىسا بىر ئېغىز ئۆي تېپىلماسمۇ؟

— بازاردىن ئۆيمۇ تېپىلمايدۇ، ھەم مەكتەپ دېگەننى خەقنىڭ ھويلىسىدا ئاچقىلى بولمايدۇ دېگىنە، ئۇندىن كۆرە مەيلى دېسەڭ ئوغرۇقتىكى مۇللا تۇداجى، ئىمىنھاجىلا سالدۇرغان مەدرىسىنى ئوقۇشۇپ باقساق بولارمىكىن. ئۇ يەردە خېلىدىن بېرى ساۋاق ئېلىۋاتقان تالىپلارمۇ ئاز. تېجەنلىك موللا ئەزىز داموللام بىلەن مەتىمىن سوپىزادە دەيدىغان بىر ئۆزبېك ئاندا- ساندا مۇدەررىسلىك قىلىپ يۈرىشىدۇ. ئۇلارغا بىر ئېغىز ئۆي يېتىشىدۇ قالغانلىرى بىكار.

www.uyghurkitap.com

— مەنمۇ شۇنى ئويلاپ تۇراتتىم. ئۆتكەندە مەن كۆرۈپ كەلدىم ئەمەسمۇ، ئۇ يەر بولۇدۇ، بازاردا ئاشۇنداق بىر يەر بولسىغۇ، بازاردا بولغىنى ياخشىدى، قارىغاندا شۇنىڭغا بارماي ئىلاج يوقتەك تۇرىدۇ. مەن ئاكا- ئۇكا بايلار بىلەنمۇ كۆرۈشكەن، شۇ چاغدا مانا مۇشۇنداق بىر قارارغا كەپ قالسام لازىم بولار دەپ، نىيىتىم ھەققىدە ئازراق پۇرىتىپمۇ قويىۋىدىم. ئۇنىڭدىن كۆڭلۈم توق. شۇنداق بولسىمۇ ئەمدى رەسمىي ئۇقتۇرۇپ قويۇپ كېلەي. ئاندىن ھەر بىر يۇرۇتقا بېرىپ باي مۆتىۋەر يۇرت ئاقساقاللىرى بىلەن كۆرۈشۈپ مەكتەپنىڭ مالىيە مەنبەسىنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسىنى قىلىپ كۆرىمەن.

— مەيلى، بارغىن ھەر ھالدا سۆزدە ئېھتىياتچان بول قىزىشىپ كەتمە. ھەر ھالدا ھازىرچە چەكمەن تونىنى تاشلىمايراق تۇرغىنىڭ ياخشى. خەلق ئەجنەبىيلەرگە قىزىقىدۇ، ئەمما ئىشەنمەيدۇ.

— ھا ھا ... «بالىنىڭ چېچى ئاقارسىمۇ ئاتىنىڭ ئالدىدا يەنىلا بالا» دېگەندەك مېنىڭمۇ ساقىلىم تېزىمغا چۈشكەن چاغدا كىچىك بالىغا نەسىھەت قىلغاندەك گەپ قىلىۋاتقىنىڭىزنى قاراڭ. ماقۇل، ئاكا، ياخشى كۆڭلىڭىزنى يەردە قويماي، مەن كەتتىم.

نىزامىددىن ئىنىسىنى غەمكىن ئۇزۇتۇپ قالدى. داستىخاننى يىغىشتۇرۇش ئۈچۈن چىققان زورىخان:

— مەمتىلى ئاجايىپلا ئادەم بولدى- دە، كىچىكىدە قانداق شوخ بولسا ھېلىمۇ شۇ. ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشسىمۇ كۆلۈپ تۇرغان ئۇنىڭ ئاشۇ كېلىشكەن تۇرقىغا قاراپمۇ بىكارچى خوتۇنلار ھەر قىسىم گەپلەرنى تاپماي قالاما؟

— شۇ، بۇ ئۆزىمۇ بىر كۆرگەن ئادەمگە يېقىپلا قالىدىغان نېمە.

— بېشىنى ئىككى قىلىپ قويساق سەل... گەپ سۆزلەر سەل بېسىقىپ مەمتىلىمۇ تالاغا كۆپ قاتراشتىن قالارمىكىن...

— تالاغا قاتراش دەمسەن؟ — دېدى نىزامىددىن ھوشيارلىشىپ. ئۇ ئايالىنىڭ تەلەپپۇزىدا «ئەرنىڭ تۇققىنى كەلسە كۆندە ئورۇش... » قا ئوخشاپ كېتىدىغان قاتتىق ئىلىش ئالامەتلىرى بارمىكىن دەپ

گۇمانلاندى. ــ بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

ــ ياق، مېنىڭ دېگىنىم، ئۆزىگە پايدىسى يوق بايقىدەك يامان ئاتىقى بار گەپلەردىن يىراقراق بولۇپ، بىر ئۆيىنىڭ كويىدا بولامتىكىن، دەيمەن.

ــ ئۇ ئۇنىمايدۇ، ئۇي غېمى بىلەن بۇلۇپ كېتىپ ئىشلىرىمدىن قالىمەن دەپ ئۇنىمايدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۇنىڭ خىيالىدا ھېلىقى چۆچەكتە ئالغان تاتار خوتۇن تۇسا، ئۇ نېمە دەيدىكىن...

ــ سىز ئۇنىڭغا گەپ قىلىپ باقتىڭىزمۇ؟ ئۇنىڭ خوتۇنى سايىز[1] تەرەپتە تۇسا، ئۇنى ساقلاپ ئۆمرىنى ئۆتكۈزەمدۇ؟ ئەر كىشى دېگەنگە تۆت خوتۇن راۋا تۇسا...

ــ مەنغۇ گەپ ئاچقانىدىم، مېنىڭ خىيالىمۇ خەقنىڭ ئاغزى بېسىقارمىكىن دېگەن گەپىدى، لېكىن خوتۇن ئۇستىگە خوتۇن ئالامدىم دەپ ئۇنىمىدى.

ــ خۇدا يامان كۆزدىن ساقلىسۇن... ــ زورىخان ئۆيگە كىرىپ كېتىۋېتىپ شۇنداق دېدى.

ــ نىزامىددىن بۇياقخانىغا كېتىپ بېرىپ ئىغىل ئالدىدىكى يېڭىلا چىقىرىلغان قىغنى كۆرۈپ، بۇنى مەمتىلىنىڭ قىلغانلىقىنى پەملىدى ۋە مەمنۇنلۇق بىلەن كۈلۈمسىرىدى. ئۇ ئىنىسىنىڭ شۇنچە كۆپ ئىشقا قانداق يېتىشىپ يۈرگىنىگە ھەيران قالاتتى. ئۇنىڭ ھەممە ئىشنى بىر-بىرىگە پۇتلاشتۇرماستىن يېتىشىپ كېتىشى ئاكىنىڭ قەلبىدە سۆيۈنۈش، پەخىرلىنىش تۇيغۇسى ئويغاتتى. بۇ تۇيغۇ خۇددى خۇشبۇي شاراپ ئىچكەندەك ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى قىزىتىۋەتتى. ئۇنىڭدا چاققان ئىنىسىگە نىسبەتەن ئاكىلىق مۇھەببىتى پەيدا بولغاندىن تاشقىرى ئۇنىڭ ئىشلىرىغا قولىدىن كېلىشىچە ياردەملىشىش ئىرادىسىمۇ پەيدا

---

[1] سايىز ــ سويۇز(союз) ’ئىتتىپاق‘ سۆزىنىڭ بۇزۇپ ئېيتىلىشى. سوۋېت ئىتتىپاقىنى دېمەكچى، ــ ئا.

بولدى.

## 2

— بالدۇرلا قايتىپ كەپسەنغۇ؟ — دەپ سورىدى نىزامىددىن ئاپتاپ تەپتىدە يۈزلىرى تېخىمۇ قىزىرىپ، ئېسىلىپ كەتكەن ئىنىسىگە قاراپ،— كەچ قالارمەنمىكىن دەۋاتامتىڭ؟

— هە، بالدۇرلا قايتىشقا توغرا كەلدى. قارىمامسىز، موللا تۇداجى ئىمىنهاجىلار ئويلىغىنىمىزدىنمۇ ئارتۇق كىشىلەر ئىكەن، ئىشىم كۆڭۈلدىكىدەك بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كەم سىرا[1]لارنى ياستىپ بېرىدىغان بولدى دەڭا تېخى. راسخودنىڭ بىر قىسمىنىمۇ ئۈستىگە ئالماقچى بولۇۋاتىدۇ. ئەگەر مۇشۇنداق ياخشى مەكتەپ ئۇرنى بازاردىن تېپىلىپ قالغان بولسا تېخىمۇ ياخشىراق بولاتتى، خەير، هېلىمۇ كېرەك يوق.

باياتىن بېرى ئىنىسىنىڭ چاقچاقلىقىدىن دىلى سۆيۈنۈپ شۇ توغرۇلۇق ئويلاۋاتقان نىزامىددىن ئىنىسىنىڭ ئاپتاپتا پىشىپ كەتكەن ئەپتىگە قاراپ سەل ئىچى ئاغرىغاندەك بولۇپ، كۆپىنىڭ مۇزدەك سۈيىدە دوغ ئېتىپ كەلدى.

— ئۇسسىغانسەن ئىچىۋال،— دېدى ئۇ مېهرىۋانلىق بىلەن ئاندىن جىم- جىتلىق باسقان هويلىغا قاراپ قويۇپ، — بۈگۈن هويلا ماڭا ئوڭچە قاپتۇ بوياقخانىدىمۇ ئىش قىلمىدۇق. ئىگەمبەردى تاشمەتلەر كەلمىدى، يەڭگەڭ باللارنى ئېلىپ ئانىسىنىڭكىگە كەتتى. ۋاراڭ-چۇرۇڭسىز ئازادە بولغاندىكىن راسا ئۇخلىۋالغىن بولمىسا.

— رەخمەت ئاكا سىزنى خىزمەتكە سېلىپ قويۇپتىمەن،— دېدى تەۋپىق كۆلۈمسىرەپ ئاكىسى سۇنغان قاچىنى ئېلىپ،— ئۇخلاشنى ئۇخلاۋېرىمىز، ئاكا ، — دېدى ئۇ گەپنى ئىش ئۈستىگە بۇراپ،— ئۇ

---

[1] سىرا — (تۈركچە — sıra) پارتا، — ئا.

www.uyghurkitap.com

ئىش ئەنە شۇنداق ھەل بولدى. ئەمدى مەكتەپنى ھەربىكەتكە كەلتۈرۈش ئۈچۈن پۇل كېرەك. شۇڭا بىز بايلاردىن ياردەم سورايمىز، مەن بەزى جايلارغا سىزنىڭ بىللە بارغىنىڭىز تۈزۈكمىكىن دەپ ئويلايمەن. قانداقلا بولمىسۇن سىزنىڭمۇ ئۆزىڭىزگە چۈشلۇق مۇناسىۋىتىڭىز بار.

ــ سېنىڭچە ئۇلارنىڭ بىر قىسمى پۇل بېرىشكە ئۇنارمۇ؟

ــ ئۇ تەرىپى ئۆزىگە باغلىق، ئۇلارنىڭ ۋىجدانىغا باغلىق. كونىلار «قالاشنى بىلسەڭ قارمۇ كۆيىدۇ» دەپتىكەن قېنى بىز ئۆزىمىزنىڭ ئىپىنى، قابىلىيىتىمىزنى سىناپ كۆرەيلى، ئۇلارنى ئىرىتەلەمدۇقكىن.

ــ مەن تەييار، ــ دېدى نىزامىددىن قىسقىلا قىلىپ.

ــ يەنە بىر گەپ بىزنىڭ مۇشۇنداق قىلىشىمىز ھۆكۈمەت تەرەپكە قانداق تەسىر قىلىدۇ. بۇنى ئويلاپ كۆرمەيمۇ بولمايدۇ. سىز ئاتۇشنىڭ بېگىنى تونۇمسىز؟ چۈشىنەمسىز؟

ــ ھەر ھالدا تونۇشىمەن. ئۇ ئادەم ئىلگىرى ناھىيەدە[1] تۇڭچى بولغانىكەن. ئۆزى ئىككى تىللىق، قورسىقىدا ئۇمچى بار ئادەم. ئەمما مەن سىردىشىپ باقمىغانلىقىم ئۈچۈن ئۇنىڭ باشقا تەرەپلىرىنى تازا بىلمەيمەن.

ــ مېنىڭچە ئاۋال شۇ ئادەمنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ كۆرەيلى ھېچ بولمىسا ئۇنى خەۋەردار قىلغىنىمىز، ئىشنى ئوغۇرلۇقچە قىلمىغانلىقىمىزنىڭ ئىسپاتى بولۇپ قالار.

ــ مەيلى، زۆرۈر دەسەڭ بېرىپ كۆرۈشۈپ قوياىلى.

ــ ھازىرلا ماڭساقچۇ؟

ــ نىمانچە ئالدىراش؟ پىژ- پىژ ئاپتاپتا يول مېڭىپ بولامدۇ، قىيلىنىپ قالارسەنمىكىن؟

[1] ناھىيە ــ بۇ يەردە پەيزاۋات ناھىيىسى كۆزدە تۇتىلىدۇ. ئاتۇشتا ناھىيە تەسىس قىلىنىشتىن(1943-يىلىدىن) ئىلگىرى پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ بىر بەگلىكى ئىدى، ــ ئا.

— ئۆزىڭىزگىلا ئېغىر كەلمىسە، مەن نېمىنى كۆرمىدىم دەيسىز؟
نىزامىددىن راستىنلا ئىنىسىنىڭ كەچمىشلىرىنى ئويلاپ كۆرمەيلا سۆزلەپ سالغان ئىدى. بىراق ئۇنى ئەيىپلىگىلى بولمايتتى. چۈنكى، ئۇ هازىر ئائىلىنىڭ چوڭى، مەمتىلىگە ھەم ئاكا ھەم ئاتا ئىدى.
— بوپتۇ، ماڭايلى، — دېدى ئۇ خىجىل كۈلۈمسىرەپ، — ئېشەككە مىنىۋالامدۇق؟
— بولدى، ئاكا گۇڭگۇر- مۇڭگۇر پاراڭ بىلەن ماڭمايلىمۇ. رومغا بارمىغاندىكىن.
ئىككەيلەن بىللە هويلىدىن چىقىشتى.
ئۈچ تەرىپىنى تاغ قورشاپ تۇرغان ئاتۇش تۈزلەڭلىكى — قىران دەرياسىنىڭ لاتقا تۈزلەڭلىكى — ئىيۇل قۇياشىنىڭ نۇرىدا تونۇر تەپتى بېرىپ يېنىپ كەتكەنىدى. يۇزلەرگە گۈپۈلدەپ ئىسسىق ئۇرۇلاتتى.
يەنە كېلىپ ۋاقت چۈشكە يېقىنلاپ قالغاچقا تېمپېراتۇرا ئەڭ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن؛ ھاۋادىمۇ، تۇپراقتىمۇ، ھەتتا ئاندا- ساندا دەريا بوغۇزى تەرەپتىن'غۇر' قىلىپلا پەيدا بولۇپ قالىدىغان شامالدىمۇ ئوتنىڭ تەپتى كېلەتتى.
نىزامىددىن خۇددى كۆيۈمچان ئاتا ئارزۇلۇق ئوغلى ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ شۇ ھەقتىلا باش قاتۇرۇپ تۇرغاندەك پات- پات ئىنىسىگە قاراپ قوياتتى ۋە «ئۇ تۇنجۇقۇپ قالاي دېگەنمىدۇ» دەپ ئويلايتتى.
لېكىن مەمتىلى ئىنتايىن خۇشخۇي ھالىتىنى ساقلاپ يەڭگىل قەدەم ئېلىپ ئەتراپقا بۇگۈنلا كۆرۈپ تۇرغاندەك قىزىقىش بىلەن قاراپ چېكىپ تۇرۇدۇغان قۇرغاق توپىنى كېچىپ كەلمەكتىدى.
نىزامىددىن ئىنىسىنىڭ ئاشۇ خاتىرجەملىك چىقىپ تۇرغان ھەمىشە خۇشخۇيلۇق ۋە قىزغىنلىق يېغىپ تۇرۇدۇغان قىزىل مەڭزىگە قاراپ ئۆزىنىڭ ئەنسىرەشلىرىنى بىھۇدە بوپتۇ دەپ قارىدى. ھەم ئىنىسىنى كىچىك بالا ھېساپلىغىنىدىن ئىچىدە كۈلگۈسى كەلدى.
— بېگىمىزنىڭ ئىسمى نېمىدى، ئاكا؟
— سىدىقبەگ.

— ھە، سىدىقبەگ. بىز سىدىقبەگنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمىنى تاما قىلمايمىز. ئۇ كىشى بىزگە پەقەت ياخشى قاراشتا بولسا پىتنىخورلارغا ھامى بولمىسىلا يېتەرلىك شۇنداققۇ؟

— مېنىڭچە بۇنچىلىك تەلەپ ئۇنىڭغا ئېغىر كەلمەس.

— ھەي، ئاكا، قىزىقكەنسىز، دۇنيادا شۇنداق ئەمەلدارلار بولىدۇكى، ئەسلىدە ئۆزى ئانچىكى بىر كىشى بولسىمۇ، بىراۋ ئۇنىڭ ئالدىغا ياردەم سوراپ بارسا بويى شۇئان ئىككى گەز كۆتۈرۈلىدۇ، ئەرزىمىگىدەك بىر ئىشقىمۇ نېزىقاپ ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق پۇرسەتلەرنى ھەرگىز قولدىن بەرمەيدۇ.

— ئەگەر سېنىمۇ توغلۇق بىلەن سىلكىۋېتىپ ئىشىم ئالدىراش دەپ بويۇن تولغىسا قانداق قىلىسەن؟

— ئاكا، مەن ئۆز ئىززىتىمنى ھاياتىمدىنمۇ ئارتۇق كۆرىمەن، چۈنكى ئىنسانغا ئەڭ زۆرۈر بولغىنى ئۆزىنىڭ قىممىتىنى بىلىش. لېكىن مىللەتنىڭ مۇھىم بىر ئىشىنى يولغا سېلىۋېلىش ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتۇپ پېتىمدىن چۈشۈشكە؛ بىزگە كېرەكلىك ئادەملەر ئەسلىدە ئېشەكتىنمۇ پەس نېمىلەر بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭغا يېلىنىشقا رازىمەن. ئەگەر شەخسى مۇناسىۋەتتە بولىدىغان بولسا مەندىن بۇنىڭغا ئېرىشىش مۇمكىن ئەمەس. نېمە ئامال، قاتتىق بويۇنلۇق قىلىش بىلەن ئىشنىڭ ئاقمايدۇ. سەئىدى ئېيتقان «پىتنە قوزغايدىغان راست گەپتىن ياخشىلىق يەتكۈزىدىغان يالغان گەپ ئەۋزەل» شۇنىڭدەك خاسىيەتلىك ئىش ئۈچۈن ئىززىتىمدىن چۈشسەممۇ مەيلى - دە.

«ۋاي جېنىم ئۇكامەي!» دېدى نىزامىددىن ئىچىدە ئىنىسىنىڭ كالتە بۇرۇتى ئۆزىگە ياراشقان شوخلۇق يېغىپ تۇرغان چىرايىغا قاراپ.

— ئاكا بىز ھەر قايسى يۇرتلاردىكى بايلارنىڭ ئۆيىگە بېرىشتا ئاۋۋال سىز تونۇشىدىغانلارنىڭكىگە كىرەيلى. «بىسمىللا» دېمەيلا تۇمشۇقۇمغا يەيدىغان ئىش بولۇپ «ئەتتىگەندە نېمە يېسەڭ كەچكىچە شۇ» بولمىسۇن.

— ماقۇل، — دېدى خىيال بىلەن كېتىۋاتقان نىزامىددىن

ئىنىسىنىڭ گېپىنىڭ مەزمۇنى كاللىسىغا كىرمىگەن بولسىمۇ ئۇ تەۋپىقنىڭ ھەم سەمىمىيلىك ھەم شوخلۇق يېغىپ تۇرغان ئىلتىماسىغا جاۋاب بېرىشنىلا مەخسەت قىلغانىدى، — مەن ساڭا قىلىشىپ بېرەلىگۈدەك ئىش بولسىلا ھەممىسىنى تاپىلا، جىمى ئىشقا ئۆزەڭ يۈگرەپ يۈرسەڭمۇ ئۈزۈلۈپ قالىسەن.

— كۆيۈنگىنىڭىز ئۈچۈن رەھمەت. لېكىن مېنى خىجىل قىلىپ، مەندىن ئانىلارچە ئەنسىرەۋېرىشىڭىزنى قويۇڭ، جاپا چەكسەم نېمە بولاتتى؟ مەن مۇشۇ جاپانى چېكىش ئۈچۈن قالدىمغۇ؟ قانچىلىك جاپا چەككەن بولسام ھەممىسى مۇشۇ ئىش ئۈچۈنغۇ؟ ئانا ئاچچىق تولغاق يېگىنى ئۈچۈن بالىدىن ئاغرىنمايدىغۇ؟

— ئانام بىلەن دادام رەھمىتى سېنى ماڭا تاپىلىغان...

— ھېلىمۇ سىز ماڭا ئانا ھەم دادا بولۇپ كۆيۈنۈۋاتىسىز.

— ھېلىقى قەشقەردىن ئېلىپ كەلگەن كىتابنى تەرجىمە قىلىدىغان گەپنى قىلىۋاتامتىڭ؟ شۇنداق قىلىدىغان بولساڭ مەن ساڭا ئاققا كۆچۈرۈشۈپ بېرەي. قانداق؟

تەۋپىق ئاكىسىغا چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن قاراپ قويۇپ، ئۈنچىقمىدى.

ئۇلار گەپ بىلەن بولۇپ بىلىنمەيلا ئىككى ساي بىلەن تىبجەن يېزىسىدىن ئۆتۈپ قىران دەرياسىنىڭ قورۇق ئېقىنى بويىغا جايلاشقان بازارغا[1] يېتىپ كەلدى. بەگنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلگەندە چۈشتىن سەل ئۆتكەنىدى. سىدىقبەگنىڭ ھويلىسىدا يوغان بىر تۇپ رېدە كەڭ يېيىلىپ، پۈتۈن ھويلىغا دېگۈدەك سايە تاشلاپ تۇراتتى. رېدە تۈۋىدە يوغان بىر چاسا تاش قويۇلغان بولۇپ ئۈنىڭدا سالقىنلاپ ئولتۇرۇشقا بولاتتى.

بۇ چاغدا سىدىقبەگ ئائىلىسىدىكىلەر يېڭىلا چۈشلۈك تاماق يەپ بولۇشقانىدى.

— ئىتىڭلار ھېرىپ قاپتۇ، — دېدى ئېگىز ۋە بەستلىك كەلگەن بەگ چاقىرىلمىغان مېھمانلارغا دەرپەردىلەر بىلەن خىرلەشتۈرۈلگەن سۆرۈن

---

[1] ئۆتمۈشتە ئاتۇش بازىرى ھازىرقى مەشھەد يېزىسىدا ئىدى، — ئا.

مېھمانخانىنىڭ تۆرىدىن جاي كۆرسىتىپ.

ئۆيدە سىدىقبەگنىڭ ئايالى ۋە بىر ياش چوكان بارىدى. سىدىقبەگ كىچىكىدىنلا شۆتاڭ[1]دا ئوقۇغان بولغاچقا ئۇنىڭ ئائىلىسىدە كونا قائىدىلەرگە ئانچە ئەمەل قىلىپ كەتمەيتتى، شۇڭا ئاياللارمۇ يات ئەركەكلەردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ ئولتۇرمايدىغاندەك قىلاتتى. ياش چوكان مېھمانلارغا بىر ئاز ئېگىلىپ، ئۈنسىز سالام قىلغاندىن كېيىن باشقا ئۆيگە چىقىپ كەتتى، ئەمما چوڭراق ئايال(بەگنىڭ ئايالى بولسا كېرەك) قىلىۋەردى. بۇ ھال ئۆي ئىگىلىرىنى مالال قىلىپ قويىمىزمىكىن دەپ ئەندىشىدە تۇرغان مېھمانلارنى خېلى يېنىكلەشتۈردى.

— ئاكا، — دېدى مەمتىلى ئەپەندى سورۇننىڭ قاتماللىشىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، سۆھبەتكە يېنىكلىك بېرىش ئۈچۈن، ئادىتى بويىچە، دادىللىق بىلەن، — بىزنى تونۇشتۇرۇپ قويمامسىزغۇ؟

نىزامىددىن دەسلەپ ئىنىسىنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن بەگنىڭ ئالدىدا ئەدەپتىن چىقىپ كەتكەنلىك بولۇپ قالارمىكىن دەپ سەل ئارسالدى بولغانىدى، ئويلىمىغان يەردىن سىدىقبەگ مەمتىلىنى قوللاپ چىقتى.

— مەدەنىيەتلىك ئەللەردە ئەڭ ئەۋەل ئۆز-ئارا تونۇشتۇرۇش ياكى ئۆز-ئۆزىنى تونۇشتۇرۇش بولىدىكەن. بۇ قورۇنۇشنى ئازايتىپ، چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ياخشى ئادەت.

نىزامىددىن بەگنىڭ بۇ گېپىدىن روھلىنىپ:

— مانا مۇشۇ كىشى سەن تونۇشماقچى بولغان سىدىقبەگ، بۇ مەزلۇم بەگنىڭ ئايالى قۇرەيش خېنىم،... — نىزامىددىن ھېلىقى چىقىپ

---

[1] شۆتاڭ — 学堂 — ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى ئاياغلاشقاندىن كېيىن چىڭ ھۆكۈمىتى ھاكىمىيەت ئىشلىرىدا ئىشلىتىش ئېھتىياجى ئۈچۈن يەرلىك خەلق بالىلىرىدىن بىر قىسمىنى خەنزۇچە ئوقۇتۇش ئۈچۈن ئاچقان مەكتەپ. بۇ مەكتەپكە بالا بېرىشنى خەلق خالىمايدىغان بولغاچقا ئالۋان تەرىقىسىدە مەجبۇرىي ئېلىناتتى، شۇڭا كۆپىنچە چىڭ ھۆكۈمىتىگە ئىشلەيدىغان كىچىك ئەمەلدارلارنىڭ بالىلىرى تەلەپ قىلىناتتى. ئەمەلدارلار ئۆزلىرىنىڭ بالىلىرىنى بۇ ئالۋاڭدىن قاچۇرۇش ئۈچۈن بىرەر يېتىم-يېسىر ياكى بىرەر كەمبەغەلنىڭ بالىسىنى ئۆز بالىسى ئورنىغا سەپلەيتتى، — ئا.

كەتكەن چىرايلىق نەۋ جوۋاننى تونىمايتى، شۇڭا تۇرۇپ قالدى.

— ئۇ مېنىڭ ئاكام ماموتهاجىنىڭ قىزى، ئىسمى مەلىكىزاد، — دېدى قۇرەيش خېنىم. بەگنىڭ خانىمى ئۇچىسىغا خەنزۇ تەتەيلەرنىڭ كىيملىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان، ئادەتتە ئانچە ئومۇملاشمىغان بىر خىل كىيىملەرنى كىيىۋالغان بولۇپ ئاقسۆڭەكلىك خاراكتېرى روشەن بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭدا ئەمەلدارنىڭ خېنىملىرىدا بولۇدۇغان تەكەببۇرلۇق بار بولسىمۇ. مەدەنى مۇئامىلىسى ئىچىدە بىلىنمىگۇدەك دەرىجىدە سىلىق ئىپادىلىنىپ تۇراتتى، — ئۇ سىڭلىم ئۆيدە زېرىكىپ ماڭا بىر زامان ھەمراھ بولۇشقا كەپتىكەن، — دەپ قوشۇپ قويدى قۇرەيش خېنىم.

بايا مەلىكىزادنىڭ قەشقەر قىزلىرىغا خاس سۇزۇك يۈزلىرىدە چاقناپ تۇرغان بولاق كۆزى بىلەن بىردەقىقە ئۇچرۇشۇش نەتىجىسىدە قىزىرىپ كەتكەن مەمتىلى ئەپەندى، قۇرەيش خېنىمنىڭ سۆزىدىن كېيىن سەل يۈرىكى ئارامىغا چۈشكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

— بۇ مېنىڭ ئىنىم، مەمتىلى، تۈركىيىدە ئوقۇپ يېقىندا قايتىپ كەلدى، — دېدى نىزامىددىن تونۇشتۇرۇشنىڭ ئاخىرىنى ئۇلاپ.

ساھىپخان بىلەن مېھمانلار ئۆز- ئارا تونۇشقاندىن كېيىن ھەر ئىككى تەرەپ ئۆزلىرىنى يېنىكلەشكەندەك ئازادە ھېس قىلدى. مېھمانلار شۇ زاماننىڭ شەھەر مودىسىدا ھەم مەلۇم جەھەتلەردىن خەنزۇلارنىڭ ئادەتلىرىگە ئوخشۇتىپراق ياسالغان ئۆيگە يەنە بىر قېتىم ئوبدانراق نەزەر سېلىپ چىقىشتى. مەمتىلى ئەپەندى سۆھبەتدىشىغا تۇيدۇرماي قاراپ، ئۇنىڭ مىجەزىنى مۆلچەرلەپ چىقىشقىمۇ ئۈلگۈردى. ئومۇمەن بەگنىڭ ۋۇجۇدىدا ئەمەلدارلىق قېنى يوقتەك، ئەمىلىگە نىسبەتەن كىبىرسىز كۆرۈنەتتى. ئۇ زامانلاردا ئىككى خىل يول بىلەن خەنزۇچە ئوقۇپ قالاتتى: بىرى، ھۆكۈمەتتە ئىشلەيدىغانلارنىڭ بالىلىرى، يەنە بىرى «شۆتاڭغا بالا بېرىش» ئالۋىڭى يۈز بېشىلارغا چۈشكەندە بايلار ئۆز بالىلىرىنىڭ ئورنىغا كەمبىغەلنىڭ بالىلىرىنى سېتىۋېلىپ ئەۋەتىپ بېرەتتى. مەمتىلى ئەپەندى بەگنى كېيىنكى خىلغا مەنسۇپمىكىن دەپ پەرەز قىلدى. بىراق

www.uyghurkitap.com

يېڭىشەرلىك بۇ ئادەمنىڭ ئۆتمۈشى كۆپ ئادەملەر ئۈچۈن قاراڭغۇ ئىدى.

رەسمىيەت سۆزلىرى ئاخىرلىشىپ ئەسلى مەخسەت ھەققىدە سۆز باشلاشتىن ئاۋالقى ئاشۇ بىر نەچچە مىنۇت ئىچىدە يۇقارقى كۈزۈتۈش ۋە خىياللارنى قىلىپ ئۈلگۈرگەن تەۋپىق ئىختىيارسىز ھالدا ئۇ ياقتىكى ئۆينىڭ ئىشكى ئۇدۇلىدىن لىپ قىلىپ ئۆتكەن مەلىكىزادىنىڭ كۆزلىرى بىلەن يەنە بىر قېتىم ئۇچرىشىپ قالدى ھەم شۇئان ئۇنتۇلۇشقا باشلىغان ئاللىقانداق بىر نەرسە پۈتۈن تېنى بويلاپ باش كۆتەردى ۋە يۈرىكى شىددەت بىلەن سېلىپ كەتتى. پىسخولوگىيىدە سۆزلىنىدىغان ۋاستىلىك تەپەككۇرغا ئوخشاش تەۋپىقنىڭ يۈرىكىدە كونا بىر جاراھەتنىڭ قەقچىنى تاتىلىۋەتكەندەك ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ مەلىكىزادىنىڭ كۆزلىرىدىكى نۇرنىڭ بىردە سەرۋەرگە، بىردە ئەدىبەگە ئوخشاپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى ھەم تەخىرسىز سېغىنىش ئۇنى قىستاپ كېلىۋەردى ئۇ قىزنىڭ تونۇشتەكلا ئۇزاق قارىشىدىن قاچاندۇر بىر چاغدا ئۇزاق بىللە بولۇپ كېيىن ئايرىلىپ كەتكەندەك تۇيغۇغا كەلدى. بۇ راست شۇنداقمۇ؟ ياكى خىيالمۇ؟ ئۇ ئۆزىمۇ گاڭگىراپ كەتتى. قىزمۇ مېھمانغا ئەتەي كۈرۈنمەكچى بولغاندەك ئۇدۇلىدىن ئۆتۈپ قالغىنى ئۈچۈن خىجىل بولغان بولۇشى كېرەك، شەلپەردەك قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ مەڭزىگە قىزىللىق تەپكەن ئاشۇ مىنۇتنىڭ ئۆزىدە مەمتىلى سەرۋەرنى كۆرگەندەك بولدى...

كۆز يۇمۇپ ئېچقۇچىلىك ئارىلىقتا بولۇپ ئۆتكەن بۇ خىيالىي كەچمىش ئۇنىڭغا بىر ئۆمۈر ھىكايىسىدەك ئۇزاق بىلىنىپ كەتكەچكە، كىشىلەر ئالدىدا تازىمۇ سەت ئىش قىلغاندەك بىلىنەر- بىلىنمەس سىلكىنىپ كەتتى. ئۇ بۇنداق جان قىيىنغۇچى خىياللاردىن ئۆزىنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن سۆھبەتنى باشلاشقا ئالدىراپ بەگ تەرەپكە يۈزلەندى.

— سىزنى ئىزدەشكە مەجبۇر قىلغان ئازراق ھاجەت بىلەن ئىلتىماسىمىز بار، بۇ ئىش ئۈچۈن چۈشلۈك ئارامىڭىزنى بۇزغىنىمىز ئۈچۈن ئۆزرىلۈكمىز، — دەپ باشلىدى ئۇ مۇلايىم، شۇنداقلا كىشىلەرگە تەسىر قىلغۇچى ئاھاڭدا، — مەن تۈركىيىدە ئوقۇدۇم مەخسىدىم: خوراپات،

جاھالەتنىڭ پاتقىقىغا پاتقان مىللىتىم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىدى. ئەمدى ئاشۇ مۇددىئايىمنى ئىشقا ئاشۇرۇش ۋاقتى كەلدى، ــ ئۇ قورەيش خېنىم راستلاپ چىققان داستىخاندىن پىيالىنى قولىغا ئېلىپ چايدىن بىر ئوتلىدى. مۇشۇ پۇرسەتتە سىدىقبەگ سوئال قويدى:

ــ قانداق قىلماقچى بولۇۋاتىلا؟ ــ بۇ سوئاللار سۆھبەتنىڭ مەخسەتكە يېقىنلىشىشىنى تېزلەتتى.

ــ مەكتەپ ئاچماقچىمەن، ــ مەمتىلى ئەپەندى قىسقا پائۇزا ئارىلىقىدا بەگنىڭ چىرايىغا سەپ سېلىپ ئۇنىڭ بەستىلىك گەۋدىسىگە مۇناسىپ يوغان يۈزىدىن كۆز قارىشىنى بىلىۋېلىشقا تىرىشتى. بىراق بۇ قىرىق ياشلاردىن ھالقىغان بەگ ئۆزىنى يىللىق خىزمەت جەريانىدا ئىچكى كەچۈرمىشلىرىنى بىلىندۈرمەسلىككە ئادەتلەنگەچكە، ئۇ مەلۇم پەرەزگە كېلەلمىدى. شۇڭا ئۇ بەگنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش مەخسىتىدە ئورۇنۇپ گەپ باشلىدى، ــ بەلكىم نېمە ئۈچۈن بۇ يولنى تاللىۋالغانلىقىمنى سورارسىز. مېنىڭچە ئاقارتىش ــ بىزنىڭ بەختسىز مىللىتىمىز ئۈچۈن ئەڭ زۆرۈر. خىزمەتلەرنىڭمۇ ئۇلۇغى! يەنە شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇنداق قارارغا كەلدىمكى، ــ دېدى تەۋپىق ئاۋازىنى پەسەيتىپ مۇڭلۇنۇش ئاھاڭىدا، ــ مەن نۇرغۇن ئەللەرنى كەزدىم كەمسىتىش ۋە پەس كۆرۈشلەرگە ئۇچرىدىم. ھازىر ئوتتۇرا ئەسىر قالاقلىقىغا پاتقىنىچە قېلىۋاتقان، قالاقلىق جەھەتتە جانلىق ئاسارە- ئەتىقە بولۇپ قېلىۋاتقان، ئەللەتكە تولغان بەختسىز مىللەتنىڭ بىرى ــ بىزنىڭ ئۇيغۇركەن. ئەگەر بىر مېھرىبان ئاتا يۈز- كۆزىنى يارا باسقان بالىسىنى باشقىلارنىڭ چىرايلىق بالىلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ ئۆز بالىسىنىڭ لاتاپىتى، ساقلىقى ۋە تەقدىرى ھەققىدە ئويلاپ يۈرىكى ئېچىشمىسا ئۇنى قانداقمۇ ئاتا دېگىلى بولىدۇ؟ ئەگەر بىر ئوغۇل كېسەل قوچىقىدا ئىڭراپ ياتقان ئانىسىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، قولىدىن كېلىدىغان خىزمىتىنى قىلمىسا ئۇنى قانداقمۇ ساداقەتمەن ئوغۇل دېگىلى بولسۇن؟ چىن ئىنسان بىلەن مەخلۇق باشقا- باشقا نەرسە- دە ... دېمەك، مەن بۇ كېسەلچان ئانىنى داۋالاشقا ھېچ بولمىسا ئۇنىڭ ئازابىنى ئېلگىرىكىدىن يېنىكلەشتۈرۈشكە

ئۆزۈمنى بېغىشلىدىم، ــ تەۋپىق سۆزلىگەنسېرى ئۆزىنىڭ بىر ئەمەلداردىن ياردەم سوراپ كەلگەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك، بەلكى نەچچە مىڭ كىشىلىك يىغىن زالىدا نوتۇق سۆزلەۋاتقاندەك بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ «نۇتقى» ئالدىن تەييارلىۋالغان سۇنئىي گەپلەر ئەمەسىدى. بۇلار شۇ دەمنىڭ ئۆزىدە ئۇنىڭ يۈرەك قېتىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان چىن قەلبىنىڭ مېۋىلىرى ئىدى. ئۇ ھېسسىيات تولۇپارنى يۈگەنلەپ مەخسەتكە قايتىپ كەلدى، ــ مەن بۇ مەخسەتنى سىزگە ئالدىن ئېيتىشنى توغرا تاپتىم. ئۇمىدىم سىزنىڭ قوللىشىڭىزغا ئېرىشىش، ھېچ بولمىسا مۇتئەسسىپ كۈچلەر تەرەپتە تۇرماسلىقىڭىزنى قولغا كەلتۈرۈش. چۈنكى پەرەز قىلىشىچە بولۇدۇكى، بۇنداق قالاق بىر مۇھىتتا مەن قىلماقچى بولغان ئىش جىددىي قارشىلىققا ئۇچرىماي قالمايدۇ. ھەرقانداق يېڭىلىق تەشەببۇسچىسىنى كىشىلەرنىڭ سارائىڭ دەيدىغانلىقى رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسلىرىدىمۇ بايان قىلىنغان. شۇنداقلا پەيغەمبەرلەرمۇ ھەقنى يەتكۈزگىنى ئۈچۈن ئەزىيەت تارتقان، خورلانغان، يۇرتلىرىدىن ھەيدەپ چىقىرىلغان، ھەتتا ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن. دېمەك، ھەقنى سۆزلەش ھامان دۈشمەنلىككە ئۇچراش مۇشۇ دۇنيانىڭ بىر مەنتىقىسى.

ــ ياخشى گەپكەن،ــ دېدى سىدىقبەگ ئىپادىسىز چىرايى بىلەن ھەم مېھمانلارنىڭ ئالدىدىكى پىيالىلارغا چاي قۇيغاچ ئۆز پىكىرلىرىنى تەرتىپكە سېلىۋېلىشقا پۇرسەت تېپىپ، ــ بەلكىم بۇ ئىشنىڭ ئەمەلىي پىلانىنى پىشۇرۇپ قويغانلا؟

ــ پىششىق دېيىشكە بولمىسىمۇ ھەر ھالدا پىلان بار، ــ دېدى مەمتىلى ئەپەندى بۇ ئۆيگە كىرگەن چاغدىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ ئىشەنچكە تولغان، دادىللاشقان ھالدا.

ــ ماڭا ئېيتىشقا بولامدۇ؟

ــ بولمايدىغان نېمىسى بار؟ بەربىر كېچىسى قىلىدىغان يوشۇرۇن ئىش ئەمەسقۇ. مەن يالغۇز بولغانلىقىم ئۈچۈن بىردىنلا ھەممە كەنتلەردە مەكتەپ تەسىس قىلىپ كېتەلمەيمەن، لېكىن ئەڭ ئەۋەل بىر دارىلمۇئەللىمىن ئېچىپ مۇئەللىملەر قوشۇنىنى بارلىققا كەلتۈرۈش

تامامەن مۇمكىن. بۇلار ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ھەر بىر كەنتتە مەكتەپ ئېچىپ كېتەلەيمىز. ئەمما بۇ مۇئەللىملەرنى تەربىيلەش بىلەن بىرلا ۋاقىتتا كەنتلەردە مەكتەپ قورۇلۇشىنى سېلىشنى ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ. بولمىسا مۇئەللىملەر ئوقۇش پۈتتۈرۈپ چىققاندا خىزمەت قىلىدىغان مەكتەپ يوق ۋاقىت بىھۇدە ئۆتىدۇ. ئۇلارنىڭ كۈتۈپ تۇرىشىغا توغرا كېلىپ ۋاقىت زايا كېتىدۇ. ۋاقىتنى زايا قىلماسلىق ئۈچۈن مەكتەپ قورۇلۇشىنى جەزمەن ئوقۇش پۈتتۈرۈشكە ئۈلگۈرتۈش كېرەك.

بۇ ناھايىتى مۇشكۈل ئىش ئىدى. بىر تەرەپتە ئاشۇلار ئوقۇش پۈتتۈرگەن ھامانلا بېرىپ خىزمەت قىلىدىغان مەكتەپلەرنى بەرپا قىلىش ھەتتا بۇلارنى بىر- بىرىگە پۈتلاشتۇرماي ئورۇنداش تولىمۇ قىيىن، ھەتتا بىر ئادەم ئۈچۈن زادىلا مۇمكىن بولمايدىغان ئىشىدى. شۇڭا سىدىقبەگ بۇلارنىڭ ئېغىزدا دېگەندەكلا ئاسان بولۇپ كېتىشىگە ئىشەنچ قىلالماي، مەسخىرىگىمۇ ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل تەلەپپۇزدا :

— ھەر ھالدا ياخشى خىيال ئىكەن، — دېدى مېيىقىدا كۈلۈپ ھەم مەتىللى ئەپەندىنىڭ ئاۋازى ۋە چىرايىدا ئىپادىلىنىپ تۇرغان يوشۇرۇن كۈچ ئۈنى مەسخىرىدىن چەكلىگەچكە، دەرھال كۆڭۈل ياساش تەلەپپۇزىدا قوشۇپ قويدى، — سىلىدە مۇشۇنداق قىلىپ كېتىشكە ئىشەنچ بارمۇ؟

— مېنىڭ ئۆزۈم قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار جەھەتىدىن ئېيتقاندا، مەندە ئەلۋەتتە بۇنداق ئىشەنچ بار. لېكىن بۇ نىيەتنىڭ ئىشقا ئېشىش ئاشماسلىقى قوللىغۇچىلارغىمۇ باغلىق.

— ئىقتىسادىي مەنبە بارمۇ؟

— كۆزدە تۇتۇۋاتقىنىمنىڭ بىرسى شۇ. بۇنى ئىئانە توپلاش ئارقىلىق ھەل قىلماقچى بولۇۋاتىمەن. ھازىرغىچە ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرىمنىڭ نەتىجىسىدىن قارىغاندا ئىقتىسادىي تايانچلارنى تېپىش تامامەن مۇمكىن.

— دارىلمۇئەللىمىننى قەيەردە ئاچماقچى بولۇۋاتىلا؟

— بازاردا ئورۇن بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئوگرۇقتىكى مەدرىسىنى سورىۋالدۇق.

— بازاردا بولسا تەسىرى ياخشىراق بولاتتى.
— مەنمۇ شۇنداق ئويلىغان، بىراق بولمىدى.
— يۇقىرىقى پىلانلىرى راستىنلا ئىشقا ئاشىدىغان بولسا دارىلمۇئەللىمىن ئوقۇش پۈتتۈرگىچە بازاردا بىر مەكتەپ سېلىش مۇمكىن. مەن سىلەرگە قومباغلىق ئابدۇراخمانھاجى بىلەن سۆزلۇشۇپ تەلەي سىناپ بېقىشنى مەسلىھەت بېرىمەن. قانداقلا بولمىسۇن شە كۆرگەن ئادەم، ئۆزىمۇ توشقان باي. مەكتەپ تەييار بولۇپ ئوقۇ- ئوقۇتۇش يېرىم يولدا توختاپ قالمىسىلا...
مەمتىلى ئەپەندى ئۇنىڭ ئىشەنمەسلىك تەلەپپۇزىدىكى ئاخىرقى سۆزلىرىگە ئېتىۋار قىلماي ئابدۇراخمانھاجى ھەققىدىكى ئۇچۇرنى كوچىلىدى:
— مەسلىھەتلىرىڭىز ئۇچۇن رەھمەت. سىز مۇنداق دېيىشتە بىرەر نەرسىگە ئاساسلىنىۋاتامسىز ياكى شۇ كىشى باي بولغاچقىلا كۆرۈشۈش كېرەكمۇ؟
— مەن ئۇ ئادەمنى يېڭىلىققا ئىنتىلىدىغان كۆرىمەن، ھەم ئۆزى تەقۋادار، خەير ئىشلىرىغا قولى ئوچۇق، شۇڭا.
— سىز ئۆزىڭىزنىڭ مەيدانى ھەققىدە بىر نېمە دېمىدىڭىزغۇ؟ — مەمتىلى ئەپەندى خۇشخۇي كۈلۈمسىرەپ تۇرسىمۇ پىسخىكا جەھەتتىن بېسىم ئىشلىتىش كەيپىياتىدا سورىدى (ئۇنىڭدا مۇشۇنداق تۇغما ئىقتىدار باردى)
بۇ ھال نىزامىددىننى بىر ئاز سەراسىمىگە سېلىپ قويىدى مەمتىلى بولسا ئىنتايىن خاتىرجەم كۆرىنەتتى.
— مەن سىلىگە نېمە دەيمەن؟ مېنىڭ بۇ ھەقتىكى تەسىراتىم سىلىنىڭكى بىلەن ئوخشاش. مېنى بايلار سېتىۋېلىشىپ شۇتاڭغا بەرگەن، كىچىكىمدىن تاتىپلا باشقا مىللەتلەر ئارىسىدا ئۆستۇم، مىللىي خورلۇققا ئەڭ كۆپ ۋە ئەڭ ئۇزۇل- كېسەل ئۇچرىغانلارنىڭ بىرىمەن. مىللەتنىڭ قالاق ۋە مەدەنىيەتسىز بولۇشى بىر خىل لەنەت تامغىسى. خۇددى بىر يېرىدە ئەيىۋى بار ئادەملەردە بىر خىل تىل قىسىنچىلىق،

www.uyghurkitap.com

جۇرئەتسىزلىك، قورۇنۇش ھېسياتى بولغاندەك، قالاق مىللەت ئەزالىرى ھامان ئۆزىنى باشقىلار ئالدىدا ئاجىز ۋە مەھكۇم ھېس قىلىدىغان گەپ. كىمىمۇ ئۆز مىللىتىنىڭ خورلۇق ئىچىدە ئۆتۈشىنى خالىسۇن؟ — سىدىقبەگ بىردەم سۈكۈتتىن كېيىن خىجىللىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ، — كېيىن ھۆكۈمەت نېمە دەپ قارايدۇ، يۇقۇرىنىڭ رايىنى بىلمەي تۇرۇپلا ئاشكارە ئوتتۇرىغا چىقالمايمەن. ئەمما مۇتئەسسىپلەر سېپىگە قوشۇلماسلىق ئۆلارنىڭ پىتنىلىرىگە قۇلاق سالماسلىقتا ۋەدە بېرەلەيمەن، — قاچانكى يوقۇرىنىڭ رايىدا ياخشى تەرەپكە سەللا مايىللىق كۆرۈلسە مەن سىلى تەرەپتە ھازىر بولىمەن.

تەۋپىق خوشاللىقىدىن سەكرىۋەتكىلى تاس قالدى. ھاياجانلانغان ھالدا:

— رەھمەت سىزگە! ھازىرچە ماڭا كېرىكىمۇ پەقەت شۇلا، مەن ئۆزەمنىڭ قانداق ئىجتىمائىي شارائىتتا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىمنى چۈشىنىمەن. خەلق قالاق، دىنىي كۈچلەر تولىمۇ مۇتئەسسىپ. ئەگەر قارشى كۈچلەر ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ ئازراقلا مايىللىقىنى قولغا كەلتۈرىۋالسا ئىككى ھەسسە ئەدەپ كېتىشى تۇرغان گەپىدى. ئەمدى ئۆلار سىزنى ئارامىڭىزدا قويماسلىقى مۇمكىن؛ جەزمەن تومۇرىڭىزنى تۇتۇپ باقىدۇ، قوللىشىڭىزنى تەلەپ قىلىدۇ، قىسقىسى سىزنى تىنجىتمايدۇ.

— بۇ تەرەپلىرىدىن خاتىرجەم بولسىلا مەن سىلىگە ۋەدە بەرگەن ئىكەنمەن ھۆددىسىدىن چىقىشقا مەجبۇرمەن، — سىدىقبەگمۇ يېنىكلەشكەندەك كۈلدى. بىراق ئۇنىڭدا شۇنچە زور ئىشنى بىرلا ئادەمنىڭ قىلىپ كېتەلىشىگە ئىشەنچ ئاز ئىدى، شۇڭا، — خاسىيەتلىك ئىشقا قەدەم قويۇپلا بىراق يالغۇز ئىكەنلا... ھېچ بولمىسا بەش كىشى بولغان بولساڭلار... — دەپ قوشۇپ قويدى تۇتۇقراق ئاۋازدا.

مەمتىلى ئەپەندى ئاكىسىغا ئىشارەت قىلىپ ئورنىدىن تۇردى. سدىقبەگنىڭ تەكەللۇپلىرىغا جاۋابەن ئۆزۈر ئېيتىپ خوشلاشتى.

ئۇلار ھويلىغا چىققاندا ئۇزۇتۇپ چىققان سىدىقبەگكە شۇ يەردە تۇرۇپ

قىلىشىنى ئىپتىماق ئۇچۇن ئارقىسىغا بۇرالغان مەمتىلى ھويلا تەرەپكە قارىغان دەرىزىدە كۆرۈنگەن كۆلەڭگىگە قاراپ، دىمەكچى بولغان گېپىنى دەرمەھەل دېيەلمەي بىر سىكىنۇتچە ھايال بولدى. بىراق قۇشۇمىسىنى تۈرۈپ:

— بولدى ئۇزاتماڭ مۇشۇ يەردە قالسىڭىزمۇ بولىدۇ، بىز تېخى سىزنى كۆپ ئاۋارە قىلىمىز، — دېدى ۋە يەنە بىر قېتىم دەرىزىگە كۆزى چۈشتى، تومۇرلىرىغا بىر خىل ئىسسىق ئېقىم يۈگرەپ كېتىپ دەرھال ئاكىسىغا ياندىشىپ دەرۋازىدىن چىقىپ كەتتى.

— خۇداغا شۈكرى، ئۇخۇشلۇق بىرىۋاتامدۇ، نېمە؟ — دېدى نىزامىددىن خوشال ھالدا، ئىككەيلەن بازار كوچىسىغا چىققاندا، — ئىشنىڭ باشلىنىشى خېلى جايىدىغۇ.

— بۇ ئىشنىڭ ساۋابلىق ئىش ئىكەنلىكىنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ - دە، — دېدى ئىنىسى چاقچاقلا ئايلاندۇرۇپ:

— خوش ئەمدى قاياققا؟

— بايا بەگ سايە قىلغان ئابدىراخمانھاجى بىلەن كۆرۈشەيمىكىن، سىز ئۇ كىشىنى تونۇمسىز؟

— سىرتىدىن تونۇيمەن، سالام- سائىتىمىز يوق. ئۇ ئاتمىش ياشلار چامىسىدىكى ئادەم. شىمالدا كۆپ تۇرغان بۇ يەرگە كېلىشتە ئالتايدىن كەلگەن. ئىككى خوتۇنى بار. بىرسى قازاق گۈلجامال دېگەن ئايال؛ يەنە بىرى ئۇيغۇر، ئىسمى بۇۋىسارە. ھەر ئىككى خوتۇنى ھاجىمغا قارىغاندا بىر ھەسسە ياش مېنىڭ بىلىدىغىنىم شۇلا.

— ئۇنداق بولسا سىز ئۇيگە قايتىپ كېتىۋېرىڭ تونۇشمايدىغان خەقنىڭ ئۆيلىرىگە گېزىرىپ كىرىش ئازابىنى مەنلا تارتاي. ئەتە ئەتىگەندە يەنە سىزنى باشلاپ ماڭىمەن.

— ھېچقىسى يوق، بىللە كىرىپ بىللە قايتايلى، — دېدى نىزامىددىن ئىنىسىگە ئىچ ئاغرىتقان ھالدا.

— ياق، ئاكا، مەن بەك كەچ قايتىشىم مۇمكىن بىر بىكار ئۇننى بىكار قىپتۇ دېگەندەك سىزگە قارشىپ بېرەلمىگىنىم يەتمىگەندەك

سىزنىمۇ ئىش قىلدۇرماي ئاۋارە قىلسام بولماس ئۇلاقلىرىڭىز ئاچ قالمىسۇن كېتىڭ. كەتمىسىڭىز خاتىرجەم بولالمايمەن.
نىزامىددىن ئۇنىڭ سۆزلىرىنى رەت قىلىشقا ئامالسىز قېلىپ كېتىشكە ماقۇل بولدى.
مەمتىلى ئەپەندى ئاكىسىنى ماڭدۇرىۋېتىپ ئۆزى قۇمباغ تەرەپكە بۇرالدى.

## 3

نىزامىددىن خۇپتەن نامىزىدىن كىرىپلا يەنە سورىدى:
ــ مەمتىلى قايتىپ كەلمىدىمۇ؟
ــ كەلمىدى، نەلەردە يۈرىدىغاندۇ دەڭا،ــ دېدى زورىخان ئەندىشە ئارىلاش.
ــ ھېلىغىچە كېلىپ قالار، ئورۇن سېلىپ قويۇپ ئۆزەڭ ئىشىڭ بىلەن بول، ئۇخلاۋە مەن بىردەم ئولتۇرىمەن،ــ دېدى نىزامىددىن ئايالىغا.
نىزامىددىن چىراقپاينى شىرە چاقنىڭ تۈۋىگە يېقىن ئەپكېلىپ يېقىندىن بېرى مەمتىلى ئەپەندى قەشقەردىن ئالغاچ كەلگەن كىتابلارنى ئوقۇغاچ ئىنىسىنى كۈتۈپ ئولتۇردى ئۇ ئەنسىرىمەي تۇرالمايتى، يىللار ئەنسىز، بولۇپمۇ بازارنىڭ لۈكچەكلىرى شۇك تۇرغان ئادەمنىمۇ يولسىز ئۇرۇدىغان غەلىتە بېشەم خۇيلۇق ئىدى... ئالاھەزەل بىرەر سائەتتەك ۋاقىت ئۆتكەندە ئاخىر مەمتىلى ئەپەندى كىرىپ كەلدى. باياتىن بېرى ئىنىسىنىڭ ئاز ئۇخلاپ كۆپ پائالىيەت قىلىپ ئۆزىنى ئالدۇرۇپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ ئولتۇرغان نىزامىددىن ئىنىسىنىڭ ھارغىن قىياپىتىگە ئوبدانراق زەڭ سېلىپ قارىۋىدى، مەمتىلىنىڭ كۈلۈپ تۇرغان لېكىن ئىلگىرىكىگە قارىغاندا بىر ئاز قىزىللىقىنى يوقاتقان چىرايى بىلەن ئۇچراشتى.
ــ نەلەردە بولدۇڭ؟ بەك كەچ قالدىڭغۇ؟

— ئابدۇراخمانهاجىنىڭ هوزورىدا بولدۇم.... ئۇ ئادەم دارىلمۇئەللىمىنگە ئىقتىسادىي ياردەم بېرىشكە رازى بولدى هەم ئۆزى پۇل چىقىرىپ بازارغا بىر مەكتەپ سېلىشقا ۋەدە بەردى. ئەمدى 24 كەنتتە 24 مەكتەپ ئاچساق ئۇ يەردە ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەرنى بازاردا. رۈشتىيى[1] مەكتەپتە تەربىيىلەيمىز. شارائىتى يار بېرىدىغانلارنى چەتكە چىقىرىمىز. ئۇلار ئوقۇپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن تېخىمۇ چوڭراق مەكتەپ قۇرىمىز. ئىشقىلىپ، ئاكا، بىزگە قىلىدىغان ئىش ئاز ئەمەس، — دېدى تەۋپىق قىن- قېنىغا پاتمىغان هالدا گويا چوڭ بىر خۇشاللىق ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرغان بالىدەك خۇشال بولۇپ. ئەمما هارغىنلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

— ئابدۇراخمانهاجىنىڭ ئۆيىدىلا شۇنچە ئۇزاق ئولتۇردۇڭمۇ؟

— ياق، يەنە بىر نەچچەيلەننىڭ ئۆيىگە كىردىم قۇتلۇقهاجىم، ئابدىكىرىماخۇن خەلپىتىم، مۇپتاخۇنۇم، مىرەخمەت غوجاملارنىڭ ئۆيىدە سۆهبەتتە بولدۇق. ئەسلىدە قازاخۇنۇم هابۇلهاجىمنىڭكىگە هەم كىرەي دېۋىدىم، ئابدۇراخمانهاجىم ئۇنىمىدى. كىرگەننىڭ پايدىسى يوق، ئۇ ئادەمدىن باشقا نەرسىنى كۈتۈك دەيدۇ. قارىغاندا رەقىبىمىزمۇ ئانچە بوش ئادەملەردىن ئەمەس ئوخشايدۇ. ئەمما مەن ئۇنىمۇ قايىل قىلىشقا ئۇرۇنۇمەن. ئىشقىلىپ، ئاكا، بىزگە ئىقتىسادىي جەهەتتىن غەم قىلىشنىڭ هاجىتى قالمىدى، مەكتەپمۇ تەييار، ئەمدى دارىلمۇئەللىمىنى ئاچساقلا بولىدۇ. بۇندىن كېيىنكى يىلىمىز 24 كەنتتە مەكتەپ بىنا قىلىش ئۈچۈن بولىدۇ.

— هەر هالدا ئالدىڭ ئوچۇق ئوخشايدۇ، ئۇكام، ئەتە يەنە ئۇيەر - بۇيەرگە بارىمەن دەۋاتىسەن ئەمدى ئارام ئال.

— سىز ئۇخلاۋېرىڭ ئاكا، بۈگۈن كەيپىم ئىنتايىن ياخشى «تۈرك تىلى دىۋانى» دىن بىر نەچچە بەت تەرجىمە قىلاي، شەۋقىگە كېلەر قىتىم

[1] رۈشتىيە — تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ دەرىجىسىگە تەڭ مەكتەپ (ئەسلى ئەرەپچىدىن، تۈركچە — rüştiye)، ئۇيغۇرچىدا «رۈشتى» شەكلىدە قوللىنىلغان، — ئا.

www.uyghurkitap.com

كىرىشىمدە كىرىش سۆز قىسمىنى ئالغاچ كېلىمەن دەپ ۋەدە بېرىپ قويۇپتىكەنمەن.

ــ ئۇكام، يازنىڭ قىسقا تۈنىدە قانچىلىك ئۇخلايسەن؟ ئىش سېلىككەندە كۈندۈزى قىلساڭمۇ بولىدىغۇ.

ــ هايات دېگەن شۇ ئاكا. قىزغىن، جىددى ياشىساڭ جىددى ئۆتىدۇ؛ بوش ـ بىكار، ئويناپ ياشىساڭ ئۇنداق ئۆتىدۇ. ئىشقىلىپ ياشىغۇچىنىڭ ئىختىيارىغا باغلىق. (ئەمما بىلىسىزغۇ، هاياتنىڭ سورىقى بار، بىر تىنىق ئۈچۈن ئىككى سوراق...) مېنىڭ هاياتىم مانا شۇ. جىددىيلىك بىلەن تولغان. ئۆزەمنىڭ تاللىغىنى شۇ تۇرسا نېمە ئامال؟ بۈگۈن چوقۇم بىر ئاز ئىشلەيمەن.

ــ بوپتۇ، ئەمىسە مەن ساڭا كۆچۈرۈشۈپ بېرەي.

ــ نىزامىددىن ئۇنىڭ جاپاسىغا شېرىك بولماقچى بولدى.

ــ رەهمەت ئاكا، بىراق، بۈگۈن تېخى بەك بالدۇر. مەن تەرجىمە قىلغانلىرىمنى قايتا سېلىشتۇرۇشۇم، تۈزۈتۈپ چىقىشىم كېرەك. مۇنداق قىلايلى، مەن كىرىش سۆز قىسمىنى پۈتتۈرۈپ بولغاندا جەزمەن سىزنى خىزمەتكە سالاي، ئۇنىڭدىن كېيىن مەن يېڭى بىر بۆلۈكنى تەرجىمە قىلغۇچە سىز كۆچۈرۈپ ماڭسىڭىز، شۇنداق قىلىپ سىزنىڭ ئىشىڭىزنىڭمۇ ئايىقى ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ.

نىزامىددىن ئىنىسىدىن سەل نارازى بولغان بولسىمۇ، لېكىن يەنە تالىشىپ ئولتۇرماي، ئۆزى ئۇخلاۋېرىشكە مەجبۇر بولدى. بىراق ئۇنىڭمۇ ئۇيقۇسى قاچتى. ئۇ ئىنىسىنىڭ چېكىسىنى تۇتۇپ دەممۇ ـ دەم ئولتۇرۇپ كېتىشلىرىگە يەنە تېز ـ تېز يېزىپ كېتىشىگە ۋە يەنە بىر كەمدە ئورنىدىن تۇرۇپ كېرىلىشىگە قاراپ جىم ـ جىت ياتتى.

ئۇخلىماي ياتقان ئادەمگە تۈن بەك ئۇزاق بىلىنىدىغان بولسىمۇ نىزامىددىنغا ۋاقىت بەك تېز كېتىۋاتقاندەك هېلىلا تاڭ ئېتىپ كېتىپ، ئىنىمىسىز ئىنىسى ئۇخلىيالماي قالىدىغاندەك تويۇلۇپ، ۋاقىتنىڭ توختاپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى، تالادىكى شەپىلەرگە قۇلاق سالاتتى.

... نىھايەت، يىراق بىر جايدا توخۇنىڭ سوزۇپ چىللىغان ئاۋازى

ئاڭلانغاندا ئىزامىددىن ئۆزىچە پۇچۇلۇنۇپ ئازاپلىنىپ كېتىۋاتاتتى. مەمتىلى ئۇنىڭ مېھرىبان كۆڭلىنى چۇشەنگەندەك قەلەمنى قويۇپ، ئۇخلاشقا ياتتى، شۇنداقلا ئىزامىددىن يېنىك بىر تىنىدى. ئۇ ئىنىسىنىڭ چاپسانراق ئۇخلاپ قېلىشى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئويغاقلىقىنى چاندۇرمىدى.

# ئون ئۈچىنچى باب

## 1

تەۋپىق كەنتلەر ئارىلاپ، بايلار، ئۇقۇمۇشلۇقلار، يۇرت ئاقساقاللىرى بىلەن ئۇچرىشىپ ئاتىلار ھەيئىتى تەشكىللەشنىڭ تەييارلىقى (جامائەت پىكرى تۇپلاش، ئىدىيىۋى تەييارلىق) نى پۈتتۈردى ھەمدە كەنتلەردىكى مەكتەپ قۇرۇلۇشىنى باشلاش ھەققىدە سۆھبەتلەشتى. ئۇ بۆگەندىن نۇرۇللا خەلپىتىم؛ تۆكۈلدىن ئىسلىماخۇن خەلپىتىم؛ ئۈڭرۈقتىن ئاكا-ئۇكا بايلاردىن باشقا مۇھەممەد ئىبراھىمھاجىم، زاكىر ھاجىم، سەلەيھاجىم؛ تىجەندىن ئەمەتھاجىم، قۇناجىم؛ سۇنتاغدىن ئەمەتقۇلھاجىم، يۈسۈپھاجى؛ ۋاقۋاغدىن ئاخۇن، قۇۋان شەيخ (قۇربان ئەزىزى ــ بۇ كىشى ئۇلارغا تۇققان كېلەتتى)، ھەسەنچوڭ قاتارلىقلار بىلەن بىر-بىرلەپ كۆرۈشۈپ تونۇشۇپ سۆھبەتلىشىپ چىقتى.

بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىنكى بىر كۈنى ئۇ شورۇققا كەلدى. بۇ سەپەردە نىزامىددىن ئۇنىڭغا ھەمراھ ئىدى. تاھىر خەلپەت نىزامىددىننىڭ دوستى ھەم تەۋپىققىمۇ تونۇش بولغاچقا ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىشنى توغرا تېپىشتى.

ئۇلار ئانچە چوڭ بولمىغان بىر مەسچىدنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ خەلپەتنىڭ دەرۋازىسى كۆرۈنۈپ تۇرۇدۇغان تارچۇق بىلەن مەسچىتنىڭ شىمالىي بېقىنىدىكى خانىقانىڭمۇ ئالدىدىن ئۆتۈشتى. خانىقانىڭ يېنى ۋە كەينى بولسا چوڭ بىر باغ بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ بېغى مىۋە تۈرلىرىنىڭ كۆپلىكى، مىۋىسىنىڭ موللىقى بىلەن يىراق-يېقىنغا مەشھۇردى. مىۋىلىك دەرەخلەرنىڭ شاخلىرى تامدىن ئارتىلىپ تارچۇق تەرەپكە ساڭگىلاپ تۇراتتى.

مەمتىلى ئەپەندى بىھى ۋە كۈزلۈك ئالمىلارنىڭ باش ئۈستىدىكى شاخلىرىغا زوق بىلەن قاراپ كۆڭلىدە خوجايىن باغۋەنچىلىك تەجرىبىسىگە باي، تىنىم تاپماس كىشى ئوخشايدۇ دەپ ئويلىدى. بۇ

تەرەپكە ئېگىلىپ تۇرغان شاخلار تارچۇقنى قاپلاپ تۇرغاچقا سالقىن هاۋالىق بۇ جاي ئۆزۈن يولدىن كەلگەن يولۇچىلارغا خېلى ئارام بېرەتتى.

دەرۋازا ئوچۇقتى. بۇ دەرۋازىدىن كىرگەندە بىر كىچىك سەينا، ئۇنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىدە ئىككى دەرۋازا باردى. نىزامىددىن ئىنىسىنى غەرپ تەرەپتىكى هويلىغا باشلىدى. ئۇلار هويلىغا كىرىشىگىلا تال بارىڭى بىلەن قاراڭغۇلاشقان پېشايۋان سۇپىسىدا زىلچىلار ئۈستىدە بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپ چىلىگە پىچىپ يەۋاتقان تاهىر خەلپەت ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! — دېدى تەۋپىق ئاكىسىدىن بۇرۇنراق گويا ساهىپخانىنىڭ كونا قەدىناسى ئاكىسى ئەمەس ئۆزىدەك بىر خىل ئىشەنچكە تولغان دوستانە ئاۋازدا، تاهىر خەلپەتنىڭ ئالدىراپ سۇپىدىن چۈشۈشكە باشلىغىنىنى كۆرۈپ.

ئىڭىكى ئۈچلۇقراق ۋە ساقىلى ئېڭىكىگە يارىشا تېخىمۇ ئۈچلىنىپ تۇرغان، ۋىجىكرەك كەلگەن خەلپەت پېشايۋان سۇپىسىدىن چۈشۈپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا قاراپ ماڭغاچ:

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالامۇئەلەيكۇم رەهمۇتۇللاهى ۋەبەركاتهۇ، — دېدى قىزغىنلىق بىلەن ۋە ئۇلارنى تۆرگە تەكلىپ قىلدى، — مۇشۇ يەردىلا ئولتۇرايلى، سالقىنراق. يۇقىرى ئۆتۈڭلار قانداق شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى، سىلەرنى؟ خۇدا يەتكۈزدىمۇ نېمە، — دېدى ئۇ بەكمۇ خۇشال ئىكەنلىكىنى ئىپادە قىلىپ.

تاهىر خەلپەت بىر قاراشتىلا ئىنتايىن ئوچۇق، چىقىشقاق، مۇلايىم كىشى ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلىپ تۇراتتى. ئۇ بىردەم مەمتىلى ئەپەندىنىڭ كەلگەندىن كېيىنكى ئىشلىرىنى، زېرىكىپ قالغان - قالمىغانلىقىنى سورىسا، بىردەم نىزامىددىنىدىن ئاخىرقى قېتىم كۆرۈشكەنلىرىدىن كېيىنكى كۆرگەن- كەچمىشلىرىنى سوراپ ۋە ئۆزىمۇ هېكايە قىلىپ كەتتى.

— مەمتىلى قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بۇنى تاشلاپ تالا- تۈزگە چىقالمىدىم. يەنە كېلىپ ئۆيدە شاگىرتلارغا ئىش كۆرسىتىپ بەرمىسەم بولمايدىكەن، — دېدى نىزامىددىن ئۆز كەچمىشلىرىنى سۆزلەپ.

— ئىنىمىزنى نېمىشقا تاشلاپ چىقاتتىڭىز؟ باشلاپ كېلىۋەرسىڭىز بولاتتىغۇ، — دېدى تاھىر خەلپەت.

شۇ چاغدا تالادىن ئىككى يىگىت كىرىپ كەلدى. ئۇلار ئابلىمىت قارى ھەم سابىت ئىككىسىدى.

— بۇلارنى تونۇيسىز، ئىنىم بىلەن دوستى سابىت، — دېدى تاھىر خەلپەت ۋە ئاۋازىنى پەسلىتىپ، — يوشۇرۇن شائىر، — دەپ قوشۇپ قويدى.

— تونۇشقۇ بىز، — دېدى بىر كۆرگەن ئادەمنى نەچچە يىل ئۆتسىمۇ تونۇۋالىدىغان تەۋپىق سابىتنىڭ قولىنى قاتتىق سىقىپ، — بۇ بىزنىڭ ئۈچىنچى قېتىم كۆرۈشۈشىمىزغۇ يېڭىلىشمىغان بولسام؟

— ئېسىم قۇرسۇن، سىلەر تونۇشلاردىن بولۇپ بولغانكەنسىلەرغۇ؟ بىرە ئىككى قېتىم چالا كۆرگەننى... دەپ قاپتىمەن، — دېدى تاھىر خەلپەت تەۋپىقنىڭ خاتىرىسىگە زوقلىنىپ.

سابىت بىرىنچى قېتىم كۆرۈشكەندىلا كۆڭلىدە ھۆرمەت پەيدا بولغان بۇ كىشى بىلەن سالاملاشقاندا ئۆزىنىڭ تولىمۇ تارتىنچاق ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. مەمتىلى ئەپەندى بولسا ئۇنىڭ نوچى ئەركەكلەرگە خاس بەستىگە ۋە بۇنىڭغا مۇناسىپ بولمىغان نازۇك تەبىئىتىگە يەنە بىر قېتىم ئالاھىدە دىققەت قىلدى.

تاھىر خەلپەت ئابلىمىت قارىنى داستىخان راسلاشقا بۇيرىدى. سابىت مېھمانلارنىڭ قاتارىدا قورۇنۇپقىنا ئولتۇردى. مەمتىلى ئەپەندى ئۇنى قورۇنۇشتىن ئازاد قىلىش ئۈچۈن بىر نەچچە ئېغىز چاقچاق قىلىۋىدى، ئۇ قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى. ئۇ چەتئەلدە ئوقۇغان، ئەجنەبىي سىياقلىق (گەرچە مەمتىلى ئەپەندى ئاكىسىنىڭ زورى بىلەن بەك كۆزگە پاتماسلىق ئۈچۈن ئۇستىگە شۇ مۇھىتقا ماس تون يا يەكتەكتەك بىر نېمىلەرنى كىيىۋالسىمۇ، كىشىلەرنىڭ كۆزىگە ھامان ئۇنىڭ تۇرقى ئەجنەبىي تۇيۇلاتتى)، ئىككى مەڭزىدىن بىلىنەر- بىلىنمەس قىزىللىق چىقىپ تۇرغان، كىچىك بۇرۇتى ئۆزىگە ھەم لاتاپەت، ھەم سالاپەت بېغىشلىغان كىشىگە قىزىقىپ قارايتى. ئۇ بۇ ئەپەندىنىڭ دەسلەپكى

چاقچاقلىرى بىلەنلا ئۆزىدە ئۇنىڭغا نىسبەتەن يېقىنلىق، بەلكى بالىلىق مېھرى ئويغىتالىغانلىقىنى ھېس قىلدى. مەمتىلى ئەپەندى ئاۋالقى سۆھبەتلەرنىڭ داۋامىغا قارىتىپ تاھىر خەلپەتكە:

— ئاكام مېنى يا باشلاپ چىقمايدۇ، يا تاشلاپ چىقمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۆزەملا ئۇنى ئالدىمغا سېلىپ چىقتىم، — دېدى كۈلۈپ. ئارقىدىن جىددىيلىك بىلەن قوشۇپ قويدى، — سىزنى بىر ئىش بىلەن ئىزدەپ كەلدۇق.

— ياخشى ئەمەسمۇ، ئادەم ئىزدەپ كەلگىنىڭلار ئۈچۈن قولۇم كۆكسۈمدە.

— ئالدىراپ خوشال بولۇپ كەتمەڭ، بۇ سىزگە پايدا كەلتۈرۈدىغان ئىش ئەمەس، ماقۇل دېدىڭىزمۇ، بولدى، زىيان تارتقىنىڭىز شۇ.

— ياخشى ئادەملەر ئۈچۈن نېمە كەتسىمۇ زىيان دېگىلى بولمايدۇ، — تاھىر خەلپەت تەۋپىقنىڭ چاقچىقىغا دوستانە جاۋاب قايتۇرۇپ، ئاندىن، — ئابلىمىت، سەن ئۆيدىكىلەرگە ژۇگرە، — دەپ ئىشارەت قىلدى.

ئۇ نېمە قىلماقچى بولىۋاتقانلىقىنى بىلگەن نىزامىددىن ئالدىراپ ئۇنى توستى.

— ئاۋارە بولۇپ يۈرمىسۇن، بىزنىڭ يەنە كۆپ ئىشلىرىمىز بار، يەنە بىر نەچچەيلەننىڭ ئۆيلىرىگە چىرىدىغان ئىش بار. كەچ قالمايلى.

— يەنە كىمنىڭ ئۆيىگە چىمەكچىدىڭلار؟

— موللا قادىرنى ئىزدەيتتۇق.

— ھا ھا... يەنە ئىزدەيدىغان ئادىمىڭلار بولسا ھەممىنى دەڭلار، مۇشۇ ئۆيگىلا قىچقىرىپ چىرەيلى. موللا قادىر بىلەن بىزنىڭ يېقىن تۇققانلىقىمىزنى بىلمەمتىڭىز؟ مۇشۇ يەردە كۆرۈشسەڭلارمۇ ئوخشاش، سابىت، ژۈگۈ، موللا قادىركاڭنى باشلاپ چى، — دېدى خەلپەت كۈلۈپ تۇرۇپ.

سابىت چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، تاھىر خەلپەت مەمتىلى ئەپەندىگە بۇرۇلۇپ:

— خوش، قېنى ماڭا چۈشكەن خىزمەت نېمىكىن، ئاڭلىغاچ تۇراي،

— دېدى ئۇچلۇق ساقىلىنى تىترىتىپ كۈلۈپ.

مەمتىلى ئەپەندىمۇ ساھىپخاننى چۈشىنىپ بولغاچقا نەچچە يىللىق ئۆلپەتتەك ھېچبىر قورۇنۇپ تۇرمايلا:

— دېسەك دەيلى، قېنى سىزنىڭ قىزغىن مېھماندوستلىقىڭىزنىڭ داۋامى قانداق بولىدىكىن، بىزنى مېھمان قىلىپ يۈرگىنىڭىز ئۈچۈن ئۆككۈنۈپ قالامسىز تېخى، — ئۇ گەپنى چاقچاق بىلەن باشلىۋېدى، بۇ ھال مىجەزى ئوچۇق ساھىپخانغا يېقىپ چۈشتى. ئۇمۇ ئۆزىنى بۇ مېھمان بىلەن كونا تونۇشلاردەك ھېسياتقا كېلىپ قالغانىدى.

— دەپ باقامسىز، مېنى پۇشايمان قىلدۇرۇپ، ئۆلپەتچىلىكتىن كەچتۈرۈۋەتكىدەك قانداق گەپكىن، ئاڭلاپ باقاي.

— گەپنىڭ پوسكاللىسىنى دېسەم، — دېدى تەۋپىق چاقچاق قىلىۋاتقان چاغدىكى خۇشخۇي كۈلكىسىنى جىددى كۈلۈمسىرەشكە ئۆزگەرتىپ، — مەن چەتئەلدىن مەكتەپ ئېچىش نىيىتى بىلەن كەلگەنىدىم. شەيخ سەئىدىنىڭ مۇنۇ سۆزى ئېسىڭىزدە بولسا كېرەك، «ئىككى كىشى ھەسرەت بىلەن ئۆلۈپ كېتىدۇ، بىرى بار تۇرۇپ يەپ ئىچمىگەن؛ يەنە بىرى بىلىمى تۇرۇپ، ھېچ ئىش قىلمىغان». بۇ گەپ ھەر ئىككىمىزگە باب كېلىدىكەن. شۇڭا ھەسرەتتە كەتمەسلىك ئۈچۈن ئىش قىلماقچىمەن. مانا شۇنىڭغا مەبلەغ كېرەك. بۇ گەپنى تەپسىلىيرەك سۆزلىسەم ، ئالدى بىلەن دارىلمۇئەللىمىن ئېچىپ مۇئەللىم تەربىيىلەيمەن. ئاندىن بۇ مۇئەللىملەرنى 24 كەنتكە تەقسىم قىلىمەن. ھازىر دارىلمۇئەللىمىننىڭ ئىشى ئاساسەن تەييار بولۇپ قالدى. مەكتەپ ۋە ماليىسىمۇ ھەل. ئەمدى 24 كەنتكە مەكتەپ بىنا قىلىپ، مۇئەللىملەرنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈشىگە ئۈلگۈرتىدىغان گەپ. سىزنى دارىلمۇئەللىمىنگە مەبلەغ بېرىڭ دېمەيمەن، ماقۇل كەلسىڭىز باشقا بايلار بىلەن بىرلىشىپ شورۇقتا بىر مەكتەپ سېلىپ بەرسىڭىز بۇنىڭ پايدىسى، ساۋابلىق تەرىپى ھەققىدە سىزگە تولا سۆزلەشنىڭ ھاجىتى يوق، ئەلۋەتتە. سىزنىڭمۇ چەتئەللەردە ئىلىم تەھسىل قىلغان، يېڭىلىقپەرۋەر كىشى ئىكەنلىكىڭىزنى ئاكامدىن ئاڭلىغان، بۇ ئىشنىڭ

ئەھمىيىتىنى ئۆزىڭىز چۈشىنىسىز. ئەمدى بىرگە بىر ئىغىز جاۋابىڭىز كېرەك.

— شۇ ئىشمىدى؟ شۇنىڭغا مېنى پۇشايمان قىلىدۇ، دەپ ئويلىغانمىدىڭىز؟ سىز بۇ گەپنى ئېچىشتىن بۇرۇن باغلىشىپ قويساق بوپتىكەن، گەپ يوق ئۇتتۇرۇپ قويىدىكەنسىز، — تاھىر خەلپەت شۇنداق دەپ خۇشخۇي كۈلدى. ئاندىن جىددىيلىك بىلەن، — ئىنىم، بۇ ئىش دەل مېنىڭ كۆڭلۈمدىكى ئىش ئەمەسمۇ. مەنمۇ شۇنداق بىر ئىشلارغا ئۇرۇنۇپ كۆرگەن، ئەنە ئاۋۇ مەسچىدنىڭ يېنىدىكى خانىقادا باللارنى ئوقۇتۇپ ژۈردۈم. بىراق مېنىڭ ئوقۇغۇنۇم مەدرىس بولغاچقا قولۇمدىن كەلگىنى ئازراق يېڭىلىقنى قوشۇپ سۆزلەش بولدى. ئابدىقادىر داموللامنىڭ يولىنى تۇتۇمەن دەپ تىرىشتىم، ئەمما مېنىڭمۇ باشقا مولللاردىن ئانچە پەرقىم بولمىدى. ئەمدى بۇ ئىشنى قىلىدىغان ئادەم تۇرغان يەردە مەن نېمىشقا تىل چاينايدىكەنمەن؟ موللا قادىر بىلەن ئىككىمىزدە چاتاق يوق، ئەگەر مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن ئالدىراپ ۋەدە بېرىپ قويغان بولسام ئۇنىڭ بىر ئۆلۈش يۈكىنىمۇ ئۈستۈمگە ئالاي قانداق؟

بۇ چاغدا سابىت موللا قادىرنى باشلاپ كىردى. موللا قادىر ئېگىز ھەم بەستلىك كىشىدى. تاھىر خەلپەت ئۇنىڭغا مېھمانلارنى تونۇشتۇردى كېلىش مۇددىئاسىنىمۇ سۆزلەپ بەردى. ئاخىردا ئۆزىنىڭ قانداق ئىپادە بىلدۈرگەنلىكىنىمۇ ئېلىپ قالمىدى.

— سىزنىڭ دېگىنىڭىز ھېساب. سىز نېمە دېسىڭىز مەن شۇ، — دېدى موللا قادىر قىسقىلا.

— بىر نەچچە كۈندىن بېرى يۇرۇتلارنى بىر قاتار ئارىلاپ چىقتۇق، يۇرت مۆتىۋەرلىرى بايلار يۈز بېشىلار بىلەن كۆرۈشۈپ كېلىۋاتىمىز، خۇداغا شۈكرى ھازىرچە ئىشىمىز خېلى جايىدا. ئەمدى ۋەدىلەر ھەرىكەتكە ئايلانسا بولۇدۇغان بولدى، — دېدى تەۋپىق. ئۇ ياقتىكى ھويلىدىن ئايال خۇجايىنلارنى چاقىرىپ كىرگەن ئابلىمىت قارىنى تاھىر خەلپەت يەنە چەتكە تارتىپ:

— سەن چىقىپ قوشنىلاردىن بىرنى قىچقىرىپ چى، قوزىنى سويۇپ

مېھمانلارنى ئۆزۈتۈشۈپ بېرىدىغان ئىشكەن دېگىن، ــ دېدى. ئۇ جايىغا قايتىپ كېلىپ ئولتۇرغاندا ئۇنىڭ ھەركىتىنى سىزىپ تۇرغان تەۋپىق چاقچاق قىلدى:

ــ سىزنىڭ ھەركىتىڭىز گۇمانلىق تۇرىدىغۇ؟ نېمە قىلاي دەيسىز؟

ــ ھېچ گەپ يوق كۆڭلىڭىزگە باشقا ئىش كەلمىسۇن.

ــ ياق، ــ دېدى مەمتىلى ئەپەندى يەنە جىددى تۇسكە كۆچۈپ، ــ بىز ئۈچۈن كۆپ ئاۋارە بولماڭ، ئالدىرايمىز.

ــ خىيالىڭىزنى خام چاغلىماڭ، سىز ئۈچۈن كىم ئاۋارە بولۇۋېتىپتۇ؟ ئۆزىمىزنىڭ ئىشى، ــ دېدى تاھىر خەلپەت چاقچاقىغا ئايلاندۇرۇپ. ئۇ تەۋپىقنى بارلىق كونا. يېڭى تۇنۇشلىرى ئىچىدىكى ئەڭ يېقىن سىردىشىدەكلا كۆرۈپ قالغانىدى. ئۇلارنىڭ سۆزىدىنمۇ ئۇن يىل بىللە ئوقۇغاندەك چىقىشقاقلىق يېقىنچىلىق ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

ئابلىمىت قارى باشلاپ كىرگەن كىشى ئېغىلدىن قوزىنى يېتىلەپ چىقىپ مېھمانلارنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تاتتى:

ــ ھۆرمەتلىك مېھمانلىرىمىز كېچىكرەك بىر قوزىمىز باركەن دۇئا قىلىپ بەرسەڭلار.

ــ بېرىپ ئىشىڭنى قىلىۋەر، سەت قىلىقنى قىلما، ــ دېدى تاھىر خەلپەت قوشنىغا قوزىنى ئاپىرىپ سويۇۋېرىشكە ئىشارە قىلىپ، ــ دۇئا قىلدۇرۇش دېگەن نېمە قىلىق ئۇ؟ ــ ئۇ بۇنىڭدەك ئادەتكە ئايلانغان بىدئەت قىلىقلارنى ياقتۇرمايتى.

ــ ۋۇي، بۇ قانداق گەپ؟ــ دېدى نىزامىددىن دوستىغا قاراپ، ــ ئالدىرايمىز دەۋاتساق...

ــ ھېلى سىز ھېچگەپ بولمايدىغانلىقىقا ۋەدە بەرمىدىڭىزمۇ؟ بىر قوينى سويۇپ نېمە قىلىسىز؟ كۆڭلىڭىزگە رەھمەت، تومۇزدا پۇتۇن بىر قوينى ئىككى مېھمان ئۈچۈن سويىمەن دېسىڭىز مېھماننى خۇشال قىلىشنىڭ تەتۈرسىچە خىجىل قىلىپ قويىمىسىز؟

ــ ھېلھەم خاتىرجەم بولۇڭ بۇنىڭ ھەممىسىنى يەپ كېتىشكە زورلىمايمەن،ــ دېدى تاھىر خەلپەت خاتىرجەملىك بىلەن.

www.uyghurkitap.com

ئىلاجىسىز قالغان مېھمانلار ساھىپخانغا بويسۇنۇشتىن باشقا چارىسى يوقلىقىنى بىلدى. شۇ چاغدا تەۋپىق سۆھبەتنى داۋام قىلىپ يېڭى دوستىغا:

ــ مەكتەپ ھەققىدىكى گېپىمىزنى قىلايلى سىز قانچە يېپىققا ھۆددە قىلىسىز؟ ــ دېدى.

ــ مەن ئۆزۈم ئۈچ يېپىق پۈتتۈرۈپ بېرەي باشقا بايلا ئۈنىماي قالسا يەنە قاراپ تۇرماسمەن.

ــ شورۇق، ئاتۇشتىكى ئەڭ چوڭ يۇرۇتنىڭ بىرى، ئۆز ئىچىدىن يەنە ئۈچ يۇرتقا بۆلۈنىدۇ. شۇڭا بۇ يەردىن ئوقۇيدىغانلارمۇ كۆپ چىقىشى مۇمكىن 7ـ 8 ئېغىزلىق سىنىپ، ئۇندىن باشقا ھوجرا، ئاشخانا، ئىشخانا بولمىسا بولمايدۇ.

ــ خاتىرجەم بولۇڭ، ئاۋال سىز باشقا بايلار بىلەن كۆرۈشۈپ بېقىڭ، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ بىرلىكتە ئىشقا چىرىشسەكمۇ بولىدۇ.

ــ بولىدۇ، مەن يەنە كېلىمەن، مەكتەپنىڭ ھۆلىنى قويغاندىمۇ ئۆزۈم بېشىدا بولىمەن. مەندە مەكتەپنى قانداق سېلىشنىڭ لاھىيىسى بار، شۇ چاغدا يەنە سۆزلىشىمىز شورۇقتا ئىلگىرى ئاز- تولا ئوقۇغان خەت ساۋادى بار ياشلار باردۇر؟

ــ بولمامدىغان، بار. مانا بىزنىڭ مۇشۇ سۆھبىتىمىزدىمۇ ئىككى يىگىت ئولتۇرىدۇ، ــ خەلپەت ئابلىمىت بىلەن سابىتنى كۆرسەتتى، ــ بۇلار ئىلگىرى مېنىڭ قولۇمدا ئوقۇغان. يېغىلىق ۋاقتىدا مەكتەپنى تاقىغان پېتى قايتا ئاچالمىدۇق شۇندىن بېرى ئىككىسى مانا مۇشۇنداق لەيلەپ يۈرىدۇ، بەزى بەزى ئوڭۇرۇققا بېرىپ كېلىپ دېگەندەك،...

ــ بۇلار دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇسۇن. قانداق يىگىتلەر ئوقۇمسىلەر؟

ــ مەنغۇ ئوقۇيمەن، يەنە مۇھەممەد قارى دېگەن بىر ئاغىنىمىزمۇ بار، ئۇمۇ ئوقۇيدۇ، ... سابىتنىڭمۇ تازا ئوقۇغۇسى بار. ئەمما ئۆيى... ئادەم يوق.... ــ دېدى ئابلىمىت.

ــ نېمە گەپ؟ ــ قىزىقىپ سورىدى تەۋپىق، ــ مەن بۇ يىگىتنىڭ خىيالچانلىقىغا باشتىلا دىققەت قىلغانىدىم.

ئابلىمىت قارى دوستىنىڭ ئائىلە ئەھۋالى، يېقىندا دادىسى قازا قىلىپ تىغدەك يالغۇز قالغانلىقىنى، ئۇگەي ئانىسى ئۆيدىن ھەيدەپ چىقىرىپ ئۆيگە پۈتۈنلەي مىراسخور بولۇش كويىدا سابىتنى يات ئادەم، رەھمەتلىكنىڭ ھېچنىمىسى ئەمەس، دەپ داۋراڭ سېلىپ يۈرگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى.

— ئۆگەي ئانىسىنىڭ پەيلى يامان خوتۇن، سابىت مەكتەپكە كېتىپ قالسا ئۆينى سېتىۋېتىشتىن يانمايدۇ، مەشھەدلىك ئەمەسمۇ، — دېدى ئۇ.

— ھازىرچە ۋەھىمە يېيىشنىڭ ھاجىتى يوق، ئۇنىڭ نىيمە قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈپ باقايلى. سىز خاتىرجەم مەكتەپكە بېرىۋېرىڭ ئۆيگە تاھىركاملار قاراپ قويىدۇ. ئۇ ھەر قانچە ھازازۇل بولسىمۇ ئۇنىڭغا بوزەك بولماڭ قورقماڭ، — دېدى ۋە خىروم سومكىسىدىن دەپتەرنى ئېلىپ، — ئەمىسە ئىككىڭلارنى تىزىملاپ قويااي، — دېدى.

ياشلار ئەمدى مەمتىلى ئەپەندىنى ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمىدەك كۆرۈپ قالغاچقا، ئۇنىڭ بېقىنىغا قىسىلىپ سوئالغا جاۋاب بەرگەچ چىرايلىق پۈچۈركىسىغا قاراپ تۇردى

ئۇ ئەڭ ئەۋەل سابىتنى تىزىملىدى. ئالدى بىلەن ئىسمى ئاتىسىنى، جىنسىنى، رەڭگى- روھىدىكى بەلگىلەرنى يېزىشقا باشلىۋىدى، ياشلار بۇنىڭغا ھەيران بولۇپ، بىر- بىرىگە قاراشتى. تەۋپىق ئۇلارغا چۈشەندۈرۈپ:

— ئەسلىدە بۇنداق تىزىملىككە سىلەرنىڭ رەسىمىڭلار بولغان بولسا شۇنى چاپلايتۇق، چەتئەلدە شۇنداق. بىزدە تېخى سۈرەت تارتىش ئۈسكىنىلىرى يوق بولغاندىكىن، رەسىمىنىڭ ئورنىغا مۇشۇنداق يازىمىز دە، — مەن بۇنى سەيپىددىنگە بېرىپ قويااي، ئۇ تىزىملاشقا مەسئۇل بولغان.

— مۇھەممەد قارىنىمۇ تىزىملاپ قويساق بولاتتى، — دېدى ئابلىمىت.

— ئۇنىڭ جىمى ئەھۋالىنى ئېيتىپ بېرەلىسەڭلار تىزىملاپ قويااي، بولمىسا ئۆزى سەيپىددىن بىلەن كۆرۈشسۇن، — دېدى مەمتىلى ئەپەندى. ئاندىن سابىتقا بۇرۇلۇپ — مەن بۇ يىگىتكە باشتىلا دىققەت قىلغان.

www.uyghurkitap.com

ئەسلىدە ئۇلۇغ قانتىدىن ئايرىلغان قۇشتەك ئۆسكەنىكەن. ئەمما، خىيالچان كەم سۆز ئادەملەردە شۇنداق ئالاھىدىلىك بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچكى كۆچلۈك قەيسەر تەبىئەتلىك كېلىدۇ. باشقىلار ئاغزىدا ئالغان شەنى ئۇلار ئۈن-تىنسىز، ھەركەتتە ئېلىشقا ئىرادە باغلىيالايدۇ. مەن شۇڭا بۇ يىگىتكە قىزىقىپ قالدىم، خەلپىتىم، بۇ يىگىت سىزنىڭ قولىڭىزدا ئوقۇغاندا قانداقراقتى؟

— ئىمىسىنى ئېيتاي، زېھنى غۇبارسىز بالا. ناۋايى، ئابدۇراخمان جامى، خوجاھاپىزلارنىڭ غەزەللىرىنى ئىچىۋالىدۇ. قانداق خاتىرىكىن تاڭ، بىرلا ئوقۇدىمۇ بولدى ھازىرلا يادلاپ بېرەلەيدۇ.

— ئۆزىمۇ ئانچە-مۇنچە شېئىر يازىدۇ، — دەپ قوشۇمچە قىلدى ئابلىمىت قارى.

— ئەنە، مېنىڭ ئويلىغىمدەك بولۇپ چىقتى. ئىنىم، سىز چوقۇم ئوقۇشىڭىز كېرەك.

سابىت ھامان بىر قولىنى يانچۇقىدىن چىقارماستىن غاڭزىنى سىقىمداپ، بۇرنىنىڭ ئۇچىدا ئۇنچىدەك تەر، خىجالەت بولغان قىزدەك تارتىنىپ تۇراتتى.

— يەنە باشقا ئوقۇيدىغانلار بولسا بىزنىڭ مۇرادىمىز شۇنچە چاپسان ھاسىل بولىدۇ، قانداق موللىكا؟ — ئۇ موللا قادىرغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى.

— شۇنداق، تەقسىر، شۇنداق بولمامدىغان، ئىلىم دېگەن قانات ئەمەسمۇ، پىيادە ماڭغاندىن قانات بولسا ئۇچقان ئىتتىكرەك بولىدۇ-دە.

— خەلپىتىم، ۋۇجۇدۇمدا قانداق نەرسىكى، بىر نەرسە پاتماستىن سىرتقا تېپىدۇ، شۇك تۇرغۇم كەلمەيدۇ. يۇرۇكۇمدە ئىسيانكارلىق باش كۆتۈرۈۋاتامدىكىن دېسەم توققۇزۇم تەل بولۇپ كەتكىنى تايىنلىق[1] — دېدى مەمتىلى ئەپەندى ئۆزگىچە خاس ۋەزمىن كۈلۈمسىرىشى بىلەن، — لېكىن ئىچىم قايناپلا تۇرىدۇ.

---

[1] «قۇرئان»دا: «ئىنسانلار ھەممە نەرسىدىن ھاجەتسىز بولغاندا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئىسيانكارلىق باش كۆتۈرىدۇ» دېيىلگەن، بۇ يەردە شۇ ئايەتكە ئىشارە قىلىنىدۇ، — ئا.

— مانا شۇ ھەقىقىي ھايات! — دېدى تاھىر خەلپەت ئۇنى قوللاپ، — ئۇنىڭسىز ھاياتنىڭ نېمە قىزىقى؟ بىز داموللامنىڭ سۆزلىرىنى ئۇنتۇپ قېلىۋاتىمىز. مەرھۇم: «بۇ زامان غەپلەت ۋە بىپەرۋالىق زامانىسى ئەمەس ئويغۇنۇش ۋە سەزگۈرلۈك زامانىسىدۇر؛ جاھىللىق ۋە نادانلىق دەۋرى ئەمەس، ئىلىم مەرىپەت دەۋرىدۇر؛ سۇسلۇق ۋە بىكارلىق ۋاقتى ئەمەس تىرىشىش، غەيرەت ۋاقتىدۇر. باشقا مىللەتلەر ئىلىم ۋە مەرىپەت سايىسىدا ھاۋادا ئۇچۇپ پەرۋاز قىلماقتا. سۇ ئاستىدا بولسا خۇددى قورۇقلۇقتا يۈرگەندەك ئەركىن ئۈزۈشمەكتە. بىز تېخى غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتماقتىمىز. ئۇيقۇ بولسا ئۆلۈمنىڭ بۇرادىرى ۋە مۇقەددىمىسىدۇر. بۇ ھالەتتە دائىم ئۇخلىماق يوقۇلۇش ۋە ئۆلۈم يولىدۇر!... »[1] دېگەن ئەمەسمۇ؟ بۇ سۆزلەر ئېيتىلغىلى نىكەم؟ داموللام شېھىت بولغىلىمۇ ئون يىل بولۇپ قالدى، بىزدىن ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ قىممىتىنى بىلگەنلەردىن قانچىسى باردۇر؟ ئۇنى توغرا تونىغانلارنىڭمۇ ئۇ دېگەندەك ھەرىكەت قىلىشقا جۈرئىتى بولمىدى. مانا بىزلەر شۇ جۈملىدىنمىز.

مەمتىلى ئەپەندى تاھىر خەلپەتنىڭ ئىلىم- مەرىپەتكە خېلى كۆزى ئېچىلغان زات ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. ھەمدە ئۇنىڭ ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا ياردەم بېرىشتىن باش تارتمايدىغانلىقىغا ئىشەنچ قىلدى.

— خۇدا تىلىكىڭىزگە يەتكۈزەر، ئىنىم، — دېدى موللا قادىر، — قۇرئاندىمۇ «بەندىنىڭ تىرىشچانلىقىغا يارشا نەسىۋە باردۇر» دېگەن گەپ بارغۇ.

— ئويلىغانلىرىمنى يولغا سالمىقىم ھەربىرىڭلاردەك مۆتىۋەرلەرنىڭ قوللىشى ۋە ياردىمىگە باغلىق. سىلەر ماڭا بۇنچىلىك مەدەت بېرىۋاتقان يەردە مەندە غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت ھاسىل بولماي قالامدۇ؟ مەن ۋەتەن ۋە خەلقنىڭ شۇنداقلا سىلەردەك ساداقەتمەن دوستلارنىڭ ئىشەنچ ھەم ئۈمىدىنى ئۈستۈمگە ئېلىپ ماڭغانلىقىمدىن بەكمۇ بەختىيارلىق ھېس قىلىمەن، گەرچە بۇ ئىش ئاسان ۋە ھوزۇرلۇق بولمىسىمۇ.

---

[1] ئابدۇلقادىر داموللا «نەسىھەتى ئاممە»دىن، — ئا

مېھمانلار چىلگە بىلەن يۇمشاق قاتلىما نانلاردىن يېگەچ پاراڭلىشىپ پاراڭ تېمىسىنىمۇ يېڭىلاپ تۇرۇشتى، تاھىر خەلپەت شورپا تارتىلىشتىن ئىلگىرى مېھمانلارنىڭ پۇت- قولىنى سوزۇۋېلىشى ئۈچۈن ئۇلارنى باغقا تەكلىپ قىلدى.

— مېنىڭ بېغىمنى كۆرۈپ بېقىڭلار، پېقىر مېۋە ئۇلاشقا خېلى ھەۋەس قىلىمەن. مېنىڭمۇ باغۋەن دېگىلى بولمايدۇ، شۇنداق بولسىمۇ بىر ئەمەك،— دېدى ئۇ ھەم باغنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ ئالدىدا ئۆزى يول باشلىدى.

باغدىكى مېۋە تۈرلىرىنىڭ كۆپلىكى تەۋپىقنى ھەيران قالدۇردى. ئۇ ئىسمىنى ئاڭلىغان، ئەمما ھېچ كۆرۈپ باقمىغان مېۋىلەرنى بۇ باغدا كۆرۈۋاتاتتى. شۇندىلا تاھىر خەلپەتنىڭ بوش ئادەم ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭ ئاددىيلا بىر موللا ئەمەس، بىر پەن ئادىمى، تەتقىقاتچى ئىكەنلىكىنى بىلدى. بۇنداق مېۋىلەرنىڭ يېقىن ئەتراپتا پەقەت بەشكېرەم باغلىرىدا ئاندا- ساندا تېپىلىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان بولسىمۇ كۆرۈپ باقمىغان بولغاچقا، باغنىڭ قانچىلىك زور ئەجىر بىلەن مۇشۇ ھالغا كەلتۈرۈلگەنلىكىگە كۆزى يەتتى...

... ئۇلار باغدا خېلى ئۇزاق سەيلى قىلىپ قايتىپ چىققاندا قوزىنىڭ گۆشى پىشىپ قالغانىدى. ئۇلار باراڭ ئاستىغا قايتىدىن ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن ياغاچ تاۋاقتا گۆش بىلەن ياغاقلاپ پىشۇرۇلغان چامغۇر،جانان چىنىلەردە شورپا تارتىلدى.

تاماقتىن كېيىن ئاچچىق دەملەنگەن چاي ئىچىپ بىر ھازا پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشتى ئاندىن نىزامىددىن بىلەن تەۋپىق ئىككىسى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ساھىپخانلار بىلەن خوشلاشتى. موللا قادىرنىڭ ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ قاتتىق تۇتقىنىغا ئۇنىماي ئۆزرە ئېيتىشتى.

— مەن ئەمدى ئىككىلىرىنى ئارامىلىرىدا قويمايمەن. ۋەدە قىلىش بىلەنلا قوتۇلۇدۇغان ئىش يوق. يەنە كېلىپ سۆيلەيمەن،— دېدى مەمتىلى ئەپەندى ئارقىدىن ئۇزۇتۇپ چىقىۋاتقان ساھىپخانلارغا يېقىنلىقىنى ئىپادىلىگۈچى ئالاھىدە تەلەپپۇز بىلەن.

— شۇنداق قىلىشىلىرىغا نىسىبەتەن قىلىسۇن ئىلاھىم، — دېدى خەلپەت، — يەنە بىردەم ئولتۇرماي ئالدىراپلا ماڭدىڭلار، خەير، ئەمدى نەگە بارماقچىسىلە؟

— ئابدىرېيىماخۇن، ياقۇپھاجى ۋە يۈز بېشى گادايچوڭلار بىلەن كۆرۈشىمىز. ھەممىسىنىڭ مەدەت بېرىشىگە ئېرىشسەك مەبلەغنى جۇغلاپ ئىشقا كىرىشىمىز. مەن كېلەر قېتىم قۇرۇلۇشنىڭ لايىھىسىنى ئېلىپ كېلىمەن.

— خوش ئەمسە رازى كېتىڭلار، — دېدى ساھىپخانلار مېھمانلارنى خانىقا ئالدىغىچە ئۇزۇتۇپ چىقىپ.

سابىتمۇ مېھمانلار بىلەن بىللە ماڭغانىدى دوستى ئۇنىڭدىن سورىدى:

— سەنمۇ ماڭدىڭغۇ؟ بىردەم ئولتۇرساڭ بولمامدۇ؟

— ئەپەندىنى ئۆيگە باشلاي دەيمەن، پەتە قىلىپ ماڭسۇن.

— ئەمسە مەنمۇ بىللە بولاي.

— يىگىتلەر، بىزنى ئۇزۇتۇپ قويماقچىمۇ ياكى بىر ياقتا بارامتىڭلا؟

— دەپ سورىدى تەۋپىق ئۇلار بىلەن سىراداشقاچ ماڭغۇسى كېلىپ.

— ھە، ئۇزۇتۇپ چىقىۋاتىمىز،— دېدى ئابلىمىت بىر ئاز خىجىل بولۇپ.

— سابىت، ئۆيىڭىز قەيەدىرەك؟

— مۇشۇ يولدىلا، مەسچىتتىن ئۆتسەك يېقىن...— دەپ دۇدۇقلىدى سابىت.

تومۇز تەپتىدىن يەر قاغجىراپ، يولدىن توپا ئۆرلەپ كەتكەنىدى. دەرەخلەرمۇ سولۇشۇپ قالغاندەك بىچارە كۆرۈنەتتى. ئەنە شۇ توپا- چاڭ كۆتۈرۈلۈپ تۇرۇدۇغان ئەگرى- بۈگرى يېزا كوچىسىدا بىر مۇنچە ئۇششاق بالا «ئات» چېپىپ يۈرۈشەتتى. توزۇتۇلغان چاڭ -توزاندا توپا- چاڭ باسقان چىرايلىرى تېخىمۇ سېرىق كۆرۈنەتتى. ئۇلار بىر بالىنىڭ ئارقىسىغا كىرىۋالغان بولۇپ بالىلارچە زىل ئاۋازلىرى بىلەن چوقان سالاتتى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

تاز! تاز، قوماق تاز،
قازان بېشىقا كەلمەڭ تاز!
قازان بېشىغا كەلسەڭ تاز.
چۆمۈچ بىلەن يەيسەن تاز!

ئېچىنىش بىلەن بالىلاردىن كۆزىنى ئۈزمەي يېنىدا كېتىۋاتقان مەمتىلى ئەپەندىگە سابىت پەس ئاۋاز بىلەن:

— ئەپەندىم، مانا مۇشۇ مېنىڭ ئۆيۈم، بوسۇغىدىن ئۆتۈپ كەتمەي پەتە قىلىپ... — دېدى ئۇياتچان قىزدەك تارتىنىپ تۇرۇپ. بۇ خىل ئىپادە ئۇنىڭ گۇسمەستەك ئىگىز ۋە كەڭ گەۋدىسىگە قوپالراق كەلگەن چىرايىغا زادىلا ماس كەلمەيتتى.

مەمتىلى ئەپەندى ئاكىسىدىن مەسلىھەت سورىغاندەك ئۇنىڭغا قارىغاندى نىزامىددىن ئىككىلىنىپ غەربكە قىسايغان كۈنگە قاراپ قويدى.

شۇ چاغدا «ئات» چېپىشىۋاتقان بالىلار چېپىشتىن توختاپ سابىتقا ئەركىلەپ تۇرۇپ، يات مېھمانلارغا دىققەت بىلەن تىكىلىشتى. ھېلىقى «تاز» دەپ بوزەك قىلىنىۋاتقىنى دەرھال سابىتنىڭ بەستلىك گەۋدىسىنىڭ ئارقىسىغا دالدىلاندى.

— سابىتكا، بىز ئوغلاق تاتىشىپ ئويناۋاتىمىز، — دەپ چوقىرىدى ئۇلارنىڭ بىرى، قارىغاندا ئۇلار ھېلىقى بىچارە «تاز»نى «ئوغلاق» قىلىپ سۆرەپ يۈرگەن بولسا كېرەك ئۇ يىراقراق تۇرۇپ قورۇنغان ھالدا مېھمانلارغا قاراۋاتاتتى.

تەۋپىق بالىلارغا بىرمۇ- بىر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ:

— نېمە، سىلەر مۇشۇ ئىككى ئاكاڭلار بىلەنلا بولۇپ كېتىپ بىزگە سالاممۇ قىلمايسىلەرغۇ؟ بىزنى يات كۆرۈۋاتامسىلەر؟ ئۇنداق بولسا تونۇشۇپ قويايلى، مېنىڭ ئىسمىم مەمتىلى، ئەمدى ھەممىڭلار ئىسمىڭلارنى ئېيتىپ بېرىڭلار، دوست بولۇپ قالساق بۇنىڭدىن كېيىن ئىزدىشىپ تۇرىمىز، قانداق؟

— بولۇدۇ!

— ئەمسە سابىتكاڭلارنىڭ ئۆيىگە كىرەيلى شۇ يەردە سۆزلىشىمىز، — بۇ گەپتىن ھودۇقۇپ كەتكەن سابىت ئالدىراپ- تېنەپ دەرۋازىنى ئېچىشقا كىرىشتى.

— ئاۋارە بولماڭ ئوغلۇم پېشايۋاندىلا ئولتۇرايلى مەن مۇنۇ دوستلىرۇمنى ئوبدانراق كۆرۈۋالاي.

سابىت كۆرپە ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن ئالدىرىدى. بىراق ئۇ ئېلىپ چىققان كۆرپىنى سالىدىغان جاي تاپالماي تۇرۇپ قالدى، مېھمانلار ئولتۇرۇپ بولغانىدى.

— ھازىرلا داستىخاندىن بىللە چىققاندىكىن ئەھۋال ئۆزىڭىزگە مەلۇم، ھەرگىز ئاۋارە بولۇپ يۈرمەسسىز، — دېدى تەۋپىق. دېمىسىمۇ سابىت تەكەللۇپ قىلىپ مېھماننى زورلاشنى بىلمەيتتى ياكى قاملاشتۇرالمايتى. بۇنداق چاغدا بۇرنىنىڭ ئۈچىدا دەرھال ئۇنچىلار پەيدا بولاتتى، قولى ئىختىيارسىزلا يانچۇقىغا كېتەتتى. يەنە كېلىپ ئۇ بۇ ھۆرمەتلىك كىشىنىڭ ئىخلاسمەن مۇرىدىغا ئايلىنىپ بولغان بولۇپ، ئۇزى ئۈچۈن قانۇنغا ئايلىنىپ قالغان سۆزلىرىنى نېمە دەپ رەت قىلىشنى بىلمەي، ئۆزىمۇ سۇپىغا كېلىپ ئولتۇردى. بۇ چاغدا تەۋپىق باللارنى ئالدىغا چاقىرىپ ئۇلار بىلەن بولۇپ كەتتى. ئۇ سومكىسىدىن ھەر قاچان ئۆكسۈتمەيدىغان تاتلىق- تۈرۈملەردىن باللارغا بەردى.

— شۇنداق قىلىپ بىز دوست بولۇپ قالدۇقمۇ؟ بىراق دوستلار مەن سىلەردىن قاتتىق رەنجىپ قالدىم، — دېدى ئۇ ئۆز تەڭتۇشلىرى بىلەن سۆزلىشىۋاتقاندەك ئەستايىدىل تەلەپپۇزدا، — بىرىنچىدىن سىلەر چوڭلارنى كۆرگەندە سالام قىلىشنى بىلمەيدىكەنسىلەر؛ ئىككىنچىدىن توپا- چاڭدا ئويناپ ئۆستى- بېشىڭلارنى بولغىۋالىدىكەنسىلەر. بۇنداق قىلساڭلار ھەم كىيىمىڭلار ئەسكىپ كېتىدۇ، ئاتا- ئاناڭلارغا ئېغىرچىلىق سالىسىلەر، ھەم ئاسانلا ئاغرىپ قالىسىلەر. تېخىمۇ كۆڭۈلۈم ئاغرىغىنى سىلەرنىڭ ئاغزىڭلار بەك بەزەپ ئىكەن. ئەدەپسىزكەنسىلەر، ئۆزەڭلارنىڭ دوستىنى بوزەك ئېتىپ

هاقارەتلەيدىكەنسىلەر،ــ ئۇ راستىن رەنجىگەن كىشىدەك بالىلاردىن كۆزىنى ئېلىپ كەتتى.
ــ سەن بۇياققا كەلگىنە ئوغلۇم،ــ دېدى ئۇ ئارقىدا بوينىنى قىسىپ تۇرغان بالىنى ئالدىغا چاقىرىپ،ــ سەن ماڭا ئىسمىڭنى ئېيتىپ بەردىڭمۇ قانداق؟
بالا گەپ قىلماستىن بېشىنى ئېغىتىپ قويدى ئابلىمىت قارى ئۇنىڭ ئۇچۇن جاۋاپ بېرىپ:
ــ هە، ئابلەق، ــ دېدى.
تەۋپىق ئۇنىڭ بېشىدىكى ياغلىشىپ كەتكەن گۈللۈك دوپپىسىنى ئېلىپ ئېچىنغان هالدا قارىدى.
ــ ئاپاڭ بارمۇ ئوغلۇم؟
ــ بۇ بىزنىڭ قوشنىمىز، ــ دەپ چۈشەندۈردى سابىت،ــ يېتىم بالا، ئۆگەي ئانىسى بار.
ــ دادىسى ئۇنىڭ ئانىسىنى تالاق قىلىۋېتىپتىكەن.
تەۋپىقنىڭ قىزىللىق كەتمەيدىغان، تەبەسسۇم يېغىپ تۇرۇدىغان چىرايى بىردىنلا ئەجەللىك جازاهىتىگە تېگىپ كەتكەندەك پۈرۈشتى.
ــ ئېھ، ئۇيغۇر، ئۇيغۇر! تۇرمۇشقا نەقەدەر يېنىكلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ ـ هە! ئاياللار بىز ئۈچۈن مال، بەلكى مالدىنمۇ تۆۋەنراق. ئالىمىز، قويىۋېتىمىز، يەنە ئالىمىز! نېمە دېگەن ئاسان ئىش! نېمە دېگەن يېنىكلىك بۇ! بۇ بىر ئىللەت ئەمەسمۇ؟ بىز خەقنىڭ ئىچىمىزدە بىر نىكاھلىق بولغانلار قانچە پىرسەنتنى ئىگىلەر؟ مېنىڭچە بەش پىرسەنت چىقار قالغىنىچۇ؟ ئادەم بىردىكى! بىز نىمىشكە «هاڭگا ئېشەك بالىسىغا ئىگە بولمىغاندەك» تېپىپ قويۇپلا بالىلارنىڭ بەختىنى ئويلىمايمىز؟
ــ ئۇ بىردىم سۈكۈتتىن كېيىن،ــ بۇ بالا تۇغما مۇشۇنداق ئەمەستۇر؟ ــ دېدى ئىستىهزا بىلەن.
ــ كېيىن بولغان ئىش. بۇنىڭ چېچىنى ئالدۇرۇپ قويىدىغان ئادەم چىقماي ئۆتكەن. كەچكەن قەلەندەر. ئابداللار ساۋابلىق ئۈچۈن بېشىنى چۈشۈرۈپ قويۇپ، شۇنىڭ بىلەن يۇققان گەپ ـ تە! ــ دېدى ئابلىمىت.

— ئاكا،— دېدى تەۋپىق ئىزامىددىنغا بۇرۇلۇپ،— مەن ئابلەقنى كۆرگەندىن كېيىن ئۆزەمگە ئاچچىقىم كېلىپ قالدى. ئىش ئالدىراش دەپ باللار ھەققىدە ئويلىمىغىنىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى كەچۈرەلمەيمەن! باللارنى كېسەلدىن قۇتقۇزۇپ مىللەتنىڭ جىسمانى سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشمۇ ئوخشاشلا مۇھىم ئىش تۇرسا، بۇ ئىشنى تاشلىۋېتىشكە قانداق ھەققىمىز بار؟ ئۇ سابىتقا قاراپ،— ئىنىم ئازراق سۇ ئېلىپ چىقىڭ،— دېدى ئۇ سابىت ئېلىپ چىققان سۇغا قول ياغلىقنى چىلاپ ئابلەقنىڭ يۈز- كۆزىنى سۈرتتى بېشىنى يۇدى.

— مانا، بىر چىرايلىق بالا ئەمەسمۇ؟ نىمىشكە ئۇلارنى «رىسقىنى ئاللا بېرىدۇ، ئېغىرىنى يەر كۆتۈرىدۇ» دەپلا تاشلىۋېتىمىز؟ ئاخىر بىز يىرتقۇچ ھايۋانچىلىكمۇ ئەمەسمۇ؟! ئوغلۇم توپا- چاڭدا ئويناپ مەينەت يۇرسەڭ بېشىڭ يامان بولۇپ كېتىدۇ، بۇگۇندىن تارتىپ پاكىزە يۈرگىن توپا- چاڭدا ئوينىماي، پات - پات بېشىڭنى يۇيۇپ تۇرغىن. ئۆگەي ئاپاڭ سۇ بەرمىسە سابىت ئاكاڭنىڭ يېنىغا كىر بولامدۇ؟ مەن بۇدو كەلگىنىمدە دورا ئالغاچ كېلىمەن، سېنى چوقۇم ساقايتىمەن،— ئۇ يەنە ئاكىسى تەرەپكە بۇرۇلۇپ،— «ھەر بىر پەرزەنت تۇغۇلۇشتا ئەيىپسىز، لېكىن ئۇنىڭ ياخشى- يامان بولۇشى ئاتا-ئانىسىنىڭ تەربىيىسىگە باغلىق»[1] بىز ئەۋلادلارغا مەسئۇل بولۇشىمىز كېرەك.

باللار بۇ ناتونۇش ئەمما باللارنى شۇنچە ياخشى كۆرىدىغان ھەتتا ئاتا- ئانىلىرىمۇ يۈزىنى يۇيۇپ قويمايدىغان، ھېچكىم ئېرىغ ئېتىنى ئاتىماي «تاز» دەيدىغان ئابلەقنى شۇنچە ياساپ- جابدۇپ كېتىۋاتقان سالاپەتلىك ئادەمگە ھەيران بولغان ھالدا قوڭغۇزدەك قارا كۆزلىرىنى — توپا- چاڭ باسقان يۈزلىرىنىڭ بىردىن بىر زىننىتى بولغان بۇلاق كۆزلىرىنى — ئاجايىپ چاقنىتىپ جىم- جىت قاراپ تۇرۇشاتتى.

— باللىرىم، — دېدى ئۇ ھەممە باللارغا،— ئىناق ئويناڭلار

[1] ھەدىس، — ئا.

سوقۇشماڭلار، كىم يەنە ئابلەقنى بوزەك قىلسا مېنىڭ دوستۇم ئەمەس. پەقەت ئابلەقلا مېنىڭ دوستۇم بولۇپ قالىدۇ. ئۇستى- بېشىڭلارنى پاكىزە تۇتۇڭلار بولامدۇ؟ مەن كېلەر قېتىم كەلگەندە مۇشۇ يەردە كۆرۈشىمىز ماقۇلمۇ؟

— ماقۇل!!

— ئاكا، بۈگۈندىن كېيىن ئېغىر كەلسىمۇ دورا سومكىسىنى يېنىمدىن ئايرىماي يۈرەي. بۈگۈن بىر نەچچە يېزىنى ئارىلاپ ئوخشاشلا مۇشۇنداق باللارنى ئۇچراتتىم. ئىچىم سېرىلدى، ئۇيغۇرمۇ دۇنياغا ئادەم بولۇپ تۇغۇلغاندىكىن ئادەمدەك ياشىسۇن - دە!

— شۇنداق قىلساڭمۇ قىل، لېكىن پۈتۈن ئاتۇشنى ھۆشنەگدە يۈك بىلەن پىيادە ئايلىنىپ جان توشمايدۇ. مەن كالىنى ھەم قويدىن بىر نەچچىنى سېتىپ بولسىمۇ ساڭا بىر ئات، ھېچ بولمىسا بىر خېچىر ئېلىپ بېرەي، — دېدى نىزامىددىن.

سابىت بىلەن ئابلىمىت قارى ئۇلارغا قاراپ بىلىندۇرمەي بىر-بىرىنى بېقىنىلدى.

— مەن بۇ ئىشنى بۈگۈنلا ئاكامغا ئېيتىمەن،— دېدى ئابلىمىت قارى دوستىغا پىچىرلاپ.

مەمتىلى ئەپەندى ئاۋۋال باللارنى ئويناشقا چىقىرىۋېتىپ ئاندىن ئۆزىمۇ ئورنىدىن تۇردى. سابىت بىر نەچچە ئېغىز تەكەللۇپ سۆز قىلىش كېرەكلىكىنى ھېس قىلىپ تۇرسىمۇ بىراق تىلى زادىلا گەپكە كەلمىدى، پەقەت گەپ سۆزسىزلا مېھمانلارغا ئەگىشىپ كوچىغا چىقتى.

— ماقۇل يىگىتلەر، ئەمدى سىلەر بىلەن ئوڭۇرۇقتا كۆرۈشىمىز، مەن بۈگۈن شورۇقتىن قايتىپ ۋاقۇاقتا بارىمەن، سەيپىددىن تىزىملىغان ئوقۇغۇچىلار بىر سىنىپلىق بولغان بولسىلا ئوقۇش باشلايمىز سىلەرگە سەيپىددىن خەۋەر قىلىدۇ.

— خەير، خۇداغا ئامانەت.

ئۇلار ئەپەندىنى ئۇزۇتۇپ ئارقىسىدىن ئۇزۇنغىچە قاراپ تۇرۇشتى. بايامقى باللارمۇ يۈگرەشتىن توختاپ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن يەڭگىل

قەدەم ئىلىشلىرىغا ئۇزاققىچە قاراشتى. ئۇلار ئەگرى- بۈگرى كوچىلارنىڭ ئەگىمىسىدە غايىپ بولغاندىلا شوخلۇقلىرىنى باشلاشتى.

## 2

نىزامىددىن بىلەن مەمتىلى ئەپەندى ئىككىسى شورۇقنىڭ چىغىرىقئارا مەھەللىسىدىكى بىر ئۈژمىلىك مەسچىد ئالدىدا ئىككى تەرەپكە ئايرىلدى. نىزامىددىن ئۆيگە قايتاتتى. ئىنىسى ئۇنى ناھايىتى تەسلىكتە قايتىپ كېتىشكە ماقۇل كەلتۈرگەنىدى. تەۋپىق ئاكىسىنىڭ ئارقىسىدىن كۆيۈنۈش تۇيغۇسى بىلەن بىردەم قاراپ تۇرۇپ ئاندىن ئۆز يولىغا قاراپ ماڭدى.

ئۇ ئاۋۋال يۈز بېشى گادايچوكنىڭ بىلەن كۆرۈشتى. ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشتىكى مەخسىدى ئىئانە توپلاش ئۈچۈن ئەمەس، ھوقۇقىي ھىمايە ئۈچۈن ئىدى. ئۇ گادايچوكنىڭ بويۇن تولغىماسلىقى ئۈچۈن سىدىقبەگ بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنى پۈرۈتۈپ ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن گادايچوك مەكتەپ قۇرغۇچىلارنى قوللاشقا ۋەدە بەردى.

تەۋپىق ئۇ يەردىن چىقىپ ئابدىرېھىماخۇن، ياقۇپھاجىملارنىڭ ئۆيىگە كىردى. ئۇلار بىلەن سۆزلەشكەندە بايلارنىڭ ئۆز- ئارا بەسلىشىدىغان، بىرسى بىر تەڭگە خەجلىگەن ئىشقا يەنە بىرسى ئىككى تەڭگە خەجلەپ ھەشەمەت نام- ئابرۇي قوغلىشىدىغان خۇسۇسىيىتىدىن پايدىلاندى. ئۇ بۇ ئىككى بايغا قىلغان سۆزلىرىدە تاھىر خەلپەت بىلەن موللا قادىرنىڭ مەكتەپ سېلىشقا ئىنتايىن قىزغىنلىقىنى يوپۇرۇپ سۆزلىدى. بۇ يەردىمۇ ئۇنىڭ ئىشى كۆزلىگەن ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

ئۇ ياقۇپھاجىمنىڭ كەچلىك تاماققا تۇتقىنىغا ئۇنىماي، ۋاقۋاغقا يۈرۈپ كەتتى. بۇ چاغدا كۈن پېتىشقا ئاز قالغانىدى. ئۇ كەچلىك تاماققا تاشاخۇنۇمنىڭ ئۆيىگە يېتىپ بېرىشقا ئالدىراپ، قەدىمىنى تېز- تېز ئېلىپ ماڭدى.

قوياش پېتىشقا باشلىغان ئاشۇ مەزگىلدىمۇ تۇمۇزنىڭ دىمىق ھاۋاسى

يۇزگە ئۇرۇلۇپ، كىشىنى بىئارام قىلاتتى. ئىسسىقتا سازلىقتىكى زەيكەشلەردىن قارالاي ۋە ئاللىقانداق سېسىق نەرسىلەرنىڭ پۇرىقى ئارىلىشىپ، تىنجىق هاۋانى هاسىل قىلاتتى. ئۇ باغلا يېزىسىنى ئارىلاپ كېتىۋاتقىچە هامان ئەتە. ئۆگۈن ئىچىدە ئوقۇش باشلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا ئويلاپ هاياجانلىناتتى. ئۇ سەيپىددىننىڭ زادى قانچىلىك بالا تىزىملىغانلىقىنى بىلىشكە ئالدىرايتى.

ئۇ ئويلىغىنىدەك تاغىسىنىڭ ئۆيىگە دەل كەچلىك تاماق ۋاقتىغا ئۇلگۈرۈپ كەلگەنىدى. ئۆيدىكىلەرنىڭ هەممىسى داستىخاندا جەم ئىدى. ئۆيدىكىلەردىن باشقا يەنە سالاهىددىن ئەپەندى بىلەن مۇشىپىقە خانىممۇ بارىدى.

— «ياخشى مېهمان تاماق ئۈستىگە كېلەر» دېگەن گەپ بارىكەن، مەن بۈگۈن دەل ياخشى مېهمانىنىڭ ئۆزى بولدۇممۇ دەيمەن، — چاخچاق قىلدى تەۋپىق داستىخانغا كېلىپلا. ئاندىن هەممەيلەن بىلەن بىرمۇ-بىر ئامانلىشىپ ئورۇن ئېلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، — مەن تېخى سالاهىددىن ئەپەندى بىلەنمۇ كۆرۈشمەكچىدىم، ياخشى مېهمانىنىڭ بۇ ئارزۇسىغا ئۇيغۇن، ئەپەندى ئۆزىمۇ مۇشۇ يەردىلا ئىكەن، — دېدى.

— قېنى تاماقتا بېقىڭ «ئاۋۋال تامام ئاندىن كالام» — دېدى سارىخېنىم.

سالاهىددىن ئەپەندى پاشا قورىغاچ سورىدى:

— قانداق زۆرۈر ئىش بارىدى؟

— بەك ئالدىراشمۇ ئەمەس. ئاڭلىسام سىزنى قەشقەرگە كەتمەكچىمىش دېيىشتى، بۇ قانداق گەپ؟

— هە، شۇنداق دېيىشىۋاتىمىز، بۇ يەردە قىلغان ئىشىمىزنىڭ تازا تايىنى بولمايۋاتىدۇ، بىكار يۈرگىچە قەشقەرگە كېتەيلىمىكىن دېگەنىدۇق.

— شۇنداقمۇ؟ بۇ ئويىڭىز تازا توغرا بولماپتۇ. سىزنىڭغۇ تەكلىپ قىلىپ ئەكەلگەن، بۇ يەر يۇرتىڭىز بولمىغاندىكىن كەتسىڭىز توسۇپ قالغىلى بولمايدۇ. بىراق بىز تۇرۇپ قېلىشىڭىزنى ئىلتىماس قىلىمىز. بالىلاردىن غەم قىلماڭ مەن سىزگە تەلەبە يىغىپ بېرىمەن لىۋاهىددىن

يەنە سىز بىلەن قالىدۇ. سىز ھېچ بولمىسا بىر قارارلىق مۇئەللىم تەربىيلەپ بېرىپ كېتىڭ. مۇشىيقە خانىمنىڭ بارىدا بىر تۈركۈم ئايال مۇئەللىملەرنى تەربىيلىۋالمىساق، قىزلارنى ئوقۇتۇشتا ئامالسىز قالىمىز. ئاۋۋال بىز تەييارلىق قىلىۋاتقان ئىشنى قىلىپ باقايلى. شۇنىڭ نەتىجىسىگە قاراپ ئاندىن سىلەرنىڭ ئىشىڭلارنى ئويلىشايلى. ھازىرچە بار بالىلارنى ئاز بولسۇن، كۆپ بولسۇن ئوقۇتۇپ تۇرۇڭلار قانداق؟

مەمتىلى ئەپەندىنىڭ سۆزلىرى شۇنچە سىلىق چىرايىنىڭ شۇنچە ئىللىقلىقىغا قارىماي، ئاللىقانداق كۈچ بارىدى. ئاھاڭىدا ياكى پوزىتسىيىسىدە نېمىدۇر بىر نەرسە كۈچلۈك جاراڭلاپ تۇراتتى. ئۇنىڭ سۆزىنى ئىلىك ئالماسلىق تولىمۇ تەس گەپىدى. سالاھىدىن ئەپەندىمۇ ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى رەت قىلىشقا ئامالسىز قالدى.

— بىز مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىي ئاقارتىش تارىخىدا تاتار خەلقىنىڭ زور تۆھپىسى بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالمايمىز. سىلەر بىزگە ئۇستاز. ئۇنداق بولغاندىكىن شاگىرتىڭىزلارنى چالا تاشلاپ كېتىشكە يۈرىكىڭلار چىدىماس، ئەلۋەتتە؟

— شۇنداق، ئەپەندى،... — سالاھىدىن ئەپەندى ئاخىرى كۆڭلى بىر تۈرلۈك ئىسسىق ئېقىم تەرپىدىن ئېرىپ كەتكەندەك بولۇپ شۇنداق دېدى. دە، شۇڭ بولۇپ قالدى.

— شۇنداق قىلايلى، ئەپەندى، مېنىڭ سىزنى ئىزدىمەكچى بولۇشۇم شۇ ئىش ئۈچۈن ئىدى. خانىم ئىككىڭلار ئىككى سىنىپ ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈپ بەرگەندىن كېيىن، سىلەر قايتا ئېغىز ئېچىپ يۈرمىسەڭلارمۇ ئۆزىمىز كۆچۈرۈپ ئاپىرىپ قويۇشقا ۋەدە بېرىمەن. ئەمدى شۇ گەپ ھېساب بولسۇن، — دېدى ئۇ ئاندىن سالاھىدىن ئەپەندى بىلەن بولۇدۇغان سۆھبەتنى تاماملىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، پاشا قوروۋاتقان سەيپىددىنگە بۇرالدى، — خوش، بىز سۆھبەتنى تاماق بىلەن بىرلا ۋاقىتتا تۈگەتسەك ۋاقتىمىز تېجىلىدىغۇ؟ قېنى، سۆزلىگىنە، قانچە بالا تىزىملىدىڭ؟

سەيپىددىن قوشۇقنى قويۇپ تۇرۇپ:

www.uyghurkitap.com

— ھازىرچە ئەللىكتىن ئاشتى، — دېدى.

— شۇنداقمۇ؟ ياخشى! مېنىڭ سومكامدا ئىككەيلەننىڭ تېزىمى بار، يەنە بىرسى يېقىن ئارىدا تىزىملاتماقچى، — مەمتىلى ئەپەندى ھاياجانلىنىپ كەتتى. — ئۇنداق بولسا، — دېدى ئۇ بىردەم قوشۇمىسىنى تۈرۈپ تۇرۇپ ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، — شەمبىدىن باشلاپ ئۆگىنىشنى باشلىساق، ئۆتكۈزۈشكە تېخى تولۇق ئۈچ كۈن بار. ياخشىسى ئۇلارنى ئۆگۈنلۈككە جۇمە، بازارنى ئۆتكۈزىۋالسۇن، شەمبە كۈنى مەكتەپكە بارسۇن قانداق؟

— ماقۇل.

— سالاھىدىن ئەپەندى، لىۋاھىددىن بىر كۈن ئاكىسىغا ياردەملەشسە رۇخسەت بېرەرسىز؟

— بولۇدۇ، بارسۇن.

— ھە، مانا، ئىش پۈتتى. شۇنداقمۇ؟

دۇئا قىلغاندىن كېيىن مەمتىلى ئەپەندى كېتىشكە ئالدىرىدى.

— ئەمدى كېچە بولدى، قاراڭغۇدا قالىسىز، قونۇپ قېلىڭ بالام، كېچە دېگەندە نەدە بولسا ئۇخلايدىغان گەپ، خام توقۇمىغاندىكىن، — دېدى سارىخېنىم ئۇنى تۇسۇپ.

— ياق، خانئانا، قايتاي، — دېدى تەۋپىق ئۆزرە سوراش تەلەپپۇزىدا. ئارقىدىن چاقچاق ئارىلاشتۇرۇپ قويدى، — توقۇيدىغان خاملىرىممۇ بار.

سەيپىددىن، لىۋاھىددىنلارنىڭ ئۆتۈنۈشلىرى، سالاھىددىن ئەپەندىنىڭ سالا قىلغىنىغا قارىماي، تەۋپىق كېتىش پىكرىدىن يانمىدى.

— مېنىڭ بۇ يەرگە كېلىش مۇددىئايىم مۇشۇ تۇۋۇپكە چۈشتى، ئەمدى قايتماي نېمە قىلىمەن؟ كېچىدە بەربىر ئۇخلايدىغان گەپ، دەپ خانئانامۇ توغرا ئېيتتىغۇ،— دېدى ئۇ كۈلۈپ. ئۇنىڭ كۆلكىسىدىن ھارغىنلىق چىقىپ تۇراتتى.

ئۇ ئىنتايىن ئىتتىك ماڭدى. مېڭىپ كېتىۋېتىپ ئەتە قەشقەرگە بېرىپ كېلىشنى، قەشقەردە قايسى ئىشلارنى بېجىرىپ، قايسى ئىشلارنى

ئوقۇشىدىغانلىقىنى ئويلاپ ماڭىدى: توختاجى كەلگەن بولسا ئەنجان تەرەپلەردىن بىر يۇرۇش دەرسلىك كىتاپ، دەپتەر- قەلەم قاتارلىق نەرسىلەرنى ئەكەلدۇرۇشنى ئەڭ مۇھىم ئىش دەپ قارىدى. «تۈرك تىلى دىۋانى» نىڭ كىرىش سۆز قىسمىنىڭ تەرجىمىسىنى ئالغاچ بىرىپ شەۋقىنىڭ پىكرىنى ئۇقۇپ بىقىشمۇ زۆرۈردى. نوۋىشى مەكتەپنىڭ دەرسلىك قوللانمىلىرىدىن ئالغاچ كېلىپ هازىرچە پايدىلىنىپ تۇرشقىمۇ بولاتتى. بولۇپمۇ مەجىددىن ئەپەندى ھىفزى سىھھەت[1] دەرسى ئۈچۈن بىر نەرسە تۈزۈپ بەرمىسە بولمايدۇ. «دەرس باشلايدىغان ۋاقت قىستاپلا كېلىپ قالدى، ئەتە بارمىسام خېلى ئۆزۈڭىچە چولام تەگمەيدۇ... »

ئۇ تۆركۆل يېزىسىدىن چىققاندىلا ئەتراپ قاپ- قاراڭغۇ بولۇپ كەتتى. ئۇ كېچىنىڭ سالقىنىدا خېلى روھلۇنۇپ قالغاندەك بولدى. يېقىن كەلگۈسىدە ۋەتىنى ئۈچۈن ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەشنى باشلاشتەك غايىنىڭ تۇنجى قەدىمى ئۇنى قاتتىق هاياجانلاندۇراتتى. بۇ بەختىسىز مىللەتنىڭ بەختى ئۈچۈن بىسۋاتقان بىر قەدەم ئىدى. ئۇ ئۆزىنى بىر ئاددىي بىناكار دەپ هېسابلىدى. ئۇنىڭدەك بىناكارلار تارىختىن بېرى بىر بۈيۈك قەسىر ئۈچۈن ئىشلەيتتى. ئۇلارنىڭ هېچقايسىسى بۇ قەسىرنى پۈتتۈرۈپ، ئۇنىڭ تۆرىدە هوزۇرلۇنۇشنى ئويلىمايتتى. پەقەت ئۆزىنى ئۇنۇتقان هالدا خىش قويشاتتى. قەسىر ئىش مەيدانىدا گاهى ئىش توختاپ قالاتتى. گاه بوران- يامغۇر تامنى ئۆرۈتۈپ چۈشۈرەتتى، يامان نىيەتلىكلەرمۇ بۇزغۇنچىلۇق قىلاتتى. گۈل-نەقىشلەرنى بۇزۇپ ئىپلاس نەرسىلەرنى سۇۋاپ قوياتتى. يەنە خالىس بىناكارلار يېتىشىپ چىقىپ قۇرۇلۇشنى داۋام قىلاتتى.

مەمتىلى ئەپەندى تېخى يېقىندىلا ئابدۇقادىردامولللا، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، مەخسۇت مۇهىتىلار خىش قويغان بۈيۈك قۇرۇلۇشقا ئۆزىنىڭ ئىزباسار بولغىنىدىن چەكسىز ئىپتىخارلىق هېس قىلاتتى، شۇنىڭ

[1] هىفزى سىھھەت ــ ساقلىقنى ساقلاش ساۋادى، سەھىيە، ــ ئا.

www.uyghurkitap.com

بىلەن ئۇ ھارغىنلىقىنى ئۇنتۇپلا قالدى.

ئۇ ئۆيگە يېتىپ كەلگەندە نىزامىددىن بىلەن زورىخان تېخى ئۇخلىمىغانىدى. باللار ئالللىقاچان ئۇيقۇغا كېتىشكەنىدى.

— تېخى ئۇخلىماپسىلەرغۇ، ئاكا،— دېدى يانچۇق سائىتىنى چىقىرىپ قاراپ قويۇپ شۇندىلا ۋاقىتنىڭ بالدۇر ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ تېنى بوشۇشۇپ كەتكەندەك بولدى.

— ئەمدى كەلدىڭمۇ؟— دېدى نىزامىددىن ئۇھ تارتىپ.

— ھەئە، ھەر ھالدا ئىشلار ئىنتايىن جايىدا مەن بەكمۇ خوشال.

— ئەمما بۇگۈن ماڭغان يولۇڭنىلا ھېسابلاپ باقە،— دېدى نىزامىددىن ئىچ ئاغرىتقان ھالدا، — نەچچە يۈرتنى ئارىلاپ كەم دېگەندە ئەللىك چاقىرىم يول ماڭدىڭ دېگەن سۆز، ئۇكام، جان كۆندە چېچەكلەمدۇ، ئۆزەڭنىمۇ ئاسرىغىن.

— ئاكا، مەن شۇ جاپانى ئىختىيار قىلغان ئىكەنمەن، مېنىڭ بەختىم ئەنە شۇ. ھەركىمنىڭ بەخت راھەت دەپ قارايدىغىنى ئوخشاش ئەمەس بەزىلەر نەشە چېكىپ «ئەرش» تە كەزگەننى راھەت دەيدۇ؛ يەنە بەزىلەر بەختنى قىمار تاۋۇكاسىدىن ئىزلەيدۇ. نىمىشكە بەخت ئوخشاش بىر نەرسە ئەمەس؟ چۈنكى كىشىلەرنىڭ بەخت دەپ بىلىدىغىنى ئوخشاش ئەمەس. شۇنداق، بەخت —كۆڭۈل ئىنتىلگەن بەرسە دېمەكتۇر.

— بولدى، سەن بىلەن تالىشىپ بولالتىمۇ.

— ئۆزىڭىزچۇ؟ ئۆزىڭىز نىمىشكە ئۇخلىمىدىڭىز؟ يەڭگە، ئاكام قايتىپ كەلگەندىن كېيىن نېمە ئىش قىلدى؟

— تاشمەتلەرگە يول كۆرسىتىپ بىردەم بوياقخانىدا ئىشلىدى. ئۇندىن تاختىلاپ قويغان جۇۋىلىرنى تىكتى. ئۇنىڭزى خەت يېزىپ ئولتۇرغانىدى.

— شۇنداقمۇ؟ دېمەك سىزمۇ ئانچە راھەتلىنىپ كەتمەپسىز. خوش. كۆچۈرۈپ قەيەرگە كەلدىڭىز؟

— كىرىش قىسمىنى كۆچۈرۈپ بولدۇم. مېتىنىدىن[1] ئازراق يازاي دەپ تۇراتتىم.

— رەھمەت، ئاكا، تېكىستنى تېخى پىششىقلىمىدىم. ئاۋۋال ئۇنى بىر سىلىشتۇرۇپ چىقاي، ئالدىرىماڭ كىرىش سۆز قىسمىنى كۆچۈرۈپ بولغان بولسىڭىز بەك كاتتا ئىش قىپسىز، رەھمەت. ئەته قەشقەرگە بېرىپ كېلەي دېگەنىدىم، ئالغاچ بارسام بوۋاي تازا خوشال بولۇدۇغان بولدى، — بىراق ئۇ ئاكىسىنىڭ چىرايى تۇتۇلۇپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ باشقا ياققا بۇراپ،— ئاكا، سىلەرنىڭ ياخشى كۆڭلۈڭلارنىمۇ يەردە قويغىلى بولمايدۇ. خۇدا بويرىسا قەشقەردىن بالدۇرراق قايتىپ چىقسام، جۈمەنىڭ قالغىنىنى سىلەر بىلەن بىللە ئۆتكۈزىمەن. سىلەرگە تەمبۇر چېلىپ بېرىمەن، پىئانىنو چېلىپ بېرىمەن. ئۆزەممۇ بالىلارنى بەك سېغىنىدىم ئۇلارنىڭ ۋاراڭ- چۇرىڭىنى ئاڭلىمىغىنى نىكەم، بىر ئۆيدە ياشاپ تۇرۇپمۇ... — دېدى. شۇئان ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئوغلى ھەققىدىكى خاتىرە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئايالى سەرۋەرنىڭ خاتىرىسى كەچتى. سېغىنىنچ ئۇنىڭ يۈرىكىگە ھوجۇم قىلىشقا باشلىۋېدى، ئۇ كاللىسىنى قاتتىق سىلكىپ ئاكىسىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالدى.

بۇ چاغدا سەل چىرايى ئېچىلغان نىزامىددىن:

— بىر ئايال بالىسىنى ئېلىپ كېسەل كۆرسەتكىلى كەپتىكەن. ئۇنىڭ بالىسىنىڭمۇ بېشى بۇزۇلغانىكەن، ئىلگىرى ئۇنى كۆرۈپ دورا بەرگەنىكەنمەن، دورا خېلى پايدا قىلغان بولسا كېرەك، يەنە ئازراق بەرسە دەپ كەپتىكەن.

— ھە، بىلىمەن، ئەسلىدە ئۆزۈم ئۇنىڭ ئەھۋالىنى سورۇشتە قىلىپ تۇرۇشۇم كېرەكىدى، كېيىنكى كۈنلەردە ئۆزۈممۇ بۇ ئىشنى ئۇنتۇپلا كەتتىم. بىر ئىشنى قىلدىم دەپ يەنە بىرىنى ئۇنتۇپ كېتىش ياخشى ئىش ئەمەسىدى. ئاكا، مەسجىدنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى قانچىنچى دەرۋازا شۇنىڭكىدى؟ ھە، مەن دەرھال باراي.؟

[1] تېكست — ئا.

— ۋۇي، ئۇكام، خەقنىڭ ئىشكىدە تەمتىلەپ يۈرىدىغان ۋاقتىمۇ مۇشۇ؟ خەق نىمە دەپ قالىدۇ؟ ئۇنىڭسىزمۇ ياخشىلىقتا يامانلىق دەپ، ئۇستۇڭدە گەپ...

— ئۇ دېڭىنىڭىزغۇ توغرا بىراق، ئەتە قەشقەرگە كەتسەم بۇ ئىش كەينىگە سۆرۈلۈپ كەتمىسۇن، دەيمەن ـ دە.

— دورىنى ئېلىپ قوي، مەن ئەتە بېرىپ قوياي. ئەمدى ئۇخلىغىن.

— ئۇنداق بولسا ماقۇل، دورىنى ئايرىپ قوياي، ئەتە مېنىڭ ئورنۇمدا بۇ ئىشنى ئۇنتۇلماي بېجىرىپ قويۇڭ، ئەمما ھازىر سىلەر ئۇخلاۋېرىڭلار، ئاكا، مەن ئازراق بىر نەرسە يازاي، — دېدى ئۇ ھارغىن ئەسنەپ تۇرۇپ، — ھازىرلا ياتمەن، ماۋۇلارنى ئازراق سىلىشتۇرۇپ چىقاي كۆزىڭىزنى ئالايتقىنىڭىز بىلەن، ئەتە ئۆزىڭىز ئىشسىز قالىسىز، يەنە بىر تەرەپتىن بىر كۆڭلۈك ئىش كەم ئورۇنلانسا قەشقەرگە كىرگىنىممۇ تازا...

— ھەي، ھەي...

— مانا، بىر بەتلا...

نىزامىددىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن تەۋپىق تەرجىمە قىلغان ئارگىناللارنى سېلىشتۇرۇپ چىقتى ئاندىن تۈنجى ئارگىنال پېتىچە قولغا ئالمىغان بىر نەچچە شېرىنى قايتا ئىشلىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرغاندا قەدەملىرىنىڭمۇ تاش ئېسىپ قويغاندەك ئېغىرلىشىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

# ئون تۆرتىنچى باب

## 1

مەمتىلى ئەپەندى جۈمە كۈنى چۈش قايرىلغاندا قەشقەردىن قايتىپ چىقتى. دەرۋازا ئالدىغا كېلىشى بىلەنلا ئۆنى سېغىنغان بالىلار — جىيەن ئوغۇل- قىزلىرى ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگرەشتى. بىر ئۆيدە ياشاۋېتىپمۇ بارغانسېرى ئاز كۆرىشىۋاتقىنى ئۈچۈن سېغىنىشقانىدى. مەمتىلى ئەپەندىمۇ بالىلارنىڭ ئۈستىبېشىنى قاققاچ، ھەممىسىنى بىر باشتىن قوچاغلاپ سۆيۈپ چىقتى ۋە ھەر بىرىگە قەن- گېزەكلەردىن تۇتقۇزدى. ئۇ دەرۋازا تۈۋىدىلا پاتىمەمنى بىر قولىدا، روشەنگۈلنى بىر قولىدا كۆتۈرۈۋېلىپ ھويلىغا كىرىپ كەلدى.

— خوش كەپسىز، مەمتىلى،— دېدى زورىخان ئىللىق كۈلۈمسىرەپ، — مالىلىكاڭنىڭ ئۈستىۋېشىنى بولغاپ بولۇشۇپسەن، كەپسىزلەر، — دەپ بالىلارنى ئەيىپلىدى ئۇ.

— ھېچقىسى يوق، — دېدى مەمتىلى خۇشال ھالدا.

شۇ چاغدا بوياقخانىدىن چىققان نىزامىددىن ھارۋىكەش ئېلىپ كىرۋاتقان يۈك- تاقلارغا قاراپ قويۇپ:

— تېچلىق كەلدىڭمۇ؟ يۈكۈڭ خېلى بارغۇ؟ نېمىلەر ئۇ؟ — دېدى كۆرۈشۈپ.

— بىر توپى دەپتەر- قەلەم، ئوقۇغۇچىلارغا، بىر توپى چەكمەن. بۇلار ھەققىدە كېيىن سۆزلەپ بېرىمەن. ۋەدەمگە بىنائەن بۇگۈن سىلەر بىلەن كۆڭۈللۈك يېرىم كۈن ياشايمەن، باشقا گەپلەرنى قىلىشماي تۇرايلى، ھېلى بىكار بىرەر موھىم ئىش يادىمغا چۈشۈپ قالسا كەيپىڭلار ئۇچىدىغان ئىش بولمىسۇن، — دېدى مەمتىلى ئەپەندى.

ئۇ ھارۋىكەشنى ئۇزۇتۇپ پىشايۋانغا كېلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن:

— غېنى، ئەمسە تەمبۇرنى ئېلىپ چىق. قەشقەر سەنىمىگە بىر

www.uyghurkitap.com

چالاي،— دېدى روھلۇق ھالدا.

— ھەببەللى، مۇنداق ئىش قىلمامسىز، «بەزىدە خۇدا بىلەن روسۇل، بەزىدە دۇتار بىلەن ئۇسسۇل» دەپتىكەن، — دېدى زورىخان،— شۇغۇنىسى كېلىپلا ئۇسسۇلۇقمۇ ئىچمەي قىلىۋاتقىنىڭىز تازا بولماي قالدى.

مەمتىلى ئەپەندى يەڭگىسىگە رەھمەت ئېيتىپ، غېنى ئېلىپ چىققان تەمبۇرنى قولىغا ئېلىپ سازلاشقا باشلىدى. باللار ئۇنى چۆرىدەشتى نىزامىددىنمۇ يېقىنراق سۈرۈلدى. تەمبۇرنىڭ تىرىڭشىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئىشىك ئالدىدا ئويناۋاتقان باللارمۇ كىرىپ كەلدى. خوسۇسەن باللار ئەپەندىدىن زادىلا قورۇنمايتتى. ھەممىسى «ئەپەندى دادام» دېيىشىپ ئەڭ يېقىن ئادەمگە ئوخشاش ئەركىلىشەتتى. خېلىدىن بېرى ئۇلار ئەپەندى دادىسىنى بۇ ئەتراپتا كۆرەلمىگەچكە بۈگۈن ئۇلار ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولاشماي تۇرالمايتتى.

نىزامىددىن بىلەن زورىخان ئىنىسىنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ كۆڭلىدە «بىرسى بىرەر ئىش بىلەن مەمتىلىنى ئىزدەپ كېلىپ ئۇنى مالال قىلمىسىدى، كەيپىمىزنى بۇزمىسىدى» دەپ ئويلىشاتتى.

مەمتىلى ئەپەندى ئىنتايىن كەيپىي چاغ ھالدا قەشقەر سەنىمىنى باشلىدى ۋە چوڭراق باللارغا:

— ھە، نېمىشكە ئولتۇرىسىلەر؟ ئۇسسۇل ئويناڭلار، بولمىسا سىلەر چېلىپ بېرىڭلار، مەن ئويناپ بېرەي، قانداق؟— دېدى. ئارقىدىن، — ئۇيغۇر بالىسى ناخشا ئېيتالمىسا، ئۇسسۇل ئوينىيالمىسا ئۇيغۇر بولۇشىنىڭ ئىككى شەرتى كەم بولۇپ قالامدۇ. غېنى سەن باشلاپ بەر، دوستلىرىڭنى تات، — دېدى.

غېنى ئورنىدىن تۇرۇپ ھويلا سەيناسىدا ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتتى. ئارقىدىن ئىككى بالىنى ئۇسسۇلغا تارتتى. بۇ يەر بىردەمدىلا ئۇسسۇل سورۇنىغا ئايلاندى. مەمتىلى ئەپەندىنىڭ بىر نەچچە كۈندىن بېرىكى ھارغىنلىق ۋە ئۇيقۇسىزلۇق نەتىجىسىدە قېنى قاچقان چېھرىسىگە بۈگۈن قان يۈگرەپ، نۇرلۇنۇپ كەتكەنىدى، ئۇنىڭ پۈتۈن تۇرقىدىن ئىچ-ئىچىگە پاتمايۋاتقان بىر خوشاللىق سېزىلىپ تۇراتتى.

نىزامىددىنىنىڭ ھويلىسىدا تاسادىپىي شەكىللەنگەن بۇ بەزمە سورۇنىغا قوشنا- خۇلۇمىلارمۇ كىرىشكە باشلىدى. بىردەمدىلا ھويلىغا ئادەم تولۇپ كەتتى.

بۇ خوشال سورۇننىڭ ئۇستىگە قىلغان ئىشلىرىنىڭ نەتىجىسىدىن مەمتىلى ئەپەندىنى خەۋەردار قىلىش ئۈچۈن سەيپىددىن، لىۋاھىدىنلار بازاردىن يېنىپ كېلىپ قالدى. ئۇلار بىللە بىللەن سۇنتاغلىق ئىككى مۇھەممەد قارى باردى.

مەمتىلى ئەپەندى تەمبۇر چېلىۋاتقاچقا مېھمانلارغا كۆلۈمسىرەپ باش لىڭشىتىپ قويدى. خېلىدىن كېيىن ئۇ تەمبۇر چېلىشنى توختۇتۇپ، سەيپىددىن ۋە ئۇنىڭ يولداشلىرى بىلەن كۆرۈشتى. ئۇلارنىڭ پارىڭنى بۆلۈپ قوشنىلاردىن بىرى:

— تەمبۇرنى باشقا بىرسى چالسا، مەمتىلى ئەپەندى بىر ئۇيناپ بەرسە بوپتىكەن،— دېۋىدى، مەمتىلى تەكەللۇپ قىلىپ ئولتۇرماي:

— قايسىڭلار تەمبۇر چېلىپ بېرىسىلەر؟ چالىدىغان ئادەم بولسا مەن ئويناپ بېرەي، — دېدى.

كۆپچۈلۈكنىڭ ئىچىدە چالالايدىغانلار كۆپ بولسىمۇ ئۇلار تارتىنىپ، گەپ قىلىشمىدى. ھېچكىمدىن سادا چىقمىغاندىن كېيىن مۇھەممەد قارى(ھۈسسىيىن) تەۋپىق بىلەن خېلى چۈشۈنۈشۈپ قالغاچقا جۈرئەتلىكراق چىقتى:

— مەن چېلىپ باقاي، ئۆزۈم چالىراق، شۇنداق بولسىمۇ،... — دېدى ئۇ.

مەمتىلى ئەپەندى ئۇنىڭ دېدىللىكىنى ياقتۇرۇپ قېلىپ ئاۋۋال ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ:

— ھە، مۇھەممەد قارى، چېلىڭ،— دېدى تەۋپىق. مەھەممەد قارى تەمبۇرنى ئېلىپ، ئاۋۋال ناخۇلنى تالارنىڭ ھەممىسىگە نۆۋەت بىلەن ئىككى- ئۈچ قېتىم چېكىپ قويۇپ، ئاتۇش پەدىسىنى باشلىۋەتتى:

ئاتۇشۇڭغا بارغۇنچە ،

پۈرايدۇ بەشكېرەم باغى.
ئەجەبمۇ يامان ئىكەن،
كۆيەك ئۆتىنىڭ داغى.

مەمتىلى ئەپەندى مەھەممەد قارىنىڭ ئاۋازىمۇ خېلى سازىكەن دەپ ئويلىدى. ئۇنىڭغا ھەۋەس بىلەن قاراپ قويغاندىن كېيىن سۇپىدىن چۈشتى.

ئۈرۈكۈممۇ ـ ئۈرۈكۈم،
باغدا پىشقا ئۈرۈكۈم.
سېنى بىردەم كۆرمىسەم،
چىدىمايدۇ يۈرۈكۈم.

.........

بۇ چاغدا تەۋپىق ھويلا سەيناسىدا لەرزان ئايلىنىشقا باشلىغانىدى. ئۇنىڭ ئۇسسۇلى تاماشىبىنلارنى سۆيۈندۈرۈۋەتتى. ئۇلار بۇنداق سىلىق، چىرايلىق ئويىنغاننى ئىنتايىن كەم كۆرگەنىدى.

ــ قاراڭلار، ئەپەندى بەئەينى سۇدا ئۈزگەن بېلىقتەكلا ئويناۋاتىدىكەن ـ نا!؟

ــ قارا، پۈتىغا قارا، نېمە دېگەن سىلىق مىدىرلايدۇ. سەن ـ بىزدەكلەر بولساق بۇ چاقچاقچە چاڭ چىقىرىپ، ھويلىدا ئادەم تۇرغۇسىز قىلىۋېتەتتۇق.

ــ دولىسىنى قارىمامسەن، سۆڭەكى يوقتەكلا لىغىلدايدۇ ـ يا، پەرۋەردىگار!

ــ ...

تەۋپىق خۇددى يەردىن بىر ئىلىك ئېگىزلىكتە ئۇچۇۋاتقاندەك، ئايىغىنىڭ يەرگە تېگىۋاتقىنىنى بىلىندۈرمەستىن سەينانىڭ چېتى بىلەن سىلىق چۆگىلەيتتى. ئۇنىڭ پۇتى ۋە قولىلا ئەمەس، بېلى، مۈرىسى، بويىنى، بېشىمۇ ناخشىغا ماس ھالدا تەۋرىنەتتى. ئۇ بەزى

ئۇسسۇلچىلاردەك پۇتىنى يەرگە ئۇرۇپ، قولىرىنى كۆچەپ پۇلاڭشىتمايتتى. شۇڭا پات ھېرىپ قالمايتتى. ئۇ ئاخىرى مەھەممەد قارىنى ھارغۇزۇپ قويدى.

شۇ چاغدىلا خۇلۇم- قوشنىلار مەمتىلى ئەپەندىمنىڭ مېھمانلىرى بارلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ ھەم ئۇنىڭ دەم ئېلىشىغا ھالاقىت بەرمەسلىك ئۈچۈن بىر- بىرلەپ خوشلاشتى.

ھويلىدا ساھىپخانلار بىلەن سەيپىددىن باشلاپ كەلگەن مېھمانلار قالغاندا مەمتىلى ئەپەندى مەھەممەد قارىنىڭ مۈرىسىگە قېقىپ:

— يارايسىز، ئاۋازىڭىزمۇ سازكەن، — دېدى ۋە چىقىشقاقلىق بىلەن، — ئاۋۇ كۈنى مۇھەممەد قارىلارنى ئايرىش ئۈچۈن مۇۋاپىق ناملارنى تاپىمىز دېگەنىدىمغۇ؟ مانا بۈگۈن مۇھەممەد ھۈسىيىن ئۆزىنى بۇ بەزمىمىزدە نامايەن قىلدى، دېمەك ئۇنى «مەشرەپ» دېسەك نېمە دەيسىلەر؟

ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ «مۇھەممەد قارى مەشرەپ» دەپ چاقىرىشتى.

— بىز سىزگە ھېلىقى ئىشنىڭ ئورۇنلۇنۇش ئەھۋالىدىن ئۇچۇر بېرەيلى دەپ كەلگەنىدۇق، — دېدى سەيپىددىن چاقچاقلاردىن كېيىن ئەسلى مەخسەتكە كېلىپ، — جەمئىي 61 نەپەر بالا تىزىملاندى.

— شۇنداقمۇ؟ ئوبدان، ئەسلىدە بۈگۈن مەن ئاكام بىلەن يەڭگەمگە خىزمەت ھەققىدە سۆز قىلماسلىققا ۋەدە بەرگەن، شۇنداق بولسىمۇ بىر ئېغىزلا سۆزلەشكە توغرا كەپ قالدى. خوش قانداق بولدى، ئاخىرى؟

— ھەممەيلەنگە خەۋەر قىلىۋەتتۇق.

— شۇنداقمۇ؟ رەھمەت، يىگىتلەر، ئەمدى مەن سىلەرگە بىردەم پىئانىنو چېلىپ بېرەي، بولامدۇ؟ ئالدىرىمايدىغانسىلەر؟

— كەچ قالارمىزمىكىن، بىز كېتەيلى،....مەنزىلىمىز خېلى يىراق، — دېدى سەيپىددىن دوستلىرىغا ۋاكالىتەن.

— يېڭى تۈنۈشلار بىلەن بىردەم ئولتۇرغىلى قويمايدىغان ئوخشىمامسەن؟

— بىزمۇ ئالدىرايتتۇق.... دېدى ئىككى مەھەممەد قارى بىر- بىرىگە

قارىشىپ.

— ئەمسە بىر پىيالىدىن چاي ئىچىپ مېڭىڭلار. ئۈنسىڭىزمۇ نىزامىددىنكاڭلاردىن قۇتۇلالمايسىلەر.

زورىخان داستىخان سالدى. ئۇلار چاي ئۈستىدە بىردەم پاراڭلاشتى. ئاندىن سەيپىددىنگە:

— ئەتە كىچىكىڭىزدىكى ئابدۇراخمان ئۈستىنى تەكلىپ قىلىپ باشلىغاچ كەل. شاگىرتلىرىنى، ماشىنىلىرىنىمۇ ئېلىپ كەلسۇن. ئاتمىش نەچچە كىشىلىك كېيىم تىكتۇرىدىغان گەپكەن دېگىن، — دېدى.

ئۇ مېھمانلارنى دارۋازا ئالدىغىچە ئۇزۇتۇپ قايتىپ كىرگەندىن كېيىن نىزامىددىننىڭ بالىلىرىغا:

— مەن تېخى سىلەرنىڭ ئىختىيارىڭلاردا. كەچلىك تاماقتىن كېيىن مېنى ئازاد قىلساڭلار بولۇدۇ. ئەمدى سىلەرگە نېمە قىلىپ بېرەي؟ دېدى. ئارقىدىن ئۆزى جاۋاب بېرىپ، — سىلەرگە پىئانىنو چېلىپ بېرەي، بولامدۇ، — دېدى.

ئۇ بالىلارنى ئۆزىنىڭ ھوجرىسىغا باشلاپ كىرىپ پىئانىنو ئالدىدا ئولتۇردى. بالىلارنىڭ ھەممىسى ئەتراپىقا ئولاشتى تەۋپىق يوغان بىر ۋاراق قەغەزنى پىئانىنو ئۈستىگە قويۇپ پىئانىنونىڭ تۈگمىلىرىنى بېسىشقا باشلىدى.

شۇئان ھەيۋەتلىك، كۈچلۈك سادالار بىر خىل رېتىم بىلەن تىترەپ چىقىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئالدىدىكى قەغەزدە بەش- بەشتىن قىلىپ سىزىق سىزىلغان بولۇپ سىزىقتا ئىگىز- پەس قىلىپ، چۈمۈلچىكە ئوخشاش بەلگىلەر قويۇلغانىدى. ھەر بەش سىزىق ئاستىدا ئۇزۇك- ئۇزۇك خەتلەر باردى. ئۇنىڭدا:

ۋەتەن ئۈچۈن تەرەققىيات ئىستەرمىز،
ئارزۇيىمىز: راۋاجلانسا مائارىپ.
جاننى پىدا قىلىدۇق ئەزىز بۇ ئەلگە،
بىزنىڭ يۈرەك زالىملارغا مۇخالىپ.

www.uyghurkitap.com

دېگەن شېئىرلار يېزىلغانىدى، ئۇ بىر تەرەپتىن چېلىپ، بىر تەرەپتىن بەش سىزىق ئۇستىدىكى بەلگىلەرنى سىزىپ جىجاتتى. بالىلارنىڭ چوڭلىرى بەلگىنىڭ ئاستىدىكى خەتلەرنى بىرئاز تونۇسىمۇ، بەلگىلەرنىڭ نېمىلىكىنى چۈشىنەلمىدى كىچىكلىرى بولسا تېخىمۇ بىلمەيتتى.

مەمتىلى ئەپەندى مۇزىكا ئىشلەشنى تاكى كەچلىك تاماق ۋاقتىغىچە داۋام قىلدى. كەچلىك تاماق ئۇستىدە نىزامىددىنغا:

— ئاكا، ئەمدى سىزگە ئىشلىرىم ھەققىدە سۆزلەپ بېرەيمۇ؟ — دېدى يېقىنلىقنى ئىپادىلىگۈچى ئۆزگە خاس ئاھاڭ بىلەن، — قەشقەرگە بېرىپ ئاۋۋال قۇتلۇق ھاجىم بىلەن كۆرۈشتۈم. ئۇ زات «دىۋان» نىڭ كىرىش سۆزىنى كۆرۈپ بەك خوشال بولدى. سىزنىڭ پۈچۈركىڭىزنى كۆپ ماختىدى. دارىلمۇئەللىمىننى ئېقىشتا سىلىۋالغىچە تەرجىمە قىلىشنى توختۇتۇپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولغانلىقىمنى ئېيتىپ قويدۇم. توختاجى سوۋېت تەرەپكە ئۆتمەكچى ئىكەن، ئۇنىڭغا دەرسلىك كىتاب، دەپتەر- قەلەم يەنە باشقا تەنتەربىيە سايمانلىرى ئالغاچ كېلىشنى بۇيرۇپ قويدۇم. مەجىدىن ئەپەندى ئىككىمىز دورا زاكاز قىلدۇق. ھازىرچە ئىشلىتىپ تۇرغۇدەك دەپتەر ئول - بو لنى ئا لغاچ كەلدىم. ئىئانە پۇللار يىغىلغىچە ئۆزۈمدە بار پۇلنى خەجلەپ تۇرمىسام ئىش كېچىكىپ كېتىپ قالسا بولمايدۇ.- دە. يەنە بىر ئاز چەكمەن ئالدىم. تەلەبىلەرگە بىرخىل كىيىم تىككۈزۈپ بېرىمەن. ئەتە ئابدۇراخمان ئۇستا كەلسە بالىلارنىڭ بويىنى ئۆلچەپ ئىشنى باشلاپ كېتىدۇ. يېڭىچە كىيىم. ئۆزەمدە ئەندىزىسى بار. چاپىنى ئۇچ يانچۇق، گىرمانچە ياقا، شىمى ھەم ئۇچ يانچۇق بولۇدۇ.

— ئابدۇراخمان ئۇستا يېڭى پوسۇندىكى كىيىملەرنى تىكەلەرمۇ؟

— ئۇقۇشۇپ باقتىم، ئۇ چۆچەكتە بىر تاتار ئۇستىدىن ئۆگەنگەنىكەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە تەييار ئەندىزىسى تۇرسا،... قىلىپ كېتەلەيدۇ.

— قەشقەردىكى بۇرادەرلىرىڭ تېنىچلىق تۇرۇپتىمۇ؟

— ھەئە، ھەممىسى سالام ئېيتتى. بىز ئاخشام ئەخمەد ئەپەندىنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئۆيدە تۇرغۇن ئەپەندى، نامان ئەپەندى، يۈسۈپ زىيا ۋە باشقا ئوقۇتقۇچىلار سانائى نەپىسەنىڭ سازچىلىرى بولۇپ سەنئەت كېچىلىكى ئۆتكۈزدۇق. بىلەمسىز ئاكا، مەن ئۇيغۇر سەنئەملىرىنى رەتلەپ نوتىلاشتۇرۇپ قويسامىكىن دەيمەن. قەشقەر سانايى نەپىسەنىڭ مۇدىرى ئوبۇلقاسىم دېگەن بۇرادەر ئىكەن، ئۇ قول ئاستىدىكى سازچىلار بىلەن مېنىڭ ئىشىمغا ياردەم بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ــ سەنغۇ يېتىشەلىسەڭ ھەممىنى قىلساڭ بولاتتى...

ــ راستلا، ئەگەر قولۇمدىن كەلسە، مەنمۇ ئۆمەر ھەييام دېگەندەك بۇ پەلەكنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋېتىپ، باشقىدىن بىر پەلەك ياسىسامغۇ تېخىمۇ ياخشى بولاتتى، ــ دېدى مەمتىلى ئەپەندى ئۆزىگە خاس كۈلۈمسىرەش بىلەن. ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىدە چاقچاق ئىلمىنىتلىرىدىن باشقا غايىۋىلاشقان مۇبالىغىلەشتۈرۈلگەن بىر بۈيۈك ئارزۇنىڭ ئۇچقۇنىمۇ چاقناپ تۇراتتى.

تاماقتىن كېيىن ئۇ ئاكىسىغا:

ــ ھازىرچە يۈسۈپ ئەپەندىدىن نوۋېشى مەكتەپتە ئىشلىتىۋاتقان دەرسلىك قوللانمىسىنى ئېلىپ چىقتىم، سىز مۇشۇنى كۆچۈرۈپ بېرىڭ. بۇلارنى ئوقۇغۇچىلارغا تارقىتىپ بېرىمىز ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى خېتى چىرايلىقلارغا كۆچۈرگۈزۈپ، كۆپەيتىمىز ھېپىزى سەھەت دەرسى ئۆچۈن بىر نەرسە تۈزۈپ بېرىشكە مەجىددىن دوختۇر ۋەدە بەردى.

ــ بىر ياققا بارمايدىغانسەن؟ ــ نىزامىددىن دورا سومكىسىنى ئېلىۋاتقان ئىنىسىگە قاراپ سورىدى.

ــ بارىمەن، ئاكا، شورۇققا بارىمەن. بىرىسىگە ۋەدە بېرىپ قويغانىدىم شۇ يەرگە بېرىپ كېلەي.

ــ سەن بارغىچە خەقمۇ ئۇخلاپ بولار؟!

ــ شۇنداق بولسىمۇ بارمىسام بولماس. ۋەدە قىلغانمەن ـ دە.

ــ نېمە توغرۇلۇق ۋەدە بەرگىنىڭنى شەيتان بىلەمدۇ...ــ نىزامىددىن نارازىلىق بىلەن غودراپ باش چايقىدى،ــئەتە ئوقۇش باشلايدىغان بولغاندىكىن پاتراق بىر دەم ئۇخلىساڭ بولمامدۇ، كىم ئىدى ئۇ ۋەدە

بەرگىنىڭ؟

ــ سابىتنىڭ ئۆيىدە كۆرۈشكەن باللاردىن... سىزمۇ بارغۇ، ھېلىقى يېتىم بالا ئابلەق.

ــ ۋاي ئۇكام،... سەن،... ئېسىڭ جايىدىمۇ؟...، ــ نىزامىددىن ئىنىسىنىڭ كۆزىگە ھەيرانلىق بىلەن قارىدى. ئىنىسىنىڭ كۆزلىرى چىرايىدىكى ئۆزگە خاس تەبەسسۇمدىن سەممىيلىك، ئەستايىدىللىق بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ئاكىسىنىڭ نېمىگە ھەيران بولىۋاتقىنىنى دەرھال پەملەپ:

ــ مېنى سىز باللارنى گوللاپ مۇندداق دەپ قويغان دەپ ئويلاپ قالغانمىدىڭىز؟ ياكى كىچىك بالىغا دېگەن گەپمۇ ۋەدىمۇ دەپ ئويلامسىز؟ ئۇلارغا سەممىي بولمىساقمۇ بولاتتىمۇ يە؟ــ دېدى ئۇ سەممىيلىك بىلەن، ــ تېزلا قايتىمەن ئەتە ئوقۇش باشلىساق بۇگۈنكى ئىش ئۆزۈنغا كېتىپ قالمىسۇن دەيمەن،ــ دەپ قوشۇپ قويدى.

ــ ۋاي ئۇكامەي، سەن قانداق ئادەمسەن ـ ھە!...

## 2

بىر تال سەرەڭگە بىلەن پولات
ئېرىتىش مۇمكىن ئەمەس، بىراق پۇلات
ئېرىتەلەيدىغان ئوتمۇ دەسلەپتە بىر تال
سەرەڭگە بىلەن تۇتاشتۇرۇلغان.

ــ غ. زۇلپىقار: «مەرىپەت مەشئىلىگە مەدھىيە»

ياشلارغا خاس جۇشقۇن روھ بىلەن تولۇپ ـ تاشقان ئوقۇغۇچىلار نەچچە ۋاقىتتىن بېرى جىمجىتلىق، غېرىپلىق بېسىپ قالغان مەدرىس ھويلىسىنى ئۆز تەسىرى ـ شاۋقۇنى، كۈلكىسى، نەپەسى بىلەن تولدۇردى. لەش بېسىپ ياتقان كۆلگە يېڭىدىن زۇمرەتتەك سۈزۈك سۇ قاچىلاندى. توپا ـ چاڭ ئۆرلەپ تۇرۇدۇغان مەدرىس مەيدانى پاكىزە سۈپۈرۈلۈپ سۇ

چېچىلىش بىلەن راھەت بەخش تۇسكە كىردى. ئىشىك ـ دەرزىلەر پاكىزە سۈرتۈلۈپ يالتىرىتىلدى...

ئوقۇغۇچىلار مەكتەپنىڭ قائىدە- تۈزۈملىرىنى چۈشىنىۋېلىشقىمۇ ئۈلگۈردى. ئابدۇراخمان ئۇستا ھەممە ئوقۇغۇچىنىڭ بويىنى ئۆلچەپ، بىر توپ شاگىرتى بىلەن كۈننى- تۈنگە ئۇلاپ ئىشلەپ كىيىملەرنى تەييار قىلماقتىدى. ھەركىمنىڭ ئىسمى ئورنىدا بېرىلگەن نومېرى يېزىلغان پۈرۈچنى كىيىم قېتىغا قىستۇرۇپ قوياتتى...

نىھايەت كىيىملەرمۇ پۈتتى. كىيىم پۈتكەن كۈنى مەمتىلى ئەپەندى تەنتەربىيە دەرسى ۋاقتىدا ئوقۇغۇچىلارنى سەپكە تىزدى ۋە كىيىملەردىن بىرسىنىمۇ ئالماشتۇرۇپ قويماستىن نومېرى بويىچە تارقىتىپ بەردى. كىيىم تارقىتىلىپ بولغاندىن كېيىن ئوقۇغۇچىلارنى دەرھال ھوجرىلىرىغا قايتىپ كىيىم ئالماشتۇرۇپ چىقىشقا بۇيرىدى.

كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ چىققاندىن كېيىن ئوقۇغۇچىلار يەنە سەپكە تىزىلدى. مەمتىلى ئەپەندى گويا مېھرىۋان ئاتىدەك ھەربىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئالدىغا بېرىپ تۈگمىلىرىنى ئوڭلاپ ئېتىپ ياقا- پەشلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ يېڭى كىيىمنى مۇبارەكلەپ چىقتى. بەزى كىچىكرەك ئوقۇغۇچىلارنىڭ پېشانىسىغا سۆيۈپمۇ قويدى. بىر خىل فورمىدا كېيىنگەن. چاچ قويغان ئوقۇغۇچىلار سېپىگە قاراپ دىلى سۆيۈنۈپ كۆلۈمسىرىدى ۋە ئىچ- ئىچىدىن بىر خىل سېغىنىچ، تەشنالىقتا ئوخشاش تۇيغۇ ئېتىلىپ چىقىپ كۆز چاناقلىرى بۇرۇن تۆشۈكلىرى ئېچىشقاندەك بولدى. ئۇ ئارقىسىچە چاپسان- چاپسان مېڭىپ سەپنىڭ ئالدىغا چىقتى. ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەسۇم چىرايىدىن كۆزىنى ئۈزمەي ئارقىسىچە مېڭىشى گويا بىر دەقىقىلىك ھىجرانغىمۇ چىدالمايدىغان مېھرىۋان ئاتىنىڭ ھەرىكىتىگە ئوخشايتتى.

— ئەي. تەلەبىلەر، سىلەر ئىلگىرىكى مەدرىس تالىپلىرىغا ئوخشىمايسىلەر. كۆزلەيدىغىنىڭلارمۇ، ئىرىشىدىغىنىڭلارمۇ ئوخشىمايدۇ. ئۇلار پەقەت ئۆزلىرى ئۈچۈنلا شىرىن تاما بىلەن ئوقۇسا، سىلەر خەلقىڭلار ئۈچۈن گۈزەل ئىستىقبال يارىتىش نىيىتى بىلەن ئوقۇيسىلەر،—

تەۋپىقنىڭ ياڭراق ئاۋازى مەدرىس ھويلىسىدا ياڭراپ تۇراتتى شۇ ئەتراپتىكى مەھەللىلەردىن بىكارچىلار، ئۇششاق بالىلار مەسچىدنىڭ ھويلىسىغا كىرىۋېلىپ رىشاتكا تۈۋىدە تۇرۇپ بۇ ئاجايىپ مۇراسىمنى كۆرەتتى بەزىلەر كۆل بويىدىكى سۆگەتلەر تۈۋىگىچە كېلىشكىمۇ ئۈلگۈرگەندى. ئۇلارغا چاچ قويىۋالغان، كالتە چاپان كىيگەن بۇ بىر تۈپ يىگىت ئاجايىپلا كۆرۈنەتتى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە دەرمەھەل سىغمىغاچقا كالتە چاپان خۇددى قويرىقىنى كېسىۋەتكەندەك غەلىتە تۇيۇلاتتى،— تەلەبىلەر،— تەۋپىق سۆزىنى داۋام قىلماقىدى،— بىزنى جاپا-مۇشەققەت كۈتىۋاتقانلىقى ئېنىقلا گەپ. دېمەك بىزگە بۇ ئىشتىن شەخسىي «خوشاللىق» يوق! بىراق بىز ئەلنى كۈلدۈرۈش ئۈچۈن مىللەتنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن جاپا چېكىشنى ئۆزىمىز ئۈچۈن شەرەپ ھېس قىلغۇچىلارمىز. ئەلنىڭ خوشاللىقى ئۈچۈن ياشاشلا ئەڭ ھەقىقى خوشاللىقتۇر! ئەي، تەلەبىلەر بىزنى مىللەتنىڭ خوشاللىقى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. مانا شۇ خوشاللىق، ئاشۇ راھەت كۆڭلۈڭلارنى ئاۋۇندۇرۇسۇن، روھىڭلارنى ئۇرغۇتسۇن! — تەۋپىق ئەتراپقا ئولاشقان دېھقانلارغىمۇ بىر قۇر كۆز يۈگۈرۈتۈپ چىقتى. ئۇ باشقا خەقنىڭمۇ بۇ يەرگە توپلانغىنىنى ياخشى ئىش دەپ قارىدى. ئۇنىڭچە بۇ تازا ئوبدان تەرغىبات سورۇنىدى،— ئىلگىرى تالىپلار شەخسىي تاما بىلەن ئوقۇيتى مۇددەرسلەرمۇ ئىلمىنى سىرلىق تۇتۇپ ئۇنى قىيىن، بىلگىلى بولمايدىغان قىلىپ كۆرسۈتۈشكە ئۇرۇنۇپ تالىپلارنى ئۆي ئىشلىرىغا سېلىپ ئۇزاق ئاۋارە قىلاتتى. بىلگەنلىرىنى ئەلدىن يوشۇرۇش بىلەن شەخسى مەنپەئەتىنى قوغدايتى ھەم بىلگەنلىرىنى يوشۇرۇش ئارقىلىق جان بېقىشنىڭ ئىشەنچلىك مەنبەسى قىلاتتى. بىزچۇ؟ بىز- نېمىنى بىلسەك ئەلگە ھەممىسىنى ئۆگەتكۈچىلەرمىز. شۇڭا ئەلنىڭ خوشاللىقى بىزنىڭ خوشاللىقىمىز! بىلگۈچىلەر كۆپ بولۇپ كەتسە بىزگە نان ئاز قالىدۇ، ئېتىۋارىمىز بولمايدۇ دەپ ئويلىمايمىز. ئەلنىڭ كۆزى ئېچىلغانسېرى نېمىنىڭ قىممىتى بار، نېمىنىڭ يوقلۇقىنى تېخىمۇ چۈشىنىدىغان بولىدۇ. «خەلق- ئالتۇن، گۆھەرنى ۋە يالغان تاشلارنى تونىغۇچى سەرراپتۇر، ئۆزەڭنى قانچىكى تۆۋەن

تۇتساڭ ياكى يۇقىرى تۇتساڭ خەلق سېنىڭ مىقدارىڭنى بىلىدۇ»[1] ...

بىر خىل فورما كىيگەن ئوقۇغۇچىلار سىپپىلا ئەمەس مەسچىد ھويلىسىدىكى ۋە كۆل بويىدىكى خەلقمۇ جىم- جىت بولۇشۇپ كەتكەنىدى. ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرىنى گويا ھەقىقى جەڭچىلەردەك ھېس قىلىشىپ ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىنىڭ تەسىرىدىن يۈرەكلىرى شىددەت بىلەن تېپەتتى.

— ئەي، تەلەبىلەر، بىز مىللىتىمىزنىڭ قالاقلىق ھالىتىنى ئۆزگەرتىدىغان ئاقارتقۇچىلارمىز. بىز ئۆزىمىزنى بوز يەر ئاچقۇچىغا مىسال قىلايلى، مىللىتىمىز ئاق تاشلىنىپ ياتقان بوزغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ چېھرىسىنى بىچارىلىك سولغۇنلۇق قاپلىغان. ئەمدى بىز بۇ يەرنى ئاغدۇرىمىز، ئوغۇتلايمىز، ئۇنىڭغا دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل گۈللەرنى تېرىيمىز، ئەڭ سەرخىل مېۋىلەرنى تىكىمىز. ئىلگىرى يامان ئەمگەك قىلىدىغان بولۇمسىزلار ئۇنىڭغا ياتاق- تىكەنلەرنى تېرىۋەتكەن بولسا ئەمدى بىز ئۇنى ئوغۇت قىلىپ پايدىلىنىمىز. بۇ بوز يەر— ياتاق ئازغاندىن باشقا نەرسە ئۈنەلمەي تۇرىۋاتقان بۇ يەر ئەمدى گۈلزارلىققا ئايلانغۇسى، ھېچ بولمىسا بىز يەرنى ئاغدۇرۇپ ئوسا قىلىپ يارامىلىق يەرگە ئايلاندۇرۇپ قويىمىز كېيىنكىلەر تېرىيدۇ. ئۇنىدىن كېيىنكىلەر بولسا ئۇنىڭ پەيزىنى سۈرىدۇ. ھەرگىز ئۆزىمىزنىڭ ئەمگەك مېۋىسىنى ئۆزىمىز كۆرۈشنى شەرت قىلمايمىز. كېيىنكىلەرگە — ئەۋلادلارغا ئاتايمىز. قايسى مىللەتتىن ئۆزىنىڭ مەئىشىتى بەخت-سائادىتىنى خوشاللىقىنى قوربان قىلىشتىن ئايانمايدىغان جەڭگىۋارلار چىقمايدىكەن، شۇ مىللەتنى نەس باسىدۇ. نەپسانىيەتچىلىك- ئىنسانى قارا يۈز قېلىۋېتىدىغان يامان كېسەلدۇر. بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولغان مىللەت قەبىلىلەرگە، يۇرتلارغا، مەھەللىلەرگە ھەتتا ھەربىر شەخسكىچە پارچىلىنىپ كېتىدۇ. ئادەملەر تەلۋىلىشىپ، كىچىك-كىچىك گۇرۇھلار بىر- بىرىنى تالاپ چىشلەيدۇكى، ئورتاق دۈشمىنى بىلەن كارى

---

[1] شەيخ سەئدى: «گۈلىستان» — ئا.

بولمايدۇ، ــ ئۇ دېھقانلار تەرەپكە قاراپ قويۇپ داۋام قىلدى، ــ ئەي، ۋەتەنداشلار بۇلارنىڭ ھەممىسى نادانلىق زىمىنىدا كۆكلەيدىغان يامان ئويلاردۇر. بىز بوز يەر ئاچقۇچىلار بۇ سۇپەتسىز زىمىننى تېزراق ئۆزگەرتىپ مىڭدىۋانىلارنىڭ[1] يىلتىزىنى قۇرۇتۇش ئۈچۈن تىرىشايلى. ئىنسانىيەتنى قۇتقازغۇچى بىردىن- بىر قۇدرەتلىك كۈچ ئىلىم- مەرىپەتتۇر!

تەۋپىق بۇغۇلۇپ ۋارقىرىمايتى، خىرقىراپ، كۆپۈپمۇ كەتمەيتتى. ئۇنىڭ ئاۋازى شۇنچە ياڭراق، شۇنچە جاراڭلىق ۋە تەكشى بولۇپ، كۈچىمەي سالماق سۆزلەيتتى:

ــ خەلقئارادا مۇنقەرز بولۇشقا يۈزلەنگەن بىر مۇنچە مىللەتلەر قەد كۆتەردى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە خەلقى ئۈچۈن بارلىقىدىن كېچىدىغان بىر تۈركۈم جەڭگىۋارلار بولغاچقا ئۇلار مۇنقەرزلىك بوسۇغىسىدىن يېنىپ كېلىپ قۇدرەت تېپىشقا باشلىدى. ئۇلار كۈچنى قەيەردىن ئالدى؟ ئىلىم- پەندىن! ئەي، تەلەبىلەر، نادان ئادەملەر بىلەن تۇرمۇشنىڭ گۈزەل كەلگۈسىگە يېتىش مۇمكىن ئەمەس! بىز ۋەتىنىمىزنى، خۇراپاتلىق تورىغا چىرمىلىپ قالغان بەختسىز مىللىتىمىزنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن پىدائى بولايلى! ھەممە ئادەمنىڭ كۆزى مەرىپەت چىرىقى بىلەن يورىسۇن! ھەممە كىشى گۈزەل ئىستىقبالنى كۆرەلەيدىغان بولسۇن!

مەمتىلى ئەپەندى ئۇزاق سۆزلىدى. ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرىنى تېخىمۇ سىرلىقلىشىپ ئۇلۇغلىشىپ كەتكەندەك، ئۆزلىرى ئىلگىرى ھېچكىم قىلىپ كۆرمىگەن ئىشلارنى قىلىشقا تەييارلانغان باشقىچە ئادەملەرگە ئايلىنىپ قالغاندەك ئىچ- ئىچىدىن خوشاللىنىپ، ئىپتىخارلىنىپ كېتىشتى. تەۋپىق سۆزىنى تۈگۈتۈپ تەنتەربىيە دەرسىنى باشلىدى.

مانا شۇنداق قىلىپ ئۇيغۇر يېڭى مەدەنىيەت ھەركىتى تارىخىدىكى شانلىق بىر سەھىپە ئېچىلدى. تەبىئىيكى، ئۇ زامان سەھىپە ئاچقۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ قانچىلىك ئۇلۇغ مەنزىلنىڭ تۇنجى قەدىمىنى باسقىنىنى

---

[1] مىڭدىۋانە ــ قوڭغۇراق گۈللۈكلەر ئائىلىسىگە كىرىدىغان بىر خىل تىكەنلىك، زەھەرلىك، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، ــ ئا.

تەسەۋۋۇر قىلمىسىمۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنى ئەلنىڭ بەختىگە ئاتىغانلىقلىرىنى بىلىشەتتى.

تەنتەربىيە دەرسى ئوقۇغۇچىلارغىمۇ، ئەتراپتىكى دېھقانلارغىمۇ ئويۇندەك تۇيۇلاتتى. شۇڭا دېھقانلار مەمتىلى ئەپەندى باللارنى مەيدانغا ئەپچىقىپتۇ دېگەننى ئاڭلىسىلا كېلىپ كۆرۈشەتتى. ھەرقاچان بۇ دەرس ۋاقتىدا مەدرىس ھويلىسىدا بىر توپ دېھقان تاماشا كۆرۈپ تۇرغان بولاتتى.

بۇ دەرسنىڭ مەزمۇنلىرى: مەش دەسسەش، شېئىر ئوقۇپ مەيداننى ئايلىنىپ مېڭىش، يۈگرەش، ئېگىز سەكرەش، توسالغۇلارنى بۆسۈپ ئۆتۈش، كالتەك ئويۇنى، چاقپىلەكتىن ئاتلاش قاتارلىقلار ئىدى. بەزى تۈرلەردە ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەبىئىي ئىقتىدارى، ھەۋەس قىزىقىشىغا ئاساسەن ئايرىم تەربىيىلەيتى. مەسىلەن: تەبىئىي تېز يۈگرەلەيدىغانلارنى يۈگرەش تۈرىدە مەخسۇس تەربىيىلەيتى. بۇنىڭدىن باشقا ئوقۇغۇچىلار سېپى بىلەن خەت ھاسىل قىلىش ئويۇنىمۇ ئالاھىدە قىزىق بولاتتى. بۇنىڭدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ نومېرلىرى بولاتتى. كوماندا بويىچە بىرىنچى نومېر مۇنچە قەدەم ئالدىغا، ئۈچىنچى نومېر مۇنچە قەدەم سولغا... ماڭاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئېگىزدىن قارىغاندا ئوقۇغۇچىلار قاتارىدىن «مىللەت»، «ۋەتەن»، «مەكتەپ»، «كۈرەش»، «ھۆرلۈك»... دېگەندەك سۆزلەر ھاسىل بولاتتى. بۇ ئۇسۇل بىلەن ئادەم سانى يېتەرلىك بولغاندا جۈملىلەرنىمۇ ھاسىل قىلىشقا بولاتتى. دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن تاماق ۋاقتىغىچە ئىختىيارى پائالىيەت بولاتتى. بۇ چاغدا سىنىپتا ياكى ھوجرىلاردا مەمتىلى ئەپەندى ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا بولاتتى. ئۇلارغا تەمبۇر چېلىپ بېرىپ ئۇسسۇل تاماشا قىلاتتى. چۆچەك سۆزلىشەتتى ياكى تەۋپىق چەتئەللەردە كۆرگەنلىرىنى سۆزلەپ بېرەتتى. ئۇ ياشلار ئارىسىدا ھارغىنلىقنى ئۇنتۇپ قالسا، ياشلار ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغاندا تولىمۇ كۆڭۈللۈك بولغاچقا ھەممىنى ئۇنتۇپ كېتەتتى.

كېيىم بىر خىللاشقاندىن كېيىن ئۇلار تېخىمۇ ئۆملىشىپ كېتىشتى. ئۆز-ئۆزىگە ھەۋەسى كېلىپ يۈرىگىدە ئاللىقانداق بىر نەرسە بېينىۋاتقاندەك بولاتتى. ئۇلار كەچقۇرۇن ئادەتتىكىدەك سىنىپقا يىغىلىپ

www.uyghurkitap.com

بىردەم ئۇسسۇل تاماشا قىلىشاتتى.

— مەھەممەد قارى مەشرەپ، بىردەم چالغىنى ئىنىم، مەن بىردەم ئۇسسۇل ئويناپ بېرەي، ئاندىن كېتىمەن،— دەيتى ئۇ.

هازىر ئۇچ مەھەممەد قارىنى پەرىقلەندۇرۇش ئۇچۇن يەنە بىرىنى مەھەممەد قارى زەكى دەپ ئاتاشقا ھەممەيلەن ئادەتلىنىپ كېتىشكەنىدى. مەھەممەد قارى زەكى قۇرئاننى تولىمۇ ئاھاڭدار ئوقۇيتى. ناخشىنىمۇ ياخشى ئېيتاتتى. ھېساپ كىتاپ ئىشلىرىغا بەك چېچەن ئىدى. شۇنىڭغا قاراپ ئۇنىڭغا «زەكى» لەقىمى بېرىلگەنىدى.

مەھەممەد قارى مەشرەپ توپ ئىچىدىن چىقىپ تەمبۇرنى قولىغا ئالدى. مەھەممەد قارى زەكى داپنى قولىغا ئېلىپ ئۇنىڭغا ياندىشاتتى. مەمتىلى ئەپەندى ئۇسسۇلغا چۈشەتتى. ئۇمۇ ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىر خىلدا چەكمەندىن شىم- پەشمەت كىيىگەن بولۇپ، بۇ كىيىمدە ئۇ تېخىمۇ چاققان، تېتىكلىشىپ كەتكەندەك كۆرىنەتتى.

بىر ھازا تاماشادىن كېيىن ئۇ تەرەققىيپەرۋەر بايلار تاھىر خەلپەتنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئېلىپ بەرگەن بوز ئاتنى مىنىپ ئۆيىگە كېتەتتى. ئۆيدە تاماقنى يەپ بولۇپلا يەنە ئالدىراپ ئورنىدىن تۇراتتى ۋە دورا سومكىسىنى ئېلىپ:

— ئاكا، مەن تېجەنگەن بېرىپ موللا ئىبزىز داموللام بىلەن كۆرۈشۈپ كېلەي. مەكتەپ سېلىش ئىشىنى سۆيلەپ تۇرۇشنى قوناجىم، ئەمەتھاجىم ئۇچىگە ھاۋالە قىلغانىدىم، — دەيتى.

ئۇ ھازىر ھەر كۈنى بىر يېزىغا چىقىپ، مەكتەپ قۇرۇلۇشىنى سۆيلەپ تۇراتتى. سىرتقا چىقسا دورا سومكىسىنى ئۇنۇتمايتى.

— ماقۇل بېرىپ كەل،— نىزامىددىن ئىنىسىنىڭ ھەممە ئىشىنى پەقەت ماقۇللاشقىلا كۆنۈككەنىدى. ئۇ پەقەت ئىنىسى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن زورىخان بىلەن بۇ ھەقتە ئەندىشىلىرىنى ئورتاقلىشىپ، ئۇھ تارتىپ قوياتتى.

بۇ جەمئىيەت ئۆزىنىڭ قانۇنىغا ئاسىيلىق قىلغان بارچە ئادەمگە زىيانكەشلىك قىلىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈشتىكى سەۋەبىنى تەكشۈرۈمەيدۇ.

— خ.جىبران «ياش ۋە كۈلكە».

قوياش ئاللىقاچان ئولتۇرغان بولۇپ، قىران دەريا بوغىزىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى تاغ ئۈستىدە شەپەق قان رەڭگىدە يېيىلىپ ياتاتتى. بوغۇز تەرەپتىن بىلىنەر-بىلىنمەس سالقىن ئۇرۇپ تۇراتتى. ئاغۇ يېزىسىغا ئاتلار ھەيدىتى قۇرۇش ئىشى بىلەن ماڭغان مەمتىلى ئەپەندى ئات ئۈستىدە چاقچاقلىغىنىنا ئولتۇرۇپ، ئاتنىڭ يورغىسىغا قويۇپ، بېشىنى بۇراپ كەچكى شەپەقتە قاراپ كۆڭلىدە شېئىر ئۈچۈن گۈزەل سۆزلەرنى ئاختۇرۇپ باراتتى. ئۇ بۇگۈن ئۆيگە قايتماي مەكتەپتىنلا يولغا چىققاچقا، ئاكىسىنىڭ ئەنسىرەپ قالىدىغانلىقىنى ئويلىسىلا كۆڭلى ئۆيەپ كېتەتتى.

ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يەنە بىر يولۇچى ئاتلىق كېلىۋاتاتتى. مەمتىلى ئەپەندى بوياماەت بىلەن تېجەن ئارىلىقىدىكى سايدىن ئۆتكۈچە ئۇ يولۇچىنى مەشھەدكە بارامدىكىن دەپ كېتىۋەرگەندى. ئۇ ئاتلىقنىڭمۇ تېجەننىڭ ئىچى بىلەن بوغۇز تەرەپكە كەتكەن يولغا بۇرۇلغىنىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن ھەمرا بولۇپ پاراڭلىشىپ ماڭغىسى كەلدى- دە، ئېتىنىنىڭ تىزگىنىنى تارتتى. بىراق، ھېلىقى يولۇچىمۇ ئېتىنى ئاستىلاتتى. مەمتىلى ئەپەندى يەنە ئېتىنى يورتۇپ مېڭىپ كەتتى. ئۇ ئازغان تەرەپكە ئۆتۈش ئۈچۈن بىر تار كوچىغا بۇرۇلىۋىدى، ئارقىسىدىكى يولۇچىمۇ شۇ تەرەپكە بۇرالدى. مەمتىلى ئەپەندى شۇندىلا ئۇنىڭ كىملىكىنى بىلدى ۋە يولنى ئۆزگەرتىپ، باشقا تەرەپ بىلەن ساي بويىغا چىقتى. گۇگۇم پەردىسى ياپقان يېزىلارغا قارىغىنىچە شۇ يەردە بىردەم تۇردى. ئۇ ھېلىقى

يولۇچىنىڭ نېمە قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈپ باقماقچىدى.

بۇ ئىككەيلەننىڭ «بۆك- بۆك ئويۇنى» بىلەن ۋاقتىمۇ خېلى ئۆتكەن، يىراقتىكى يېزىلار ئاستا- ئاستا قاراڭغۇلۇق ئىلكىگە چۆمۈشكە باشلىغانىدى. ساي بويىدىكى قەۋرىستانلىق بولسا ئاللىقاچان بىلىنمەي قالغانىدى.

ئۆزىنىڭ چاندۇرۇپ قويغانلىقىنى ھېس قىلغان يولۇچى ئىلاجسىز يولىنى داۋام قىلىپ، كېتىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇ مەمتىلى ئەپەندىنىڭ يېنىدىن ئۆتىۋاتقاندا مەمتىلى ئەپەندى ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ:

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، يولۇچى، ــ دېدى مەسخىرە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىندۇرمەي.

يولۇچى ھودۇقۇپ كېتىپ خېلىگىچە جاۋاپ بېرەلمەي قالدى.

ــ ئۆزلىرى ئېزىپ قالمىغانلا؟ ھېچ بولمىسا بارىدىغان يەرلىرىنىڭ ئىسمىنى بولسىمۇ بىلىدىغانلا؟

ــ بارىدىغان يەرنىڭ ئىسمىنىغۇ بىلەتتىم،... دېگەندەك، ئۆزەممۇ ئازغىنىسىلا كەتتىم، قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىپ...

ــ شۇنداق، يورۇقتا ئېزىپ يۈرگەن ئادەم قاراڭغۇدا ئازماي قالامتى، نەگە بارماقچىدىلە؟

ــ مەن شۇ ھېلىقى، نېمە... قارىنىڭ ئۆيىنى ئىزدەيتتىم...

ــ شۇنداقمۇ؟ مەنمۇ سىلىنى ھەقچان شۇ يەرنى ئىزدەيدۇ دەپ بىلىپ مۇشۇ يەردە كۈتۈپ تۇرغانىدىم. ئۇ يەر ئەنە ئاۋۇ قارىيىپ كۆرۈنگەن دۆڭلۈكتە!ــ مەمتىلى ئەپەندى قامچىسىنىڭ دەستىسى بىلەن قاراڭغۇلۇقتا چۆكۈپ يوقالغان ھېلىقى قەرۋىستانلىقنى كۆرسەتتى.

ھودۇققان ۋە كالۋالىشىپ كەتكەن يوچۇن كىشى تەۋپىقنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى، قەيەرنى كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى، ئىلغا قىلىشقىمۇ، ئويلىنىشقىمۇ ئەقلى ئىشلىمەي:

ــ رەخمەت، رەخمەت، مەن ماڭاي، ...ــ دەپ دۇدۇقلىغىنىچە قاراڭغۇلۇققا قاراپ كەتتى.

مەمتىلى ئەپەندى ئۇنىڭ رەڭگى- روھىنى كۆرەلمىگەن بولسىمۇ،

ئۈنىڭ ئاۋازىدىن قەيەرلىك ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىدى. ئۇ «يولۇچى» نىڭ ئارقىسىدىن بىر هازا قاراپ تۇردى. مەهەللە تەرەپتىن ئىتلارنىڭ قاۋىغىنى گاه ئېنىق، گاه تۇتۇق ئاڭلىناتتى. بۇ ئىشتىن كۆڭلىدە «دۈشمەن» دېگەن خىيالنى كەچۈرۈپ، سۇغۇق كۈلۈپ قويدى. دە، ئېتىنىڭ بېشىنى بوغۇز تەرەپكە بۇردى. كېتىۋېتىپ بۇ ئىشنى قايتا ئويلىغىنىدا كۆڭلىنى ئەندىشە، بىئاراملىق چولغىۋالدى. ئەمدى تۇسالغۇلارمۇ پەيدا بولماقتا!

# ئون بەشىنچى باب

سىلاۋيانلارنى ئاۋۇتۇش ھاجەتسىز. ئۇلار تۇغۇتنىڭ ئالدىنى ئالسا ياكى بالىنى سۇنئىي ئۇسۇلدا چۈشۈرىۋەتسە بولىدۇ. بۇ ئۇسۇل قانچە كۆپ قوللىنىلسا شۇنچە ياخشى. ئۇلارنى تەربىيىگە ئىگە قىلىش خەتەرلىك. ئۇلار 100 گىچە ساناق سانىيالىسىلا بولىدى... تەربىيە ئالغۇچىدىن بىرى كۆپەيسە، كەلگۈسىدە دۈشمەندىن بىرى كۆپىيىدۇ....

— مارتىن بورمان (گىتلېرنىڭ پارتىيە ئىشلىرى كاتىپى) «3-ئىمپېرىيىنىڭ گۈللىنىشى ۋە ھالاكىتى» دا كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

## 1

دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇش باشلىنىپ كۆپ ئۆتمەيلا ئاشكارە دۈشمەنلىك ھەركەتلەر، ئەشەددىي پىتنە- ئىغۋالار ئاتۇش ئاتموسفىراسىنى بىر ئالغىلى تۇردى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىيگەن كىيىمىدىن تارتىپ، ئوقۇپ يۈرگەن ناخشىسىغىچە بۇ كونا دۇنيانىڭ ھاۋاسىغا ماس كەلمەيتتى. كىملەردۇر قىتىغۇرلۇق بىلەن پىتنە توقۇيتى ۋە بۇ ئىغۋالار شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقاتتىكى، ئۇنىڭ مەنبەسىنى تەسبىت ئەتمەك ئىمكانسىز ئىدى.

بويامەتتە ياۋاش- يۇمشاق بىلىنىدىغان مۇھەممەد ئىمام مەسجىدتە گەپ يومزاپ، ئۇستىلىق بىلەن پىتنە تېرىۋاتقانلىقى بىلىنىشكە باشلىدى؛ شورۇقتا كەنجى قازاخونۇم ئۆزىنىڭ نوپۇزىدىن پايدىلىنىپ، كىشىلەرگە يامانلىقتىن ئاگاھ بەرگەن سىياقتا ئىغۋا تارقىتىپ، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قەلبىدە يېگى تەلەبىلەرگە، يېڭىچە مەكتەپكە قارىتا گۇمان

www.uyghurkitap.com

ۋە ئۆچمەنلىك تۇغدۇرۇۋاتقىنى بىلىنمەكتىدى. تېخىمۇ يامان بولغىنى ئاتۇشنىڭ چوڭ قارىسى ھابۇلھاجىمنىڭ مەيدانى تېخىمۇ ئەشەددىي، ئۆچمەنلىكى تېخىمۇ تەخىرسىز ئىدى. «ھابۇل شەيتان»، «ھابۇل قىزىلباش»، «ھابۇل خىتاي»، «ھابۇل پىتنىخور»، «ھابۇل زىناخور» قاتارلىق لەقەملەرنىڭ ساھىبى بولغان بۇ ئادەم «شەمشىك خىتاي» دېگەننىڭ ئەۋلادىدى. خۇددى لەقەملىرىدە مەلۇم بولۇپ تۇرغىنىدەك، ئەشەددىي پىتنىخور بولۇش بىلەن، يەنە جىمىكى بۇزۇقچىلۇق ئۆزىدىن تېپىلىدىغان ئادەم ئىدى. ئۇلارنىڭ جەمەتى(شەمشىك خىتاي جەمەتى) بىلەن ياقۇپھاجىم لوسى[1] جەمەتى ئارىسىدىكى زىددىيەتمۇ چوڭقۇر يىلتىزلىق بولۇپ، پىتنە ئۇچۇن يېڭى مەكتەپلەر مەيدانغا كېلىشتىن ئىلگىرى ھابۇلھاجىملارنىڭ ئاساسىي دىققەت نەزىرىدە ياقۇپھاجىم لوسىلار جەمەتى بىلەن بولغان زىددىيەت تۇراتتى.

ھابۇلھاجىمنىڭ گەپلىرى بەكمۇ زەھەرخەندە، چىدىغۇسىز ھاقارەتلەر ئىدى. ئۇ ئوقۇغۇچىلار چاچ قويغىنى ئۇچۇنلا خوتۇن كىشىگە ئوخشۇتۇپ، «موللا غوجىلاقنىڭ ئەپەندىسىنىڭ قىزلىرى» دەيتى. بۇ گەپ تېز ئارىدا تارقىلىپ، ئەركەك ئۇچۇن چىدىغۇسىز ھېكايىلەرگە ئايلىنىپ كېتەتتى. ھابۇل شەيتان بولسا يېڭى- يېڭى ھاقارەتلەرنى كەشىپ قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ناخشىسىنى ئېشەكنىڭ ھاڭرىشىغا ئوخشىتاتتى؛ گىمناستىكا ۋە شۇنىڭدەك تەنھەرىكەتلەرنى بولسا «تەخەيلەرنىڭ چېچاڭ ئېتىشى»دەپ مەسخىرە قىلاتتى.

تۆركۆللۈك قارى رەئىسمۇ بىدئەتچى، مۇتىئەسسىپ ئادەم بولغاچقا ئۇنىڭ پوزىتسىيىسىمۇ ئىجابىي ئەمەس ئىدى. قارى رەئىس ئۆز ۋاقتىدا ئابدىقادىر داموللا بىلەن كېلىشەلمىگەنلەردىن بىرى بولغاچقا تەبىئىيكى، بۇ يېڭىلىقلارغا تاقەت قىلالمايتى. مانا شۇنداق يۇرت چوڭلىرىنىڭ قارشى مەيدانى ئىشقا ئېغىر توسالغۇ پەيدا قىلماقتىدى.

بۇنىڭ بىلەن بەزى ئاران تۇرغان ئادەملەر باللىرىنى مەكتەپتىن

---

[1] لوسى — لاۋسى (老四) بولۇشى مۇمكىن، — ئا.

چىقىرىۋېلىش كويىغا چۈشتى.

بۇ ھاقارەتلەر يەتمىگەندەك ئارقىدىن دۈشمەنلىك ھەركەتلەرمۇ پەيدا بولدى: كېچىلىرى ئەپەندىنىڭ تەلەبىلىرى يول توسۇپ ئادەم ئۇرۇۋاتارمىش، يالغۇز ئايال ئۇچراپ قالسا ئېسىلىۋالارمىش،... ھەممىسى ھاراق ئىچىپ مەست بولۇۋېلىپ كوچىلارغا چىقىدىكەن،... دېگەندەك تۆھمەتلەرنى ئىسپات بىلەن تەمىن ئېتىدىغان ۋاقەلەرمۇ تۇغۇلۇشقا باشلىدى. ئەمەلىيەتتە كېچىسى ھېلىقىدەك ناخشىلارنى تووۋلاپ كەلگەن بىر توپ مەست تەرىپىدىن دۈمبالىنىپ بېشى يېرىلغان ئادەملەر تىرىك شاھىت بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقتى!

ئەمما بۇ يامانلىقنىڭ بىردىن بىر مەنبەسى دەپ ئويلاش نادانلىق بولاتتى. بۇ پەقەت كۆرۈنۈش ئىدى. پەردە ئارقىسىدا كىملەر بولۇشى مۇمكىن؟ بۇ سوئالغا جاۋاپ تېپىش ھازىرچە مۇمكىن ئەمەس، چايانىنىڭ تۆشۈكتىن چىقىشىنى كۈتمەكتىن باشقا ئامال يوق ئىدى.

شۈنىسى ئاددىي ساۋات ئىدىكى، پىتنە-ئىغۋالار بىلەن چەكلەنگەن بولسىدى، بۇنى ئاشۇ ئىسمى بىلىنگەن مۇتىئەسسىپلەردىن، ئۇلار مەنسۇپ بولغان گورۇھتىن كۆرۈشكە بولاتتى. ئەمما كېيىنكى تەرەققىياتلار: كېچىسى يول توسۇدىغان قاراقچىلىق ھەركەتلىرى بۇنىڭ ئارقىسىدا تېخىمۇ كۈچلۈك بىر تەشكىللىگۈچىنىڭ بارلىقىدىن بىشارەت بېرىپ تۇراتتى.

## 2

(كىمكى) مىللەتنى ئالداپ زىددىيەت
سالسا ئۇنىڭغا خۇدانىڭ لەنىتى ياغىدۇ.

— يەزدى «ئەمىر تۆمۈر كوراگان ھەققىدە قىسسە»

جۇمە نامىزىدىن كېيىن ھابولھاجىم نامازخانلارنى دېققەتكە چاقىرىپ، ئۆزى ئالدىراپ-تېنەپ ئىمامنىڭ ئورنىغا ئۆتتى. ئۇ

www.uyghurkitap.com

كۆپچۆلۈككە بىر قور كۆز يۈگۈرۈتۈپ چىقىپ، بىر قېشىنى لىككىدە كۆتۈرۈپ قويۇپ، ساقىلىنى تىتىرىتىپ گەپ باشلىدى:

— ھازىر يۇرتىمىزدا تەرتىپ بۇزۇلۇۋاتىدۇ. ئەھلى مۇسۇلمانلار بۇ توغرۇلۇق نېمە ئويدا بولۇۋاتىدۇ، بۇنى پېقىر بىلمەيمەن. ئۆزەمنىڭ قارىشىمدا بۇ ئىش ئەلدىن دىيانەتنىڭ كۆتۈرۈلۈپ، دەھرىلىكنىڭ باش كۆتەرگەنلىكىدىن بىشارەت!— ھابۇلھاجىمنىڭ توساتتىنلا مۇشۇنداق گەپنى باشلىشىدىن قارىغاندا نامازدىن ئىلگىرى مەسچىد قەۋمى ئىچىدە مۇشۇ ھەقتە غۇلغۇلا بولغانلىقىنى قىياس قىلغىلى بولاتتى. ھابۇلھاجىم جامائەتنىڭ ئەڭ كەينىدىكى قاتاردا تۇرغانلارنى كۆرمەكچى بولغاندەك بوينىنى سوزۇپ، ئۆكچىسىنى كۆتۈرۈپ-كۆتۈرۈپ قاراپ قوياتتى، — ئالدى بىلەن بىزدە ناسارالاردىن تەلىم ئالغان، ئاندىن قالسا يەنە باشقا مۇسمۇرتەدلەردىن تەسىر ئالغان ئەپەندىچاقلار پەيدا بولدى. ھە، ئۆزى ئۇلار بىزنىڭ ئىچىمىزدىكى بىر قىسىم ئېتىقادى ھاجىز بەندىلەرنى يولدىن قىشقا دەسسىتىپ، ئۇلۇغ ئىسلام دىنى بىلەن ئەۋلادلىرىمىزنىڭ دىلىغا چىراق ياقىدىغان مەدرىسىنى بىكار قىلىپ، ئورنىغا جەدىتچە مەكتەپ قۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئاۋام بېشىغا بالايى-ئاپەت يېغىشقا باشلىدى. مەھكىمە شەرئى دەۋاگەرلەر بىلەن تولۇپ كەتتى. ھە، ئۆزى، بۇلاردىن بىزنىڭ بېشىمىز ساق ئەمەس. دەۋا ئۈستىگە دەۋا، مۇسۇلمانلارنىڭ خوتۇن- قىزلىرى بۇلغۇنۇپ، نومۇسى تۆكۈلمەكتە، بۇنىڭ ئۆزى تەڭدىشى يوق بالا- قازا!

كىشىلەر چۇشۇنۇكسىز غاۋۇر- غۇۋۇر قىلىشقا باشلىشىدى، ھابۇلھاجىمنىڭ بوغۇق ئەمما كۈچلۈك ئاۋازى ئاڭلىنىشى بىلەن يەنە جىم بولۇشتى.

— ھە، ئۇ نىمىلەرنىڭ تۈۋلاپ يۈرگەن ناخشىسىغۇ نەق چارشەنبە ئاخشىمىدىكى «جىن كۆچ-كۆچ» نىڭ ئۆزى. لېكىن خەقنى تېنىچ كۆن كۆگىلى قويۇشسا بولىتى. ھېلى ئۇنىڭ بېشىنى يېرىۋاتقان، ھېلى بۇنىڭ خوتۇنىنى سۆرەپ زۇرگەن، ... ئۆزىنى تالايدىغان ئىشتلارنى بېقىۋاتقان، تاپتىن چىققان ئادەملەرگە خەيرىخالىق قىلىۋاتقانلارمۇ ئاشۇلارغا

ئوخشاشىلا گۈناغا لايىق. خۇددى ھاجىلار شەيتانغا تاش ئېتىپ ئۇنى لەنەتلىگەندەك، ئىمانى پاكىز ھەربىر مۇسۇلمان كۆرگەن يەردە لەنەتلىسە ساۋاب تاپىدۇ.

ئۇنىڭ غەزەپلىك سۆزلىرى بىردەمگە توختىشى ھامان يەنە گۇدۇڭ-گۇدۇڭ ئاۋازلار ھەزرەت سۇلتاننى بىر ئالدى. بەزىلەر ھابۇلھاجىمنىڭ سۆزلىرىگە ئاۋاز قوشۇپ، تەڭ غەزەپ بىلدۈرۈپ سۆزلىشەتتى، بۇلارنىڭ ئاۋازى كۈچلۈك، پوزىتسىيىسى ئوچۇق. ئاشكارە ئىدى؛ بەزىلەر قازىكالاننىڭ سۆزلىرىدىن گۇمانلانغاندەك پەس ئاۋازدا غۇدىرىشاتتى.

— بىز بۇ ئەر بولۇپ تۇغۇلۇپ، خۇتۇن كىشى بولۇپ كەتكەن كالتە قويرۇقلارنىڭ پاراكەندىچىلىكىدىن ئۆزىمىزنى قۇتۇلدۇرۇۋالمىساق ئاللامۇ بىزگە لەنەتلەر ئوقۇيدۇ.

ھابۇلھاجىم بازارغا كەلگەن ھەر قايسى يۇرتلۇق بازارچىلارغا سۆز قىلماقنى ئۆزىنىڭ قەرزى دەپ ھېساپلاپلىغانىدى. ئۇ سۆزىنى تۈگۈتۈپ بولۇپ، بىر نەچچە يوغان سەللىلىك «مۆتىۋەر» بىلەن ئاۋۋال مەسجىددىن چىقىشتى. نامازخانلار دۈررىدە ئىككى تەرەپكە يېرىلىپ، ئۇلارغا يول بېرىشتى. بۇ توپ ئىچىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىلا بىر تائىپە ئادەملىرىدەك قىلىسىمۇ، يەنە بەزى قاتاردىن قالماسلىق ئۈچۈن قوشۇلۇپ قالغانلار، ھېچنېمىنى ئاڭقارمايدىغان سۈخەنچىلەرمۇ بارىدى. توختى زۇنۇننىڭ ئادىمى دەپ قارىلىدىغان مەخسۇممۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدە غىل-پال كۆرۈنگەندەك بولۇپ، يەنە توپ ئىچىدە غايىپ بولدى. ھابۇلھاجىم يۇرت مۆتىۋەرلىرى، بەزى قۇيرىقىدىن قالمايدىغان سۈخەنچىلىرى بىلەن كېتىۋېتىپ ئۇلارغا بايىقى تەلەپپۇزغا ئوخشايدىغان بىر خىل تەلەپپۇزدا:

— قاياقتىن كەلگەن بىر ئەپەندىچاق — موللاغوجىلاقنىڭ ئەۋلادى

— كېلىپلا ئۆزى بىلگەن ئىشقا چۈشۈپ كەتسە، بۇ يۇرتنىڭ ئۇلۇغى كىم، قازىسى قايسى، موللىسىچۇ، پەرۋايىغا ئالمىسا، بۇنى ئاز دەپ بۇ قاپاقباش خەق، ھە دېسە «ئەپەندى» دەپ ئۇنى بېشىدا كۆتۈرۈۋالسا، ھە، ئۆزى، سىلى- بىز نەدە قالدۇق؟

بۇ كاتتا توپ — ئىككى قازى ۋە ھەمتاۋاقلاردىن شەكىللەنگەن جامائە

— بىرىنىڭ يېقىندىكى ئۆيىدە سۆھبەتلىرىنى داۋام قىلىش ئۈچۈن تەكلىپكە بىنائەن ئىلتىپات كۆرسىتىپ قەدەم تەشرىپ قىلىشتى ۋە تال بارىڭى ئاستىدىكى سۇپىغا جايلىشىپ ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن سۆھبەتلىرى ئەسلى چىغىرىدىن داۋام قىلدى.

— شۇنداق بولمامدىغان، تەخسىر، — دېيىشتى باشقا «مۆتىۋەر» لەر ئۇنىڭغا جاۋابەن، — ئاڭلىساق تېخى ئۇلار كېچىچە ھاراق ئىچىپ چىقىدىكەن. بايىقى تۇرسۇنتازىنىڭ مەزلۇمى زۆھرەگۈل شۇ خەقنىڭ ئاغزى ھاراق پۇراۋاتقىنىنى بىلىپ قاپتۇ ئەمەسمۇ، ئۇنى راسا تاتقۇشلاپ، ئاغزىنىڭ ئەپ- چۆرىسىگە ساقاللىرىنى سۈركىگىلى تۇرۇپتىكەن. «گۈپپىدە» پۇراپ كېتىپتۇمىش.

— ئۇلارنىڭ ئاياللاردەك چېچى با. ساقىلى يوق، تەخسىر، — دەپ خىرىلدىدى بىرى شاڭخو ئارىلاشتۇرۇشقا پۇرسەت كەلدى دەپ.

— ئىشقىلىپ، شۇ ھېلىقى ...— دەپ گەپ ياسىدى ئاۋالقىسى، — بۇ ئايال ئەيھەنناس قىچقىرىپ، جامائەتكە ھەممە گەپنى ئېيتىپ بەرمىدىمۇ. بەختىگە يارىشا ئۇياقتىن بىر نەچچە يولۇچى كېلىپ قېلىپ، لوكچەكلەر قېچىپ كېتىپ، ئۇ بىچارە ئايال قۇتۇلۇپ قاپتۇمىش بولمىسا...

— ھەي، بىكار نان كىمنى دەندەتمەيدۇ؟ قىلغىلى ئىش يوق. بىكار يەپ، تەخەيدەك چىچاڭشىپ يۈرۈشتىن باشقا كارى بولمىسا بۇقسۇپ كېتىدۇ- دە. تازا ھاشار بولسىدى، يىراقتا ئاپىرىپ ئىشلەتسە، ئۇ كىسپۇرۇچىلارنى!

— موللا غوجىلاقنىڭ ئەۋلادىدىن ياخشىلىق كېلەتتىمۇ؟ — دېدى ھابۇلھاجىم قىتىغۇرلۇق بىلەن.

ئۇ زەھەرخەندىلىك بىلەن تىلغا ئېلىۋاتقان موللاغوجىلاق مەمتىلى ئەپەندى ۋە نىزامىددىننىڭ ئۇلۇغ بوۋىسى بولۇپ، ئۇ قەشقەر ھاكىمى زوھۇردىن تەرىپىدىن سۇلتان سۇتۇق مازىرىغا شەيخ قىلىپ تەيىنلەنگەن. بۇنى كۆرەلمىگەن مەشھەدتىكى خوجا ئەۋلاتلىرى (دىۋانە - زاھىدلار) بىر كۈنى ئۇنىڭ يېنىدىكى ئاچقۇچنى ئېلىۋېلىپ، قەۋرىلەر ئۈستىگە يېپىلغان ئېپەك گەز ماللارنى ئوغۇرلىۋالىدۇ. ھەم ئەتىسى

جامائەت ئالدىدا چوقان سېلىپ موللاغوجىلاقفا، تۆھمەت چاپلايدۇ. بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، جامائەتنى گۇۋاھلىققا تارتىپ، زوھۇردىنغا ئەرزە سۇنىدۇ. زوھوردىن ئۇنى قولغا ئېلىشقا بۇيرۇق بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇللاغوجىلاق زىندانغا تاشلىنىدۇ.

ئۇنىڭ مىجەزى خۇشخۇي، چىقىشقاق، يېقىملىق كىشى بولغاچقا ناھايىتى تېز ئارىدىلا گۇندىپايلارنىڭ ھېسداشلىقى ۋە ھۆرمىتىگە ئېرىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن گۇندىپايلارغا قەلەم- قەغەز ئالدۇرۇپ، ھەقىقى ئەھۋال ھەققىدە ئەرزە- بايان يازماقچى بولىدۇ. لېكىن بوينىدا تاقاق بولغاننىڭ ئۈستىگە قولى ئارقىغا قىلىپ كويزا سېلىنغاچقا (ئاچقۇچ زىندان بېگىدە بولاتتى) جاپاغا چىداپ قۇمۇش قەلەمنى پۇت بارمىقىغا قىسىپ خەت يېزىشنى ئۆزلۈك مەشىق قىلىپ، ئاخىرىدا بۇ ئەرزنى يېزىپ چىقىدۇ. بۇ پەقەت ئەرزلا بولۇپ قالماي، ئۇنىڭ بارلىق ئازاپلىق كەچمىشلىرىنىڭمۇ خاتىرىسى بولۇپ، ئاخىرىدا مەزكۇر نامىنى يېزىپ چىقىش ئۈچۈن قانچىلىك رىيازەت چەككەنلىكىمۇ قەيت قىلىنغانىدى. زورھۇردىن ئەرزنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ دېلوسىنى قايتا تەكشۈرۈشكە ئەمىر قىلىدۇ. مۇللاغوجىلاقنىڭ قەيسەرلىكىدىن قاتتىق تەسىرلەنگەن ھاكىم ئۇنى زىنداندىن بوشاتقاندىن كېيىن ئالاھىدە ئىلتىپات كۆرسىتىپ، ئۆز ھوزۇرىدا قوبۇل قىلىدۇ.

لېكىن ئۇ كۆپ ياشىيالماي ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئوغلى مەمتىلى موللا دادىسىدىن كىچىك قالىدۇ. مەمتىلى موللىمۇ ياش كەتكەن بولۇپ، ئوغلى توختى ھاجى كىچىك قالغانىدى. موللاتوختى ھاجى دادىسىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن تەۋپىقە ئۇنىڭ ئىسمىنى قويغانىدى. موللاتوختى ھاجىمۇ كۆپ ياشىمىغان. بۇھال كىشىلەردە ئۇلارنىڭ ئەۋلادى ياش كېتىدۇ دېگەن قاراشنىمۇ پەيدا قىلغانىدى.

موللاغوجىلاق پاجىئەسى ئەسلىدە ناھەق ئىش بولسىمۇ بەزى زوغۇيلار ئېسىلىدىغان جاي تاپالمىغاندا ئەنە شۇ ئىشقا ئېسىلىشاتتى. ھابۇلھاجىمنىڭ كۆزدە تۇتقىنى ئەنە شۇ ئىدى.

— يەر يۈزىدە ئەزان ئاۋازى ئاڭلانمايدىغان بولغاندا دەججال تاغدىن

قوپىدۇ، ئاخىر زامان بولۇدۇ، دەيدىغان، مانا ھازىر ئەزان ئاۋازى سۇسلاپ ئۇرنىغا جەدىتلەرنىڭ ھاڭرىشى ئاڭلىنىدىغان بولدى. مۇسۇلمان ئادەمگە ئاخىرەتنى ئەستىن چىقىرىش چوڭ گۇناھتۇر، — دېدى ئۇلاردىن بىرى ئېغىكى ئاستىنى تاتىلاپ.

— خەلقتىن ئىنساپ كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. دىيانەت قاچتى. تۈرك خەق نېمىنىڭ ساۋاب، نېمىنىڭ گۇناھ بولۇدۇغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئۇلارنى يېتەكلىمەك، توغرا يولغا باشلىماق ھەربىرىمىزنىڭ بۇرچى. — دېدى ئۆچكە ساقال.

— ھەق راست.

— خۇدانىڭ بەرگىنىگە شۈكرى قىلماي، زادى نېمە قىلاي دەيدۇ بۇ خەق؟ ھېلىقى ئەپەندى دېگىنى زادى نېمە مۇددىئا بىلەن شۇنداق قىلىدۇ؟

— نېمە دەيتتى. ئۇمۇ ئەپلەپ سەپلەپ بىر- ئىككى پۇل ئۇندۇرۇپ جان ساقلاشنىڭ كويىدا. ھەممە ئادەمدە بىر گال بارغۇ،— دېدى ھابۇلھاجىم دانالارچە تەلەپپۇزدا ئىشەنچ بىلەن سۆزلەپ.

— شۇ، شۇنداق بولماي، ئەمىسە،— دەپ قوشۇلدى كەنجى قازاخۇنۇم. ئۇ داستىخانغا دەممۇ ـ دەم قول ئۇزۇتۇپ تۇراتتى.

— ئۇنداقمۇ ئەمەستۇر، — دېدى كەمسۆز كۆرۈنىدىغان بىر داموللام تۇنجى قېتىم سۆھبەتكە سۆز قېتىپ، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە ئازغاندەك كىرىپ قالغانلىقىنى سەزگەن، ئۆزىنىڭ يالغۇزلۇقىغا كۆزى يەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا گەپ قىستۇرماي چىدالماي، — مۇددىئاسى خەلقنىڭ كۆزىنى ئېچىش ئىكەن، جان بېقىشنى ئويلايدىغان بولسا قولىدا نەچچە تۈرلۈك ھۈنىرى با تۇسا...— ئۇنىڭ گېپى ئاغزىدا قالدى، تۇشمۇ ـ تۇشتىن ھوجۇم باشلاندى.

— ئانچىكىم بولسا «خەلق ـ خەلق» دېگىنى بىلەن كىم ئۆزىنىڭ نەپسىدىن كېچىدۇ؟ ئۇنچىلىك گەپنى كىم دېمەيدۇ؟ بىزمۇ خەلق دەيمىز، ئەمما بىكارغا پەتىۋا بەرمەيمىز، قۇرئاننى بىكارغا ئوقۇمايمىزغۇ، — دېدى كەنجى قازاخۇنۇم كۆپچۈلۈككە ۋەكىللىك قىلىپ، — مىللەت

دېگىنى نېمىسى؟ مۇسۇلمان ئادەم ئىسلام دىنىنى بىلسىلا بولدى، يەنە مىللەت- پىللەت دەپ ئايرىپ ئولتۇرامدىكىن؟ مۇسۇلماننىڭ ھەممىسى ئىبراھىم خېلىلۇللاھنىڭ مىللىتى، بەس!

— بىزگە مۇسۇلمان، كاپىر دېگەن ئىككىلا تائىپە بار، — دېدى ھابۇلھاجىم.

داموللامنىڭ غەزىپى قايناپ، ئۇمۇ ھوجۇمغا قارشى بىر نېمە دەي دېسە نۆۋەت تەگمەي ئولتۇراتتى، ئۆزىگە سىنجىلاپ زەن سېلىۋاتقان مەخسۇمغا كۆزى چۈشۈپ قالدى. «خۇدا پاناھىڭدا ساقلا، بۇ خەقتە نەدىن قېتىلىپ قالدىممەن؟ قېتىلمايدىغان ئىشكەنتۇق، بىر پۇرسەت تېپىپ يىرىلىپ چىقىۋالاي! ماۋۇ ئادەم ماڭىلا قارايدىغۇ؟ ... » دەپ ئويلىدى ئۇ. چۈنكى ئۇ مەخسۇم دېگەننى «قۇلاق»مىش دەپ ئاڭلىغانىدى. ئۇنى، مۇسا قېچىنى ۋە مەمتىمىن بىلەن خېلىل راخماننى توختى زۇنۇننىڭ سالىكلىرى دېگەن مىش- مىشلار باردى. شۇڭا كىشىلەر ئۇلاردىن بىرەسى بولغان سورۇنلاردا ئېھتىيات قىلىشاتتى.

مەخسۇم: «ئېغىز ئاچماي تۇرغىنىم ياخشى بوپتىكەن، بۇلارنىڭ ئىچىدىمۇ تىكەن باركەن، بۇ ئادەمنىمۇ بىلىپ قويغۇلۇق... » دېگەنلەرنى ئويلاۋاتقاندەك كۈلۈمسىرىدى.

مەخسۇم گەپ ئارىلىماي سۆھبەتكە قۇلاق سالاتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدىن يەنە دۈشمەن چىقامدۇ يوق دەپ كۈزەتمەكتە ئىدى. ئۇلار مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئېتقادى ھەققىدىكى گۇمانلىرىنى تۇگەل سۆزلۈشۈپ، ئارقىدىن ئۇنى قوللىغان بايلارنىڭ، موللىلارنىڭ ئىمانى كامىل ئەمەسلىكى ھەققىدە ئۆز دەلىللىرىنى قويۇشقا باشلىدى.

گەپ بۇ دەرىجىگە يەتكەندە ھېلىقى دامولامنىڭ داۋاملىق بۇ توپ بىلەن بىللە بولۇشقا رەغدى قالماي، ناھايىتى تەسلىكتە بىر باھانە تېپىپ ھەمسۆھبەتلەرگە ئۆزرە ئېيتىپ، ئاستىلا ئۆزىنى چەتكە ئالدى.

— يەنە بىرى ئارىمىزدىلىكەن، — دېدى ھابۇلھاجىم شەيتانلىق بىلەن ھىھىلداپ كۈلۈپ.

شۇنىڭ بىلەن ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى دامولام ھەققىدە بىر-

www.uyghurkitap.com

ئىككى ئىغىزدىن گەپ قىلىشتى. شۇندىن كېيىن سۆھبەت تېمىسىنىڭ ئۆزگە— غەيۋەتكە كېلىشتى.

— بۇ دىنىسىز ئەپەندى بىر بولسا ئىلگىرىكىن خوتۇنباز نېمە، چۆچە خورازدەك ئۇچرىغان مىكىيانىنى بېسىپ، شۇنىڭ بىلەن ئۆيلۇنۇش يادىغا كەلمەي ژۈرەمدۇ...

— ھە، ھە، — دېدى مەخسۇم ئەمدىلا دىتىغا ياقىدىغان گەپنى ئاڭلىغاندەك. ئۇ ئەمدىلا بۇ سورۇندىكى ئادەملەردىن خاتىرجەم بولغان بولۇپ، گەپ قىلىشقا بولۇدۇ دېگەن ئويغا كەلگەنىدى، — ماۋۇسى راستەك تۇرىدۇ.

— ھە، خوش؟ مەخسۇم، نېمە گەپ، ئۆزى؟— ھابولھاجىم ئۇنىڭغا ئالاھىدە قىزىقىپ قالدى.

مەخسۇم دەرھال سىر بەرمەس ھالەتكە كۆچۈۋېلىپ، ھىجىيىپ، گەپ قىلماي تۇرۇۋالدى. بىراق يېگى پىتىنىگە دەسمايە تاپالماي تۇرغان ھەمسۆھبەتلەر ئۇنى ئارامىدا قويمىدى.

— مەنمۇ خەققە ئارىلاشمايمەن، نېمىنى بىلەي؟ ئاڭلىغىنىمنى دەيمەن- دە، ئەپەندىنى بەگنىڭ ئۆيىگە بورغىلايدۇ دېگەن گەپ بار، يەنە كېلىپ كەچتە- پاتتا...

— ھەببەللى، مانا ماۋۇ گەپ ئۆزى جايىدا، ئويلاپ يەتمىگەنلا گەپكەن. ئەمما- زە، ئون ئالتە سەر گەپ!— كەنجى قازاخۇنۇم ئالقىشلاپ چۈشتى، ئارقىدىن ئەيمەنگەندەك قىلىپ پەس ئاۋازدا قوشۇپ قويدى، — ئۇنىڭ ئۆيىدىكى ئىككىلا مەزلۇم بازارغا يارايدىغان مىكيانلار- دە!

— ھەھە...دۇرۇس گەپ، — ئۇنىڭ يېنىدىكى سوپى ئالدىغا ئېڭىشىپ تۇرۇپ پىچىرلىدى، — ئۇمۇ تازا ئۆزگە خىل كېلىدىغانىنى تېپىپتۇ.

ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، مەخسۇمغا گۇمان بىلەن پات- پات ئوغۇرلۇقچە قاراپ قويۇۋاتقان ھابۇلھاجىم ئىچىدە: «بۇ قاقباش پايلاقچى بىزنى كولدۇرلۇتۇپ ھىكايە توقىدىمۇ، ياكى راستىنلا شۇنداق ئىش بارمۇ؟... » دەپ ئويلاپ، بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن:

— بەگ- زە شۇڭا ئۇنىنى چىقىرالماي يۈرىدىكەن- دە! نەچچە رەت ئۇنى نوقۇپ باقساممۇ گەپ چىقمىدى. بايىزە، ھېلىقى كاپىر ئۇنىڭ پاختەكلىرىنى ئىندەككە كەلتۈرۈپ، پاختەكلەر بەگنى قورقۇتۇپ بولۇۋاتقان ئىشكەن- دە... - دېدى زەردە بىلەن.

بۇنى ئاڭلىغان مەخسۇم مەمنۇنىيەت بىلەن كۈلۈمسىرەپ، يەنە جىم بولۇۋالدى. ئۇ ئىككى گەپ بىلەنلا بۇلارنىڭ ھەممىسىنى كولدۇرلىتىۋەتكىنىگە ھەم كەلگۈسىدە بولىدىغان ئىجتىمائىي كەيپىياتنىڭ مەزمۇنىنى بەلگىلەپ قويغىنىغا مەمنۇن ئىدى.

«تەقۋادار»لارنىڭ سۆھبىتى ئۇزاققىچە مۇشۇ نۇقتىغا مەركەزلەشتى. بەزىلەر پايلاپ تۇرۇپ تۇتۇۋېلىپ ئۇسال قىلماقچىمۇ بولدى. يەنە بەزىلەر بەگنى ئۇسال قىلايلى، قاغىغا ئۇلپەت بولۇپ پوق يەپ يۈرگىنىنى بىلسۇن، دەپ ئاچچىقلاشتى. سۆھبەت تازا قىزىغاننىڭ ئۈستىگە مەخسۇم بىر گەپ قىستۇرۇپ قويۇشنى زۆرۈر تاپتى.

— ئەپەندىنى يەنە ھېلىقى تۇرسۇنتازنىڭ خوتۇنى زۆھرەگۈل سەتەڭنى بازلاپ يۈرىدۇ، دېگەن گەپ بار. ئەمما مەنغۇ تازا ئىشەنمەيمەن، ئىشقىلىپ، ئادەم دېگەن خام سۈت ئەمگەن نېمە...

— ھوي، ئۇ دېگەن مەمتىمىن ئاق كىرپىكنىڭ ئاشنىسى ئەمەسمۇ، بۇنى مەمتىمىن ئۇقسا بالا تاشىدىغۇ... — دېدى سۇخەنچىلەردىن بىرى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ مەخسۇم ئۆگۈپ كەتتى. «ئاپلا، بۇنى دېمەيدىغان گەپكەن، خەق ئىشەنمەيدىغان ئوخشايدۇ. يەنە كېلىپ ھېلىقى تايغاننىڭ قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرىنى بىلمەيدىغان ئادەم يوق ئوخشايدۇ... »

بىراق، بۇ گەپلەر ھابۇلھاجىمنىڭ ئاللىقانداق ئويى- پىلانلىرىغا تۈرتكە بولدى. «بەگنىڭ ئۆيىنى پايلاپ تۇرۇپ... »، «مەمتىمىن ئۇقسا بالا تاشىدۇ... » دېگەن ئىككى باشقا گەپنى بىر- بىرىگە باغلاپ كۆڭلىگە بىر نېمىنى پۈكتى. ئۇ ئۆزىچە رەقىبىنى خەلقى ئالەم ئالدىدا رەسۋايى جاھان قىلىپ يوق قىلىشنىڭ ئاسان يولىنى تاپقاندەك يېنىكلىشىپ كەتتى.

ئۇلارنىڭ پىتنە- پاساتنى قايسى نۇقتىلارغا قارىتا ئېلىپ بېرىشىنىڭ يۆنىلىشىنى بەلگىلەپ قويغاندىن كېيىن، مەخسۇم ئاستىلا سۇغۇرۇلۇپ

چىقىپ، ئۆز يولىغا كىتىپ قالدى.

— مۇشۇنداق يامان نىيەتلىك بىر دۈشمەن ئارىمىزدا ھەرىكەت قىلىۋاتسا قاراپ تۇرۇپ مۇسۇلمانلارنىڭ گۇناھىغا پېتىپ كېتىشىگە يول قويساق بولماس؟ قازىكالان ئاغىمىزنىڭ بىرە دانا پىكىرلىرى باردۇ، ئەلۋەتتە؟ — دىدى كەنجى قازاخۇنۇم مولىلارنىڭ چىچىلىپ كىتىۋاتقان پىكىرلىرىنى مەقسەت ئۈستىگە بۇراپ.

— مېنىڭچە، بۇ دانا ئاراق مەسىلىھەتىممۇ يوق، شۇنداق بولسىمۇ كۆپچۈلۈكنىڭ خۇدا يولىدا بايلارنى پۇل- مېلىغا ئاگاھ بولۇش ئۈچۈن نوقۇپ قويۇشنى تەۋسىيە قىلىمەن. قارا تۈرك ئادەملەر ئاق-قارىنى پەرق ئەتمەيدۇ، شەيتاننىڭ كەينىگە چىرىپ كىتىۋىرىدۇ.

— بەرھەق، بەرھەق ھاجىمنىڭ پىكرى ھەقىقەتەن دانا؟

— ھەر قاچان ئىمانى كامىلراق مۇسۇلمانلار قۇرۇپ كەتمىگەندۇر، شۇنداق بولسىمۇ بالىلىرىنى گۇناھىنىڭ پاتقىقىدىن نىرى تۇتسۇن. گۆدەكلەر ئاق- قارىنى پەرق ئېتەلمەيدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ گۇناھى ياخشى يولغا باشلىمىغىنى ئۈچۈن ئاتا-ئانىسىغا بولىدۇ. قارا تۈركلەرمۇ ياخشى- يامانىنى ئىلغا قىلالمايدۇ. ئۇلارنى ھىدايەت قىلماق ھەربىرىمىزنىڭ ئىشى.

— بەرھەق! مېنىڭچە يەنىلا خەلقنىڭ مەمتىلى ئەپەندىگە بولغان ئىخلاسىنى سۇندۇرۇش كېرەك! ئۇنىڭ خوتۇنبازلىقى، ناساراللارنىڭ مۇرىدى ئىكەنلىكىنى ئەھلى مۇسۇلمانلارغا ئۇختۇرۇپ، ئاگاھ بېرىش ھەر بىرىمىزنىڭ بۇرچى ئەمەسما، — دىدى كەنجى قازاخۇنۇم.

— تېگى، مۇسۇلمانلار، بىز خۇدانىڭ ئالدىدا ئۆزىمىزنىڭ ساداقىتىمىزنى نامايەن قىلمىساق بولمايدۇ.

—شۇنى دەيمەن، ئۇ خەق ئۆزىنىڭ قارا قوساقلىقىدىن، پەس، نادانلىقىدىن مېڭىۋاتقان يولىنىڭ نىمىلىكىنى بىلمىگەن بىلەن بىز يەنە ئۇلارغا چىدىمايمىز، يەنە شۇلارنىڭ گۇناھكار بولماسلىقى ئۈچۈن ياقا يىرتىپ چىقماي تۇرالمايمىز، — دىدى كەنجى قازاخۇنۇم.

ئاخىرى ئۇلار دىنىنىڭ ساپلىقىنى، يۇرتنىڭ تىنچلىقىنى، خەلقنىڭ

ئىمانىنى قوغداش ئۈچۈن يوشۇرۇن كۈرەش قىلىش قارارىغا كەلدى.

ئۇلار بۇ نۆۋەتتىن تاشقىرى داستىخاندىن تۇرۇپ، كوچىغا چىقىشتى.

كوچىنىڭ بىر دوقمۇشىدا ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر ۋە بەختسىزلىكلەر ھەققىدە باش قاتۇرۇپمۇ، غەم قىلىپمۇ ئولتۇرمايدىغان، ئەڭ خاتىرجەم، ئەڭ بەختلىك كىشى ــ راخمان ساراڭ ئۆزىنىڭ ئالا جوقى نۇتقى بىلەن كوچىنى بىر ئېلىپ ئۆرە تۇراتتى. ئۇنىڭ چوقانى «مۆتىۋەر» لەرنىڭ داۋام قىلىپ چىقىۋاتقان پارىڭىنى ئۈزۈپ قويدى. بىراق ئۇلار دوقمۇشتىن قايرىلىپلا پارىڭىنى داۋام قىلدى...

موللىلارنىڭ ھەر بىرى ئۆز يوللىرىغا تاراپ كېتىشتى.

## 3

جەمىيەت ئۈچۈن بىردىنبىر خەۋپ ــ جاھالەتتۇر.

ــ ۋىكتور ھيوگو «خارلانغانلار»

يۇرت مۆتىۋەرلىرىنىڭ ئارقىسىدىنلا ھەزرەت سۇلتان جامەسىدىن چۈۋۈلۈشۈپ چىقىۋاتقان نامازخانلار كوچىنى بىر ئالدى. ناراقتا قانداقتۇر بىر خوتۇن ۋايساپ ۋارقىرايتتى:

ــ ئاگاھ بولۇڭلار، خالايىق، خوتۇن قىزلىرىڭلار كېچىسى تالاغا چىقمىسۇن، ساۋاق ئېلىڭلار، مەن ئۆلۈشكۈن كېچە ئانامنىڭ ئۆيىدىن كېلىۋېتىپ...

ــ قويغىنا، ئۇنى ئاڭلىمىساڭمۇ شۇ بايقى گەپ، ــ نامازخانلار ئارىسىدىن بىرى قېشىدىكى ھەمراھىنى تۈرتۈپ شۇنداق دېدى،ــ بىلمەمسەن، بۇ ھېلىقى تازنىڭ جالىپى، كېچىسى خەق ئۇنىڭ يولىنى توسىسا خوش بولۇپ كەتمەي، كۆڭلىگە كېلىپ كېتەرمۇ ئۇنىڭ!

ئۇنىڭ سۆزى بىلەن ئۇنىڭ ئىككى ھەمراھى سۆزلەۋاتقان ئايال تەرەپكە قىستىلىپ ئۆتۈش نىيىتىدىن ياندى ۋە باشقا تەرەپكە مېڭىشتى. ئۇ دوستىغا ئۆزىنى ئاقلاپ:

www.uyghurkitap.com

ــ ئاڭلاپ باقاتتۇق. خالاس، يەنە كېلىپ مەن مەمتىلى ئەپەندىنىڭ قانداقلىقىنى ئوبدان بىلمىسەمتى، ... ــ دېدى.

ــ نېمە كارامەتلەر بولۇۋاتىدۇ، مۇسۇلمانلار، نېمە بالا بۇ؟ بۇ قانداق گەپ زادى؟ ــ دېدى ھېلىقى ئىككەيلەندىن بىرى ساددىلىق بىلەن ۋايساپ.

ــ شۇ گەپلەرگە ئىشىنىپ قالدىڭمۇ نېمە، سەمەت ئەخمەق؟ مەن زادىلا ئىشەنمەيمەن. ئوڭۇرۇقتا ئوقۇۋاتقان يىگىتلەرنىڭ ھەممىسى ئوبدان، سەرخىل باللار تۇرسا، ئۇلارنىڭ قولىدىن ھېلىقى ئەسكىلىك كېلەمدۇ؟ لۈكچەكلىك دېگەن لۈكچەكنىڭ قولىدىن كېلىدۇ.

ــ سەنغۇ ئىشەنمەيدىكەنسەن، مەن بىر ئىشنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ قالدىم، دېگىنە،ــ دېدى ئاۋۋال ئۇلارنى ھېلىقى ئايالنىڭ چوقانلىرىنى ئاڭلاشتىن توسقىنى.

ــ نېمە ئىشنى؟ ئاشۇلارنىڭ ئىشىمۇ؟

ــ ياق، بۇ ئىشنى ھېچكىمگە تىنمىدىم. ھېلىقى كېچىسى يول توسۇپ ئەسكىلىك قىلىۋاتىدۇ دېگەنلەرنى تونۇپ قالدىم. خۇدايا، ياقامنى تۇتۇپ قاپتىمەن.

ــ كىملەركەن ئۇ؟

ــ ياق، دېيەلمەيمەن، خۇدا ساقلىسۇن، بالاغا قالماي.

ــ مەمتىلى ئەپەندىنىڭ باللىرىمۇ؟

ــ ياق، ھەرگىز ئۇلار ئەمەس!

ــ ئەمسە كىم؟

ــ بولدى، سورىمايلا قويۇڭلار.

ــ خۇدايا خۇداۋەندە كېرىم، تۇۋا قىلدىم! ھابۇلھاجىم سۈرۈشتۈرۈپ كۆرمەيلا نىمىشكە خەققە بۆھتان چاپلايدىغاندۇ؟ ــ دېدى ساددا ھەم ياۋاش دېھقان سەمەد. ئۇنىڭ چىرايىدىنمۇ تېپىك ساددا ئۇيغۇر دېھقىنىنىڭ خاراكتېرى بىلىنىپ تۇراتتى.

ــ ھەئە، دېسەڭ بولمىدىمۇ. ئۇيلاپ باقمامسىلەر، ئۇلارنىڭ ئىچىدە تاشاخۇنۇمنىڭ سەيپىددىن با، موللا ئىبزىزدامولللىنىڭ ئوغلى با،

ئاشۇلار،ــ بىزنىڭ سۇنتاغلىق مەھەممەد قارىلارنىڭ قولىدىن شۇنداق ئىش كېلەمدۇ؟
ــ توۋا قىلدىم، خۇدا! ئادەمنىڭ ئىچى قارا بولسا ئەجەپ بولىدىكەن ـ ھە!
ــ بايا ئاڭلىمىدىڭمۇ، بىزنىڭ ئىناۋىتىمىز بولماي قالدى دەۋاتامدۇ، خەقنىڭ كۆزى ئېچىلىپ كەتسە ھۆكۈمەتكە تەس ئۇخشىمامدۇ؟ موللا ـ ئۆلىمالارغىمۇ ياخشى بولمايدىكەن... مەن مەمتىلى ئەپەندىنى ئوبدان بىلىمەن. ئىككىمىز ئېكىساقتا ئەھمەد كامالنىڭ قولىدا بىللە ئوقۇغان، ھەر ھالدا ئۇنىڭ ئىجتىھادى بارىكەن، ئاشۇنچىلىك ئىش تەۋرىتىپ ژۇرىدۇ. بالىلىرىمىزنى داۋالاۋاتىدۇ. ئەلگە ياخشىلىقنى ئايىمىدى. بىز بولساق مانا، ھەممىنى ئۇنتۇپ، كېرەككە كەلمەي ژۇرىمىز.
ــ ھېلىقى كۆرگەن ئىشىڭنى مەمتىلى ئەپەندىگە دەپ قويساڭ بوپتىكەن، ــ دېدى سەمەد بالىلارچە ئەنسىزلىك بىلەن دەككە ـ دۇككە بولۇپ.
ــ ناۋادا ھېلىقى خەق مېنىڭ دەپ قويغۇنۇمنى بىلىپ قالسا نېمە كۆرگۈلۈككە قالامەن؟
ــ سەن دېمىسەڭ مەن دەيمەن، ئۇ دېگەن مېنىڭ ساۋاقدىشىم، بالامنىڭ بېشىنىمۇ داۋالاۋاتىدۇ، ساقايغىدەك بولدى. ياخشىلىققا ـ ياخشىلىق. سەن قورقساڭ ماڭا دەپ بەرمەمسەن.
ــ بولدى، ئۇ گەپنى قىلمىساڭ...
ــ ئىشقىلىپ ئاگاھلاندۇرۇپ قويغان ساۋاپلىق ئىش، ــ دېدى سەمەت ئاۋۇنىڭغا بولۇشۇپ غۇدۇڭشىغان ھالدا. كۆڭلىدە بولسا مەمتىلى ئەپەندى سۇنتاغقا كېلىپ كېسەللەرنى ۋە ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنى تىزىملاپ يۈرگەندە بالىسىنى يوشۇرۇپ قويغانلىرىنى ئويلاپ بىر قىسما بولۇپ قالدى.
كۆپ ئۆتمەي ئۇلار ساي بويىدىكى بازارغا چىقىپ، مىغىلدىشىۋاتقان ئادەملەر ئارىسىدا غايىپ بولدى.

www.uyghurkitap.com

## 4

يامان خەۋەرلەرمۇ كۆپىيىشكە باشلىدى. يامان ئىشلارنىڭمۇ يېڭى-يېڭىلىرى چىققىلى تۇردى. يېڭى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ «يول توسۇپ ئادەم ئۇرىشى»، «خوتۇنلارنى تاتقۇشلىغانلىقى»' ھەققىدىكى داۋراڭ بىلەن بىللە ئالىلىكىملەر تەرىپىدىن ئۆزلىرىنىڭمۇ تاياق يېگەنلىكلىرى ھەققىدىكى داۋراڭمۇ ئەل كېزىپ يۈرەتتى. بۇنى ئاڭلىغان ئادەملەرنىڭ بەزىلىرى:

— ئىلگىرى بۇنداق يامان قىلىقنى كۆزىمىز كۆرمەي كەلگەنىدۇق، ئەپەندى دېگىنى بىلەن يېڭى مەكتەپ قاچان ئاپىرىدە بولدى، ئىشنىڭ يامىنىمۇ چىققىلى تۇدى. بۇ ئىشلا شۇلا بىلەن تەڭلا پەيدا بولغان تۇسا، شۇلاردىن باشقا كىم قىلىتتى؟

— ئۆزلىرىمۇ تاياق يېگىلى تۇرغان بولسا خوپ بوپتۇ، قىلمىشىغا لايىق جازاسى شۇ،— دېيىشسە، باشقىلىرى ئاڭىسىز ھالدا قوشۇلۇپ:

— ھە راست، — دېيىشەتتى.

پەيشەنبە كۈنى كەچتە سابىت، ئابلىمىت قارى (ئۇلار ھەر پەيشەنبە كۈنى كەچتە ئۆيلىرىگە قايتىپ جۈمە كۈنىدىكى دەم ئېلىشنى ئۆتكۈزۈپ، مەكتەپكە قايتاتتى). ئۇلار پاراڭ بىلەن ئالدىرىماي مېڭىپ كېلىشىۋاتاتتى. سۇنتاغ يېزىسىنىڭ تار كوچىلىرىدا كېتىۋاتقىنىدا بىردىنلا پاكار پەخش تاملار ئارقىسىدىن چالما - كېسەكلەر يېغىشقا باشلىدى. ئۇلار نېمە بولغىنىنى ئاڭقىرىۋالغاچقىلا بىر پارچە قاق چالما سابىتنىڭ چېكىسىنى يېرىشقا ئۈلگۈردى. شۇندىلا ئۇلار نېمە ئەھۋال ئىكەنلىكىنى پەملەپ، ئالغا قاراپ يۈگرەشتى.

بىراق، ئانچە ئۇزۇن بارمايلا ئالدىدىن تۆرت كىشى چىقىپ ئۇلارنى توسۇۋالدى. قاش قارايغان چاغ بولغاچقا يول توسقۇچىلارنى تونۇغىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار باش- كۆزىنى ئورىۋالغانىدى.

— ھە، كالتە قويرۇق، قىزىل پاچاقلار، نەگە قېچىشسەن؟ — دەپ ھۆكىرىدى ئۇلاردىن بىرى.

— سىلە نىمە ئادەم؟ بىز سىلەگە نېمە قىلدۇق؟ نىمىشقا بۇنداق قىلىسىلە؟ — مۇھەممەد قارى ئاۋۋال ئېغىز ئېچىپ يول توسقۇچىلارغا ۋارقىرىدى.

— ھوي، چېچى بىا ھېجىبقىزلار، ئاكاڭ قارىغايدىن ھېساب ئالماقچىمۇ؟ چىشلىرىنى تۆكۈڭلار، بۇ چوكانلارنىڭ!

ئۇلار ئېتىلىپ كېلىشتى. تۆرت لۈكچەكنىڭ ئارىغا ئېلىۋېلىشى بىلەن سابىتلارمۇ بىر- بىرىگە ئارقىسىنى قىلىپ، ئۆزىنى مۇھاپىزەت قىلىشقا تەييارلاندى.

لۈكچەكلەرنىڭ ئېگىزرەك بىرى ئاۋۋال ئېتىلىپ كېلىپ سابىتقا مۇشت ئېتىۋىدى، سابىت ئۇنىڭ بىلىكىگە تېپىۋەتتى. ئۇ تەمبەل، بەستلىك بولغانلىقى ئۈستىگە ھازىر مەكتەپتە ھەر كۈنى سەھەر تۇرۇپ تەنتەربىيە ئويناپ يۈرگەچكە چاقماقتەك، قوللىرى چاقماقتەك تېز. لۈكچەكلەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ بوش ئەمەسلىكىنى بىلگەندىن كېيىن قولغا چۈشۈپ رەسۋا بولۇشتىن قورقۇپ قېچىپ كېتىشتى.

— ئۇلار كىملەر قېتىم جەزمەن ئۆچ ئالىدۇ. ئۇ چاغدا ئالتە ياكى سەككىز بولۇپ يول توسىدۇ. بىز يەنە بىر بازار كۈنى باشقا يول بىلەن كەتسەك بولۇدۇ، — دېدى ئابلىمىت قارى.

— نېمىدىن قورقىسەن، ئۆزەملا ئىككىسىگە تېتىيمەن، — دېدى مۇھەممەد قارى قىزىقچىلىق ئارىلاش ماختىنىپ.

— ياخشىمۇ يۈرىكىڭ يوغان، خۇددى قوشقاچنىڭكىچىلىك بولغىنى، — دېدى ئابلىمىت قارى ئۇنىڭ سۆزلىرىگە سەل ئاچچىقى كەلگەندەك بولۇپ، ئۇ بىردىنلا سابىتنىڭ چالما تەككەن يېرىگە قارىتىپ، — ھوي، سابىت، چېكەڭ قانداق بولدى؟ قان چىقىۋاتامدۇ، نېمە؟ —دەپ سورىدى.

— چىقىۋاتسا كېرەك، بەكلا ئېچىشىۋاتىدۇ.

— كەل، ياغلىق بىلەن تېڭىپ قوياي، ۋاي- ۋۇي، كېيىملىرىڭنىڭ ئالدى چۆپ بولۇپ كېتىپتىغۇ؟ ھەجەپ جېنىڭ پىششىق نېمە- دە سەن. شۇنداق بولۇپ كەتكۈچە غىڭ قىلماپسىنا!؟

ــ ئاللا ـ كاللا دەپ ئۆزەمنى ئۇرۇپ كەتسەم ساقىيىپ قالامتى.
ــ غەلىتە سەن ـ دە، ئاشىق! مۇھەممەد قارىنىڭ شۇنچىلىك يېرىلىپ كەتكەن بولسا جەزمەن ئىككىمىزگە كۆتەرتىپ مېڭىشىتتىن يانمايتى.
ــ نېمە؟ سەن مېنى شۇنچىلا چىدىماس دەمسەن؟ ئۆزەڭ شۇنداق بولساڭ كېرەك!
ــ بولدى قىلساڭچۇ، بىر ئادەمنىڭ بېشى يېرىلىۋاتقانىنىڭ ئۈستىگە سېنىڭ غەلۋەڭ تېتىمدۇ.
ــ سابىت ئەمدى چېكىسى ساقايغىچە مەشۇقى بىلەن كۆرۈشمىسە بولغىدەك.
ــ چېكىسى نېمىگە پۈتلىشاتتى؟ بۈگۈنلا كۆرۈشىۋېرىدۇ. شۇنداقمۇ سابىت.
ئۇلار قەدىمىنى تېزلەتتى. ئۇلار سابىتنىڭ ئۆيى ئالدىغا كەلگەندە ئىككى دوستى ئۇنى ئۆيلىرىگە ئېلىپ كەتمەكچى بولۇشتى.
ــ يالغۇز ئۆيدە نېمە قىلىسەن، بىزنىڭ ئۆيگىلا كېتەيلى، دېيىشتى ئۇلار.
سابىت ئۇزرە ئېيتتى. ئاخىرى ئۆيىنى يوقلىۋېتىپلا ئابلىمىت قارىنىڭكىگە كىرىشكە رازى بولۇپ، خوشلاشتى. دوستلىرى يۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن ئۇ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلدى ۋە چۆچۈپ كەتتى. دەرۋازا ھالقىسىغا باشقا بىر شەددە قۇلۇپ سېلىنغان بولۇپ، يۇقۇراقىغا پىچەت چاپلانغانىدى. ئۇنىڭ بېشى پىررىدە قايدى.
قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەچكە پىچەتكە نېمەدەپ يېزىلغانلىقىنى ئۇقىغىلى بولمايتى. ئۇ بۇ يەردە قانچە ئۇزۇن تۇرغىنىنى بىلمىدى. بىر كەمدە ئەمدى قاياققا بېرىش كېرەك. دېگەن سوئال تۇغۇلدى. بايىغۇ دوستىنىڭ ئۆيىگە كىرمەكچى بولغان، بىراق ئەمدى نىمىشكە ئىككىلىنىپ قالدىكىن؟ توغرا، ئۇ چاغدا ئۇ ئۆي ـ ماكانسىز كەلگىنىدى ئەمەس، ئۆي ـ جايى بار مۇستەقىل ئادەم ئىدى. شۇڭا كۆڭلى توق ئىدى. ئەمدىچۇ؟ ئۇنىڭدەك بىر كىشىنى خەق بوسۇغىسىغا يېقىن كەلتۈرەرمۇ؟

سابىتنى ئۇنىسىز يىغا قىيناشقا باشلىدى، قولى يانچۇقىدىكى غاڭزىنى سۇندۇرىۋېتىدىغاندەك چىڭ سىقىملاپ، بارماقلىرى بىلەن بىر ئۇچىنى قايرىشقا ئۇرۇناتتى...

ئەمما بۇ ئىشنىڭ ئۇجۇر- بۇجۇرىنى ئۇقۇپ بېقىش ئۇچۇن بولسىمۇ تاھىر خەلپەتنىڭ ئۆيىگە كىرىپ بېقىشقا توغرا كېلەتتى. ئۇ ئىنتايىن ئېغىرلىشىپ كەتكەن قەدەملىرىنى شۇ تەرەپكە يۆتكىدى. ئۇ ئىشىك تۈۋىگە بارغاندا ئۆيدىن تاھىر خەلپەتنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتاتتى:

— ... ئۆتكەن بازار كۈنى سىلەر كېلىپ كەتكەندىن كېيىن كەنجى قازاخۇنۇم بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدىم. ئۇ كىشى ماڭا دارىتمىتلاپ بىر مۇنچە گەپلەرنى قىلدى.

— نېمە دېمەكچىكەن؟ — ئابلىمىت قارىنىڭ ئاۋازى غەزەپلىك ئاڭلاندى.

— نېمە دەيتى، مەمتىلى ئەپەندى بالىلارنى دىندىن چىقىرىدۇ. ھەممىسى قىزىل پاچاقلار. كالتە چاپان كېيىپ، چاچ قويۇشنىلا ئالدىغان بولساق، ئۇنىڭ قانداق ئادەملىكىنى بىلگىلى بولىدۇ، سەن ئابلىمىت قارىنى ئەۋەتمىگىن، دېمەكچى - دە.

— توۋا خۇدايىم، كالتە چاپان نىمىگە دەخلى قىلىدۇ؟ ئېتىقاد دېگەن چاپاندا بولامدۇ، دېمىدىڭمۇ؟ چاچ قويۇشنىڭ گۇناھلىقى قايسى كىتابتا ئېيتىلىپتۇ؟ بىزگە ئەپەندى پەيغەمبەرنىڭ ھەدىسلىرىنى كۆرسۇتۇپ قويىدى، رەسۇلىلانىڭمۇ چېچى بارىكەنغۇ؟ ئەجەپ ئۆزلىرىنىڭ پۈشتى- پاناھلىرىنى «شۆتاڭ»غا بەرسە دۇرۇس بولىدىكەن- ھە!

— يول توسۇپ ئادەم ئۇرىدۇ، ھاراق ئىچىدۇ، قىمار ئوينايدۇ، ھەممە يامان ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ دەپ، دېمىگەن- ئېيتمىغىنى قالمىدى. يەنە ھەربىر مەھەللە مەسچىدلىرىدە بالىلارنى يامان يولدىن قايتۇرۇش ھەققىدە ۋەز ئېيتىشنى ئىماملارغا تاپىلاپتۇ. ھازىر ھەممە يەردە شۇ گەپ.

— ھو، قارا يۈزلەر! دارىلمۇئەللىمىننىڭ بالىلىرى مەست بولۇۋېلىپ يول توسامدىكەن؟ نائەھلىلەرنىڭ گېپىنى قاراڭلار!— ئابلىمىت قارى دەرغەزە بولۇپ، قىزىشىپ كەتكەچكە ھويلىغا كىرىپ كەلگەن دوستىنى

www.uyghurkitap.com

بايقىماي سۆزلەۋەردى،ــ بىز يول توسۇپ خەقنىڭ پىشانىسىنى يېرىۋاتقان بولساق، سابىت قانداق قىلىپ پىشانىسىنى يېرىۋاپتۇ؟ تۈۋرۈككە ئۇسۇۋاپتىمۇ- يا؟

ــ ھوي، سابىت، كىردىڭمۇ؟ كېلە، يوقۇرى ئۆت.

ــ قانداق ئىنىم، تېچلىقمۇ؟ يۇقىرى چىق،ــ تاھىر خەلپەت ئۇنى يۇقىرىغا تەكلىپ قىلىپ، ئۇ ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن،ــ راست، بېشىڭنى تېڭىۋاپسەنغۇ؟ نېمە بولدى؟ ــ دېدى.

ــ يېرىلىپ كەتتى، چېكەم... ــ سابىت قىسقىلا جاۋاب بەردى. ئۇ شۇ تاپتا يارىسى ھەققىدە ئەمەس، ئۆيى ھەققىدە ئويلاپ يۈرىكى ئېچىشماقتىدى.

ــ نېمە بولتى، كۆرەلمەس دۈشمەنلەرنىڭ سېتىۋالغان ئىشتىلىرى يول توسۇپ تالىۋالدى، ــ دېدى ئابلىمىت قارى غەزەپ بىلەن.

ــ بۇ قانداق گەپ؟ بۇنداق بولۇدۇغان بولسا سىلەرنى مەكتەپكە ئەۋەتىپ قويۇپ خاتىرجەم بولغىلى بولمايدىغۇ؟

ــ نېمىشقا؟ قولدىن كەلگىنىنى قىلىپ باقسۇن، بىز ئوقۇۋېرىمىز قانداق دېدىم، سابىت؟ــ دېدى ئابلىمىت قارى مەردانىلىك بىلەن ۋە تاماقنى ئەكېلىشكە ئىشارەت قىلغاندىن كېيىن قوشۇپ قويدى، ــ قېنى نېمە قىلالايدىكىن! ــ ئۇ شۇ گەپتىن كېيىن دوستىغا قارىغانىدى، سابىتنىڭ تېخىمۇ شۈكلەپ، بىچارە بولۇپ قالغىنىغا قاراپ، ــ بەك ئېچىشىپ كېتىۋاتامدۇ؟ــ دەپ سورىدى.

تاھىر خەلپەت شۇئان سابىتنىڭ نېمىگە بۇنچىلا بولۇپ كەتكىنىنى چۈشىنىپ، بۇ گەپنى ھازىرچە كوچىلىماي تۇرۇش ئۈچۈن، چاندۇرمايلا ئۇلارنى تاماققا تەكلىپ قىلدى. ئۇلار تاماق يېگۈچە ئۇ ئۆزىنىڭ تەشۋىشلىرىنى سۆزلەشتىن تىلىنى تىيالمىدى:

ــ جەدىتلەرنىڭ يامراپ كېتىشىنى چەكلەش ئۈچۈن مەسچىتلەردە مەكتەپكە پۇل بەرمەسلىك، قۇرۇلۇش باشلىغان مەكتەپلەرنى توختىتىشنى تەرغىپ قىلىشىۋاتىدۇ. خۇداغا شۈكرى، بىزنىڭ قەدەم جاي مەكتەپتە ئىش توختىغان بولسىمۇ ھازىرچە ئۇنى چاقىدىغانلار چىقمىدى.

لېكىن، نادانلار ئارىسىدا پايدا ئېلىپ ئۆگەنگەن مولللا ـ ئۆلىمالار بولدى قىلمايدىغاندەك تۇرىدۇ...

ــ جاھالەتنىڭ ھامىلىرى ئەلۋەتتە ئۆزلىرىنىڭ بۇرچىنى ئورۇندايدۇ ـ دە، ئۇلاردا مىللەت، ۋەتەن تۇيغۇسى بولمىغاندىكىن، پەقەت ئۆزىنىڭ ھايۋانىي نەپسى ئۈچۈن ھۆكۈمەتنىڭ يالاقچىلىقىنى قىلىدۇ ـ دە. قۇلچىلىقنى بازارغا سالىدۇ، كىشىلەرنىڭ ئويغۇنۇپ كېتىشىدىن ھەزەر ئەيلەپ، ئۇلارنى ئەللەيدۇ...

ــ بۇنداق گەپلەرنى تالا ـ تۈزدە قىلغۇچى بولما، خۇدانىڭ ئۆزىگە ئامانەت! پەرۋەردىگارا، ئۆزەڭ ساقلىغايسەن، بۇنىڭ ئۆزى نەقلا ئىسيان بولماي نېمە؟ بۇنداقلا ماڭساڭ بېشىڭ ئامان قالامدىغان...ــ تاھىر خەلپەت ئىنىسىنى جىملەپ شۇنداق دېدى.

ــ بەربىر ئۆلۈدىغان بولغاندىكىن شۇنداق ياشاپ ئۆلگەن ياخشى ـ دە.

ــ پەرۋەردىگارا! مەمتىلى ئەپەندى بىر يېرىم ئايدىلا سىلەرنى بىر پارچە چوغقا ئايلاندۇرغان ئوخشىمامدۇ؟ كېيىنچە قانداق بولارسىلەر؟

ــ چوغ دېگەننىڭ كېيىنى قانداق بولاتتى، كۆيۈپ تۈگەيدۇ.

ــ نېمە! ؟توۋا دە، ئۇكام، ئاغزىڭنى ئۇشلىما!

ــ شۇنداق. چوغ كۆيۈپ تۈگەيدۇ، لېكىن ئەلگە ئىسسىق بېرىدۇ. بۇ ھەر ھالدا ئىس چىقىرىپ، تۈتەپ كەتكەندىن ياخشى.

سابىت ئاكا ـ ئۇكىلارنىڭ تالاش ـ تارتىشىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ تاماق يەۋەردى. بىر ئېغىزمۇ گەپ قوشمىدى. لېكىن، تاھىر خەلپەت ياردەم سورىغاندەك ئۇنىڭغا:

ــ ئۇكام، سابىت ماۋۇ دوستۇڭ نىمىلەرنى دەۋاتىدۇ؟ مۇشۇنداق خەتەرلىك ئادەم بولامسىلەر، بىزنى ئەنسىرىتىپ؟ نېمىنى ئوقۇۋاتىسىلەر؟

ــ ھەممە گەپ ئابلىمىت قارى دېگەندەك، تاغا، سىز بىزنى مەمتىلى ئەپەندىگە تاپشۇرغاندا ئابدۇقادىر دامولللامنىڭ سۆزلىرىنى نەقىل كەلتۈرگىنىڭىز ئېسىڭىزدە باردۇر؟ ــ سابىتنىڭ قەلبىدە يالقۇنلۇق نوتۇق ئېقىمى جۇش ئۇرۇپ تۇراتتى. ئۇ گەپنى ئاز قىلغىنى بىلەن بۇنداق

قىزىشىپ كەتكەندە، تەسىرلىك، چۈشۈنۈشلۈك ھەم چوڭقۇر، مەنىلىك سۆزلەيتتى. ئۇنىڭ سۆزلىرىدە سۆرەلمىلىك، زېرىكىشلىك تەكرارلىق بولمايتتى. ئۇ ئۆزىمۇ پات- پاتلا «مەندە ناتىقلىق تالانتى بار ئوخشايدۇ، بىراق، مەن قۇرغۇرنىڭ تاتىنچاقلىقى -زە... » دەپ ئويلاپ قالاتتى، — مەمتىلى ئەپەندى ئۆز ئۆمرىدە ئەڭ ئىخلاس قىلىدىغان كىشىمۇ شۇ ئابدۇقادىر داموللا ئىكەن. ئۇ زاتنىڭ غايىسىگە يېتىش ئۈچۈن نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى ئۆزىڭىز ئوبدان بىلىسىزغۇ؟ ئىسسىقلىق ئالىمەن دەيدىكەنمىز، ئوتۇنىدىن كېچىش كېرەك... — سابىت سالماق ئاۋازدا ئالدىرىماي شۇنداق دېدى. ئاندىن ئۆزىگە بەك كۆپ سۆزلىۋەتكەندەك تۇيۇلۇپ، توختىۋالدى.

— ئۇغۇ شۇنداق، بىراق، ...

سابىت مىيىقىدا كۈلدى. ئۇ ئاستىلا داستىخاندىن نېرى سۈرۈلۈپ ئۆزىنى يەلپۈگەچ يۈرىكىدە تېخىمۇ كۈچلۈكرەك ھاياجان قوزغاۋاتقان جۇشقۇن ھېسسىياتىنى سەل بېسىۋالدى. ئەمدى قايغۇسىنىمۇ ۋاقتىنچە ئۇنۇتقانىدى.

— تاغا، كۆڭلىڭىز ماڭا ئايان، سىزدە ئارزۇ بار. لېكىن ئۇنىڭغا يېتىشنى ئويلىغاندا يوقۇتۇش بولۇدۇغانلىقىنى نېمىشقا ئويلىمايسىز؟ شەھەرگە كىرىشنى خالايسىزغۇ، ھاردۇق يەتمىسىكەن، دەيسىز. قۇربان بېرىش نۆۋىتى ئۆز بېشىڭىزغا كەلگەندە ئارزۇدىن كېچىشكە تەييارلىنامسىز تاغا، بۇ پەقەت سىزنىڭلا سەۋەنلىكىڭىز ئەمەس، مىللەتنىڭ ئەجەللىك ئاجىزلىقى. بىز ئۇيغۇرلار «ئارمانى بار، دەرمانى يوق» دېگەندەك، ئارزۇ قىلىپ كەلدۇق. خاتىرجەمرەك مۇھىتتا تۇرغىنىمىزدا كۆڭلىمىزدە ئىستەكلەر بورانى كۆتۈرۈلدى. بىراق ھەركىم قۇربان بېرىشتىن قاچتى. ھەركىم ئۆزى زىيان تارتماي، باشقىلارنىڭ ئەمگىكى ئارقىلىق ئاداققى غايىگە يېتىشنى ئويلىدى. يەنى، ئالتە تال ياغاچ بىلەن كۆۋرۈك ياساپ يول ئېچىشقا چىدىماي، چەكسىز ئورماننىڭ ياغىچىنى توشۇپ كېلىشتىن مەرھۇم بولدى، — سابىت شۇ تاپ ئۇستازى ئۆزىگە سىڭدۇرگەن نۇقتىئىنەزەرلەرنى قايتا بايان قىلىۋاتاتتى،— سىز ئاكا

سۇپىتىدە ئۆز قېرىنداشلىرىڭىزغا چىدىمايۋاتقىنىڭىز راست، لېكىن ھەربىر ئاكا ئۆز ئىنىسىنى، ھەربىر ئاتا ئۆز ئوغلىنى قاچۇرۇپ تۇرۇۋالسا كىم بىزنىڭ ھۆرلۈكىمىز ئۈچۈن ئىشلەيدۇ؟ ئىسانىڭ ئاسماندىن چۈشۈپ بىز ئۈچۈن جەڭ قىلىپ بېرىشنى كۈتىمىزمۇ- يا؟

سابىت بۇ ئۇزۇنغا سوزۇلغان نۇتقىدىن خىجىل بولۇپ، بۇرۇنلىرىنىڭ ئۇچى تەرلەپ كەتتى. ئۇ قاتتىق قىزىشىپ كەتكەچكە ئۇستازى بىلەن بولغان سۆھبەتلەردە كاللىسىغا ئورنۇشۇپ قالغان مىسال، ئوخشىتىشلارنىمۇ شۇ بويىچە سۆزلەپ كەتكەندى.

— ئەمدى بۇنىڭغا نېمە دەيسىز، ئاكا؟ سابىتنىڭ سۆزلىرى جايىدىمۇ؟

— ئۇغۇ راست، ئەمما قاراپ تۇرۇپ ئوتقا تىقىلىشنى كىم خالايدۇ؟ بۇ تەرىپىنى ئويلىسىلا ئادەمنىڭ رايى يېنىپ، مىڭ يىل ياشامتىم، قويغىنا، كەتكەن كۈنۈم كېتەر دېگۈسى كېلىدىكەن.

— مانا بۇ بىزدە شەخسىيەتچىلىكنىڭ ئېغىرلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. بىز پەقەت مىڭ يىل ياشىساق، قۇربان بەرگەن ئىشىمىزنىڭ پايدىسىنى ئۆزىمىز كۆرەلىسەك ۋە زېرىككىچە پەيزىنى سۈرەلەيدىغان بولساق ئاندىن جاپا چېكىشكە، قۇربان بېرىشكە رازى ئىكەنمىز-دە! بىزدىن كېيىنكىلەرنى ئويلىغىمىز كەلمەيدىكەن. ھەربىر ئادەم كۆز ئالدىدىكى بوغۇنلىرىنىڭ غېمىنى قىلىپ، ئۇنى ئاسىرىماقچى بولىدىكەنۇ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئەۋلادلار كارۋىنىنىڭ بەختى ھەققىدە ئويلىمايدىكەن. ئەجەبا. ئۇلارنى ئويلاش كۆيۈنۈش بولمىسا؟

— بولدى، ئۇكام مېنى ئىككى تەرەپتىن چوقۇپلا كەتتىڭلار. بىراق، سىلەرمۇ بالىلىق بولۇپ بىر نەچچە ئادەمنىڭ ھاياتىغا كېپىل بولغاندا مېنىڭ نېمىشقا بۇنداق دېگىنىمنى چۈشىنىسىلەر. سىلەرنىڭ دېگىنىڭلارنىمۇ خاتا دېمەيمەن، بىراق، مەن دادا ئورنىدا ئاكا بولۇپ تۇرۇقلۇق، ئۆز ھىمايەمدىكى كىشىنىڭ بېشىدا خەتەرنىڭ كۆلەڭگۈسى لەيلەپ يۈرگەندە خاتىرجەم بولالامدىم؟ سىلەر دەۋاتقان ئىشلارنىڭ خاسىيەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلىمەن. لېكىن شەيخ سەئىدىنىڭ «شىر بىلەن پەنجىمۇ- پەنجە ئېلىشىش ۋە قىلچىقا مۇش ئېتىش ئاقىللارنىڭ

ئىشى ئەمەس» دېگەن سۆزنى ئەستىن چىقارماڭلار. ھەر قانداق ئاتا ئۆز ئوغلىنىڭ بىھۇدە ئۆلۈشىنى خالىمىغاندەك، يەنە ھەربىر ئاتا ئۆز ئوغلىنىڭ ئەل ئاغزىدا شەرەپلىك نام قالدۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئاكاڭلارنىڭ ئەنسىرەيدىغىنى «يىمىگەن مانتىغا پۇل تۆلەپ» قېلىشتەك چاتاق ئىشلار. قىزىشىپ كەتكەندە سىلەرنىڭ كۆزۈڭلارغا ھېچنىمە كۆرۈنمەي قالىدۇ. گويا ھەممە ئادەم سىلەردەكلا جەڭگىۋار ھالەتكە كېلىپ قالغاندەك تۇيۇلۇپ، ئەلدە تېخى نادان ئادەملەرنىڭ كۆپلۈكىنى ئېسىڭلاردىن چىقىرىپ قويۇپ، ھېزى بولماي سۆزلەۋېرىدىغان بولساڭلار ئىشىڭلار بىھۇدە بولامدۇ، — تاھىر خەلپەت گويا يېقىن شاگىرتلىرىغا نەسىھەت قىلىۋاتقاندەك داۋام قىلدى، — سىلەر ئازاپتىن قۇتۇلدۇرماقچى بولۇۋاتقان بىچارىلارنىڭ ئۆزى سىلەرنى تۇتۇپ بېرىشى مۇمكىن! نادان ئادەملەرنىڭ كۆرىدىغىنى پەقەت كۆز ئالدىدىكى پايدا.

— ئۇغۇ شۇنداق بىز بۇگۈن خاپىلىقتا ئۇچرىغاننىڭ ئۈستىگە يەنە تۆھمەتكە قىلىۋاتقىنىمىزنى ئاڭلاپ قىزىشىپ سۆزلەپ سالدۇق. سىزنىڭ ئالدىڭىزدا مۇشۇنداق سۆزلىگەن بىلەن باشقا يەردە سۆزلەپ يۈرەمتۇق.

— شۇنداق بولسۇن، يىگىتلەر، شىر ھايۋاناتلار دۇنياسىدا ئەڭ كۈچلۈك بولسىمۇ، ئەگەر ئېھتىياتتىن يىراق بولسا تۈلكىمۇ ئۇنىڭغا زەرەر يەتكۈزۈشى مۇمكىن. دېمەك، ئېھتىيات ھەركىم ئۈچۈن ئارتۇقلۇق قىلمايدۇ.

ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى سۆزى تۈگەپ، قايتىدىن سابىتقا دىققىتى مەركەزلەشتى. سابىت يەنە غەمكىنلىشىپ، پات- پات ئۇھ تارتىپ ئولتۇراتتى.

— ئۆيىنى پىچەتلىگىنىدىن خەۋىرىم بار، ئۇكام، ھازىرچە دوستۇڭ بىلەن مۇشۇ ئۆيدە ئۆز ئۆيۈڭدىكىدەك تۇرۇۋەر، كېيىنچە خۇدا خالىسا بىر ئامالىنى قىلارمىز. — دېدى تاھىر خەلپەت كۆيۈنگەن ھالدا.

سابىت جاۋابەن بېشىنى يەرگە سېلىپ، ئۈنچىقمىدى.

*

**

سابىت ئەتىسى گۈلزادە بىلەن ئۇچرۇشۇشتىن ئىلگىرىكى ئۇزاقتا سوزۇلۇدۇغان جان قىينغۇچى ۋاقتلارنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئابلىمىت قارىغا ھەمراھ بولۇپ بازارغا باردى. ئەمما بۇ يەردە كەچ قىلىپ پۈرسەتنى كەتكۈزۈپ قويۇدىغاندەكلا تويۇلۇپ تەخىرسىز كېتىشكە ئالدىرىدى. ئابلىمىت قارى ئۇنىڭ ئالدىرتىشلىرىنىڭ تېگىگە يېتىپ، ئىشىنى چاپسانلا تۈگەتتى- دە، قايتىشقا ھازىر بولدى.

سابىت زەگەرنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈۋېتىپ رەڭمۇ- رەڭ ھالقا، ئۈزۈك، بىلەيزۈكلەرنى كۆرۈپ گۈلزادىگە بىرەر سوغات ئالغاچ كەتكۈسى كېلىپ قالدى. ئۇنىڭ ئالتۇندىن ئىشلەنگەن بويۇملارنى سېتىۋېلىشقا چامىسى يەتمەيتتى. تۈچتىن ياسالغان ئۈزۈك بولسىمۇ ئېلىۋېلىپ مەھبۇبىسىگە كۆڭلىنى ئىپادىلىمەكچى بولدى. ئۇ تۈچ ئۈزۈكنى سېتىۋالغاندىن كېيىن يول بويى گۈلزادە بىلەن ئۇچرۇشۇش ھەققىدە، ئىككىسىنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىشلىرىنى قانداق قىلىش ھەققىدە باش قاتۇرۇپ ماڭدى. ئۇنىڭ ئۈچى يوق شۇنداقلا ئېنىق ئېيتىپ بەرگۈدەك مەزمۇنى بولمىغان گادىرماچ ئويلار بىلەن بېشىنى يەرگە سېلىپ جىم- جىت ماڭدى. ئابلىمىت قارى ئۇنىڭ بۇ خىل مىجەزىگە كۆنۈك بولغاچقا، ئۇنىڭ خىياللىرىغا ھالاقىت بەرمەي جىم- جىت كېتىۋەردى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇنى ئۆي ھەققىدىكى خاپىلىق ئىچىدە پۇچۇلۇنۇپ كېتىۋاتامدىكىن دېگەن ئوي بىلەن، خىيالىدىن ئازاد قىلىش ئۈچۈن بىر نەچچە قېتىم چاقچاق باشلاپ كۆرگەن بولسىمۇ، سابىت بىرە تېرىم گەپ بىلەن جاۋاب بېرىپ تۈگەتتى.

ئۇلار ئۆيگە كېلىپ سەل ھاردۇقلىرىنى ئېلىشقاندىن كېيىن، سابىت ئاستىلا سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ سۆيگۈنى بىلەن ئۇچرۇشۇش ئۈچۈن ماڭدى. بازار كۈنى مۇشۇ ۋاقىتلاردا گۈلزادىنىڭ ئۆيى خاس قالىدىغان ياخشى پەيت ئىدى.

سابىت باغنىڭ يان ئىشىكىگە بېرىۋىدى، ئىشىك تاقالمىغانىكەن. بۇ دېمەك ئۆيدە ئادەم يوق دېگەنلىك بولاتتى. ئۇنىڭ يۈرەكلىرى

www.uyghurkitap.com

دۈپۈلدىگەن هالدا باغقا كىرىپ، باغنى ئارىلاپ هويلىغا قاراپ ماڭدى. باغدا شاپتوللار پىشقان، ئالمىلارمۇ مەڭزىنى قىزارتىپ، ئىچىدىكى شىرىن سۈيىنى كۆرسىتىپ سۈزۈلۈپ قالغانىدى. سابىت شۇتاپ ھېچنەرسىگە دىققەت قىلمايتى، ئۇنىڭ خىيالى پۈتۈنلەي ۋىسالغا تەلپۈنۈش، ئىنتىزارلىق بىلەن تولغان بولۇپ، ھېلىلا بىر تۈپ مېۋە دەرىخىنىڭ ئارقىسىدىن ياكى زىچ ئۆسكەن سۈپۈرگە ئارقىسىدىن گۈلزادە چىقىپ قالارمىكىن دەپ قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ ماڭاتتى.

خۇددى شۇنىڭدەكلا جىددى روھى ھالەتتە كىيىك بالىسىدەك شىڭتىيىپ، ھەر بىر تىۋىشقا قۇلاق سېلىپ كۈتۈپ تۇرغان گۈلزادە باغدىكى مېۋىلەرنىڭ شاخلىرى شاراقلىغان ھامانلا ئورنىدىن تۇردى ۋە تېخىمۇ زور دىققەت بىلەن يەنە بىردەم تىڭشىدى. شاراقشىغان ئاۋاز گەرچە سابىتنىڭ ئاۋازى ئەمەس، دەرەخ شېخىنىڭ بولسىمۇ ئۇنىڭدا ئاللىقانداق تونۇش بىر ئاھاڭ باردەك قىلاتتى. ئۇ ئىختىيارسىز كۆكسىنى تۇتۇپ چوڭقۇر بىر تىنىدى. بۇ چاغدا باغنىڭ ئىشكىدىن ئېڭىشكىنىچە بىر ئادەم-ئۇنىڭ تەلپۈنگەن كىشىسى ھويلىغا چىقىپ كەلدى.

— نىمانداق يوقۇلۇپلا كېتىسىز؟ بېشىڭىزنى تېڭىۋاپسىزغۇ؟

— بېشىم ئاغرىپ قالدى... ئۆزەڭ ئوبدان تۇرغانسەن؟

— مەنغۇ خۇداغا شۈكرى، لېكىن،- زە، سىلىنىڭ مەكتەپىڭلار توغرۇلۇق ھەرقىسما گەپلەر... كېچىسى يول توسۇپ ئادەم ئۇرىدۇ، ئاياللارنى سۆرەپ يۈرىدۇ، دېگەندەك گەپلەر تارقىلىپ كېتىپتۇ...

— قۇرۇق گەپ. ئىشەنمە ، — سابىت قىزغا قارىماسلىققا تىرىشىپ شۇنداق دېدى، ئۇنىڭ يانچۇقىغا سېلىۋالغان قولى غاڭزىنى سىقىمىدا ئۇيىاق، بۇياققا ئۆرۈپ ئويناشتىن توختىمايتى. بۇرنىنىڭ ئۇچى قىچىشقاندەك تۈيۈلۈپ، ئوڭ قولى بىلەن پات - پات بۇرنىنىڭ ئۇچىنى سۈرتۈپ قوياتتى.

— ئىمام نامازدا خالايىققا شۇنداق دەپتۇ. دادام شۇنداق دەيدۇ.

— ھەممە ئەسكىلىكنى قىلىۋاتقانلار ئاشۇ گەپلەرنى تارقاتقانلار.

— نېمە؟ ئىماملارمۇ؟ مولىلارمۇ؟ تۇۋا دەڭە، مەن نەچچە ئادەمنىڭ

تاياق يىدىم دەۋاتقىنىنى ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىغان تۇرسام... ساقىلى بىلەن شۇلار چىقىپ خەقنى ئۇرامدۇ...

ــ ئۇرغۇچىلار ئۆزلىرى بولمىغان بىلەن كۈشكۈرتكۈچىلەر شۇلار ـ دە. يول توسۇۋاتقانلار بازارۋېشلىق قانجۇقلار بولمامدۇ، بىزنىڭ باللار ھەرگىز ئۇنداق قىلمايدۇ، بىزگە ئىشەن.

ــ ئەمىسە ئۇ لۈكچەكلەر بالدۇر نېمىشقا يول توسمىغان؟ ئۇ خەققۇ جېدەل قىلىپ تۇرمىسا كۆنەلگىسى ئۇيىمايدىغان ئاجايىپ بىر خەقكەن، ئەمما، يول توسقاننى، ھېلىقىدەك.... گەپلەرنى ئاڭلىماپتىكەنمەن.

سابىت بۇ ئوقۇمىغان ساددا ۋە نادان قىزغا بۇ ئىشلارنى چۈشەندۈرۈشكە ئاجىز كەلگىنىدىن ئىچى تىتىلداپ كەتتى. «قېنى مېنىڭ ناتىقلىقىم؟ ئەجەپ تېپىلمايدىغۇ ھېلىقىدەك گەپلەر، ھەسسىنە!» دەپ ئويلايتتى ئۇ.

ــ ۋىيەي، ماڭا قارىڭا، ئاۋۇ ياغلىق قان يۇقى تۇرسا، بېشىم ئاغرىتىۋاتىدۇ دەيسىزا؟ بېشىڭىز يېرىلغانمۇ نېمە؟

ــ ھېچقىسى يوق، ــ سابىت ئەيپكارلاردەك كۆلۈمسىرەپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يەنىلا بىر مېتىر بوشلۇق بولۇپ، ئۇلار چاقچاقلاشمايتتى، نە ئامراقلىقنى ئىپادىلەشنى ئەسلىرىگە كەلتۈرۈشمەيتتى. پەقەت تارتىنغان ھالدا ئۇياق ـ بۇياققا قارىشىپ، باشقا ئىشلار ھەققىدە پاراڭلىشاتتى. بۇ ھەقىقەتەنمۇ پاك ۋە سەبى، ئۇماق ۋە باللارچە مۇھەببەت ئىدى.

ــ ھېچنېمە بولمىدى دەيسىز، خېلى خوپ يېرىلغان ئوخشايدىغۇ؟ خەق دېگەندەك ئەسكىلىكلەرنى قىلىپ يۈرگەن بولسىڭىز، شۇ چاغدا يېرىلمىغاندۇ؟ ــ گۈلزادە شۇنداق دەپ بولۇپلا گۇمانخورلۇقىدىن خىجىل بولۇپ كەتتى. ئاق سېرىق يۈزىدە، كىچككىنە لەۋلىرىدە دەرھال قىزىللىق پەيدا بولدى.

ــ مەن شۇنداق ئەسكىلىكنى قىلامدىم؟ شۇ ئىش مېنىڭ قولۇمدىن كېلەما؟ مۇشۇنداق گەپلەرنى تاقاتقانلا ئۆزلىرى خەقنى ئۇرۇپ، ئاندىن قىلغۇلۇقنى بىزگە ئارتىپ قويىۋاتىدۇ.

ــ ئەمىسە چېكىڭىز نېمە بولدى؟ قىزنىڭ كۆڭلىگە گۇمان سايە

تاشلىغاندەك قىلاتتى.

— تۈنۈگۈن ئاشۇ دۈشمەنلەر سېتىۋالغان ئىتلا ئالدىمىزنى توسۇپ، چالما ئېتىپ يېرىۋەتتى. ئىشەنمىسەڭ مۇھەممەد قارى بىلەن ئابلىمىت قارىدىن سوراپ باق، — سابىتنىڭ بۇ گەپكە دوستلىرىنى گۇۋاھلىققا تارتىپ ئېيتقان سۆزى تولىمۇ گۆدەكلەرچە ئاھاڭدا چىقتى، ھەم ھېچ ئۇنداقمۇ سورالمايتى.

— مەنغۇ ئىشىنىپمۇ كەتمەسمەن، خەق سىلەرنىڭ يامان گېپىڭلارنىلا قىلىۋەرسە ئادەم بىر قىسمىلا بولۇپ قالىدىكەن... — قىز باللىق چىرايى بىلەن سابىتقا يالىت ئېيتىپ قاراپ قويغاندىن كېيىن، — ئۇنداق بولغان بولسا يامان چاتاق بولىدىغۇ؟ مەكتەپكە بارمىسىڭىزمۇ بوپتىكەن؟...

— مەيلى چىدايمىز، — سابىت قىسقىلا جاۋاب بەردى. ھازىر بۇ ئىشلارنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدە سۆزلەپ ئولتۇرۇشىنىڭ ئورنى يوقىدى. ئوقۇمىغان ساددا قىز بىردىنلا بۇ ئىشلارنى چۈشەنمەيتتى.

— ئۆتكەندە مەمتىلى ئەپەندى شورۇقتا كېلىپ قەدەم جايىدىكى مەكتەپ پۈتكەندە ئوقۇيدىغانلارنى خەتلەپ يۈرگەنىكەن، مىنى كۆرۈپ قېلىپ ئىسمىمنى سورىغانىدى، مەن دېگىلى ئۇنىماي قاچسام، مەلىدىكىلەر ئېيتىپ بېرىپتۇ. بۇ گەپنى ئۆگەي ئانام ئاڭلاپ ھارغىچە تىللىدى. دادامغا چېقىپ ئازار بەردى. ۋېيەي، بۇ مەكتەپتە ئوقۇماق ھەجەپ تەسكەن، مىڭ يېرىدىن بالاسى چىقىپ...

— ھېچگەپ يوق. سەن مەمتىلى ئەپەندىنى كۆرۈپلا قېچىپ كېتىپسەن، بىردەم تۇرۇپ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ باققان بولساڭ ئۇنىڭ قانداق ئادەملىكىنى بىلىۋالاتتىڭ. ئۇ دېگەن خۇدانىڭ ئىنايىتى بىلەن بۆلەكچە تۆرىلىپ قالغان بىر ئىنسان دېگىنە. ئۇنىڭ مېھرىبانلىقىنى دېمەمسەن. شۇنداق بىر ئادەم يامان ئىشلارنى ئۆگۈتەمدىكەن؟ خەق بىزنى ھېچنىمە قىلالمايدۇ. مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئاماللىرى تولا، — سابىتنىڭ ئەڭ ئۇزۇن سۆزلىگەن سۆزى ئۇستازى ھەققىدە بولدى.

— ماۋۇنىڭكىدەك كالتە چاپانىنىمۇ بىر مۇنچە گەپ- چۆچەك



www.uyghurkitap.com

قىلىشىۋاتىدۇ. تېخى چاچ قويۇپسىلەر، بۇنداق تۇرسا ئاجايىپ كۆرۈنەمدىكەن نېمە؟ــ قىز ئېھتىيات بىلەن ئۆز قارشىنى ئېلان قىلدى.

ــ يېڭىلىقتا كۆزگە سىغىشماي شۇنداق، كېيىنچە ئۇزۇن چاپان كىيگەن ئادەم غەلىتە كۆرۈنىدىغان بولۇدۇ.

ئۇغۇ شۇنداقمۇ ئوخشايدۇ. باشتا ماڭا سىزمۇ ئاجايىپ بىر قىسما كۆرۈنگەنىدىڭىز، ئەمدى خېلى سىغىشقاندەك بولۇپ قالدى. ئەمما ـ زە چاچ... چېچىڭلارنى شۇ پېتى ئۇرۇمگە كەلگىچە قويىۋېتەمدىكەنسىلەر؟ ئۇنداق قىلسا قىز بالىدەك بولۇپ قالار ـ ھە؟

ــ ئۇنداق ئەمەس، ئەخمەق قىز، مۇشۇنىڭدىن ئۇزۇن ئۆستۈرمەي ياستىپ تۇرىمىز. مەمتىلى ئەپەندى ئۆزى ياساپ قويىدۇ.

ــ ھە...، مەن تېخى... بىرسى شۇنداق دېگەندەك قىلدى، شۇڭا...

سابىت مەھبۇبىسىنىڭ ساددىلىقىدىن كۈلۈپ، ئۇچىسىدىكى كالتە چاپىنىغا بىر قارىۋېتىپ، كۆڭلىنىڭ مەمنۇنلۇق بىلەن تولغانلىقىنى ھېس قىلدى.

ئۇ بۇ چاپاننى تارقاتقان كۈنى مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئاتىلارچە مېھرىبانلىق بىلەن تۈگمىلىرىنى ئېيتىپ، ياقا ـ پەشلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ قويغانلىقىنى ھاياجان بىلەن ئەسكە ئالدى. ئارقىدىن ئۇ گۈلزادىگە ئېلىپ كەلگەن سوغىتىنى ئېسىگە ئېلىپ:

ــ ماۋۇ ئۈۋكىنى قولۇڭغا سېلىپ باقە، ــ دېدى.

ــ ۋىيەي، بۇنى سېلىۋالسام ھېلىقى ھازازۇل خېنىم بىلەن بالاغا قالارمەن،ــ دېدى گۈلزادە تالچىۋىقتەك زىلۋا بويىنى بىر تەرەپكە تولغاپ، ئەركىلەش ئاھاڭىدا.

ــ كۆرسەتمىسەڭ بولىدىغۇ؟

ــ ئۇنىڭ كۆزىدىن قۇتۇلغىلى بولامدىغان.

ــ بىر يەرگە تىقىپ قوي، ئۇ يوق چاغدا سېلىۋال، يا بولمىسا تېپىۋالدىم دېمەمسەن.

ــ ئۇنداق دېسەم ئۇ ئېلىۋالىدۇ.

ــ مەيلى ئەمسە، بىر يەرگە تىقىپ قوي، تويىمىزدىن كېيىن

سىلىغۇالىسەن.

— ئــو ... ش، ســاراڭنىڭ گەپلىرىنــى!... نېمىشــقىمۇ ئېيتىپ زۇرىدىغانسىز، بۇنداق نېمىنى...

— توي قىلىمامتۇق ئەمىسە؟ — دېدى سابىت بۈگۈن سۆھبىتىنىڭ خېلى قاملىشىۋاتقىنىدىن سۆيۈنۈپ، قىزنىڭ كېيىنكى سۆزىگە پەرۋا قىلماستىن.

— ئۇنداق گەپلەرنى قىلمىسىڭىزچۇ...مەن دەيمەن بۇ ئۈزۈكنى... بۇنىڭ ئۈستىگە پىچىقىڭىز بىلەن بىر بەلگە قىلىپ قويۇڭ.

— نېمىشقا؟

— ئىشقىلىپ شۇنداق قىلىپ قويىسىڭىز...

— ھە، خاتىرە ئۈچۈنمۇ؟ ماقۇل، مەن بىر بەلگە قىلىپ قوياي، ياخشى مەنىسى بار بەلگە.

سابىت پىچاق بىلەن ئۈزۈكنىڭ تۈچ بېغىغا «1+1» نى تەستە يازدى. ئاندىن ئۈزۈكنى گۈلزىدىگە بېرىپ:

— بۇ قوشۇش بەلگىسى، خۇدا ئىككىمىزنى قوشقان دېگەن مەنىنى بېرىدۇ، — دېدى ناھايىتى كۈچۈنۈپ.

— ئو... ش، ھېلى بىكا تاشلىۋېتىمەن،— دېدى گۈلزادە ئۈزۈكنى تاشلىۋېتىدىغاندەك ھەرىكەت بىلەن.

— بولدى، ماقۇل گەپ قىلمىدىم.

— ۋىيەي، ... — دېدى گۈلزادە دەرۋازا تەرەپكە قاراپ چۆچۈپ كېتىپ،

— جادىگەر كېلىپ قالغان ئوخشىمامدۇ؟...

ئۇلار دەرۋازىنىڭ يوچۇقىدىن سىرتتا بىرسىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قورقۇپ كېتىشتى. سابىت باغ تەرەپكە قاراپ مېڭىشىغىلا سىرتتىن بىر خوتۇن كىشىنىڭ چوقانى ئاڭلاندى.

— داۋزىنى ئاچ، ھەي شەرمەدە!

گۈلزادە دەرۋازىنى ئېچىشقا ئالدىرىدى. باغنىڭ يان ئىشىكىدىن چىقىپ بولغان سابىت بىچارە قىزنىڭ يەنە ئازاپ تارتىدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ يۈرىكى ئېچىشقان ھالدا شۇ يەردە تۇرۇپ قالدى.

— ھو، شەرمەندە زاڭگالىق! — دەرۋازىنىڭ ئىچىلغان ئاۋازى بىلەن تەڭلا گۈلزادىنىڭ ئۆگەي ئانىسى ۋاتىلداشقا باشلىدى: — ئەرگە تەگكىڭ كېلىپ كەتتىمۇ؟ ئۇ يول توسۇپ يۈرىدىغان بۇزۇق لۈكچەكلەر مېنىڭ ھويلامدا نېمە قىلىدۇ؟ ئۇ خەقنىڭ يالغۇز ئايال كۆرسە تاتقۇشلاپ يۈرىدىغىنى راستكەن ئەمەسمۇ، ۋاي شورۇم!...

سابىت ئىنتايىن كۆڭۈلسىز بىر ھالدا جايىدىن قوزغالدى. ئۇنىڭ ئاۋۋال ئويلىغىنى ۋە ھەممىدىن بەك ئازاپلىق بولغىنى ئۇستازى ھەققىدىكى كىشىلەر تارقىتىپ يۈرگەن يامان سۆزلەر ئۇچۇن «ئىسپات» بولغىنى، ئۇستازىنىڭ ئوبرازىغا تەسىر يەتكۈزگەنىدى. ئۇ شۇ ئازاپ ئىچىدە ئۆيىگە قايتىپ كەلدى.

ئۇ پىچەتلەنگەن ئۆينىڭ ئالدىدا ئابلەقنى ئۇچراتتى.

— سابىتكا، مەن ھېلى قېشىڭغا كىرەي جۇما، گېپىم با، — دېدى ئۇ.

سابىت ئۇنىڭغا قاراپ باش لىڭشىتىپ قويدى ۋە «ئابلىمىت قارىنىڭ ئۆيىدە بولىمەن» دەپ قويدى. ئۇنىڭ سۆزلەشكە زادىلا ھەپسىلىسى قالمىغانىدى. ئۇنىڭ دىلىنى ئېزىۋەتكىنى ئۆيىگە كىرەلمەيدىغانلىقى ئەمەس. ئۆي ھەققىدىكى قاراڭغۇ ئىستىقبال يادىغا يېتىش بىلەن ئۇنى چەكسىز ئەلەم ھېسسى ئوراپ ئالدى.

ئابلىمىت قارى ئۇنىڭ كەيپىياتىغا قاراپلا بۈگۈن چاقچاق قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى بىلدى. ئادەتتە سابىت گۈلزادە بىلەن كۆرۈشۈپ كەلگەن كۈنلىرى دوستلىرى ئۇنى چاقچاق بىلەن كۆمۈۋېتەتتى. ئابلىمىت قارى دوستى ئۈچۈن بىر ئاسانلىق ياراتماق بولۇپ، تاكچىدىن بىر نەچچە پارچە كىتاپ ئېلىپ ۋاراقلاشقا باشلىدى. سابىتمۇ ئىختىيارسىزلا ئۇنىڭ قېشىدىكى كىتاپتىن بىرنى ئېلىپ ۋاراقلاپ ئولتۇردى. شۇ چاغدا ئابلەق كىرىپ كەلدى.

— سابىتكا، ساڭا بىر نېمە دەيمەن، ماقۇل دەمسەن؟ — دەپ سورىدى بالا سابىتنىڭ پەرىشانلىقىنى چۈشەنمەستىن .

— ماقۇل دەيمەن، دەۋەرگىن.

ــ ئاۋۇ كۆنى ئۆزەمنىڭ ئانىسى بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپتىكەن، ماڭا ئۇزۇن بىر بوي تىزىق[1] بەردى. بىر تال مېغىزنى ئاغزىمغا سېلىپ بولۇپ بىر ئىش يادىمغا يەتتى. سەن تېپىپ باقە، يادىمغا كىم كەلدى؟

ــ داداڭمۇ؟

ــ ياق، دادام ئەمەس، تاپالمىدىڭ. سەنمۇ تېپىپ باق ئابلىمىت قارىكا.

ــ ئۆز ئاناڭ بەرگەن تىزىقنى يەمەي كىمگە تۇگۈندۈڭ؟ داداڭغا بولمىسا كىمگە؟

ــ تاپالمىدىڭلارمۇ؟ شەرىڭلارنى بەردىڭلارمۇ؟

ــ ھە، بەردۇق، ئۆزەڭ ئېيتىپ باقە، ــ دېدى ئابلىمىت قارى. ئۇ جىملىقنىڭ بۇزۇلغىنىدىن خۇشالىدى.

ــ ئەپەندى دادام يادىمغا يېتىپ، مېغىز گېلىمدىن ئۆتمىدى.

ــ قانداق قىلاي دەۋاتىسەن؟

ــ مانا تىزىق، مەن بۇنى بىر يەرگە تىقىپ قويۇپ ساقلىدىم. ئەپەندى دادامنى كېلەرمىكىن دېسەم كەلمەيۋاتىدۇ. خەقلەر ئەسكى گەپلەرنى قىلىۋاتىدۇ. بىرسى بىلەن ئۇرۇشۇپ قالمىغاندۇ؟ پاتراق كەلمىسە مېغىزنى يەپ سالارمەنمىكىن دەپ قورقىمەن. شۇڭا سەن ئالغاچ بارساڭمىكىن دەيمەن. ئالغاچ بېرىپ ئۆزىگە بەرگىنە، ئۇ بۇ يەرگە كەلمىسۇن، بۇ يەردىكىلەر ھازىر ئۇنى تىللاۋاتىدۇ، ئۇرىۋەتمىسۇن...

ــ ئۆزەڭ يەۋەرگىن، ھېچقىسى يوق. ئەپەندى بالىلارنىڭ نەرسىسىنى يېمەيدۇ، ئۆزەڭ يېسەڭ ئۇ تېخىمۇ خوش بولۇدۇ.

ــ ياق، سابىتكا، سەن ئۇنىمىساڭ ئابلىمىت قارىكام ئالغاچ بارسۇن. ئەپەندى دادام بېشىمنى ساقايتىۋاتسا،... ھازىر مەن دېگەن توپىدا ئوينىمايمەن.... قاراپ باقە، مانا، بېشىممۇ ساقايغىلى ئاز قالدى.

سابىت بالىنىڭ بېشىنى سىلاپ، ئۇنى باغرىغا باسقۇسى كەلدى.

---

[1] بۇرۇنلاردا ئۈرۈك مېغىزى يىپقا ئۆتكۈزۈلۈپ قىسقىسى 30 سانتىمېتىر، ئۇزۇن بولغاندا بىرەر مېتىر چامىسىدا تىزىق قىلىناتتى ۋە بۇ يېقىن ئادەملەرگە سوغا قىلىناتتى، ــ ئا.

ئۇنىڭ كۆز جىيەكلىرى ئېچىشقاندەك بولۇپ، تەتۈر قارىۋالدى. ئۇنىڭسىزمۇ كۆڭلى ئېزىلىپ تۇرغان سابىتقا بالىنىڭ ساددا ئەمما ئاقكۆڭلى ئايان بولۇپ، بالىدىكى ياخشىلىققا قايتۇرۇدۇغان ئىنكاستىن قاتتىق تەسىرلىنىپ كەتتى.

— ماقۇل، ئابلەق، تىزىقنى ماڭا بە، مەن ئەپەندى داداڭنىڭ قولىغا يەتكۈزەي، — دېدى. ئۇ يىغلىۋېتىدىغاندەك تاۋۇش بىلەن.

— توپا بولۇپ كەتمىسۇن، ئەپەندى دادام مەيىنەت بولغاننى يامان كۆرىدۇ ئەمەسما.

سابىت ئەمدى سۆزلىيەلمەيلا قالدى. بۇرۇن تۆشۈكلىرى ئىتتىك-ئىتتىك كېڭىيەتتى. ئەمما سەبى بالا تاپىلاشلىرىنى تېخى تۈگەتمىگەندى.

ئابلىمىت قارى سابىتنىڭ ئورنىدا بالىغا ۋەدىلەر قىلىپ ئۇنى يولغا سېلىپ قويدى. ئاندىن سابىت بىلەن يالغۇز قالغاندىن كېيىن ئۆز-ئۆزىگە دەۋاتقاندەك:

— مۇھەممەد قارى كەلسە مەكتەپكە ماڭساق بولاتتى، — دەپ قويدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئون ئالتىنچى باب

يەنە يۈز يىلدىن كېيىن، بەش يۈز يىلدىن كېيىن، مىڭ يىلدىن كېيىن ياكى ئۇزۇن، ياكى قىسقا ۋاقىتتىن كېيىن ھامان بىر كۈنى ھىندىيانلارنىڭ نەسلى قۇرۇپ كېتىدۇ. چۈنكى ئۇلار ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىشقا ئۇنىمايدۇ.

— بەي ياڭ «رەزىل جۇڭگولۇقلار» (دەۋر ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەشرىياتى [جىلىن] 1987ـيىل خەنزۇ نەشرى)

## 1

سەلبىي كۆچلەر پەيدا قىلغان توسقۇنلۇق تۈپەيلى مەكتەپتىكى ئوقۇش تازا يۈرۈشمىدى. باللار بىر ـ ئىككىدىن ئازىيىپ، قىرىق نەچچىگە چۈشتى. كېيىن بىراقلا ئوتتۇزغا چۈشۈپ قالدى. مەمتىلى ئەپەندى كەلمىگەن باللارنىڭ ئائىلىسىگە سۆھبەتكە بېرىپ بىر نەچچىنى تېپىپ كەلسە ئەتىسى باشقا بىر نەچچىسى دەرس ۋاقتىدىلا دەرىزىلەردىن سەكرەپ قېچىپ كېتەتتى. دېرىزە تۈۋىدە ھەر قاچان ئوقۇغۇچىلارنى چاقىرغۇچىلار، قېچىپ چىقىشقا كۈشكۈرتكۈچىلەر بولاتتى.

باللارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى كەلمىگەندىن كېيىن مەمتىلى ئەپەندى تولىمۇ ئازابلاندى. گەرچە ئۇ باشقا باللارغا يامان تەسىر بېرىپ قويماسلىق ئۈچۈن خۇشخۇي كۈلكىسىنى كۈلۈپ، جاراڭلىق سۆزلەپ يۈرىۋاتسىمۇ يۈرىكى ئەڭ ئېغىر ئازاپقا دۇچ كېلىۋاتقانىدەك زىدە بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ مەكتەپتىكى مەشغۇلات تۈگۈگەندە ئائىلە سۆھبىتىگە باراتتى. ئۇ يەردىن قاراڭغۇلۇقنىڭ قارا پەردىسى ئالەمنى قاپلىغاندا ھارغىن ۋە روھسىز ھالدا قايتىپ كېلەتتى. مانا شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ قانچىلىك

ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. بۇ چاغدا ئۇ ئىچكى ئازابلىرىنى يوشۇرۇپ ئولتۇرمايتتى. نىزامىددىن ئۈنىڭ ئىغىر-ئىغىر تىنىشلىرىغا قاراپ زادىلا چىداپ تۇرالمايتتى. ئۇ بۇنىڭ سەۋەبلىرىنى بىلگەچكە نېمە دەپ تەسەللى ئېيتىشىنى بىلمەي ئىلاجىسىز ئادەتتىكىدەكلا تېنىچلىق سوراپ قوياتتى. دە، ئىنىسىنى مەيلىگە قوياتتى. بالىلارمۇ بۇ ئۆيدە ئاللىقانداق مۇسىبەت بولغاندەك ئارتۇق غىلىۋە، ئەركىلەشلەرنى قويۇشقان، ھەممە جىم-جىت ۋە سۈكۈتتە ئىدى. ھەممە ئادەم قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا يوشۇرۇپ، ساداسىنى ئاڭلاتمايۋاتقان ئازاپ مانا شۇ مەھەلدە پىيانىنونىڭ تىلىرىدىن ئەترابقا ئاستا تارىلاتتى.

ئاھ، پىيانىنو، قايغۇنى نەقەدەر ئەينەن ۋە ئېچىنىشلىق سۆزلەيسەن-ھە! كىچە جىمجىتلىقىدا ئەنە شۇ يىغلامسىرىغاندەك ئاۋاز، ئەنە شۇ بىچارىلەرچە ئىلتىجا ئەترابنى ئۆزىنىڭ شەكىلسىز جىسمى بىلەن تولدۇراتتى. ئۇنىڭغا جۆر بولۇپ، گويا مۇزىكىغا سەپلەنگەن تېكىستتەك، بۇ سادالارنىڭ مەنبىئى بولغان يۈرەكتىن خىيالنىڭ كارۋىنى يولغا چىقاتتى. بۇ كارۋان ئىگىسىز باياۋاندا مۇڭلۇق كولدۇرمىلارنىڭ ئەللىيىدە سىلىق تەۋرىنىپ كېلەتتى...

... گۈزەل ۋە ساپ ھاۋالىق ئىستانبۇل بوغۇزى، يۇلتۇزلۇق ئاسماندەك چىراقلارغا تولغان گۈزەل ئىستامبۇل ۋە ئۇنىڭ مەرمەرە دېڭىزىدا كۆرۈنۈپ تۇرغان شولىسى... ئابدۇللاھ ئەپەندىنىڭ ئۈمۈدسىز قىياپەتتىكى ئىلتىجاسى، زاۋۇت خوجايىنى بولۇش، كەلگۈسىدىكى مىليونېر... ئادەمنى قايغۇ باسقاندا نېمىلەرنى ئويلىمايدۇ؟ نېمىلەر كۆڭۈلدىن كەچمەيدۇ؟

خىياللارنىڭ مۇئەللىپى بېشىنى جىددى سىلكىدى. پىيانىنودىن نارازى سادالار كۈچلۈك-كۈچلۈك ئاڭلاندى. ئارقىدىن ئۇنىڭ ساداسى يەنە پەس ئاڭلىنىشقا باشلىدى، ئەمما ئۇنىڭدا ھەسرەتلىك تىنىشقا ئوخشاپ كېتىدىغان ئالامەتلەر يوق، گۈزەل ۋە بەختىيار كەچمىشلەر، خاتىرجەم تۇرمۇشنى سېغىنىشقا ئوخشىمىغان سادالار قىسمەن شوخ ۋە رومانتىك تۈس ئالغان ھالدا ئەترابقا يېيىلىشقا باشلىدى. شەمەيدە قالغان مۇلايىم ۋە كۆيۈمچان خوتۇنى سەرۋەر، بىرىدىن-بىر ۋارىسى ئابدۇسەمەد، كەمىبىغەل

www.uyghurkitap.com
كىتاب تۈرىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بولسىمۇ ئىناق، ئىجىل، بەختىيار ئۆتكەن ئائىلىۋىي تۇرمۇش بىر- بىرلەپ كۆز ئالدىدىن ئۆتتى. «ئاھ، سەرۋەر، مەن سىزگە يۈز كېلەلمەيمەن،... سىز مېنى قانچىلىك چوڭ ئۈمىدلەر بىلەن سەپەرگە ئۇزاتقان... ئاھ، ئوغلۇم ئابدۇسەمەد! سېنىڭ داداڭ نەقەدەر يارىماس ئادەم!... » ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرى ئىچىشقاندەك بولۇپ كەتتى...

بۇ كۈنلەر ئەنە شۇنداق ئۆتمەكتىدى. بەزىدە نىزامىددىن ئۆزىنى تۇتالماستىن:

ـــ جىنىڭنى قىيىنغىچە سەنمۇ خەقتەك بولساڭ، خەق قىلغاننى قىلىپ ياشىساڭمۇ بولىدۇ، شۇ... ـــ دەيتتى.

ـــ ياق... ـــ دەپ باش چايقايتتى ئىنىسى.

...

ئۇ ھارغىن ھالدا ئۆيگە كىرىپ كەلگەندە مەجىددىن دوختۇر ئۇنى كۈتۈپ ئولتۇرغىلى ئالتە سائەت چامىسىدا بولغانىدى.

نىزامىددىن بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان دوختۇر، ئىشىكتىن كىرىپ كەلگەن تەۋپىقنىڭ بېشىدىن ئايىغىچە سەپ سېلىپ قاراپ چىقتى: تەۋپىقنىڭ كۆزلىرى ئولتۇرۇشقان، ئۈستى- بېشىنى چاڭ- توزاڭ باسقان، بىر مۇرىسىدە ھىلال ئەھمەر سىزىلغان دورا سومكىسى، بىر قولىدا قارا خۇرۇم سومكا... دوختۇرنىڭ قوللىرى ھاسىسىنى پىرقىرىتىشتىن توختاپ، دوستىنىڭ بۇ ھالىتىگە چىداپ تۇرالماي، يىغلىۋېتىدىغاندەك قىلىۋاتسىمۇ، يەنىلا بۇنداق قىلىشنى لايىق كۆرمەي:

ـــ بەللى، مېھماننى ساقلىتىپ قويۇپ ئۆزىڭىز نەلەردە يۈرىسىز، دوستۇم؟ ـــ دېدى ئۇ تەۋپىقنىڭ كەيپىنى سىناپ بېقىشقا باشقا لايىقىدا گەپ تاپالماي.

ـــ تېنچلىق تۇردىڭىزمۇ، دوختۇر؟ مۇشۇنداق نەس باسقان ۋاقىتتا كەپ قالغاندىكىن ئەيىپ ئۆزىڭىزدە. بىر ئاي ئىلگىرى كەلگەن بولسىڭىز مەكتىپىمدىن، تەلەبىلىرىمدىن سۆيۈنۈپ كېتەتتىڭىز، ...ـ ئۇ نەرسە- كېرەكلىرىنى قويۇپ دوختۇر بىلەن قۇچاقلاشتى، جىم- جىت

قۇچاقلىشىش نورمالدىكىدىن سەل ئۇزاق سوزۇلىۋىدى، تەندىن- تەنگە ھەسرەتنىڭ ئېغىرلىقى كۆرۈنمەس دولقۇن بولۇپ ئۆتكەندەك، مەجىددىنىنمۇ ئازاپلىۋەتتى. ئۇ دەرتكە پاتقان ئوغلىنى قۇچاقلاۋاتقان ئاتىدەك ئۇنى سىلىكىپ ئېغىتىپ، مېھرىنى ئىپادە قىلاتتى.

ـــ بولدى، سۆزلىمەڭ، بايىدىن بېرى نىزامىددىن ئىككىمىز ئۇزاق پاراڭلاشتۇق. بىلەمسىز، مەن بۇ ئۆيگە كەلگىلى ئالتە سائەت بولدى. بىز ھەممە ئىشلار ئۈستىدە سۆزلۈشۈپ بولدۇق.

ـــ شۇنداقمۇ؟ ـــ تەۋپىق مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، مەيدە يانچۇقىدىن سائىتىنى چىقىرىپ بىر قاراپ قويدى،ـــ ئۇنداق بولسا مەن بېشىمغا كەلگەن سەۋدالەر ھەققىدە سۆزلەش ئازابىدىن قۇتۇلۇپتىمەن - دە؟

ـــ شۇنداق، سۆزلىمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. مەن سىزگە مەھمۇد مۇھىتىغا ھال ئېيتىپ بېرىڭ دېگەن مەسىلىھەتنى بېرىمەن. ئۇ كىشىنىڭ سىزنى قوللىشىدا گەپ يوق. شۇنداق قىلىسىڭىزلا ئىشىڭىز يۈرۈشۈپ كېتىدىغۇ؟

ـــ شۇنداقمۇ؟ دېمەك باشقا مەسلىھەتلەر ئۇچۇن ئورۇن يوقكەندە؟

ـــ گەپ يوق، ـــ مەجىددىن ئەپەندى خاتىرجەم ھالدا ھاسىسىنى پىرقىرىتىپ، تەۋپىقنىڭ كۆزىگە قارىدى.

ـــ ئۇنداق بولسا بۇ ھەقتە ئەتە سۆزلىشەيلى. ھازىر سىز قەشقەردىن ئېلىپ كەلگەن يېڭىلىقلىرىڭىز ھەققىدە سۆزلەڭ. يۈسۈپ، شەۋقى، ئەخمەد ئەپەندىلەر قانداق تۇرىۋاتىدۇ؟ توختاجى سەپەردىن كەلگەندەكمۇ؟

مەجىددىن ئۇنىڭغا قەشقەردىكى ئەھۋاللارنى قويماي سۆزلەپ بەردى ھەم ئۆزى تۈزگەن ھىيزى سىھھەت دەرسلىكىنى سومكىسىدىن ئېلىپ بەردى.

نىزامىددىنىنىڭ ئۇچىنچى ياكى تۆرتىنچى قېتىم ئەسكەرتىشى بىلەن ئاندىن ئۇلاش ئۇچۇن سۆھبىتىنى توختىتىشتى.

ئەتىسى ناشتىدىن كېيىنلا تەۋپىق مەجىددىن ئەپەندىگە خوشال ھالدا:

ـــ سىزنىڭ مەسلىھەتىڭىزگە قوشۇلىمەن، دوختۇر، مامۇت سىجاڭغا ھال ئېيتىپ بارىمەن. بىراق، بۇنىڭ ئۇچۇن ئەڭ ياخشىسى

www.uyghurkitap.com

تەلەبىلىرىمنىڭ ھەممىسىنى قاتار قىلىپ بىللە ئېلىپ بارغىنىم ياخشىدەك تۇرىدۇ. ئۇ ئادەمنى تەسىرلەندۇرمەك، ئېچىندۇرماق تېخىمۇ ياخشى ئۇنۇم بېرىشىدە گەپ يوق. مۇنداقلا بېرىپ ئۆزەم ھال ئېيتسام ئۇ ماڭا بىر ئادەمگە بېرىلىدىغان ياردەم، بىر كىشىلىك ھېسداشلىق بىلەن چەكلەنمەمدۇ؟ پىسخىك ئۇنۇم يېقىنى ئويلاپ كۆردۈڭىزمۇ؟

— بۇنى- زە كېچىچە ئويلاپ، پايدا زىيىنىنى دەڭسەپ چىقىپسىز- دە؟

— بۇلا ئەمەس، مەن كىچىككىنە سەھنە ئەسىرىنى ئويلاپ چىقتىم ھەم ئەتتىگەن ئورنۇمدىن تۇرۇپلا ئۇنى يازدىم. سىز ماڭا ياردەم بېرىشكە رازى بولسىڭىز، مەن يۇرت ئارىلاپ بۇ ئويۇننى ئويناپ چىقىمەن. تارقىلىپ كەتكەن تەلەبىلىرىمنى يىغىش ئۈچۈن مۇشۇنداق تەشۋىقات ئېلىپ بارماقچىمەن. شۇنىسى مېنى خۇشال قىلىدۇكى، تەلەبىلەردە چاتاق يوق، ئۇلار مەكتەپتىن بىزار ئەمەس. شۇڭا ئۇلارنى قىزىقتۇرۇپ، يەنە مەكتەپكە قايتۇرۇپ كېلىش كېرەك. بولۇپمۇ قەشقەرگە ئاپىرىدىغانلىقىمنى ئۇقسا ئۇلار ئاتا- ئانىلىرىنىڭ توسقىنىغا قارىماي مەكتەپكە كېلىشى مۇمكىن.

— مەن نىمە قىلىپ بېرىمەن.

— سىز نادان دادىنىڭ رولىغا چىقىسىز. بۇ ئىككى كىشىلىك سەھنە ئەسىرى، ئىككىمىز دادا- بالا بولۇپ چىقىمىز. ياخشى بولغان يېرى شۇكى، سىزگە يالغاندىن ساقال ياساشنىڭ ھاجىتى يوق، ھاسىڭىزمۇ جايىدا.

— ھا ھا ... مەن ئەمدى ئارتىس بولىدىكەنمەن- دە؟ بۇ ئىشىڭىز تازا...

— مەجبۇدىن ئەپەندى رول ئېلىپ سەھنىگە چىقىشتىن خىجىللىق ھېس قىلىسىمۇ، شۇ تاپ تەۋپىقنىڭ ئىنتايىن يامان ئەھۋالدا قالغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى رەت قىلمىدى. ئەكسىچە بۇ ئوت يۈرەك كىشىنىڭ ۋەتەن، مىللەتنى ئۈچۈن ئاخىرقى تىرىشچانلىقىنىمۇ ئايىمايدىغان ئاجايىپ روھى ئۇنى غايىۋى بىر ئالەمگە باشلاپ كەتتىكى، ئۇ ئۆزىنى بەينەلمىنەلچى دوختۇر ھېساپلىسىمۇ، بۇنداق روھ ئالدىدا تولىمۇ بىچارە ھالدا قالغاندەك، كۆپ تۆۋەن بىر مەۋقەدە تۇرۇۋۇغاندەك ھېس قىلىپ، ياش دوستىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئاللىقانداق

ئۆلۈغلۇقتىن ئېرىپلا كەتكەندەك بولدى. شۇڭا تەسىرلەنگەن روھى ھالىتىنى يوشۇرۇپمۇ ئولتۇرماي:

— نېمە ئىشقا سالىمەن دېسىڭىز مەيلى، ئىختىيارىڭىزغا ئۆزەمنى تاپشۇردۇم، دوستۇم، — دېدى تىترەپ چىققان ئاۋازى بىلەن.

ھايال بولمايلا تەۋپىق خاتىرىسىنى ئېلىپ چىقىپ سەھنە ئەسىرىنى ئوقۇپ بەردى. ئاندىن سەھنە سۆزىنى تەقسىم قىلدى. بۇ ناھايىتى ئاددى، شۇ زامان، شۇ ماكاندىكى تاماشىبىنلارنىڭ سەۋىيىسىنى نەزەرگە ئېلىپ يېزىلغان ئەسەر بولۇپ، ئاتا- بالا سەھنىگە چىقىپ دە- تالاش قىلاتتى. دادىسى بالىسىنى ئوقۇتمايمەن دەپ تىللايتتى. بالا بولسا ئوقۇيمەن دەپ چىڭ تۇراتتى. شۇ چاغدا بالىسى مۇنداق قوشاق ئوقۇيتتى.

ھەي، ئاتايۇ- ھەي، ئاتا،
سەن ئاتايۇ، مەن بالا.
مېنى ئوقۇشتىن قويمىغىن،
سەن ئۆزەڭ چالا موللا.

دادىسى: چالا موللا بولسامەن،
مۇسۇلمان ئەلھەمدۇلىللاھ.
بەش نامازنى بىلىۋال،
بىلمىسەڭ يامان بولا.

بالىسى : ئاتا، سەندىن سورايمەن،
ئوقۇپ ئادەم بولايمەن.
ئوقۇپ ئادەم بولغاندا،
خىزمىتىڭنى قىلايمەن.

دادىسى: سەن ئوقۇپ ئادەم بولساڭ،
ئىداردا ئولتۇرساڭ؛
مېنى بىر پۇقرا بىلىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كۈندە سالۇرسەن ئالۋاڭ.

بالىسى: ئەلۋەتتە ئالۋاڭ سالىدۇ،
يالغاندىن خەقنى ئالدىساڭ.
ئاتا سەندىن سورايمەن
نادانلىقنى تاشلىساڭ.

دادىسى: ئەستەغپۇرۇللا، يا ئاللا!
نىم بوپتىكەتتى ياش باللا.
ئالۋاڭ سالغان يەرلەردە،
مەدەت بەرسۇن بىر ئاللاھ.

بالىسى: (يەنە بىر مۇنچە قوشاق ئېيتىشتىن كېيىن ئاخىرىدا) [ناخشا]:
كۆردىڭىزمۇ جانىم ئاتا مەكتەپ ئېچىلدى،
تەلەبىلەر ئىلىم- ئېرپانسېرى ئۆمتۈلدى.
ئوقۇش ماڭا نىمە ئۈچۈن مەنئىي ئېتىلدى؟
شۇڭا مېنىڭ كۆزلىرىمدىن ياشلار تۆكۈلدى.
. . . . . . . . . . . . .

شۇ تەرىقىدە، ئۇلار تەبىئىي ۋە كومىدىيىلىك ھەرىكەت ئارىلاش شېئىر ئېيتىشىپ، ئاخىرىدە نەسرىي يول بىلەن بىر- بىرىگە سەۋەب كۆرسۈتۈپ، دادىسى قايىل بولۇپ، بالىنى ئوقۇتۇشقا رازى بولۇدۇغان قىلىپ ئاخىرلاشتۇراتتى. ئاشۇ شارائىتتا بۇنىڭدىن مۇرەككەپ ئەسەرنى دەرھال ئۈرۈنداپ چىقىشقا ئىمكانىيەتمۇ يوقىدى شۇنداقلا زوقلانغۇچىلارنىڭ سەنئەت سەۋىيىسىمۇ قوبۇل قىلالمايتى.

تەۋپىق مەجىددىن ئەپەندىگە تېگىشلىك بولغان سەھنە سۆزىنى ئايرىم كۆچۈرۈپ بەرگەندىن كېيىن ئىككىسى ئوخۇرۇقتا- دارىلمۇئەللىمىنگە كەتتى.

مەكتەپتە مۇھەممەد قارى مەشرەپ قاتارلىق ساز چالالايدىغان بالىلار سەھنە ئەسىرىگە تەڭكەش قىلىنىدىغان مۇزىكىنى چېلىشنى، دۇمباق، بارابان، ناغرا قاتارلىقلارنى چالىدىغان ئوقۇغۇچىلارنى بەلگىلەپ، مەشىق قىلدۇرۇشنى باشلىۋەتتى. بۇ ۋاقىت ئىچىدە مەجىدىن دوختۇر سەھنە سۆزىنى يادلاپ كۆل بويىدا ئايلىنىپ يۈردى.

شۇنداق قىلىپ، دەرس توختۇتۇلۇپ، تەشۋىقات قوشۇنى تەربىيىلەش باشلىنىپ كەتتى.

## 2

خۇشچاقچاق كىشىنىڭ بۈگۈنىمۇ،
ئەتىسىمۇ قۇۋناق ئۆتىدۇ.

— ل. ن. تولستوي

كۈندۈزى سەنئەتتىن پايدىلىنىپ تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش، كېچىسى ئائىلەردە سۆھبەتتە بولۇش، نەتىجىسىدە يۇمشاق كۆڭۈل، سادىدا دېھقانلار ئۆزىنىڭ يۈز كېلەلمەي بالىلارنىڭ مەكتەپكە بېرىشىغا قوشۇلدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزلىرى مەكتەپكە بېرىشقا تېخىمۇ قىزغىن، پەقەت ئاتا-ئانىلىرىنىڭ زورىدىنلا ئائىلىدە قامىلىپ ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولغاچقا، ئۇلارنىڭ مەيدانى تېخىمۇ ئېنىقىدى. شۇنداق قىلىپ ئوقۇغۇچىلار يەنە مەكتەپكە يىغىلدى.

مەجىدىن ئەپەندى شۇندىلا ئۇھ تارتىپ:

— مېھمان بولۇپ چىققىنىمغىمۇ توپغۇزدىڭىز، ئەمدى قايتىشىمغا رۇخسەت قىلارسىز؟ — دېدى چاقچاق قىلىپ.

— كەچۈرسىز، دوختۇر، بەكمۇ زۆرۈر چاغدا ئەسقاتقىنىڭىز ئۈچۈن رەھمەت ئېيتىش بىلەن بىللە، ئاران بىر مېھمان بولۇپ چىققىنىڭىزدا ئىشقا سالغىنىم ئۈچۈن ئۆزۈر سورايمەن. ئەمدى كېتىمەن دېسىڭىز

www.uyghurkitap.com

ئارتۇق تۇتۇپ قالالمايمەن، دوستلارغا سالام ئېيتىڭ. مەنمۇ يېقىن ئارىدا يېتىپ بارىمەن، ـــ تەۋپىق دوختۇرنى شۇنداق ئۇزۇتۇپ قويدى.

ئۇ خېلىدىن بېرى سىدىقبەگ بىلەن كۆرۈشمىگەنىدى. ئۇ كىشىنىڭ ھازىرقى مەيدانى قانداق؟ پىتنە- پاساتلارنىڭ كۆپىيىشىدىن كېيىن ئۇ قانداق ئويلاۋاتىدۇ؟ بۇلارنى بىلىپ باقماقچى بولۇپ مەكتەپتىن بالدۇرراق يېنىپ سىدىقبەگ بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئاتلاندى.

ئۇ سايدىن ئۆتۈپ مەشھەدنىڭ بىر تار كوچىسىدا كېتىۋېتىپ تۇرسۇنتازنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ كېتىۋاتقان مەتىمىن بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. مەتىمىننى ئۇزۇتۇپ چىققان بولسا كېرەك، بىر ياسانچۇق ئايال دەرۋازىدا غىل- پال كۆرۈنۈپلا ئۆزىنى ئىچكىرىگە دالدىغا ئالدى. تەۋپىقنىڭ كۆڭلىدە خاتىرىسىدە بۇ ئايال دەرھال پەيدا بولدى. ئۇ بۇ ئايالنىڭ ئۆزلىرىگە تۆھمەت قىلىپ گەپ تارقىتىپ يۈرگەن ياكى ھەقىقەتەنمۇ ئاللىقانداق بۇزۇق لۈكچەكلەرنىڭ زورلۇقىغا ئۇچراپ ئۇۋال قىلىنغان ھەم نەتىجىدە شۇ لۈكچەكلەرنى يېڭى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى دەپ ئويلاپ قالغان زۆھرە سەتەڭ ئىكەنلىكى ئېسىگە كەلدى. ئۇ مەتىمىننىڭ ھاراقكەش، نەشىكەش، قىمارۋاز، جىمىكى بۇزۇقچىلىق قولىدىن كېلىدىغان ئادەملىكىنى سىرتتىن بىلەتتى. ھەتتا بەزىلەر ئۇنى سوۋېتتە بولشۇۋىك بولۇپ كەلگەنمىش دېيىشەتتى، توختى زۇنۇن بىلەن سىرلىق مۇناسىۋىتى بارلىقى توغرىسىدىمۇ مىش- مىشلار بارىدى. شۇڭا ئۇنىڭ كۆڭلىدە دەرھال گۇمان پەيدا بولدى. «بۇ ئايال بىلەن بۇ لۈكچەكنىڭ مۇناسىۋىتىنى نېمە دەپ چۈشىنىش كېرەك؟ ئۆتكەنكى ئىشلار مۇشۇ لۈكچەكنىڭ قىلىپ يۈرگەن ئىشى بولۇپ، شۇ چاغدا تونۇپ قېلىنغان بولسا، بۇ ئىشنى مەخپىي تۇتۇشقا يالۋۇرۇپ، بۇ ئايالنى قولغا كەلتۈرۈۋالغانمىدۇ؟ ياكى بۇ ئايال باشتىلا مۇشۇلارنىڭ بۇيرىقى بويىچە شۇنداق قىلغانمىدۇ؟ نېمىشقا بىر لۈكچەكلەر گورۇھى بىزگە ئۆچلۈك قىلىدۇ؟ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا قۇتراتقۇلۇق قىلىۋاتقان بىر سىياسىي كۈچ بارمۇ - يوق؟...» ئۇ كېتىۋېتىپ شۇنداق خىياللارغا كەلدى. ئۇ بۇ خىلدىكى ئويي- خىياللىرىنى كۈن پېتىش تەرەپكە قايرىلغان يەنە بىر تار

كوچىنىڭ ئاخىرىدىكى سىدىقبەگنىڭ قورا- جايى كۆرۈنگەنگە قەدەر داۋام قىلدى. ئۇ بەگنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا ئاتتىن چۈشۈپ، ئېتىنى دەرۋازا ئالدىدىكى سۆگەتكە باغلاپ قويدى. ئۇ قىيا ئوچۇق تۇرغان دەرۋازىدىن هويلىغا كىرگەندە هويلىدىكى رېدە تۇۋىدە تۇرغان مەلىكىزاد بىلەن روبىرو كېلىپ قالدى. مەمتىلى ئەپەندى رېدىنىڭ قويۇق غوللىرى ئارىسىغا قاراپ تۇرۇپ سورىدى:

— سىدىقبەگ ئۆيدىمۇ؟

— سىدىقبەگ ئۆيدە.... ياق،.... تالاغا چىقىپ كەتكەن، — دەپ دۇدۇقلىدى ياش جۇۋان. ئارقىدىنلا يەنە مەمتىلى ئەپەندىنىڭ چاپسانلا كېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەندەك ئالدىراپ قوشۇپ قويدى، — بىراق، كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى.

— قۇرەيش خېنىم يوقمىدى؟

— ئۆيدە بار... — دېدى نەۋ جۇۋان شۇنداق دەپلا ئىتتىك ئۆيگە قېچىشقا ئالدىراۋاتقاندەك هەرىكەت بىلەن.

مەمتىلى ئەپەندى قىزنىڭ هودۇقۇشلىرىدىن سېھىرلەنگەندەك ئىختىيارسىز ئۇ تەرەپكە بېشىنى بۇرىۋىدى، مەلىكىزادنىڭ دەل ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قىزىرىپ كەتتى. قىز بولسا تېخىمۇ ئۆزىنى يوقۇتۇپ، كۆزىنى يوشۇرۇدۇغان جاي تاپالماي قالدى. مەمتىلى ئەپەندى ئۇنىڭ كۆزى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشتىن قېچىپ، تۆۋەن قارىۋالدى. ئۇ خۇددى بىرەر ئەيىبلىك ئىش قىلىپ قويغاندەك ئوڭايسىزلىنىپ كەتتى. بىراق ئۇ قىزنىڭ يارىشىملىق كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كۆكرىكىنى، زىلۋا بېلىنى، ئۆزىگە خوپ ياراشقان خوتەن ئەتلىسىدىن تىكىلگەن كۆينىكى، خۇرۇم ئايىقىنى كۆرۈپ تۇراتتى. قولى بولسا مۇۋاپىقراق جاي تاپالمىغاندەك گاھ ئالدىغا چۈشۈپ تۇرغان بىر ئۆرۈم چېچىنى ئوينىسا، گاھ كۆينىكىنىڭ بەل بۇرمىسىنى مىجىقلايتتى، بۇ چاغدا ئۇنىڭ بەللىرى لىغىلداپ، تولغۇنۇشۇپ كېتەتتى

چېچى بولسا شۇئان ئالدىغا چۈشۈۋالاتتى. ئۇنىڭ ئىككى بارمىقىدىكى ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈك قولىنىڭ تېنىمسىز هەرىكىتى بىلەن يالت- يۇلت

چاقناپ كېتەتتى.

مەلىكىزاد تۇنجى قېتىم ئەجنەبچە كېيىملەر بىلەن كۆرگەن بۇ ئەپەندىنىڭ ئەمدى ماشرەڭ چەكمەندىن ئاددىراق شىم- پەشمەت كېيىپ يەنە شۇ رەختتىن شەپكە كېيىۋالغىنىغا دىققەت قىلدى. (ئۇ دارىلمۇئەللىمىن ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مۇشۇ پاسوندا كىيىم كىيىپ يۈرگىنىنى كۆرگەنىدى). بۇ ئۈستىباشمۇ تەۋپىقنىڭ ئوتتۇرا بويلۇق كېلىشكەن بەستىگە بەك ياراشقانىدى. گەرچە دەسلەپكى چاغلاردىكى مەڭزىنىڭ قىزىللىقى ئۆچكەن بولسىمۇ، ئاق ۋە يۇمىلاق يۈزى تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. قويۇق قارا قاشلىرى ئاستىدىكى چوڭ- چوڭ قوي كۆزلىرىدىن ئالىيجاناپلىق ۋە ئەقىل-پاراسەت نۇرلىرى چاقناپ تۇرغاندەك، ئۇنىدىن باشقا كىشىنى ۋەسۋەسىگە سالىدىغان ئالىلىقاندىن بىر خىل نۇرمۇ نەيزە بولۇپ، قارىغۇچىنىڭ يۈرىكىگە بەتلىنىپ تۇرغاندەك ئىدى. ئۇنىڭ كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدىكى كىچىككىنە تاتۇق كۆز ھەركىتىدىن ھاسىل بولۇپ ۋە يوقاپ تۇرۇدۇغان قورۇقلار ئارىسىدا گاھ كۆرۈنۈپ، گاھ كۆرۈنمەي قالاتتى.

«توۋا قىلدىم، خۇدا، قۇدرىتىڭگە قايىلمەن. ئەركىشىمۇ شۇنداق چىرايلىق بولغان بارمۇ؟ ئۇنىڭ كۆزىدىكى نېمە ئۇ؟ كىشىگە شاتلىق بېغىشلاۋاتامدىكىن دېسە، يېنىپ قاراشقا جۈرئەت قويمايدىكەن، ۋەھىمە سېلىۋاتامدىكىن دېسە، قارىماي چىداش تەسكەن... ئەگەر ئۇ ئاشۇ ئاجايىپ كۆزلىرىنى زالىم ۋە پىخسىق پادىشاھقا تىكىپ ئۇنىڭ پۈتكۈل غەزىنىسىنى سورىسا جەزمەن ياق دېيەلمەيدۇ.... شۇ تاپ ئۇ مەندىن جان سورىسىمۇ ئىككىلىنىپ ئولتۇرمايمەن... بۇ كۆزلەر باھارنىڭ رەڭگا- رەڭ گۈللىرى بىلەن تولغان گۈزەل چىمەنلىكتەك، شۇنداقلا جاللاتنىڭ قىلىچى! خۇدا، ئۆزەممۇ ئاڭقىرالماي قالدىم، ئۇ زادى قانداق ئادەم؟... »
مەلىكىزادنىڭ يۈرىكى شۆلارنى پىچىرلىدى.

ئىككىسىنىڭ تاساددىپى تىكىلىپ قېلىشى ناھايىتى قىسقا ۋاقىتتا بولۇپ ئۆتتى. ئەمما بۇ جىم- جىت قاراپ تۇرۇش بەك ئۇزاققا سوزۇلغاندەك تويۇلۇپ، ھەر ئىككىسى ئاجايىپ خىجىل بولۇپ كەتتى. شۇندىلا

مەلىكىزاد مېھماننى ئۆيگە تەكلىپ قىلمىغانلىقىنى يادىغا ئېلىپ، ئالدىراپ ـ تېنەپ:
ــ ۋايەي، دۆتلۇكۇمنى، سىلىنى ئۆيگە تەكلىپ قىلىشىمۇ يادىمغا يەتمەپتۇ، كەچۈرسىلە، ــ دېدى ۋە دەرھال بىر ياقىقا ئۆتۈپ، مېھماننى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن ئۆيگە تەكلىپ قىلدى. شۇئان ئۇنىڭ قىزلىق مەغرۇرلۇقى، ئېسىلزادىلەرگە خاس نەزىرى ئۇستۇن خاراكتېرى بىردەمگە ئۇستۇنلۇككە چىقىپ ئۆزىنى ئەيىبلەپ كەتتى. چۈنكى ئۇ تەۋپىقنىڭ ئالدىدا جىمى مۇستەقىللىقىنى يوقۇتۇپ، ھەتتا مۇشۇ ئادەمنىڭ خىزمەتكارىغا ئايلىنىپ قالغاندەك بىرخىل ئەسىرلىك تۇيغۇسىغا مەھكۇم بولۇپ قالغانىدى. ئۆز ـ ئۆزىنى ئەيىبلەشلىرىمۇ ئۇزاققا بارمىدى، ئۇنىڭ ئۇستۇنلۇكىنى ساقلىغۇدەك جاسارىتى قالمىغانىدى.
ــ ھېچقىسى يوق، تەكلىپ قىلسىڭىزمۇ، قىلمىسىڭىزمۇ ئىشقىلىپ مەن سىدىقبەگنى كۆتمەن، ــ دېدى تەۋپىق خاتىرجەملىك بىلەن ئىللىق كۈلۈمسىرەپ. بىراق ئۇ ئۆيگە كىرىشكە ئۇنىمىدى، ئەركىشى يوق ئۆيگە كىرمەسلىكنى توغرا تېپىپ، ــ سىز كىرىپ كېتىۋەرسىڭىز بولۇدۇ. مەن شۇ يەردە ئولتۇرۇپ كۈتىمەن،ــ دېدى.
قىز ئۇنى قايتا زورلىمىدى. ئۇنىڭدا يەنە گەپ قىلىشقا جاسارەت قالمىغانىدى. ئۇ بۇ يەردە تۇرۇۋېرىشنى ئەپسىز بىلىپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئۇ ھامىسىغا مەمتىلى ئەپەندىنىڭ كەلگىنىنى ئېيتقانىدى، قۇرەيش خېنىممۇ مەمتىلى ئەپەندىنى ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ تەكەللۇپلار قىلدى. تەۋپىق ئۇنىڭغىمۇ ئۇزر ئېيتتى.
بۇ چاغدا مەلىكىزاد ئۆي ئىچىدە، ھويلىغا قارىغان دەرىزە تۈۋىگە كېلىۋېلىپ ئالىلىقانىداق بىر ئىشلار بىلەن مەلىكە بولۇپ تۇردى. ھامىسى ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇ يەردە تۇرغىنىنى بىلىپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. ئۇ مەمتىلى ئەپەندى تۇنجى قېتىم كەلگەندىلا جىيەن قىزنىڭ كەيپىياتىدا غەيرى نورمال ئۆزگۈرۈشلەر پەيدا بولغانلىقىنى پەملىگەنىدى. بۈگۈن ئۇ قىياسىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلدى. ئۇ شۇندىلا ئىككى ئايدىن بېرى مۇڭلۇنۇپ قالغان قىزنىڭ كۆڭلىدىكىنى

ھەقىقىي چۈشەندى. مۇشۇ جەرياندا مەلىكىزاد قەشقەرگە بارسىمۇ ئۆز ئۆيىدە كۆپ تۇرغۇسى كەلمەي ھامىمىسى يېنىغا قايتىپ چىققانىدى.

دېگەندەك، سىدىقبەگ ئانچە ئۆتمەي كىرىپ كەلدى. ئۇ رېدە تۇۋۇدىكى چاسا تاشتا ئولتۇرۇپ، قويۇن دەپتىرىگە ئالىلىنىملەرنى يېزىۋاتقان مەمتىلى ئەپەندىنى كۆرۈپ كۈلۈپ كەتتى.

ــ بەللى، سىلىمۇ تازا مۇتىئەسسىپ ئىكەنلىغۇ؟ بۇ يەردە ئولتۇرغانلىرى نېمىسى؟ ئۆيدە ئەركىشى يوق، دەپمۇ؟

ــ ئۇنداقمۇ ئەمەس، ــ دېدى تەۋپىق ئورنىدىن تۇرۇپ سىدىقبەگ بىلەن قول ئېلىشىپ تۇرۇپ، ــ ھازىر ئۆيدىن تالا يورۇقراق ھەم سالقىنراق، شۇڭا مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇپ سىلىنى كۈتتۈم.

ــ يۇرسىلە، ئەمدى كىرسەك شەرىئەتكە دۇرۇس بولۇدۇ،ــ دەپ كۈلدى سىدىقبەگ.

ئۇلار مېھمانخانىغا كىرىپ ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن مەمتىلى ئەپەندى ئۇنىڭدىن خىزمەت، سالامەتلىك، كۈندىلىك تۇرمۇش قاتارلىق ئىشلار ئۈستىدە سورىدى. سىدىقبەگ بولسا ئۇنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىنى سوراپ، مەكتەپتىكى ئىشلىرى ھەققىدە سوئال سورىمىدى. تەۋپىق بەگنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئېگىز- پەس ئىشلاردىن خەۋەردار ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

قۇرەيش خېنىم ئۇلارغا داستىخان سالدى. ئىككەيلەن داستىخان ئۈستىدە يەنىلا يۇرتتىكى ئۇششاق- چۈششەك ئىشلار، ھاۋارايى، پەسىلگە مۇناسىۋەتلىك سۆزلەرنىلا قىلىپ ئولتۇرۇشاتتى. تاماقتىن كېيىن تەۋپىق سۆھبەت تېمىسىنى مەقسەتكە بۇراشنى ئويلىدى. ئەسلىدە ئۇ ئەمەل ۋە ئورنى ئۈچۈن ھەممە نەرسىنى قۇربان قىلىۋېتىدىغان ۋاپاسىزلىقنى نەزەردە تۇتۇپ، ئىچىدىكى ئىچىشىقا ئالدىرىمىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر غالجىرلىشىۋاتقان رەقىبلەر سىدىقبەگنى ئايلاندۇرۇشقا ئۇرۇنماسلىقى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا باياتىن بېرىقى سۆھبەتلەردە سىدىقبەگنىڭ مەيدانىنى كۈزىتىپ باققانىدى. ئاخىرى ئۇ بەگنىڭ باشتىكى ۋەدىسىدىن يانمىغانلىقىغا جەزم قىلىپ، ئوچۇق- يورۇق چاقچاق قىلىپ:

ــ باشتىكى ۋەدىڭىزدىن يېنىۋالمىغانسىز؟ــ دەپ سورىدى.
ــ ياق، ئۇنداق ئالامەت كۆرۈلمىگەندۇ؟ ــ دېدى سىدىقبەگمۇ كۈلۈمسىرەپ.
ــ ھەممە گەپنى قىلىشتۇق، لېكىن سىز مەكتەپ ھەققىدە سوراي دېمەيسىزغۇ؟ كۆڭلۈمگە كېلىدىغانلىقىنى ئويلىمىدىڭىزمۇ؟
ــ نېمىسىنى سوراي، ــ دېدى سىدىقبەگ مەمتىلى ئەپەندىنىڭ تەلەپپۇزدىكى دوستانە ئىشەنچىدىن يۈرىكى ئېرىگەندەك بولۇپ،ــ ھەممىسى ماڭا مەلۇمغۇ.
ــ شۇنداقمۇ؟ سىرتتىن ئاڭلىدىڭىزمۇ ياكى ئەرز ئېيتقۇچىلار بولدىمۇ؟
ــ ھەر ئىككىسى بار.
ــ شۇنداقمۇ، بۇ ھەقتە ئاڭلىغانلىرىڭىز، ئويلىغانلىرىڭىزنى يوشۇرمايدىغانسىز؟
ــ نېمىسىنى يوشۇراي، نامازدا جامائەت شۇ گەپنىلا قىلىدىغان بولۇشتى. ئۇنىڭ تاشايىندا ھابۇلھاجىم قېشىمغىمۇ كەلدى. دەسلەپتە ئۇ مېنىڭ تۇمۇرۇمنى تۇتۇپ كەتتى بولغاي، كېيىن ئۆيگە تەكلىپمۇ قىلدى. ئۇ مېنىڭ ھۆكۈمەت ۋەكىلى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ بۇ ئىشنى توسۇشۇمنى يوپۇتۇپ تەكلىپ قىلدى. مەن دەسلەپ ئۇنىڭ يوپۇرتۇشلىرىنى ئاڭقىرالمىغاندەك، مەكتەپنىڭ شۇنچە خەۋپلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەنمىگەندەك ئۆتكۈزىۋەتمەكچى بولغانىدىم، ئۇ ئادەم بولدى قىلمىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن شاڭ دوبەنىنىڭ خەلقچىل سىياستى، ھازىرچە ھۆكۈمەتنىڭ بۇنداق ئىشلارنى توسۇش ھەققىدە ئېنىق يوليورۇقى يوق ئىكەنلىكى، شۇڭا بۇ ئىشقا بىر نېمە دېيەلمەيدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. ئەمما بۇ ئادەم مېنى يەنە ئىزدەپ كېلىشى مۇمكىن. بەلكىم بىر توپ ئادەم بولۇپ كېلىشىمۇ چوقۇم.
ــ ئۇلار سىزنىڭ مەن بىلەن ھەمكارلىشىش ئېھتىماللىقىڭىز بارلىقىنى پەرەز قىلالارمۇ؟
ــ مۇمكىن. ئۇلار ئادەتتە ناھايىتى گۇمانخۇر، بىر- بىرىگىمۇ

ئىشەنمەيدىغانلار تۇرسا بۇنداق گۇماندا بولماي قالارمىدۇ، يەنە كېلىپ سىلنىڭ بۇ يەرگە كىرىپ كېتىۋاتقانلىرىنى، نەچچە قېتىم كەلگەنلىكلىرىنى ئۇلار بىلمەي قالمايدۇ.

مەمتىلى ئەپەندى خىيالچانلىق بىلەن دەرىزىدىن سىرتقا قاراپ قويدى. دەرىزە ئەينىكى تامام قارايغانىدى. سىرتتا ئاتنىڭ كىشنىشى ئاڭلاندى.

— سىلنىڭ ئاتلىرى ئوخشامدۇ؟ هويلىغا ئەكىرىپ بىر نەرسە بېرىپ قويىدىغان گەپكەن، — دېدى سىدىقبەگ سىرتنى تىڭشاپ تۇرۇپ، ئاندىن تاشقىرىغا قاراپ توۋلىدى، — هوي، قايسىڭلار بار؟

— نېمە گەپ، بېگىم؟ — دېدى قۇرەيش خېنىم بوسۇغىغا كېلىپ.

— ئەپەندىنىڭ ئېتى ئاچ قالدىغۇ، بىرسىنى بۇيرۇپ قاراپ قويساڭلار بوپتىكەن.

— مەلىكىزاد ئاتنى ئېلىپ كىرگىلى چىقىپ كەتتى.

— هوي، شۇنىڭدىن باشقا ئادەم يوقمىدى؟ قىز بالا قانداق...

— ئۆزى چىقىپ كەتتى، مەن بۇيرىمىدىم، — دېدى قۇرەيش خېنىم تەۋپىققە لەپ ئېتىپ قاراپ.

— بوپتۇ ئەمىسە، — دېدى سىدىقبەگ قولىنى شىلتىپ، قۇرەيش خېنىم چىقىپ كەتتى.

— توغرا ئېيتىسىز، — دېدى مەمتىلى ئەپەندى خىيالدىن باش كۆتۈرۈپ، ئۈزۈلۈپ قالغان سۆھبەتنى داۋام قىلىپ، — ئۇلار مېنىڭ ئۆيىڭىزگە كىرىپ كەتكىنىمنى كۆرمەي قالمايدۇ. ماڭا سايىدەكلا ئەگىشىپ يۈرىدىغانلىقى ماڭا ئايان.

— باش يېرىش خېلى ئاۋاتچىلىق دەپ ئاڭلايمەن، مۇشۇنداق كېچىدە سەپەر قىلىپ يۈرۈپ بىرەر پىشكەللىككە دۇچ كەلمىگەنلا؟

— هازىرچە مېنىڭ بېشىم ساق، ئەمما قەستتىن يىراق ئەمەس. تەلەبىلەردىن بېشى يېرىلغانلار خېلى بار.

— سىلنىڭ ئۆيلىرى قانداق؟ قانداق قىلاي دەۋاتىلا؟

— مەنمۇ شۇ ئىش توغرۇلۇق مەسلىھەتىڭىزنى ئالاي دەپ

كېلىۋىدىم.

ــ مەكتەپنى تاقاش ئويلىرى يوقتۇ؟

ــ ئۇنداق بولۇدۇغان بولسا مەسلىھەت كېتەتتىمۇ. قانداق قىلىپ ئىشنى داۋاملاشتۇرۇش كېرەك، دېگەننىلا ئويلايمەن.

ــ ناھىيىگە ئەرىزە يېزىپ باقاملا؟

ــ لېكىن... سىلىنىڭچە پايدىسى بولارمۇ؟

— ئۇرۇنۇپ كۆرمەملا، مەن تەرجىمە قىلىپ بېرەي، ئىلگىرى ئۆزۈم ئىشلىگەن يەر بولغاچقا تونۇشلىرىممۇ بار، شۇلار ئارقىلىق سۈرۈشتۈرۈپ تۇرساق بولۇدۇ.

ــ ئۇنداق بولسا تېخى ياخشى. ئۇنداق بولسا... ئەمىسە مەن بۈگۈن كەچتىلا ئەرزنى يېزىپ ئەتە ئەتىگەندىلا ئاكامدىن ئەۋەتەي، سىزنى مالال قىلىپ قويۇدۇغان بولدۇم.

ــ ھېچقىسى يوق.

ــ ئەرزنىڭ جاۋابى كەلگىچە ۋاقىت ئۇزۇراپ كېتەرمۇ؟

ــ ئۇنداق بولسا تازا ئەپلەشمىگۈدەك، ئەگەر بىر بىر- ئىككى ئايغىچە قاراپ تۇرۇدۇغان بولساق تەلەبىلەرنىڭ كۆپرەكى مەجبۇرەن بۇلۇپ بولۇدۇغاندەك تۇرىدۇ. ياكى بولمىسا ھەممىسى تارقاپ كېتىپ يالغۇز قېلىشىممۇ مۇمكىن. ئەھۋال ئىنتايىن ئېغىر. ھازىر باللارنى ناھايىتى تەستە قايتا يىغدىم. بۇ ۋەزىيەت  داۋام قىلسا ئۇلارنى يەنە كۆپ ئۇزاق تۇتۇپ تۇرالمايمەن، ــ دېدى مەمتىلى ئەپەندى ناھايىتى قىممەتلىك نەرسىسى يوقۇلۇپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كېلىۋاتقاندەك تەشۇش بىلەن. ئۇ ھازىرغىچە مەھمۇد مۇھىتىقا بىۋاستە ئەرزگە بېرىش نىيىتىنى ئاشكارىلىماي، دىپلوماتلاغا خاس سالماقلىق بىلەن بەگنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ باقماقچى ئىدى.

ــ ئەمىسە ۋىلايەتكىلا ئەرز يازسىلا، ئارىلىق يېقىن بولغاندىكىن سۈرۈشتە قىلىپ تۇرۇشىمۇ ئاسان. بولمىسا ئۆزلىرى ئېلىپلا بارسىلىمۇ بولۇدۇ.

ــ ئۆزۈم بارسامۇ بولىدۇ....؟ توغرا، بۇنىڭ ئامالىنى باشقىچىرەك

ئويلاپ كۆرسەم بولغۇدەك، ــ دېدى ئۇ گويا سۆھبەتدىشىنىڭ مەسلىھەتى بىلەنلا بۇ ئەقىلنى تاپقاندەك.ــ ئەگەر يېقىن ئارىدا ھابۇلھاجىمنىڭ ھەمتاۋاقلىرى سىزنى يەنە سۆھبەتكە جەلپ قىلىپ قالسىغا قانداق قىلىسىز.

ــ گەپ شۇ يەردە. ئۇلار ماڭا خەلق ئارىسىدىكى تەسىردىن پايدىلىنىپ بېسىم ئىشلىتىشى مۇمكىن...

ــ مېنىڭچە، ــ دېدى مەمتىلى ئەپەندى قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، ــ سىز ئۇلار بىلەن ئۇچرۇشۇشتىن قېچىپ، ئىمكان بار ئارقىغا تارتىڭ. ماڭا بىر ئەقىل كېلىۋاتىدۇ، شۇنى بىر سىناپ كۆرەي، سىزنىڭ ۋىلايەتكە بېرىش مەسلىھەتىڭىز بىلەنلا شۇ ئەقىلگە كەلدىم، شۇنى بىر سىناپ باققىنىمچە سۆھبەتتە بولۇشتىن ئۆزىڭىزنى قاچۇرۇپ تۇرسىڭىزكەن.

ــ سىلىنىڭ ئۇ پىلانلىرى قاچانغىچە بىر ياقلىق بولار؟

ــ مەن دەرھال تەييارلىققا كىرىشىمەن. بىر ھەپتىدە نەتىجىسى مەلۇم بولىدۇ.

ــ ئۇنداق بولسا ئانچە چوڭ ئىش يوق، بولىدۇ.

ــ مەن ئاساسەن ئۇلارنىڭ قانداق ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىنى، بۇ ھەرىكەتلىرىگە سىزنى تارتىشقا ئۇرۇنغان- ئۇرۇنمىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ زادى قانچىلىك ئىشەنچى بارلىقىنى بىلىپ بېقىش مەقسىتىدە كەلگەنىدىم. ھازىر بۇ ھەقتە ئازراق خەۋەر تاپتىم.

ــ ئۇلارنىڭ قىلىدىغىنى ئۆز ئارا يىغىلىپ ئولتۇرۇپ پىتنە قىلىش، گەپ تارقىتىش، نادان ئادەملەرنى كۈشكۈرتۈشلا. ئۇلاردا ئىشەنچ ئاز. چوڭراق بىرسى بىرلا ۋارقىراپ قويسا شۇ ھامان ھەيۋىسىدىن چۈشۈپ خوشامەتكە ئۆتىدۇ.

ــ مالال قىلىپ قويدۇم. ئەيىبكە بۇيرىماسسىز، مەن قايتاي.

ــ تەكەللۇپ قىلمىسىلا، قونۇپ قالسىلىغۇ پاراڭلىشىپ ياتاتتۇق، ــ دېدى بەگ ئالاھىدە ئىلتىپات قىلىپ. ئۇ ھېچقاچان بىر پۇخراغا بۇنداق دوستانە پوزىتسىيىدە بولۇپ باقمىغانىدى. شۇڭا ئۇ ئۆز ئۆزىگىمۇ ھەيران قېلىپ، سېھىرلىنىپ قالدىمۇ، دەپ ئويلىدى ئۇ.

تەۋپىق خوشلۇشۇپ، هويلىنىڭ بىر چېتىگە باغلاپ، قۇرۇق بېدە سېلىپ بېرىلگەن ئېتىنى يېشىپ دەرۋازا تەرەپكە كېلىۋېتىپ رېدىنىڭ ئۈدۈلىدىكى دەرىزىدە بىلىنىپ تۇرغان سايىنى كۆرۈپ قالدى. شۇ قىسقا دەقىقىدە ئۇ بەگنىڭ ئۈزۈتىشى بىلەن هويلىدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ كۆڭلىدە ئىنتىلىش، تەقسىرسىز سېغىنىچ، ئۆز- ئۆزىنى ئەيىبلەش ۋە بەزلەشكە ئوخشىغان بىر تالاي هېس- تويغۇلارنىڭ ئېلىشىشى بولۇپ ئۆتتى.

سىدىقبەگ ئۇنىڭغا ئامانلىق تىلەپ قالدى. مەمتىلى ئېتىغا يەڭگىللىكىنە مىنىپ يورغىسىغا قويۇپ بەردى.

ئۇ كېتىۋېتىپ نېمىشقىدۇر بايا كۆڭلىدە پەيدا بولغان ۋە ئۆزى ئۆچۈرۈپ تاشلاشقا ئۇرۇنغان تۇيغۇلارنى يېڭىباشتىن كوچىلاپ، خىيالى ۋەقەگە ئوخشاش كەچۈرمىشلەرنى توقۇغىسى كېلىپ، كۆڭلى ئىختىيارىغا بوي سۇنماي قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنى ئەگىپ يۈرگەن خەۋپلەرنى ئۇنتۇپلا قالدى. مەشهەد بىلەن تېجەن ئارىلىقىدىكى سايغا چىققاندا ئات تۇيىقىنىڭ ئاستىدىكى شېغىلنىڭ شاراقلىشى بىلەن ئەتراپتىكى ئاۋازلارنىمۇ ئاڭلىيالمىدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ قۇلىقى تۇۋىدىن بىر نەرسە «ۋىڭ» قىلىپ ئۆچۈپ ئۆتۈپ، ئالدى تەرەپكە تاراڭلاپ چۈشتى. ئۇ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرىپ ئۈلگۈرگىچە بىلىگە قاتتىق بىر نەرسە تەگدى. ئۇ شۇندىلا ئاتنىڭ بېقىنىغا نىختاپ، يانپېشىغا بىر قامچا سالدى. ئۇ تېجەنگە كىرىش ئالدىدا يەنە بىر قېتىم هۇجۇمغا ئۇچرىدى. بۇ قېتىم ئۇنىڭ ئالدى تەرەپتىن تاش ئېتىلدى. ئۇ ئاتنىڭ يايلىغا يېتىۋالدى. بىر تاش ئاتنىڭ قۇلىقى تۇۋىگە تېگىپ، ئات چاپچىپ يانغا بۇرالدى. مەمتىلى ئەپەندى تېزگىنىنى قاتتىق بۇراپ بۇيامەتكە ئېلىپ چىقىدىغان يول بىلەن چېپىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئاللىكىملەرنىڭ:

— هۇيت!!

— هۇيت!!...

دېگەن مەسخىرە قىقاسلىرى كېچە جىمجىتلىقىدا تەرەپ- تەرەپكە تاراپ كەتتى.

ئۇ تىجەندىن چىقىپ يەنە بىر سايغا كەلگەندە ئاتنى ئاستىلىتىپ سىنتەبىرنىڭ ئاخىرلىرىدىكى سوغۇق ۋە ساپ ھاۋادىن كۆكرىكىنى تولدۇرۇپ نەپەس ئالدى. بوغۇز تەرەپتىن غۇر- غۇر سالقىن ئۇرۇپ تۇراتتى. يۇلتۇزلار چاراقلاپ يانغان كۆز كېچىسى، راھەتبەخش سالقىن، ئىككى قېتىملىق ھۇجۇمدىن قۇتۇلۇپ چىقىش، ... بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ يۈرىكىدە شائىرانە ئىلھام قوزغىدى. يەڭگىل مۇزىكىمۇ ھاسىل بولۇپ، بىر جەڭگىۋار مارش- ئۇ ئوقۇغۇچىلارغا ئۈگۈتۈشنى خىيال قىلىپ، مەزمۇنى ھەققىدە ئويلاپ يۈرگەن جەڭگىۋار مارش بولغان ۋاقتى- سائىتى كېلىپ ئۇنىڭ يۈرىكىدىن ئۇرغۇپ چىقىشقا باشلىدى:

بىز ئىزچىلارمىز، پۈت- قوللارىمىز،—
كۆز، دىماقىمىز،...ھەر يېرىمىز ساغلام.
خەلق يولىدا ئالغا باسىمىز،
دۈشمەنگە قارشى ساقلاپ ئىنتىقام.

ئۆگەن تىرىشىپ ياش ئىزچى باللار،
دىن ۋە مىللەت غېمىدە قاينار ۋىجدانلار.

ئۆسكەن يېرىمىز قانلىق، شېغىل، تاش،
ۋەتەن يولىدا پىدادۇر بۇ باش.
يولىمىز ئۇزاق، غايىمىز پارلاق،
قايتما بۇ يولدىن ئىزچى قېرىنداش.

ئۆگەن تىرىشىپ ياش ئىزچى باللار،
دىن ۋە مىللەت غېمىدە قاينار ۋىجدانلار.

مەمتىلى ئەپەندى ئۆيىگە كەلگىچە يۈرىكىنىڭ رېتىملىرىغا تەڭكەش قىلىپ ئوقۇپ كەلدى. ئۇ ھويلىغا كىرىپلا ئاتنىڭ قۇلىقى تۈۋىگە

سەرەڭگە يېقىپ قاراپ باقتى. خەيرىيەت، تاش قاتتىق تەگمىكەچكە چوڭ يارا بولماي، ئازراق سىرىۋەتكەن ۋە دەسلەپ قان تەپچىرەپ، كېيىن توختاپ قالغانىدى. ئۇ ئىتنىنى ئېھتىيات بىلەن سىلاپ ـ سىپاپ جايلاشتۇرۇپ قويۇپ، ئۆيگە كىرەي دەۋاتقاندا نىزامىددىن ئۆيدىن چىقىپ قالدى.

ــ ئامان كەلدىڭمۇ؟

ــ ئامانچىلىق، ئاكا.

ــ سەرەڭگە يېقىپ نېمە قىلىۋاتىسەن؟

ــ ھە، ئاتنى تەرلىتىپ قويدۇممىكىن دەپ قاراپ باقتىم.

سەن كىرىپ كېتىۋەرسەڭمۇ بولاتتى، ئاتنى ئۆزۈم... ـ نىزامىددىن چۆپخانىدىن بىر قۇچاق ئوتنى ئەپكېلىپ ئۇلاقلارنىڭ ئوقۇرلىرىغا سېلىپ بېرىپ، ئاندىن ئاتنى سوۋۇتۇش ئۈچۈن تىزگىنىنى ئالدى.

تەۋپىق ئۆيگە كىرىپلا شىرە ئالدىغا باردى. شىرە ئۈستىدە نىزامىددىن كۆچۈرۈۋاتقان قولىيازمىلار تۇراتتى. ئۇ مەمنۇنىيەت بىلەن كۈلۈمسىرىدى. ئاندىن ئۆزى پىئانىنونىڭ ئالدىغان بېرىپ بايىلا كۆڭلىگە تىزىۋالغان ناخشا ئۈستىدە ئىشلەش ئۈچۈن ئولتۇردى. ئاۋۋال تېكىستىنى بىر ۋاراق قەغەزگە يېزىۋېلىپ، ئاندىن ئاشۇ شېئىر بىلەن بىللە يۈرىكىدىن چىقىۋاتقان ھېلىقى ئاھاڭنى بىرىكتۈرۈپ پەس ئاۋازدا غىڭشىغاچ پىئانىنونىڭ تۈگمىلىرىنى باستى.

قايتىپ كىرگەن نىزامىددىن ئىنىسىنىڭ چاققان قوللىرىغا قاراپ ئۇنىڭ ئارقىسىدا تۇراتتى. مۇزىكىنىڭ تۈنجى ئارگىنالىنى خاتىرلەپ بولغاندىن كېيىنلا تەۋپىق ئورنىدىن تۇرۇپ ئاكىسىغا قارىدى.

ــ ئاكا، ئەمدى بىر ـ ئىككى ھەپتە دەرس توختۇتۇپ قەشقەرگە كىرىش تەييارلىقىنى قىلاي، مەجىدىن ئەپەندى بىلەن دېيىشكىنىمىز بويىچە ئەرزگە كىرىش تەييارلىقى.

ــ مەن ئەتە ـ ئۆگۈن قەشقەرگە كىرىپ بوياق ئېلىپ چىقاي دەۋاتاتتىم، بۇيرۇشلىرىڭ يوقمۇ؟ ئورۇندىغاچ چىقىمەن،ــ نىزامىددىن ئىنىسىنىڭ كۆڭۈل دەردىنى ئازايتىش ئۈچۈن ئازراق ياردەم قىلىش خىيالىدا ئىدى.

www.uyghurkitap.com

— دوستلارغا سالام ئېيتىڭ. شەۋقى ھەررەت بىلەن كۆرۈشەلمىسىڭىز گېزىتتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى سوراۋشتۇرگەچ چىقىڭ، ھازىرچە باشقا زۆرۈر ئىشمۇ- يوق.

— بولىدۇ، بولمىسا ئەتىلا ماڭايمىكىن.

— ئاتنى مىنىۋېلىڭ.

— ياق، ئېشەك بىلەنلا بارمەن، ئېشىكىممۇ خېلى ئىتتىك.

— ئەمسە ئۇخلاڭ، ئاكا، ياخشى چۈش كۆرۈڭ. مەن ماۋۇ نەرسىنى يەنە بىر قېتىم پىششىقلىۋېلىپ، ئاندىن ئۇخلايمەن، ھازىرلا پۈتىدۇ.

نىزامىددىنمۇ بىر نەرسە كۆچۈرمەكچى بولدىيۇ، ئىنىسىنىڭ رايىغا بېقىپ گەپ قىلماستىن چىقىپ كەتتى.

## 3

نىزامىددىن قەشقەردىن ئۆگۈنى قايتىپ كەلدى. مەمتىلى ئەپەندى كەچتە قايتىپ كېلىپلا ئاكىسىنىڭ ھال- ئەھۋالىنى، سودا- سېتىق ئىشلىرىنى سوراپ بولۇپ، ئارقىدىن:

— نېمە ئىشلارنى قىلىپ كەلدىڭىز؟ ئاغىنىلەر بىلەن كۆرۈشتىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— كۆرۈشتۇم. ھەممىسى سالام ئېيتتى. مەجىدىن ئەپەندى سىېنىڭ ئەرزگە بارماقچى ئىكەنلىكىڭنى سىبۇ[1]دىكىلەرگە ھاۋالە قىلىپ سىجاڭغا ئېيتقانىكەن، سىجاڭ سىېنىڭ بارماي تۇرۇشۇڭنى ئېيتىپتۇ.

— نېمىشقا ئۇنداق دېگەندۇ؟ بۇ ھەقتە يۈسۈپ زىيا، مەجىدىن ئەپەندىلەرنىڭ قارشى قانداق؟ — تەۋپىق گويا موھىم بىر ھىماتىدىن مەھرۇم بولغاندەك تۇنجۇقۇپلا كەتتى. روھى ھالىتى دەرھال رەڭگىگە تېپىپ چىقتى.

— ئۇلارمۇ بىر نەرسە دېيەلمەيدىكەن. بەلكىم ئۇ كىشى ناھايىتى

---

[1] سىبۇ — (خەنزۇچە — 师部) — تۈمەن شتابى — ئا.

ئالدىراش بولسا كېرەك، شۇڭا شۇنداق دېدىمكىن...

ــ مەيلى، مەن تەييارلىقىمنى قىلىۋېلىرىمەن، چوقۇم بارىمەن،ــ دېدى مەمتىلى ئەپەندى قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، ــ شەۋقى بىلەن كۆرۈشۈپ كەلدىڭىزمۇ؟

ــ كۆرۈشتۇم. تۈنۈگۈن گەپ ئېيتىپ بەرگەنىدىم، بۈگۈن ئەتىگەن نوۋېتىگە كېلىپ تۇرۇپتىكەن، شۇ يەردە كۆرۈشتۇق.

ــ گېزىت قانداق بوپتۇ؟ ــ مەمتىلى ئەپەندى قىزىقىپ سورىدى.

ــ گېزىت ئۆتكەن ئاينىڭ 23- كۈنى نەشىردىن چىقىشقا باشلاپتۇ. ساڭا ئەۋەتتى، ــ نىزامىددىن گېزىتلەرنى ئېلىپ ئىنىسىگە ئۇزاتتى.

ــ پاھ، «ئەركىن ھايات» قايتا ھاياتلىققا ئېرىشكىنى ئۈچۈن «يېڭى ھايات» بولۇپ چىقىپتۇ- دە، رەھمەت، ئاكا، سىزگىمۇ شەۋقىگىمۇ رەھمەت، ــ تەۋپىق سۇغا تەشنا بولغان ئۇسسۇزدەك گېزىتنى كۆرۈشكە كىرىشىپ كەتتى. ئۇ ئاساسىي سەرلەۋھىلەرنى بىر قۇر كۆزدىن كەچۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، يەنە ئاكىسىدىن سورىدى،ــ شەۋقى ئۆزى ساقمىكىن؟ ياداپ قالمىغاندۇ؟

ــ ئۆزى تېنچلىق، كۆزلىرىدىن ياش يىگىتلەرنىڭكىدەك ئوت يېنىپ تۇرىدۇ. ئۇ سېنى بەك سېغىنىدىم دەيدۇ، تېخى قىزىقچىلىق قىلىپ، يۈز يىل كۆرمىگەندەك تەشنائى دىدار بولدۇم دەيدۇ.

ــ ئۇ ئۆزى ساق بولسىلا بولىدۇ. بىلەمسىز، ئاكا، دەۋرىمىزنىڭ بۇ چولپىنى غۇرۇرىمىز... ئۇنىڭ ساق بولۇشى مىللەتنىڭ بەختى.

ــ لېكىن ئۇ سېنى ئۆزىنى ئاسرىسۇن، كۆرەش ئۈچۈن ئۆمۈر كېرەك، ئۇ تېخى ھالقىلىق پەيتلەر ئۈچۈن ساق بولۇشى كېرەك دەپ تاپىلىدى. تېخى ماڭا ئۇنىڭ ئىشىنىڭ يېرىمىنى سىز قىلىشىپ بېرىپ، يۈكىنى يېنىكلىتىڭ دەپ ئىلتىماس قىلدى. ھەقىقەتەن قالتىس ئادەم ئىكەن.

ــ شۇنداق، ئۇ ھەقىقەتەنمۇ قالتىس ئادەم. ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتتە بولۇش بىر ياخشى كىتاب ئوقۇغانغا باراۋەر. ئەگەر مىللەت ئاسايىشتا، يۇرت خاتىرجەملىكتە بولۇدۇغان بولسا مەن ھەممە ئىشىمنى قويۇپ ئۇنىڭ تالىبى بولغان بولاتتىم، ــ مەمتىلى ئەپەندى شەۋقى ھەققىدە

سۆزلىگەندە بەكمۇ ئىخلاسمەنلىك بىلەن سۆزلەيتتى. ئۇ ئاكىسىغا سوئال بېرىشنى داۋام قىلدى، — مەجىددىن «بوۋاي» قانداق؟ ساقمىكەن؟

— ساقكەن، ھاسىسىنى ئېشىپ ئولتۇرىدۇ.

— شۇنداقمۇ؟ قانداق ئاجايىپ ئادەملەر!... ئەمدى سىز دەم ئېلىڭ، ئاكا.

— ئانچە چارچىمىدىم. شەۋقىگە ۋەدە بېرىپ قويغانىكەنمەن...

— نېمە دەپ؟

— سېنى ئاسراشقا...

بىردەم جىم بولۇپ كەتكەن تەۋپىق غەمكىنلىك بىلەن:

— شۇنداقمۇ؟ — دېدى ۋە يەنە دەرھال جانلىنىپ، — بولىدۇ، بۈگۈنچە ھەر ئىككىمىز دەم ئالايلى. ھېرىپ كەلدىڭىز، سىزگە بىر ناخشا ئوقۇپ بېرەي، ئاڭلاپ بېقىڭ، ناخشا دېگەن ھاردۇقنى چىقىرىدىغۇ.

— ماقۇل، ئەمىسە، — نىزامىددىن ئۇنىڭغا يېقىنراق سۈرۈلدى.

مەمتىلى ئەپەندى ئالدىنقى كۈنى ئىشلىگەن «بىز- ئىزچىلارمىز» دېگەن ئىزچىلار مارشىنى پىئانىنو بىلەن ئورۇنلاشقا كىرىشتى. ئۇ ھەر قاچان ناخشا ئوقۇسا بىر پۇتىنى ناخشىنىڭ ئودارىغا كەلتۈرۈپ يەرگە رىتىملىك ۋە بوش ئۇراتتى. ئۇ ئۇنىڭ پىئانىنونىڭ باسقۇچىغا دەسسەپ ئادەتلىنىپ قالغىنىدىن بولغانلىقىنى نىزامىددىن شۇئاندا پەھم ئەتتى.

— سىزنىڭچە قانداق؟ بۇنى تەلەبىلەرگە ئۆگىتىپ قەشقەرگە ئوقۇپ بارماقچىمىز.

— ناخشىنىڭ ئاھاڭىدا ئەجنەبىلەرنىڭ ناخشىلىرىدىكىدەك ئالامەتلەر بارمۇ نېمە؟

— شۇنداقمۇ؟ راست، بىزنىڭ خەلق ناخشىلىرىمىزنىڭ ئاھاڭىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا سەل باشقىچە. لېكىن كەلگۈسى باشقا ئەللەرنىڭ ئاھاڭلىرىدىكى ئارتۇقچىلىقلارنى قوبۇل قىلغان مۇشۇنداق ئاھاڭلار كۆپىيىدۇ. تېكىستكە نېمە دەيسىز؟

— مەن نېمە دەيتتىم، بۇ ئىشلارغا كەلگەندە مەن بىر قارا تۈرك، يا سازچى ئەمەس، يا شائىر ئەمەس. ئىشقىلىپ، ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ ئۆزۈمنى

جەڭـۋار ھالەتكە كەلگەندەك روھلـۇق، تېتـىك ھـېس قـىلـىـپ قالـدىم، ماڭـا بەرگەن تەسىرى شۇ.

— شۇنداقمۇ؟ — تەۋپىـق ئېچىلـىـپ ـ يېيىلـىـپ كۈلـدى ۋە،— بولـدى ئەمسە، ۋەدىمـىـز بويىچە ئىككىلـىمـىـز دەم ئـالايلى، — دېـدى ـ دە ئورنـىـدىن تۇردى.

# ئون يەتتىنچى باب

## 1

بىر ھەپتىدىن بېرى دەرس توختۇتۇپ، قەشقەرگە بېرىش تەييارلىقىغا كىرىشكەن دارىلمۇئەللىمىن ئوقۇغۇچىلىرى مەكتەپتىن سىرتقا چىقماي قاتتىق مەشىق قىلىشتى. تەۋپىق ئۇلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ چوڭ ئىشقا تەسىر يېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇلارنى مەكتەپ ھويلىسىدىن چىقماسلىققا ئاگاھلاندۇردى. ئۆزىمۇ شۇ يەردە قوندى. جەڭگىۋار مارشلارنى ئۆگەتتى. ناغرا، باراban، سۇناي قاتالىقلاردىن تەركىپ تاپقان «ئوركېستىر» ساداسى ئىچىدە رەتلىك چاسا سەپ بولۇپ مېڭىش، قەدەم رىتىمىنى بۇزماستىن پۈتۈن مەيدان بويلاپ يېيىلىش ۋە يەنە شۇ تەرتىپتە يىغىلىش قاتارلىق مەشىقلەرنى قىلدۇردى.

چوڭ ناغرىنى ئىككى بالا كۆتۈرەتتى. بىرسى ئۇراتتى. سۇنايىنى مەھەممەد قارى مەشرەپ چالاتتى. ئاۋۋال بارابانىنى مەمتىلى ئەپەندى ئۆزى چالدى. ئۇ بارابانىنى بويىنىدىن قورسىقى ئۈستىگە ئېسىۋېلىپ،سەپ ئالدىدا تۇرۇپ چالاتتى ھەم كوماندا بېرەتتى. سەپ ئارقىغا بۇرۇلۇپ ماڭغاندا ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن كېلەتتى. سەپ ئالدىغا ماڭغاندا، ئۇ ئوقۇغۇچىلارغا يۈزلىنىپ تۇرۇپ ئارقىسىچە ماڭاتتى. ئۇ ئالدىغا ياكى ئارقىسىغا ماڭسۇن قەدەم رىتىمىنى بۇزمايتتى. مەيدانىنىڭ بىر چېتىگە يەتكەندە بارابانىنى توختاتماستىن:

— ئارقىغا بۇرۇلۇپ، — مارش! — دەپ توۋلايتتى- دە سەپنىڭ ئارقىسىدىن كېلەتتى.

ئۇ دەم ئېلىش ئارىلىقلىرىدا، بارابانىنى ئىككى ئوقۇغۇچىغا ئۆگەتتى. بۇنداق بولغاندا تاسادىپىي بىرى قاتنىشالماي قالسىمۇ ئىش ئاقسىمايتتى.

— ھازىر ئالدىراش بولغىنىمىز ئۈچۈن ئىككىڭلارغا ئۆگەتتىم، كېيىن ھەممىڭلار ئۆگىنىسىلەر. بىزنىڭ قولىمىزدىن ھېچقانداق ئىش

قىچىپ قۇتۇلالمايدىغان بولۇشى كېرەك، ـــ دەيتتى ئۇ.

ئۇ بارلىق ئوقۇغۇچىلارنى ئايرىم- ئايرىم ناخشا ئوقۇتۇپ، ئۇلارنىڭ ئاۋاز ئالاھىدىلىكىگە قاراپ، بوم ئاۋازلىقلار، زىل ئاۋازلىقلار دەپ ئىككى گۇرۇپپىغا ئايرىدى. ئاندىن تۆرتتىن قاتار قىلىنغاندا بىرىنچى تۆرتلىك توغرا قاتارغا بوم ئاۋازلىقلارنى، ئىككىنچى تۆرتلىك توغرا قاتارغا زىل ئاۋازلىقلارنى، ... نۆۋەتلەشتۇرۇپ تىزىپ، بۇنى مۇقىم ئورۇن قىلىپ بەلگىلىدى. ئوقۇغۇچىلار قوللىرىغا 40 سانتىمېتىرچە ئۇزۇنلۇقتىكى ئاق، قىزىل بويالغان ئالاكالتەك ـــ «ئىزچىلار كالتىكى»نى تۇتۇپ ئاشۇ تەرتىپتە ماڭىدىغان بولدى. ئۇلار مەيداندا چاسا سەپ تۈزگەندە كوماندىغا ۋە ئوركېستىر ساداسىغا كەلتۈرۈپ مەش دەسسىگەچ ھەر بىر بوم ۋە زىل ئاۋازلىق گۇرۇپپا يەككە قاتار بولۇپ يېپىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرىنچى ئۇزۇن قاتار بوم، ئىككىنچى قاتار زىل،... تەرتىپىدە تىزىلىپ چوڭ بىر چاسا سەپ ھاسىل بولاتتى. ئۇلار ناخشا ئوقۇغاندا بوم ئاۋازلىقلار بىر سىكونتچە (مېڭىپ كېتىۋاتقاندا بىر قەدەم) ئىلگىرى باشلايتتى، زىل ئاۋازلىقلار ئەگىشەتتى. شۇنىڭ بىلەن بوم ۋە زىل ئاۋازلار روشەن بىلىنىپ گويا چىڭ تارتىلغان تارلارنىڭ ساداسىدەك، خۇددى غايەت زور تەمبۇر تەبىئەتتىن تاشقىرى كۈچ تەرىپىدىن چېلىنىۋاتقاندەك يېقىملىق، تەسىرلىك، شۇنداقلا ھەيۋەتلىك ئاڭلىناتتى. كىشىگە ستىرئولۇق تۇيغۇ بېرەتتى.

سەپكە تىزىلىش، مەش دەسسەش، يىغىلىش، يېيىلىش قاتارلىق ئاساسىي مەشىقتىن تاشقىرى يەنە ئىككى كىشىلىك ئېيتىشىش تەييارلاپ، سەھنە سۆزىنى ئايرىم- ئايرىم ھالدا سەيپىددىن بىلەن مەشرەپ ئىككىسىگە كۆچۈرۈپ بېرىپ ئۇلارنىڭ مەشقىگە يېتەكچىلىك قىلدى.

ـــ سەھنە ئەسىرىدىكى كۈچ، سۆزلەردە ئەمەس، بەلكى ھەرىكەتتە، ئارتىستنىڭ ئورۇنلاش ماھارىتىدە،ـــ دەيتتى ئۇ ئىككەيلەنگە چۈشەندۈرۈپ، ـــ غەزەپلىك سۆزلەرنى قىلغاندا ئارتىستنىڭ رەڭگى- روھى، بەدەن ھەرىكىتىدىن غەزەپ ئالامىتى ئىپادىلىنىپ تۇرۇشى كېرەك. سۆزنىڭ تەلەپپۇزى، ئاھاڭدىنمۇ شۇ خىل كەيپىيات ئىپادىلىنىپ تۇرۇشى كېرەك. سۆزنىڭ تەلەپپۇزى ھەرىكەت بىلەن ماسلىشىشى لازىم.

www.uyghurkitap.com

ئەگەر دۈشمەنگە قارىتا ئېيتىلىدىغان غەزەپلىك سۆزلەرنى رەڭگىمىزنى بۇزماي ئاتەتتىكىچە ئېيتىدىغان بولساق ياكى خاتىرجەملىك بىلەن قول قوشتۇرۇپ تۇرۇپ ئېيتساق سۆزنىڭ قانچىلىك كۈچلۈك بولۇشىدىن قەتئىنەزەر جانسىز، تەمسىز چىقىدۇ. شۇڭا سىلەر سەھنە سۆزنىڭ ئورنىغا قاراپ، غەزەپلىك سۆزلەرنى چىرايىڭلارغا غەزەپلىك تۈس بېرىپ، قوللىرىڭلارنى كەسكىن شىلتىپ، پۇتلىرىڭلارنى چىڭ- چىڭ ئۇرۇپ، ۋارقىراپ-قىراپ سۆزلەڭلار. ئەگەر خوشال- خۇراملىقنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەر بولسا پۈتۈن بەدىنىڭلارنى، قاش- كۆزلىرىڭلارنى ئوينىتىپ، زوق- شوخ بىلەن سۆزلەيسىلەر، تەبەسسۇم بىلەن مۇلايىم، سالماق سۆزلەيسىلەر.

ئۆزلىرىنىڭ خالايىق ئالدىدا رول ئېلىپ چىقىدىغانلىقىدىن ھەم خوشاللانغان ھەم ھاياجانلانغان ئىككەيلەن زېرىكمەستىن قايتا- قايتا يادلاپ چىقاتتى. مەمتىلى ئەپەندى بولسا تېخمۇ سەۋرچانلىق بىلەن رېژىسسورلۇق قىلاتتى.

— مەشرەپ، سېنىڭ دەيدىغان سۆزلىرىڭنىڭ ھەممىسى ئاساسەن خوشال كەيپىياتتا ئېيتىلىدىغان سۆزلەر، شۇڭا سېنىڭ يۈز-كۆزۈڭدىن شادلىق يېغىپ تۇرسۇن قول- پۇت ھەرىكىتىڭدىن شوخلۇق، كۆز نۇرۇڭدىن خۇشخۇيلۇق، جۇشقۇنلۇق ئۇرغۇپ تۇرسۇن قېنى ئەمسە، يەنە بىر قېتىم چىقىپ باققىن، ئوغلۇم.

مۇھەممەد قارى مەشرەپ يەنە باشلايتتى.

— سەيپىددىن، سېنىڭ دەيدىغانلىرىڭ بىر قەدەر مۇرەككەپ چىراي ئىپادىسى بىلەن ئورۇنلىنىدۇ. دەسلەپ: «سېنىڭ ئاۋۋالقى سۆزلىرىڭ توغرا، لېكىن ئاخىرقى سۆزلىرىڭگە قوشۇلمايمەن!» دېگەندە چىرايىڭدىن جىددىي ئەستايىدىللىق چىقىپ تۇرسۇن، سۆزنىڭ ئاھاڭىنى سالماق، ئېغىر ئالغىن، مانا مەسىلەن: ماڭا قاراپ تۇر،— مەمتىلى ئەپەندى ئۆزى ئورۇنلاپ كۆرسەتتى، — ئارقىدىن چىرايىڭ ئازاپلىق تۈس ئالسۇن، خۇددى يۈرىكىڭ ئېچىشىۋاتقاندەك، قىممەتلىك بىر نەرسەڭ قاراقچى قولىغا چۈشۈپ قالغاندەك ئېچىنىشلىق تۈس ئالسۇن، مەسىلەن: «راست، بىز ئۆلۈغ قەدەم تاشلىدۇق. ئىلىم- مەرىپەت ئىشلىرى ئۈچۈن

باتۇر قەدەم تاشلىدۇق. پۈتۈن خەلق، ئاتا ـ ئانا، بالىلارنىڭ ھەممىسى بىزنى قوللايدۇ، بىز مۇشۇنداق شانلىق قەدەملەر بىلەن ئىلگىرىلەۋاتقاندا، ــ مەمتىلى ئەپەندى شۇ يەرگە كەلگەندە سەھنە سۆزىدىن توختاپ سەيپىددىنگە:

ــ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئاۋازىڭىزدىن غەزەپ يېغىپ تۇرسۇن، مانا مۇنداق، ــ ئۇ يەنە ئۆزى ئۈلگە كۆرسىتىپ، ــ ئىلگىرىلەۋاتقاندا بىزگە ھوجۇم قىلىشقا باشلىدى... » قېنى ئەمسە باشلا.

شۇنداق قىلىپ تەۋپىق بىر ھەپتە ئىچىدە ئوقۇغۇچىلارنى جەڭگىۋار ئەترەتكە ئايلاندۇردى. ھەممە ئەتراپنى يوشۇرۇن زەربە، ئاشكارە مەسخىرە ۋە ئۈمىدسىزلىكنىڭ ئىس ـ تۈتەكلىرى كېزىپ يۈرسىمۇ ئۇ چىرايىدىن ھېچبىر ئۈمىدسىزلىك ئىپادىسىنى، يېڭىلىۋاتقاندەك ئىپادىنى بىلىندۇرمەي، غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا چىن دىلىدىن ئىشەنگەن غالىبلاردەك كۆلۈمسىرىشى بىلەن روھلۇق، تېتىك ھالدا ئۆز ئىشىنى داۋام قىلىۋەردى.

قەشقەرگە قاراپ ئاتلىنىشقا بېكىتىلگەن كۈننىڭ ھارپىسىدا ئۇ ئۆزى كۆرگەن نادانلىق، جاھىللىقنىڭ مەھسۇلى بولغان قارشىلىقلار ۋە كۆڭلى تويۇپ تۇرغان بولغۇسى خوشاللىقنىڭ ئىلھامى بىلەن ئاجايىپلا بولۇپ قالدى. ياخشى ـ يامانىنىڭ تېگى ـ تەكتىنى تولۇق ئاڭقىرالماس دەرىجىگە چۈشۈپ قالغان نادان ئەلگە بەكمۇ ئىچى ئاغرىدى. بۇ بەختسىز مىللەتنىڭ تارىختىن بېرى چەككەن رىيازەتلىرى، ھۆرلۈك ئىستەپ قىلغان كۈرەشلىرى، ھازىرقى ھالىتى بىر ـ بىرلەپ كۆز ئالدىدىن ئۆتكەندە، بۇ خىياللىرىدىن تۆرەلگەن ئىلھام پەرىسىنىڭ قولىدا پەپىلىگەندەك بولۇپ، قولىغا قەلەم ئالدى:

ئويغىنىڭ ئەھلى ۋەتەن بىزلەرمۇ شادان بولنىڭ[①]،

---

[①] بولنىڭ ــ ئاتۇش شىۋىسى بويىچە چاقىرىق مەنىسى بېرىدىغان سۆز «بولايلى» دېگەن مەنىنى بېرىدۇ ــ ئا.

قۇرتۇلۇش[1] جەڭگاھىدا بىز مەردۇ ـ مەردان بولىنىلى،
ئىلىمۇ ـ ئىرپان يولى ئۈچۈن ئەمدى قۇربان بولىنىلى.

نەچچە يىللار ئۇخلىدۇق، كۆندۈز ئىدى قاراڭغۇلۇق،
ئېچىلىپ ئىرپان يولى قاراڭغۇلۇق بولدى يورۇق،
تۇتۇشۇپ قوللارغا ـ قول شادۇ ـ خەندان بولىنىلى.

ئەي ئوغۇز ئەۋلادى ئەمدى ئۇيقۇدىن كۆزۈڭنى ئاچ،
ئىلىمۇ ـ ئىرپان نۇرىنى ئال، مىللىتىڭ باشىگە ساچ،
ئۆزگىدەك ئۆز يۇرتىمىزغا بىزمۇ سۇلتان بولىنىلى.

تەۋپىق پەنەرنىڭ يورۇقىدا مۆكچىيىۋېلىپ، بۇ مۇسەللەسنى بىر قۇر ئۆزگەرتىپ چىقتى. ئاندىن ئۇنى ئىلگىرىكى شېئىرلىرى قاتارىغا قوشۇپ قويۇپ، نوتا يېزىلغان يەنە بىر ۋاراق «سۇت قەغەز» نى ئالدى.

ئۇ بارماقلىرىنى شىرەگە يېنىك ئۇرۇپ، تونۇگۈن مۇزىكا ئىشلىگەن بۇ ناخشىنى بوش ئاۋازدا ئوقۇشقا باشلىدى:

ئەي، تۈرك خەلقى ئويغان غەپلەتتىن،
قەددىڭنى كۆتەر ئەسىرىي كۈلپەتتىن،
زامانىڭغا باق، ئەتراپىڭغا باق،
قالما ئارقىدا ئۆزگە مىللەتتىن.

. . . . . . . . . .

ئۇنىڭ ئاغزى تىنىماي ناخشا ئوقۇيتتى، سول قولىنىڭ بارماقلىرى شىرەنى چېكەتتى، ئوڭ پۇتى ناخشىنىڭ ئودارىغا ماس ھالدا يەرگە يەڭگىل ئۇرۇلاتتى. ئوڭ قولىدىكى قەلەم بولسا نوتا سىزىقلىرى

[1] قۇرتۇلۇش ــ تۈركچە ــ kurtuluş سۆزىدىن كەلگەن بولۇپ، ئازادلىق مەنىسىدە (ئۇيغۇر تىلىدىكى «قۇتۇلۇش» ئەمەس) ــ ئا.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى

ئۈستىدىكى بەلگىلەرنى گاھى ـ گاھىدا ئۆزگەرتىپ باراتتى. ئۇ ناخشىنىڭ مۇزىكىسىنى يەنە بىر قېتىم ئۆزگەرتىپ بولۇپ ئۇنى شىرەنىڭ يەنە بىر بۇرجىكىدىكى ئىككىنچى بىر دەستىلەنگەن قەغەزلەر ئۈستىگە قويۇپ ئورنىدىن تۇردى، ئاستا، تىنىش چىقارماستىن مېڭىپ ھويلىغا چىقتى.

سىنتەبىرنىڭ يېقىملىق ھاۋاسىدا مەيىن شاماللار بىلەن باغلاردىن ئۇچۇپ كەلگەن مېۋىلەرنىڭ ھېدى بار ئىدى. ئۇ مۇشۇ ساپ ھاۋانى قانغۇدەك شۈمۈرۈپ، راھەتلىنىپ كېرىلىپ، ئاسمانغا باقتى. ھاۋا ئاجايىپ ئوچۇق ئىدى. گويا چەكسىز كەتكەن دېڭىز ـ ئوكيانلاردەك تىنىق ۋە كۆك ئىدى. يۇلتۇزلار سانسىز بىلىقچى كېمىلىرىدىكى پەنەر چىراقتەك پىلىلداپ تۇراتتى. بىلىقچى كېمىلىرىدىكى پەنەر سۆزى ئۇنىڭدا ئۇلانما تەسەۋۋۇر قوزغاپ مەرمەرە دېڭىزى بويىغا خىياللىرىنى ئېلىپ كەتتى. مانا شۇنداق چارچىغان چاغلاردا، گۈزەل ۋە تېنىچ ئاخشاملاردا ساھىلنى بىر كېزىپ كەلسەڭ ھاردۇقۇڭ چىقىپ قالاتتى ـ دە، دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن كەچۈردى. تەۋپىق بىردەم مېڭىسىنى سەگىتكەچ ھويلىدا مېڭىپ يۈردى. ئاندىن ئۇخلاش ئۈچۈن قايتىپ كىردى.

## 2

ئەتىسى ــ 1934 ـ يىل سىنتەبىرنىڭ ئاخىرىقى كۈنلىرىنىڭ بىر ئەتىگىنى مەمتىلى ئەپەندى 61 نەپەر ئوقۇغۇچىسىنى ئېلىپ قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقتى.

ئۇ ئاۋۋال دارىلمۇئەللىمىن ھويلىسىدا ئوقۇغۇچىلارنى تۆرتتىن قاتار قىلدى. قاتار ئاۋاز ئايرىمىسى بويىچە تىزىلدى. ئەترەت ئالدىدا مەشئەل سۈرىتى چۈشۈرۈلۈپ «ئىزچىلار» دېگەن خەت يېزىلغان قىزىل بايراق؛ بايراقنىڭ ئارقىسىدا ناغرا، بارابان، سۇناي ۋە نەيدىن تەركىپ تاپقان ئوركېستىر، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۈچىسىدا ماشرەڭ چەكمەندىن تىكىلگەن قايرىما ياقىلىق، ئىككى يانچۇقلۇق كۆينەك، تامبال؛ بەللىرىدە كەمەر؛ بېشىدا شۇ خىل رەختتىن تىكىلگەن قۇلاقلىق، قولىقى ئۈستىگە

قايرىپ قويۇلغان شەپكە[1]، سول قولىغا دەپتەر. قېرىنداش ئالغان، ئوڭ قولىدا ئىنچىلار كالتىكى، بىلەكلىرى تۈرۈلگەن، تۇرقى ھەم ئۆزگىچە ھەم ھەيۋەتلىك ئىدى.

— ئىنچىلار، مارش! — دەپ ۋارقىرىدى مەمتىلى ئەپەندى گويا جەڭگە مېڭىش ئالدىدا تۇرغان ھەربىي قوماندانىدەك جاراڭلىق ئاۋازدا.

ئوقۇغۇچىلار قەددىنى مەغرۇر كېرىپ مەكتەپ ھويلىسىدىن يەرنى تىترەتكۈدەك كۈچلۈك قەدەملەر بىلەن كوچىغا قاراپ مېڭىشتى. قوياشنىڭ ئىللىق نۇرى بۇ پاكىز ئۇستىۋاش كىيگەن، رەتلىك تىزىلغان جەڭگىۋار سەپنى سۆيەتتى. ئۇلار دەرۋازىدىن چىقىپ قىشلاق مەھەللىسىگە كېتىدىغان يولغا چۈشۈپ، شەرق- تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. بۇ ھەيۋەتلىك سەپ ئوغرۇقلۇق دېھقانلارنىڭ زوقىنى كەلتۈرۈپ، ئۆي- ئۆيلەردىن ئەر- ئايال، قېرى- ياشنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كوچىغا چىقىپ، ھەۋەس، قىزىقىش، شۇنداقلا ئۆچمەنلىك ھېسسىياتىدىن تەركىب تاپقان مۇرەككەپ ھېسسىيات ئىلكىدە ئۇزىتىشاتتى.

شۇ چاغدا بىر ئوقۇغۇچى ناخشا باشلىدى:

— بىز ئىنچىلارمىز... بىر- ئىككى!

پۈتۈن سەپ تەمتىرىمەستىن قەدەم ئېلىۋېتىپ، ناخشىغا قوشۇلۇشتى. بوم ئاۋازلىقلاردىن بىر قەدەم كېيىن زىل ئاۋازلىقلار باشلىدى:

بىز ئىنچىلارمىز
كۆز- دىماقىمىز.... ھەر يېرىمىز ساغلام.
خەلق يولىدا ئالغا باسىمىز،
دۈشمەنگە قارشى ساقلاپ ئىنتىقام!

نەقرات: ئۆگەن تىرىشىپ ياش ئىنچى باللار،
دىن ۋە مىللەت غېمدە قاينار ۋىجدانلار!...

---

[1] بۇ شەپكە دەسلەپكى دەۋر سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ شەپكىسىگە ئوخشاپ كېتەتتى. — ئا.

سەپتە ئوغۇللىرى بار ئاتا. ئانىلار تېخىمۇ زور قىزىقىش، ئېپتىخارلىنىش تويغۇسى بىلەن بالىلىرىنى ئىزدەيتتى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى يەرنى زىرىلدىتىپ كېتىۋاتقان بالىلىرىغا چۈشكەندە يۈرەكلىرى ئاللىقانداق ئىسسىق تۇيغۇلاردىن ئېرىپ كېتىۋاتقاندەك كۆزلىرىگە ياش ئالغان هالدا:

— ئاق يول بولسۇن، بۈركۈتلىرىم! — دېيىشەتتى. ئانىلارنىڭ بەزىلىرى ئۆز- ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك پىچىرلاپ:

— خۇدايا خۇدۇۋەندە كېرىم، يامان تىلدىن ساقلىغايسەن، — دەپ ئىزگۈ تىلەكلەرنى تىلەپ قېلىشاتتى.

كۆپچۈلۈكنىڭ يەنە بىر توپىدا باشقىچە ئىنكاسلارمۇ بولدى.

— شەيتان ۋەسۋەسىدىن ساقلىغايسەن، خۇدا!

— ئاخىر زاماننىڭ ئالامىتى بۇ، خالايىق!...

ئاللىقانداق بىر مۇراسىم ئۈچۈن ئوڭرۇققا كەلگەن هابۇلهاجىمنىڭ گەۋدىسى هەمتاۋاقلىرى ئارىسىدا، ئېگىز ئېشەك ئۈستىدە چوقچۇيۇپ كۆرۈنۈپ قالغانىدى، شۇئان قارشى تەسىراتتىكىلەرنىڭ تىللىرى ئۇزاردى. هەتتا خېلى يامان ئەمەس باها بېرىپ تۇرۇۋاتقان ئارىلىقتىكىلەرمۇ دەرهال شۇ تەرەپكە ئېغىپ:

— نېمە ئالامەتلىكنى خۇدا ئۆزى بىلمىسە، نېمە بالا بۇ؟

— هەي، بۇ كىسىپۇرۇچلارنىڭزە، خۇدا جاجىسىنى بەرمىسە... دېيىشتى.

چىن كۆڭلىدىن ئالقىشلاۋاتقانلار ئەتراپتىكى مۇهىتنىڭ كۆزگە كۆرۈنمەس بېسىمى ئاستىدا ئۈنى ئىچىگە چۈشۈپ، قاراپ تۇرۇشتى.

نېمىلا دېگەن بىلەن بۇ يېڭى شەيئى ئۇلارنىڭ هەممىسىنى ئورتاق قىزىقتۇراتتى. يىراقتا- ئېتىزلىقتا ئىشلەۋاتقانلار بارابان، سۇنايىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئالدىراپ- تېنەپ يۈگرۈشۈپ كېلىشەتتى. بالىلار بولسا ئەڭ قىزىق ئويۇنلىرىدىنمۇ ۋاز كېچىپ سەپنىڭ ئارقىسىدىن خېلى يىراقلارغىچە چېپىشاتتى.

ئۇلار ئۆگۈرۈق يېزىدىن چىققاندىن كېيىن ناخشىنى توختاتتى. قۇمسېغىغا يېقىنلاشقانسېرى شورلۇق تۇپراق تەدرىجىي ياخشىلىنىپ، قومۇشلار ئورنىغا يانتاق ئۈنگەن دالا باشلىناتتى. بۇ يەردىن ئارقىغا، غەربىي شىمال تەرەپلەرگە باققاندا بىر تۈتاش يېشىللىق بولۇپ كۆرۈنۈدۇغان ئاتۇش يېزىلىرى ئۈستىدىن ئاتۇش تېغى ھەرە چىشىدەك كۆرىنەتتى.

— ئەمدى قۇمسېغىغا بارغىچە بىر ئاز ئىختىيارى مېڭىڭلار، — دېدى تەۋپىق.

ئۇلار ئوگرۈق بىلەن قۇمسېغى ئارىلىقىدىكى ئوچۇقچىلىقتىن ئۆتكىچە ئىختىيارى مېڭىشتى. قۇمسېغىغا يېقىنلاشقاندا يەنە جەڭگىۋار سەپ تۈزۈلدى. «ئىزچىلار مارشى» ئوقۇلدى. ئاتۇشنىڭ ئەڭ شەرقتىكى بۇ خىلۋەت يېزىسى ئەسىرلەردىن بۇيان تۇنجى قېتىم كۆرۈپ تۇرغان بۇ مۆجىزىگە قىزىقماقتا ئىدى. قېرى تۇپراق بۇ يولدىن ئۆتكەن سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئارمىيىسىنىڭ ھەيۋەتلىك سېپىنى ئەسلىدى، بەلكىم[1]. خەلق تويى كوچىلارنىڭ ئىككى تەرىپىگە تىزىلىشىپ، گويا بۇ سەپنى قارشى ئېلىۋاتقاندەك ۋە ئۇزۇتۇپ قويۇۋاتقاندەك ئالقىش ياڭرىتاتتى.

ئۇلار قۇمسېغى يېزىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى بىلەن قۇمالتاغ تەرەپكە قايرىلدى. قۇمالتاغ تەدرىجىي تۆۋەنلەپ، مۇشۇ يەرگە كەلگەندە كىچىككىنە تۆپىلىككە ئايلىناتتى ۋە شەرققە قاراپ تېخىمۇ تۆۋەنلەپ، گويا چاقماق دەرياسى بىلەن قىران دەرياسىنىڭ لاتقا تۈزلەڭلىكىگە چۆكۈپ غايىپ بولاتتى.

تاغنىڭ جەنۇب تەرىپىگە ئۆتىدىغان يول تۆپىلىكتىن جەنۇبىي يانباغرىغا تۆۋەنلىگەندىن كېيىن يەنە بىر ھازا تۈزلەڭ ساي بىلەن

---

[1] قۇمسېغى يېزىسىدا قۇمالتاغ ئاخىرلىشىپ، چاقماق دەرياسىنىڭ لاتقا تۈزلەڭلىكى (بەشكېرەم يېزىسىنىڭ شەرقى) بىلەن قىران دەرياسىنىڭ لاتقا تۈزلەڭلىكى بىرلىشىپ، كەڭ تۈزلەڭلىك ھاسىل قىلىدۇ. تارىختىكى ئىككىنچى قېتىملىق قەشقەر مۇشۇ تۈزلەڭلىكتە بولغان. يېقىن دوستلىرىم بىلەن قەدىمقى شەھەر ئىزلىرىنى تۆرت قېتىم ئايلىنىپ چىققانىدىم. — ئا.

مىڭىشتى. بۇ بىر غايەت زور «پەللەمپەي» ئىدى. تۈزلەڭ ساي يولى بىر نەچچە يۈز مېتىر كېلەتتى، ئاندىن يەنە بىر «پەللەمپەي»دىن چۈشۈشكە توغرا كېلەتتى. بىرى تاغنىڭ جەنۇبي ئېتىكىنى بويلاپ غەربىي جەنۇب يۆنىلىشىدە بەشكېرەم تەرەپكە، يەنە بىرى جەنۇبقا كەتكەن يولنىڭ يېنىدا (ئاچالدىن بەش يۈز مېتىرچە يىراقلىقتا) قەدىمقى قۇرۇلۇش ــ بەلگە مۇنارىسى ۋە «تۇر» ئېگىز- پەس ئىدىر-تۆپىلىكلەر ئارقىسىدىن چوقچىيىپ چىقىپ تۇراتتى.

ئوقۇغۇچىلار قۇمالتاغنىڭ جەنۇبي ئېتىكىنى بويلاپ غەربىي-جەنۇبقا قاراپ مىڭىشتى. ئۇلار «تۇر» يېنىغا كەلگەندە مەمتىلى ئەپەندى ئوقۇغۇچىلارنى توختۇتۇپ، قارا خۇرۇم سومكىسىدىن بىر دەستە لاتا قەغەز ئېلىپ ئوقۇغۇچىلارغا بىر ۋاراقتىن تارقىتىپ بەردى. ئۇ بۇ قەغەزلەرنى كۇۋادىرات شەكلىدە كېسىپ تەييارلاپ قويغانىدى.

ــ «تۇر»نى كۆرۈپ باققاچ دەم ئالايلى. ئولتۇرغاندا ئاستىڭلارغا قەغەز سېلىپ ئولتۇرۇڭلار، كىيىمىڭلارنى كىر قىلىپ قويماڭلار كېيىن يەنە قەغەزنى قاتلاپ ئېلىۋېلىڭلار، دەم ئالغاندا ئىشلىتىسىلەر، ــ دېدى.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئۇستازىغا ئەگىشىپ «تۇر» نىڭ يېنىغا بېرىشتى. مۇنارىنىڭ ئاستى چاسا تام بولۇپ پەللەمپەي شەكلىدە كىچىكلەپ مەلۇم ئېگىزلىككە يەتكەندىن كېيىن ئۈستى يۇملاق ئېتىلگەن، ئىچى مورىغا ئوخشاش كاۋاك، قاچاندۇر كىشىلەر ئوت قالىغاندەك ئىستىن قارىيىپ تۇراتتى. مۇنارىنىڭ غەربىي- شىمال تەرىپىدە تەخمىنەن 50 قەدەم نېرىدا «تۇر» بارىدى. بۇ بىر چاسا سۇپا بولۇپ، تەرەپلىرىنىڭ ئۇزۇنلىقى 20 مېتىر كېلەتتى. ئۇزۇن يىللار جەريانىدا بوران ۋە يامغۇرنىڭ يالىشى بىلەن بۇ ئىككى قۇرۇلۇشنىڭ تام يۈزى سىلىقلىشىپ كەتكەنىدى.

ــ ئەپەندى، بۇ نېمە؟ ــ دەپ سوراشتى ئوقۇغۇچىلار.

ــ بۇ مىڭ يىلنى باشتىن كەچۈرگەن قۇرۇلۇش بولۇشى مۇمكىن، بەلكىم قاراخانىلار سۇلالىسىگە خاس بولسا كېرەك. بۇ يەردىكى يەرلىكلەر بۇنى «مۇرتۇم» دەپ ئاتىشىدىكەن. بۇ كېيىن قويۇلغان ئىسىم بولسا

كىرەك، «مورا»، «تام» دېگەن ئىككى سۆزنىڭ قوشۇلمىسىدەك تۇرىدۇ. بۇ قۇرۇلۇش خېلى يىراق جايلاردىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئۈستىدىن قارىغاندىمۇ خېلى يىراق جايلارنى كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ مۇھىم ئۆتكەلگە جايلاشقان بولغاچقا ھەربىي ئىشلاردا خەۋەرلىشىش، بەلگە بېرىش ئىشلىرىغا ئىشلىتىلگەن. تېخىمۇ ئېنىقراق تەپسىلاتىنى ھەر بىرىڭلارنىڭ ئىچىدىن كەلگۈسىدە ياخشى ئوقۇپ ئارخېئولوگلار يېتىشىپ چىقسا شۇلار تەكشۈرۈپ ئېنىقلايدۇ، — دېدى تەۋىق مېھرىبان ئاتىلارنىڭ كۆزى بىلەن ھەربىر ئوقۇغۇچىسىنىڭ كۆزىگە ئۈمىدلىك بېقىپ، — ۋەتىنىمىز خۇددى ئېچىلمىغان بوز يەرگە ئوخشايدۇ چەتئەللىك تەكشۈرگۈچىلەر ئارقا-ئارقىدىن كېلىپ بىزنىڭ مەدەنىي مىراسلىرىمىزنى تەكشۈرۈشكە كىرىشتى. قولىغا چىقىدىغىنىنى ئېلىپ كەتتى. بىزنىڭ خەلقىمىز نادان، ساۋاتسىز بولغاچقا بۇ نەرسىلەرنىڭ قانچىلىك قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. ئۆزىمىزدە تەتقىقاتچىلار بولمىغاچقا چەتئەللىكلەر بىزنىڭ نەرسىلىرىمىزنى بىزدىن ياخشىراق بىلىدۇ. مۇشۇ قۇرۇلۇشنى ئېلىپ ئېيتساق ئەگەر بۇنى تەتقىق قىلىدىغان بولسا قايسى زامانغا تەئەللۇق ئىكەنلىكى ئېنىقلىنىپلا قالماي، شۇ دەۋرنىڭ بىر مۇنچە ئادەتلىرىنى ئىجتىمائىي ئەھۋاللىرىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. لېكىن بىزنىڭ خەلقىمىز بولسا بۇنى بىر ئەسكى تامدىن باشقا نەرسە ئەمەس دەپلا ئويلايدۇ. شۇڭا ئەگەر بىرەر چەتئەللىكنىڭ بۇ يەردە قېزىش ئىشلىرى ئېلىپ بېرىۋاتقىنىنى كۆرسىمۇ بۇنى قوغداشنى ئويلىمايدۇ، ئەكسىچە ئازراق پۇلغا يالىنىپ بۇنى قىزىشىپ بېرىدۇ. بۇنى شۇنداقمۇ چۈشەندۈرۈش مۇمكىنكى بىر يارماقا يالىنىپ، خەق ئۈچۈن بىر جاڭ ئالتۇن تېپىپ بېرىدۇ. خۇلاسە كالام: بىر مىللەتتە زىيالىلار قوشۇنىنىڭ بولماسلىقى بەختسىزلىك!

ئوقۇغۇچىلار بۇ ئەسكى تامدا مۇنچىلىك خاسىيەتنىڭ بولۇدۇغانلىقىنى ئاڭلاپ ھەيران قېلىشتى. سابىت بالىلارنىڭ ئارقىسىدىن تۇرۇپ گەپكە قۇلاق سالاتتى. ئابدۇراخمان، مەھەممەد قارىلار، ئەمەت مەخسۇم، ئابلىمىت قارى، ئابدۇغوپۇر، سەيپىددىنلار ئالدىدا

تۇرۇشاتتى.

ــ دادامنىڭ ئېيتىشىچە قۇمالتاغنىڭ تۇمشىقىدىن ئۇدۇل كۈن چىقىش تەرەپكە ماڭغاندا جاڭگال ئىچىدە «خان سۇپىسى» دەپ ئاتالغان چاسا سۇپا باركەن. سۇپىنىڭ تۆرت بۇرجىكىدە تۆرت دانە يوغان تاش باركەن، تاش قارا رەڭلىك بولۇپ، بىر يۈزى قوشۇش بەلگىسى شەكلىدە سىزىلىپ تۆرتكە بۆلۈنگەن ئىكەن. ھەر بۆلىكىدە خەتكە ئوخشايدىغان بەلگىلەر بار ئىكەن[1]، ــ دېدى ئابدۇغوپۇر، ــ قارىغاندا ئۇمۇ خېلى مۇھىم نەرسە بولسا كېرەك؟

ــ شۇنداقمۇ؟ ــ دېدى تەۋپىق قىزىقىسىنىپ، ئۇنىڭدا شۇئان بىر پۇرسەت چىقىرىپ ئوقۇغۇچىلارنى ئېلىپ شۇ يەرلەرنى چارلاپ كېلىش پىكرى تۇغۇلغاندەك قىلاتتى.

ــ مەن دادامدىن «خان سۇپىسى» ھەققىدە بىر رىۋايەت ئۆگەنگەنىدىم،ــ دېدى ئابلىمىت قارى گەپ قوشۇپ،ــ ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق تاغىسىدىن ھوقۇق تارتىۋېلىپ، پادىشاھلىق تەختىگە چىققاندىن كېيىن ئاشۇ جاڭگالدا ــ ئۇ چاغلاردا بۇ يەر سۈيى مول، ناھايىتى گۈزەل، تۇپرىقى ساز، بوستانلىق ئىكەنمىش، ــ شەھەر سالدۇرۇپ، مەخسۇس ئەسكەر تۇرغۇزغانىكەن. ھەمدە خىل قوشۇنلىرىنى ماھارەت كۆرسۈتۈشكە سېلىپ، ئۆزى ۋەزىر- ۋۇزرالىرى بىلەن «خان سۇپىسى» غا چىقىپ تاماشا قىلغانىكەنمىش. بۇ يەردىكى شەھەر بىلەن ئاشۇ سۇپا پۈتۈپ تۈنجى مۇراسىم ئېچىلغاندا ئاشۇ سۇپىدا تۇرۇپ مەيدانغا توپلانغان خەلققە سۆز

---

[1] بىزنىڭ بۇ جەزىرىگە يۈرۈش قىلغان «ئىختىيارى ئارخىئولوگىيە ئۆمىكى»مىزنىڭ تۆرت قېتىملىق سەپىرى خان سۇپىسىنى تېپىش ۋە تاشنى ئېلىپ كېلىشنى مەقسەت قىلغانىدى. ۋاھالەنكى، يول باشلىغۇچى بولمىغاچقا ئىزىپ قېلىپ سۇپىنى تاپالمىدۇق. كېيىن مەن سۇپىنىڭ ئورنىنى قەشقەر رايونىنىڭ 1/1000ماسسىشتاپلىق (1958- يىللىق) خەرىتىدىن كۆردۈم ۋە ئازمايدىغان بولۇپ رەسمىي ئاتلانغان چېغىمىزدا تاشنى ئالLIكىملەرنىڭ ئېلىپ كەتكەنلىكى مەلۇم بولدى. بۇ 1984 -يىلى 5- ئايلاردا بولغان ئىش. مەرھۇم رىشات مۇسانىڭ ئەسلىشىچە 30- يىللاردا روسىيىلىكلەر تاشنى ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن ماشىنا ئېلىپ بارغان، بىراق ئۇ چاغلاردا بۇ يەر سازلىق بولغاچقا ماشىنىسى پېتىپ قېلىپ يېقىن بارالمىغان ئىكەن، ــ ئا.

قىلغانىكەن ھەم ئۆزىگە «سۇلتان زوھۇرىدىن»[①] دېگەن نامنى بەرگەنىكەن.

ــ بۇ رىۋايەتنى مەنمۇ ئاڭلىغان، ــ دېدى ئابدۇراخمان.

ــ شۇنداقمۇ؟ راست، بۇ گەپلەرنىڭ خېلى ئاساسىي بار. ئۇ يەرلەر قاراخانلار سۇلالىسىنىڭ پايتەختى بولغان قەشقەرنىڭ ئىككىنچى قېتىم يۆتكەلگەن ئورنى دەپ قارىلىۋاتىدۇ[②] .قىران دەرياسىنىڭ سۈيى تارتىلىپ كېتىپ، سۈيى مول بولغان چاقماق دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى بۇ تۇزلەڭلىككە كۆچكەن. كېيىن چاقماق دەرياسىنىڭ سۈيىمۇ ئازىيىپ، يۇقىرى ئېقىمىدىكى يۇرتلاردىن ئاشمايدىغان بولغاچقا، بۇ يەردىكى شەھەر ۋەيران بولۇشقا يۈز تۇتۇپ، قەشقەر ھازىرقى ئورنىغا كۆچۈرۈلگەن. دېمەك، يىگىتلەر، بىزنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرىمىز ناھايىتى كۆپ، ئاۋۋال كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇڭلار، ياخشى ئوقۇساڭلار چەتئەللەردە ئوقۇپ كېلىسىلەر، ئۇنىڭدىن كېيىن بىزنىڭمۇ ئۆز ئارخېئولوگلىرىمىز، ئالىملىرىمىز بولىدۇ،

ــ ئۇ ئوقۇغۇچىلارغا سەل قاراپ تۇرۇپ، ــ ئۇنداق بولسا سەپىرىمىزنى داۋاملاشتۇرساق قانداق؟ ــ دېدى.

ئوقۇغۇچىلار ھارۋا يولىغا چىقىپ، كوماندىنى كۈتۈپ تۇرمايلا ئىلگىرىكى سېپىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. گەرچە ئۇلار ئولتۇرۇپ دەم ئالمىغان بولسىمۇ ھاردۇقى چىقىپ يېنىكلىشىپ قالغانىدى. شۇڭا تېتىك، زەبەردەست قەدەملەر بىلەن مېڭىپ، «تاشاخۇمۇمنىڭ جاڭگىلى»نى بېسىپ ئۆتتى. جاڭگالدا قاچاندۇر بىر چاغلاردا ــ چاقماق دەرياسى تولۇپ ئاققىدىغان زامانلاردا سۇ ئاققان، ئەمدىلىكتە ئاندا ـ ساندا كەلكۈن سۈيىنىلا كۆرۈپ قالىدىغان قۇرۇق ئېقىنلار بەشكېرەم يېزىسىنى بىر نەچچە جايدا كېسىپ ئۆتۈپ، مۇشۇ بىپايان جاڭگالغا تارىلىپ كېتەتتى. ئۇ يەر ـ بۇ يەردە پاخماق يۇلغۇنلار كۆزگە چېلىقاتتى.

---

① دىننى مەيدانغا چىقارغۇچى، دىننى ئاشكارە قىلغۇچى سۇلتان ـ ئا.

② 1984 ـ يىللىرىدىكى كۆپ قېتىملىق خانئۆي كېزىشلىرىمىزدە قۇمسېغى يېزىسى بىلەن پەيزاۋاتنىڭ ئاقۇاش يېزىسى ئارىلىقىدىكى چۆللۈكتىن شەھەر سېپىللىرىنىڭ ئىزلىرىنى تاپقانىدۇق، ئۇ ھازىر خۇددى بىر دامبا (توسما قىر)غا ئوخشاپ قالغانىكەن، شۇنداقلا ھالقا شەكلىدە تۇتاشقان، نۇرغۇن جايلاردىن ساپال پارچىلىرىنى ئېلىپ كەتكەنىدۇق ــ ئا.

ئۇلار بەشكېرەمنىڭ قۇمباغ كەنتىگە يېقىنلاشقاندا يۇز-كۆزىدىكى سەپەر چاڭ- توزانلىرىنى يۇيۇشۇپ، قايتىدىن سەپكە تىزىلدى ۋە جەڭگىۋار ھالەتكە كەلدى. يەنە ئاۋۋالقىدەك جۇشقۇن، كۆتىرەڭگۈ روھ بىلەن پۈتنى چاڭ- چىڭ ئۇرۇپ، قەددىنى كېرىپ مېڭىشقا، ناخشىلارنى ياڭرىتىشقا باشلىدى. ناغرا- باراباں، سۇناي ۋە نەي ئاۋازلىرى بىلەن ناخشا ئاۋازلىرى بەشكېرەم ئاسمىنىنى چاڭ كەلتۈرىۋەتتى. بۇ قوشۇننى بۇ يەردىمۇ ئەر- ئايال قېرى- ياشلار كۈتۈۋالدى ۋە ئۇزۇتۇپ قالدى...

ئۇلار ئاشۇ جەڭگىۋار ھالىتىنى بۇزماي قۇمباغ، بىغىئېرىق، چۈگە، ئىشتىلا، ساپئېرىق، كوكاڭ كەنتلىرىنى كېسىپ ئۆتتى. دىگەر ۋاقتى بىلەن ھەزرەتكە يېتىپ كەلدى.

بۇ يەردە قەشقەردىن چىققان مەجىددىن ئەپەندى ۋە مەھمۇد سىجاڭ قېشىدىن كەلگەن ئىدرىس ۋە ئۇنىڭ ئاديۇتانتى قاتارلىق كىشىلەر بىلەن ئۇچراشتى. مەمتىلى ئەپەندى ئوقۇغۇچىلارنى دەم ئېلىپ تاماق يېيىشكە قويۇۋېتىپ، مەجىددىن ۋە مەھمۇد سىجاڭنىڭ ئوفتسېرلىرى بىلەن ئايرىم كۆرۈشتى.

مەجىددىن ئەپەندى تەۋپىق بىلەن سىغىنىش ھىسسىياتىدا بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن، ھاسىسىنى پىرقىرىتىپ تۇرۇپ سۆھبەتنى بۇزىدى.

— بۇ ئىككى ئەپەندى سىجاڭنىڭ ئالدىدىن كەپتۇ. سىجاڭ سىزنى قايتىپ كەتسۇن دەپتۇ.

— نېمىشقا؟ — سوردى تەۋپىق چۆچۈپ.

مەجىددىن ئەپەندى مۇرىسىنى قىستى.

— راستىنلا قايتىپ كەتسۇن دېدىمۇ؟— ئىدرىستىن سورىدى ئۇ.

— ھە، بىزنى شۇنىڭ ئۈچۈن ئەۋەتتى، —دېدى ئىدرىس ۋە مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئىشەنمىگەندەك قارىشىغا سەل ئاچچىقلىنىپ، — نېمە دەۋاتىسىز؟ مېنى بىلمەمسىز؟ مەن ئىشتاپ باشلىقى بولىمەن، سىجاڭنىڭ كۆز ھەم قۇلىقى. ئۇ ھەممە بۇيرۇقلىرىنى مەن ئارقىلىق يەتكۈزىدۇ، — دېدى ئىدرىس بىر خىل دوستانە بولمىغان پوزىتسىيە

بىلەن. ئۇ روسچە بىلىدىغان، ئازراق ساۋادى بولۇشى تۈپەيلى ئۆزىگە بەكلا تەمەننا قويۇدىغاندەك كۆرىنەتتى. ئۇ ئاقسۇدا مەھمۇد مۇھىتى 6- تۈمەنگە قوماندان قىلىپ بەلگىلىگىلەنگەن چاغدا مۇشاۋۇر رىبالكو بىلەن بىللە پەيدا بولغانىدى.

— ياق، بىز سىجاڭنىڭ ئۆزى بىلەن كۆرۈشمەي قويمايمىز. ئۇ بىزنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىمىزنى ئۇقمايدۇ. شۇڭا بەلكىم شۇنداق دېگەندۇ. ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۇقسا جەزمەن بىزنىڭ ئۆز بېشىمچىلىقىمىزنى كەچۈرىدۇ.

— نېمە؟ سىز سىجاڭنىڭ بۇيرۇقىنى بىر تىيىنگە ئالمامسىز؟ سىلەردەك ھەربىر ئەپەندىچاق غەلۋە- غوغا بىلەن بېرىپ ئاۋارە قىلىۋېرىدىغان كىچىك ئادەممۇ ئۇ؟! ھەقىقىي ئەھۋالنى يېزىپ بېرىڭ- دە، كېتىۋېرىڭ. بىز خەتنى يەتكۈزۈپ قويايلى.

مەمتىلى ئەپەندى جىلە بولۇپ ئېلىشىپ قالغۇدەك ھالغا كەلدى. ئۇ ھېچقاچان بۇنچىلىك جىددىيلەشمىگەنىدى. سىجاڭ بىلەن كۆرۈشۈش ئاخىرقى ئۈمىد بولۇپ، بۇ ئۈمىد يوققا چىقسا ھەممىسى تۈگۈشەتتى. ئۇنىڭ ئۇلۇغ پىلانلىرى بەرباد بولاتتى. ئەمدىلا پەيدا بولغان كىچىككىنە چىقىش يولى ئېتىلىپ، بۇ بەختسىز ئەلنىڭ كۆزى ئېچىلىشى يەنە بىر مۇنچە كېچىكەتتى. خەت، مەسىلىنى ھەل قىلالمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خەتنىڭ دېگەن جايغا تېگىشىگىمۇ ئىشەنچ قىلغىلى بولمايتتى. ئەگەر ئۆزى كۆرۈشەلىسىلا ئۇ سىجاڭنى تەسىرلەندۈرۈشكە، ئۇنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغاشقا ئىشەنچ قىلاتتى.

ئۇنىڭ كۆزلىرىدە تىكىلىپ قارىغۇچىلارنى جۈرئەتسىزلەندۈرۈۋېتىدىغان، بىھۆرمەتلىك قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان قىلىپ قويىدىغان ئۆزىگە خاس نۇر پەيدا بولدى. ئۇ ئاشۇ كۆز نۇرىنى ئىدرىسقا تىكىپ:

— ياق، ئەپەندى، خەت دېگەن بەرىبىر يېرىم دىدار، بىز پۈتۈن دىدار كۆرۈشمىسەك بولمايدۇ! — دېدى.

ئىدرىس روھسىزلانغاندەك بوشۇشۇپ، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئۆزىنى

قاچۇردى. شۇنداق بولىسىمۇ دەسلەپكى ھەيۋىسىنى بىردىنلا تۆۋەنلەتكۈسى كەلمىگەندەك، سۆزنىي ھەيۋە بىلەن:ــ مېڭىشىڭلارغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ، بۇ دېگەن سىجاڭنىڭ بۇيرۇقى! ــ دېدى ۋە ئالدىراۋاتقاندەك ئاسمانغا قاراپ، ۋاقىتنى مۆلچەرلەپ باقتى،ــ گەپ شۇ. بىز كەتتۇق، بىرىپ قالغۇچى بولسىڭىز خاپىلىق ئۆزىڭىزگە! ــ دېدى ۋە ئاتلىرى تەرەپكە كەتتى.

ــ بۇ ئىككىسى راستىنلا سىجاڭنىڭ بۇيرۇقىنى ئېلىپ كەلگەنلەرمۇ قانداق؟ ــ دېدى مەمتىلى ئەپەندى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ.

ــ بۇنىسى ماڭا قاراڭغۇ. ماۋۇ ئادەم سىجاڭنىڭ كونا ئادەملىرىدىن ئەمەس، ھەر ھالدا ئىككى تىللىق ئادەم... ھەي، بۇ ئادەملەرنى ... ــ دوختۇر چۈشۈنۈكسىز ھالدا غۇدۇڭشىدى ۋە قوشۇپ قويدى، ــ يېقىندا سىجاڭنىڭ كادىرلىرىدىن قۇربان نىياز، قۇربان سەئىدى، ئابدۇراخمانلار سوۋېتكە ئوقۇشقا چىقماقچىمىش...

ــ بۇ سىجاڭنىڭ ئويىمۇ ياكى ھۆكۈمەتنىڭمۇ؟

ــ ھېلىقى ساقاللىق ئورۇس مۇشاۋۇر تەكلىپ بەرگەن ئىش دەيدۇ، شىڭ دوبەننىڭ ئىشىمۇ، سوۋېتنىڭ ئىشىمۇ بىلىپ بولمايدۇ.

ــ شۇنداقمۇ؟... ــ تەۋپىق مۆلاھىزە قىلىۋاتقاندەك جىم بولۇپ كەتتى.

ــ سىز قانداق قىلماقچى بولۇۋاتىسىز؟ مېنىڭچە بىرەر خاپىلىق بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن...

ــ ياق، دوختۇر، ئارقامغا قايتىش يوق. مەن ئۇ يەردە جازاغا تارتىلسام، ھەتتا ئۆلتۈرۈلمىگە بۇيرۇلسامۇ مەيلى، ئارقامغا قايتسامۇ بەربىر ئۆلۈم، چۈنكى قىلىۋاتقان ئىشلىرىم ۋەيران بولۇپ، ئۇنى داۋام قىلىشنىڭ ئىمكانىيىتى بولمىسا ياشاشنىڭ ھېچ مەزىسى قالمايدۇ، مەنىۋى جەھەتتىن ئۆلگەن بولىمەن. ئۇنىڭدىن كۆرە ئالدىمغا قاراپ مېڭىپ نېمە كۆرسەم كۆرەي!ــ تەۋپىق قەتئىيلىك بىلەن شۇنداق دېدى ۋە دوختۇرغا، ــ بىز يەنە كۆرۈشىمىز، پارتىيىمىزنى شەھەردە داۋام قىلدۇرايلى، ھازىر تەلەبىلەر غىزالىنىپ بولدى، يولغا ئاتلىنىمىز.

www.uyghurkitap.com

— ئەمسە مەن ئالدىنراق ماڭغاچ تۇراي، دوستلىرىڭىزغا خەۋەر قىلىپ قويـاي، — دېـدى مەجـىددىن ئەپەنـدى ھاسىسـىـنى بىر پىرقىرىتىـپ قويۇپ، ئورنىدىن تۇرۇپ ئېتى تەرەپكە ماڭدى.

مەمتىلى ئەپەندى ئوقۇغۇچىلارنى سەپكە تىزىپ ھەزرەتتىن قەشقەرگە قـاراپ يولغـا چىقتـى. نـاغرا-سـۇناي، باراباـنلار يېڭىباشـتـىن ياڭراشـقا باشـلىدى. بۇ ئاجايىـپ قوشـۇن ھېچنـېمە كـۆرمىگەن سـاددا كىشـلەرنى ئۆيلىرىـدىن چىلـلاپ چىقىـپ تـاكى تۆشـۈك دەرۋازىسـى ئالـدىغىچە بولغـان يـول بـويلىرى تىقمـا-تىقمـا ئـادەمگە تولـدى. خەلـق تـوپى بـۇ كەم كۆرىلـىدىغان قوشـۇننى كـۆرۈپ، زادىـلا ئـاڭلاپ باقمىغـان ناخشـىلارنى ئـاڭلاپ، ياش باللارنىـڭ رەتلىـك، مەزمـۇت قەدەمـلىرى بىـلەن مېڭىشـىغا زوقلىنىشىپ:

— ئادەمنىڭ زوقى كەلگۈدەك باللىكەن، بۇ جۇما.

— خۇدا ئۆزى كۆرۈپ تۇرۇپتۇ، بۇ بىر مۆجىزە، — دېيىشەتتى.

ئەمما خۇددى ئاتۇشتىكىدەك، ماقۇللىمايدىغانلارمۇ ئاز ئەمەسىدى:

— خۇدايـا خـۇدا ۋەنـدەكىرىم، شـەيتاننىڭ ۋەسۋەسـىدىن خـالاس قىلغايسەن.

— مۇپتاخۇنۇم، بۇنىڭ ئۆزى شەيتاننىڭ نەغمىسى. جىنلارمۇ شۇنداق نەغمە- ناۋا بىلەن چارشەنبە ئاخشىمى سەپ تارتىپ ئۆتەرمىش.

— ناخشـا- سـازغا بېرىلگەن ئەل ئـاپەتكە يېقىن، ئـامەتتىن يىـراق. شۇڭا كونىلار دەيدۇ ئەمەسمۇ «بۇقىنى كـالام دېمەڭ، ئەلنەغمىچىنى بـالام» بولار زە...

— پەيغەمبەرىمىزنىڭ ھەدىسىمۇ: «بىرىڭلارنىڭ ئىچى شىئىر بىـلەن تولغاندىن كۆرە، يېرىڭ بىلەن تولغىنى تۈزۈكرەك» دېيىلگەن ئەمەسمۇ...— دېيىشەتتى.

ئۇلارنىڭ مۇلاھىزىلىرى ئۇستىگە تېخىمۇ ياڭراق، تېخىمۇ شاۋقۇنلۇق سۈرەن- چوقان ئاڭلاندى. خـالايىق بويـۇنلىرىنى سوزۇپ ئالـدى تەرەپكە قارىشىۋىدى ئۇ يەردە بىر يۈزچە ئاتلىق ئەسكەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالدى تەرىپىدە بولسا ھەربىي ئوركېستىرنىڭ ناغرا-كانىيى ياڭرىماقتىدى.

— مامۇت سىجاڭ قارشى ئالغىلى ئەسكەر چىقىرىپتۇ.
— ھازىر مامۇت سىجاڭنىڭ ئەسكەرلىرى ئوقۇغۇچىلارنى قوغلاپ كېتىۋاتىدۇ...

ئۇلار تەدرىجىي يىراقلاپ تۇمەن دەرياسىدىن ئۆتۈپ تۆشۈك دەرۋازىسى بىلەن شەھەرگە كىرىپ كەتتى. شەھەرنىڭ كوچىلىرى تېخىمۇ قىزىپ كەتتى. ئادەملەر توپىنى ئەسكەرلەرنىڭ ھەيۋىسى سەل پەسكارىغا چۈشۈرۈپ يول ئېچىپ كېتىۋاتاتتى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۈرەكلىرىدە بىر خىل ئوت دەرياسى ئېقىۋاتقاندەك ھاياجانلانغان، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ شۇنچىلىك دېققەتكە سازاۋەر ئىكەنلىكىنى بىلىشكىنىدە ئۇلاردىكى ھارغىنلىق تامام يوقالغان، پۈت- قوللىرىغا ماغدۇر كىرىپ قالغاندەك تېخىمۇ چىڭ دەسسەپ ماڭاتتى ۋە تېخىمۇ ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ ناخشا ئوقۇشاتتى.

ئۇلار مانا شۇ يۈسۈن ئۆستەڭ بويى كوچىسى بىلەن دېۋىزىيە ئىشتابى تۇرۇشلۇق قورغانغا يېتىپ كېلىشتى. «يۇمۇلاق شەھ» سېپىلىنىڭ دەرۋازىسىدىن تارتىپلا سانجاق- سانجاق ھەربىي ۋە ھەربىيلەرنىڭ ئائىلە- تاۋاباتلىرى ئىككى تەرەپتە تۇرۇشاتتى. ھەربىيلەرنىڭ ھۆرمەت قاراۋۇلى ئالدىدىن ئۆتكىنىدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۈرىكىدە تېخىمۇ زور خوشاللىق ئۇرغىدى. مەمتىلى ئەپەندى قايتىپ كېتىش ھەققىدىكى تەكلىپكە پەسەنت قىلمىغىنىدىن خوشال بولدى. ھەربىر ئوقۇغۇچىمۇ ئوخشىمىغان دەرىجىدە خوشاللاندى.

ئابدۇراخمان كۆڭلىدە بۇ ھاياتلىق مىنوتلىرىنىڭ ئىلھامى بىلەن شېئىر توقۇشقا ئۇرىناتتى. سابىتنىمۇ خىيالچان بېشىنى تۆۋەن قىلىپ، مۇشۇ ئاجايىپ سەپەرنى مىسرالارغا تىزماقچى بولاتتى. ھەمدە ئۇنى سۆيگۈنىگە قانداق قىلىپ چۈشۈنۈشلۈك قىلىپ سۆزلەپ بېرىشنى ئويلايتتى. ئۇنى تۇرۇپلا يادىغا يېتىپ قالىدىغان ئۆي، مىراس دەۋاسى قاتارلىق ئىچكى ئازاپلىرى ئىزىپ قويمىغاندا ئىدى، بۈگۈن بۇ خاراكتېرگە مۇناسىپ بولمىغان ھالدا قىيغىتىپ كەتكەن بولاتتى. مەھەممەد قارى مەشرەپنىڭ يۈرىكىدە توختىماستىن ساز چېلىش ياكى ئۇزاققىچە ئۇسسۇل ئويناپ قىيغىتىپ يۈرۈش ئىستىكى ياناتتى. مەھەممەد قارى زەكى بولسا

www.uyghurkitap.com

چىچەن كۆزلىرىنىڭ قۇيرىقىدا ئىككى تەرەپتىكى ئەسكەرلەرنىڭ ھەيۋەتلىك تۇرقىغا قاراپ، بۇ ئىشلارنىڭ قانداق نەتىجە بېرىدىغانلىقىنى خىيال قىلاتتى. سەييىددىن، ئەمەت مەخسۇم، ئابدىغۇپۇرلارنىڭ قەلبىدىمۇ تەسۋىرلىگۈسىز ئىللىق تۇيغۇلار جۇش ئۇراتتى...

ئوقۇغۇچىلار ئىشتاپنىڭ ھويلىسىدا ــ دۆۋىزىيە ئىشتابىنىڭ ئالدىدىكى سۇپىدا تۇرۇشقان ئوفىستېلارغا يۈزلىنىپ بىردەم مەش دەسسەپ شېئىر. ناخشا ئوقۇغاندىن كېيىن، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ياڭراق، ھەيۋەتلىك ئاۋازى ھەممە شاۋقۇننى بېسىپ چۈشكىدەك كۈچ بىلەن ياڭرىدى:

ــ تۇر!...

ناغرا. كاناي، بارابان. سۇنايلار، قەدەم تىۋىشى، ناخشا ساداسى ھەتتا ئەتراپتا تۇرۇشقان ئەسكەر ۋە پۇقرالارنىڭ شىۋىر. شىۋىرلىرى توختاپ، ئەتراپنى بىردىنلا سۈرلۈك جىم. جىتلىق باستى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ رەتلىك قاتارلىرى ئالدىدىكى سۇپا ئۈستىدە مەھمۇد مۇھىتى، رىبالكو، قۇربان سەئىدى، قۇربان نىياز، سەمتاجى، ئابدۇللاھ داموللا نەئىمى، سىجاڭنىڭ تىۋىپى باي ئىزىز، ئىشتاب باشلىقى ئىدرىس قاتارلىقلار تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا ئىيلاس باشچىلىقىدىكى مۇھاپىزەتچىلەر ۋىزۋودى تۇراتتى. ئۇلار ئوقۇغۇچىلارنى ئىنتايىن قىزغىن قارشى ئالدى، ئەسكەرلەر قىزغىن ئالقىش ياڭراتتى.

مەھمۇد مۇھىتى ئۈستى يېپىق سۇپىنىڭ ئالدىغا چىقىپ تۇرۇپ ھاياجان بىلەن سۆز باشلىدى:

ــ ئەي، ياش يىگىتلەر، ئەي ئوقۇغۇچىلار،ــ دېدى ئۇ قاتتىق ھاياجانلانغانلىقىدىن سۆزلىرىنى تاپقا چۈشۈرەلمەيۋاتقاندەك ساقاللىرىنى تىترىتىپ،ــ كەلگۈسىنىڭ مۇئەللىملىرى، سىلەر مىللىتىمىزنىڭ ئۈمىدى، ئىسلام دىنىمىزنىڭ ھامىلىرى، مەن سىلەرنى قارشى ئالىمەن!

ئەسكەرلەر ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ گۈلدۈراس ئالقىشلىرى ئۇنىڭ سۆزىنى ئۈزۈپ قويدى. ئوقۇغۇچىلار سېپىنىڭ ئالدىدا تۇرغان مەمتىلى ئەپەندى ئالقىشنىڭ باشلىغۇچىسى ئىدى.

— بىز ئوقۇماسلىقنىڭ زىيىنىنى كۆپ تارتتۇق، ئوقۇمىغان ئادەم كۆزى ئوچۇق قارىغۇ بىلەن ئوخشاش! — دەپ داۋام قىلدى مەھمۇد مۇھىتى جاراڭلىق، كۈچلۈك ئاۋازى بىلەن، — مانا، سىلەر مەكتەپ يۈزى كۆرگىنىڭلار ئۈچۈن كەپسىز، بىۋاش باللاردىن رەتلىك، تەرتىپلىك ئوقۇغۇچىغا ئايلىنىپسىلەر. بۇ ئوقۇشنىڭ خاسىيىتى بولماي نىمە؟ سىلەر شۇ تۇرقى يارامىلىق ئادەم بولۇپسىلەر. سىلەر ئەسكەر بولساڭلارمۇ ناھايىتى ياخشى ئەسكەر بولالايسىلەر، مۇئەللىم بولساڭلار بالا ئوقۇتالايسىلەر، ئەمەل تۇتساڭلار يۇرت سورىيالايسىلەر. ئوقۇمىغان ئادەمچۇ؟ ئىشقا يارىمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مەن سىلەرگە ئېھتىرام بىلدۈرىمەن سىلەرگە ئالقىش!

يەنە بىر ھازا تەنتەنە سادالىرى كۆتۈرۈلدى. گۈلدۈراس ئالقىشلار توختىغاندىن كېيىن مەمتىلى ئەپەندى سەھنىگە چىقتى. ئۇنىڭ نۇرلۇق كۆزلىرى بىر تەرەپتە ئولتۇرۇشقان ئوفىتسېرلارغا، مەيداندا رەتلىك تۇرۇشقان ئوقۇغۇچىلارغا، ئەتراپتىكى ئەسكەرلەرگە بىرمۇ- بىر تىكىلدى. نۇرلۇق يۈزىدە ھەم ھاياجانىنىڭ قىزىللىقى ھەم تەمكىنلىك تەبەسسۇمى بىلىنىپ تۇراتتى.

— ھۆرمەتلىك ئەمىرلەر، پۈتكۈل تۈمەندىكى[1] سۇبايلار[2]، ئەسكەلەر، ھەممىڭلارنىڭ تېنى ئېسەن بولغاي!— مەمتىلى ئەپەندى بىردەم سۈكۈتتىن كېيىن ناتىقلارغا خاس تەبئىي، تەمكىنلىك بىلەن، خاتىرجەم ئاھاڭدا داۋام قىلدى، — مەن ئالدى بىلەن گېنىرال مەھمۇد مۇھىتىغا ئۆزۈمنىڭ پائالىيەتلىرىدىن قىسقىچە دوكلات قىلىشىنى زۆرۈر ھېسابلايمەن، — ئۇنىڭ ئانچە چىڭ بولمىسىمۇ كىشىگە كۈچلۈك تۇيۇلىدىغان ئاۋازى دىۋىزىيە ئىشتابىنىڭ ھويلىسىدا ھەربىر بۇلۇڭلارغىچە بىر خىل سالماقتا بېرىپ يەتتى. ھەممە ئۇنىڭ تەسىرچان ئاۋازىغا جىم قۇلاق سالاتتى، — مەن ئىككى ئاي ئاۋۋال ئاتۇشتا مەكتەپ ھەيئىتى تەشكىللەپ دارىلمۇئەللىمىن ئاچتىم. 61 نەپەر تەلەبە قوبۇل قىلىپ

[1] تۈمەن — دىۋىزىيە، — ئا.
[2] سۇباي — تۈركچە subay ئوفىتسېر، — ئا.

ئوقۇتۇشقا كىرىشكەندىم. ئارقىدىن ئاتۇشتىكى 24 كەنتتە 24 مەكتەپ تەسىس قىلىش ئۈچۈن كەنتلەردە ئاتىلار ھەيئىتى تەشكىللەپ، بىر تەرەپتىن مەكتەپ قۇرۇلۇشى ئېلىپ بارغانىدىم. مىللەتنى ئويلايدىغان يۇرت مۆتىۋەرلىرى، خۇدا يولىدا ساۋابلىق ئۈچۈن مەكتەپ سېلىشنى خالايدىغان بايلارنىڭ قوللىشى بىلەن مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلۇشىمۇ باشلانغانىدى. بىر تەرەپتىن كەلگۈسىدە بۇ مەكتەپلەردە مۇئەللىملىك قىلىدىغانلار تەييارلىنىۋاتقانىدى. بىراق، بىر نەپسى ئۈچۈن ئەلنى سېتىشنى ھار ئالمايدىغان مۇتەئەسسىپ مۇناپىقلار نادان كىشىلەرنى ئالداپ قاقتى-سوقتى قىلىپ چۆنتەك توشقۇزۇپ كەلگەن قازى. ئەلەم دىگەنلەرگە ئوخشاش جاھىل سوپىلار مىللەتنىڭ ئويغىنىشىدىن، ئۆزلىرىنىڭ بازارسىز قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، بىزگە توسقۇنلۇق قىلىشقا باشلىدى. قاينام- تاشقىنلىقتا چۆمگەن ۋەزىيىتىمىزنى سوغۇق سۇ قۇيغاندەك سوۋۇتۇشقا ئۇرۇنماقتا. تەلەبىلەرگە تاش ئېتىپ سۈئىقەست ئويۇشتۇرسا، ئىش باشلىغان مەكتەپلەردە ئىش توختىدى، بۇ ھال بىزنىڭ يۈرىكىمىزنى ئېچىشتۇردۇ. بىز كەلگۈسى ئەۋلادلار ئالدىدا جاۋابكارىمىز، بۇ ھالەتكە قول قوشتۇرۇپ قاراپ تۇرالمايمىز! بىزگە ياردەم كېرەك!

ئېچىنىش تۈيغۇسىدا يانغان بارلىق كىشىلەر ئۈنچىقماستىن ئولتۇرۇشۇپ كەتتى. بۇ جىمىلىق كۆپچۈلۈكنىڭ يۈز بەرگەن بەختسىزلىكنى ناتىق بىلەن ئورتاقلىشىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرەتتى. مەمتىلى ئەپەندى تېخىمۇ تەبئىي يېقىملىق ئاۋازدا نۇتۇق ئاخىرىنى شېئىر بىلەن ئاخىرلاشتۇردى:

ئەي ئانا يەر، كۆزلىرىڭدە ئۈمىد پارلار ھەر زامان،
ئۈستۈڭدەدۇر گاھى تۇتۇق، گاھى روشەن كۆك ئاسمان.
ئۆتتى يىللار، ئۆتتى تارىخ، قوزغىلاڭلار بولدى كۆپ،
جەڭ چېلىشلار يالقۇنىدا چىقتى سانسىز قەھرىمان.
ئەي ئاناجان، پاك، مۇقەددەس سەندە بىزنىڭ جانىمىز،
سۆيگۈ مېھرىڭ ۋە سۈتۇڭدىن پۈتتى بىزنىڭ قانىمىز.

ئەل يوقالماي كەلدى سەندە، جاندا كۆكلەپ بەرق ئۇرۇپ،
بولدى ھەمدەم قايىنغان جەڭلەردە تىغ يارىمىز....
ئەمدى ئەلنىڭ بەختى كەلدى دەپ خوشال بولغانىدۇق،
شۇم نىيەتلەر چەيلىدى ئاچسا چېچەك ئارمانىمىز.
كۆپ زامان تارتتۇق نادانلىق دەردىنى ۋەيران بولۇپ،
ئەمدى ئاچساق يېڭى مەكتەپ توسالدى ئىلىم- ئىرپانىمىز.

مەمتىلى ئەپەندى شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىۋاتقاندا چوڭراق تىنىشتىن، بۇ يېقىملىق ئاۋازنىڭ ھاۋادىكى دولقۇنلىرىغا پۈتلىشىپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلىپ ئولتۇرۇشقان ئەسكەر ۋە ئوفىتسېرلار ئۇ توختىغان ھامان بىردىنلا توسمىنى بۇزغان كەلكۈندەك چىن كۆڭلىدىن ئۇرغىغان ئالقىش چاۋاكلىرىنى ياغدۇرىۋەتتى. ھەتتا بەزى جەڭچىلەر ۋە بەزى ئوقۇغۇچىلار كۆزلىرىگە ياش ئېلىشتى.

مەمتىلى ئەپەندى ئورنىدىن قوزغىلىشى ھامان ئەڭ ئاۋۋال مەھمۇد مۇھىتى ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا ئىككى قەدەم يېقىنلاپ كەلدى. بۇ چاغدا قالغان ئوفىتسېرلارمۇ ئورنىدىن تۇرۇشقانىدى. مەھمۇد مۇھىتى مەمتىلى ئەپەندىنىڭ قولىنى قوشقوللاپ سىقىپ بىر ھازاغىچە ئۇنىڭ ياراشقان كىچىك بۇرتىغا، ھاياجاندىن قىزارغان، تەبەسسۇم يېغىپ تۇرغان چېھرىگە، نۇرلۇق كۆزلىرىگە بىر ھازا تىكىلدى. ئۇنىڭ لەۋلىرى تارتىشىپ قېلىۋاتقاندەك غەلىتە ،مىدىرلاپ كەتتىيۇ، لېكىن گەپ قىلماستىن ئۇنىڭ قولىنى تۇتقانچە ئورۇندۇققا ئېلىپ كەلدى. مەمتىلى ئەپەندى باشقا ئەمەلدارلار بىلەنمۇ كۆرۈشتى. ئاندىن مەھمۇد مۇھىتى بىلەن ياندىشىپ ئولتۇرۇشتى. مەھمۇد مۇھىتى ئەنە شۇ چاغدىلا بۇغۇزىغا كەپلىشىۋالغان نەرسە نېرى كەتكەندەك مەمتىلى ئەپەندى تەرەپكە يوغان بەستىنى سىگايان قىلىپ، سېرىق ساقاللىرىنى ئۇنىڭ يۈزىگە تەككۈدەك يېقىن كېلىپ:

— سىزنى ھەر قېتىم كۆرسەم ئاكامنى كۆرگەندەك بولىمەن. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىمۇ مۇشۇنداق نۇر، سۆزلىرىدە ئاشۇنداق كۈچ بارىدى. كۆڭلۈم

سىزنى ئىسسىق كۆرۈپ قالدىغۇ... — دېدى ھاياجان بىلەن شىۋىرلاپ.

بۇ چاغدا سەيپىددىن بىلەن مەشرەپنىڭ ئىككى كىشىلىك ئويۇنى باشلىنىپ، مەشرەپ ئوتتۇرغا چىقىپ بولغانىدى. ئۇنىڭ بىر قولىدا دەپتەر- قېرىنداش، بىر قولىدا «ئىزچىلار كالتىكى» . ئۇ شوخ كۆزلىرىنى ئەتراپقا تىكىپ سەل ھودۇقۇش ھېس قىلدى. بۇ ئۇنىڭ بۇنچە كۆپ ئادەمنىڭ ئالدىدا تۇنجى قېتىم سەھنىگە چىقىشى بولغاچقا دەرمەھەل گېپىنى تاپالماي تەمتىرەپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزى ئۇستازىنىڭ تەبەسسۇم يېغىپ تۇرسىمۇ ئۆزىنىڭ بوشاڭلىقىغا نارازىلىقىنى ئىپادىلەپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ئۇچراشقاندا قوشۇمىسىنى تۈرۈپ دەرھال ئۆزىگە كەلدى. ئۇنىڭ تېڭىرقىشى ئۆزىگە بەك ئۇزاق بىلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، پەقەت بىر نەچچە سېكۇنتلا ۋاقىت كەتكەنىدى.

— خەلقىمىز ئەسىرلەردىن بۇيان نادانلىق ئىچىدە قۇللۇقتا ئۆتكەنىدى. قۇللۇق نادانلىقنى ئىلگىرى سۈرگەن بولسا، نادانلىق قۇللۇقنىڭ زېمىنى بولغانىدى. ئاخىرى بىز زۇلمەتنى يىمىرىپ، تاڭنى كۈتۈۋالىدىغان خاسىيەتلىك كۈنلەرگە ئۇلاشتۇق. زۇلمەتنى يورۇتىدىغان چىراق، جاھالەتنى قورقۇتىدىغان ياراق قولىمىزغا كەلدى. مەكتەپ- مانا شۇ چىراق، ئىلىم- مەرىپەت- ئەنە شۇ ياراقدى. بىز ئەسىرىي كۈلپەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بۇ ئەنگۈشتەرگە چىڭ ئېسىلدۇق. يۇرتىمىزغا يېڭىلىقنىڭ نۇرلىرى چېچىلىشقا باشلىدى. خەلق بىزنى قوللىدى. ھەر يەردە يېڭىچە ھەرىكەت، ھەر مەھەللىدە يېڭى مەكتەپ قۇرۇلۇشى باشلاندى.... بىز ئوقۇپ چىقىپ ئەنە شۇ مەكتەپلەردە ياش ئەۋلادلارغا بىلىم بېرىمىز، ئىرپان ئاتلىق تۇتىيا بىلەن خۇراپاتتىن كور بولغان كۆزلەرنى ئاچىمىز، يېڭىلىقتىن نۇرلار چاچىمىز... مانا، بىز ئاتلاندۇق! بىر قولىمىزدا ئەلەم- (مەشرەپ «ئىزچىلار كالتىكى»نى يۇقىرى كۆتەردى)، — بىر قولىمىزدا دەپتەر- قەلەم، — (يەنە بىر قولىدىكى دەپتەر - قەلەمنى يۇقىرى كۆتەردى)، — ئىلىم يولىغا قەدەم تاشلىدۇق، يېڭى يولدا يۈرۈش باشلىدۇق، يولىمىز پارلاق!...

ـ توختا، ئارقاداش![1]... ـ دەپ توۋلىدى قاتار ئىچىدىكى سەيپىددىن قولىنى كۆتۈرۈپ ۋە مەيدانغا چىقىپ كېلىۋېتىپ. ئۇنىڭ بۇنداق تۇيۇقسىز چىقىپ كېلىشىنى ھېچكىم ئويلاپ كۆرمىگەنىدى. ئەسكەرلەر بىلەن ئوفىتسېرلا'ر قاڭشارلىق بىلەن يىگىتكە ھەم ئەجەبلەنگەن ھەم ئۇيۇننى بۇزۇۋاتقىنى ئۈچۈن ئاچچىقى كەلگەن ھالدا قاراشتى. سەيپىددىن بىر قولىدا «ئىزچى كالتكى» بىر قولىدا دەپتەر. قەلەم تۇتقىنىچە مەزمۇت قەدەم بىلەن خۇددى تەربىيىلەنگەن ھەربىيلەردەك مېڭىپ سەھنىگە چىقتى. ئۇ مەشرەپكە بىر قاراپ قويۇپ، ـ سىنىڭ ئاۋالقى سۆزلىرىڭ راست، يۇرتىمىزغا يېڭىلىقنىڭ نۇرلىرى چېچىلىشقا، ياش ئەۋلادلارنىڭ كۆزلىرى ئېچىلىشقا باشلىغان، لېكىن ئاخىرقى سۆزلىرىڭگە قوشۇلمايمەن!

مەشرەپ تېڭىرقاپ نېمە قىلىشىنى بىلمەي قالغاندەك بىر چەتكە ئۆتۈپ، نېمە دەيسەنكىن ئاڭلاپ باقاي قېنى، دېگەندەك ساۋاقدىشىنىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇردى. ئۇنىڭ بۇنداق تۇرۇشى تەربىيە كۆرگەن ئارتىسلارنى ئەسلىتەتتى. سەيپىددىن كۆپچۈلۈككە بۇرۇلۇپ سۆز باشلىدى:

ـ راست، بىز ئۇلۇغ مۇساپىنى باشلىدۇق. ئىلىم- مەرىپەت، مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن باتۇر قەدەملەر تاشلىدۇق. پۈتۈن خەلق، ئاتا- ئانىلار ۋە بالىلارنىڭ ھەممىسى بىزنى قوللىدى. بىز مۇشۇنداق شانلىق قەدەملەر بىلەن ئىلگىرلەۋاتقاندا بىر قىسىم مۇتىئەسسىپلەر قويغا ئېتىلغان ئاچ قاشقىردەك بىزگە ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. بىزنى تىللاپ ئۇرماقتا. ھاقارەت قىلىپ يوللىرىمىزغا تاشلار ئاتماقتا. ھاياتىمىز خەۋپكە ئۇچرىماقتا. يولىمىز توسۇلۇپ قالغاندەكلا بولدى. ئۇلار بىزنى ئۆلتۈرۈشى، مەكتەپلىرىمىزگە ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈشى مۇمكىن. ئۆلسەك رازىمىزكى، يولىمىزدىن ھەرگىز يانمايمىز. شۇڭا بىزگە ياردەم كېرەك!

غەزىۋى قايناپ تېشىپ ئارانلا ئولتۇرغان مەھمۇد مۇھىتى

---

[1] ئارقاداش ـ تۈركچە ـ مەكتەپلەردە ساۋاقداش، باشقا ساھەلەردە يولداش، سەبداش قاتارلىق مەنىلەردە، ـ ئا.

سەيپىددىننىڭ سۆزى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە چاچراپ تۇرۇپ كەتتى ۋە:

— كىم ئۇ، سىلەرگە قەست قىلىپ يولۇڭلاردا پۇتلىشىۋاتقان؟! — دەپ ۋارقىرىدى.

سەيپىددىن تەمكىنلىك بىلەن، گويا بۇ ئويۇندا ئۈچىنچى بىر رول ئالغۇچى بىلەن سۆزلىشىۋاتقاندەك داۋام قىلدى:

— قازى- ئەلەم، باي- بېگىم باشلىق يوغان قورساقلار، يەڭدەك سەللە، ھارام تاماقلار! خەلقنىڭ قېنىنى شورايدىغان مۇشتۇمزورلار! ئۇلار بىزنى «دەھرى»، «كالتە قۇيرۇق»، دىنىمىزنىڭ بۇزغۇنچىلىرى دەۋاتىدۇ. بۇ گەپ بۆھتان! بىز دىنىمىزنى بۇزغىنىمىز يوق، بىز مۇقەددەس ئىسلام دىنىمىزنى قوغدايمىز. بىز پەيغەمبىرىمىزنىڭ «ھەممە ئەر- ئايال مۇسۇلمانلارغا ئىلىم تەلەپ قىلماقلىق پەرزدۇر» دېگەن ھەدىسىنى ئادا قىلىۋاتىمىز. خەلقىمىز غەپلەتتىن ئويغىنىشى كېرەك. نادانلىقتىن قۇتۇلۇپ ئالغا بېسىشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن مەكتەپ بولۇشى، ئىلىم ئوقۇشى كېرەك! بىز باشلىغان ئۇلۇغ ئىشىمىزدا توسقۇنلۇققا ئۇچراۋاتىمىز. بىزگە ياردەم كېرەك! ئاتىمىز مامۇت سىجاڭنىڭ بىزنى قوللىشىنى، بىزگە ياردەم قىلىشىنى، بىزنىڭ غالىبىيەت بىلەن ئالغا بېسىشىمىزغا مەدەت بېرىشىنى ئىلتىماس قىلىمىز...

كۆپچۈلۈك تېخىمۇ ھاياجانلىنىشقا باشلىدى. شىۋىر- شىۋىر ئاۋازلاردا غۇلغۇلا باشلىنىپ كەتتى. ھەممە كىشى بۇنداق ياخشى ئىشنىڭ توسۇلۇپ قالغانلىقىغا ئاچچىقى كېلىۋاتقاندەك ئىپادىدە بولدى. ئۇلارنىڭ گۇدۇڭلىشى سەيپىددىن بىلەن مەشرەپنىڭ ئاۋازى ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالغاندەك جىمىپ قالدى. ئۇلار تەۋپىق ئۈگەتكەن مۇنۇ شېئىرنى دېكلاماتسىيە قىلدى:

ۋەتەن ئۈچۈن تەرەققىيات ئىستەيمىز،
ئارزۇيىمىز: راۋاجلانسۇن مائارىپ.
جاننى پىدا قىلدۇق ئەزىز خەلقىمگە،
بىزنىڭ يۈرەك زالىملارغا مۇخالىپ.

www.uyghurkitap.com

بولسا دەيمىز بىزدە ھوقۇق، ئادالەت،
بولسا بەربات خۇراپاتلىق، جاھالەت.
شۇنىڭ ئۈچۈن ياشىسۇن بۇ ئىنقىلاپ،
زاۋال تاپسۇن ئىناقسىزلىق، ئىختىلاپ.
پورەكلىسۇن گۈزەل باھار گۈللىرى،
شوخ سايرىسۇن يۇرتىمىز بۇلبۇللىرى.
ئىقبال ئۈچۈن بولايلى بىز ئىتتىپاق،
جىلۋىلەنسۇن مەرىپەتنىڭ نۇرلىرى.

سەيپىددىن بىلەن مەشرەپلەر دىكلاماتسىيە قىلىشتىن توختىغان ھامان مەھمۇد مۇھىتى يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇ ئۆرە تۇرغىنىچە مەمتىلى ئەپەندىگە:

— ئۆلىمالارغا ھەرگىز يول بەرمەڭلار! مەن بىر پارچە خەت يېزىپ بېرەي، كېيىن سىزگە ئىككى نەپەر قوراللىق ئەسكەر بېرەي. ئەگەر يەنە قارشىلىق قىلىدىغانلار بولسا باغلاپ ماڭا ئەۋەتىپ بېرىڭلار. مەن بار ئىكەنمەن، سىلەرنىڭ مەكتەپ ئىچىشىڭلارغا ھېچكىم توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ! — دېدى. ئۇنىڭ ئاۋازى ناھايىتى جاراڭلىق، غەزەپلىك بولۇپ، بىر ئاز تىترەڭگۈ ئىدى. ئۇنىڭ شۇ سۆزى بىلەنلا پۈتۈن مەيداندا يەنە بىر قېتىم گۈلدۈراس ئالقىش ياڭراپ كەتتى. ئوقۇغۇچىلار قوللىرىدىكى «ئىزچىلار كالتىكى»نى، ئەسكەرلەر قوللىرىدىكى قورالنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ تەنتەنە قىلىشتى.

شۇ چاغدا ئوقۇغۇچىلار توپىدىن ئابدۇراخمان چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ چىچەك ئىزى بار، دانىخورەك باسقان يۈزى قىزىرىپ كەتكەن بولسىمۇ گۆگۈمغا پېتىۋاتقان مەھەلدە كۆرۈنمىدى، ئىچكى ھاياجاندىن تىترەپ تۇرىۋاتقان بولسىمۇ، ھەممە ئادەم ھاياجانلىنىۋاتقان سورۇندا بىلىنمىدى. ئۇ سەھنىدە ئاۋۋال ساۋاقداشلىرىغا، ئاندىن ئەسكەرلەرگە قاراپ قويۇپ، باياتىن بېرى كۆڭلىدە پىششىقلاپ تۇرغان شېئىرىنى شائىرانە دىكلاماتسىيە قىلىشقا باشلىدى:

www.uyghurkitap.com

بىھەمدۇللاھ [1] بۇ مەكتەپ ئاچىلىبان گۈلئۈزار بولدى،
زوھۇر [2] ئەيلەپ قوياشتەك نۇرىن، مىللەت ئاشكار بولدى.
بۇ مىللەت باشىغا چۈشكەن ئىدى شىددەت قارا كۈنلەر،
تۈپەيلىڭدىن سىنىڭكى، ئەي، زەھى [3] خۇش زوزىگار بولدى.
بۈگۈن سەن ئۆلكە باغىدا ئېچىلغان لالە گۈل مەھمۇد[4].
ئۇلۇغ نام ـ شۆھرىتىڭ بىرلەن كۆڭۈللەر شادى بار بولدى

ئابدۇراخمان سەل ـ پەل تىنىۋېلىپ ھەمدە شۇ پۇرسەتتە ئەتراپقا بىر كۆز يۈگۈرتۈپ، مۇخەممەسنى داۋام قىلدى:

خالىقا ھەمد بولسۇنكى، ئەدەمدىن [5] ئەيلىدى مەۋجۇد،
بەنى ئادەم ياراتىپ ھەم شېپى [6] قىلدى ئۇنى ماھمۇد[7].
تەكەببۇر ئەيلىدى شەيتان خۇدا دەرگاھىدىن مەردۇد[8].
بەرىسى ئۆزگە ئەردى، مۇھەممەد مۇستاپا مەخسۇد[9]،
چىقتى تۇرپاندىن، مۇھەممەت ئۇمەتىدىن ئوشۇل مەھمۇد[10].
........................................

[1] ئاللاھقا شۈكرى، ـــ ئا.
[2] ئاشكارە بولماق، مەيدانغا چىقماق، ـــ ئا.
[3] زەپ ياخشى، گۈزەل، ـــ ئا.
[4] مەھمۇد مۇھىتى كۆزدە تۇتۇلغان، ـــ ئا.
[5] ئەدەم ـــ يوقلۇق، ـــ ئا.
[6] شېپى ـــ شاپائەت قىلغۇچى، ـــ ئا.
[7] ماھمۇد ـــ ھەمد ئېيتىلغۇچى، ماختالغۇچى (ئاللاھ)، ـــ ئا.
[8] مەردۇد ـــ قوغلاندى قىلىنماق، ـــ ئا.
[9] مەخسۇد ـــ مەخسەد، ئەگەر ئەي مۇھەممەد، سېنى دېمىگەندە ئىنسانلارنى ياراتمايتىم، (ئەسلى مەخسەت سېنى يارىتىش ئىدى) دېگەن توقۇلما «ھەدىس قۇددۇسى» كۆزدە تۇتۇلسا كېرەك، ئەمما بۇنداق بىر ھەدىسنىڭ بولغىنى يالغان. ـــ ئا.
[10] ئابدۇراخمان شائىرنىڭ مەھمۇد مۇھىتنى مەدھىلەيدىغان ئككى پارچە شېئىرى (كېيىنكىسىنىڭ پەقەت باش قىسمى)لا تېپىلدى. ئۇنىڭ تولۇق دىۋانلىرى (قوليازما) بارلىقى مەلۇم، ئەمما مۇئەللىپ بۇلارنى تاپالمىدى، ـــ ئا.

بۇ قىتىم گۈلدۇراس ئالقىشلار تېخىمۇ قاتتىق، تېخىمۇ ئۇزاق داۋام قىلدى. تەۋپىقنىڭ ئۆزىمۇ بۇ يىگىتتىن كۆڭلى سۆيۈنۈپ چاۋاك چېلىۋەتتى.

— بۇ شائىر كىم؟ ئىسمى نېمە؟ — دەپ سورىدى مەھمۇد مۇھىتى تەۋپىقتىن پەس ئاۋازدا، گۈلدۇراس ئالقىشلار داۋام قىلىۋاتقان ئارىلىقتا.

— بۇ ئابدۇراخمان شائىر، — دېدى تەۋپىق دىلى سۆيۈنگەن هالدا، ئۇ سۆزنى دەۋاتقاندا ئابدۇرخماننىڭ ئىسمىغا «شائىر» دېگەن نامنىڭ مەڭگۈلۈك لەقەم بولۇپ، قوشۇلۇپ سىڭىپ قالغاندىغانلىقىنى ئويلىمىغاندى.

ئۇزاقتا سوزۇلغان چاۋاك ۋە قىقاسلاردىن كېيىن ئوقۇغۇچىلار يەنە «ئىزچىلار مارشى»نى باشلىۋەتتى ۋە سەيپىددىننىڭ كوماندىسىدا مەيدان بويلاپ مەش دەسسەش ماهارىتىنى كۆرسۈتۈشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ گاھ تۆتتىن ئۇزۇن سەپ بولۇپ، گاھ چاسا سەپ بولۇپ، مەيدان بويلاپ ئايلىنىشى، يېيىلىپ، يىغىلىپ، شۇنچە رەتلىك، شۇنچە چاققان مىڭىشلىرى ۋە رىتىملىك مەش دەسسەشلىرى ھەممەيلەننىڭ زوقىنى كەلتۈردى. ئۇلارنىڭ ھەربىكەتلىرى مەخسۇس تەربىيىلەنگەن ھۆرمەت قاراۋۇللىرىدىن قېلىشمايتتى. مەھمۇد مۇھىتى تېخىمۇ سۆيۈنگەن بولۇپ، ئۇ ھەربىي قوماندانغا خاس نەزەر بىلەن ئۇلارنىڭ تولىمۇ يارامىلىق، ئاتلىق قوشۇن بولالايدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلدى. ھەم ئاللىقانداق ئۈمىد بىلەن كۆڭلى پاللىدە يورۇپ، شادلىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇ باللارغا مۇھەببىتى ئېشىپ، كاتىۋى ئابلا داموللا نەئىمنى يېنىغا چاقىرىپ:

— سىز مەمتىلى ئەپەندىگە بىر پارچە خەت يېزىپ بېرىڭ، مېنىڭ نامىمدا ئاتۇشتىكى جىمى يۇرت كاتتىلىرى ۋە پۇقرالارغا بۇيرۇڭ، بۇ ئىشقا توسقۇنلۇق قىلىدىغان كىشى مەيلى قايسى مازايى- ماشايىخ بولسىمۇ كەچۈرمەيمەن. شۇنداق كەسكىن يېزىڭ. دەرھال بېجىرىڭ، — دېدى ئۇ تېخىچە غەزىپى بېسىلمىغاندەك كالتا ساقىلىنى تىترىتىپ، چىڭ- چىڭ سۆزلەپ.

www.uyghurkitap.com

تۇنجى يۇلتۇزلار ئاسمان سەتھىنى بىزەشكە باشلىغاندا مەش ئۆيۈنى ئاياقلاشتى. مەھمۇد مۇھىتى يەنە ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ئەمدى بىر گېنېرالدىن مېھرىبان ئاتىغا ئايلىنىپ قالغاندەك مۇلايىم ئاۋازدا كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

— ئەمدى دەم ئېلىڭلار، باللىرىم، بىر- ئىككى كۈن مېھمان بولۇپ قايتىڭلار. ئەمدى سىلەرگە ھېچكىم كاشىلا قىلالمايدۇ، — دېدى. ئاندىن باللار ئارىسىدىن سەيپىددىن، مەشرەپلەرنى ئالاھىدە ئىزدەپ تېپىپ ئەركىلەتتى، ماختىدى، — شائىر ئوغلۇم، — دېدى ئۇ ئابدۇراخماننىڭ مۈرىسىگە قېقىپ، — ياخشى ئوقۇڭلار، باللىرىم، ھەممىڭلار تىرىشىڭلار...

دوكلات يىغىنى ئاياقلاشتى. ئوقۇغۇچىلار «يۇمىلاق شە» ئىچىدىكى بىر نەچچە ئېغىز ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇ يەردىمۇ كادىرلارنىڭ بالا- چاقىلىرى ئۈچۈن بىر مەكتەپ قۇرۇلىۋاتاتتى.

ئۇلار ئورۇنلاشقان ياتاق ئوفىتسېر ۋە ئەسكەرلەر بىلەن تولۇپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوقۇغۇچىلارغا تىلەكداشلىق بىلدۈرەتتى. ئوقۇغۇچىلار ئەمدى كۆڭلىدىكى دەككە- دۈككىدىن تامام خالاس بولۇپ، ئوقۇ- ئوقۇتۇش ئىشلىرىنىڭ توسالغۇسىز داۋام قىلىشىغا ئىشەنچ ھاسىل قىلغانىدى. شۇڭا ئۇلار ئەسكەرلەر بىلەن خۇشال چىقىشىپ، ناخشا- ساز، كۈلكە پاراڭلار بىلەن يېرىم كېچىگىچە ئولتۇرۇشتى.

بۇ چاغدا مەمتىلى ئەپەندى مەھمۇد مۇھىتىنىڭ ياتىقىدا ئايرىم پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشاتتى. مەھمۇد مۇھىتى مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئاقارتىش پائالىيىتىنى قوللاش يۈزىسىدىن ئۇنىڭغا 40 مىڭ سەر كۈمۈش پۇل ئىئانە قىلدى. ئۇ تەۋپىققە مېھرىبانلىق بىلەن:

— سىزنىڭ ھاياتىڭىز بىز ئۈچۈن تولىمۇ قىممەتلىك، بىز ھەمىشە قىممەتلىك ئادەملەر ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىنلا ئاززۇسىنى يەيمىز، تىرىكلىكىدە كارىمىز يوق. مەن سىزنىڭ روھ ۋە جىسمىڭىزدا ئاكامنى كۆرىمەن، ئابدۇخالىقنىڭ جاسۇرەتلىك يۈرىكى سىزگە كۆچكەندەك ھېس قىلىمەن. سىز مېنىڭ ئويلىغىنىمدىنمۇ بۈيۈك ئىشلارنى قىلالايدىغان

ئادەم ئىكەنلىكىڭىزگە كۆزۈم يەتتى. سىزنى ئاياش كېرەك. مەن سىزگە ئىككى ئەسكەر بېرەي، ئەتە كۆرۈپ بېقىڭ. ئون ئادەمگە تېتىيدىغان يىگىتلەردىن بېرىمەن. ئىشەنچىلىكراق بولۇشى ئۈچۈن ئۇزۇن سىنالغان ماڭا ئەگىشىپ تۇرپاندىن كەلگەن يىگىتلەردىن بېرىمەن، — ئۇ شۇنداق دەۋېتىپ تەۋپىقنىڭ قولىنى ئاغرىتىپ تۇرۇپ سىقتى، ئاندىن بىردىنلا ئېسىگە ئېلىپ، — ھوي، راست، بۇ جەڭچىلەر سىزگە يوچۇن ئەمەس، يېڭىسازلاردا تونۇشقان تونۇشلىرىڭىز ئېسىڭىزدىمۇ؟ نىمىتۇللاھ بىلەن مەڭلىكاخۇن ئىككىسىنى بەرمەكچىمەن، قانداق؟— دېدى.

بۇ گەپ بىلەن تەۋپىقنىڭ يادىغا ئابدۇنىيازمۇ كەلدى. ئۇ بۇ قابىل ئوفتسىرنى سۈرۈشتۈرۈپ باقماقچى بولغان بولسىمۇ مەھمۇد مۇھىتى كۆرسىتۇۋاتقان مېھرىبانلىق ئۇنى تۇنجۇقتۇرۇپ قويغاندەك گەپ قىلالمىدى. ئۇنىڭدا شۇتاپ مۇشۇ بەستلىك كىشىنى قۇچاقلىۋېلىش ئىستىكى ھۆكۈم سۈرمەكتىدى. شۇ چاغدا ئۇ بىردىنلا ئىدرىسنىڭ ئۇلارنى قايتىپ كېتىشكە دەۋەت قىلغانلىقىنى، بۇنى سىجاڭنىڭ بۇيرۇقى دەپ پوپوزا قىلغانلىقىنى، ئەمدىلىكتە سىجاڭنىڭ شۇنچە قىزغىن كۈتۈۋالغانلىقىنى، ئۇيلاپ بۇ ئارىدا جەزمەن دۈشمەننىڭ ئۇيۇنى بولۇشى مۇمكىن. دېگەن قاراشقا كەلدى. شۇڭا ئۇ مېھرىبان ئاتىدەك ئۆزىگە غەمخورلۇق قىلىۋاتقان بۇ ئادەمنى بۇ ئىشتىن خەۋەردار قىلىش بىلەن، يوشۇرۇن دۈشمەندىن ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇشنى قەرز دەپ بىلىپ، ھەزرەتتە بولغان گەپ- سۆزلەرنى سۆزلەپ بەردى.

— ئىدرىس؟— دېدى مەھمۇد مۇھىتى تەئەججۈپىنى ئانچە بىلىندۈرمەي، ئەمما قايتا سوئال سورىمىدى. ھەم ئۆزىمۇ ئىپادە بىلدۈرمەي جىم جىتلا ئۆتكۈزىۋەتتى. بىردەمدىن كېيىن سۆزىنىڭ تېمىسىنى ئۆزگەرتىپ، — باللارنى ئوقۇتۇش ئۈچۈن نېمە كەتسە- كەتسۇن. تارىختىن بېرى خەلقىمىز نادانلىق ئارقىسىدىلا قول بولدى. ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىم ئىشلارنى ئېلىپ ئېيتساقمۇ جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىنىڭ ھۆلىنى تەۋرىتىۋەتكەن خەلق ئىنقىلابىنىڭ ئۆز ئۆزىدىن سۇسىيىپ ئاخىرىدا بۇنداق ۋەزىيەتكە كېلىشىمىز، ئاڭلىق

قوشۇنىمىزنىڭ يوقلىقى بىلەن ئىقتىدارى بولغان يول باشچىنىڭ كەملىكى. يول باشلىغۇچىلار بىلىمسىز ۋە گول بولغانلىقى ئۈچۈن ياخشى چارە ـ تەدبىر، توغرا يول، توغرا نىشاننى تاپالمىدى. مۇھىت بولسا يامان تەرەپكە قاراپ راۋاجلىنىشقا تۈرتكە بولدى. تۆمۈر ئېلىغا قارىتا «هارۋىكەش قەشقەرنى سورامدۇ» دەپ پىتنە تېرىسا، خۇتەنلىكلەرنى يەنە بىر نېمە دېيىشتى. باشقا ھۆكۈمرانلار سورىسا بولىدىكەنۇ، نەلىك بولسا بولسۇن ئۆز ئىچىمىزدىن چىققانلار سورىسا ياخشىراق ئەمەسمۇ دېگەننى ئويلاپ كۆرۈشكە ئەقىللىرى يەتمىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى نادانلىق ئارقىسىدا بولۇۋاتقان ئىشلار. شۇڭا مەن ئەپەندىلەرنى تولىمۇ ھۆرمەت قىلىمەن، ــ دېدى مەھمۇد مۇھىتى ھاياجان بىلەن.

ــ مەن ئەسلىدە ئاشۇ خەلق ئىنقىلابىنىڭ تازا قايناۋاتقان ۋاقتىغا ئۈلگۈرۈپ كېلىپ پىدائىي بولۇشنى ئويلىغانىدىم. بىراق، كېچىكىپ قالدىم، ئارمىنىمغا يېتەلمىدىم. بۇنى ئويلىسام ئىچ ـ ئىچىمدىن پۇچۇلۇنۇپ كېتىمەن. قولۇمغا قورال ئېلىپ خەلق ئىنقىلابى سېپىدە بىر جەڭگە كىرسەم دەپ ئويلايتتىم.

ــ ئەلھەمدۇلىللا، بۇمۇ تەقدىر. ياخشىمۇ كېچىكىپ قاپتىكەنسىز، بولمىسا ـ زە، بىرلا جەڭگە كىرىپ قىرغىنلىقنىڭ قۇربانى بولۇپ كېتىدىكەنسىز. ھېچنىمىدىن يانمايدىكەنسىز. ئوقۇمۇشلۇق كىشىلىرىمىزدىن ئايرىلدۇق. مەن ئاكامدىن ئايرىلدىم، سىزدىنمۇ ئايرىلىپ قالسام بولمايتتى. سىزنىڭ يارىقىڭىز قەلەم جەڭگاھىڭىز مەكتەپ.

ــ دېگىنىڭىزغۇ توغرا، بىراق، دۈشمەنگە بولغان قىساس ئوتى، غەزەپ ـ نەپرەت ئادەمدە ئۇلارنى بىۋاستە ئاتمىغىچە، ئۇلارنىڭ ئىچىنىشلىق قىقراشلىرىنى ئاڭلىغاچ ئۆلتۈرمىگىچە ھادىق چىقمايدىغاندەك كەيپىياتنى ھاسىل قىلىپ قويىدىكەن؛ دۈشمەننىڭ بىرگە سالغان جەۋرى ـ جاپالىرىنى، بىزنى كەلتۈرۈپ قويغان بۇ زۇلمەتلىك مەنزىلنى ئويلىغاندا ئۆز قولىڭىز بىلەن بويىنىنى يۇلۇۋەتمىگىچە دەردىڭىز چىقمايدىغاندەك روھى ھالەتكە كېلىپ قالىدىكەنسىز.

شۇنچىلىك تىت ـ تىت بولىمەنكى، بىر كۈندىلا خەلقىمنى دۇنيادىكى جىمى مىللەتتىن مەدەنىيەتلىك، جىمى مىللەتتىن پاراۋان قىلىۋەتسەم دەيمەن... ئويلاپ كۆرۈڭ، بىر قەدىمىي مەدەنىيەتلىك مىللەت قانداق بولۇپ بۇ ھالغا چۈشۈپ قالدى؟ توغرا، بۇنىڭ بىردىن ـ بىر سەۋەبى ياكى ئەڭ مۇھىم سەۋەبى نادانلىق ۋە ئىناقسىزلىق. لېكىن، بىز نېمىشقا بىر ـ بىرىمىزگە يېپىشماي، پالانى يەرلىك، پوكۇنى يەرلىك دەيمىز؟ بۇ ئۇيغۇر قېنىنىڭ مۇرەككەپلىكىدىنمۇ؟ بۇ ھەقتە ھەر مىنۇت ئويلاپ خىيالنىڭ چېكىگە يېتەلمەيمەن... بۇنداق تەپرىقچىلىقنىڭ ئەڭ چوڭ جىنايەتچىسى ئاباق خوجا باشچىلىقىدىكى سوپى ئىشانلار، ئەلۋەتتە... لېكىن، نادان خەلق بۇ مىللىي مۇناپىقنى ھازىرغىچە ئۇلۇغلايدۇ تېخى!... خەلقىمىزدە ئىنسانىي ئاڭ، مىللىي روھ ئويغانمىسا، ئۆزىنىڭ كىملىكىنى بىلمىسە ئۇنى قۇتقازغىلى بولمايدىكەن، ئۇنىڭ قۇتۇلۇشى ئۆزىگىلا باغلىقكى، تاشقى كۈچلەردىن تامادا بولۇپ ئولتۇرۇش بىزنى غەپلەتكە ئېلىپ بارىدۇ.

ــ ئاكامۇ ھەمىشە شۇنداق دەيتتى. ئابدىخالىقمۇ شۇنداق قايىنايتتى. ھازىر سىز نىجاتلىق تۇلپارىنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، يەنە قورال تۇتۇپ جەڭ قىلىمىغىنىڭىزغا ئۆكۈنەمسىز؟ تىلسىمنىڭ ئاچقۇچى قولۇڭلاردا ئىكەن، ئۇنى ئېچىشنى ھەربىر ئادەمگە ئۆگۈتۈڭ. سىرلادىن قورقىدىغانلارغا ئەسلى قىياپەتنى كۆرسۈتۈپ قويۇڭ. كۆزى ئېچىلغان ئادەم يولنى تېپىپ ماڭالايدۇ.

ــ رەخمەت سىزگە، سىزنىڭ پۈتۈن ئۆمرىڭىزدە قىلغان ۋە قىلىدىغان ھەممە ساۋابلىرىڭىزدىن بۇنىسى كاتتىراق بولغۇسى.

مەھمۇد مۇھىتى بىردەم سۈكۈتتىن كېيىن باشقا بىر خىل ئاھاڭدا:

ــ ئۆز بولغانلىقىڭىز ئۈچۈن سىزگە بىر گەپنى قىلاي، سىلەرنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىڭىزلارنى باشقىچە مەنادا چۈشۈنۈپ ماڭا پەنت قويۇدۇغانلار ئاز ئەمەس. بۇ كەمگىچە بۇ يەردە بولغان ھەممە گەپ ـ سۆز، ھەرىكەتلەر يېگىشەرگە يېتىپ بولدى. سىزنىڭ مەن بىلەن شەخسىي يېقىنچىلىقىڭىز يوقلىقىنى، كۆپچۈلۈكنىڭ ئىشى ئۈچۈن ياردەم سوراپ

www.uyghurkitap.com

كەلگەنلىكىڭىزنى، سىز ئۇچۇن مەنمۇ، باشقا ئەمەلدارلارمۇ ئوخشاشلا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن شاگىرتلىرىڭىز بىلەن ئەتە يېڭىشەھەرگە ليۇبىاڭ دېگەن لومۇدىنىڭ ئالدىغا چىقىپ قويۇش زۆرۈر تۇرۇۋاتىدۇ. قانداق دەيسىز؟ ــ دېدى.

ــ شۇنداقمۇ؟ بۇ سىياسىي ئېھتىياج ئۈچۈن زۆرۈركەن، مەيلى، چىقساق چىقايلى.

ــ ئۇنداق بولسا ياخشى بولدى، مەنمۇ بىللە چىقىمەن.

ئۇلار سۆھبەتلىرىنى توختۇتۇپ، ئارام ئېلىش ئۈچۈن خەيرلەشتى.

## 3

ئەتىسى تەۋپىقنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى 200 چە ئەسكەرنىڭ مۇھاپىزىتى بىلەن يېڭىشەھەرگە قاراپ ماڭدى. مەھمۇد مۇھىتى ئۇلار بىلەن ياندىشىپ پىيادە يولغا چىققاندى. ئۇلار شەھەردىن چىققىچە ناغرا-كانايلىرىنى ياڭرىتىپ، ناخشىنى جاراڭلىق تووۋلاپ ماڭدى. شەھەردىن چىققاندىن كېيىن بىر ئاز ئىختىيارىراق مېڭىشتى.

قىزىل دەريا كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈۋېتىپ تەۋپىق سول تەرەپتىكى ــ دەريانىڭ شىمالىي قىرغىقىنى بويلاپ شەرققە سوزۇلغان، كەڭ كەتكەن سازلىقنى كۆرسىتىپ:

ــ بۇ سازلىق نېمە دەپ ئاتىلىدىغاندۇ؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ بۇ يەرنى ئەسكىسا[①] دەيدىكەن، ــ دېدى مەھمۇد مۇھىتى، ــ بۇنى سوراپ قالدىڭىزغۇ؟

ــ بۇ يەردە كۆڭۈلدىكىدەك تەنتەربىيە مەيدانى بەرپا قىلغىلى بولىدىكەن.

ــ شۇنداق، بۇ يەردە ئوغلاق تارتىشسىمۇ يېتىپ ئاشىدۇ.

---

[①] ئەسكى سا (ئەسكى ھىسار ــ كونا قورغان، قەلئە) ــ بۇيەردە قەدىمى شەھەر خارابىسى بارىدى ــ ئا.

ئۇلارنىڭ سۆھبىتى شۇنىڭ بىلەنلا مەكتەپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەربىيىلىنىشى، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ كەلگۈسى پىلانلىرى قاتارلىقلارغا بۇرۇلۇپ، مۇشۇ ھەقتە ناھايىتى قىزغىن پىكىرلىشىپ كېتىشتى. مەھمۇد مۇھىتى گويا پەقەت ھەربىي بولۇش ئۈچۈنلا يارالغاندەك قاۋۇل بەستىگە يارىشا يوغان چامداپ ماڭاتتى. تەۋپىق بولسا ئۇزاق چېنىققان كىشىلەرگە خاس چاققانلىق بىلەن تېز- تېز قەدەم ئېلىپ ھەمرىيىغا تەڭلىشىپ ماڭاتتى.

ئۇلار يېڭىشەھەر قورغىنىغا يېتىپ كەلگەندە ئالدىن خەۋەر تاپقان گارنىزون قوماندانى لىيۇبىڭ خىللانغان ئەسكەرلىرىدىن يۈزچىنى دەرۋازىدىن ئىشتاپ ئالدىغىچە تىزىپ كۈتۈپ تۇرغانىدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ناغرا- سۇنايلىرى قورغانغا كۆز يېتىم يەرگە كەلگەندىلا ياڭراشقا باشلىغانىدى. ئۇلار ئاشۇ سۈر ھەيۋىتى بىلەن لىيۇبىڭ قوشۇنلىرى ئالدىدىن ئۆتۈپ ئىشتاپ ئالدىدىكى مەيدانغا رەتلىك يېيىلىپ چاسا سەپ ھاسىل قىلدى. مەمتىلى ئەپەندى دىققەت كوماندىسى بېرىپ، لىيۇبىڭ ۋە ئۇنىڭ يېنىدىكى ئوفىتسېرلار بىلەن كۆرۈشتى ھەم ئۆزىنىڭ كېلىش مەقسىدىنى مەلۇم قىلغان بولدى. لىيۇبىڭنىڭ توڭچىسى تەرجىمە قىلىپ تۇردى.

— بىز خەلقنى ئاقارتىپ، ۋەتىنىمىزنى ئىلغار مەملىكەتلەر قاتارىغا ئۆتكۈزۈشنى مەقسەت قىلىمىز. بۇ ئىشىمىز ئۈچۈن ئۇلۇغلىرىمىزدىن ياردەم سوراپ كەلگەنىدۇق، — دېدى تەۋپىق قىسقىچە دوكلاتنىڭ ئاخىرىدا، — مامۇت سىجاڭ ئاتىمىز بىزنى قوللىدى ھەم ئىقتىسادىي ياردەم بەردى،— ئۇ بۇنداق دېيىش ئارقىلىق لىيۇبىڭدىنمۇ بىر نەرسە يۇلماقچى ئىدى.

— قارشى ئالىمىز، قارشى ئالىمىز، — دېدى لىيۇبىڭ كۆزلىرىنى يۇمۇپ ھېجىيىپ، — مامۇت سىجاڭنىڭ قارشى ئالغىنى مېنىڭ قارشى ئالغىنىم ئوخشاش. ئۇ قوللىغانىكەن مەنمۇ قوللايمەن. كۆپچۈلۈككە مەلۇم، مەنمۇ شىڭ دوبەن جانابلىرىغا ئوخشاش ئىلغار پىكىردىكى كىشىمەن. شىڭ دوبەن جانابلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست،

www.uyghurkitap.com

شۇڭا شىنىڭ دوبەننىڭ سىياسىتىمۇ خەلقچىل سىياسەت، خەلقنى ئوقۇتۇش، نادانلىق ئۇيقۇسىدىن ئويغۇتۇش ئەلۋەتتە قارشى ئېلىنىشقا تېگىشلىك ئىش. مەن مامۇت سىجاڭ ئاكىمىز ئەۋەتكەن ئادەمدىن ئوقۇپ بەك خوشال بولدۇم. شۇنىڭ بىلەن كۆڭلۈمنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئازراق تەييارلىق قىلىپ قويدۇم. ئاۋۋال ھەممىڭلار ماڭا مېھمان بولۇڭلار، دەم ئېلىڭلار، ــ دېدى ئۇ.

مەھمۇد مۇھىتى رەسمىيەت ئۈچۈن بىر نەچچە ئېغىز سۆز قىلدى. شۇنىڭ بىلەن لىۋبىڭ ئادەملىرىگە بۇيرۇپ، ئۇلارنى دەم ئېلىشقا ئورۇنلاشتۇردى. ئوقۇغۇچىلار دەم ئېلىشقا قويۇلغاندىن كېيىن تەۋپىق، مەھمۇد مۇھىتىلار ساھىپخانىلار بىلەن مېھمان كۈتۈش بۆلۈمىدە ئىختىيارى سۆھبەتتە بولدى. لىۋبىڭ بۇ يەردىمۇ ئاغزىدىن بال تامدۇرۇپ تەۋپىقنى ماختىدى. ھەر ئىككى ئېغىز گەپتە مەھمۇدنى كۆككە ئۈچۈرۈپ، خوشامەت قىلىپ تۇردى. «مامۇت ئاكىمىز» دېگەن سۆزنى ئۇيغۇرچە قىلىپ، باشقىلىرىنى خەنزۇچە قىلىپ دىپلوماتلارغا خاس خاراكتېرىنى ئىپادىلىدى.

بۇ ماختاش ئەمەلىيەتتە سىياسىي ئېھتىياجدىن تۇغۇلغان خوشامەت بولۇپ لىۋبىڭنىڭ خەلقپەرۋەرلىكىنى ئىسپاتلىمايتتى. ئەينى ۋاقىتتا قەشقەر ۋەزىيىتىدە ھەربىي كۈچ سېلىشتۇرمىسى جەھەتتە ئۈستۈنلۈك مەھمۇد مۇھىتى تەرەپتە بولۇپ، بۇ يەردىكى ھەربىي كۈچلەرنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى مۇنداق ئىدى:

1. قەشقەر گارنىزونى. ئوفىتسېرلىرى 65، ئەسكەرلىرى 234 نەپەر. قوماندانى لىۋبىڭ، (قوشۇمچە) مۇئاۋىن قوماندانى مەھمۇد مۇھىتى.

2. ئاتلىق 4- پولك. ئوفىتسېرلىرى 45، ئەسكەرلىرى 542 نەپەر؛ مىلتىق 604 تال، پىلىموت يەتتە دانە، پولكوۋنىك يې چىڭبو.

3. ئاتلىق 5- پولك (يەرلىك خەنزۇلاردىن تەشكىللەنگەن). ئوفىتسېرلىرى 45، ئەسكىرى 365 نەپەر. مىلتىق 382 تال، پىلىموت ئىككى دانە.

4. ئاتلىق 9- پولك (يەرلىك قىسىم). ئوفىتسېرلىرى 40،

ئەسكىرى 632 نەپەر؛ مىلتىق 287 تال، پىلىموت ئۈچ دانە.

5. پىيادە ئەسكەرلەر 6 ـ دىۋىزىيىسى: ئەسكەر سانى 1500[1]. دېۋىزىيە قوماندانى مەھمۇد مۇھىتى. بۇلارنىڭ 80%ى ئۇيغۇر، 20% قىرغىز (خوجانىياز ھازجى، تۆمۈر ئېلى، ئوسمان ئالى قاتارلىق قوزغىلاڭ رەھبەرلىرىدىن قالغان ئەسكەرلەردىن). بۇلاردىن بىر پولك يەكەندە، بىر پولك يېڭىساردا، بىر پولك قەشقەر دۆلەتباغدا، يەنە بىر پولك قۇم دەرۋازىسىدا تۇراتتى.

ئەسكىرى كۈچ سېلىشتۇرمىسى جەھەتتىن 6 ـ دېۋىزىيە سان جەھەتتىلا ئەمەس، سۈپەت جەھەتتىنمۇ ئۈستۈن تۇراتتى. تېخىمۇ مۇھىمى ئۇلار قەشقەر سىرتىدا ئىككى ناھىيىدە ئوبدان پۇت تىرەپ تۇرۇش زىمىنىگە، ئىشەنچىلىك ئارقا سەپ ۋە ئەسكەر زاپىسىغا ئىگە ئىدى. بۇ ھال لىيۇبىڭنىلا ئەمەس، شىڭ شىسەيىنىمۇ تەشۋىشكە سالاتتى. شۇڭا ئۇ ئالدامچىلىق قىلىپ دېۋىزىيە ئىچىگە ئۆزىنىڭ كۆز ـ قۇلاقلىرىنى قىستۇرۇپ، ھەرخىل يوللار بىلەن «قورغاننى ئىچىدىن بۇزۇش» كويىدا بولاتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىدىن رىبالكونى تەكلىپ قىلىپ مۇشاۋۋىر قىلىپ قويۇشى سوۋېت ــ شىڭ ھەمكارلىقىنىڭ مۇۋىسى ئىدى. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا لىيۇبىڭنىڭ ياغلىمىچىلىق قىلىپ، ئىلاجى بار مەھمۇد مۇھىتىنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش كويىدا بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ ئۇلارنىڭ «يولۋاسنىڭ تۈكىنى يېتىشغا سىلاش» چارىسى ئىدى.

مەھمۇد مۇھىتىنىڭ ئېھتىياتچانلىق قىلىپ ئالدىن خەۋەر بېرىپ يۈرىشىدىمۇ ئوبېيكتىپ سەۋەبلەر بار ئىدى. ئۇنىڭغا ئايان ئىدىكى، ئۇنىڭ ئىشتابىدا بولغان ئىشلار لىيۇبىڭدىن يوشۇرۇن قالمايتى. شۇڭا بەزى ئىشلارنى يورۇقتا چىقىرىپ ئاخباراتلارنىڭ قىممىتىنى يوقۇتىۋەتمىسە لىيۇبىڭ قاتارلىقلار شىڭ شىسەيگە ۋە سوۋېت تەرەپكە ئۇنى ھىلە ـ مىكىر

---

[1] بۇ سان ئەمەلىيەتكە ئانچە ئۇيغۇن كەلمەيدىغاندەك تۇرىدۇ، بەلكىم 15000 بولۇشى مۇمكىن، ــ ئا.

ئىشلىتىپ، سۇيقەست پىلانلاۋاتىدۇ دەپ چاقاتتى. بۇ بولسا شىڭ شىسەينىڭ ھەرىكەتلىنىشى ئۈچۈن باھانە بولاتتى، ھازىر شۇڭا ئىككى تەرەپ ئېھتىيات بىلەن تەكچۈڭلۇقنى ساقلايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەھمۇد مۇھىتى شىڭ شىسەينىڭ پۈت تىترەپ تۇرىۋالغان ھامانلا ئۆزىنى يوقۇتۇش ئۈچۈن ھەرىكەت باشلايدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئېھتىيات بىلەن ئاشۇ كۈننى كېچىكتۈرۈشكە تىرىشاتتى.

زىياپەتتىن كېيىن رەسمىي مۇراسىم ئېچىلىپ، لىيۇبىڭ سۆز قىلدى. ئاندىن ئۇ ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن تەييارلىغان سوغىتى- قوڭغۇراق سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن يەڭ بەلگىسىنى تارقىتىپ بەردى. لىيۇبىڭ بۇ بەلگىنى چۈشەندۈرۈپ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا:

— سىلەر غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتقانلارنى ئويغاتقۇچى قوڭغىراقچىلار...— دېدى. ئارقىدىن ئادىيۇتانتى پەتنۇس بىلەن تۇتۇپ تۇرغان، قىزىل رەڭلىك قەغەزگە ئورۇلۇپ، سېرىق ھەل بىلەن ھۆسنخەت يېزىلغان بولاقنى مەمتىلى ئەپەندىگە سۇنۇپ — بۇ مېنىڭ ئىئانەم، ئاز بولسىمۇ پېقىرنىڭ كۆڭلى، قوبۇل قىلارلا، — دېدى.

لىيۇبىڭنىڭ سۆزى ۋە ئىئانە تەقدىم قىلىش رەسمىيىتى ئاياقلاشقاندىن كېيىن ئوقۇغۇچىلار ماھارەت كۆرسەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن لىيۇبىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئۈزۈتىشى بىلەن قەشقەر شەھرىگە قايتىشتى.

— بۇ تۈلكىنى ئوبدان ئىلىدۇقمۇ، ئەپەندىم، — دېدى مەھمۇد مۇھىتى كېتىۋېتىپ، — ئۇلار لىيۇ بىگنىڭ قانچە پۇل بەرگەنلىكىگە قىزىقىپ بىرلىكتە قاراشتى. لىيۇ بىڭ 17 مىڭ سەر بەرگەنىدى، — بۇ پۇللار سىزنىڭ نۇرغۇن ئىشلىرىڭىز ئۈچۈن بىمالال يېتىدۇ، — دېدى مەھمۇد مۇھىتى مەمنۇنىيەت بىلەن.

— شۇنداق، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن سىز ئاكىمىزغا رەخمەت ئېيتىمىز، — دېدى تەۋپىق ئىچ- ئىچىدىن خوشاللانغان ھالدا، — ئىككىڭلارنىڭ مۇناسىۋىتى قانداقراق؟

— ھەي، ھازىر ئۇلارنىڭ ئۇرۇشقىدەك ھالى يوق، يالقۇن بېسىلغان

بىلەن چوغ تېخى ئۆچمىدى، شۇڭا تىنچ ئۆتۈش ئۈچۈن ماڭا بىر ئاز يول قويىدۇ. شىڭ تۈلكىنىڭ ھالى سەل- پەل ئوڭشالسىلا مېنى ئارامىمدا قويمايدۇ.

— شۇنداقمۇ؟... بۇنى بىلىدىكەنسىزۇ، ئەجەب يەنە خەتەرلىك ھالەتتە تۇرۇپ خىزمەت قىلىشۋېرەمسىز؟— مەمتىلى ئەپەندى گېنرالغا سىناش نەزىرىدە قارىدى.

— نېمە چارە؟ ھاجىمنى قاپقاندىن ھەزەر ئەيلەشكە شۇنچە دەۋەت قىلدىم، ئۇنىمىدى. ئۇ رەئىسلىكنى قوبۇل قىلىپ ھۆكۈمەت تەرەپكە ئۆتۈۋالسا، ماڭا نېمە ئامال؟ ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار دەپ تۇرۇپ باقمايمىزمۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن بىر گەپ بولمامدۇ. ھېچ بولمىسا شۇ چاغقىچە ئازراق ساۋابلىق ئىش قىلىپ گۇناھىمىزنى يېنىكلەتسەكمۇ ئەجەپ ئەمەس.

تەۋپىقنىڭ يەنە كۆپ نەرسىلەرنى سورىغۇسى بار ئىدىيۇ. لېكىن سىجاڭنىڭ چېھرىسىدىكى چوڭقۇر قايغۇ ئالامىتىنى كۆرۈپ قېلىپ، گەپ قىلمىدى.

# ئون سەككىزىنچى باب

قەھرىمانلارنىڭ جاراڭلىق ئاۋازلىرى ئاڭلانغاندا

ھاپىز ناخشىسىنىڭ نېمە كېرىكى؟

ئات جەڭگە چېپىپ كېتىۋاتقاندا مەن قانداق

قىلىپ چىمەنلىكتە ياتالايمەن؟

ــ ئىبراھىم مۇنتەسەر(Xئەسىر) شېئىرلىرىدىن

(«چىڭگىزخان»دا كەلتۈرۈلگەن نەقىل)

## 1

يېڭىشەھەردىن قايتقان كۈنى كەچتە تەۋپىق ئوقۇغۇچىلارنى دېۋىزىيە ئىشتابىدىكى ياتاقلارغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى شاگىرتلىرىدىن ئابدۇراخمان شائىر، سابىت، ئابدۇغۇپۇرقۇناجى، ئەمەت مەخسۇم، سەيپىددىنلارنى ئېلىپ نوۋبىشى مەكتەپكە كەلدى. مەھمۇد مۇھىتى ئۇنىڭغا بەرگەن مۇھاپىزەتچى جەڭچىلەر نېمۇتۇللا، مەڭلىكاخۇنلارمۇ ئۇلار بىلەن بىللىدى (مۇھاپىزەتچىلەر شۇكۈندىن باشلاپلا ئۇنىڭ خىزمىتىگە كىرىشكەندى) نوۋبىشى مەكتەپتە ئۇلارنى مەجىددىن ئەپەندى، ئەخمەد ئەپەندى ۋە باشقا بىر قانچە ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئوبۇلقاسىم باشلاپ كەلگەن سانايى نەپىسە قارمىقىدىكى بىر قانچە سازەندىلەر كۈتۈۋالدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە قۇتلۇقھاجىم شەۋقىمۇ باردى.

مەمتىلى ئەپەندى مەكتەپ ھويلىسىغا كىرىپ كېتىۋېتىپ شاگىرتلىرىغا:

ــ مەن سىلەرنى دەم ئالدۇرماي نېمىشقا باشلىۋالدىم، بىلەمسىلەر:ــ دېگەن سوئالنى قويدى، ــ چوڭلارنىڭ سۆھبىتىدە سىلەر بېلىۋېلىشقا تېگىشلىك پايدىلىق نەرسىلەر بولۇپ قېلىشى مۇمكىن،

شۇلارنى ئاڭلاپ قالسۇن دەيمەن.

تەۋپىق ئۆزلىرىنى كۈتۈپ ئولتۇرغان بىر مۇنچە ئادەمنى كۆرۈپلا چاقچاق باشلىدى:

— قارىغاندا بىرەر كاتتا مۇراسىمغا تەييارلىنىپ تۇرغاندەكلا قىلىسىلەرغۇ؟ مەجىددىن ئاغىمىز قايتا توي قىلماقچى ئەمەستۇر؟ ئۇنداق بولۇدۇغان بولسا ئىبادەت خېنىم ساقىلىنى يۇلۇپ، دوختۇر دوستىمىزنى كوسا قىلىپ قويىدىغۇ؟

— بۇ ئەپەندى ماڭىلا ئارام بەرمەيدۇ، ھەمىشە ھوجۇم نىشانى مەن، — دېدى مەجىددىن ئەپەندى ياسىما تېرىكىش بىلەن، — ئۇنداق ئەمەس، ئەپەندىم، سىزنى ئۆيلەپ قويۇش توغرىسىدا مۇزاكىرە ئويۇشتۇرۇپ تۇرۇپتىمىز. ئەمدى پەقەت ئۆزىڭىزنىڭلا پىكرى كەملىك قىلىۋاتاتتى، — دوختۇر چاقچاق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇدى.

— مېنىڭسىزمۇ قارار قىلىشقا بولاتتى، مانا شەۋقى ئاكىمىز ماڭا تولۇق ۋەكىللىك قىلالايتى ئەمەسمۇ؟

— ئوھۇي، شەۋقى بىلەن تۇغۇلغاندىن بېرى بىللە ئويناپ چوڭ بولغاندەك گەپ قىلىسىزغۇ؟ ياخشىمۇ تونۇگۈنلا تونۇشقىنىڭىز.

— تۈنۈگۈن تونۇشقان دوستۇمنى ۋەكىل قىلمىسام، سىزدەك كونا تونۇشلار مېنى چۈشەنمىسە.

— بوپتۇ، يۇقىرى ئۆتۈڭ، ۋەكىلىڭىزگە يېقىن ئولتۇرۇڭ. ھازىر سىز مېھمان، نېمە دەۋالسىڭىزمۇ كەڭچىلىك قىلىمىز. قېنى يىگىتلەر، سىلەرمۇ ئولتۇرۇڭلار.

— تارچىلىقىڭىزمۇ بارمىدى ئەمىسە؟ ماڭا زامانىنىڭ تارلىقى ئاز كەلگەندەك؟ بولىدى گەپ قىلماڭ، ھاجىكام بىلەن ئوبدانىراق پاراڭلىشىۋالغىلى قويۇڭ، — تەۋپىق شۇنداق دەپ چاقچىقىنى تۈگۈتۈپ، بۇنداق چاقچاقلارنى بولدى قىلىشنى ئىلتىماس قىلىپ دوستلىرىغا ئىشارە قىلدى (ئۇ شاگىرتلىرى ئالدىدا بەزى گەپلەرنىڭ چەكتىن ئېشىپ كېتىشىدىن ھەزەر قىلاتتى). ئاندىن شەۋقىگە بۇرالدى، — خوش، ئۇستاز، ئەھۋالىڭىز نىچۈك؟

www.uyghurkitap.com

— ئەلھەمدۇلىللاھ.

— بىزنىڭ بەختىمىز ئۈچۈن سالامەت بولۇڭ. ئاكامدىن كۆپ سالام يوللاپتىكەنسىز، رەھمەت.

— بىراق، ئەپەندى، ئاكىلىرىدىن سىلىنىڭ تۆرت سائەتلا ئۇخلايدىغانلىقلىرىنى ئاڭلاپ، سىلىگە بەك ئاچچىقىم كەلدى. ھەقىقەتەنمۇ بالىلارچە قىزغىنلىق! ئۇنداق قىلىشقا ھەققىلىرى يوق جۇمۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىسى ئۇخلىماي ئىبادەت قىلىدىغان بىر ساھابىگە كايىپ:«سېنىڭ بەدىنىڭدە بالىلىرىڭنىڭمۇ ھەققى بار»① دېگەن. يەنى، دېمەكچىكى، ئۇنى شەخسىيلا مۈلكى بىلىپ قالايمىقان خورىتىدىغان ئىشنى چەكلىگەن. خۇددى شۇنداق، سىلىنىڭ بەدەنلىرىدە دوست بۇرادەرلەرنىڭ، مىللەتنىڭ ھەققى بار، ئۇنى ئاسرىماي تېزلا كېرەكتىن چىقارسىلا گۇناھكار بولىلا.

— ئايغىنىڭىز ئۈچۈن رەخمەت، ئۇستاز، مېنىڭ ئېسى- يادىم سىزدىلا بولدى. مەنغۇ ياش، يۈكنى ئېغىرراق كۆتەرسەممۇ ھېچقىسى يوق. سىز ياشىنىپ قالغان چاغدا ئۆزىڭىزنى ئاسرىمىسىڭىز بولمايدۇ.

— بولدى، تەكەللۇپ قىلىشمايلى، ئۆزئارا تەكەللۇپ قىلىشماسلىق ئۆزلىرىنىڭ شۇئارىدىغۇ، سىلىگە بەربىر گەپ ئاڭلاتقىلى بولمايدۇ. قۇرۇق گەپنى قويۇپ تەمبۇرنى قوللىرىغا ئالسىلا.

— ئۇنىسىڭىز ئۆزەممۇ چىداپ تۇرالايمەن، — تەۋپىق تەمبۇرنى قولىغا ئېلىپ سازلاشقا باشلىدى. ئۇ تەمبۇرنى سازلىغاچ ئەخمەد ئەپەندىنى كۈزەتتى. ئەخمەد ئەپەندى خىيالچان كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىككەن ھالدا پاراڭلارغا ئارىلاشماي ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ چىرايى بىر ئاز تاتارغان ھەم ياداپ قىلغانىدى. ئۇ تۇرۇپلا بويىنىنى سىپاپ قويۇپ، ئېغىر- بېسىق، چوڭ سۈپەتلىك بىلەن قۇلاق سالاتتى. تەۋپىق بىر نەچچە ناخشا ئوقۇپ بەرگەندىن كېيىن تەمبۇرنى سانايى نەپىسەنىڭ سازچىلىرىدىن بىرىگە بېرىپ، خەلق ئاھاڭلىرىغا چېلىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى.

① «سەھىھ بۇخارى»غا قارالسۇن، — ئا.

ئۇمۇ بىر نەچچە پەدە چالغاندىن كېيىن داستىخان سېلىنىپ، گۆش بېسىلغان پولو كەلتۈرۈلدى. تاماق ئۈستىدە ئۇلار ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئىشلىرى، ھازىرقى ۋەزىيەت، قانداق خىزمەتلەرنى ئىشلەش زۆرۈرلىكى ھەققىدە سۆھبەتلىشىپ كېتىشتى.

— بىز مەكتەپتە ئويۇن تەييارلىماقچى ئىدۇق، ياردەملىرىنى ۋە مەسلىھەتلىرىنى كۆپ كۈتتۇق، — دېدى تۇرغۇن ئەپەندى تەۋپىققا قاراپ.

— شۇنداقمۇ؟— دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، ئالدىرىماي تاماق يەپ، — ياخشى، خەلقنى ئويغۇتۇشنىڭ ۋاقتى كەلدى. بۇنى پەقەت سانايى نەپىسەگىلا تاشلىۋەتمەي بىز ئانچە- مۇنچە تىرىشساق ئارتۇق كەلمەيدۇ.

— قايسى مەزمۇنلاردا ئويۇن تەييارلىساق بولار؟ ناخشىلارغا ئۆزلىرى ئاھاڭ ئىشلەپ بېرىلا، ئەلۋەتتە، — دېدى ساۋۇت ئەپەندى.

— مېنىڭچە «غېرىب- سەنەم»، «تاھىر- زۆھرە» گە ئوخشاش خەلق داستانلىرىنى سەھنىلەشتۈرسە تازا ياقاتتى، — دېدى ئوبۇلقاسىم قىرلىق بۇرنىنىڭ ئۇچىنى چىمداپ قويۇپ.

— مەمتىلى ئەپەندى ئۆزگەرتىپ يېزىپ چىقسا بولىدۇ، — باشقىمىز بۇنىڭ ئەھدىسىدىن چىقالمايمىز، — دېدى نامان ئەپەندى.

— سىلەر دەۋاتقان داستانلارنى سەھنىلەشتۈرۈشنىڭ قانچىلىك ئەمەلىي ئەھمىيىتى بار؟— دېدى مەمتىلى ئەپەندى كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ.

— خەلق ياقتۇرىدۇ، جەزمەن ئالقىشقا ئىگە بولغىلى بولىدۇ.

— «ياقتۇرۇش» دېگەنگە كەلسەك، ئادەم دېگەن شۇنداق نەرسىكى، ئۆزىگە زىيانلىق نەرسىلەرنىمۇ خۇمارداپ قالىدۇ، بەكرەك ياقتۇرۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن، مەسىلەن: نەشە، ئەپيۇن دېگەندەك نەرسىلەرمۇ كىشىنى ھوزۇرلاندۇرارمىش، — دېدى تەۋپىق سۆھبەتداشلىرىغا بىرمۇ- بىر قاراپ چىققاچ. نىمىشكىدۇ ئوبۇلقاسىم كۆزلىرىنى ئېلىپ قاچتى،— كېسەل كىشى قېرىق، ئاچچىق بولسىمۇ دورا ئىچمەي ئامال يوق، ... مېنىڭچە، بىز ھەم كېسەلنى ساقايتىدىغان ھەم ئۇنىڭغا لەززەت تۇيۇلىدىغان دورىلارنى تاپساق ئەڭ ياخشى. بولمىغانداشىپالىق ئاچچىق

دورىمۇ بولۇۋېرىدۇ.

— ئەپەندىم، قاراشلىرىڭىزنى ئۇچۇقراق تەپسىلىراق قويۇپ باقسىڭىزچۇ، — دېدى ئابدۇراخمان شائىر چوڭلارنىڭ سۆھبىتىگە ئارىلىشىشقا جۈرئەت قىلىپ.

— ئەدەبىيات- سەنئەت ئىلاجى بار ھەم بەدىئىي زوق بەرسە ھەم تەربىيە بەرسە ياخشى. بۇ ئىككىسىگە بىرلا ۋاقىتتا ئېرىشكىلى بولمىغان ئەھۋالدا قايسىسى زۆرۈر بولسا شۇنى مەخسەت قىلىپ قويۇش كېرەك، بۇ مېنىڭ كۆز قارىشىم. — مەمتىلى ئەپەندى داستىخاندىن چەتنەپ قولىنى سۈرتكەچ داۋام قىلدى، — مېنىڭچە، ئەدەبىيات- سەنئەت كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشتا يولۇققان سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىشى، ئەۋلادلارنى تەربىيىلىشى، بەدىئىي زوق بېرىشى كېرەك. شۇ زامان رېئاللىقىغا تەسىر كۆرسەتمىگەن، رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرمىگەن، رېئاللىقتىن ئايرىلغان ئەدەبىيات كىشىگە «زوق» بېرىدىغان، «قىزىقارلىق» بولسىمۇ، پايدىسىزدۇر. ئۇ پەقەت توقلار ئۈچۈن ئىچ پۇشقى، بىكارچىلار ئۈچۈنلا كېرەك. ئەدەبىيات- سەنئەت بۈيۈك ئىجتىمائىي ۋەزىپە ئارتقان ياكى شۇنداق ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. ئالايلۇق، بىزنىڭ كلاسسىكلىرىمىزنىڭ سۆيگۈ غەزەللىرى، ئىشقى داستانلىرى رېئاللىق ئۈچۈن قانچىلىك خىزمەت قىلدى؟ بۇلار شۇ دەۋر رېئاللىقىمۇ؟ ئۇلار قانچىلىك خىزمەت قىلالىشى مۇمكىن؟ خەق ئۇلاردىن قانچىلىك نەپ ئالدى؟ قولىيازما ھالىتىدە تۇرۇۋدۇغان ياكى چەكلىك نۇسقىدا كۆچۈرۈلۈدۇغان بىر زاماندا، زور كۆپچۈلۈكى ساۋاتسىز بولغان بىر ئەلدە بۇ يازمىلاردىن قانچىلىك ئادەم بەھرىلەندى؟ بىز باشقا مىللەتلەر ئالدىدا بۇ نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ماختىنىدىغان دەسمايە قىلساقمۇ، ئۆز ئىچىمىزدە بۇ نەرسىلەرنىڭ مىللەتنىڭ تەقدىرى، ئىستىقبالى ئۈچۈن ھېچقانداق ئۆزگۈرۈش، ھېچقانچە پايدا ئېلىپ كەلمىگەنلىكىنى، بىزنىڭ ئەمەلىيەتتە ماختانغۇدەك ھېچنەرسىمىز يوق ئىكەنلىكىنى ئېتراپ قىلساق بولىدۇ. ھەر قانداق جاراھەتنى يوشۇرۇش كېسەل ئۈچۈن پايدىسىز، ماختىنىش ئىنسانغا ئەڭ زىيانلىقتۇر، — ئۇ بىردەم سۈكۈتتىن كېيىن مەسخىرىلىك

تەلەپپۇزدا قوشۇپ قويدى، — ئەنجان تەرەپتە بىسلغان بەزى يېڭى كىتابلاردىن كىلاسسىكلىرىمىزنىڭ خىلۋەتتىكى «ئاھ ـ ۋاھ» لىرىغا سىياسىي مەنا، ئارقا كۆرۈنۈش تېڭىپ شەرھى بېرىلگەنلىكىنى كۆرۈپ قالدىم. كوممۇنىستلارنى دوراپلا شەخسىي «ئاللا ـ توۋا» لارغا سىنىپىي ئوقۇملارنى تېڭىپ چۈشەندۈرۈپتۇ. بىراق، بىزنىڭ زاھىدلىرىمىز ئەينى چاغدا بۇلارنىڭ قالتىس مۇلاھىزلىرىدە ئوتتۇرغا قويغان ئۇقۇملارنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈمىگەنلىكىدە شەك يوق. مەسىلىنىڭ ئېچىنىشلىق تەرىپىمۇ دەل شۇ يەردە!

— شۇنداق، ئەدەبىيات تۇرمۇشقا يۈزلىنىشى كېرەك، — دېدى شەۋقى سالاھىيىتىگە يارىشا سالماق بىلەن،— لېكىن، سىلىنىڭ كىلاسسىكلارنى يوققا چىقارماق بولۇشلىرىمۇ توغرا ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئىچىدە مول تارىخىي ئەھمىيەتلىك نەرسىلەر بار.

— شۇنداق، بولۇپمۇ ئىلمىي ئەسەرلەردە، ئاندىن قالسا دىداكتىك ئەسەرلەردە، مەن بۇنى رەت قىلماقچى ئەمەسمەن. ئۇلارنى تارىخىي نۇقتىدىن قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ. شۇ دەۋردىكى تىل، ئۆرپ ـ ئادەت، مەدەنىيەت،... قاتارلىقلارنى باشقا مىللەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا مەنىۋى مەھسۇلاتلار بىزدە بەكمۇ ئاز ۋە بىر ئاز جەمئىيەتتىن ئايرىلغان، ئەپسانىۋى تۈس ئالغان. بۇلارنى يېڭىۋاشتىن كۆتۈرۈپ چىقىش مۇشۇ دەۋردە ھېچقانداق ئەمەلىي ئەھمىيىتى يوق ئىش.

— ئەپەندى، ئۆز ئىللەتلىرىڭىزنى ئۆزىڭىز ئاچقىلى تۇردىڭىزغۇ؟— دەپ گەپ قاتتى مەجىددىن ئەپەندى چاقچاق ئارىلاپ.

— ئىنسانىنىڭ ئۆزىدىكى ئىللەتلەرنى كۆرۈۋالايدىغان بولغانلىقى — ئۇنىڭ ئاقىللىق دەرىجىسىگە يەتكەنلىكىنىڭ بىشارىتىدۇر.

— ئەجەبا باشقىلار «ئۇيغۇر» سۆزى بىلەن سەل ـ پەل ناچار سۈپەتنى قوشۇپ سۆزلەر بولسا قويقا چاچلىرىڭىز تىك تۇرۇپ، ئۇنىڭ چوڭلۇقى، ھۆرمىتى بىلەن، ھەتتا سىزگە دوست بولۇشى بىلەنمۇ ھېسابلاشماي ئولتۇرماي رەددىيە بېرىدىكەنسىز، ئۆزىڭىز قىلچە ئاياپ تۇرماستىن ھەر نېمە دەۋېرىكەنسىزغۇ؟

www.uyghurkitap.com

— باشقا مىللەتلەرنىڭ ئىللىتىمىزنى تىلغا ئېلىشى ھاقارەت ئۇچۇنىدۇر. ئۆزىمىزنىڭ تىلغا ئېلىشىمىز ۋە سۆكۈشىمىز تۇزۇتۇش ئۇچۇندۇر. بۇ ئىككىسى ئىككى گەپ.

— ئەپەندىم، ئەدەبىيات- سەنئەت ھەققىدىكى سۆھبىتىمىزنى داۋاملاشتۇرايلى، — دېدى شەۋقى، — سىلىنىڭچە ھازىرقى ئەدەبىيات- سەنئىتىمىز قانداق بولۇشى كېرەك؟

— بۇ ھەقتە سىزنىڭ تۇتقان يولىڭىز بىلەن مېنىڭ قارىشىم ئوخشاش دەپ ئويلايمەن، — دېدى تەۋپىق تەمكىنلىك بىلەن، ئاندىن ئېنىقراق قىلىپ داۋام قىلدى، — ئىنسانغا تىرىكلىكنى كاپالەتلەندۇرۇش ئۈچۈن بىرىنچى زۆرۈرىيەت — تاماق، تىرىكلىكنىڭ بىرىنچى ۋە ئەڭ مۇھىم شەرتى ھازىرلانغاندىن كېيىن، ئىنساننىڭ ئويلايدىغىنى نومۇسىنىڭ پەردىسى بولغان كىيىمدۇر. ئاچلار ئۈچۈن «بەدىئىي زوق» دېگەندەك گەپلەر ئىنتايىن بىمەنىلىك ۋە كۈلكىلىك بولغان بولاتتى. مۇشۇ نوقتىدىن ئېيتقاندا بىزگە ھازىرقى ئەھۋالدا زۆرۈر بولغىنى ئاللىقانداق «زوق ئېلىش»، «ھۇزۇرلۇنۇش» ئەمەس، رىئاللىقنى ئۆزگەرتىشنىڭ قورالى! زوق بېرىدىغان تەمبۇر زۆرۈر ئەمەس ئويغۇتۇدىغان دۇمباق كېرەك! گەرچە ئۇ يېقىملىق ئاڭلانمىسىمۇ.

— ئۇغۇ شۇنداق، ئەپەندىم، — دېدى ئوبۇلقاسىم بۇرنىنىڭ ئۇچىنى چىمداپ تۇرۇپ، — باشقا نەرسىلەرگە، مەسىلەن، خەلق داستانلىرىغا ئۆزىمىزنىڭ خاھىشى بويىچە يېڭى مەزمۇنلارنى يوشۇرۇپ، مەخسەت ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرساق بولمامدۇ؟

— ئۇنداق قىلىسمۇ بولىدۇ. مېنىڭچە ئەڭ ياخشىسى ئۇ نەرسىلەرنى مەخسەتكە لايىقلاشتۇرىمىز دەپ بۇزۇپ ئولتۇرغىچە يېڭىدىن ئىجاد قىلساق ياخشىراق. ئويغۇتۇش دېسە بەزى ئەسەرلەرگە ئاز- پاز ئىسيانكارلىق روھىنى يوشۇرۇپ قويۇش كۇپايە قىلمايدۇ. ئۇنداق ياپتا گەپنى كىم چۈشىنىدۇ؟ دانالار ئېيتقان: «ھېچقاچان شېئىرنى شائىر ئۆزى ئۈچۈن سۆزلىمەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن شېئىرنىڭ مەنىسى روشەن، ئېنىق

بولۇشى»[1] كېرەك.

— دېمەك، بىر خەلققە تەقدىم ئېتىلىدىغان نەرسىلەردە ئېسيانكارلىق روھنى ئىمكانىيەت يار بەرگەن ئەڭ ئاخىرقى چەككىچە ئاشكارا ئوتتۇرغا قويۇشىمىز كېرەك. چۈنكى بىزنىڭ كىتابخان، تاماشىبىنلىرىمىز ئىنتايىن نادان خەلق ئىكەنلىكىنى ئۇنۇتماسلىقىمىز، شۇلار ئۇچۇن لايىقلاشتۇرۇپ يېزىشىمىز كېرەك. ياپتا گەپلەر بىلەن سىمۋول قىلىش ئارقىلىق ھەر قانچە يوغان گەپلەرنى قىلىۋەتكەن بىلەنمۇ ئۇنى پەقەت كۆزى ئوچۇقلار چۈشىنىدۇ. بىز ئويغاتماقچى بولغانلار چۈشەنمەيدۇ. بۇ خۇددى ئارقىسىدىن بىرىپ ئوقۇپ بەرمىسە باشقا ھېچكىم ئوقۇيالمايدىغان نەسىرىدىن ئەپەندىمنىڭ سالام خېتىدەك نەرسە بولۇپ قالىدۇ.

سەل سۈكۈتتىن كېيىن، بۇرنىنى چىمداپ ئولتۇرغان ئوبۇلقاسىم چوڭقۇر ھۆرمىتىنى ئىپادىلەپ:

— تەۋپىق ئەپەندىنىڭ ئىستىداتىغا قايىلمەن. ئەمما ـ زە مۇشۇنداق ئادەملىرىمىزنىڭ سەھرالاردا ئەپەندىچىلىك قىلىپ ئۆمرى ئۆتىۋاتقىنىغا ئېچىنىپمۇ كېتىمەن، قىلىۋاتقان ئىشىغا ئوشۇقلا كېتىدۇ ـ دە...، — ئۇ مۇشۇنداق ماختاشتىن كېيىن تۇيۇقسىز سۆھبەت تېمىسىنى ئۆزگەرتىپ، — بولشېۋىكلەر ھەققىدە نېمە دەيسىلەر، ئەپەندىلەر؟ ھازىر قەشقەر كوچىلىرىدا سوۋېتكە قارشى تەشۋىق ۋاراقلىرى، شۇئارلار پەيدا بولۇپ قالىدىغان بولۇپ قالدى، بەزىلەر بۇنى ئەنگلىيە قاتارلىق جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ ئويۇنى دەيدىكەن، بەزىلەر مەھمۇد...

— بىز، ئەپەندىم، مۇشۇنداق ئىشلارغا كەمرەك ئارىلىشايلى، بىزنىڭ ئىشىمىز ھازىرچە ئاقارتىش بولغاندىكىن، دەيمىنا، — دېدى شەۋقى ئوبۇلقاسىمنىڭ سۆزىنىڭ بېلىگە تېپىپ.

تەۋپىق ئوبۇلقاسىمنىڭ تاتىرىپ كەتكەن چىرايىغا قاراپ ئۇنىڭغا سەل ئىچى ئاغرىپ قالدى. «بوۋاي ئۇنىڭغا ئازار قىلىپ ھەجەپ

---

[1] «قابۇسنامە»، — ئا.

سىلكىنىۋەتتىيا؟» دېگەنلەرنى ئويلىغاچ، شەۋقىگە قارىۋىدى، شەۋقىنىڭ رەڭگىمۇ بوزىرىپ كەتكەنىدى. شەۋقى ئۇخلىيالمىغانلىقىنى كۆتۈرۈۋېتىش، ماۋزۇدىن چەتنىتىلگەن سۆھبەتنى بۇرۇنقى ئىزىغا سېلىش ئۈچۈن يەنە ئوبۇلقاسىمنىڭ ئاۋالقى سۆزىگە، تەۋپىق ھەققىدىكى مەدھىيە سۆزىگە قوشۇلغاندەك قىلىپ:

— مەنمۇ بۇ ئىنىمىزنىڭ زايا بولۇپ كېتىۋاتقىنىغا ئېچىنىمەن، — دېدى.

بۇ سۆزلەر تەۋپىقنى ھەم خىجىل قىلدى ھەم ئاچچىقىنى كەلتۈردى. خىجىل قىلغىنى يۈزمۇ-يۈز ماختاش بولسا، ئاچچىقىنى كەلتۈرگىنى نوقتىئىينەزەرنىڭ خاتالىقى ئىدى.

— بىز كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ بىزنى چۈشىنىدىغانلىقىغا ئىشىنىشىمىز لازىم، — دېدى تەۋپىق تەمكىن ئاھاڭدا، دائىمى كۆلۈمسىرىشى بىلەن، — ئۇلار بىزنىڭ مۇشۇ دەۋر ئۈچۈن مۇھىملىقىمىزنى، مۇشۇ دەۋر رېئاللىقىنى ئۆزگەرتىش ئىشلىرىنى دەپ، پاساھەتلىك داستانلار، يىرىك ئەسەرلەر، ئاشىق-مەشۇقلار ھەققىدىكى بازىرى ئىتتىك نەرسىلەرنى يېزىش ئارقىلىق پاتراق تونۇلۇپ، شەخسىي نام قازىنىش بەختىدىن ۋاز كەچكەنلىكىمىزنى مۇشۇ ئىجتىمائىي رېئاللىق، مۇشۇ زۇلمەتلىك جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش، خەلقنى ئويغۇتۇش ئۈچۈن قوپالراق ھەم ئاددىيراق بولسىمۇ كېرەكلىك نەرسىلەرنى يازغانلىقىمىزنى چۈشىنىدۇ. ئۇلار بىزدىن «خەمسە» چىلىكنى داۋام قىلدۇرماپتۇ، ھەقىقەتەن ئىلگىرىكىلەرگە يەتمەيدىكەن دەپ ئاغرىنمايدۇ، ئەگەر ئاغرىنسىمۇ مەيلى! ئىلگىرىكىلەر يۇرتتا يېغىلىق، مالىمان، خارابىلىق، مۇنقەرزلىك ئاسارىتى، ھۆرلۈكنىڭ تەنتەنىسى ياكى ئايەتلەرنىڭ دەھشىتى ھۆكۈم سۈرۈۋاتسىمۇ بۇ رېئال تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرمەي، ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ، خىلۋەتتە ساپ مۇھەببەتنى كۈيلەۋېرىپتىكەن. لېكىن بىزمۇ شۇ ئىزدىن ماڭساق بولماس. ھازىرقى كۈندە يۇقۇرىدا دېيىلگەن داستانلارنى كۆتۈرۈپ چىقىشنىڭ قانچىلىك رېئال ئەھمىيىتى بار؟ بىز ئەمدى ئۇلارنى ئاجايىپخانىغا تاپشۇرۇپ بېرەيلى،

شەخسىي شان- شەرەپتىن، شائىر، مۇتەپەككۇر دېگەن شۆھرەت تاجىدىن مەھرۇم بولۇپ ئەپەندىچىلىكىمىزنى قىلىۋېرىش ئۈچۈن مەردلىك جامىنى قولىمىزغا ئالايلى. ئورماندىن تېخىمۇ كۆپ ياغاچ توشۇش ئۈچۈن ھازىر بار بولغان جىمى ياغاچنى دەسمايە قىلىپ يولغا كۆۋرۈك سالايلى... ئەگەر بۇ ياغاچلاردىن كۆۋرۈك سېلىشقا قىيمىساق ياكى چىرايلىق جاھازلارنى ياساش ھەۋىسىگە بېرىلسەك پۈتۈن ئورماننى زىيان تارتىمىز! ئۆز شەخسىيىتىدىن مىللەتنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتىنى ئۈستۈن قويىدىغان بىر گورۇھ ئوغۇل- قىزى بولمىغان مىللەت بەختسىزدۇر. شەۋقى ئاكىمىز بايا مېنىڭ زايا بولىۋاتقان ئۆمرۈمگە ئېچىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئەگەر بۇنداق ئېچىنىش توغرا بولۇدۇغان بولسا ئېچىنىشقا تېگىشلىكلەردىن بىرى دەل ئۆزى ئەمەسمۇ؟ — ئۇ شەۋقىگە قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ داۋام قىلدى،

— ئۇنداق ئەمەس دەيدىغان بولسىڭىز نېمە ئۈچۈن:

بىر قىلىچ بەرسە خۇدا «كەس» دەپ ئۇنىڭغا بۇيرىسام،
ئۈزسە خەلقىم بوينىدىن خورلۇق كىشەن- زەنجىرىنى.
گەر خاراپكەن ئەل-ۋەتەن، كاللامنى ئۈزسۇن ئۇ قىلىچ،
كۆرمىسۇن شەۋقى كۆزى قۇللۇقتا ئەل تەقدىرىنى!

دەپ يازدىڭىز؟ سىزمۇ «پەرھات-شېرىن»نى يېڭى بىر خىل شەكىلدە يازسىڭىز، «خەمسە» چىلىكنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرسىڭىز بولماسمىدى؟ بايا دېمىدىممۇ، ئىككىمىزنىڭ قاراشلىرى ئوخشاش.

شەۋقى كۈلۈپ كەتتى.

— راست دەيلا، ئىنىم، بىز ئۆز دەۋرىمىز ئۈچۈن ئاددىي ئىشلارنى قىلىپ نامىسىز كەتسەكمۇ مەيلى دەيدىغان يولنى تاللىدۇق. بايا مېنىڭ ئېچىنىمەن دېگىنىم، ھەرگىزمۇ سىلىنى خىلۋەتكە بېكىنىۋېلىپ كونا بىر نېمىلەرنى قايتا باشتىن يازسۇن دېگىنىم ئەمەس، ئەكسىچە زامان تەتۈر بولمايدىغان بولسا، خاتىرجەم مۇھىتتا ئىلمىي خىزمەت ئىشلىسە قابىلىيىتىنى جارى قىلالايتتى دېگىنىم ئىدى.

— رەھمەت، ئۇستاز، دەرۋەقە، ھېلىقىدەك تېمىلارنى يېزىش كەلگۈسىدىكى ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرىنىڭ مۇشۇ دەۋر ئەدەبىياتى

ئۈچۈن كۆرۈنەرلىك دەپ تىلغا ئېلىنىشقا (ھەتتا زورمۇ زور سىياسىي خاھىشلانى تېڭىپ تەھلىل قىلىنىشقا) ئۇبدان بولىنىدىمۇ، مۇشۇ دەۋر خەلقىگە ھېچنىمە بېرەلمەيدۇ، — ئۇ بۇ ھەقتىكى مۇلاھىزىلەرنى تۇختىتىش ئۈچۈن گەپنى بۇرىدى، — ئەمدى تۇرغۇن ئەپەندىنىڭ تەكلىپىگە كېلەيلى. مېنىڭچە سىلەر سەھنە ئەسىرى ئىشلىمەكچى بولساڭلار دەل مۇشۇ زامانىنىڭ پەرھادلىرىنى ئېلىپ چىقىڭلار. ئۇلار بىر ئۆزىنىڭ شېرىنى ئۈچۈنلا ئاھ ئۇرىدىغان ئەمەس، پۈتۈن شىرىن ۋەتىنى ئۈچۈن ئىلىم كەۋسىرى ئېلىپ كېلىدىغان روللارنى ئوينىسۇن. كىشلەر ئۇنىڭ سۆز-ھەركىتىدىن بۇندىن كېيىن نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى بىلىۋالىدىغان بولسۇن.

— توغرا، مەن تەۋپىقنىڭ قاراشلىرىغا قوشۇلىمەن، — دېدى شەۋقى، — سەھنە ئەسىرىدىكى سۆزلەر بىر ئاز ئاشكارا بولسۇن، تېپىشماق بولۇپ، قالسا يەنە ئۆزىمىز يېشىپ بەرمىسەك بولمايدۇ. زىددىيەت، توقۇنۇشلىرى ئاددىيراق بولسۇن، ئالدى بىلەن تاماشىبىنلارنىڭ زوق ئېلىش سەۋىيىسىنى ئويلاشماي بولمايدۇ.

— لېكىن، يەنە خەلقنى پۈتۈنلەي ئاخماققا چىقىرىپ، ئۇلار ئۈچۈن «ئويلىنىش سۇئاللىرى» بەرمەي، ھەممىنى مۇئەللىپىنىڭ ھەل قىلىۋېتىشىمۇ توغرا ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئويلۇنۇپ كۆرۈشىمۇ زۆرۈر، — دېدى تەۋپىق قوشۇمچە قىلىپ، — كېيىن بارا-بارا مۇرەككەپلەشتۈرۈپ بېرىش ئارقىلىق خەلقنىڭ زوقلىنىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

سۆھبەتلەرنىڭ جىددىيلىكى سەل پەسكويغا چۈشكەن پۇرسەتتە ئوبۇلقاسىم سۆز ئېلىپ:

— مەمتىلى ئەپەندى ھەقىقەتەنمۇ چوڭقۇر پىكىرلىك، كىشىكەن، مەن بۇ كىشى بىلەن تونۇشقىنىمغا، ئۇنىڭ سۆھبىتىگە داخىل بولۇپ قالغانلىقىمغا ناھايىتى خۇشال بولۇۋاتىمەن، — دېدى قىزغىنلىق بىلەن بۇرنىنىڭ ئۇچىنى سىلاپ-سىلاپ قويۇپ، — ئەگەر ئەپەندىگە ماقۇل كەلسە مۇشۇ يەردىكى ئوتتاقوپ ئەتىگىچە مېنىڭ غېرىپخانەمگە قەدەم تەشرىپ قىلغان بولسا مەن خۇشال بولغان، تونۇشلۇقىمىز تېخىمۇ

چوڭقۇرلاشقان بولاتتى.

مەمتىلى ئەپەندى ئوبۇلقاسىمنىڭ ئاۋۋالقى سۆزلىرىدىن تەنلىرى جىمىرلاپ كەتكەن بولسىمۇ، كېيىن يەنە: «ئۇ ئاقكۆڭۈل، تۈز ئادەم بولسا كۆڭلىگە كەلگەننى دەۋېرەمدۇ» دەپ ئويلاپ، ئۆز- ئۆزىگە كايىدى ۋە:

— ئۇنىڭسىزمۇ بىز چاپسانلا، چىقىشىپ كېتىمىز ھەم ئۆزلۈشۈپ تۇققاندەك بولۇپ كېتىمىز، — دېدى چاقچاق قىلىپ.

— بۇنىڭغا كۆزۈم يېتىپ تۇرۇپتۇ، سىلى دېمىسىلىمۇ مېنىڭ ئويلۇغۇنۇمدىن باشقىچىلا كىشى بولۇپ چىقتىلا. مەن ئىلگىرى سىلىنى ئادەمنى قورۇنىدۇرۇدۇغان، سۈرلۈك كىشىمىكىن دەپتىكەنمەن، لېكىن ئۆزۈممۇ تۇيماي ئىككى قېتىم كۆرۈشۈپلا ئىچەكىشىپ قالدىم.

— دوستلارغا شۇنداقمەن. دۈشمەنگە بولسا ئىلگىرى ئويلىغىنىڭىزدەك، — دەپ چاقچاق قىلدى تەۋپىق كۈلۈپ تۇرۇپ، ئەمما كۆڭلىدە ئوبۇلقاسىمنى يەنە ياقتۇرماي قالدى. «نېمە، بۇ ئادەم تازا خوشامەتكوي، ياغلىمىچىمۇ قانداق؟... »

مەمتىلى ئەپەندى قەشقەر مائارىپ سېپىدىكى ئاغىنىلىرىگە ناخشا مۇزىكا تەرەپتىن ياردەم بېرىشكە ۋەدە بېرىپ خوشلاشتى. ئۇبۇلقاسىم خېلى يەرگىچە بۇلارغا ھەمرا بولۇپ ماڭدى. ئۇ مەمتىلى ئەپەندىنىڭ كەلگۈسى پىلانلىرىغا قىزىقىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. مەمتىلى ئەپەندى كۆڭلىدە بايىقى باھاسىغا ئوخشىمىغان يەنە بىر باھاغا كېلىپ: «بۇ خېلى قىزغىن، تىرىشچان كىشىدەك تۇرىدۇ.... » دەپ ئويلىدى. ئەمما ئۆزىنىڭ كەلگۈسى پىلانلىرى ھەققىدە كونكېرېت توختۇلۇشنى خالىمىدى. ئوبۇلقاسىم بولسا ئاۋۋالقى قىزغىنلىقى بىلەن تەۋپىقنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن تونۇشۇپ قېلىشقا تىرىشىپ، ئىسمىنى سوراپ، بەخت ھېسسىغا چۆمگەن كىشىدەك يايراپ ماڭاتتى. ئۇلار بىلەن تەۋپىقنىڭ قاۋۇل مۇھاپىزەتچىلىرى بىللە بولغاچقا كىشى ھەقىقەتەنمۇ ئۆزىنى ئەركىن، ئازادە ھېس قىلاتتى.

**2**

www.uyghurkitap.com

ئەتىسى تەۋپىق ئوقۇغۇچىلىرىنى ئېلىپ ئاتۇشقا قايتتى. نىمەتۇللا بىلەن مەخلىكاخۇن ئوقۇغۇچىلار سىپىگە سىڭىپ كەتكەندەك ـ ھەيۋە بىلەن ھەيۋە بېغىشلاپ تەۋپىقنىڭ يېنىدا پىيادە كېلەتتى. ئۇلارنىڭ جەڭ ئاتلىرىغا يۈك ـ تاق ئارتىلغان بولۇپ، ئارقىدىن كېلەتتى.

ــ شۇنداق قىلىپ، دوستىمىز ئابدۇنىياز ھازىر يەكەندە ئىكەن ـ دە؟

ــ دېدى تەۋپىق جەڭچىلەر بىلەن سۆھبىتىنى داۋام قىلىپ، ــ ئۇ تازا جەڭدە كۆكلەيدىغان ئادەم ئىكەن، جاڭگالىنىڭ توغراقلىرىدەك...

ئۇلار يېڭىسار قورشاۋىدىن بۇيانقى جىمى كەچمىشلىرى ھەققىدە كەڭ كۇشادە سۆزلىشىپ ماڭدى. بەشكېرەمنىڭ شەرقىي چېتىدىن قۇمسېغى يېزىسىغىچە بولغان چۆللۈك كۆڭۈللۈك سۆھبەت بىلەن بىلىنمەيلا ئارقىدا قالدى.

تەۋپىق قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مەھمۇد مۇھىتىنىڭ خېتىنى ئوقۇش مۇناسىۋىتى بىلەن يىغىن چاقىرىشقا ھەم يىغىندىن پايدىلىنىپ يەنە بىر قېتىم ئاقارتىش تەرغىباتى ئېلىپ بېرىشقا نىيەت قىلىپ، تەييارلىققا كىرىشتى. يەنە بىر تەرەپتىن مەكتەپ ھەيئىتىنى مائارىپ ھەيئىتىگە ئۆزگەرتىپ قۇرۇش، ئاتلار ھەيئىتىنىڭ ئىناۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىككىنچى نۆۋەتتە يەنە بىر يىغىن ئۆتكۈزۈشنى كۆڭلىگە پۈكتى. بۇ يىغىنلارغا ئاتۇشنىڭ جىمى كەنتىدىن ئادەم قاتناشتۇرۇش ئۈچۈن يىراق كەنتلەرگە ئادەم ئەۋەتىپ خەۋەر قىلىش ئۈچۈن ئاغۇلۇق ئوقۇغۇچىلاردىن ئابلىز قارىنى ئەۋەتتى. كاتتايلاققا ئۆزى بېرىشنى قارار قىلدى.

ئۇ قەشقەردىن قايتىپ كېلىپلا يېقىن يېزىلارغا خەۋەر قىلىشنى ئوقۇغۇچىلارغا تاپشۇرۇپ ھەر قايسى كەنت يۈز بېشىلارغا خەۋەر قىلۋەتكەنىدى. ئەتىسىلا ئۆزى كاتتايلاققا قاراپ ئاتلاندى. نىمەتۇللا بىلەن مەخلىكاخۇن ئىككىسى ئۇنىڭغا ھەمراھ بولدى.

ئۇلار كاتتايلاققا كېلىپلا قوغان كەنتىدىن مۇھەممەد داموللىنى تاپتى. مۇھەممەد داموللا ئاكىسى ئىمىن مەۋلىۋى داموللا بىلەن بۇخارا،

ھىندىستانلاردا ئوقۇغان بولۇپ، ئىمىن مەۋلىۋى قەشقەر خانلىق مەدرىستە مۇددەرسلىك قىلاتتى. مۇھەممەد داموللا يىگىتلىك تەرەپدارى (جەدىت) بولغانلىقى ئۈچۈن ئاكىسى بىلەن كۆپ جەھەتلەردىن ئوخشىمايتتى ۋە پىكىرلىرىدە ئىختىلاپ باردى. ئۇنىڭ نۇرغۇن كۆز قاراشلىرى تەۋپىق بىلەن ئوخشىشىپ كېتەتتى. تەۋپىق خېلىدىن بېرى بۇ كىشى توغرىسىدا ئاڭلاپ كەلگەچكە ئۇنى كۆرمەيلا تونۇپ بولغانىدى. مۇھەممەد داموللا ئارقىلىق موللاق چەكەدى، ناسىراخۇن خەلپىتىم قاتارلىق نوپۇزلۇق يۇرت ئاقساقاللىرىنى شۇ يەرگە يىغدى. ناسىراخۇن خەلپىتىم باشچىلىقىدا ئاتىلار ھەيئىتى تەشكىللىدى. بۇلاردىن باشقا ئۆزى قاتنىشالمىغان بولسىمۇ گۈللۈك كەنتىدىن قاسىم چوڭ (يۈز بېشى)، ئۇنتامىدىن مۇھەممەد بەگ قاتارلىقلارنى كاتتىيلاق يىزىسىنىڭ ئاتىلار ھەيئىتىگە كىرگۈزۈشتى. ئوقۇتۇش خىزمىتىگە مۇھەممەد داموللا مەسئۇل بولدى.

ئۇ مۇھەممەد داموللىغا ئاۋۋال ئوقۇتۇش خىزمىتىگە يارايدىغان بىر نەچچە ئادەم تېپىشنى تاپىلىدى. ئاتىلار ھەيئىتىگە مەكتەپ قۇرۇلۇشىغا مەبلەغ توپلاش، خەلققە تەشۋىق قىلىپ، مەكتەپكە ئوقۇغۇچى جەلپ قىلىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇردى. دەرسلىك ماتېرىيالىنى ئاتۇشتىن بىر تۇتاش تارقىتىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

بۇ مەجلىسنى كېچىچە تۈگۈتۈپ، مۇھەممەد داموللىنى ئېلىپ ئاتۇشقا قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ بۇنداق تېنىمسىزلىقىنى كۆرگەن مۇھاپىزەتچى جەڭچىلەر ئۇنىڭغا ھەيران بولۇپ:

— ئەپەندىم، ئەسكەر بولۇپ پىشىپ كەتتۇق دېسەك، سىز بىزنىمۇ بىكار قىلىۋەتكۈدەكسىزغۇ. بىر كېچىدە شۇنچە ئۇزاق يولنى بېسىپ، شۇنچە كۆپ ئىشنى تۈگۈتۈپ كەلدىڭىز، بۇنداق قىلىپ ئۆزىڭىزنى ئالدۇرۇپ قويسىڭىز بىز سىجاڭنىڭ ئالدىدا خىجالەتچىلىككە قالىمىز جۇمۇ، — دېدى.

مەمتىلى ئەپەندى كۈلۈپ كەتتى:

— يىگىتلەر، ھايات — ھەرىكەت، ھايات — كۈرەش، دەم ئېلىشقا

www.uyghurkitap.com

كەلسەك، كېيىن ھەممىمىز مەڭگۈ دەم ئالىمىز ھەم بۇ «دەم ئېلىش»تىن قۇتۇلۇپمۇ كېتەلمەيمىز. ئىككىڭلار مۇھەممەد داموللىغا ھەمراھ بولۇپ راسا بىر ئۇخلىۋېلىڭلار، ئاڭغىچە مەن سىلەرگە ئىش تېپىپ تۇراي، ــ دېدى خۇشخۇيلۇق بىلەن.

*

**

دارىلمۇئەللىمىندىكى ئوقۇغۇچىلار ئەمدى خاتىرجەملىككە ئېرىشكەن، شۇڭلاشقا ئۇلارنىڭ كەيپىياتىدىن خۇشاللىق ئۇرغۇپ تۇراتتى. پەقەت سابىتلا ئىلگىرىكىدەك جىمغۇر ۋە خىيالچان بولۇپ، چىرايى تېخىمۇ تۇتۇلۇپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئېغىر بىر تاش بېسىپ تۇرغاندەك بولاتتى. ئۇ ئۆزىنى دۇنيادا ھەممىدىنمۇ بىچارە ھېس قىلاتتى. بۇ ئۇنىڭ ماكانسىز قالغانلىقىدىن تۇغۇلغان ئۈمىدسىزلىك بېغىشلىغۇچى تۇيغۇلاردىن ئىدى. ئۇ ئۆي ئىشىنى قايتىدىن داۋا قىلىپ، ئۇنىڭغا ئىگە بولۇشقا كۆزى يەتمەي روھسىزلىنىپ كېتىۋاتاتتى.

ئابلىمىت قارى بىلەن مۇھەممەد قارى كەچلىك تاماقتىن كېيىنكى ئىختىيارى پائالىيەت ۋاقتىدا كەيپى چاغ ھالدا سابىتنى مەيداندا ئېگىز سەكرەشكە ياكى «ياغاچ ئاياغ» ئويناشقا تەكلىپ قىلىشتى.

ــ نېمە ئانداق گۈشۈرۈپلا تۇرىسەن؟ مەشۇقىڭ يادىڭغا يېتىپ سېغىنىشتىن ئېزىلگەن بولساڭ غىپپىدە بېرىپ كەل، بولمىسا بىزگە ئانداق قاپاق تۈرۈپ بەرمىسەڭمۇ بولىدۇ، ــ دېدى مۇھەممەد قارى چاقچاق قىلىپ.

سابىت ئاغىنىسىگە ئۆمسە قاراپ قويۇپ، نېمىدىن بېشى قېتىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. ئېيتماسلىق توغرىسىدا بىر قارارغا كېلەلمىگەندەك گال قېرىپ، جايىدا قىملىداپ، ئاخىر تەسەللىگە ئېرىشىش ئۈمىدىدە كۆڭلىدىكى پاراكەندىچىلىكىنىڭ سەۋەبىنى ئېيتتى. ئۇلارنىڭ قېشىغا ئەمەت مەخسۇم، ئابدۇغۇپۇر قۇناجى، مۇھەممەد قارى مەشرەپلەر كېلىپ قوشۇلدى. ھەممىسى ھېسداشلىق قىلىشتى. تەسەللى ئېيتىشتى. سابىت قولىدا غاڭزىنى تۇتىۋېلىپ، ئەمەك قىلىپ

ئويناپ تۇراتتى.

— خېلىدىن بېرى بۇ ئىشنى ئۇنتۇپ قالغاندەك بولۇۋېدىڭ، تۇرۇپلا بۇگۈن ئەسلەپ قاپسەنغۇ؟ — دېدى ئابلىمىت قارى.

— ئۇنتۇپ قالغىلى بولامدۇ، هامان يۈرىكىمنى تاتلاپلا تۇردى...

— ئەتىيازنىڭ هاۋاسىدەك تۇتۇلۇپلا يۈرىدىكەنسە، ئاغىنە، — دېدى مەشرەپ چاقچاق قىلىپ،

— خاپىلىقنى بېسىشنىڭ دورىسى تاماكا، ئەكىلە قولۇڭدىكىنى، بىر چېكىم سېلىپ بېرەي، — دېدى ۋە شوخلۇق بىلەن سابىتنىڭ قولىدىكى غاڭزىنى ئېلىپ، ئۆرۈپ- چۆرۈپ قارىدى ۋە:

— ۋاي- ۋۇي، خېلى ئۇزۇن نېمىكەنغۇ بۇ؟ نەدىن تېپىۋالدىڭ بۇنى؟ — دەپ سورىدى.

— بۇنى قەشقەردىن تېپىۋالغانتىم، — دېدى سابىت سەبى باللاردەك ساددىلىق بىلەن ۋە تولۇقلاپ قوشۇپ قويدى، — دوتەي يامۇلنىڭ ئالدىدىن...

— كىم بىلىدۇ، دوتەي جانابلىرىنىڭ ئۆزى ئىشلەتكەن نەرسىمۇ تېخى، ئىشقىلىپ بىز خەقنىڭ بۇنداق نەرسىدە تاماكا چەككىنىنى كۆرگىنىمىز يوق، ھەقىچان خىتاينىڭ بىرنېمىسى، پەرەڭلەرنىڭ بولۇشىمۇ مۇمكىن. كېلە، بىر چېكىپ باق، ئۆگۈنۈپ قويساڭ خاپىلىقتا ئەسقاتىدۇ، — مەشرەپ غاڭزىنى تۇتاشتۇرۇپ سابىتقا تەڭلىدى،— ھېچنىمە بولمايدۇ، چېكىپ باق، دەرت كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. سەن كۆيگەنچىلىك بىزمۇ كۆيگەن، مانا شۇ دەرت بىلەن بۇنىڭغا ئۆگۈنۈپ قالغانمىز.

باشقىلارمۇ سابىتنى كۈلدۈرۈۋېتىش، خىيالىنى غەمدىن خالاس قىلىپ، ئۆزىنىڭ خۇشال كۈنلىرىگە قوشۇۋېلىش ئۈچۈن ھەممىسى سالا قىلىپ، دېۋەيلەپ تۇرۇشاتتى. سابىتمۇ ئۇلارغا ماقۇل بولۇپ، غاڭزىنى تارتىشنىمۇ، ماقۇل بولماسلىقنىمۇ بىلمەي، ئىختىيارسىزلا غاڭزىنى قولىغا ئالدى ۋە دوستلىرىنىڭ چاقچاقلىرى ئىچىدە بىرنى تارتتى. لېكىن شۇئان يۆتۈلۈپ كەتتى. باشقىلار بولسا كۈلۈشمەكتىدى.

www.uyghurkitap.com

— نېمە قىلىۋاتىسىلەر، يىگىتلەر؟ — دېدى ئىشخانىدىن چىققان تەۋپىق ئۇلارغا يېقىنلىشىپ كېلىپ.

يىگىتلەر تەمتىرىشىپ قالدى. سابىتمۇ قولىدىكى تۇتۇن چىقىپ تۇرغان غاڭزىنى قەيەرگە يوشۇرۇشنى بىلمەي ئاۋارە بولۇپ كەتتى.

— سابىت، قولۇڭدىكى نېمە، ئوغلۇم؟

— ...

— جاۋاب بەرگىن!

— بۇ ... ھېلىقى شۇ، غاڭزا... تېپىۋالغان... دوتەي يا...

— دېمەك سەن تاماكا چېكىدىكەنسەن ـ دە، شۇنداقمۇ؟

— چەكمەيتىم... بۈگۈن بىر تارتىشىم...

— چەكمە، ئوغلۇم، بۇنداق نەرسىنىڭ نېمە كېرىكى بار؟ ھاياتنى ئاسراش كېرەك. ھاياتنى ئاسراشمۇ مەدەنىيەتلىك ئادەملەرنىڭ ئارتۇقچىلىقى. تاماكا زىيانلىق نەرسە، يەنە كېلىپ تېپىۋالغان غاڭزىدا چەككىنىڭنى قارىمامدىغان! يىگىتلەر، بىز خەلققە ھەممە تەرەپتىن ئۈلگە بولىشىمىز كېرەك. خەلق بىزدىن ئەدەپ ـ ئەخلاق ھەم باشقا جىمى ياخشى پەزىلەتلەرنى ئۆگىنىدىغان بولسۇن. «يېڭى مەكتەپتە ئوقۇغانلار ناھايىتى ئەدەبلىك، كەيىپ ـ ساپاغا بېرىلمەيدۇ» دەيدىغان تونۇشنى پەيدا قىلايلى. بىز خەلقنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولساقلا ئاندىن كۆزلىگەن مەخسەتكە يېتەلەيمىز.

سابىت خىجىل بولغىنىدىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي، ئاخىر قولىدىكى غاڭزىنى تاشلىۋەتتى. مەمتىلى ئەپەندى غاڭزىنى يەردىن ئېلىپ ئۇنى يەنە سابىتقا بەردى.

— گەپ غاڭزىنى تاشلىۋېتىشتىلا ئەمەس، ئىشلەتمەسەڭلا بولىدى. بۇ خىلى ئەتىۋارلىق نەرسىدىن بەلكى پىل چىشىدىن ياسالغانىدەك تۇرىدۇ، شۇڭا ساقلاپ قوي. بۇ ساڭا بۈگۈنكى كۈننىڭ، مۇشۇ تەربىيىنىڭ ئەستىلىكى بولۇپ قالسۇن، — دېدى ئۇ.

— ئەپەندىم، — دېدى خىجىل بولۇپ كەتكەن مەشرەپ، — سابىت ئەسلىدە تاماكا چەكمەيتتى. مەن ئۇنىڭغا زورلاپتىمەن. ئەيىپ مەندە، ئۇ

بەك خاپا تۇرۇپتىكەن، شۇڭا...

ــ شۇنداقمۇ؟ نېمىشقا خاپا بولغانىدىڭ، ئوغلۇم؟

ــ قــازىلار بىزنىــڭ ھېلىقــى مــىراس دەۋايىمىزنــى ھېلىقــدەك.... ئۆگەي ئانامغا بۇيرۇپ بېرىپ تۇگۈتۈپتۇ،... بىر بازار كۈنى ئۆيگە بارغاندا قارىسام پىچەت چاپلاپ قويغانىكەن. شۇندىن بېرى ئابلىمىت قارى بىلەن بىللە تۇرۇۋاتىمەن....

ــ شــۇنداقمۇ؟ خــاتىرجەم بــول، ئوغلــۇم، مەن ســاڭا يــاردەم قىلىــپ دەۋالىشــىمەن، ھەم ئــۆينى ســاڭا ئېلىــپ بېــرىمەن. نېمىشــقا بالــدۇرراق ئېيتمىغانســەن؟ «تــارتىنىش رىزققــا توســالغۇ بولــۇدۇ»[1] دەيــدىغان گەپ بــار، ئوغلــۇم. زىيــادە تاتىنچــاقلىقمۇ، بەك شــاللاقلىقمۇ ئوخشاشــلا ئەيىــپ، كۆڭلــۈڭنى يېــرىم قىلمــاي، ئەرز يېزىــپ قازىغــا بەر، مەن بىــر بــازار كــۈنى ۋاقىت چىقىرىپ سېنىڭ گۇۋاھچىڭ بولۇپ قازى ئالدىغا بارىمەن.

ــ ماقۇل،... ئاللاھ رازى بولسۇن، ئەپەندىم.

ــ رەھــمەت ئېيتىشــقا ئۈلگۈرىســەن. يىگىــتلەر، ئەتە ھەزرەت ســۇلتاندا چــوڭ يىغىلىــش ئۆتكــۈزىمىز، بۈگــۈن بالــدۇرراق ئــۇخلاڭلار، ســەھەر تــۇرۇپ مەشــھەدكە مــاڭىمىز. خەيــر، ياخشــى چــۈش كــۆرۈڭلار، ــ تەۋپىــق شــۇنداق دېدى۔ دە، بالىلار بىلەن خوشلۇشۇپ، سەيپىددىنىنىڭ ھوجرىسىغا قاراپ كەتتــى. ئــۇ ئارقىســىدىن يىگىتلەرنىــڭ سابىتقا چاقچاق قىلىــپ ئېيتقــان مۇنۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قالدى:

ــ سابىت، دەرھال شورۇقـقا قاراپ چاپ، «شــېرىن» نىڭغا خەۋەر قىــل، ئۇمۇ ئەتە مەشھەدكە بېرىــپ كــارامىتىمىزنى كــۆرۈپ باقسۇن. ئــاۋۋال ئۇنىــڭ ئاياغلىرىغــا يىقىلىــپ غەزەللىرىڭــدىن بىرنــى ئوقــۇۋەت.. ــ بــۇ مــۇھەممەد قارىنىڭ ئاۋازىدى.

تەۋپىق بۇنى ئاڭلاپ: «ئۇنىڭ سۆيگۈنى بارىكەن۔ دە!» دەپ ئويلىدى ۋە كۈلۈمسىرەپ قويدى.

ئــۇ يىــراقلاپ كەتــكەن ھامــانلا يىگىتلەرنىــڭ ســۆھبەت، چاقچــاقلىرى

---

[1] «قابۇسنامە»، ــ ئا.

باشلىنىپ كەتتى. مەشرەپ:

— مەن ئەمدى تاماكىنى چوقۇم تاشلايمەن، — دېدى ۋە سابىتقا، كەتمەيدىغان بولساڭ، كۆڭلۈڭنى ئېچىش ئۈچۈن تەمبۇرنى چېلىپ بېرەتتىم، — دېدى.

— راست، — دېدى سابىت سەل ئويلىنىپ، ئۆزىنى ئاللىقانداق يوشۇرۇن شادلىق كۈتۈپ تۇرغاندەك ئۈمىدۋارلىق تۇيغۇسىغا چۆمۈلگەن هالدا، — ئۆيگە... يۈرتقا بېرىپ كېلەيمىكىن، — هەر پەيشەمبە ئاخشىمى گۈلزادە ئۇنى كۈتەتتى. خېلىدىن بېرى ئوقۇغۇچىلار بازارلىق قىلمىغاچقا بىچارە قىزنىڭ ئىنتىزار بولۇپ كۈتۈۋاتقىنىنى ئويلاپ، ئۇنىڭ هەقىقەتەنمۇ تۇرغۇسى كەلمىدى.

دوستلىرى ئۇنىڭ بېرىپ كېلىشىگە ماقۇل بولدى. يۇ، يالغۇز مېڭىشىدىن ئەنسىرەشتى. بىراق سابىت ئەنسىرەپ ئولتۇرمايلا يولۇپ كەتتى.

## 3

كەچ كۈزنىڭ مەيىن شاملى ئۇرۇپ تۇردۇ. كۈز كېچىسىدىكى مەيىن شامال كىشىگە ئالاهىدە راهەت بەخش ئېتىدۇ.

هاۋا ئوچۇق، يۇلتۇزلار جىمىرلاپ يېنىپ تۇرغان كېچە، ئەمما قاراڭغۇغا ئۆگەنگەن كۆزلەرگە ئانچە قاراڭغۇ بىلىنمەيدۇ. يىراق-يىراقلاردىن دېهقان ناخشىسى، ئىتلارنىڭ قاۋىشى ئاڭلىنىپ تۇرسىمۇ، كىشىگە جىمجىت تۇيۇلىدۇ.

سابىت ئالدىراپ كېتىۋېتىپ سۆيگۈنى بىلەن كۆرۈشكەندە نېمىلەرنى دېيىش توغرىسىدا ئويدانراق ئويلىنىۋېلىش ئۈچۈن ئۆز - ئۆزىنى مەجبۇر قىلسىمۇ هامان خىيالى چېچىلىپ كېتەتتى. تۇرۇپلا «بۇ قېتىم ئۇنى چوقۇم سۆيىۋالىمەن» دەپ ئويلايتتى. هەم بۇ خىيالى رېئاللىققا ئايلانغاندەك يۈزى قىزىرىپ، ۋۇجۇدى قىزىپ كېتەتتى. تۇرۇپلا گۆدەك چاغلىرىنى، گۈلزادە بىلەن هەمىشە جاڭگالدا ئۇچراشقانلىرىنى، بىرسى



www.uyghurkitap.com

مال باقسا، بىرسى ئوت ئالغىلى بېرىپ، جىگدىلىكلەردە قوغلۇشۇپ يۈرگىنىنى، ئۇ چاغدىكى كۆكۈللۈك هاياتىنى، كېيىن ئۆنىڭدىن تارتىنىدىغان، ئۇنى كۆرگەندە قىلغىلى گەپ تاپالماي قالىدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى ئويلاپ كېتەتتى. كېيىن زادى قاچاندىن باشلاپ گۈلزادىنى كۆرگەندە هودۇقۇدۇغان بولۇپ قالغانلىقىنى هېسابلاپ كۆرۈشكە تىرىشتى. بىراق، خىيالى يەنە شاخلىنىپ كېتىپ بۆگۈن ئۇنى چوقۇم سۆيۈۋالىمەن دېگەنلەرگە كېتىپ قالاتتى... «مەمتىلى ئەپەندى قىلىمەن دېگىنىنى قىلالايدۇ، ئەمدى ئۆيىنىڭ ئىشىدىن خاتىرجەم بولسامۇ بولىدۇ (ئۇ دەل شۇنىڭ ئۈچۈن تېتىكلىشىپ، شوخلىشىپ قالغانىدى) بۇنى گۈلزادىگە ئېيتىمەن قەشقەرگە بېرىپ، كېلىش ئارلىقىدىكى جىمى ئىشنى سۆزلەپ بېرىمەن. ئەتە يىغىلىش بولىدۇغانلىقىنى، ئەمدى بىزگە هېچكىم تاش ئاتالمايدىغانلىقىنىمۇ ئېيتىپ بېرىمەن ... »

سابىت شورۇقنىڭ بوستان مەهەللىسىگە كېلىپ سۆيگۈنىنىڭ بېغىغا شورىدىن چۈشۈپ بىر تۈپ نوتا ئۈرۈكنىڭ تۈۋىگە كېلىپ ئولتۇردى يۈرىكى دۈپۈلدەپ سالماقتىدى. مانا شۇنداق ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ خىيالىغا ناۋايى غەزەللىرىدىن مۇنۇ مىسرالار كەلدى:

گۈل تۈۋىدە ئولتۇرۇپ، گۈلگە تاماشالار قىلىپ،
قورقا۔ قورقا ئەيمىنىپ بىر غۇنچە ئۈزمەك ئارزۇ.

ئىككى هەپتىدىن بېرى سابىتنى كۆرەلمەي تىت۔ تىت بولغان قىز هەر پەيشەمبە ئاخشىمىدىكىدەك بۆگۈنمۇ ئۈمىدلىنىپ، پۇرسەت تاپسىلا باققا كىرىپ ئەتراپقا قۇلاق سېلىپ تۇرغانىدى. ئۇ يەنە بىر قېتىم باغقا كىرگىنىدە گويا ئۆز۔ ئۆزىنى بەزلىمەكچى بولغاندەك ياكى سابىت كەلگەن بولسا ئاڭلىسۇن دېگەندەك:

— ۋىيەي، بۆگۈن هەجەپ هاۋا ئوچۇق كېچە بوپتۇ۔ يا، — دېدى.

سابىت يۈرىكىنىڭ دۈپۈلدىشىنى تەستە بېسىۋېلىپ، چېكەتكىدەك ئاۋازدا «كىرىت۔ كىرىت» قىلىپ ئۈچ قېتىم سايرىدى.

www.uyghurkitap.com

گۈلزادە ئىنتىزارلىقتىن چاك بولغان باغرىنى ئاشىقىغا ياقىدىغاندەك ئالدىرغىنىچە نوتا ئۇرۇك تۈۋىگە كەلدى. بىراق ئۆرۈكنىڭ قارشىسىغا كېلىپ توختاپ قالدى ۋە:

— سىزمۇ؟ — دەپ سورىدى تىترەڭگۈ ئاۋازدا.

— شەيتان دەپ ئويلىغانمۇ؟ جىن دەپمۇ؟ — دەپ قايتۇرۇپ سورىدى سابىت بايىدىن بىرى قىز كەلگەن هامان ئۆزىنى ئېتىپ شېرىن ئەركىلىتىشلەر بىلەن سۆيۈپ بەزلەيدىغاندەك تۈيۈلغانىدى. ئەمدى ئۇنىڭ جىمى جۇرئىتى تۈتەككە ئايلىنىپ، قولاشمىغان هالدا شۇنىلا دېيەلىدى. پالاكەت قوللىرىنىڭ بىرى ئورۇنسىز ئېسىلىپ تۇرغاندەك بىلىنەتتى، يەنە بىرى يانچۇقىدا غاڭزىنى سىقىمداغلىق ئىدى. كېچە جىملىقىدا ئىككى يۈرەكتىن چىقىۋاتقان تېز ۋە بوغۇق نەپەس ئالاهىدە سادا بېرەتتى. ياكى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە شۇنداق تۇيۇلاتتى. كېچە پەردىسى ئۇلارنىڭ بىر-بىرنى قېنىپراق كۆرۈۋېلىشى ئۈچۈن ئىمكان بەرمەيتتى. ئۇلار پەقەت بىر-بىرىنىڭ ئوتلۇق نەپەسلىرىنى ئاڭلاپ تۇرىشاتتى خالاس. شۇنچە ئالدىراش بولغان ئۇچرۇشۇش مۇشۇمۇ؟ ئىنتىزارلىق پەقەت مۇشۇنداق تۇرۇش ئۈچۈنمىدى؟ ئۇلارنى نوتا ئۈرۈك ئايرىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى شاخلار ئارىلىقىدىن بىر-بىرىنىڭ گىرىمسەن كۆلەڭگۈسىگە قاراپ تۇراتتى.

— گەپ قىلمامسىز؟ نېمىشقا كەلدىڭىز؟ مۇشۇنداق كېچىدە، — دېدى قىز شۇرلاپ ئۇنىڭ ئوتلۇق نەپىسى تەگسىز خىياللارغا پېتىپ تۇرغان سابىتنى چۆچۈتىۋەتتى، هەتتا غاڭزىنى تۇتۇپ تۇرغان قولىنى ئىتتىكلا تارتىپ يانچۇقىدىن چىقاردى ۋە ئىككى قولى ئارىسىغا ئېلىپ، ئۇياق، بۇ ياققا غىلدىرلاتتى.

— هە؟ نېمىشقا؟... نېمىشقا كېلەتتىم؟... كەلگىنىم يامان بوپتىمۇ؟ كېتەيمۇ ئەمىسە؟

— ۋىيەي، ما گەپنى، نىمانداق تاۋى نازۇك بولۇپ كېتىپتۇمىش ئەمدى؟ گەپ قىلماي تۇرغاندىكىن شۇنداق سورىماي نېمە ئىلاجىم؟

— گەپ تاپالماي قالدىم... سىنىڭ گېپىڭ بولسا دەۋەرسەڭ بولدىغۇ؟

— پېشانىڭىزدىكى يېرىق ساقايدىمۇ؟

— ساقايدى.
— بۈگۈن نېمانداق ... كەچقۇرۇن ئۆتەمدىكىن دېسەم ھېچقايسىڭلار ئۆتمىدىڭلار.
— بۈگۈن ھېچكىم ئۆيىگە قايتمىدى. مەن قاراڭغۇ چۈشەي دېگەندە ماڭغانىدىم، ئۇدۇل مۇشۇ يەرگىلا كەلدىم. ھېلى يەنە مۇشۇ يەردىن مەكتەپكە كېتىمەن.
— ۋىيەي، ھېرىپ- ئېچىپ نىمىشقا كەلگەنسىز، يا كېپىڭىز بولمىسا ...
— كۆرۈشسەك يۈرەككە ئارام- دە ...
— ۋىيەي، سەتلىكىنى!
— دېمىسەڭمۇ مەن سەت، تۆگىدەك قوپال ...
— ئۇنداق بولغان بىلەن قىز بالىدىنمۇ نازۇك ئىكەنسىز، نېمىشقا دېسە ... تېخى ...
سابىت بارا- بارا روھلىنىپ، ھودۇقۇشلىرىدىن سەل ئازاد بولدى. ئۆيى ھەققىدىكى خاپىلىقى يېقىن ئارىدا ھەل بولۇدىغانلىقى كۆڭلىدىن كەچتى. ئەپەندى ئارىلاشقان ئىش خەيرلىك بولماي قالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئۇرغۇشقا باشلىغان قانلىرىدا شائىرانە ھېسسىيات ئۆرلەشكە باشلىدى، سۆزلىرى شائىرانە تۈس ئالدى:
— كۆرۈشكەنىنىڭ نېمە پايدىسى دېمەكچىمۇسەن؟ مەن سېنىڭ شېرىن نەپىسىڭنى ئاڭلايمەن ... — سابىت بۇ سۆزنى ئويلاپ تاپقىنىدىن خۇشال بولدى. ئۇ ھەر كۈنى كەچتە خىيال سۈرۈپ ياتقان چاغلىرىدا ئاجايىپ گۈزەل بېيتلارنى توقۇپ چىقاتتى. بىراق سۆيگۈنىنى كۆرگەندە بۇنداق سۆزلەر ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىپ، ئۇنى مەسخىرە قىلماقچى بولغاندەك تىلسىز قالدۇراتتى. ئۇ ھازىرقى سۆزنى تاپالىغانلىقىدىن خوشال بولۇش بىلەن بىللە بۇنى گۈلزادىنىڭ چۈشۈنۈشىنى ئۈمىد قىلدى.
— ۋىيەي، موللىچاقنىڭ گەپلىرىنى! «شېرىن» مىش تېخى! تېزەك پۇراۋاتقاندىمەن، تاينىلىق؟

— چىرايىڭ قىزىل گۈلنى ئەسلىتەر، بويۇڭ سەرۋى سىنىڭ،
مەيلى نېمە پۇرىما، بەربىر، ماڭا ئەنبەرھىدىڭ.

سابىت كىچىلىرى كۆڭۈلدىن كىچىدىغان گۈزەل بېيىتلىرىدىن بىرىنىمۇ تاپالماي، مۇشۇ قوپال مىسرالارنى زورۇقۇپ توقىدى بۇ ھال ئۆزىگە بەك ئەلەم قىلدى.

— قوشاقچىكەنسىز ـ ھە، تېخى؟ بۇنداق كارامىتىم باردەك، ئوقۇغان ئادەم دېگەن نېمە دېگەن بىلەنمۇ باشقا گەپ ـ تە!...

ئۇلار تۇنجى مۇھەببەتنىڭ سەبىي ۋە پاك، ئىنتىلىش ۋە تارتىنىش، سېغىنىش، ۋە قېچىش تۇيغۇلىرى گىرەلىشىپ كەتكەن قوينىدا لەرزەت ئارىلاش ئازاب تارتىشماقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ مۇھەببىتىدە قاقۋاش بولۇپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ «مۇھەببەت»ىدەك ھەرخىل شەخسىيەتچىل ئامىللار يوقىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئادەتتە ئاشۇنچىلىكلا سۆھبەت بولاتتى. كىتاپ سۆزلىرى ۋە سۆيۈق ئادەملەرنىڭ «كۆيدۇم، ئۆلدۇم... » لىرى دېيەلمەيتتى. گۈلزادىنىڭ چۈشۈنىدىغان نەرسىلىرى بەك ئاز بولغاچقا سابىت كۆڭۈل سۆزلىرىنى چۈشىنەرلىك ئىپادىلەش كويىدا كۆپ ئاۋارە بولاتتى. ئۇ ئەڭ گۈزەل سۆزلىرىنى خاتىرىسىگە نەزىم قىلىپ پۈتۈپ باراتتى. خۇدا نېسىپ قىلىپ ئىككىسىنىڭ يۈلتۇزلىرى قوشۇلسا بۇ خاتىرىلەرنى سۆيگۈنىگە شۇ چاغدا ئوقۇپ بېرىشنى ئويلايتتى. ئۇ چاغدا زېرىكمەي چۈشەندۈرۈشكە بولاتتى. چۈنكى ۋاقىت يېتەرلىك ئىدى؛ ئەندىشىلەرمۇ يوق بولاتتى...

ئۇ ئەمدى گەپنى بۇراپ قەشقەر سەپىرىنى سۆزلەپ بەردى. (بۇنداق «ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتى» گە ئالاقىسى يوق تېمىلاردا سۆزلەش ھەر ھالدا خېلى ئاسان ھەم راۋان بولاتتى). بىراق ئۆزى تەسەۋۋۇر قىلغاندەك تەسىرلىك سۆزلەپ بېرەلمىدى. تەپسىلىي سۆزلەشكە ۋاقىت يوق ئىدى... ئارقىدىن ئەتە بولۇدۇغان يىغىلىش ھەققىدە ئىپتىخار بىلەن سۆزلەپ، ئىلاج بولسىلا بېرىپ كۆرۈشنى تەكلىپ قىلدى.

— سىلەرنىڭ قانداق بېرىپ كەلگىنىڭلارنى بىزمۇ ئاڭلىدۇق، ئەپەندىنىڭ ئەسكەر باشلاپ كەلگىنىمۇ ئوقۇلدى. شۇڭا ھازىر نامازدا يامان

گېپىڭلارنى قىلىدىغانلار جىمىپ قاپتىمىش. مەن دادامدىن ئۇقتۇم. ئىككى كۈندىلا ئۇ خەقنىڭ زۇۋانى ئۆچۈپتۇ، تو̍ۋا...

ــ مەمتىلى ئەپەندى ئېيتتى، ھېلىقى دالىدا تۇرۇپ تاش ئاتقان، خەقنى ئۇرۇپ قاچقانلارنى ئىزدەپ تېپىپ ئەدىبىنى بەرگۈدەك.

ــ خۇدا جاجىسىنى بەرگۈلەر... ــ قىز خۇرسىنغاندەك چوڭ تىندى.

ــ بىزنىڭ ئۆينىڭ داۋاسىنىمۇ ئەپەندىم ئۆزى ئارىلىشىپ ھەل قىلىپ قويۇدىغان بولدى.

ــ ھە؟ ئۇ كىشىنىڭ قازىغا گېپى ئۆتەرمۇ؟ قازى ئۇنى پەلەققە تاتمىسىلا مەيلىدىغۇ، ئىگەكىم...

ــ ھەي، ساددىيەي، قاراپ تۇر، قازىدەك ئادەمنىڭ ئانىسىنى كۆزىگە كۆرسەتمەيدىغان بولسا...

ــ سابىت، ئەمدى خاپا بولماي كېتىڭ. سىزگە بەك كەچ بولۇپ كەتمىسۇن،... مەنمۇ ھايال بولدۇم.

ــ ماقۇل ... ياخشى چۈش كۆر. ئەتە ئامال بولسىلا مەشھەدكە بار جۇمۇ.

ــ ماقۇل، خۇدا بۇيرۇسا، سىزمۇ ياخشى چۈش كۆرۈڭ.

سابىت قىزنىڭ قارىيىپ كۆرۈنۈۋاتقان دەرەخ غوللىرى ئارىسىغا سىڭىپ كېتىۋاتقىنىغا قاراپ تۇرۇۋەردى. بىر ھازادىن كېيىن نۇرغۇن گەپلىرىنىڭ چالا قالغانلىقىنى يادىغا ئېلىپ ئەپسۇسلانغان ھالدا ئارقىسىغا قايتتى. ئۇ سۆيۈۋالمىغىنىغا ئېچىنىپ ئۆكۈنۈپ مەكتەپكە كەلگىچە ئۆز- ئۆزىنى ئەيىبلىدى.

# ئون توققۇزىنچى باب

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇلار (پولشا مىسسىئونېرلىرى) دىنىنى بىزنىڭ تەلپىمىز بويىچە تارقىتىشى. بىزنىڭ تەلپىمىز بويىچە ئىش قىلمىغان مىسسىئونېرلارنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش كېرەك. مىسسىئونېرلارنىڭ ۋەزىپىسى بۆلەكلەرنى سىڭگەن نېنىنى يەيدىغان قىلىش، نادانلىقتا قالدۇرۇشتىن ئىبارەت بولۇشى لازىم.

— گېتلىر. («3- ئىمپىرىيىنىڭ گۈللىنىشى ۋە ھالاكىتى» دا كەلتۈرۈلگەن نەقىل).

مەمتىلى ئەپەندى ئەتىسى ھەزرەت سۇلتان جامەسىگە ھەممە يۇرتنىڭ كاتتىلىرىنى، يېقىن ئەتراپتىكى كەنتلەرنىڭ ھەممە ئادىمىنى توپلىغان ئىدى.

ئاش ۋاقتى بىلەن مەجلىس باشلاندى. سۇلتان سۇتۇق جامەسىنىڭ پېشايۋىنى يۇرت كاتتىلىرى، بايلار، موللا- ئۆلىمالار بىلەن تولدى. پېشايۋان سىرتىدىكى ئېگىز سۇپا ۋە سۇپىنىڭ شەرقىدىكى مەيداندا ئاتۇشنىڭ ھەر قايسى يېزا- كەنتلىرىدىن يىغىلغان، بازارغا كەلگەنلەر بولۇپ ئون مىڭدىن ئارتۇق كىشى يىغىلىپ ئورۇن ئالدى. مەمتىلى ئەپەندى مەسچىد پېشايۋىنىدا يۇرت ئاقساقاللىرى ئارىسىدا كۈلۈمسىرەپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ يېنىدا سىدىقبەگمۇ بار ئىدى. نىمتۇللا بىلەن مەخلىكاخۇن قۇراللانغان ھالدا ئىككى تەرەپتە ئۆرە تۇراتتى.

خەلقنىڭ چىرايىدا مەجلىسنىڭ مەزمۇنى ۋە نەتىجىسىگە بولغان قىزىقىش ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. پېشايۋاندىكىلەرنىڭ بىر مۇنچىسى ھودۇقۇش ئىلكىدە يالغان يۆتىلەتتى. توپ ئىچىدىكى ھابولھاجىم،

كەنجى قازاخۇنۇم، ئابدۇراخمانهاجى ۋە باشقا مەرتىۋىلىك ئادەملەرنىڭ روھى هالىتى كىشىلەر تەرىپىدىن كۆزۈتۈلمەكتە ئىدى. مانا شۇ چىرايلارغا قاراپ بولغۇسى ئىشلارغا قارىتا ئۆز مەيدانىنى بەلگىلەشكە ئۈگەنگەن جاھانساز ئادەملەر بۇ چىرايلاردىن مەنا تېپىشقا ئۇرىناتتى.

شۇ ئارىدا مەمتىلى ئەپەندى ئورنىدىن تۇرۇپ، پىشايۋان سۇپىسىنىڭ لىۋىگىرەك كەلدى، ئۇنىڭ بېشىدا قارادەك ئاق قىرغىز قالپىقى ئۆزىگە يارىشىپ تۇراتتى. ئۇچىسىدا تۇركىيىدە تىكتۇرۇلگەن كۆينەك بولۇپ، بۇ ئۇستىباش ئۇنى ياش ھەم روھلۇق كۆرسىتەتتى، ئۇنىڭغا ئوقۇمۇشلۇق سالاپەت بەخش ئەتكەنىدى. ئەمدى ئۇ خېلىدىن بېرى تون كىيمەي، ئوقۇغۇچىلارغا تىكتۇرۇلگەن نۇسقىدا كىيىنەتتى، بەزىدە بولسا ئەجنەبىيچە كېيىنىپ گويا بۇ كونا دۇنياغا جەڭ ئېلان قىلماقچى بولغاندەك چىرايلىق تارالغان چېچى بىلەن ياللىغباشتاق قەددىنى كېرىپ يۈرەتتى.

شۇ ئاندا ئۇ جامائەتكە سۆز قىلىش ئۈچۈن ئالدىغىراق كېلىۋىدى، مۇھاپىزەتچىلەر ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدە دىققەتتە تۇرۇشتى. مەمتىلى ئەپەندىنىڭ كۆزلىرى ھە دېگەندە توختى زۇنۇننىڭ كۆزى بىلەن ئۇچرۇشۇپ قالدى. توختى زونۇن مەمتىلى ئەپەندىنىڭ سۆزلىرىنى تولۇق ئەستە قالدۇرۇۋېلىشقا تەييارلانغاندەك دىققەتتە تۇراتتى.

— ئەي، ۋەتەنداشلار، — دېدى مەمتىلى ئەپەندى كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان يېقىملىق ئاھاڭدا سۆز باشلاپ، — كۆپچۈلۈكنى بۇ يەرگە يىغىپ ئاۋارە قىلىشىمىزدا باشقىچە مەخسەت يوق. يەنى، ھاشار، ئالۋاڭ ۋەزىپىلىرى يوق، پەقەت، مەكتەپ ئېچىش ھەققىدە مەھمۇد سىجاڭنىڭ بۇيرۇق خېتى بار، شۇنى كۆپچۈلۈككە ئۇقتۇرۇپ قويماقچىمەن،— مەمتىلى ئەپەندى قىسقا پائۇزا ئارىلىقىدا بېشىنى يېرىم دائىرە بۇراپ، كۆپچۈلۈككە قاراپ چىقتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى بىلەن دۇقۇرۇشقان ھامانلا بەزى كۆزلەر ھوجۇمغا ئۇچرىغاندەك جىددىيلىشىپ دەرھال ئۆزىنى چەتكە ئالدى؛ بەزىلىرى خۇدۇك ئارىلاش خوشامەتنى ئىپادە قىلدى؛ يەنە بەزىلىرى بولسا دوستانىلىق بىلەن خوشاللىقنى ئىپادىلىدى، ئۇ يانچۇقىدىن مەھمۇد مۇھىتنىڭ خېتىنى ئېلىپ ئاچتى.

www.uyghurkitap.com

كىشىلەر تېخىمۇ تىمتاس بولۇپ كەتكەن، پەقەت پارامان ئارىسىغا ئۇۋۋا سالغان كەپتەر، پاختەكلەر بىلەن كۆل بويىدىكى تېرەك شاخلىرىدا ئالدىرىشىپ يۈرگەن قۇچقاچلارنىڭ ۋىچىرلىشى ھەم بۇقۇلدىشى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ تۇراتتى. تەۋپىق خەتنى ئوقۇشقا باشلىدى، — «ئاتۇشتىكى جىمى ئۆلۈمايۇ- ئىكرام، يۇرت كاتتىلىرىغا، جىمىكى پۇقرالارغا، سالامدىن سۆڭرە مەلۇم بولسۇنكى، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ مەكتەپ ئېچىپ بالىلارنى ئوقۇتۇشى ئىنتايىن توغرا ۋە ساۋابلىق ئىش بولۇپ، كىشىنى خوشال قىلىدۇ. بۇ خەلقنىڭ كۆڭلىدىكى ئىش. خەلقىمىز ئۇچۇن نادانلىقتىن ئويغۇنۇش ۋاقتى يەتتى. دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەر بىزدىن كۆپ ئىشىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ مۆجىزىلىرىنى كۆرسە كىشى ھەيران قالىدۇ. لېكىن بىز تېخىچە خۇراپات زەنجىرىدە باغلىنىپ يۈرۈپتىمىز. ئەمدى كۆزىمىزنى ئاچمىساق، كېيىنكى ئەۋلادلارنى ئوقۇتۇپ تەربىيلىمىسەك، مەڭگۇ قۇل بولۇپ ئۆتۈپ كېتىمىز. كېيىنكىلەر ئۇچۇن بەخت يارىتىش ئالدىنقىلارنىڭ بۇرچىمىز. بالىلار ئۇچۇن بەخت يارىتىش، ئۇلارنى تەربىيىلەپ يارامىلىق قىلىش ئاتا- ئانىلارنىڭ ۋەزىپىسى. مەمتىلى ئەپەندى رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىنى ئادا قىلىۋېتىپتۇ. بىز ئاتا- ئانىلارنىڭ بۇرچىنى ئادا قىلىدىغان ياخشى پۇرسەت يارىتىپتۇ. بۇ تازا ياخشى ئىش ئەمەسمۇ؟

«ئاڭلىساق مۇشۇنداق بىر ياخشى ئىشقا قارشىلىق بولۇۋېتىپتۇ. بەزى قىتىغۇر دۈشمەنلەر، مىللەتنىڭ ساتقۇنلىرى بۇ ئىشقا يامان نىيەتتە بولۇپ ئوقۇغۇچىلارغا تەھدىت سېلىش، ئاتىلار ھەيئىتىگە تەھدىت سېلىش، ئوقۇغۇچىلارنى ھاقارەتلەش ۋە ئۇرۇشتەك نامۇسسىز ئىشلارنىمۇ سادىر قىلىشتىن يانماپتۇ. بۇنداق ئىشلارغا يول قويۇۋەرگىلى بولمايدۇ. مەمتىلى ئەپەندىگە مەكتەپ ئېچىش، مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۇچۇن ھوقۇق بېرىلىدى. كىمكى بۇ ئىشقا يەنە قارشىلىق قىلسا، دۈشمەنلىك قىلسا، مەيلى ئۇ قانداق چوڭ ئاخۇن بولسۇن، قانداق كاتتا قازى، كاتتا باي بولسۇن، مەيلى قانداق مازايى- ماشايىخ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭغا قاتتىق جازا بېرىلىدۇ. چوڭ- كىچىك بارلىق پۇقرامۇ

مەمتىلى ئەپەندىگە ۋە ئۇنىڭ مەكتەپ ئىشلىرىغا ياردەمدە بولۇشى كېرەك.

دەپ:

سىجاڭ مەھمۇد مۇھىتى (موھۇر)

1934-يىل، 9-ئاينىڭ 25-كۈنى»

مەمتىلى ئەپەندىنىڭ كۆزى يەنە ئىختىيارسىز ھالدا توختى زۇنۇننى ئىزدەپ تاپتى. توختى زۇنۇن مەمتىلى ئەپەندىگە قۇلاق سالغاچ ھابولھاجىم، كەنجى قازاخۇنۇملارغا قاراپ ئۇلارنىڭ ئۆچۈپ كېتىۋاتقان رەڭگىگە قىزىقىپ قېلىۋاتقاندەك قاراۋاتقانلىقىنى بايقىدى. ئۇنىڭ كۆزى تويۇقسىزلا مەمتىمىنگە چۈشۈپ، مەمتىمىن يىغىننى بۇزۇش نىيىتىدە بولۇۋاتقاندەك بىلىندى. ئۇنىڭ توختى زۇنۇن بىلەن ئىشارەتلەر قىلىشىش ئېھتىمالى ھەققىدە بىر تەسەۋۋۇر پەيدا بولۇپ، قايتىدىن توختى زۇنۇنغا بۇرۇلۇشىدى، ئۇ بۇ ئىشلاردىن مەمنۇن بولۇۋاتقان قىياپەتتە ھىجايدى. موللا ئىبزىز داموللام، قۇناجىم، ئەمەتھاجىم، تاھىر خەلپەت، ئابدۇراخمانھاجىم قاتارلىقلار قىزغىن پىچىرلىشىپ، خوشال بولۇۋاتقانلىقىنى چىرايلىرىدىن بىلىندۇرۇپ تۇراتتى. ئاددىي پۇقرالارمۇ بۇ ئىشتىن رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ غۇلغۇلا قىلىشىپ كېتىشتى.

— باللارنى ئوقۇتۇپ ئاق- قارىنى پەرق ئېتىپ قالسۇن دېگىنى يامانمىدى؟

— شۇنى دەيمەن، بىلىدىغانلار كۆپ بولۇپ كەتسە بىلىمدانلارنىڭ ئەتىۋارى قالمايدۇ دەپ ئەنسىرەمدىغاندۇ، بۇ خەق؟

— باللارنى كەمنۇس قىلىۋېتىمىش دېگەن گەپ قانداق؟

— ھەممىسى يامانلارنىڭ تارقاتقان پىتنىسى بولمامدۇ!

— ...

كۆپچۈلۈكنىڭ غۇلغۇلىسىنى يەنە مەمتىلى ئەپەندىنىڭ جاراڭلىق ساداسى ئۈزۈپ قويدى. مەيداق ئاۋالقىدىنمۇ تىم- تاسلىققا چۆمدى.

— ئەي ۋەتەنداشلار، يۇقۇرىدا مەھمۇد سىجاڭنىڭ خېتىنى

www.uyghurkitap.com

ئاڭلىدىڭلار، ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىش ھەربىرىمىزنىڭ ئورتاق ۋەزىپىسى. ھېچكىمنىڭ بويۇنتاۋلىق قىلىشقا ھەققى يوق. ئەسلىدە بۇنداق بىر بۇيرۇقنىڭ زۆرۈرىيەتى يوقىدى. ھەممىمىز ئاش- نان يەۋاتقان ئىنسان بولغاندىكىن نېمىنىڭ پايدىلىق، نېمىنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى بىلىشكە تىگىشلىك ئىدۇق. ئەپسۇسكى، ھەققانى ئىشمۇ توسقۇنلۇققا ئۇچرىغاچقا مۇشۇنداق مەجبورىي چارە قوللۇنۇشقا مەجبۇر بولدۇق. بىز ئۆزىمىزنىڭ ھەقلىق ئىكەنلىكىگە قەئىي ئىشەنگىنىمىز ئۈچۈن قارشىلىقلاردىن قورقۇپ قالمىدۇق ھەم قورقمايمىز! ئۆلسەكمۇ ئارقىغا يانمايمىز!... ۋەتەنداشلار، مەن كۆپ ئەللەرنى ئايلىنىپ، مىللەتنى دەپ ئوقۇپ كەلدىم. ئەگەر مىللەتنى دىمەيدىغان بولسام، شەخسىيەتچى بولسامىدى، ئاشۇ ئەللەرنىڭ ھەر قاندىقىدا باياشات ياشاپ قالالايتىم ياكى ماڭا مۇساپىر بولۇپ ئەل كېزىشنىڭ ھاجىتىمۇ يوقىدى. كۆپچۈلۈككە مەلۇم، مەن بىر تىۋىپنىڭ ئوغلى، ئاتا كەسپىدىن ئاز- تولا خەۋىرىم بار. بۇندىن باشقا يەنە ئائىلىمىزدە بوياقچىلىق، جۇۋىچىلىق قىلىپ كەلگەنمىز. مەن يەنە ئاشپەزلىكنىمۇ قىلالايمەن دىمەك، ئەگەر مۇددىئايىم بىر جېنىمنىڭلا قايغۇسى بولۇدىغان بولسا مۇشۇ ھۈنەرلەر بىلەن جان باقالماسمىدىم؟ ياق، ۋەتەنداشلار، مەن ئاشۇ ئۆزەم كەزگەن ئەللەردە ئۆزگە مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇشىنى، مەدەنىيىتىنى كۆردۈم. ئۇلار ئىنسانغا خاس ھۆرلۈكتە، ھوزۇر- ھالاۋەتتە، ئىجاد- مېھنەت بىلەن ياشاۋاتىدۇ. ماشىنىدا ئولتۇرۇشىدۇ. سۈيىمۇ ئۆيىنىڭ ئىچىدە چىرىقىمۇ پەقەت بېسىپلا قويسا يورۇيدۇ. يوللىرىدا ئادەمنىڭ شولىسى كۆرىنىدۇ. بىزنىڭچۇ؟ بىزنىڭ مىللىتىمىز نى ھالدا؟ مانا! ـــ تەۋپىق قولىغا ئېلىۋالغان قالپىقى بىلەن ئەتراپىنى يېرىم دائىرە كۆرسىتىپ داۋام قىلدى، ـــ مانا بىزنىڭ تۇرىقىمىز! سۆزلىگىنىمىز بولمىسا، بىزنىڭ تۇرمىشىمىزنى قانداقمۇ ئىنسان تۇرمۇشى دىگىلى بولسۇن؟! مەڭگۈ ئاشۇنداق چاڭ- توزاڭ ئىچىدە، ماتا- سەگەزگە ئورۇنۇپ ياشاۋېرىمىزمۇ؟ ماشىنا، قەۋەت- قەۋەت بىنالار، زاۋۇتنىڭ سىپتا رەختلىرى بىزگە ھارامىمۇ؟ خۇدا بىزنى مۇشۇنداق ياشاشقىلا ياراتقانمۇ؟ ياق، ۋەتەنداشلار، خۇدا جىمى ئىنسانىيەتكە مىللەت،

ئىرىق ئايرىماستىن ئوخشاش ئەزا، ئوخشاش ئەقىل بەردى. ھەممە مەخلۇقاتتىن ئىززىز قىلىپ ياراتتى. بۇنداق ياشىساق بىزنىڭ «ئىززىز»لىكىمىز نەدە قالىدۇ؟ بۇ خۇدانىڭ ئىرادىسىگىمۇ خىلاپ ئەمەسمۇ؟! بىز خۇراپات بىلەن چىرمىلىپ قىلىپ، خۇدا بەرگەن ئەقىل-پاراسىتىمىزنى جارى قىلدۇرالمىغانلىقىمىز ئۈچۈنلا مۇشۇ كۈندە قالدۇق. باشقىلار ئاللاھ بەرگەن ئەقىل- پاراسىتىنى ئىشقا سالغاچقا ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەجىر- ئىجتىھادىغا يارىشا نەسىۋە بەردى. قۇرئان كەرىمدە: «بەندىنىڭ تىرىشچانلىقىغا يارىشا نەسىۋە باردۇر» دەپ ئىپتىلغان ئەمەسمۇ؟ بىز باشقىلارنىڭ تەرەققىياتىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، پەننىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى كۆرۈپ، يەنە مۇشۇنداق ئۆتۈۋېرەمدۇق؟ بۇ ئەھۋاللار مىنى شەخسىي جان قايغۇسىدىن كەچكۈزۈپ مىللەت يولىدا ئوقۇپ بىلىم ئېلىشقا ئۈندىگەندى. مانا شۇ مۇددىئا، مانا شۇ مەقسەت يولىدا ئوقۇپ، كېلىپ مەنمۇ مىللىتىمىزنىڭ باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش كۈنلەرگە ئېرىشىشى ئۈچۈن مەكتەپ ئېچىپ، مەدەنىي ئاقارتىش ئىشلىرىغا قەدەم قويىدۇم. قارشىلىقلار بولۇدۇغانلىقى تەبىئىي، چۈنكى ئىنسانلار ئىچىدە شۇنداق قىتىغۇرلار، ئىچى يامانلار، شەخسىيەتچىلەر بارىكى، ئۇلار كۆز ئالدىدىكى بىردەملىك خاتىرجەملىكنى، بىردەملىك ھوزۇر- ھالاۋەت، كىچىككىنە پايدىنى دەپ مىللەتنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتىنى سېتىشنى ئار سانىمايدۇ. مەن بۇ ئىچى قوتۇلارغا شۇنى جاكارلايمەنكى، يولۇمدىن قايتمايمەن! ھەتتا بىر كۈنلىرى ئالتە پۇللۇق بىر تال قوغۇشۇن ئوق مېنىڭ كۆكرىكىمگە كېلىپ تېگىشى مۇمكىن، شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ ئارتقا قايتمايمەن! مىللەتنىڭ بەختىنى دەپ ئوقۇدۇم، مىللەتنى دەپ ۋەتەنگە قايتتىم. ئەمدى نېمىشقا مىللەت ئۈچۈن خىزمەت قىلمايدىكەنمەن؟ ئامانەت جاننى قوغداش ئۈچۈنمۇ؟ ياق، ھامان بىر ئۆلۈم، شۇڭا مەيلى قانچە يىل ياكى قانچە ئاي، ھەتتا بىر نەچچە كۈن ياشىسامۇ كۆزلىگەن مەقسەت يولىدا ئىشلەيمەن. مىللەتنىڭ بەختى ئۈچۈن كۈچەت تىكىمەن. يىراق كەلگۈسىدىكى ئەۋلادلارنىڭ مېۋە يېيىشى ئۈچۈن كۆچەت ئۆستۈرۈشكە، ھېچ بولمىسا كۆچەت قويۇش ئۈچۈن

www.uyghurkitap.com

يەرنى ئۆزلەشتۈرۈپ تەييارلاپ قويۇپ ئۆلۈشكە رازىمەن!

سۈرلۈك جىم-جىتلىق بىر مۇنچە يۈرەكلەرنى سىقىۋەتتى. ھابۇلھاجى ھەتتا يېنىدىكى ھەمتاۋاقلىرىغا بىر نېمە دەپ پىچىرلاشتىن قورقۇپ، قېتىپ ئولتۇراتتى. بۇ ھال توختى زۇنۇننى ئۈمىدسىزلەندۈرۈۋەتكەن بولسىمۇ چىرايىدىن مەمنۇنلۇقنى ئىپادىلىگۈچى كۈلۈمسىرەش كەتمەيتى. موللا ئېزىز داموللام قاتارلىق قوللىغۇچىلار بىر-بىرىگە ئاللىنىملەرنى دەپ باشلىرىنى لىڭشىتاتتى.

— ئۇنداق بولسا، كۆپچۈلۈكنىڭ مەكتەپ ئىشىغا قانداق پىكرى بولسا يۈز تۇرانە ئېيتىپ باقسۇن. كۆرسىتۈدىغان ياردىمى بولسا ئۇنى سۆزلىسىمۇ بولىدۇ، — دېدى تەۋپىق سۆزىنىڭ ئاخىرىدا.

توختى زۇنۇن ھېچكىم ئوتتۇرىدا ئۆزىنى ئاشكارىلاشقا جۈرئەت قىلالمايدىغۇ، دەپ ئۈمىدلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۇۋچىنىڭكىدەك ئىتتىك كۆزلىرى ئالاق-جالاق بولۇپ كەتتى. موللا ئېزىز داموللام ئورنىدىن تۇرۇپ ئوتتۇرىغا چىقتى.

— مەتىلى ئەپەندى ھەممە گېپىنى ئېيتتى، — دېدى ئۇ كۆپچۈلۈككە قاراپ ۋەزمىن ئاھاڭدا، — ئۇ گەپلەرنى قايتىلىمايمەن، مەن پەقەت ئۆزۈمنىڭ يۈرىكىمدىكى گەپنى دېسەم، بۇ ئىش باشتىلا كۆڭلۈمگە خوپ چۈشكەن. شۇڭا شۇ چاغدىلا مەن ئەپەندىنى قوللىغان، بالام ئەمەت مەخسۇمنى تەربىيىسىگە بەرگەنىدىم. ھازىرمۇ قوللايمەن. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ قوللايمەن. بۇ بىر سۆزۈم، — موللا ئېزىز داموللام بىر ئاز توختىۋېلىپ داۋام قىلدى، — بەزىلەر بالىلارنىڭ كېيگەن چاپىنىنى پالان-پوكۇن دەپ گەپ تاپتى، بەزىلەر چاچ قويغىنىنى سۆز چۆچەكنىڭ ئاساسى قىلىۋالدى. جامائەتكە بىر دىنىي ئۆلىما بولۇش سۈپىتىم بىلەن شۇنى دەپ قوياي، بۇنداق گەپلەرنى تاپقانلار ئۆزىنىڭ شۇم ئېغىزلىقىدىن، دۈشمەنلىكىدىن تېپىۋاتىدۇ، بۇنى شۇنداق چۈشەنسەڭلار بولىدۇ. بۇنداق پىتنىلەر ئۈچۈن ئاللاھ نامىدىن يالغان توقۇغانلار، دىن نامىدىن پەتىۋا ئويدۇرۇپ ھۆجۇم قىلغانلار ئاللاھنىڭ لەنىتىگە دۇچار بولىدۇ. كىمكى ئاللاھ نامىدىن يالغان توقۇيدىكەن، ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ لەنىتى ياغىدۇ،

دېگەن ھەدىس بار. بۇنىڭ يالغانلىقى شۇ يەردىكى، بۇ پىتنىلەرنىڭ ھېچ دىنىي ئاساسى يوق! چاچنى رەسۇلۇللاھمۇ قويغان، بەزى ھەدىسلەردە رەسۇلۇللاھنىڭ چېچى مۈرىسىگە چۈشۈپ تۇراتتى، دېيىلگەن. شۇڭا بۇنداق شەپىرەڭلەرنىڭ يالغان پەتىۋالىرى بىلەن كاللاڭلار ئايلىنىپ كەتمىسۇن، ئېتىقاد دېگەن چاپاننىڭ قانداقلىقى، سەللىنىڭ يوغانلىقى بىلەن ئۆلچەنمەيدۇ، ئېتىقاد قەلبتە بولىدۇ. قايمۇقماڭلار، گېپىم شۇ، — داموللام جايىغا كېلىپ ئولتۇردى.

مەمتىلى ئەپەندى باشقىلار سۆزلەۋاتقان پۈرسەتتە ھامان چاندۇرماستىن توختى زۇنۇننى كۈزىتەتتى. ئۇ توختى زۇنۇننىڭ موللا ئېزىز داموللامغا غەلىتە بىر خىل نەزەردە تىكىلىپ قالغىنىنى، بۇ تىكىلىشتە چەكسىز ئۆچمەنلىك يوشۇرۇنغانلىقىنى ھېس قىلدى. داموللامنىڭ خەلق ئىچىدىكى ئىناۋىتى تۈپەيلى ئۇنىڭ ئاشكارە قوللاپ سۆز قىلىشى نۇرغۇن جامائەتنىڭ پىكرىدە مايىللىق قوزغايتتى. مانا بۇنى بىلىدىغان توختى زۇنۇن بەلكى شۇ سەۋەپتىن ئۇنىڭغا ئۆچمەنلىك نەزىرىدە قارىغان بولۇشى مۇمكىن.

موللا ئېزىز داموللامنىڭ ئارقىسىدىن ئابدۇراخمانھاجى ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ ئادەم ئاتمىش ياشلاردىن ھالقىغان بولسىمۇ ئۈستى- بېشى، ئۆزىنى تۇتۇشلىرىدىن ياشلارغا خاس لاتاپەت، كۆپنى كۆرگەن ئادەملەرگە خاس تەمكىنلىك چىقىپ تۇراتتى. پەقەت سوۋېت سارجىسىدىن تىكتۈرۈلگەن ئۈچ يانچۇقلۇق، ياقىسىز ئۇزۇن چاپىنى ۋە مەيدە يانچۇقى بىلەن ئىككىنچى تۈگمىسى ئارىسىدا ئېسىلىپ تۇرغان سائەتنىڭ ئالتۇن زەنجىرى ئۇنى توختالغان ئادەم قىلىپ كۆرسىتەتتى.

— مېنى كۆپچۈلۈك بىلىدۇ، مەن يېقىندا ئالتايدىن كەلگەن. مەنمۇ مەمتىلى ئەپەندىگە ئوخشاش يۇرتتىن چىقىپ ياقا يۇرتلاردا يۈردۈم. چەتكىمۇ چىقتىم. مەمتىلى ئەپەندى دېگەندەك، بىز خەق كۆزى ئوچۇق قارىغۇ ئىكەنمىز. تۆت ئېغىز ئۆي بىلەن بىر پىشايۋاننى ۋاسا جۇپ قىلىپ، گەجلەپ سېلىۋالغىنىمىز مەندىن كاتتا باي يوق دەپ جاھانغا پاتماي قالىدىكەنمىز. مۈشۈنچىلىك نەرسە بىزنى دەڭدىتىپ، دۇنيا مۇشۇ

دەپ ئويلاپ قالىدىكەنمىز. مۇشۇنىڭدىنلا بىزنىڭ قانچىلىكلىكىمىز بىلىنىپ تۇردۇ. كاشكى بۇ قالتىس چاغلاپ كەتكەن «كاتتا» ئۆيلىرىمىز توپا- لايدىن بولماي قاشتېشىدىن بولغان بولسا! مەنمۇ يۇرت كېزىش جەريانىدا ئوقۇمىغان ئادەم بېيىپ ئاسمانغا چىقىپ كەتتىم دېگەندىمۇ يەنىلا بىر ھاماقەتنىڭ چايخالتىسى ئىكەن دەپ ئويلۇدۇم. مەنمۇ ئەپەندىنى قوللاپ بازارغا بىر مەكتەپ سېلىپ بېرىشكە ۋەدە قىلغان، كېيىنكى كۈنلۈكتە يۇرتتا پىتنە- پاسات كۆپىيىپ كېتىپ خەلقنىڭ يەكلىشىگە، چەكلىشىگە ئۇچراپ قۇرۇلۇش توختاپ قالغاندى. ئەمدى خۇدا بۇيرىسا، بىر ئاي ئىچىدە ھەممىنى تەييار قىلىپ ئەپەندىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىمەن مېنىڭ گېپىم تۈگىدى.

«يەنە بىرسى چىقتى،قوروپ كەتكۈر! بۇنىمۇ بىلىپ قويغىنىمىز ئوبدان بولدى!» دەۋاتقاندەك بىر ئىپادە توختى زۇنۇننىڭ سۈنئىي كۈلكىسى تېگىدە بىلىنىپ تۇراتتى.

ئابدۇراخمانھاجىدىن كېيىن قۇناجىم، ئەمەتھاجىم، تاھىر خەلپەت، قۇتلۇقئاخۇن خەلپىتىم، مىرەخمەت غوجاملار ۋە باشقا كەنتلەرنىڭ ئاتىلار ھەيئەتلىرى قىسقىچە سۆز قىلىشتى.

ھەتتا ھەر زامان ئاساسىي كۆپچۈلۈكنىڭ مايىللىقىنى توغرا ئىگىلەپ، شۇنىڭغا يارىشا يول تۇتىدىغان توختى زۇنۇنمۇ يېڭى مائارىپچىلىقنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، بىرنەچچە ئېغىز سۆز قىلدى. دۈشمەنلىك قىلغۇچىلارنى ئەيىبلىدى. بۇنى كۆرگەن ھابۇلھاجىمنىڭ ساقاللىرى تىترەپ كەتتى. توختى زۇنۇننىڭ مەكتەپنى قوللاپ گەپ قىلىشى قازىنى ئەنسىرىتىپ قويدى.

شۇڭا ئۇ «قاتاردىن قالغىچە سالادىن قال» دەپ ئەمەس، يۈرىكىنى چىرمىۋالغان قورقۇنۇچتىن، ئورنىدىن ئايرىلىپ قېلىش قايغۇسىدىن، مىلتىقلىق ئىككى ئەسكەرنىڭ سۈرىدىن قورقۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ، يەكتەكنىڭ پەشلىرىنى لەپىلدىتىپ ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇنىڭ چىرايىدىن كۈلكە يېغىپ تۇراتتى. ئۇ «ھابۇل شەيتان» دېگەن لەقەمگە يارىشا ھەييارلىق بىلەن، يالغان يۆتىلىپ، باغلاشتۇرالمىسىمۇ زورۇقۇپ بىر

نەرسىلەرنى دەپ، مەكتەپ ئىچىشنى قولىلايدىغانلىقنى بىلدۈردى. ھەتتا ئۇ باشقىلاردىن ئىبشىپ چۈشەنسە بولمايدىغاندەك ھىس قىلىپ:

— مەن ئەپەندىگە بالام روزىمۇھەممەدنى بەردىم، شۇ مەكتەپتە ئوقۇشقا بەردىم، مانا، مىنىڭ گىپىم شۇ. ... — دېدى. ئۇنىڭ سۆزلەشلىرىدىن بىر ۋەھىمە بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ناھايىتى كۆپ پىتنە تارقاتقانلىقى ئۈچۈن مانا ئەمدى بەكلا قورقۇپ كەتكەن ئىدى. قورقۇنچىنى يوشۇرۇش ياكى قورقۇتقۇچىلارغا ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن بالىسىنى مەكتەپكە بېرىشكە مەجبۇر بولغانىدى.

ئۇ سۆزلەۋاتقاندا مەمتىمىن كىرپىكلىرىنى ئىتىپ، غەزىۋىنى زادىلا باسالماستىن ئىسقىرتىۋەتتى. ئۇنىڭ ئۇشقۇيتىشى دەرھال دىققەتنى قوزغىدى. تەۋپىق بايىدىن بىرى تۇختى زۇنۇن ئىككىسىنى كۈزۈتۈپ تۇرغاچقا ئۇنىڭ ئولتۇرغان يېرىنى بىلەتتى، شۇڭا ئاۋازنىڭ چىققان يېقىدىنلا كىمنىڭ قىلىۋاتقان قىلىقى ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىپ بولدى. ئاندىن ئۇنىڭ يەنە نېمە شۇملۇق قىلىشىغا دىققەتتە تۇردى. مەمتىمىن ئەسلىدە يىغىن تەرتىپىنى بۇزۇپ قالايمىقانچىلىق چىقارماقچى بولغانىدى، بىراق، مۇشۇ تاپ جىمى خەقنىڭ ئۆزىنى يەۋەتكۈدەك قاراشلىرىدىن ھودۇقۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇختى زۇنۇنمۇ ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشىنى چەكلەش مەنىسىدە ئالايغانىدى. شۇڭا ئۇ توپتىن غىپپىدە سۇغۇرۇلۇپ كىتىپ قالدى.

سورۇندا سۆزلەشكە تىگىشلەردىن پەقەت سىدىقبەگ سۆزلىمىدى.

يىغىندىن كېيىن كىشلەر ئەپەندىگە سالام قىلاتتى، ئۆيگە تەكلىپ قىلاتتى. بالىلىرىنى تونۇشتۇراتتى. شوخ، تارتىنمايدىغان بالىلار ئۆزلىرى كېلىپ ئەپەندىگە ئىبسىلىپ ئەركىلىشەتتى. تۇختى زونۇننىڭ يۈرىكى جاراھەتلەنگەندەك ئىچىشىپ تۇرغاننىڭ ئۈستىگە مەھەللىسىدىكى بىر بالىمۇ ئەپەندىگە سۈركەلدى:

— ئەپەندى دادا، مەنمۇ ئوقۇيمەن! — دېدى جاراڭلىق ئاۋازدا.

— ئىسمىڭ نېمە؟

— قۇربان.

ــ داداڭنىڭ ئىسمىچۇ ئوغلۇم؟
ــ جاپپار.
ــ ئوبدان گەپ، ھاجىم، ــ دېدى ئۇ قېشىدا كېتىۋاتقان ئابدۇراخمانھاجىغا، ــ قۇربان جاپپارنى ئۇنتۇپ قالماڭ، ــ ئۇ بالىغا بۇرۇلۇپ،ــ بىز دوستلىشايلى، قۇربان جاپپار، ــ دېدى بالىنىڭ بېشىنى سىلاپ.

# يىگىرمىنچى باب

## 1

شۇنداق قىلىپ دارىلمۇئەللىمىندىكى ئوقۇش يەنە ئىزىغا چۈشتى. تەۋپىقنىڭ خاتىرجەم ۋە پائالىيەتچان كۈنلىرى باشلاندى. ئەمدى قورقماستىن چوڭ- چوڭ پىلانلارنى تۈزەيتتى. بۇ پىلانلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن تولىمۇ ئالدىراش ياشايتتى. ئۇ خۇراپاتقا پاتقان مىللەتنىڭ كۆزىنى چاپسانراق ئېچىش ئۈچۈن ئالدىرايتتى. ئۇنىڭ تەسىرى، ئاڭ- پىكرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى شاگىرتلىرىغا ئاستا- ئاستا سىڭىپ بارغانچە ئۇلارمۇ ئۇستازىغا ئوخشاش ئالدىراپ ياشايدىغان بولۇشتى. شۇڭا ئاز ئۇخلاپ، ئاز دەم ئېلىپ ، كۆپرەك ئوقۇش، كۆپرەك پائالىيەت ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئۆزلىرىنى ئۇرۇدىغان بولۇشتى.

مەھمۇد مۇھىتنىڭ بۈيرۇق خېتىنى ئوقۇش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن يىغىندىن كېيىن مەمتىلى ئەپەندى ھەر بىر يۇرتنىڭ ئاتىلار ھەيئەتلىرى ــ مائارىپ مەسئۇللىرى بىلەن بىر يىغىن ئاچتى. كاتتىيلاق، ئاغۇ قاتارلىق يىراقراق بولغان يېزىلاردىنمۇ كىشى قاتناشتۇرۇلدى . بۇ يىغىن ئاتىلار ھەيئىتىگە توختاپ قالغان مەكتەپ قۇرۇلۇشىنى داۋام قىلدۇرۇش، كاتتىيلاق قاتارلىق تېخى مەكتەپ قۇرۇلۇشى باشلانمىغان جايلاردا دەرھال قۇرۇلۇش باشلاش، سوغۇق چۈشكىچە پۈتتۈرۈش ھەققىدە سەپەرۋەرلىك ئېلىپ بېرىشنى مەخسەت قىلغانىدى.

ئۇ بۇ يىغىنغا يەنە ئەڭ شۇدى بار شاگىرتلاردىن ئابدۇراخمان شائىر، ئەمەت مەخسۇم، مۇھەممەد قارى مەشرەپ، زەكى، سەيپىددىن، ئابدۇغۇپۇر ۋە سابىتلارنىمۇ قاتناشتۇردى. ئۇنداق سورۇنلاردا ياشلارنى چېنىقتۇرۇشنى مەقسەت قىلاتتى.

ــ ئەي، ۋەتەداشلار، ــ دېدى مەمتىلى ئەپەندى مېھرىبان چېھرىگە جىددىي تۈس بېرىپ. ئۇنىڭ سۆزلىرى شۇنچىلىك تەسىرلىك، ئۇرغۇلۇق

ئېيتىلاتتىكى، ئۇنىڭ ئاھاڭىدا ۋەتەننىڭ جىمى تاغ دەرياسىنى، دالا-چۆللىرىنى ۋە ئۇنىڭدىكى خەلقلەرنى بىراقلا قۇچاقلاش تۇيغۇسى چاقناپ تۇراتتى، — گەرچە مەھمۇد مۇھتىنىڭ بۇيرۇق خېتى بىلەن دۈشمەن ئاشكارە ھوجۇملىرىنى توختۇتۇشقا مەجبۇر بولغان بولسىمۇ، ئۇلارنى يوشۇرۇن ھوجۇم قىلمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ. بىز قانچە كېچىكسەك، شۇنچە كۆپ زىيان تارتىمىز. بۇنداق خاتىرجەم مۇھىت ئۇزاققىچە كاپالەتكە ئىگە ئەمەسلىكىنى ئېسىمىزدىن چىقارماسلىقىمىز، «ئوتۇنۇڭ ئاز بولسا ئوچاققا بىرلا سال» دېگەندەك مۇشۇ قىسقا پۇرسەتنىڭ بىر مىنۇتىنىمۇ ئىسراپ قىلماسلىقىمىز لازىم. ھەربىر يېزىنىڭ مۆھتىرەم ئاقساقاللىرى، ھەربىرىڭلارغا قويۇدىغان تەلەپ، دارىلمۇئەللىمىن تەلەبىلىرى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ بىكار يۈرۈدىغان ئىش بولمىسۇن، ئۇلارغا دەرھال ئىش باشلاپ كېتىش ئۈچۈن مەيدان كېرەك.

تەۋپىق ئالدىنقى قاتاردىكى ئوقۇغۇچىلىرىنى نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىسۇن ئۈچۈن يىغىنلارغا قاتناشتۇراتتى. شۇڭا ئۇلار پەقەت ئاڭلىغۇچىلار بولۇپ، چوڭلار ئالدىدا جىم-جىت قولاق سېلىپ ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئابدۇراخمان شائىر (ھازىر ئۇنىڭغا بۇ لەقەم ئۆزلۈشۈپ قالغاندى) ئۆزىنىڭ مۇلاھىزىلىرىنى قويۇشتىن تارتىنمايتتى.

— ئەپەندىم، — دېدى موللا ئېزىز داموللام، — مەن باشتا دېگىنىمدەك مەكتەپ ئىشىغا دەرھال كىرىشىمەن. شۇنداق قىلىمىزغۇ، ئەمەتھاجىم؟ — دېدى ئۇ تېجەن ئاتلار ھەيئىتىنىڭ مەسئۇلىغا بۇرۇلۇپ ھەم قۇناجىمغىمۇ قاراپ قويۇپ، بۇ ئىككەيلەن موللا ئېزىز داموللامنىڭ ئىشەنچلىك يانتاياقلىرى، تېجەندىكى مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تايانچلىرىدى. موللا ئېزىز داموللام سەل تۈرۈۋېلىپ داۋام قىلدى، — مەن مۇشۇ دەملىك بولغىچە تالاي ئىشلارنى كۆردۈم، يىغىلىقلارنى، بىر نەچچە ھۆكۈمەتنى باشتىن كەچۈردۈم. شۇنداق چۈشەنچىگە كەلدىمكى، ھەر قانداق ھۆكۈمران تائىپە ئۈچۈن خەلقنىڭ نادان ۋە ئاخماقراق بولۇشى پايدىلىق ئىكەن. بىراق، مەن كۆپ يىللاردىن بېرى كۆڭلۈمنى تاتىلاپ

كېلىۋاتقان مۇشۇ تەسىراتنى توغرا ئىپادىلەپ بېرىشكە ئاجىزلىق قىلغانىدىم، پەقەت مۇشۇ خەلقنىڭ قانداقتۇر بىر ئاجىز تەرىپى بار، ھۆكۈمەت ئەنە شۇ ئاجىز تەرەپنى تۇتۇۋېلىپ بىزنى سورايدۇ، دەپ بىلەتتىم. ئەمما بۇ ئارىدىكى مۇناسىۋەتلىك سىرنى ئۇچۇق-ئايدىڭ چۈشىنىپ ھەم چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەي كەلگەنىدىم، سىز بىلەن بولغان بىرىنچى سۆھبەتتىلا بىزدىكى دۈشمەننى پايدىلاندۇرۇپ قويۇۋاتقان ئاجىزلىقنىڭ ئەڭ ئاۋۋال نادانلىق ئىكەنلىكىنى، ئاندىن ئىناقسىزلىق ئىكەنلىكىنى خۇددى كۆڭلۈمگە چىراق يېقىلغاندەكلا بىلىۋالدىم، راست ئەمەسمۇ، ئۇقۇمىغان ئادەم ھەر نېمە دېسە راست دەيدۇ، خۇددى بىر توپ پادىدەك بىر «پادىچى» بولسىلا يۇۋاشلىق بىلەن بويسۇنۇپ يۈرۈۋېرىدۇ. ئۇندىقنى ئالدىماق، بوزەك قىلماق ئاسان. ئوقۇغان ئادەمچۇ؟ ئوقۇغان ئادەم ئۇنداق ئەمەس، ئۇنى ئالداش تەس ئالدىنقى يىللاردىكى ئىنقىلابنى ئالدىغان بولساق، پەقەت نادان ۋە گول بولغانلىقىمىز ئۈچۈنلا ھەددى ھېسابسىز قان تۆكتۇق، لېكىن ھېچنەرسىگە ئېرىشەلمىدۇق. بۇنىڭ سەۋەبى بىزنىڭ يول باشچىلىرىمىز قارام، ئىنقىلاپ ئەزالىرى نادان ساۋاتسىز ئىدى...

— موللا ئېزىز داموللام ئوبدان دېدى، — دەپ ئۈن قاتتى مۇھەممەد داموللام ئۇنىڭ بەردەم نوچىلارغا خاس تۇرقى، ئاۋازىدىن بىلىنىپ تۇرۇۋاتقان ھاياجان، جىددىيلىكتىنمۇ ئۇنىڭ ناھايىتى قىزغىن ۋە قىزىققان، يىگىتلەرگە خاس جەسۇرلۇقى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۈستىبېشىدىكى تون، پاكىز ياسىتىلغان ساقال- بۇرۇت ھەم بېشىدىكى دوپپىسىمۇ جەدىتچىلىكىنى بىلىندۈرۈپ تۇراتتى، — مېنىڭچە بىزنىڭ ھازىرقى ھالىتىمىزدە ئەگەر بىزگە ئىنتايىن ئوقۇمۇشلۇق، ئىنتايىن دانا داھىدىن بىرى رەھبەرلىك قىلغان ھالەتتىمۇ غەلىبە قىلالمايتۇق! — ئۇنىڭ سۆزى ھەممە ئادەمنى ھەيران قالدۇردى. ئۇ يىغىن ئەھلىگە بىر-بىر قاراپ چىقىشقا، يىغىن ئەھلىمۇ ئەجەبلىنىش بىلەن ئۇنىڭغا قاراشقا باشلىدى. پەقەت مەمتىلى ئەپەندىلا مېيىقىدا كۈلۈپ تۇراتتى، — نېمە ئۈچۈن؟ — مۇھەممەد داموللام ئاساسىي گېپىنى قىلىشتىن ئىلگىرى

شۇنداق سوئال قويدى. ئۇنىڭ بۇ تەقلىدتە سۆزلەشلىرىدىنمۇ بىر خىل تەشنالىق، يىگىتلەرچە قىزغىنلىق بىلىنەتتى، ــ «يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس، چېڭى چىقسىمۇ دېڭى چىقماس» دېگەندەك، بىزنىڭ خەلقىمىزنىڭ ھازىرقىدەك ئاڭسىز، ساۋاتسىز، چېچىلاڭغۇ مۇھىتتا دانا داھىنىڭ گۆھەردەك سۆزلىرى قۇمغا يېزىلغان خەتتەك بىكار كەتكەن، ئۇنىڭ پىلان، سىياسەتلىرى زايا كەتكەن بولاتتى. چۈنكى نادانلىقتا قالغان خەلقىمىزنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇسى خۇراپاتنىڭ تىنجىق ھاۋاسىدا ئۆلۈپ قالغان، مىللەت قارىشى يوق، مىللىي روھى ئىنتايىن ئاجىز بولغان، ۋۇجۇدىنى شەخسىيەتچىلىك، ساختىپەززلىك ۋە مەزھەپچىلىك قاپلىۋالغان خەلقنى توغرا يولغا باشلاشتا تولىمۇ ئاجىزلىق قىلغان بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتىمەنكى، بىر ئۇيغۇر خەقتە ئىنقىلاپ قىلىشنىڭ (غەلىبىلىك ئىنقىلاپ قىلىشنىڭ) شەرتلىرى تېخى ھازىرلانمىغان. بۇنداق ئەھۋالدا ئىنقىلاپ قىلىش بىھۇدە قۇربان بېرىش ۋە ھالاكەتتىن دېرەك بېرىدۇ. غەلىبە قىلىش ــ ئازادلىققا ئېرىشىش ئۈچۈن بىزدە يېتىلگەن زىيالىلار قوشۇنى بولۇشى لازىم. خەلقىڭمۇ يېرىمىدىن كۆپرەكى ئاڭلىق بولۇشى، مىللىي روھقا ئىگە بولۇشى، ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇسى بولۇشى، ئازادلىق دەپ نېمىگە ئېيتىلىدىغانلىقىنى چۈشىنىدىغان بولۇشى كېرەك!

بايا ئۇنى نېمىلەر دەپ ئالجىۋاتقاندۇ دېگەندەك ئەجەبلىنىپ قاراپ قالغان كۆپچۈلۈك شەرھىسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قايىل بولغاندەك بىر- بىرىگە قاراپ ماقۇللۇق بىلەن باش لىڭشىتتى. بىراق، دەسلەپ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ماقۇللاپ ئولتۇرغان تەۋپىق ئەمدى باش چايقىدى ۋە مۇھەممەد داموللا سۆزدىن توختىغاندىن كېيىن كۆپچۈلۈككە كىم سۆزلەيدۇ دېگەندەك بىر دەم بىر دەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن دېدى:

ــ داموللامنىڭ دەسلەپكى سۆزلىرى توغرا، مەن بۇ سۆزلەرگە قوشۇلىمەن راست، ھەر قانداق دانا رەھبەرمۇ پەقەت «يالغۇز ئات»، ئۇنىڭغا «چاڭ» چىقىرىشىپ بېرىدىغان بىر توپ ئاتلىقلار بولمىسا، ئىنقىلاپنى غەلىبىگە ئېلىپ بارالمايدۇ. نادان، شەخسىيەتچى، مىللىي روھى كەمچىل،

ئىسىيانكارلىق روھى يېتەرسىز بولغان مۇشۇ خەلقتىن ھاسىل بولغان ئىجتىمائىي مۇھىتتا بىر سىياسىي داھىيلىك تىرىشچانلىقى بىلەن ئىش پۈتمەيدىغانلىقى راست. لېكىن، ئاخىرىقى پىكىرىدە ئازراق ئېغىش بار، ـــ تەۋپىق مۇھەممەد دامولللىنىڭ قىزغۇچ قارامتۇل چېھرىسىگە كۆلۈمسىرەپ قاراپ قويۇپ، ئاندىن يەنە جىددىيلىك بىلەن داۋام قىلدى، ـــ بىز زۇلۇمغا ئۇچرىغان ۋاقتىمىزدا «خەلقنىڭ تېگىدىن كۆپرەكى ئاڭغا ئىگە بولمىسا بەربىر قۇربان بېرىشلا بار، غەلبە قىلىش يوق» دەپ ئازاپقا چىداپ ئولتۇرۇۋېرەلمەيمىز، ئەلۋەتتە (ھۆكۈمران گۇرۇھمۇ بىزنىڭ «يېرىمدىن كۆپرەك ئاڭلىق» بولۇشىمىزغا يول قويۇپ تۇرمايدۇ. ئۇلار سەرخىل زىيالىلارنى ھەرخىل يوللار بىلەن يوقۇتۇپ تۇرىدۇ، ئەۋلادلارنىڭ ئۆسۈپ- يېتىلىشىنى ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن چەكلەيدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ زاۋالىـــ بىزنىڭ غەلبە كۈنىمىزنى كېچىكتۈرۈشكە تىرىشىدۇ). دېمەكچىمەنكى، كۈرەشلەرنىڭ بىرمۇنچىسى ئازاپ ۋە زۇلۇم زېمىنىدە، ھېچقانداق سىياسىي سەپەرۋەرلىكسىز، ئۆز - ئۆزىدىن ئۇنۇپ چىقىدۇ. خەلق ھەر قانچە نادان بولسىمۇ، ئۇ ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا ئىنسانـــ ئاڭلىق مەقلۇق بولغانلىقى ئۈچۈن ناھەقچىلىككە، ئاشكارە خورلۇقا، ئادالەتسىزلىككە ئۇچرىغاندا نارازىلىقىنى ئىپادىلىمەي قالمايدۇ. توغرا، بۇ كۈرەشلەرنىڭ خۇلاسىسى ئىنتايىن زور قۇربان بېرىش بولىدۇ، لېكىن بۇ پۈتۈنلەي نەتىجىسىزمۇ بولۇپ كەتمەيدۇ. مەسىلەن: بۇ قېتىمقى ئىنقىلاپتا نەچچە ئون مىڭ كىشى ھالاك بولغان بولسىمۇ، كىشىلەرگە (ھېچ بولمىسا مەھمۇد مۇھىتىقا ئوخشاش ئىنقىلاپ رەھبەرلىرىگە) «نادان ئادەملەر بىلەن ئىنقىلاپ قىلىش چوڭ پايدا بەرمەيدۇ»غانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى تونۇتۇپ قويغان بولسا، ھۆكۈمەتنى خەلقنىڭ قايناۋاتقان قېنىنى سۈۋۇتۇش ئۈچۈن ۋاقىتلىق بولسىمۇ، ئالدامچىلىق مەقسىتىدە بولسىمۇ، بىر ئاز ئەركىنلىك بېرىشكە مەجبۇر قىلىدۇ. خوجانىياز ھاجىمنىڭ قورچاق بولسىمۇ مۇئاۋىن رەئىس بولغانلىقى بىر يېڭىلىق. بىز ئەمدى مانا مۇشۇنداق ۋاقىتلىق كەڭچىلىكلەردىن پايدىلىنىپ بىر مۇنچە ھەرىكەت قىلىمىز. شۇنداق

قىلىپ، ھەر قېتىمقى ئىنقىلاپ بىر مۇنچە قۇربانلارنى بېرىش بىلەن بىرگە يەنە بەزى يوللارنى ئاچىدۇ. يول تەييارلايدۇ، بىرگە تەجرىبە تەقدىم قىلىدۇ. بۇلار گەرچە بېرىلگەن قۇربانلارغا قارىغاندا بەك ئەرزىمەس نەرسىلەر بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئاخىرقى غەلىبىگە يېتىشتە كەم بولسا بولمايدۇ. مىسال ئۈچۈن بىر شاگىرت جۇۋۇچى قولىغا كۆپ قېتىم يىڭنە سانجىپ، ۋاقتىنى كۆپ سەرپ قىلىپ، سۇپەتسىز جۇۋۇلارنى تىكىتىپ چىققان بولسا، بارا- بارا ئاز ۋاقىت سەرپ قىلىپ ھەم قولىغىمۇ ئازراق يىڭنە ئىزى قىلىپ بىر مۇنچە جۇۋىنى پۈتتۈرىدىغان بولىدۇ، — ئۇ يەنە بىر قېتىم مۇھەممەد داموللىنىڭ چىرايىغا تىكىلدى. ئاندىن خۇشخۇي كۈلۈپ داۋام قىلدى،— مەن داموللامنىڭ دېمەكچى بولغىنىنى چۈشەندىم. ئۇ ئاشۇنداق زىيانلىق بولغان نادانلىق ئىلكىدىن قۇتۇلۇش، ئازادلىق كۈرەشلىرىنىڭ غەلىبىلىك بېرىشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن ئاۋۋال خەلقنى ئاقارتىش كېرەك، دېمەكچى شۇنداقمۇ ؟ دېمەك، بىز كۆرۈنۈشتە ماۋزۇدىن چەتنەپ كەتكىنىمىز بىلەن، ئەمەلىيەتتە يەنىلا ئاقارتىش ھەققىدە سۆزلىشىۋاتىمىز.

— مەن قىزىشىپ ئاخىرقى سۆزلىرىمنى كۆڭلۈمدىكىدەك سۆزلەپ بېرەلمەي مۇجمەللەشتۈرۈپ قويۇپتىمەن، — دېدى مۇھەممەت داموللا ئوچۇق يۈرۈكلۈك بىلەن، — مەمتىلى ئەپەندىنىڭ دېگەنلىرى توغرا.

— ئەمدى بىز، ۋەتەنداشلار، ھەممىمىز چۈشىنىۋاتقان ئوقۇملار ھەققىدە بىر- بىرىمىزگە ۋەز ئېيتىپ ۋاقتنى سوزماي، مەقسەتنىڭ ئۆزىگە كېلەيلى.

ھاياجانلىنىپ ئولتۇرغان مۇھەممەد داموللا بىرىنچى بولۇپ دېدى:

— مەن بايلارنىڭ، يۇرت كاتتىلىرى مەكتەپ سېلىپ بېرىشىنى كۈتۈپمۇ ئولتۇرمايمەن. ئاۋۋال ئوقۇغۇچىلارنى تەشكىللەۋېرىمەن، ئاندىن ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىرلىكتە مەكتەپ قۇرۇلۇشىنى باشلايمەن. ھەم ئىش مەيدانىدا ئوقۇيمىز. ئەڭ يېقىن مۆھلەتتە مەندىن خوشخەۋەر كۈتۈڭ.

مۇھەممەد داموللىنىڭ شۇ قەدەر قىزغىن، شۇ قەدەر كەسكىنلىكى مەمتىلى ئەپەندىگە يېقىپ قالغانىدى. ئۇ داموللامنىڭ قارا ساقاللىق

www.uyghurkitap.com

چېھرىسىگە قاراپ ئىللىق تەبەسسۇم قىلدى.

بۇ پاراڭلاردىن مەمتىلى ئەپەندىنىڭ شاگىرتلىرى ئىلھاملىنىپ، ھاياجانلىنىپ، مەكتەپنى چاپسانراق پۈتتۈرۈپ خەلق ئۈچۈن ئىشلەپ بېرىشكە ئالدىراشتەك بىر خىل قىزغىن تۇيغۇ قوينىدا ئەللەيلىنىشتى.

يىغىن تۈن نىسپىگىچە داۋام قىلدى. بۇ چاغدا سىنتەبىرنىڭ سالقىن، جىم- جىت كېچىسىدە يىراق- يىراقلاردا ئىتنىڭ قاۋىغان ئاۋازىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ھەممە نەرسە شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەنىدى.

## 2

تەۋپىق «دىۋان» نى تەرجىمە قىلىشنى يەنە باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ زىچ ئورۇنلاشتۇرۇلغان ۋاقتى تېخىمۇ جىددىيلىشىپ كەتتى. شۇنداق بولسىمۇ سابىتقا بەرگەن ۋەدىسىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ۋاقت تاپتى. ئۇنىڭچە بۇنداق ئىشمۇ ئۇنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچى ئىدى. بىرىنچىدىن ئۇ ئۆزىنىڭ بىر شاگىرتى ئۈچۈن خاتىرجەم ئوقۇش شارائىتى ھازىرلاپ بېرىشى كېرەك بولسا، ئىككىنچىدىن، كىم، بولسا- بولسۇن بىر ئادەمنىڭ غەم- غۇسسە ئىچىدە قالغانلىقىنى بىلگەن ئىكەن، ئۇنى غەمدىن خالاس قىلىشقا تىرىشىشى كېرەكمىدى؛ ئۈچۈنچىدىن، ھازىر كەڭ خەلقنىڭ كۆڭۈل مايىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش زۆرۈر بولغىنى ئۈچۈن ھەرقاچان ئادالەت مەيدانىدا تۇرۇپ، خەلققە تەسىر قىلىدىغان نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلمىقى زۆرۈر ئىدى. شۇڭا ئۇ سابىتنىڭ مىراس دەۋاسىنى بىرگىنە شەخسنىڭ ئىچكى ئىشى دەپ قارىمىدى. ئۇ بۇ ئىش ھەل قىلىنسا خەلق ئىچىدە ياخشى تەسىر قوزغايدىغانلىقىنى بىلەتتى.

ئۇ سابىتقا ئەرزنى سۈرۈشتۈرۈپ تۇرۇش ۋە سوراقنى جۇمە كۈنگە توغرىلاشقا تىرىشىشنى ئېيتقانىدى. چۈنكى باشقا كۈنلەردە تەۋپىقنىڭ ۋاقتى زىق بولاتتى. سابىت كەنجى قازاخۇنۇم بىلەن كۆرۈشۈپ بۇ تەلەپنى قويغانىدى، كەنجى قازاخۇنۇم ئۇنىڭ گۇۋاھچىسى مەمتىلى ئەپەندى

ئىكەنلىكىنى ئوقۇپ مەڭدەپ قالدى. ئاخىرى بۇ دەۋانى سوراشتىن باش تارتىپ هابۇلهاجىمغا ئىتتىرىپ قويدى.

ــ بۇنىڭ ئۆزىنى، ئۆتكەن نۆۋەتتىمۇ قازىكالان ئۆزى سورىغان، ــ دېدى. ئۇ ئېگىكىنىڭ ئاستىنى تاتىلاپ تۇرۇپ، ــ بۇ نۆۋەت يەنە شۇ كىشى ئۆزى سورىسۇن،... ــ دېدى ئۇ.

سابىت ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن هۇدۇقۇۋاتقانلىقىنى دەرهال سەزدى ۋە ئۆزىنىڭ هامىسى ھەقىقەتەنمۇ كۈچلۈك ئادەم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ سۆيۈنۈپ كەتتى. لېكىن بۇ ئىللىق تۇيغۇسىنى چاندۇرماستىن قايتىپ چىقىپ، هابۇلهاجىم بىلەن سۆزلەشتى. كەنجى قازاخۇنۇمنىڭ كېيىنكى سۆزلىرىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن دەۋانى قايسى جۇمە كۈنى سورايدىغانلىقى ھەققىدە پۈتۈمگە كېلىشىۋالدى. ئۇ چاغدا قازىكالان بولارنى شەرىئەت ئەھكاملىرى بىلەن بابلايمەن، غىدىڭ-پىدىڭ قىلسا ئالالهنىڭ كالامىغا قارشى چىققان بولۇدۇ، كۆپنىڭ نەزىرىدىن چۈشىدۇ، دېگەنلەرنى ئويلاپ، تەمەننا بىلەن قالغانىدى.

قازىنىڭ ئالدىغا بارىدىغان جۇمە كۈنى مەمتىلى ئەپەندى ئادەتتىكىدىن سەھەررەك تۇردى. يۇيۇنۇپ، ئېغىز چايقىغاندىن كېيىن بىر بۇردا قاتتىق ناننى ئاغزىغا سېلىپلا هويلىدا گىمناستىكا ئوينىدى. ئاندىن تەرجىمىگە كىرىشتى. بۈگۈن سابىتنىڭ ئىشى بىلەن قولدىن كېتىدىغان ۋاقىتنى ئۈشلۈۋېلىش ئۈچۈن، كۈنلۈك تەرجىمە نورمىسىغا تەسىر يەتكۈزمەيمەن دەپلا شۇنچە سەھەر تۇرغانىدى.

ناماز بامداتقىچە بىر ئاز ئىشلەپ، ئاندىن نىزامىددىن بىلەن نامازغا چىقتى. نامازدىن كېيىن ئاكىسىغىمۇ قارىماستىن ئالدىراپ قايتىپ كىرىپلا، يەنە ئىشنى داۋام قىلدى.

نىزامىددىن جامائەت بىلەن بىردەم بىللە بولۇپ، خېلىدىن كېيىن ئۆيگە ياندى. ئۇ ئۆيگە يېقىن كەلگەندە ئالدىدىن مۇھەممەد ئىمام چىقىپ كەلدى. بۇ قاچانلاردا جامائەتتىن ئايرىلىپ بۇ تەرەپلەرگە كېلىشكە ئۈلگۈردىكىن، ئەيتاۋۇر ئۇ نىزامىددىننىڭ هويلىسىدىن چىققاندەكلا بىلدى. ئۇ نىزامىددىننى كۆرۈپ بىر ئاز هودۇقۇپ كەتتى. ئەمما نىزامىددىن

ھېچقانداق غەيرى نورماللىق ھېس قىلماي ئۇنىڭغا سالام قىلدى:

— خوش كەپسىز، ئىمام، ئۆيگە كىرىپ پاتىھە قىلىپ ماڭمامسىز؟ بۇسۇغىدىن كەتكىنىڭىز قانداق؟... — نىزامىددىنىنىڭ كۆزى ئىمامنىڭ يارىشىملىق قارا ساقىلى تىترەۋاتقانلىقىغا ۋە ئۆتكۈر كۆزلىرىنىڭ يوشۇرۇنۇشقا جاي ئىزدەۋاتقىنىغا قاراپ تۇرۇپ قالدى.

— خوش، خوش، ئالدىرايتتىم..... — مۇھەممەد ئىمام ئالدىراپ كېتىپ قالدى، نىزامىددىن چىن كۆڭلى بىلەن قاتتىق تۈتقان بولسىمۇ ئۇنىمىدى.

نىزامىددىن ئۇنىڭ خۇشپىچىم قامىتىگە ئارقىسىدىن قاراپ، مۇلايىم مىجەزلىك، دىيانەتلىك ئادەمنى ئۇزۇتۇپ قويغاندىن كېيىن يەنىلا بۇ ئادەمنىڭ سىزىلەرلىك ھودۇقۇشىغا دىققەت قىلماي، ئۆيگە قاراپ ماڭدى.

نىزامىددىن ھويلىغا كىرىپلا تارچۇقتا تۇرغان پۈكلەنگەن سامان قەغەزگە كۆزى چۈشتى. ئۇ قەغەزنى قولىغا ئېلىپ ئۇنىڭغا يېزىلغان بىر مۇنچە ئەپسانە سۆزلەرنى ئوقۇدى. ئاخىردا تېخى مۇنداق بىر قوشاقمۇ بار ئىكەن:

«ئەي ناسارا! ئەي، ئاختا!
قىلغان ئىشلىرىڭ ساختا!
تولا ھەددىڭدىن ئاشما،
جايىڭ بولار ئاۋاقتا» [1]

خەت تەھدىت خاراكتېرىدە يېزىلغان بولۇپ، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرى خاتا ۋە گۇناھ ھېسابلىنىپ ئەيىپلەنگەن، ئۇندىن باشقا ئۇنىڭ شەخسىيىتىگە تېگىدىغان ھاقارەتلەر، ئىنتايىن بىمەنە ۋە ئىپلاس سۆزلەر بىلەن تولغانىدى.

بۇنى ئوقۇپ نىزامىددىنىنىڭ ۋۇجۇدىنى تىترەك بېسىپ كەتتى. ئۇ بۇ خەتنى كىملەرنىڭ تاشلىشى مۇمكىنلىكىنى پەرەز قىلىشقا ئۇرۇنۇپ،

[1] ئاۋاختا — زىندان، تۈرمە، ھەپسخانا، — ئا.

www.uyghurkitap.com

كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ جايىدىلا تۇرۇپ قالغانىدى. شۇئان مۇھەممەد ئىمامنىڭ ھودۇقۇش ئارىلاشقان كەڭ چېھرىسى كۆز ئالدىدىن ئۆتتى. ئىلگىرىمۇ نۇرغۇن پىتنە- پاساتلارغا مۇشۇ ئادەمنىڭ نامى ئېلىنىپ ئوتتۇرىغا چىققاندا نىزامىددىن ئىشەنمىگەن ياكى ئەسلىدە ئانچىكى گەپ بولسىمۇ سۆخەنچىلەر يۇغىنىتىۋەتكەن بولسا كېرەك دەپ ئويلىغانىدى. ئۇ ئىمامنىڭ تەقى- تۇرقىدىن بۇنداق شۇملۇق زىمنىنى تاپالمىغان، شۇنداق سالاپەتلىك ئادەمنىڭ پىتنە تېرىپ يۈرىشىنى زادىلا ئەقلىگە سىغدۇرالمىغانىدى. بىراق، ھېلىمۇ ئىمامغا ئىشەنگۈسى كەلمىدى. كۆڭلىدىن كەچكەن گۇمانىنى گويا گۇناھلىق ئىش قىلىپ قويغاندەك دەرھال ئۆزىدىن نېرى قىلىپ، قەغەزنى ئۇششاق يىرتىپ تاشلاپ ئۆيگە قاراپ ماڭدى.

ئۇ بۇ زەربىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي، ئۆيگە كىرىپلا ئىنىسىگە ئېيتىش نىيىتىگە كەلدى- يۇ، يەنە دەرھال بۇ پىكرىنىڭ قىزىشىپ كېتىش نەتىجىسىدە تۇغۇلغان بىردەملىك ۋەسۋەسە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئاز دەم ئېلىپ كۆپ ئىشلەۋاتقان بىر ئادەمنىڭ نېرۋىسى ئۇچۇن يەنە بىر روھى يۈك ئارتىشتىن ئارانلا ساقلىنىپ، ئاۋۋال بوياقخانىغا كىرىپ بىردەم ئىختىيارسىز ھەرىكەتلەر بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزدى. ئاندىن ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ، ئۆزىنى تۇتىۋېلىش پۇرسىتى يارىتىش ئۇچۇن ۋاقىت ئۆتكۈزمەكچى بولدى. ئۇنىڭ يېقىن بىر كىشى بىلەن ئەسرالىشىپ ئىچىنى بوشاتقىسى كېلەتتى.

— نېمانداق تاتىرىپ كەتتىڭىز؟ — دېدى زورىخان ئېرىنىڭ خۇددى بىرسى بىلەن ئۇرۇشۇپ قالغاندەك ئەلپازىغا قاراپ ئەنسىرىگەن ھالدا.

— ھېچنىمىغۇ بولمىدىم... مەمتىلىنىڭ ئىشىدىن بېشىم قېتىپ... — نىزامىددىنىڭ قېلىن كالپۇكلىرى تۇتقاقلىقى باردەك غەلىتە لىپىلداپ كەتتى.

— نېمە بولدى؟ مەمتىلگە بىر نېمە بولمىغاندۇ؟

— بىر نېمىغۇ بولمىدى،... گەپكە كىرسە ئۇنىڭ بېشىنى ئوڭلاپ قويساق ئوبدان بولاتتى...

— نېمە، بۇگۈن ئىت پوق يېمەستە بۇ ئىش يادىڭىزغا يېتىپ قالدى؟ شۇنداق ئويلاپلا تاتىرىپ كەتمىگەنسىز؟ ھەقىچان بىر ئىش بولغان بولسا... — زورىخان ئاياللارغا خاس سەزگۈرلۈك ھەم سىر كۆچىلاش خۇسۇسىيىتى بىلەن شۇلارنى دەۋېتىپ، ئىتتىك سۆزنى توختۇتۇپ، دەرھال مۇقامنى ئۆزگەرتىپ، — مەمتىلى بالا-چاقىلىرىم بار، يەنە نېمىشقا ئۆيلىنىمەن. دەۋاتسا، ئۇرغىلى بولامدۇ؟ — دەپ قويدى.

نىزامىددىن بەك ئالدىراقسانلىق قىلغانلىقىنى، راست دېگەندەك بۇنچە ئەتتىگەندە مۇشۇنداق گەپنى قىلىش ھەقىقەتەنمۇ گۇمان قوزغايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. لېكىن نامەلۇم ئادەملەر تەرىپىدىن ھويلىغا تاشلانغان خەتنى ئويلىغاندا يەنە ۋۇجۇدىنى تىترەك بېسىپ كەتتى. شۇنداق بولسىمۇ ئاياللارغا بولغان ئەنئەنىۋى قاراش تۈپەيلى، ئىنىسى ھەققىدىكى يامان گەپلەر يېزىلغان خەت توغرۇلۇق ئايالىغا ئېيتقۇسى كەلمىدى. پەقەت بۇنداق ھاقارەتلەردىن چاپسانراق قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئالدىراش كېرەكلىكىنى، بۇ ئىشنى قەتئىي بىر ياقلىق قىلماي بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ زورىخانغا يەنە ئىلگىرىكىدەك ئېگىز-پەس گەپلەر قىلىقىغا كىرىپ قالغانلىقىنىلا دەپ قويدى.

ئەتتىگەنلىك چاي ئۈستىدە ئۇلار بۇ ئىشنى مەمتىلى ئەپەندىگە دىمەكچى بولۇپ نەچچە رەت تەمشىلىپ، يەنە دېيەلمىدى. ئەر-خوتۇن بىر-بىرىگە قارىشىپ ئىغىر تىنىپ قويۇشاتتى. مەمتىلى ئەپەندى بۇ خىل كەيپىياتنى دەرھال پەملەپ ھەيرانلىق بىلەن سورىدى:

— باشقىچىلا كۆڭۈلسىز ئولتۇرىسىلەر، نېمە ئىش بولدى؟ ياكى ماڭا بىر نېمە دىمەكچىمىدىڭلار؟

— باشقا ئىشقۇ بولغىنى يوق، ئۇكام، — دېدى زورىخان نىزامىددىننىڭ ئىشارىتى بىلەن ئاۋۋال گەپ باشلاپ، — يەنە شۇ، سىزنىڭ بېشىڭىزنى ئوڭلاپ قويۇدىغان ئىشنى دېيىشكەندۇق. سىزمۇ ھەرەج تارتىپ قېلىۋاتىسىز، ماقۇل دېسىڭىز مۇشۇ ئىشنى قىلىۋەتسەك، بىزمۇ خاتىرجەم بولساق، سۆز-چۆچەكلەرمۇ بېسىقسا، ئانام بىلەن دادامىلارنىڭ روھىمۇ قورۇنماي ياتسا... دېمەكچىدۇق، — زورىخاننىڭ

سۆزلىرى بارغانسېرى چۇۋۇلغان سۈپۈرگىدەك چېچىلىپ كەتتى.

— سۆز- چۆچەكلەردىن ئانچە ھۇركۈپ كەتمەڭلار، — دېدى تەۋپىق يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ، — پىتنە- پاساتلارنىڭ بازىرى ئانچە ئۇزاققا بارمايدۇ. ئۇ تايىنىسىزلار ھېلى مېنى بىر مۇنچە ئاياللار بىلەن باغلايدۇ يەنە باشقا خىل سۈپەتلەيدۇ. مانا شۇنىڭدىنلا ئۇلارنىڭ بىچارىلىقى بىلىنىپ تۇرمامدۇ.

— ئۇغۇ شۇنداق، — دېدى نىزامىددىن بۇ گەپلەرنىڭمۇ رول ئوينىشىدىن ئۈمىد ئۈزۈپ، — بىراق، ئۆيلۈك- ئوچاقلىق بولماي بولمايدۇ- دە، ئۆزەڭمۇ قېرىنىلىپ قالىسەن، بويتاقچىلىق دېگەن تەس...

— مەن سىلەرگە ئېيتقان، مېنىڭ ئايالىم بار، ئۇنىڭدىن بالامۇ بار، ئۇلار شەمەيدە قالغان، ئۇلارنى ئىزدىيەلمىگىنىم يەتمەي، ئەمدى يەنە ئۆيلەنگىنىم قانداق؟

— بىر ئەر دېگەنگە تۆرت خوتۇن راۋا، — دېدى زورىخان، — ئۇ يەردە قالغان ئايالىڭىز بولسا باردۇر، كىم بىلىدۇ، ئۇ بەلكىم ئەرگە تېگىپ كەتكەندۇ. ئۇنداق بولمىغاندىمۇ، ياندا بولمىغان خوتۇننى دەپ جېنىڭىزنى نېمىشقا قىينايسىز؟

— ماڭا كۆيۈنگىنىڭلار ئۈچۈن رەھمەت. بىراق، مەن خوتۇنۇم تۇرۇپ، يەنە ئۈستىگە ئۆيلەنمەيمەن. بۇ ئىش ئىسلام دىنىدا توغرا بولسىمۇ، ئۆزەم ئۈچۈن توغرا ئەمەس. چۈنكى ئۇ مېنىڭ ئىستىقبالىم ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بەختىنى قۇربان قىلغان پىدائى ئايال، ئۇنىڭغا ۋاپاسىزلىق قىلىش ماڭا دۇرۇست ئەمەس. قۇرئاندىمۇ بىر خوتۇن بىلەن كۇپايىلىنىش تەقۋادارلىققا تېخىمۇ يېقىن دېگەنمۇ بار.

— خەق سېنىڭ ئۆيلەنمەسلىكىڭ توغرىسىدا گەپ تاپقىنى- تاپقان «كوچىدا يۈرۈپ ئۈگۈنۈپ كەتكەن نېمە، شۇڭا بىر ئۆيگە باغلىنىپ قالغۇسى كەلمەيدۇ' دەۋاتقان، 'پالانچىنىڭ ئۆيگە مەكتەپنى باھانە قىلىپ، قىزىنى كۆزلەپ بارىدۇ، ئايالىنى دەپ بارىدۇ» دەۋاتقان،... خەقنىڭ پەيلىدىن قورقۇپلا قالىدۇ كىشى. ئىشقىلىپ بىر دۇشمەنلىك قىلماي قويمايدىغۇ بۇلار...



www.uyghurkitap.com

— سىلەرنى ئەتتىگەندىلا ئىسەنكىرىتىۋەتكەن ئىش شۇمىدى؟ — دېدى تەۋپىق ئىرەڭشىمەستىن، — «ئاچ نېمىنى يىمەيدۇ، دۆشمەن نېمىنى دېمەيدۇ» دەپتىكەن. دۆشمەن دېگەن شۇنىڭ ئۈچۈن دۆشمەن- دە! بۇنىڭ قورقۇپ كەتكۈدەك نېمىسى بار؟ ئەكسىچە دۆشمەن قورقۇپ دۆشمەنلىكىنى يوشۇرۇن قىلىۋاتقان تۇرسا! مەن تېخى ئۇلارغا ئاشكارە جەڭ ئېلان قىلىمەن دەۋاتسام...

— ئۇغۇ ئۆزەڭنىڭ ئىشى. بىراق، ھەربىر ئادەمگە بىر ئۆي، قۇشقىمۇ بىر ئۇۋا كېرەك - تە!

— ياق، ئاكا مەن ئۆزەمنىڭ ئىنتايىن قىسقا ۋە جەڭگىۋار، شۇنداقلا خەتەرلىك ھاياتىمنى ياشىماقتىمەن. بۇنىڭ ئۈچۈن مۇشۇنداق ياشىغىنىم ھەممىدىن ئاقىللىق بولار. ئۆزەمنىڭ بۇرنىغا پۇراپ تۇرغان پاجىئەلىرىمگە يەنە بىر گۇناھسىزنى، بەلكى بىر نەچچە گۇناھسىزنى قوشۇۋېلىشنى خالىمايمەن. ئائىلە دېمەك (ئەگەر بەختلىك بولغاندا)، كىچىك جەننەت دېمەكتۇر. جەننەتتىكىلەرنىڭ ھېچنىمىدىن غېمى، تەشۋىشى بولمايدۇ ئەمەسمۇ، — تەۋپىقنىڭ سۆزلىرى ئەمدى ئاۋۇلارنى قىيىن ئەھۋالدىن چىقىرىش ئۈچۈن چاقچاق ئارىلاش داۋام قىلدى، — مەن بولسام بۇنداق خاتىرجەملىكنى بەك سۆيىمەن، دەرىزىدە ئۆستۈرۈلگەن گۈلدەك ھېس قىلىمەن. بۇنداق خاتىرجەملىك بىر مۇنچە ئۇششاق غەملەرگە — ئاشۇ كىچىك جەننەتنى قوغداپ قېلىش تەشۋىشىگە ئېلىپ بارىدۇ. قىسقىسى كىشى غايىلارنى ئويلاشتىن تەدرىجىي ئۆينى ئويلاشقا مەجبۇر بولىدۇ...

— ھەجەپ سەن، بىرلا سېنىڭ ئىشىڭدەك قىلىپ كېتىدىكەنسەنغۇ؟... ئائىلە، ئىشلىرىڭغا پۇتلىكاشاڭ بولارمۇ؟

— شۇنداق ئائىلىنى پۇتلاشتۇرمايمەن دېسە پۇتلاشتۇرماي ئىشلەۋەرگىلى بولىدۇ. بىراق، مەن ھازىر خەتەرلىك ئەھۋالدا ياشاۋاتقانلىقىمنى بىلىپ تۇرۇپ، مۇشۇ بىر مەزگىللىك راھىتىم ئۈچۈن باشقىلارنى بەختسىز تەقدىرىمگە شېرىك قىلىۋالسام بولارمۇ؟

— بىرلا سېنىڭ مۇشۇنداق قىلغىنىڭغا كاشكى... — نىزامىددىن

www.uyghurkitap.com

بۇنداق سۆزلەرنى ئىنىسىنىڭ ئەڭ يامان كۆرىدىغانلىقىنى ئويلاپ توختاپ قالدى.

— راست، بىرلا مەن! بىرلا بولسامبۇ مەيلى! — دېدى تەۋپىق جاھىلانە ئاھاڭدا، — ئاكا، ئۇيغۇرلاردىكى بىر ئىللەت مانا: خەق قىلىپ باقمىغان ئىشلارنى قىلىپ بېقىشقا جۈرئەت قىلالماسلىق ياكى ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىنى بەك تۆۋەن چاغلاش. «بىر مېنىڭ قۇربان بېرىشىم بىلەن نېمە ھاسىل بولماقچى ئىدى، ئۇنىدىن كۆرە ئەل نېمە كۆرسە شۇ» دەپ مەن ئارقامغا يانسام، «بىرلا مەن نېمە قىلالايتتىم» دەپ ئۇ ئارقىسىغا يانسا، سىزمۇ شۇنداق دەپ ھېچ ئىش قىلماي قول قوشتۇرۇپ تۇرسىڭىز، ھەربىر كىشى پەقەت ئۆزىنىلا ئويلىسا بۇ ئىشلار ئۇچۇن باش قاتۇرۇدۇغانغا كىم قالىدۇ؟... ئاللاھ قۇرئانى كەرىمدە ئۆزىنىڭ ئەلچىسىگە: «(ئەي، مۇھەممەد،) يالغۇز قالساڭمۇ جىھاد قىلغىن»[①] دەپ بۇيرىغان. بىزنىڭ قىلىۋاتقىنىمىزمۇ جىھادنىڭ بىر تۈرى ياكى تەييارلىقى، ئاكا. بىز رەسۇلۇللاھتىنمۇ ئۇلۇغمىدۇق؟ ئۇنىڭغا بېرىلگەن بۇيرۇق بىزگە مۇناسىۋەتسىز بولماس؟ — ئۇ بىردەم ئاكىسىنىڭ چېھرىسىگە سىنچى نەزىرىدە قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، قوپاللىق قىلىپ قويغان بولسام ئاكام رەنجىپ قالمىسۇن دېگەندەك، — لېكىن، ئاكا، مەن ئۆزەمنى تەنھا ھېس قىلمايمەن. خىزمەتتىمۇ، تۇرمۇشتىمۇ شۇنداق. قېنى، ئەمدى دۇئا قىلىپ بېرىڭ ئازراق ئىش قىلاي ئاندىن بازارغا بارىمەن، — دېدى.

نىزامىددىن يەنە گەپ قىلىشنىڭ ئورنى يوقلۇقىنى چۈشىنىپ دۇئاغا قول كۆتەردى. كۆڭلىدە بولسا دوستى موللا قادىرنىڭ ئەنجانغا قاتناپ تۇرۇدۇغان ئوغلىغا تاپىلاپ شەمەيدىكى مەمتىلى ئەپەندىنىڭ خوتۇن باللىرىنى تېپىپ، خەۋرىنى ئالغاچ كېلىشىنى، بولسا ئۆزلىرىنىمۇ ئالغاچ كېلىشىنى ھاۋالە قىلىمەن دېگەنلەرنى ئويلىدى. ئەمدى ئۇنى ئۆيلەشتىن ئۈمىد بولمىغان ئىكەن، ئۇنىڭ ئايالىنى ئەكەلدۈرمەكتىن باشقا چارە يوق ئىدى.

---

① «قۇرئانى كەرىم» سۈرە «نىسا» 84 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى، — ئا.

مەمتىلى ئەپەندى مەيدە يانچۇقىدىكى سائىتىنى زەنجىرىدىن تارتىپ چىقىرىپ قاراپ قويغاندىن كېيىن يەنە بىر سائەت ئىشلەپ، ئاندىن بازارغا بېرىش نىيىتىدە دەرھال شىرە ئالدىدا ئولتۇرۇپ تەرجىمىگە كىرىشىپ كەتتى.

بىر سائەتتىن كېيىن يازغانلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، ھەممە نەرسىنى جاي- جايىغا قويغاندىن كېيىن، ئۆيدىن چىقتى. مەڭلىكاخۇن بىلەن نىمىتۇللا ئىككىسى ھېلىلا ئوڭرۇقتىن يېتىپ كەلگەن بولۇپ، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ بىر ياققا بارماقچى ئىكەنلىكىنى سېزىپ، قوراللىرىنى ئېلىپ راسلاندى.

— بۈگۈن ئىككىڭلار دەم ئېلىڭلار، خالىساڭلار بازار ئارىلىساڭلارمۇ بولىدۇ. مەن بۈگۈن ئۆز ئىشىم بىلەن بازارغا بارىمەن،— دېدى ئۇ ئەسكەرلەرگە.

— ياق، ئەپەندىم، سىز نەگە بارسىڭىز بىزمۇ شۇ يەرگە بارىمىز. مەھمۇد سىجاڭ بىزگە شۇنداق بۇيرۇق بەرگەن، سىزنى قوغداش بىزنىڭ ۋەزىپىمىز، — دېدى نىمىتۇللا.

— رەھمەت، يىگىتلەر، بىراق سىلەر دەم ئېلىشىڭلار كېرەك. بۈگۈنكى ئىشىم ئۆزەملا بارمىسام بولمايدىغان ئىش بۇنى مېھماندارچىلىق دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

— بەربىر، — دېدى مەڭلىكاخۇن تەرسالىق بىلەن.

— ئەمىسە مۇنداق بولسۇن، ھەممىمىز بىللە بازارغا بارايلى، سىلەر بازار ئايلىنىپ تۇرۇڭلار، مەن كىرىدىغان يېرىمگە كىرىپ چىققاندىن كېيىن بىرلىكتە قايتىپ كېلىمىز، قانداق؟

ئۇچەيلەن بىرلىكتە ئاتلىق يولۇپ كېتىشتى.

بازارغا بارغاندىن كېيىن ئىككى جەڭچى مەمتىلى ئەپەندى بىلەن بىللە دادخاھقىمۇ كىرمەكچى بولغاندى، مەمتىلى ئەپەندى قەتئىي رەت قىلدى.

— بولمايدۇ، يىگىتلەر، مەن بۇ يەرگە بىر ھەق دەۋاسى بىلەن كىرىمەن. سىلەرنى ئېلىپ كىرسەم بولمايدۇ. ئۇلارغا تەھدىت سېلىپ،

بىسىم بىلەن يېڭىپ چىققان بولۇپ قالىمەن. ئەمەلىيەتتە ماڭا بۇنداق قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. ئۇنىڭسىزمۇ يېڭىپ چىقالايدىغانلىقىم بەلگىلىك. ئۇلارنىڭ ئارقامدىن گەپ تاپماسلىقى ئۈچۈن روبىرو مەيدانغا چۈشەي. سىلەر ھەرگىزمۇ ئۇ ئەتراپقا يېقىن يولىماڭلار، ئەگەر مەھمۇد مۇھتى سىلەرگە تەۋپىقنىڭ جىنىنى قوغدىساڭلارلا بولىدۇ، ئابرويى مەيلى، دىمىگەن بولسىلا مېنىڭ دېگىنىمدەك قىلىڭلار.

ئىككى جەڭچىگە ئارتۇق تالىشىپ ئولتۇرۇشقا زېمىن قالمىدى. ئۇلار ئۆز ئارا قارىشىپ كۆز ئۇرۇشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن ماقۇل بولدى. مەمتىلى ئەپەندى بۇلاردىن ئايرىلىپ چوڭ جامە ئالدىغا كەلگەندە سابىت بۇ يەردە كۈتۈپ تۇرغانىكەن. ئىككىسى قازىنىڭ ئالدىغا قاراپ كەتتى.

— ئۆزەڭنى بەردەم تۇت ئوغلۇم، — دېدى ئۇ سابىتنىڭ مۈرىسىگە قېقىپ مېھرىبانلىق بىلەن.

## 3

قازى دەۋاگەرلەرنى قوبۇل قىلىدىغان چوڭ ئۆيگە چىقتى. بۇ يەردە پاشاخان ۋە ئۇنىڭ گۇۋاھچىسى، سابىت ۋە مەمتىلى ئەپەندى ئۇنى كۈتۈپ تۇراتتى. قازىكالان ئۆز ئورنىغا جايلىشىپ ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن پۈتۈكچى مىرزىلىرى ئۇنىڭ يېنىغا جايلاشتى. ھابۇلھاجىم سورۇن ئەھلىگە ئۆتكۈر كۆزلىرىنى پاقىرتىپ ئاجايىپ بىر تەرەزدە قاراپ چىقتى.

كۆز گۆھىرىنىڭ چانقىدا غىلدىرلاپ ئۆيناق. بۇياققا ئۆتۈشلىرىدە بىر خىل دەھشەتلىك كۈچ باردى. ئۇ ئادەتتە ئۆز دەۋاگەرلىرىنى تەمتىرتىش، ئۇلارنىڭ ئىشەنچىنى بىت- چىت قىلىۋېتىش ئۈچۈن دەرھال سوراق باشلىماي ئەنە شۇنداق سۇر بىلەن بىر ھازا قارايتتى. بۈگۈنمۇ بىر ھازاغىچە ھەممەيلەنگە يەۋەتكۈدەك ئەلپازدا قاراپ تۇردى. بۇ قاراشتا ھەم بۇ دەۋانىڭ قايتا سورىلىشىدىن بىزار بولغاندەك نارازىلىق ھەم مەمتىلى ئەپەندى بىلەن روبىرو كېلىشىپ قالغىنىغا ئاچچىقى كېلىش تۇيغۇسى باردەك قىلاتتى. ئادەتتە شەيتانلىق يېغىپ تۇرۇدۇغان رەڭگى- روھىدىن قەھرۇ-

غەزەپ تېشىپ تۇراتتى. بىر قېشىنىڭ تۇرۇپ- تۇرۇپلا لىكىلدىشىمۇ ئۇنىڭ ھەيۋىتىنى ئاشۇرۇپ تۇراتتى.

— خوش، ئۆزى،... بۇ دەۋانى ئىلگىرى تۆگەتكەنىدۇق، يەنە نېمە گەپ بۇ؟ — دېدى ئۇ گۈلدۈرماممىدەك باس ئاۋازى بىلەن.

— شۇنداق، ھاجىم بۇ دەۋا ئىلگىرى سورىغالغانىكەن بىراق، ئادالەتلىك بولمىغانلىقى ئۈچۈن قايتا سوراشنى ئىلتىماس قىلىشقا توغرا كەلدى، — دېدى مەمتىلى ئەپەندى ئۆزىنى بۇ يەردە بىر گۇۋاھچىلا ئەمەس، ئادالەتنىڭ ھامىيسىدەك مەغرۇر تۇتۇپ.

— سىز كىم بولىسىز، تەقسىر؟ بۇ دەۋاغا نېمە ئالاقىڭىز بار؟ ياكى دەۋاگەر ئۆزىڭىزمۇ؟ — دېدى ھابۇلھاجىم ئاۋازىنى تېخىمۇ قەھرلىك چىقىرىشقا تىرىشىپ، كىبىر كۆرسىتىپ قارشى تەرەپنى ھودۇقتۇرۇش ئۈچۈن چىرايىدىنمۇ جۇت ياغدۇرۇپ.

— مېنىڭ ئىسمىم مەمتىلى، كەسپىم مۇئەللىم، — دېدى تەۋپىق قارشى تەرەپنى ساراسىمگە سالىدىغان كۆلۈمسىرەش بىلەن، — دەۋاگەر مېنىڭ تەلەبەم بولغانلىقتىن ئۇنىڭغا گۇۋاھ بولۇپ، مۇشكۈلنى ئاسان قىلىشنى قەرزىم دەپ بىلىپ ھوزۇرىڭىزغا كېلىپ قالدىم. ھاجەتمەنلەرگە ھەمدەمدە بولۇش شەرىئەتتە گۇناھ سانالمايدىغۇ؟

ھابۇلھاجىم ئادەتلەنگەن ھۈنىرى بويىچە ئاساسىي دەۋا - مۇنازىردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ قارشى تەرەپنى زېرىكتۇرۇشكە، ئەپقاچتى گەپلەر بىلەن پاچاقلاپ يىقىتىۋېلىشقا ئۇرۇناتتى ئىدى. ئۇ گۇۋاھچىنىڭ گۇۋاھ بولۇش سالاھىيىتىنى كوچىلاپ، ۋاقىتنى كەينىگە سۈرۈشكە باشلىدى.

— مەن ئەھۋالدىن پۈتۈنلەي خەۋەردار، ئۇنىڭ ئۈستىگە گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈشنى خالايمەن. بۇ ئىش ئۈچۈن ئۆزۈمنى سالاھىيەتلىك دەپ ئويلايمەن. ئەگەر سىز بۇنىڭغا ئىشەنچ قىلالمىسىڭىز، شورۇقنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئالدىڭىزغا گۇۋاھلىققا ئەكىلەلىشىم مۇمكىن.

— دەۋاگەر سۆزلىمەي گۇۋاھچى سۆزلىگىنى قانداق؟ — ھابۇلھاجىمنىڭ كۆزلىرى چانىقىدا پىلدارلاپ، يالت- يۇلت چاقناپ كەتتى، — ئۆزى سۆزلىسۇن!

— ياش بالا، چوڭ ئادەملەر ئالدىدا تارتىنىدۇ، يەنە كېلىپ سابىت تېخىمۇ تارتىنچاق. چەتئەللەردە سوتتا ھەمىشە دەۋاگەر، ئەيىپكارلار ئورنىدا ئۇنىڭ ۋەكىلىنى سۆزلىتىدۇ. ھىمايىچى ئۆز دەۋاگەرى ئۈچۈن دەۋا قىلىشىدۇ.

— ناسارالارنىڭ، كاپىرلارنىڭ ئىشى — شۇلارنىڭ ئىشى! — بىزدە شەرىئەت! — قازىكالاننىڭ كۆزلىرى ناھايىتى تېز سۈرئەت بىلەن ھەركەتلىنىپ كەتتى، — بۇ دېمەك، ئاللاھنىڭ كالامى بىلەن ئىش قىلىدىغان، ئاللاھنىڭ كالامى بىلەن دەۋا سورايدىغان گەپ! نېمە گەپ ئۇ يەنە!؟ — ھابۇلھاجىم قارشى تەرەپنى تەمتىرىتىپ قويىدىغان باھانىنى تاپتىم، «ئىرىم» ئوبدان بولدى، ئەمدى ئۇ گېپىنى تاپالماي قالىدۇ، دەپ ئويلاپ، مەمنۇن بولدى. ئەمما چىرايىدىن غەزەپ ياغدۇرۇپ تۇراتتى.

— ھېچقانداق مۇخالىپ گەپلەر بولغىنى يوق، تەقسىر، قىزىشىپ كەتمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، سوراقنى باشلاڭ ئەمىسە. ئاللاھنىڭ كالامى بىلەن دەۋا سورايدىغان بولغاندىكىن بىز ئۆزىمىزنىڭ ئۆتۈپ چىقىدىغانلىقىمىزغا ئىشەنسەك بولىدىكەن ئەمىسە. بۈيۈك ئىسلام شەرىئىتى ئادىل ئەمەسمۇ، قانداق ھاجىم؟ — مەمتىلى ئەپەندى ئۇنىڭ روھى دۇنياسىغا ھۇجۇم قىلىپ، سىزىلەرلىك تەھدىت سالدى.

— ئەپەندىم، ياراغ ئاسقان نەۋكىرىم بار دەپ دەندەپ كەتمەڭ، بۇ دېگەن تۆت كۈنلۈك ئالەم، سورىقى بار جاھان! — دېدى ھابۇلھاجىم چېچىلىپ ئۇ تېخىچە ئەپقاچتى گەپلەر بىلەن قارشى تەرەپنى پۇتلاشتۇرۇشقا ئۇرۇناتتى.

— تەقسىر، مەن سىزگە ئەسكەرلىرىمنى پەش قىلمىغاندىكىن، ئۇلارنى تىلغا ئېلىپ نېمە قىلىسىز؟ بۇ قورال ئىشلىتىدىغان سورۇن ئەمەس، بۇنى سىزدىن ئوبدان بىلىمەن. يەنە كېلىپ مەن بۇ دەۋادا ھەق ئىكەنلىكىمنى، ھەق يېڭىدىغانلىقىنى، ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئادالەتلىكلىكىنى بىلىدىغان تۇرسام نېمىشقا يولسىز ئىشنى قىلغۇدەكمەن؟ غالىبلار ھامان كەڭ قورساق ۋە سالماق كېلىدۇ. مەغلۇپلار ھېچ بولمىسا ھاردۇقىنى ياكى ئاچچىقىنى چىقىرىۋېلىش ئۈچۈن

ئىشنى جىدەلگە بۇرايدۇ! سىزمۇ مېنى شەرىئەت بىلەن قورقۇتماي قويۇڭ، شەرىئەت ئادەم قورقۇتىدىغان قورال ئەمەس، ئۇ ئادالەت مەھكىمىسى، ئاللاھ نېمىدېگەن؟ «شۈبھىسىزكى، ئاللاھ سىلەرنى ئامانەتلەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا، كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلغاندا ئادىل ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ... »[1] ــ مەمتىلى ئەپەندىنىڭ كۆزىگە ئىلمىگەندەك بىر خىلدا كۈلۈمسىرەپ ،شۇنچە ئىشەنچ بىلەن سۆزلىشى، ئەزەلدىن سۇر كۆرسۈتۈپ ئۆگۈنۈپ قالغان، ھېچقاچان ئۇيلىغىنىنىڭ ئەكسىچە ھۆكۈم قىلىشقا توغرا كەلمىگەن قازىكالانغا مىسلىسىز ئېغىر كەلدى. ئۇنى ئاللىقانداق بىر تەشۋىش ــ شەرمەندىلەرچە يېڭىلىپ قېلىش تەشۋىشى پاراكەندە قىلىۋەتتى. شۇنداق بولسىمۇ ئاچچىقىنى چىقىرىۋېلىش ئۈچۈن تەتۈرلۈك بىلەن:

ــ ھەر ھالدا، ئادەم قورقۇتۇپ ئۆگۈنۈپ قالسىمۇ تەس. تە. لېكىن بۇ كىچە ئەمەس، كوچا ئەمەس ھەم مەن يالغۇزمۇ ئەمەس،... ــ دېدى يەنە شەيتانلىق ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ.

تەۋپىق ئۇنىڭ «كېچىسى يول تۇسۇپ ئادەم ئۇرۇش» ۋەقەسىگە دارتمىلاۋاتقانلىقىنى چۈشەندى. كۆڭلىدە بۇ ئىشنىڭ ھەقىقى جىنايەتچىلىرىنى تېپىپ چىقىپ بۇنداق ئادەملەرنى ئاخىرقى كوزىرلىرىدىنمۇ مەھرۇم قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكتى ئاندىن ھابۇلھاجىمغا جاۋابەن:

ــ شۇنداقمۇ؟ ئادەم قورقۇتۇپ ئۆگۈنۈپ قالسىمۇ تەس، دەپ توغرا ئېيتتىڭىز، بۇنداق ئادەملەرگە بىزنىڭ ئېيتىدىغىنىمىز: جاناپ، بىز سىز قورقۇتۇپ كەلگەن نادان ئادەملەرگە ئوخشىمايمىز، ھوشىڭىزنى تېپىڭ، دېگەندىن ئىبارەت بولۇدۇ. شۇنداقلا سىز دېگەن كېچە نوچىلىرىنىمۇ تېپىش ئىشىنى قىلىۋاتىمىز، ئۇنىمۇ ھوزۇرىڭىزغا ــ ئىسلام ئادالىتىگە روبىرو قىلىشىمىز مۇمكىن. بۇ گەپلەرنى شۇ چاغدا قىلىشساق قانداق؟ سىزنىڭ ۋاقتىڭىز قىس ھەقىچان، شۇڭا بالدۇرراق ئىشنى تۈگەتسەك.

---

[1] سۈرە «نىسا» 58 ـ ئايەت، ــ ئا.

هابۇلهاجىمنىڭ كۆزلىرى چاناقلىرى ئىچىدە يەنە جىددى ھەرىكەتكە كەلدى. لېكىن بۇ قېتىم سۇر ۋە ھەيۋە بىلەن ئەمەس، بىچارىلىك بىلەن چاقنىدى. ئۇ ئاخىرقى كوزىرى بىلەنمۇ كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتەلمەي، بوشۇشۇپ كەتتى.

شۇڭا ئۇ دەسلەپ سوراقخانىغا كىرگەندە كۆرسەتكەن ھەيۋىسىدىن بىراقلا ئۇن گەز چۈشۈپ، چىرايىغا باشقىچە تۈس بەردى. بىر قېشىنىڭ لىكىلدىشىمۇ باشقىچە ــ سۈلھى تەلەپ قىلىۋاتقاندەك بىلىندى.

ــ ماڭا نېمە،ــ دېدى ئۇ تېخىمۇ ياخشىراق جايلىشىپ ئولتۇرىۋالماقچى بولۇۋاتقاندەك مىدىرلاپ ۋە بۇ جەرياندا ئۆزىگە كېلىۋېلىش ئۈچۈن پۇرسەت يارىتىپ، ــ كەنجى قازاخۇنۇم ئۆزى گۇۋاھ بولغان ئىش قانداق يالغان بولىدۇ، دەپ ئىشىنىپ دېگەن گېپىم ـ دە، بۇ. بولمىسا سۇرۇشتۇرسەڭ ھەممە ئىش ئايدىڭلىشىدىغۇ ...

بىردىنلا سابىتنىڭ ئۆگەي ئانىسى ئۆزىنى باسالماي يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان ئورنىدىن سەل كۆتۈرۈلۈپ دېمىقىنى قاقتى:

ــ ۋىيەي، بۇ نېمە دېگىنىڭىز، ھاجىم؟ ئەجەپ ئەمدى تۇغرا- خاتاسىنى ئاڭقىرالماي قاپسىزا!؟ ... پاشاخان بۇ ئارقىلىق دەسلەپ كەنجى قازاخۇنۇم، ھابۇلھاجىم ۋە ئۇنىڭ ئارىسىدا بولغان توختامنى ئېسىگە سالماقچى بولغانىدى. بۇ، مەمتىلى تەرەپدارلىرىنىڭ زىيان تارتىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قىلىنغان غەرەزلىك سۈئىقەستلىك كېلىشىم ئىكەنلىكى ئۆز- ئۆزىدىن ئايان ئەلۋەتتە.

شۇڭا پاشاخاننىڭ تەھدىتلىك دارتىملاشلىرى، ئۆزىنىڭ ھوقۇق، ئورنىنىڭ تەشۋىشىدىلا قالغان ھابۇلھاجىمغا باشقىچە تەسىر قىلىپ تاتىرىپ كەتتى. قېشىمۇ ئادەتتىكىدىن تېز- تېز لىكىلداپ كەتتى. ئەگەر بۇ ھازازۇل خوتۇننىڭ ئالۋاستىمۇ قورقىدىغان بالا تەككۈر ئاغزى ئېچىلىپ كېتىدىغان بولسا تېخىمۇ رەسۋاچىلىق بولۇدۇغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئىككىنچى بىر تەشۋىش ھوجۇم قىلماقتىدى. شۇڭا ئۇ دەرھال بىر قارارغا كېلىپ، كەسىپدېشى كەنجى قازاخۇنۇمنى قۇربان قىلىش ئارقىلىق ئىككى تەشۋىش ئارىلىقىدىن ساق قۇتۇلۇش قارارىغا كەلدى.

ــ خوتۇن كىشىلىكىڭنى قىلمايراق تۇر، شۇ چاغدىمۇ مەن كەنجى قازاخۇنۇمنىڭ گېپى بىلەن بۇ ئىشقا ئارىلاشقان، باشقا ئىشنى ئۇقمايمەن. ئاۋۋال دەۋاغا قۇلاق سېلىپ، هە، ئاندىن يەنە نارازى بولۇدۇغان تەرەپ بولسا، باشتا سورىغان كەنجى قازاخۇنۇمنى تاپساڭ بولمىدىمۇ؟ــ دېدى ئۇ سۇر-هەيۋىسىنى پاشاخانغا كۆرسۈتۈپ، يەنە تەهدىت ئارىلاش قوشۇپ قويدى، ــ دەۋانى چىگىشلەشتۈرۈپ، ئارقىغا سۈرگەن بىلەن ئاقىۋەتتە ئۆزەڭ پالە تۆلەپ قالىدىغان ئىش چىقىدۇ جۇما.

پاشاخاننىڭ قازىكالانغا راسا ئاچچىقى كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ، دەۋاغا مەمتىلى ئەپەندى ئارىلىشىپ قالغىنىدىن زۇۋان سۈرەلمىدى. هەر قانداق سورۇن، هەر قانداق كاتتا ئادەم ئالدىدىمۇ بىشەملىك بىلەن ۋاتىلداشتىن ئاغزىنى تىيالمايدىغان بۇ خوتۇن نىمىشكىدۇر مەمتىلى ئەپەندىنىڭ مېهرىۋان، مۇلايىم لاتاپىتى ئالدىدا بۇنداق ئەسكىلىكلەرنى قىلىشقا ئۆزىنى ئاجىز هېس قىلدى. ئۇ هەمىشە مەمتىلى ئەپەندىنى كىشىلەرنىڭ هەممىسى تەرىپلەۋاتقىنىنى ئاڭلايتتى. بۇ كىشىنىڭ ئاغزىدىن چىققان مۇنداقلا بىر ئېغىز گەپنىمۇ خەلق يادلاپ يۈرەتتى. بۇنداق بىر كىشىنىڭ ئالدىدا هازازۇللۇق قىلىش، جىمى خەلقنىڭ لەنىتىگە قېلىش بىلەن ئوخشاش بولغاچقىمۇ، پەيلىگە هاي بەردى. يەنە كېلىپ ئۇ يېقىندىن بېرى  مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئارقىسىدا مىلتىقى بار ئىككى يىگىتنىڭ يۈرگەنلىكىنى كۆرگەنىدى. مىلتىقى بار خەق بۇنداق بىر تۇل خوتۇننى هەر قاچان ئىتتى ئاتقاندەك ئېتىۋېتەلەيدىغۇ؟ پاشاخان مۇنداق بىر چاتاق دەۋاغا چېتىلىپ قالغىنىغا ئۆكۈنۈشكە باشلىدى. راستىنى ئېيتقاندا ئېرى ئۆلگەندە يۇرت كېچەك ۋە سابىتنىڭ ئۆزىگە بەرگىنىنى ئېلىپ قايتىپ كەتمەكچىدى. هېچ بولمىغاندىمۇ پۇتۇنسۇرۇك ئۆي- جاينى تالىشىپ يۈرمەيتى. لېكىن بىر مۇنچە ئادەملەر ئۇنىڭغا ئەقىل ئۆگەتتى. بولۇپمۇ قازاخۇنۇمنىڭ ئۆزى بۇ ئىشنى قوزغاپ قالدى. ئۇ دەسلەپ كۆپەك مال- مۈلۈككە ئېرىشىش مەقسىتىدىلا كەنجى قازاخۇنۇمغا ئەرز قىلىپ بۇ ئىشنى تېرىپ قويغانىدى.

ــ خوش، ئەمىسە ئەرزىڭىزنى ئېيتىڭ، ــ دېدى هابۇلهاجىم

تەۋپىققا قاراپ، ئادەتتىكىچە تەلەپپۇزدا.

مەمتىلى ئەپەندى ئۇنىڭ تەلەپپۇزىنىڭ ئۆزگۈرۈپ قالغانلىقىدىن ئۇنىڭ ئەمدى مۇداپىئەگە تەييارلانغانلىقىنى، كۆپ ئۆتمەي چېكىنىشكە يۈز تۇتىدىغانلىقىنى ھايالسىز قىياس قىلدى.

— ئەرزىمىز شۈكى، سابىتنىڭ ئانىسى بۇرۇنلا قازا قىلىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇ ئاساسەن ھاممىسىنىڭ ئۆيىدە ئۆسكەن. دادىسى ئاخىرقى ئۆمرىدە كېسەلچان بولۇپ، ئۆزىگە قاراشقا بىر جۆرە لازىم بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ سىڭلىمىزغا ئۆيلەنگەنىكەن. لېكىن بۇ مەزلۇم ئېرىگە ياخشى قارىمايلا قالماي، ئۆيىدىمۇ كۆپ تۇرمىغان. ئايدا بىر-ئىككى قېتىم بېرىپ قويۇپلا باشقا چاغدا ئاپىسىنىڭ قېشىدا تۇرغان. ھەتتا ئېرى جان ئۈزۈش ئالدىدىمۇ بۇ ئايال مەرھۇمنىڭ قېشىدا ئەمەسكەن. شۇڭا بۇنداق ۋاپاسىز ئايالغا نەچچە ئون يىللىق ئۆيىنى پۈتۈنلەي بېرىش ھەقىقەتەنمۇ ئادالەتسىزلىك بولغان. ھەممىدىن يامىنى مىراسخورىدىن بىخەۋەر ئۆينى پېچەتلەپ ھۆكۈم چىقىرىلغان. ئاڭلىساق مەرھۇمنىڭ بالىسى يوق ئىدى، شۇڭا بىردىن-بىر مىراسخورى تۇل قالغان جۆرىسى بولىدۇ، دېگەن ئاجايىپ پەتىۋا بارىكەن. زورۇر تېپىلسا بىز بۇنى ئىسپاتلايمىز! ئايەتتە شۇنداق دېيىلگەن،— تەۋپىق بىر ئايەتنى ئوقۇدى، ئاندىن ئۇنى تەپسىر قىلىپ،— بۇ دېگەن گەپ: «زۇلۇم قىلىپ يېتىملارنىڭ مال-مۈلۈكىنى يەۋالىدىغانلار شۈبھىسىزكى، قورسىقىغا ئوتنى يەۋالغان بولىدۇ. ئۇلار يېنىپ تۇرغان تەئەددى بىلەن. ئوت(دوزاق) قا كىرىدۇ»[①]،ھاجىم، سىلى ئەھلى ئۆلىما ئادەم بۇنداق ئوتنى يۇتۇۋېلىشتىن قورقىسىزغۇ، دەيمەن! — دەپ قوشۇپ قويدى

— ئەلۋەتتە، كىشىنىڭ رىسقىنى يەيدىغانلاردىن ئەمەسمىز، خۇداغا شۈكرى.

— مېنىڭ ئېرىمنىڭ خىزمىتىدە بولماي، ئۆيۈمگىلا كەتكىنىمنى كىم كۆرۈپتىكەن؟ يالغان!— پاشاخان قورقۇپ تۇرۇۋاتسىمۇ يەنە بىر

---

[①] «قۇرئان كەرىم» سۈرە «نىسا»، 10-ئايەت، — ئا.

تەرەپتىن تەييارلا نەپتىن قۇرۇق قىلىشنى خالىماي تىرىشىپ باقتى.

— مانا ، بۇنىڭغا گۇۋاھ قىشىمىزدىلا بار، — دىدى مەمتىلى ئەپەندى سابىتنى كۆرسىتىپ، — مانا بۇ ئۆگەي ئوغلىڭىز، ئۇنىڭ گۇۋاھلىقى راست بولار؟

— بۇنىڭ دادىسى...ۋوي، نىمە دەۋاتقانىدىمەن، — پاشاخان ھودۇقۇپ گىپىنى تۈزىتىشكە ئالدىرىدى. ئۇ ھازىر چىڭ تۇرسا پايدا ئالدىدىغانلىقى ياكى بىچارە بولۇۋالسا پايدىسى بولۇدۇغانلىقىنى ئاڭقىرالماي گاڭگىراپ قالغانىدى، — مەن ئۇ كىشىگە ياتلىق بولغاندىن بىرى بالىسى بارلىقىنى بىلمەيمەن. بۇ بالىنى كۆرگۈنۈممۇ يوق. گەپ قىلساڭلارچۇ، — پاشاخاننىڭ گۇۋاھچىلىرى مەمتىلى ئەپەندىنى كۆرۈپلا ھودۇقۇشقا باشلىغانلىقتىن ۋەدىسى بويىچە يالغان گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈشكە جۈرئەت قىلالماي، بىر- بىرىنى بىقىندىشىپ:

— بۇ بالىنى تاغىسى باقان...

— دىمەك، باققىنى تاغىسى، شۇنداقمۇ؟ ئۇنداق بولسا دادىسى كىم؟ توغرا گۇۋاھلىق بىرىڭلار، ئاللاھ قۇرئانى كەرىمدە شۇنداق بۇيرۇيدۇ: «... ئادىللىق بىلەن گۇۋاھلىق بىرىڭلار، بىرەر قەۋمگە بولغان ئۆچمەنلىكىڭلار (ئۇلارغا) ئادىل بولماسلىقىڭلارغا سەۋەپ بولمىسۇن، (دۈشمىنىڭلارغا) ئادىل بولۇڭلار، بۇ (يەنى ئۇلارغا ئۆچمەن تۇرۇپ ئادىل بولۇشۇڭلار) تەقۋادارلىققا ئەڭ يىقىندۇر... »[1]. يەنە مۇنۇ ئايەتنىمۇ سىلەرگە ئۇقتۇرۇپ قوياي، ھەر ھالدا گۇناھتىن يىراق بولۇشۇڭلارغا پايدىسى بولار: «ئى مۆمىنلەر! خۇدالىق ئۈچۈن گۇۋاھلىق بىرىشتە، ئۆزۈڭلارنىڭ ياكى ئاتا- ئاناڭلارنىڭ ياكى تۇغقانلىرىڭلارنىڭ زىيىنىغا گۇۋاھلىق بىرىشكە توغرا كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئادالەتنى بەرپا قىلىشقا تىرىشىڭلار، (گۇۋاھلىق بىرىلگۈچى) باي بولسا (ئۇنىڭغا رىئايە قىلماستىن) ياكى پىقىر بولسا (ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتماستىن) ھامان ئادىل گۇۋاھ بولۇڭلار،...

---

[1] «قۇرئانى كەرىم» سۈرە «مائىدە» 8 ـ ئايەت، — ئا.

www.uyghurkitap.com

»[1] ـــ مەمتىلـى ئەپەنـدى مىقـتەك قادىلىۋېـدى، گۇۋاھچىلارنىـڭ پۈتـۈن جاسارىتى، نوچىلىقى، ۋەدىسى كۆپۈككە ئايلاندى. ئۇلار ئىنتايىن روھسىز تەمتىرەپ:

ـــ ئۆز دادىسىنى بىزمۇ تازا بىلەلمىدۇق...

ـــ ئۇنى بىلمىگەن بولساڭلار ھېچقىسى يوق، مەرھۇمنىڭ بالىسى ئەمەسلىكىنى ئېنىق بىلەمسىلەر؟

ـــ ...

ـــ ئېنىـق بىلىـدىغان بولسـاڭلا مۇشـۇ يەردە قەسـەم قىلىسـىلەر، ئاندىن ھەممىمىز ھازىرنىڭ ئۆزىدە شورۇق ئازنا مەسچىتكە بارىمىز، بۈگۈن جۈمەگە يىغىلغان بارلىق جامائەت ئالدىدا بۇ ئىشنى ئېيتىمىز. راست-يالغىنى شۇ يەردە ئايرىلىدۇ.

ـــ ياق، ياق، بىز ئېنىق بىلمەيمىز، شۇنداققۇ ئاداش؟...

ـــ دېـمەك، ھـازىردىن باشـلاپ سـىلەرنىڭ گۇۋاھلىـق بېـرىش سـالايىتىڭلار يـوق! شـۇنداق ئەمەسـمۇ قازىھـاجىم؟ ئەھـۋالنى ئېنىـق بىلمىگەن ئادەمنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنامدۇ- قانداق؟

ھابۇلھـاجىم مەڭـدەپ قالـدى. بۇنىڭغـا جـاۋاب بەرمەي قۇتـۇلغىلى بولمايتى. جاۋاب بەرسىلا دەۋا ھەل بولغان بولىدۇ. ئۇ كۆزلىرىنى چاپسان-چاپسان ئۇيۇنۇتۇپ، ئۆز ئىناۋىتىنى قوغداپ قېلىش، غالىپ تەرەپكە ئېغىش، يېڭىلگەن تەرەپنى ئىتتىرىۋېتىش قارارىغا كەلدى.

ـــ ئەھـۋالنى بىلمىـگەن ئادەمنىـڭ گـۇۋاھلىقى بولمايـدۇ! يوقـال، شـەرىئەتنى ئالداشـقا نـېمە ھەددىـڭ! ـــ دېـدى ئـۇ ۋارقىـراپ، ئەمـدى ئـۇ ئۆزىنىـڭ باشـقا يالغـانچى ۋە ئالـدامچىلار تەرىپىـدىن ئالـدانغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغانغا باھانە تاپقان، كۆڭلىدە ئىناۋىتىنى تۆكمىگەن ئاساستا بۇ چـېگىش ئىشـتىن قۇتۇلۇدۇغانلىقىـدىن خـوش بولـدى، ـــ ھـۇ، كىسپۇرۇچلار، شەرىئەت قازىسىنى خاتاغا دەسسىتىشكىنىنى!

دەۋانىـڭ بىلىـنمەيلا ئـۆز زىيىنىغـا ئايرىلىۋاتقـانلىقىنى كـۆرگەن

---

[1] «قۇرئانى كەرىم»، سۈرە «نىسا» 135 - ئايەت، ـــ ئا.

پاشــاخانىنىڭ چىرايــى ئۆمچىيىشــكە، يــاغلىق بىــلەن يــۈزىنى چــۈمكەپ يىغلاشقا باشلىدى.

ــ يـاپ- يـاش تـۇرۇپ قېـرى ئـادەمگە تېگـىپ، كېسـەل كۆرپىسـىنىڭ خىزمىتىنى قىلغىنىمنىڭ ھەققى يوقمىكەن! ھۇ ھۇ...

ھابولھـاجىم چەكسـىز دۈشـمەنلىك نەزىرىـدە مەمتىلـى ئەپەنـدىگە بىلىندۇرمەي يالـت ئىتىـپ قـاراپ قويـدى. ئـۇ يىگىتلىكـۈچىلەردە بولـۇدۇغـان نەپرەت، قەھرۇ - غەزەپ، ئۆچمەنلىك دەسـتىدىن يىرىلىـپ كەتكـۇدەك ھالغـا كەلگەنـدى. شـۇنداق بولسـىمۇ ئـاخىرقى ئۇرۇنۇشـلىرنى ئىشـقا سـېلىش ئۈچـۈن، ئايالىنـىڭ يىغىسـىغا مەمتىلـى ئەپەنـدى قانـداق ئىنكـاس قايتۇرىدىكىن دەپ كۈتۈپ تۇردى ۋە ئاخىرى چىدىماي:

ــ مەزلۇم كىشىنىڭ نالىسىمۇ يامان،ــ دېدى تۈلكىلىك بىـلەن سـالا قىلىـپ،ــ ئايـال كىشـى دېـگەن ئـاجىز نـېمە، مۇشـۇ ئىشـقا كەڭچىلىك قىلساق ساۋاب بولاتتى... ــ دېدى.

ــ شـۇنداقمۇ؟ بىـراق يىغىنىـڭ ھەممىسـى ئاجىزلىقنىـڭ بەلگىسـى بولۇۋەرمەيـدۇ. ئـۇ بەزىـدە بىـر خىـل قـورال. بولۇپمـۇ ئايالالرنىـڭ قـورالى. قازاجىم، قېنى ئۆزىڭىز ئېيتىپ بېقىڭ، پاشاخان تېخـى يـاش، يەنە يـاتلىق بولۇشـى چوقـۇم، كـۆڭلىنى يېـرىم قىلمىسـىمۇ بولـۇدۇ، نـا ئۈمىـد شـەيتان، دېـگەن گەپ بـارغۇ؟ بىـزنىڭچە ئۇنىـڭ خىـزمىتىگە مەرھۇمـدىن قالغـان ئىككـى قـوينى بەرسـەك ئـارتۇقى بىـلەن جـاۋاب بەرگەن بولـۇمىز. باشـقا مۇلۇكلەر ئوغۇلغا تەئەللۇق.

ــ ئوغۇ شۇنداق، بۇ مەزلۇم قانداق چاغـدا ئېرىنىـڭ قېشـىدا تـۇرىتىكى، بازاردىن نېرى بارمايدىغان...

پاشــاخان ئەســلىدە ھېچــنىمىگە ئېرىشــەلمەيدىغان بولــدۇم دەپ بۇغۇلغانـدى، يەنە ئىككـى قـوي تېگـىپ قالىـدىغانلىقى زادىـلا خىيالغـا كەلمىگەنىدى. شـۇڭا خېلـى خـاتىرجەم بولـدى. شـۇنداق بولسـىمۇ يەنە بىـر قېتىم ئۇششۇقلۇق قىلىپ باقماق بولۇپ:

ــ نېمە؟ ئىككى قوي؟! ئۇ قوي دېگەننى ئۆزۈم باققان ئـۇ دېـگەن ھـازىر ماۋۇ ئۆيدە، ئانام بېقىۋاتىدۇ، ــ دېدى سەكرەپ.

— شۇنداقمۇ؟ دېمەك سىز ئۇ ئۆيدە تۇرمىغانلىقىڭىز ئۈچۈن قويلارنى ئاچتىن ئۆلۈپ قالمىسۇن دەپ بۇ يەرگە ئەكىلىپ قويۇپسىز، مەھرى ھەققىڭىزنى ئېلىپ بوپسىز. ئەمدى دەۋادىن يانسىڭىز بولۇدۇغان بوپتۇ. بىلىشىڭىز كېرەككى، ئىسلام شەرئىتى ئادىل، ھەققانىيەتنى ياقىلايدۇ. شۇنداق ئەمەسمۇ، ھاجىم؟

بۇ ئەمەلىيەتتە ھابۇلھاجىمنى ئاخىرقى قارارنى چىقىرىشقا قىستاش بولۇپ، قارارنىڭ مەزمۇنى بەلگىلەپ قويۇلغانىدى. ئەمدى ھابۇلھاجىمغا شۇ قارارنى ھۆكۈم دەپ ئېلان قىلىشلا قالغانىدى. ئۇ ئىچىدە ئاچچىق ئەلەمنى بىلىندۇرمەي، سالاپەتنى چۈشۈرمىگەن ھالدا مىرزىلارغا يېزىش ئىشارىسى قىلىپ، ھۆكۈمنى ئېلان قىلىشقا باشلىدى.

....

ھابۇلھاجىم تۇنجى قېتىم ئۆز ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا ھۆكۈم چىقىرىپ ئولتۇرغىنى ئۈچۈن چەكسىز خورلۇق ھېس قىلدى.

غالىپ كەلگەن دەۋاگەرلەر ئۇزاپ چىقىۋاتقىچە مەمنۇنىيەت بىلەن ئۆز خىياللىرىغا بەنت بولدى. مەمتىلى ئەپەندى بىر شاگىرتىنى غەمدىن خالاس قىلغىنى، بۇنىڭ خەلق ئىچىدىكى ئەجابىي تەسىرىنى ئويلاپ يېنىكلەشكەندەك بولدى. سابىت بولسا قايتىپ بېرىپلا بۇ خۇشاللىقنى گۈلزادىگە يەتكۈزمەن، ئۇمۇ خوشال بولسۇن دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى.

*

**

بۇ چاغدا پاشاخان تىبخىچە دادخاھتا — ھابۇلھاجىم ھوزۇرىدا مىشىلداپ ۋە ۋىتىلداپ ئولتۇراتتى.

ھابۇلھاجىم پۈتۈكچى مىرزىلارنى چىقىپ كېتىشكە ئىشارەت قىلىپ، پاشاخانغا ھاي بېرىشكە باشلىدى. ئەسلىدە ئۇ بۇ ئايالنى بىر ۋاقىراش بىلەن ھەيدەپ چىقارسىمۇ بولاتتى، بىراق ئۇنىڭ تەۋپىقىدە بولغان ئۆچمەنلىكى ئۇنى بۇ ئايالدىن پايدىلىنىشقا ئۈندىدى. تېخىمۇ يامان يېرى ئەگەر بۇ ئايالنىڭ سەپرايى قوزغىلىپ قالسا ئارىدا تۈزۈلگەن

سوئىقەستلىك پىلانلارنى دەۋەتسە تېخىمۇ چوڭ رەسۋاچىلىققا قالاتتى. شۇڭا:

— مەنمۇ ئوسال بولدۇمغۇ؟ لېكىن نېمە ئامال؟ ئۇنىڭ ئاقىسىدا ھېلىقى ئىككى سالىكى تۇرا، بىر نېمە دېگىلى بولمىدى. دە! شۇڭلاشقا بۇنداق ناساراچە ئوقۇغاننى كۆرسەم تۆكۈم تەتۈ ئۆرلىدۇ. مەيلى، ئۇكام، ئاينىڭ ئون بەشى قاراڭغۇ، ئون بەشى يورۇق، شىڭ دۈبەن جانابلىرىنىڭ بېشى ئېسەن بولسا، بۇنداق «جەدىت» لەرنىڭ بارار يېرى ساماناىلىق بولماي قالمايدۇ. شۇ چاغدا يەنە بۇنىڭ ئۆزىنى يېڭىباشتىن سورىساق، يەنە ئۆزىمىزنىڭ ئىشى ئەمەسمۇ!— ھابۇلھاجىم كۆزلىرىنى ئۈزلۈكسىز مىدىرلىتىپ پاشاخاننى كۈزەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە دەسلەپكى سۈر يوق، كۈلكە يېغىپ تۇراتتى، — ساڭا راست ئۇۋال بولدى. قۇرئانىدىمۇ ئېيتىلغان: «زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى كىشى ئىنتىقام ئالسا ئۇنى ئەيىبلەشكە بولمايدۇ» دەپ، مەن سېنى خېلى جىگىرى بار ئايال كۆرىمەن، بولمىسا ساڭا بۇ ئەقىلنى ئۈگەتمەيتتىم. ئۆچ ئال، قاراپ تۇرۇپ شۇنچە بايلىقتىن قۇرۇق قالدۇرغان ئادەمدىن نېمىشقا ئۆچ ئالمايتتىڭ؟ بۇ دېگەن ھەق ئىش. رازى بولدىغانلا بولساڭ يولىنى ئۆزەم تۇغرىلايمەن، قانداق؟

— سىز ماڭا يامان يول كۆرسىتەمتىڭىز، سىز نېمە دېسىڭىز شۇ.

— ھەببەللى، ئەمىسە بىر پۇرسەتنى تېپىپ ھېلىقى ئەپەندىڭ بىلەن ياخشى- خوپ بولۇۋال يەنى مەسلەن: قازىكالانىڭچە بولسا ماڭا ھېچنىمە تەگمەيتتى، سىزنىڭ ياخشىلىقىڭىز بىلەن ئىككى قويغا ئىگە بولدۇم، دېگەندەك گەپلەرنى قىل؛ ھەم شۇندىن باشلاپ كۆرسەڭلا سالام قىلىشنى ئۇنۇتما قالدىسىنى كېيىن دېيىشىمىز، — ھابۇلھاجىمنىڭ كۆزلىرىدە شەيتانلارچە نۇر جىلۋە قىلدى.

پاشاخان يوشۇرۇن ئۈمىد بىلەن تەسەللى تېپىپ قايتىپ چىقتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# يىگىرمە بىرىنچى باب

بىر تەۋەككۈلچىلىك قىلماي ھوقۇقنى ئېرىشكىلىمۇ، باي بولغىلىمۇ بولمايدۇ. تەۋەككۈلچىلىك قىلساڭ خەق سېنى ساراڭ دەيدۇ. مېنىڭچە بىر جۇڭگولۇقتا ئازدۇر-كۆپتۇر ساراڭلارچە روھى كەيپىيات بولۇشى كېرەك، ئاندىن بۇ مىللەتنى قۇتۇلدۇرۇۋالغىلى بولىدۇ. بولمىسا ھىندىئانلارغا ئوخشاش كۈندىن-كۈنگە خاراپلىققا قاراپ ماڭىمىز.

— بەي ياڭ: «رەزىل جۇڭگولۇقلار»

## 1

دۈشمەننىڭ كاشلىسى تۈگەپ كەتمىدى. ئۇلار يەنىلا كېچىلەردە ئادەم ئۇراتتى. ئوقۇغۇچىلارغا تاش ئېتىشمۇ ئاندا-ساندا كۆرۈلەتتى. گەپ-چۆچەكلەرمۇ شۇنىڭغا مۇناسىپ ئەلنى كېزىپ يۈرەتتى. ئوقۇغۇچىلارنى ھەممە ئىشنىڭ جىنايەتكارى دەپ خۇلاسە قىلىشاتتى.

— ئۇستازى ناچار ئادەم بولغاندىكىن، ئۇنىڭ شاگىرتلىرىدىن نېمىنى كۈتىسەن؟ — دېيىشەتتى ئۇلار ئەپ پۇرسەت تاپسىلا. بويامەتتىكى مۇھەممەد ئىمام، تەختىھوندىكى ھۇھەممەد جاڭجال، شورۇقتىكى كەنجى قازاخۇنۇم قاتارلىق ئادەملەر ھەمتاۋاقلىرى ئالدىدا غەيۋەتنى قىلىپ-قىلىپ، سىرتتا ئاق ھەم ساق بولۇۋالاتتى. ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى سۇخەنچىلەر جەمئىيەتكە ياياتتى. پىتنىنىڭ ئۇلغۇيشى بىلەن پۇرسەت

كەلدى دەپ بىلىپ ئۇلار ئۆزلىرىمۇ ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلاشتى.

— مەمتىلى ئەپەندىنى ناھايىتى خوتۇنپەز نېمە دەيدىغۇ؟

— ئەمسە. شۇڭا بويتاق يۈرىدۇ ـ دە.

— ئۇنى بەگنىڭ ئۆيىگە تولا بارىدۇ دېگەن گەپلەر قانداق گەپكەن؟

— كۆرگەن ئادەم بار!

— خۇدايا خۇداۋەندە كېرىم، پاناھىڭدا ساقلا!

— ...

مەمتىلى ئەپەندى، بەگ بىلەن دۈشمەنلەشتۈرۈشنى مەقسەت قىلىپ توقۇپ چىقىرىلغان گەپلەرنى ئاڭلاپ چىداپ تۇرالمىدى. ئۇ كېچە قاراقچىلىرنى تازىلاپ، خەلققە كىمنىڭ ھەقىقىي جىنايەتچىلەر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇشقا نىيەت قىلدى. ئۇ ئاخىرىقى قېتىم ئاكىسىغا شۇنداق ۋەدە قىلغان، كېيىن ھابۇلھاجىمنىڭ تىكىنى بار گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئۆز ـ ئۆزىگە شۇنداق ۋەدە قىلغان، ھابۇلھاجىم ئالدىدا بۇنى ھەتتا جاكالاپمۇ قويغانىدى. كەنتلەردە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان مەكتەپ قۇرۇلۇشىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىش ئۈچۈنمۇ بۇ پۈتلىكاشاڭنى تازىلىۋەتمەي بولمايتتى.

ئۇ بۇ ئىشنى نېمەتۇللا بىلەن مەڭلىكاخۇنغا مەسلىھەت سالدى. ئىككىيلەن ئىلگىرى يۈز بەرگەن ۋەقەلەر ھەققىدە سوراپ بىلىۋالغاندىن كېيىن خۇددى تەجرىبىلىك رازۋېدچىكلاردەك، بۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلىشنى ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. مەمتىلى ئەپەندى ئەڭ يېقىن پۈرسەتتە بۇ ئىشنى ئورۇنداپ بولۇشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ئەسكەرتىپ، ئۇلارنىڭ مەيلىگە قوشۇلدى.

جەڭچىلەر ۋەزىپە تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىن چەبدەس، شوخ، قاۋۇل، يىگىتلەرنى تاللىدى ۋە ئۇلارغا نېمىلەر قىلىش ھەققىدە كۆرسەتمە بېرىپ، كېچىلىرى يوشۇرۇن ھەرىكەت باشلىۋېتىشتى. ئۇلار ئاتۇشقا كەلگەندىن كېيىنكى بىۋاستە تەسىراتى ۋە ئاڭلاشلىرىدىن شۇنى ھېس قىلغانكى، ھەر قانداق جېدەل ماجرانىڭ بىر تەرىپىدە بازارلىقلار بولاتتى. شۇڭا بۇ قېتىممۇ كېچىسى يول توسۇپ يۈرگەنلەر بازار

لۈكچەكلىرى بولۇش ئېھتىمالى چوڭ ئىدى. ئۇلار بازارنىڭ ئەتراپىدىكى يېزىلار بىلەن تۇتىشىدىغان يوللارنىڭ دوقمۇشلىرىغا مۆكۈنۈپ يېتىشتى.

*

**

ئىزچىلار ئەتىردىنىڭ ئەزالىرى مەشھەدتىن چىقىپ، ئۆستەڭنى ياقىلاپ ئازغان تەرەپكە ماڭغان كالتە چاپانلىق بەش كىشىدىن شۈبھىلىنىپ، ئۇلارغا مەلۇم بىر ئارىلىق ئەگىشىپ بېقىشنى توغرا تاپتى. چۈنكى، ئاتۇشتا ئوقۇغۇچىلاردىن باشقا كالتە چاپان كىيىدىغانلار بولمىغاچقا ئاسانلا دىققەتنى تارتاتتى. ئەمما ئۇلار ئىزچىلار ئەمەس، ناتونۇش ئىدى.

يېڭى چىققان ئاي كۆك ئاسماندا تەنھا ئۈزەتتى. ئۇنى توسۇۋالىدىغان نە بۇلۇت، نە تۇمان يوق ئىدى. يۇلتۇزلارمۇ روشەن چاقناپ تۇراتتى. ئىزچىلار ناتونۇش كالتە چاپانلارغا ئېرىقنىڭ ئۇ تەرىپىدىن ــ دەرەخلەرنىڭ دالدىسىدىن مېڭىپ ئەگىشەتتى. بەش يوچۇن ئادەم ئازغان كوچىلىرىدا مەلۇملۇق بايلارنىڭ، ئابرويلۇق شەخسلەرنىڭ دەرۋازىلىرى ئالدىدا تىمىسقىلاپ يۈرۈشتى. ئۇلار بىر يوغان دەرۋازا ئالدىدا خېلى ئۇزاق تۇرۇپ قېلىشتى. ئىچىدىكىلەرنىڭ ئۇخلىمىغانلىقى بىلىنەتتى: باراڭ ئاستىدىكى سۇپىدىن خېلى كۆپ ئادەمنىڭ ئاۋازى ئاڭلىناتتى، پىشايۋان يورۇق ئىدى. دېمەك ئۇ يەردە بىر مەشرەپ ياكى چوڭ مېھماندارچىلىق بولۇۋاتقاندەك ئىدى.

بەش كۆلەڭگە بۇ دەرۋازا ئالدىدا بىر ئاز گۇڭگۇلدىشىپ توختاشتى. ئاندىن بىرسى تويتىن چىقىپ هويلىغا كىرىش ئۈچۈن هويلا تېمىنىڭ ئەپلىكىراق يېرىنى ئىزدەپ تام ياقىلاپ يۈردى، سۆڭگۈچلارغىمۇ تۇمشۇقىنى تىقتى، ئاخىرى بىر يەردىن چىتنى قايرىپ كىرىپ كەتتى. ئىزچىلاردىنمۇ بىرسى ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كەتكەنىدى.

بىر هازادىن كېيىن ئىزچى ئۆز توپىدىكىلەر يوشۇرۇنغان جايغا كېلىپ، گورۇپپا مەسئۇلى يارمۇھەممەدكە ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى:

ــ بۇ نېمىلەر تونۇشتەكلا قىلىدۇ، تازا بىلەلمىدىم.

— ئوغرىدەك قىلامدۇ؟ — سورىدى يارمۇھەممەد.

— ياق بىردەم هويلىنى تىڭشاپ باغدىكى تال بارىڭى تېگىدە ياتتى، بىرسى قويىدىن بىرنى باققا سۆرەپ بوغۇزلىغىلى تۇرغانتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ قايتىپ چىقتى، مەنمۇ يېنىپ چىقتىم. ئۆيدىكىلەر باراۋەت قىلىۋاتسا كېرەك، قوينى ئەمدى سويدى، ئولتۇرۇشى خېلى ئۇزاققا كېتىدىغاندەك...

— ھەرھالدا بۇ يەردە بىر چاتاق چىقىشى چوقۇم، بىرىڭلار بېرىپ نىمەتۇللاكاملارنى باشلاپ كەلسەڭلار بوپتىكەن، بۇلارغا بىزنىڭ كۈچىمىز يەتمەي قالمىسۇن، يەنە، — دېدى يارمۇھەممەد ۋە بىر ئىزچىگە ئىشارەت قىلىۋىدى، ئۇ دەرھال مۇشۇكتەك چاققانلىق بىلەن ئېرىقنىڭ ئىچىدىن يۈرۈپ كەتتى.

نىمەتۇللاھ بىلەن مەڭلىكاخۇن يېتىپ كەلگەندىن كېيىن بايقالغان ئەھۋالنى ئۇنىڭغا ئېيتىشتى. ئىككى جەڭچى ئۆزىنىڭ تەجرىبىلىرىگە تايىنىپ شۇنداق خۇلاسىگە كەلدى: بۇلار ئوغرى بولۇشى كېرەك، شۇڭا ساپلا بايلارنىڭ ئۆيىگە دىققەت قىپتۇ؛ ئاخىرى بۇ ئۆينى تاللاپتۇ؛ ئەمدى باراۋەت ئاخىرلاشقاندا، ئۆي ئىگىلىرى ئۇخلىغاندا ئۆيگە تەگسە كېرەك. ئىككىنچى ئېهتىمال: ئۆيدىكى مېهمانلاردىن بىرەسى نىشان قىلىنغان بولسىمۇ، سورۇننىڭ تارقىشىنى كۈتىدۇ، ئاندىن قول سالىدۇ.

ئۇلار نامەلۇم كالتە چاپانلىقلارنى كۈزۈتۈپ يېتىشقاندا ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرى دەرۋازىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئېرىققا بېرىپ يېتىۋالدى. قالغان تۆرتى قاتار بولۇشتى ۋە تەختىهون تەرەپكە قاراپ ماڭدى. بۇ ۋەقە يەنە بىر چۈشۈنۈكسىزلىكنى كەلتۈرۈپ چىقارغاندى، تېخىمۇ قىزىق بىر ئىش يۈز بەردى، بىرى ناخشا باشلىدى:

— بىز ئىزچىلارمىز، پۇت-قوللارىمىز،
كۆز دىماقىمىز، ھەر يېرىمىز ساغلام!

...

كېچە جىمىلىقىدا ئۇلار ئوقۇغان «ئىزچىلار مارشى» يىراق-يىراقلارغا كەتتى. تەختىهوننىڭ ئارقىسىدا قارىيىپ كۆرۈنۈۋاتقان تاغدىن ئەكس سادا

قايتتى.

ئىزچىلار تېخىمۇ ھەيرەتكە چۈشتى ۋە ئۇلارنىڭ ناخشىنى ئېيتايىن ناچار ئوقۇشلىرىدىن ئىزچىلار ئەمەسلىكىنى مۇقىملاشتۇردى ۋە نەچچە ۋاقتتىن بېرى يېڭى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى سالاھىيىتىگە كىرىۋېلىپ كېچىلىرى ۋەقە تۇغدۇرغان دۈشمەننىڭ مانا شۇلار ئىكەنلىكى ياكى شۇلارنىڭ بىر گورۇپپىسى ئىكەنلىكى ئېنىق بولغانىدى. ئەمدى ئۇلارنىڭ ئادەتتىكى ئوغرى ئەمەسلىكىنى بىلگەندىن كېيىن ئىزچىلار نېمە قىلىمىز دېگەندەك ئىككى جەڭچىگە قارىدى. جەڭچىلەرمۇ ساختا ئىزچىلارنىڭ زادى نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى، شۇنداق بولسىمۇ خۇددى شۇلارنىڭ ئۇسۇلى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇش قىلدى: بىرىنى شۇ يەردە قالدۇرۇپ، باشقىلارنىڭ ھەممىسى كەتكەنلەرنىڭ ئىزىغا چۈشتى.

ساختا ئىزچىلار تەختىھوندىكى مۇھەممەد جاڭجالنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كېتىشتى. ئىزچىلاردىن بىرى مايمۇندەك چەبدەسلىك بىلەن دەرەخلەرگە يامىشىپ، ئۆگزىگە چىقىپ كەتتى، باشقىلار يول بويىدا ئېرىق ئىچىدە يوشۇرۇنۇپ ياتتى.

*

**

ئالاھەزەل ئىككى ئاش پىشىم ۋاقت ئۆتكەندىن كېيىن تۆرت كۆلەڭگە مۇھەممەد جاڭجالنىڭ ئۆيىدىن شىركەيىپ بولغاندەك سەندىرەكلەپ چىقىپ كېلىشتى. مېھمان بىلەن ساھىپخان ئارىسىدا بولۇۋاتقان سۆزلەردىن ئۇلارنىڭ مەستلىكى بىلىنەتتى. دېمەك ئۇلار كونا بەڭگى مۇھەممەد جاڭجالنىڭ ئۆيىدە پۇخادىن چىققۇدەك چېكىشكەنلىكى مەلۇم بولۇپ تۇراتتى. ئۇلار كەيپىلىكتىن دەلدەڭشىپ مۇھەممەد جاڭجالنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ ئازغانغا قاراپ ماڭدى.

ئەتراپ جىمجىت ئۇلارنىڭ ئاياغ تېۋىشى تولىمۇ ئېنىق ئاڭلىناتتى. ئەتراپتا ئاللىنىمە ۋىشىلدىغاندەك بىلىنەتتى. ئاللىقانداق ئېغىر ئەمما پەس سادالار ئاتمۇسفېراغا سىڭىپ قالغاندەك ھوھۇلداپ، قۇلاقلارنى



www.uyghurkitap.com

شىڭتايتىپ تىڭشاشقا مەجبۇر قىلاتتى.

ئۇلار ئازغانىدىكى ھېلىقى ئۆي ئالدىغا يەنە كېلىشتى، ئۇ يەردە قالدۇرۇپ كەتكەن ئادىمى ئۇلارغا ئەھتىيات بىلەن يېقىنلىشىپ:

— سەل بالدۇرراق كەلسەڭلار بولمامدۇ! كېتىپ قالدى،... ھەممىسى... — دەپ شىۋىرلىدى.

ئەمما شۇ چاغدا دەرۋازا تەرەپتىن سۆزلەشكەن ئاۋاز ئاڭلاندى، دېمەك ئەڭ ئاخىرقى ئەتىۋارلىق ئىككى مېھمان ئەمدى ئۇزاپ چىقىۋاتاتتى. بۇنىڭدىن خېلى روھى كۆتۈرۈلگەندەك ھېلىقىلارنىڭ بىرى خېلى ئۈنلۈك قىلىپ:

— ئۇۋلىرىمىزنىڭ ھەممىسى كېتىپ قاپتۇ. مۇنۇ ئىككىسىنى ھەممىگە تاۋاپ قىلىپ راسا سالايلى - دە، يوقىلايلى، بولۇڭلار! — دېدى.

ھايت- ھۇيت دېگۈچىلا «ئىزچىلار» مېھمان بىلەن ساھىپخان ئۇستىگە بېسىپ كەلدى.

ئۇلار ئاللا- تۇۋا تۇۋلاپلا قالدى، ئەمما ئوچۇق تۇرغان دەرۋازىدىن قېچىپ كىرىپ دەرۋازىنى تاقىۋېلىشقا قادىر بولالماي تاياق- پەشۋا ئاستىدا قالدى. قىيا- چىيانى ئاڭلاپ، ئۆي يىغىشتۇرۇۋاتقان خوتۇنلار «ئەيىۋھەنناس» قىچقىرىپ، ئۆزلىرىنى ئۇرۇپ يۈگرەپ چىقىشتى.

— ۋاي، ئادەم ئۆلدى! ھۇ، بېشىڭنى يەيدىغان، ناسارانىڭ پوقىنى يىگەن (جەدىت) لەر!...

— يېتەر، جېنىڭنى ئېلىشە! — دېدى بىرى كوماندا بەرگەندەك ۋە ئۆزى ئاۋال قاچاي دەپ تۇراتتى، كوچىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىن ۋە تۆۋەن تەرىپىدىن ئىزچىلار ئۇلارغا قاراپ بېسىپ كەلدى ۋە قەھرى بىلەن ۋارقىرىدى:

— قىمارلاشما! بولمىسا ئوق چىقىرىمەن! — دېدى نىمىتۇللاھ.

لۈكچەكلەر مەڭدەپ قالدى. قاچاي دېسە كوچىنىڭ ئىككى ئۇچى ئىزچىلار تەرىپىدىن قورشىۋېلىنغان، كوچىنىڭ ئىككى قاسنىقىدا ئۆيلەر، ئېگىز پەخشى تاملار بولغاچقا قېچىشنىڭ ئامالى يوق ئىدى. ئۇلار مەڭدەپ قالغان پۇرسەتتە ئۇلارنىڭ ھېلىقى باشلىقى ئاشۇ باراۋەت بولغان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھويلىغا ئۆزىنى ئاتتى. بوسۇغىدا يىقىلىپ ياتقانلارغا پۇتلىشىپ سەندىرەكلەپ ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغىچە بارىدىيۇ، ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ، بىر تار ئىشىك بىلەن باققا كىرىپ كەتتى.

كوچىدىكىلەر بىر پەس ئېلىشتى، لۈكچەكلەر سان جەھەتتىن ئاز، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوغرىلاردا بولۇدىغان يۈرەكمۇ يوق. پوكلۇق بولغاچقا، قارشى تەرەپ بىلەن تەڭ كېلەلمىدى.

باغ ئىچىگە قېچىپ كىرىپ كەتكەننىڭ كەينىدىن ئىز بېسىپ قوغلاپ كىرگەن مەخلىكاخۇن قاچقۇننى باغدا يوقىتىپ قويدى. ئەنجۈر ۋە تال باراڭلار ئاستىغا زەڭ سېلىپ ھوشيارلىق بىلەن قاراپ تۇراتتى، قاچقۇننىڭ گەۋدىسى باغنىڭ ئارقا تېمى ئۈستىدە لىپ قىلىپلا پەيدا بولۇپ قالدى. ئارىلىق يىراق، ئۇنىڭ ئۈستىگە باغنىڭ ئىچىدىكى مېۋە دەرەخلىرىنى ئارىلاپ بارغىچە ئۇ بىمالال قېچىپ كېتەلەيتتى. شۇڭا جەخچى قاچقۇن تامدىن ئارتىلاي دەپ تۇرغاندا ئۇنىڭغا قارىتىپ بىر پاي ئوق ئاتتى. بىراق تەپكىنىڭ بېسىلىشى بىلەن ئۇنىڭ ئۇ تەرەپكە سەكرىشى بىرلا ۋاقىتتا بولۇپ، ئوق بايا ئۇ تۇرغان بوشلۇقتىن، باغ تېمىنىڭ يېرىم مېتىرچە ئۈستىدىن قىيپ. قىزىل ئىز قالدۇرۇپ ئۇچۇپ كەتتى.

— مەخلىكاخۇن ، قېنى سەن؟ — دېدى نىمەتۇللا ئۇنى چاقىرىپ،— بولدى قوي، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى تۇتتۇق، بۇلار ئەتىگىچە قېچىپ كەتكۈچىنىڭ كىملىكىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. كەل بىز ماۋۇ تاياق يىگەنلەرنى ئۆيگە ئەكىرىپ ياتقۇزۇپ قويايلى.

نىمەتۇللا مەخلىكاخۇننىڭ ئارقىسىدىن دەرۋازا ئالدىغا چىققاندا ئوقۇغۇچىلار لۈكچەكلەرنى باغلاپ ئوتتۇرىغا ئېلىپ تۇرۇشاتتى. جەخچىلەر ئىنجىقلاپ ياتقانلارنى يۆلەشكە باشلىدى. ئاياللار ھېلىلا بولۇپ ئۆتكەن ئالا توپىلاڭدىن ئىسەنكىرەپ بىردەم جىم بولۇشقان بولسىمۇ، ئەمدى يەنە قىيا- چىيا قىلىشقا باشلىغانىدى.

— ۋايەي، نېمە كۈرگۈلۈك بۇ! بۇ تالىپچاقلارنىڭ دەستىدىن خاتىرجەم كۈن كۆرگىلىمۇ بولمايدىغان بولدىغۇ!... — دەپ ۋايسايتتى ئايال

خوجايىن.

— ئاغزىڭىزغا بېقىپ سۆزلەڭ، لوكچەكلەرنى تۇتقانلار «تالىپچاقلار» مۇ، ياكى «تالىپچاقلار» نى باشقىلار تۇتىۋالدىمۇ؟ كۆرۈپ قويۇڭ،— دېدى نىمىتۇللا ۋە ئوقۇغۇچىلارغا لوكچەكلەرنى ئۆيگە ئېلىپ كىرىشنى بۇيرىدى.

لوكچەكلەر ئېلىپ كىرىلگەندىن كېيىن ئۆي ئىگىلىرىنى ئوبدانراق كۆرۈۋالسۇن دەپ ئۇلارنىڭ بېشىنى مەجبۇرى يۇقىرى كۆتۈرۈشتى.

— كۆرۈۋېلىڭلار، ئوبدانراق كۆرۈپ قويۇڭلار، ھەممە ئىشنى قىلىپ، ئارقىدىن ئەيىپنى بىزگە دۆڭگەۋاتقان بۇزۇقلار مانا!

— تۇۋا! ماۋۇ ھېلىقى مەشھەتتىكى...نىڭ ئوغلىغۇ!؟ ... — ساھىپخانلار لوكچەكلەرنى تونۇغىلى باشلىدى،— ھۇ، زىدى پەس بۇزۇق! چېكىشىڭ بەڭ بولغاندىكىن ھەقاسىڭدىن ھەر قانداق بالا يانىدۇ - دە! خۇدا جاجاڭنى بەرگۈرلەر!

— قالغان تاماشانى ئەتە ئەسسۇلتاندا كۆرۈڭلار، — دېدى مەڭلىكاخۇن ۋە يولداشلىرىغا مېڭىشنى ئىشارەت قىلدى.

ئەمدىلا ئەسلىرىگە كېلىشكەن ساھىپخانلار ئۇلارنى چايغا تەكلىپ قىلىپ چىڭ تۇتتى، قاتتىق ئىلتىماس قىلىپ ئىشككىچە بىللە چىقتى. ئەمما چاقىرىلمىغان مېھمانلار ئۆزرە ئېيتىپ كەتتى.

— ئەگەر بۇ ئەبگالار ئىقرار قىلمىسا، ھېلىقى مۇھەممەد جاڭجال دېگەن خام قاپاقتىن سورۇشتۇرسەك قېچىپ كەتكەننىڭ كىملىكى ئايدىڭلىشىدۇ، — دېدى مەڭلىكاخۇن كېتىۋېتىپ.

## 2

ئەتىسى پېشىن نامىزى ئۆچۈن ھەزرەت سۇلتان جامەسىگە يىغىلغان خالايىققا كېچە تۇتۇلغان لوكچەكلەر كۆرسۇتۇلمەكچى ئىدى. ئالدى بىلەن ئۇلار سوراق قىلىنىپ قېچىپ كەتكۈچىنىڭ خېلىل راخمان ئىكەنلىكى ئىگىلەندى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇنى تۇتۇپ كېلىشتىن ئىلگىرى،

www.uyghurkitap.com

سەۋەنلىكتىن ساقلىنىش ئۈچۈن مەمتىلى ئەپەندى مۇھاپىزەتچىلىرى بىلەن ئاخشام زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلاردىن ھال سورىغاچ، مۇھەممەد جاڭجالىنىڭكىگە بېرىپ يەنە بىر مەرتە سۆرۈشتۈرۈپ كۆرۈشنى زۆرۈر ھېسابلىغانىدى.

مۇھەممەد جاڭجال تولىمۇ ئەسكى، ئاتىقى چىققان ئۇششۇق ئادەم بولغاچقا ئەسكەرلەر بىلەن بىللە كىرگەن تەۋپىقنى تولىمۇ سوغۇق قارشى ئالدى.

ــ ئالدىڭىزغا ئاخشامقى ئۆلپەتلىرىڭىزنىڭ كىملەر ئىكەنلىكىنى سۈرۈشتۈرگىلى كەلدۇق، ــ دېدى تەۋپىق ئۆزىگە خاس ۋەزمىن ئاھاڭدا.

ــ كىم بىلەن ئۆلپەتلەشسەم ئۆزۈمنىڭ ئىشى!

مۇھەممەد جاڭجال تەتۈرلۈك قىلدى.

ــ ۋارقىرىشىڭنى قويۇپ، سورىغانغا جاۋاب بەر! جېنىڭدىن تويدۇڭمۇ يا؟ ــ دېدى نىمۇتوللا مىلتىقىنى مۈرىسىدىن ئېلىۋاتقاچ.

ــ نېمە بوپتۇ؟ كىم بىلەن ئۆلپەت بولۇپ نېمە قىپتىكەنمىز؟...

ــ نېمە قىلىشقان بولسىڭىز ھېساب. كىتابنى كېيىن قىلىشىمىز، ھازىر ئۆلپەتلىرىڭىزنىڭ كىملىكىنى ئېيتىپ بەرسىڭىزلا بولىدۇ.

ــ نېمە؟ گۇناھ قىلغان بولسام توۋا قىلاي...

ــ شۇنداقمۇ؟ بولىدۇ، بۇ گۇناھلارنى قايتا سادىر قىلماڭ، بىزمۇ تەگمەيلى، ئەمدى سىزگە ئوخشاش توۋا قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئۆلپەتلىرىڭىز بىلەن كۆرۈشمىسەك بولمايدۇ.

ــ خېلىل راخمان دېگەن ئاداش ئۈچ. تۆت ياش بالىنى باشلاپ كەپتىكەن، ئىسمىنى تازا ئەسلىيەلمەي قالدىم ، ئىلگىرى ئارىلىشىپ باقمىغان نېمىلەر،... ــ دېدى.

ــ شۇنداقمۇ؟ دېمەك، سىز ئۇلارنىڭ ئىسمىنى بىلمەيسىز؟ خېلىل راخمان بىلەر؟ ھە، ئۇنداق بولسا قالغانلىرىنى خېلىل راخماننىڭ ئۆزىدىن سۈرۈشتە قىلايلى. بىز سىزگە ئىشىنىمىز، سىزمۇ لەۋزىڭىزدە تۇرۇڭ ئىلگىرى ئۆيىڭىزگە كېلىپ ئۆلپەت بولۇشىدىغانلاردىن يەنە كىملەر بار؟

مەسىلەن خېلىل راخمان بىلەن باشقا چوڭراقلار كەلمەمتى؟

ــ ياق، ياق، خۇدا تۇرۇپتۇ، مەن بىرىنچى قېتىم ئازدىم. ئىلگىرى...

ــ شۇنداقمۇ؟ بوپتۇ، ئەمسە ئىشەنچىمىزنى يەردە قويماڭ، ئەگەر مۇشۇنداق ناشايان ئىشلارنى قايتا سادىر قىلىپ قالىدىغان بولسىڭىز، رەنجىمىسىڭىز بولۇدۇ.

مۇھەممەد جاڭجال خوشامەت بىلەن ئۇلارنى داستىخانغا زورلاپ باققان بولسىمۇ، مەمتىلى ئەپەندى سىلىق رەت قىلىپ قايتىپ چىقتى.

ئۇلار مەشھەدكە قايتىپ كېلىپلا خېلىل راخمانى تۇتماقچى بولۇۋېدى، ئۇنىڭ ئىز- دېرىكىنى ئالالمىدى. ئەمما بۇ خېلىل راخماننىڭ تەشكىللىگەن ئىشى بولۇشى ناتايىن ئىدى. خېلىل راخماننىڭ مۇناسىۋەتلىرى ھەققىدە ئىككى خىل ئىنكاس ئوتتۇرىغا چىقتى: بىرلىرى ئۇ ھابۇلھاجىمغا يېقىن ئىدى، دېيىشتى؛ يەنە بەزىلەر تونختى زۇنۇن بىلەن بىر ئىشى باردەك قىلغان دەپ پەرەز قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ مۇتىئەسسىپ كۆچلەرنىڭ ئىشىمۇ ياكى جاسۇسلارنىڭ ئىشىمۇ، دېگەن مەسىلە ئايدىڭ بولمىدى. شۇنىڭ بىلەن قالغان لۇكچەكلەرنى پىشىم نامىزىغا يىغىلغان جامائەت ئالدىغا ھەيدەپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە قىلمىشلىرىنى سۆزلەتتى. ئۇلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېڭىچە، ناخشىلىرىنى قانداق ئۇگۇنۇۋالغانلىقىنى، ئاندىن كىم- كىملەرنى ئۇرغانلىقلىرىنى خەلقى- ئالەم ئالدىدا ئىقرار قىلىشتى. ھەممىدە نامازخانلارنى «ئىنساۋىمىزغا دۇئا قىلىپ بەرسەڭلار، تۈزەلسەك» دەپ تەسىرلەندۇرۇدى. نامازخانلار مەمتىلى ئەپەندىگە قاراپ، تەرەپ ـ تەرەپتىن سالا قىلىپ:

ــ ئەپەندىم، ئۆزلىرى دۇئا قىلىپ بەرسىلە.

ــ كۆپچۈلۈك بۇلارنىڭ گۇناھىدىن ئۆتتى. ياش باللاركەن، ۋەدە قىلدى، تۈزۈلۈپ كېتىدۇ، بىز ئۆتتۇق، سىلىمۇ ئۆتسىلە...

ــ قېنى ئامىن دەڭا، ئەپەندىم، كۆپنىڭ رايى، كۆپنىڭ كۆڭلى!..ــ دېيىشىپ كەتتى.

كۆپچۈلۈك تەۋپىقنىڭ جاۋابىنى كۈتۈپ جىم بولۇشقان پۇرسەتتە كۆل بويىدىكى سۆگەت سايىسىدا تۇرغان راخمان ساراڭ ئوقۇۋاتقان ئالاجوقى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

ناخشا ئېنىق ئاڭلىنىشقا باشلىدى:

— بىزنى ۋەيران دېگەنلەر ئۆزى ۋەيران ئەمەسمۇ.
......
يېتىشىم دەڭ، چېكىشىم بەڭ،
بىرىپ ئاكامغا دەڭ...
قارا چاپلاپ خەقلەرگە،
ئەمدى جاجىڭىزنى يەڭ!
....

مەمتىلى ئەپەندى يامانلىق يىلتىزىنىڭ خىلمۇخىل راخمان بىلەن تۈگىمەيدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ يەنە باشقىلىرىغا چېتىلىدىغانلىقىنى بىلەتتى. بۇنىڭ پەردە ئارقىسىدا سىياسىي دۈشمەن بارلىقى كۆڭلىگە ئايان ئىدى. لۈكچەكلەرنى سوراق قىلغاندا بەزى ئاخباراتلارغا ئېرىشكىلى بولاتتى. بىراق، كۆپىنىڭ رايىنى ياندۇرۇپ، ئاممىنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلماسلىقمۇ توغرا بولمايتتى. شۇڭا ئۇ كۆڭلىدە يامانلىق يىلتىزىنى تېپىشنىڭ باشقا بىر خىل يولىنى ئويلاپ، خەلقنىڭ رايىنى ئۇتتۇش ئۈچۈن:

— بولىدۇ، مېنىڭ مەيلىم جامائەتنىڭ كۆڭلىدىنمۇ ئۇلۇغمىدى، سىلەر ئۆتكەن بولساڭلار مەنمۇ ئۆتتۇم، ئامىن! — دېدى.

دىيانەتلىك بوۋايلار ئۇزاق دۇرت ئوقۇپ، لۈكچەكلەرگە ئىنساب، ئېزگۈ نىيەت تىلەپ دۇئا قىلىشتى.

شۇنىڭ بىلەن لۈكچەكلەرنىڭ قوللىرى يېشىۋېتىلدى.

مەمتىلى ئەپەندى ۋەزمىن ئاھاڭدا سۆز باشلىدى:

— ئەي، ۋەتەنداشلار، ئاللا بىزنى ئېزىز قىلىپ ياراتقان بىر مەخلۇقاتنىڭ ئەڭ ئېزىزى، لېكىن خەلقىمىز قالاق، مەدەنىيەتسىز بولغاچقا ياخشى- يامانىمۇ پەرق ئېتەلمەس دېگۈدەك ھالغا كېلىپ قالدى. بىز بۇ ھالەتكە خاتىمە بېرىپ، كۆزىمىزنى ئېچىشىمىز كېرەك. بۇندىن كېيىنكى ئەمەلىيىتىمىزدە كىمنىڭ بۇزغۇنچى، كىمنىڭ

جەمئىيەتنى تۈزگۈچى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايمىز. سىلەرگە شۇنداق ۋەدە بېرەلەيمەنكى، يېقىن كەلگۈسىدە سىلەر مەندىن ۋە يېڭى مەكتەپتە ئوقۇغان تەلەبىلەردىن رازى بولۇپ قالىسىلەر، بىز ئوغرى- قىمارۋاز، نەشىكەش- لۈكچەكلەرنى پۈتۈنلەي تازىلاپ، ئاتۇشتا ئاجايىپ ياخشى مۇھىت يارىتىمىز! بازاردا بولۇدۇغان ئىلگىرىكى ناھەق ئىشلار، ئادەم بوزەك قىلىشلار، ئەدەپ- ئەخلاقتىن چىققان ناشايان قىلىقلار، گەپ- سۆزلەرنىڭ يىلتىزىنى قۇرۇتىمىز. ھەممىمىز دوستانە، ئىناق، ئىتتىپاق، ئادەمچە سۆيەتتە، مېھرى- مۇھەببەتتە ياشايدىغان مۇھىت بەرپا قىلىمىز، بىز دېگىنىمىزنى قىلالايمىز!

نامازدىن كېيىن مەمتىلى ئەپەندى جەڭچىلەرنى ئېلىپ ئوڭۇرۇقتا قايتتى. ئۇ بۇ يەردە ئوقۇغۇچىلارنى ھەربىي مەشىققە ئۇيۇشتۇرۇپ، جەڭچىلەرنى مەشىققە يېتەكچىلىك قىلىشقا قالدۇرۇپ، ئۆزى مائارىپنى قوللىغۇچى دوستلارنى لۈكچەكلەرنىڭ تۈتۈلغانلىقىدىن خەۋەردار قىلىش ئۈچۈن كەنتلەرنى ئارىلاپ كەتتى.

بۆگەنگە بېرىپ نۇرۇللا خەلپىتىم بىلەن بىردەم سۆھبەتتە بولۇپ، تۆركۈلگە كەلدى. بۇ يەردە ئىسلىماخۇن خەلپىتىم بىلەن مەكتەپ، كەچ كۇرس قاتارلىق ئىشلار ھەققىدە سۆزلەشكەندىن كېيىن تىجەنگە كېلىپ، ئەمەتھاجىم، قۇناجىملارنى چاقىرىپ، ئۇلارغا تونۇگۇندىن بېرى بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى. جامەدە سۆزلىگەن سۆزىنىڭ مەزمۇنى ۋە ئۆزىنىڭ كەلگۈسى پىلانلىرى ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن خوشلاشتى. مولla ئېزىز داموللام ئۇنى دەرقەمتە ئولتۇرۇپ كەچلىك تاماق يەپ كېتىشكە ئۈندىگەن بولسىمۇ، ئۇنىمىدى:

— رەھمەت، داموللام، مەشھەدكە بېرىپ قىلىدىغان ئىشلىرىم بار، بەگ بىلەن كۆرۈشىمەن...

— بەگ يوققۇ دەيمەن. ئالدىنقى كۈنى ئۇ پوچتىغا ئولتۇرۇۋاپتىكەن، سورىسام شەھەرگە كىرىپ بىرەر ھەپتە تۇرۇپ چىقىدىغانلىقىنى ئېيتقان.

— ئۇنداق بولسا يەنە مەيلى. ئابدۇراخمانھاجىم، قۇتلۇقاخۇن خەلپىتىم، ئابدۇكېرىماخۇن خەلپىتىم، مۇپتاخۇنۇم، مىرەھمەت خوجاملار

بىلەن سۆزلىشىدىغان ئىشلىرىم بار. سىز مېنى چۈشىنىدىغان ئادەم، ئۆزرەمنى قوبۇل قىلىڭ، — دېدى تەۋپىق كۈلۈمسىرەپ.

ئۇ تېجەندىن چىقىپ مەشھەد ساي بويىغا كەلگەندە ئالدىدىن زۆھرەگۈل سەتەڭ چىقىپ قالدى. مەمتىلى ئەپەندى ئۇنىڭ جامائەت ئالدىدا ئۆزىنى ئۇرۇپ سۆزلەپ، ئوقۇغۇچىلارغا بۆھتان قىلغىنىدىن باشلاپ بىلەتتى. كېيىن ئۇنىڭ ئۆيى سايغا يېقىن يەردە ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدى. كېيىن مەمتىمىننىڭ شۇ ئەتراپتا چۆگىلەپ يۈرگىنىگىمۇ كۆزى چۈشۈپ قالغانىدى. ئۇ شۇندىلا بىر ئىشتىن كۆڭلى پاللىدە يورۇغاندەك بولۇپ كەتتى: «مەمتىمىن! خېلىل راخماننىڭ ئارقىسىدا مەمتىمىن بار! بۇ ئايالمۇ ئوخشاش مەخسەت ئۈچۈن پايدىلىنىلغان ياكى ئالدانغان... » شۇڭا ئۇ ئايالغا قارىماسلىققا تىرىشىپ ئۆتۈپ كېتىشكە تەمشەلگەنىدى، — زۆھرەگۈل ئۇنىڭغا سالام قىلدى.

— بۇيان چىقىپلا، ئەپەندىم، ياخشى تۇرىۋاتامىلا؟

— خۇداغا شۈكرى، — مەمتىلى ئەپەندى بوغۇز تەرەپكە- تاغ چوققىسىغا قاراپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى. ئۇ بۇ ئايالنىڭ ھە دېگەندىلا غىلجىڭلاپ، ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۆزگە سۆز بېرىپ تۇردى.

— ھېلىقى چاغدا ئەجەب ئۇقۇشماسلىق بوپتىكەن... جېجىل بولۇپ قېلىۋاتىمەن... — دېدى ئايال خېلى سالاپەت بىلەن، ئانچە سۆيۈقلۇق قىلماي.

— قايسى ئۇقۇشماسلىقنى دەيسىز؟— دېدى مەمتىلى ئەپەندى بىردىنلا دىققىتى قوزغۇلۇپ ھەمدە ئايالنىڭ پات ئارىدا گېپى تۈگىمەيدىغانلىقىنى پەملەپ ئاتتىن چۈشتى.

— ئالدىراش بولسىلا مالال قىلىپ قويارمەنمۇ، ...— دېدى ئايال چىن كۆڭلىدىن چىققان خىجىللىق بىلەن ئۇنىڭ مۇئامىلىسىدە تەربىيە كۆرگەن ئادەملەرگە خاس ئېلىپىنىتلار بار ئىدى. مەمتىلى ئەپەندى بۇ نۇقتىغا ئالاھىدە دىققەت قىلدى.

— ياق، ئانچە ئالدىرىمايمەن، بەربىر كەچ قالىدىغان بولدۇم،

دەۋېرىپ، — ئۇ زۆھرەگۈلگە يەم بېرىپ زەڭ سېلىپ، ئۇنىڭ ھەقىقى گۈزەللەردىن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇنىڭ بۇرنىغا يېقىن يېرىدە بىر تال يوغان قارا مەڭ بولۇپ، ئاق يۈزىگە بەكمۇ يارىشاتتى. مەمتىلى ئەپەندى بۇنداق گۈزەل ئايالغا قاراش ۋە ئۇنىڭ ئىپاردەك خۇش ھىدىنى پۇراش بىلەن ۋۇجۇدىدا ئالىلىقاندىن تۇيغۇلارنىڭ باش كۆتۈرۈپ، تەخىرسىز بىسىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. بۇ تۇيغۇ ئويغۇنۇش بىلەنلا گۆگۈم چۈشۈۋاتقان مۇشۇ مەزگىلدە ئۇنىڭ بىلەن يالغۇز تۇرۇشى يېتىنخورلار ئۈچۈن دەسمايە بولۇدىغانلىقىنى ئويلاپ كېتىشكە ئالدىرىدى. بىراق، ھېلىلا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالغان تۇيغۇلار ئېھتىياتچانلىقتىن غالىپ كېلىپ كۆپرەك تۇرۇشقا ئۇندەپ بېشىنى ئايلاندۇرۇۋەتتى.

تەۋپىق بۇ ئايال ئاللا- تۇۋا سېلىپ ئوقۇغۇچىلار ئۇستىدە گەپ تارقىتىپ يۈرگەندىلا ئۇنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىنى سۈرۈشتۈرۈپ باققانىدى. ئۇ يېڭىشەھەردىكى خېلى ئابرويلۇق بىر ئائىلىنىڭ ئەتىۋار قىزى بولۇپ، بالاغەتكە يەتكەندە ئۆيدىكى نىمكارلاردىن بىرى بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈپ نىكاھسىز تۇغۇپ قويغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى دەرھال ياتلىق قىلىپ، ئائىلىنىڭ ئىززىتىنى قوغداش ئېھتىياجى ئۈچۈنلا ئۆيدىن يىراق، گەپ- چۆچەكلەردىن يىراقراق تۇرسۇن دەپ مۇناسىپ بولمىغان، تۇرسۇنتازەك مۇشۇنداق بىر ئادەمگە ياتلىق قىلىشقانىدى.

— ھېلىقى چاغدا مېنى قېينىئانامنىڭكىدىن كېلىۋاتسام تارتقۇشلاپ، ئاۋارە قىلغان ئەمەسمۇ، مەن ئۇ چاغدا خەق دېگەننى راست دەپ، سىلىنىڭ شاگىرتلىرىدىن كۆرۈپ يۈرۈپتىكەنمەن، بايا ئۆيدىكىلەر نامازدىن يېنىپ بىر خوشخەۋەر يەتكۈزدى، لۈكچەكلەر تۇتۇلۇپتۇ، دەيدۇ. ئاڭلىسام ئۇ خەق مۇشۇ بازارنىڭ لالمىلىرى ئىكەن، سىلىنىڭ يىگىتلەر تۇتۇپتۇ، شۇنداقمۇ؟

— ھە، شۇنداق، ئۇلار تۇتۇلدى.

— مەن بەك خوشال بولدۇم ھەم ھەق- ناھەق ئايدىڭ بولغىنى بەك ئوبدان بولدى. ھېلىقى چاغدا ئۇقۇشماي سۆزلەپ يۈرگىنىمگە- زە، بەك

www.uyghurkitap.com

خىجىل بولۇپ قالدىم، ــ زۆھرەگۈلنىڭ پوزىتسىيىسى بەك ئەستايىدىل بولغاچقا مەمتىلى ئەپەندى قىلچە گۇمان قىلمىدى، سەمىمىيلىك بىلەن تەسەللىي ئېيتتى:

ــ كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، ئوقۇشماسلىق دېگەنگە نېمە ئامال؟ ئەمدى بۇنداق ئىشلار بولمايدۇ. بىز ئۆزىمىز ئاتۇشنى راۋۇرۇس تۈزەيمىز.

ــ شۇنداق بىر قىلسىلا، ئىگەكىم... ئايالنىڭ خۇلقلىرىنىڭمۇ ناھايىتى بەلەنلىكىنى تەۋپىق يەنە بىر قېتىم ھېس قىلدى، ــ مەشھەدتە مەكتەپ ئاچىدىكەن دەپ ئۇقۇۋاتىمەن، راست گەپمۇ قانداق؟

ــ راست، ئوقۇيمىكىن دەۋاتامسىز؟

ــ مېنىڭغۇ خەت- ساۋادىم بار، دېمەكچى بولغىنىم، شۇنداق بولسا قوشنا بولىدىكەنمىز، بىزگىمۇ ئانچە- مۇنچە ئىلىم ئۆگەتسىلە، بىزمۇ ئانچە يامان ئادەملەردىن ئەمەس. ھېچ بولمىسا ئوقۇپ تۇرغىدەك كىتاپ ئۆل- بول بېرىپ تۇرىلا - دە. يېڭى كىتاپلاردىن بولسا، دەيمەن - دە.

ــ شۇنداقمۇ؟ ئۇنداق نىيىتىڭىز بولسا باش ئۈستىگە! قانداق كىتابلارنى ياقتۇرىسىزكىن؟ ــ مەمتىلى ئەپەندى بۇ تونۇشۇشتىن كۆڭلى سۆيۈنۈۋاتقىنىنى ھېس قىلدى.

ــ سىلى بەرگەن كىتاپنىڭ ھەممىسىنى ياقتۇرىمەن،ــ دېدى زۆھرەگۈل سەل سۆيۈقلۇق بىلەن غەلىتە ھىجىيىپ، سىرلىق تۈستە. بۇ ھىجىيىش تەۋپىققە ئاجايىپ شېرىن تەسىر قىلغان بولسىمۇ، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ:

ــ بولىدۇ، ئوقۇيمەن دېگەن ئادەمنىڭ خىزمىتىدە بولۇش مېنىڭ خوشاللىقىم، ــ دېدى.

ــ ئۆتكىچە كىرىپ ئۆتەلا، مېنىڭ ئۆيۈم مۇشۇ، شۇ... بولمىسا بۈگۈن يېنىشلىرىدا كىرسىلىمۇ...

ــ بىلىمەن... كۆرۈشەرمىز.

ــ ئەمىسە كىتاب ئالغاچ كەلگەندە ئۆيگە تاشلاپ ئۆتەلا.

ــ خۇدا بۇيرىسا.

— خوش ئەمسە، تازا مالال قىلدىم. بەگنىڭ ئۆيىگە ماڭغاندەك تۇرىلا...

مەمتىلى ئەپەندى ئەندىكىپ كەتتى. بىراق گەپنىڭ ئاخىرىنى ئېتىۋارغا ئالماي:

— ھېچقىسى يوق، خوش!... — دېدى — ئاتقا مىنىپ بولغاندىن كېيىن زۆھرەگۈلگە يەنە بىر قاراپ قويۇپ يۈرۈپ كەتتى.

ئۇ كېتىۋېتىپ بۇ ئايال ھەققىدە ھەرخىل ئېزىقتۇرغۇچى خىياللار بىلەن بەنت بولدى. كېيىن ئۆز- ئۆزىنى ئاگاھلاندۇرۇپ: «ھەر ھالدا بۇ ئايالنىڭ مەمتىمىن بىلەن يېقىن ئىكەنلىكى راست، بۇ نوقتا دىققەت قىلىشقا، ئېھتىيات قىلىشقا يېتەرلىك سەۋەب بولالايدۇ... » دېگەنلەرنى ئويلىدى.

ئەمدى بارىدىغان مەنزىلى، قىلىدىغان ئىشلىرى ھەققىدە ئويلاپ، خىياللىرى قوزغۇلۇپ، تەدرىجىي موللا ئېزىز داموللامنىڭ «بۇگۇن بەگ ئۆيدە يوق» دېگەن گېپىگە كېلىپ توختاپ قالدى. قانداق بولۇپ بۇ خىيالغا كېلىپ قالغىنىنى ھېچ ئەسلىيەلمىدى. بىراق بۇ گەپ يادىغا كېلىش بىلەنلا ئۇنىڭ قەلبىدە تەلۋە ئىستەكلەر ئويغۇنۇپ، ئابدۇراخمانھاجى بىلەن كۆرۈشكىلى بېرىشتىن يالتىيىپ، مەلىكىزات بىلەن كۆرۈشۈشكە ئالدىرايتتى. ئۇ: «بۇگۇن مەن نېمە بولدۇم؟ تۇيغۇلىرىمنى كونتىرول قىلالمايلا قېلىۋاتىمەنغۇ، نېمە سەتچىلىك بۇ؟... » دېگەنلەرنى ئويلاپ ئۆز ـ ئۆزىنى ئەيىپلەپ باققان بولسىمۇ بولمىدى.

ئەمدى ئۇنىڭ ئېتى توختاپ قالغان بولۇپ، بۇمۇ چۈشىنىكسىزلا ئىش ئىدى. قايسى تەرەپكە مېڭىش كېرەك؟ «ئەگەر ئەر كىشى يوق ئۆيگە كىرگىنىم خەقنىڭ كۆزىگە چۈشۈپ قالىدىغان بولسا جىمى پىلانلىرىم توسالغۇغا ئۇچرايدۇ! تۈگىشىمەن!» «ئاتنى بىرەر دالدىغا باغلاپ قويۇپ، ئاستىلا ھويلىسىغا كىرىۋالسام، مەلىكىزاد بىر ئىش بىلەن ھويلىغا چىقىپلا قالسا ئۇنى باغرىمغا بىر بېسىۋالسام خېلى خۇماردىن چىقاتتىم! ئۇ جەزمەن قارشىلىق قىلمايدۇ. ئۇنىڭ كۆزلىرى ماڭا مەيلى بارلىقىنى

ئىزھار قىلىپلا تۇرمامدۇ! تېخى كىم بىلىدۇ، ئۇ مېنى ئاستىلا ئۆزىنىڭ ھوجرىسىغا باشلىسا...»

ئىنسانىدا بولۇدۇغان تەبىئىي تۇيغۇلار غالىپ كەلدى. ئاتنىڭ بېشى بەگنىڭ ئۆيى تەرەپكە بۇرالدى...

ئۇ ئاتنى دالىدىغا باغلاي دەپ ئاتتىن چۈشۈپ تۇراتتى، قېلىن جىگدە شاخلىرى لىڭشىپ كەتتى! بىرسىنىڭ دەرەخ ئارىسىدىن چىقىپ ئۇ تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكىنى غىل- پال كۆرۈنۈپ قالدى.

«توزاق! توزاق!» بۇ خىيال تەۋپىقنى ئارقىغا ياندۇردى. ئۇ قاتتىق چۆچۈپ كەتكەچكە بەخۇاش خىياللار شىپپىدە تارقاپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ ئابدۇراخمانھاجىنىڭ ئۆيگە كېتىۋاتقىچە: «خۇدا بىر ساقلاپتۇ ـ دە!» دەپ ئويلىدى.

www.uyghurkitap.com

# يىگىرمە ئىككىنچى باب

مەكتەپتىن بىرسى كۆپەيسە تۈرمىدىن
بىرسى ئازىيىدۇ.

— ۋىتور ھىيوگو

## 1

ئۆكتەبىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن تارتىپ يېزا- كەنتلەردىكى مەكتەپلەر پۈتۈشكە باشلىدى. شۇڭا تەۋپىق ئالدىراش بولۇپ كەتتى. ھەر قايسى كەنتلەردىكى ئاتىلار ھەيئىيىتى ئۇنى چاقىرتىپ ئادەم ئەۋەتەتتى. ھېلى ئۇ مەكتەپنى كۆرۈپ بېقىشقا چاقىرسا، ھېلى يەنە بىر كەنتنىڭ مەكتىپىنى كۆرۈپ بېقىشقا تەكلىپ قىلاتتى.

ئۇ موللا ئەزىز داموللا، ئەمەتھاجىم، قۇناجىملارنىڭ تەكلىپى بىلەن تىجەن مەكتەپ قۇرۇلۇشىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ تۇرۇشىغا تاھىر خەلپەت ئۇنى چاقىرتىپ ئادەم ئەۋەتتى.

ئۆگۈنى سائەت تۆرتلەردە تەۋپىق دەرستىن چۈشۈپ، مەڭلىكاخۇن، نىمىتۇللا ئىككىسىنىڭ ھەمرالىقىدا شورۇقتا مەكتەپ قۇرۇلۇشىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۈچۈن كەلدى. تاھىر خەلپەت قاتارلىق شورۇقنىڭ ئاتىلار ھەيئەتلىرى ئۇنى يېڭى مەكتەپنىڭ ھويلىسىدا كۈتۈپ تۇرۇشقانىدى. تاھىر خەلپەت ئىشلەۋاتقان نىمكارلاردىن بىرىنى مېھمانلارنىڭ ئېتىنى باغلاشقا بۇيرۇپ، ئۆزى خۇشال چاقچاق بىلەن مېھمانلارغا قاراپ كەلدى.

— سىزنىڭ مۇبارەك قەدىمىڭىز بىرىنچى بولۇپ پەگا تاختىيىغا دەسسىسۇن دەپ پۈتكەندىن كېيىن ھېچكىمنى كىرگۈزمىدىم، قېنى ئەمىسە كۆرۈپ بېقىڭ، — دېدى ئۇ مېھمانلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈۋاتقىچە.

www.uyghurkitap.com

— شۈنداقمۇ؟ — دېدى مەمتىلى ئەپەندى ئادىتى بويىچە، كۆلۈمسىرەپ تۇرۇپ.

— شۇنداق بولماي ئەمىسە.

— رەھمەت، خەلپىتىم، — دېدى تەۋپىق ھاياجانلىنىپ.

تۇنجى ئوقۇتۇش بىناسى ئۈچ ئېغىز بولۇپ، ئەنئەنىۋي ئۆي سېلىش ئادىتىدە سېلىنغان، ئالدى بوز تاغ تەرەپكە قارايتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى تەۋپىقنىڭ ئارقىسىدىن ئالتە باسقۇچلۇق پەللەمپەيدىن كۆتۈرۈلۈپ، سىنىپ دالىنىغا كىردى. بۇ ئۆي ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئېغىر ئۇستىباشلىرىنى ئېسىپ قويىدىغان بۆلۈمچە بولۇپ، ئوڭ ۋە سول تەرەپتە ئىككى سىنىپ باردى. بۇ تەۋپىقنىڭ لايىھىسى بويىچە ئىشلەنگەن قۇرۇلۇش بولۇپ، ئائىلە بىنالىرىنىڭ ئۇسلۇبى بىلىنىپ تۇراتتى.

مەمتىلى ئەپەندى سول تەرەپتىكى سىنىپقا كىردى. سىنىپقا ئىككى قاتار پارتا تىزىلغان بولۇپ، قىرىق نەچچە ئوقۇغۇچى ئولتۇراتتى. ئىشىك بار تامنىڭ ئىشىكتىن باشلاپ ئۇياقتىكى بۆلۈڭگىچە دوسكا چىرىلغان، دوسكا ئالدىغا بىر غېرىچ ئېگىزلىكتە سۇپا، سۇپىنىڭ ئالدىغا پارتىلارغا روبىرو قىلىپ ئوقۇتقۇچىنىڭ ئىش ئۇستىلى قويۇلغانىدى. مەمتىلى ئەپەندى يېڭى ھەرىلەنگەن ياغاچ ھىدى كېلىپ تۇرغان سىنىپقا تەكشى كۆز يۈگۈرتتى، پولنى چىڭ- چىڭ دەسسەپ باقتى. سىنىپنىڭ مەكتەپ ھويلىسى تەرىپىدە ئىككى دەرىزە بولغاچقا شۇنچىلىك ئازادە ۋە يورۇق ئىدى. مەكتەپ ھويلىسىغا قارىغان بىر دەرىزىنىڭ كېشىكىگە: «1353 - ھ . ر 6» دېگەن خەتلەر ئويۇپ قويۇلغانىدى. مەمتىلى ئەپەندى بۇلارنى پىچىرلاپ ئوقۇدى:

— بىر مىڭ ئۈچيۈز ئەللىك ئۈچىنچى ھىجرىيە، رەجەپنىڭ 6-كۈنى،

— بۇ مەكتەپنىڭ رەسمىي پۈتكەن ۋاقتى ئىدى[1]. بۇ يەردىن چىقىپ

---

[1] 1934- يىلى، ئۆكتەبىر (بۇ تەۋەرۈك سىنىپلار 1964- يىلى چېقىۋېتىلدى. مۇئەللىپ بىرىنچى سىنىپنى شۇ يەردە ئوقۇغانىدى)، — ئا.

ياتاق ۋە ئاشخانىلارنى كۆزدىن كەچۈرۈشتى. ئاندىن مەكتەپ ھويلىسىغا- جامائەتنىڭ ئالدىغا قايتىپ چىققاندىن كېيىن، مەمتىلى ئەپەندى ئاتىلار ھەيئەتلىرى بىلەن يەنە بىر قېتىم قول سىقىشىپ:

— ئاللاھ رازى بولسۇن، ۋەتەنداشلار، — دېدى ھاياجان بىلەن، — ھەدىستە «كىمكى ئاللانىڭ يولىدا بىر جۇپ نەرسە ئاتا قىلسا ئۇنى جەننەتنىڭ ھەربىر ئىشىكىدىكى ئىشىك باقار ‹ھەي، پالانى، بېرى كەلگىن› دەپ چاقىرىدۇ» دېيىلگەن. «ۋەتەننى سۆيمەك ئىمان جۇملىسىدىندۇر» دېگەن ئاتىلار سۆزىمۇ بار، سىلەرنىڭ مەكتەپ سالغىنىڭلار خۇدا يولىدا قىلىنغان ساۋاب ئىش. ئەگەر بۇ ئىشقا دىن نۇقتىسىدىن قارىماي، پەن نۇقتىسىدىن- ئىلمىي نۇقتىدىن، ئىنسانى پەزىلەت نۇقتىسىدىن قارىغاندىمۇ بۇ مىسلىسىز ياخشى ئىش. دۇنيادا ئىنسان بالىسىنى تەربىيىلەپ ئادەم قىلماقتىنمۇ شەرەپلىك ئىش بارمۇ؟ ناۋايى ھەزرەت شۇنداق دېگەن: «ھەق يولىدا كىم ساڭا بىر ھەرپ ئوقۇتمىش رەنج ئىلە، ئەيلىمەك بولماس ئانىڭ ھەققىنى ئادا يۈز كەنج[1] ئىلە». «بىر ھەرپ ئوقۇتۇش» ئۈچۈن مەكتەپ كېرەك. ئۇنداقتا مەكتەپ بىنا قىلغۇچىلارنىڭ ساۋابى تېخىمۇ كۆپ- تە. رەخمەت، ۋەتەنداشلار. بۇ بىر قانچە ئېغىز ئۆيلا ئەمەس، مىللەتنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن ئېچىلغان يول. سىلى بىلەن بىز مانا شۇ يولدا دەسلەپ ماڭغۇچىلارمىز. بىزدىن قالىدىغىنى قۇتلۇق ئىز. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىشەنچ بىلەن ئېيتىمەنكى، بىز كېلىچەك ئەۋلادلارنىڭ خاتىرىسىدە ياشايمىز.

ئاتىلار ھەيئەتلىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ تەسىراتلىرىنى ئېيتىشتى.

تەۋپىق ئەتراپىغا — سىنىپ، ياتاق، ئاشخانا، ھەيۋەتلىك مەسچىتنىڭ قۇبىبىلىرىگە ۋە بىنا- ئىمارەتلەر بىلەن قورشالغان كەڭرى مەيدانغا سىنچى نەزىرى بىلەن بىردەم قاراپ چىققاندىن كېيىن تاھىر خەلپەت تەرەپكە بۇرۇلۇپ:

— خەلپىتىم، قاراڭ، بىز مەكتەپنى مۇشۇنداقلا قويمايمىز، مەكتەپ

---

[1] كەنج — تىللا، — ئا.

www.uyghurkitap.com

ئەقلىي پائالىيەت مەيدانى بولغانىكەن، مېڭىنى ئاچىدىغان مۇھىت بولمىسا بولمايدۇ. بىز مەكتەپنى باغ- بوستانلىقتا ئايلاندۇرىمىز. سىز باش بولۇپ، مانا بۇ يەردىن بىر ئۇزۇن قېرىم ئالدۇرۇپ تەييارلىتىپ قويسىڭىز، — ئۇ مەسچىت ئالدىنى پاراللېل كۆرسەتتى، — ئەتىيازلىقتا جىمى يېڭى مەكتەپلەرگە كۆچەت قويۇپ، شۇنداق كۆركەرتەيلىكى، بىزنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىمىز ئۇ يەردە كۆكۈللۈك، ئازادە بىلىم ئالىدىغان بولۇدۇ، قانداق؟

— بولۇدۇ، ئەپەندىم، بولمامدىغان.

—«مۆرۈۋۋەت — بارچە بەرمەكتۇر، يېمەك يوق، پۈتۈۋۋەت — بارچە قىلماقتۇر، دېمەك يوق»[1]، شۇنداق ئەمەسمۇ خەلپىتىم؟ — دېدى تەۋپىق. ھەممەيلەن باشلىرىنى لىڭشىتىپ تەستىقلاشتى.

— مەكتەپنى كۆرۈپ بولغان بولسىڭىز، ئەمدى ئۆيگە بارايلى، — دېدى تاھىر خەلپەت مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ھارغىنلىقىنى ئىپادە قىلىپ سەل- پەل قىسىلىپ كېتىۋاتقان كۆزلىرىگە قاراپ.

— مېھماندارچىلىقمۇ؟ رەخمەت، خەلپىتىم، مېھماندارچىلىقتا ئۆلگۈرىمىز، ئەمما قولدىن كەتسە تاپقىلى بولمايدىغان پۇرسەتلەردە نېمە قىلىش كېرەك؟ سىز ھېلىقى تىزىملىكتىكى يېڭى تەلەبىلەرنى مەكتەپكە يىغىپ بەرسىڭىز، ئۇلارنى ئازراق بولسىمۇ تەلەبە ئىسكەتىگە كەلتۈرگەچ تۇرسام ئوبدان بولاتتى. يېڭى مۇئەللىملەر ھە دېگەندە جاپا تارتىپ قالمىغاي دەيمەن، — ئۇ ئۆتۈنۈش ئىپادىسى بىلەن كۆزلىرىنى سەل قىسىپ كۈلۈمسىرەپ قارىدى، ئۇنىڭ كۆزىنىڭ قۇيرىقىدىكى كىچىككىنە تارتۇقى كۆزلىرىنىڭ سەل قىسىلىشى بىلەن ھاسىل بولغان پۈرۈك تالالىرى ئارىسىدا غايىپ بولدى، — ماۋۇ ئىككى ئىنىمىز سىلىنىڭ ئۆيىدە دەم ئېلىپ تۇرسا، مەن قاراڭغۇ چۈشكىچە مۇشۇ يەردە بولۇپ، ئاندىن ئۆيگە بارسام رەنجىمەسسىز؟

---

[1] ئۆزى يېمەي بېرىش — ئادىمگەرچىلىك، دېمەستىن ئىشلەش — مەرتلىكتۇر، (ناۋايى)، — ئا.

تاھىر خەلپەت تەۋپىقنىڭ قەتئىيەت چىقىپ تۇرغان، ئەمما شۇنىڭ بىلەن بىللە بىرخىل يىقىنلىق، مېھرىبانلىق يىغىپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ دېدى:

ــ ئۆتكەنـدىكى سۆزىڭىز بويىچە، ھەر قاچان سىز كېلىدىغان كۈنى بالىلارنى مەكتەپكە ھازىر قىلىپ تۇرۇدىغان بولغان ئەمەسمۇ، بۈگۈنمۇ ئۇلار مۇشۇ يەردە بارىدى، سىلەردىن تارتىنىپ تاراپ كېتىشتى. لېكىن يىراقتا كەتمەيدۇ، مۇشۇ ئەتراپتا بار.

ــ شۇنداقمۇ؟ تېخىمۇ ياخشى بولىدى. دە، كۆپرەك مەشىق قىلىۋالىدىغان بولدۇق.

تاھىر خەلپەت ئىمكار يىگىتلەردىن بىرىنى جامەنىڭ ئارقىسىغا چىقىپ، بالىلارغا قاراپ بېقىشىغا بۇيرىدى. كۆپ ئۆتمەيلا 10 ياشتىن 15 ياشقىچە بولغان بىرمۇنچە بالا تارتىنغان ھالدا، ئەمما بىر-بىرىگە توختىماستىن پىچىرلاپ بۇ تەرەپكە كېلىشتى. ئۇلار يېقىن كەلگەندە پىچىرلاشلىرىنى توختۇتۇپ، قورۇنغانلىقىدىن ئوڭ سولىغا قارىغىنىچە توختاپ قېلىشتى.

ــ ئەسسالامۇئەلەيكۇم، بالىلار،ــ دېدى تەۋپىق ئەڭ ئاۋۋال سالام قىلىپ ۋە ئۇلارنىڭ ئالدىغا يىقىنلاپ.

بالىلار بىر- بىرىنىڭ ئارقىسىغا مۆكۈشكە تىرىشىپ، تارتىنغىنىدىن نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرۇشاتتى.

ــ ئەمدى مەن ئۆز ئوغۇللۇرۇم بىلەن، قېرىنداشلار، سىلەر ئارام ئېلىۋېرىڭلار. سىلەرنى يەنە ئاۋارە قىلىشقا ھەققىم يوق، ئەلۋەتتە، ــ دېدى مەمتىلى ئەپەندى ئاتىلار ھەيئىتى ئەزالىرىغا.

ــ مەيلى، ئەپەندىم، بىللە كېتىمىز، ــ دېدى تاھىر خەلپەت كۈلۈپ، ــ ئۆيگە بارساقمۇ ھەقچان بىكار ئولتۇرىمىز ئەمەسمۇ.

تەۋپىق ئۇلارنىڭ كەتكىلى ئۇنىمايدىغانلىقىنى بىلىپ، ئۇلارنىڭ چىھرىسىگە بىر- بىرلەپ قاراپ چىققاندىن كېيىن:

ــ ئەمسە مەيلى، مەن ئىشىمغا كىرىشىۋېرەي، ــ دېدى - دە، بالىلار تەرەپكە بۇرالدى.

مەمتىلى ئەپەندىنىڭ كەلگەنلىكى، باللارنى مەشكە ئۆگەتمەكچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ قەدەمجايىنىڭ دېھقانلىرى بىر- ئىككىدىن مەكتەپ هويلىسىغا يىغىلىشقا باشلىدى.

— ئەمدى سىلەر كوچىدا يۈرىدىغان بىكارچىلارغا ئوخشىمايسىلەر، — دېدى ئۇ باللارغا قاراپ، — تەلەبىلەردە تەرتىپ — ئىنتىزام بولىدۇ. تەلەبىلەر ئاۋام خەلققە ھەر جەھەتتىن نەمۇنە بولۇشى كېرەك. مۇئەللىمنىڭ سۆزىنى ئاڭلىشى كېرەك. ئۇقتۇڭلارمۇ؟

— ئۇختۇق!— باللار ئېگىز- پەس چۇرقىراشتى. ئەمدى ئۇلارنىڭ تارتىنىشلىرى تۈگەپ بۇ مۇھىتقا چاپسانلا ماسلىشىپ قېلىۋاتاتتى.

— ئۇنداق بولسا بويىسىرى قاتار بولۇڭلار، سىلەر قاتار بولغاننى كۆرگەنمىدىڭلار؟ ھەببەللى، مانا مۇشۇنداق،...— مەمتىلى ئەپەندى بىر- بىرىنى ئىتتىرىشىپ، قىستىلىشىپ، قاتارغا تۈرىۋاتقان باللارنى رەتلەشكە باشلىدى.

— بۇنىڭدىن كېيىن سىلەرنى قاتار بولۇڭلار، دەپ چاقىرمايمەن، كېيىن كېلىدىغان مۇئەللىمىڭلارمۇ ئۇنداق چاقىرمايدۇ، «ھازىر بول!» دېگەن كاماندا بېرىلگەن ھامان مۇشۇنداق قاتار بولسىلەر، ئۇقتۇڭلارمۇ؟ ئېزىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن كىمنىڭ ئارقىسىدا، كىمنىڭ ئالدىدا تۇرغىنىڭلارنى ئوبدان كۆرۈۋېلىڭلار. شۇنى ئېسىڭلاردا تۇتساڭلار كوماندا بېرىلگەن ھامان شۇ ئارقادىشىڭلارنىڭ ئارقىسىغا كېلىپ تۇرساڭلار بولىدۇ، — ئارقىسىغا بىر نەچچە قەدەم چېكىنىپ، بۇيرۇق ئاھاڭىدا دېدى،— ئەمىسە مۇشۇ ھەرىكەتنى يەنە بىر قىلىمىز. كىمنىڭ قېشىدا تۇرغىنىڭلار ئېسىڭلاردا بولسۇن، — باللار ئوڭ ۋە سولدىكى ساۋاقداشلىرىغا قارىۋالغاندىن كېيىن،— قاتاردىن ئازاد بولۇشتا «تارال!» دەپ كوماندا بېرىلىدۇ. شۇ چاغدا ھەممىڭلار سەپتىن چىقىپ ئىختىيارى بولۇسىلەر. قېنى ئەمىسە، تارال!— باللار بىر نەچچە سېكونت مەڭدەپ قېلىپ، يەنە دەرھال ئېسىگە كېلىشتى- دە تارقىلىشتى. بىراق ئۇلارنىڭ تارىلىش ھەرىكىتى تازا تەبىئىي بولمىدى.

— دىققەت، — دېدى تەۋپىق باللارنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىش

www.uyghurkitap.com

ئۈچـۈن، ــ هــازىر ئـول!ــ بـالىـلار بىــردەم ئۈپــۈر- توپــۈر بولۇشــۇپ قاتارغــا تىـزىلــدى، ــ تېــز، تېــز! قاتارغـا تىـزىلىشــقا بۇنـداق ئــۇزۇن ۋاقــت ســەرپ قىلىشقا بولمايدۇ. تېز بولۇش كېرەك! يەنە باشقىدىن كېلەيلى.

بـۇ ھەرىــكەت بىــر نەچـچە قېـتىم تەكرارلانغانـدىن كېـيىن بالىـلارنىـڭ قاتارغا تىـزىلىشى، تارقىلىشـى خېلـى يامـان ئەمەس بولـۇپ قالـدى. شـۇنىڭ بىلەن، ئۇلارنى مەشكە دەسسىتىش باشلاندى.

ئەتــراپتىن يىغىلغــان دېھقــانلار قاتــاردا ئــۆز ئوغــۇللىرىنى كــۆرۈپ بەزىلىـــرى ئىـپتىخــارلىق بىــلەن كۈلۈمسىرىســە، بەزىلىـــرى زورمـــۇ- زور مەكــتەپكە بەرگەن بــالىلىرىنى قېچىـــپ كېتىشــكە ئىشــارەت قىلاتتـــى. لــېكىن بــۇ يېڭــى ئىشــقا ئالاھـــدە قىـزىقىـــپ قالغــان بــالىلار ئۇنــداق ئىشارەتلەرگە ئېرەن قىلماي ئۆزىنى ئۇنۇتقان ھالدا ماڭاتتى.

مەسچىتنىڭ سۇپىسىغا چىقىـدىغان پەللەمپەيىنىـڭ ئىككـى تەرىـپىگە ئــۇدۇللاپ تىكىلــگەن ئىككــى تــۇپ يــاش رېـدىنىڭ يوپۇرمــاقلىرى خــازان بولۇشــقا باشــلىغان بولــۇپ، بالىـلارنىــڭ ئايــاق ئاســتىدا ئــالتۇن رەڭلىــك يوپۇرمــاقلار دەسســەلمەكتە ئىــدى. تەۋپىــق ســەپنىڭ ئالدىــدا گــاھ بالىلارغــا يۈزلىنىـپ كومانـدىغا كەلتــۈرۈپ ئــارقىچە ماڭســا، گــاھ قاتارلىشــىپ مېڭىــپ ئۆلگە كۆرسىتەتتى. ئۇنىڭ بىـر خىلـدا جاراڭلاپ تۇرۇدۇغــان ئــاۋازى كىشــىگە ھەم قەتئىي ھەم ھەيۋەتلىك ھەم سالماق ھەم جىـددىي ئاڭلىنــاتتى، ئۇنىـڭ قەدەم ئېلىشـــلىرى بولســا بەئەينـــى ھـــۆرمەت قاراۋۇللىنىڭكىـــدەك بەردەم، رەتلىك ئىدى. «گۈپ- گۈپ» چۈشۈشلىرىدىن يەر زىرىلـداپ كېتىۋاتقانـدەك بىلىنەتتى...

ئـۇ بـالىـلار بىـلەن قــاش قــارايغىچە مەشــق ئېلىـــپ بارغانـدىن كېـيىن ئۇلارنى ئازاد قويۇۋەتتى. قاتاردىن تارالغــانلار ئىچىـدىكى كونـا تونۇشـلىرىدىن ئەكبەرنـــى ئالاھـــدە ئەركىلىتىـــپ قويــدى ۋە ئۇنىڭـدىن ئــابلەققە ياخشــى قاراشنى تاپىلىدى:

ــ سـەن ئـابلەقنى باشـلاپ كېلىشـىڭ كېـرەك ئىــدىغۇ؟ ــ تەۋپىــق قاتــاردا ئــابلەقنى كۆرمىگىنىــدىن كــۆڭلى يېــرىم ئىــدى، شــۇڭا ئەكــبەردىن سورىدى.

www.uyghurkitap.com

ــ ئۈنى كىچىك دەپ ئانىسى خەتلەتمەپتۇ، ــ دېدى ئەكبەر چاقماقتەك سۆزلەپ.

ــ ئۇنداق دېگەن بولسا مەن ئانىسىنى ماقۇل كەلتۈرەي، ئەمما ئەكىلىپ ئەكتىشتە سەن ئۇنىڭغا ئاكا بولىسەن، بولامدۇ؟ باشقىلار بوزەك ئېتىدىغان ئىشلار بولمىسۇن.

ــ ئانىسى بەرسىلا مەن ئەكىلىمەن، ئاخشامدا ئاپىرىپ ئۆيگە تاپشۇرىمەن، كىم ئۇنىڭغا چېقىلىدىغان بولسا تۇمشۇقىنى ئېزىۋېتىمەن، گەپ يوق، ــ دېدى ئەكبەر شوخلۇق بىلەن.

ــ ئەمىسە شۇنداق پۈتۈشتۇق، خوش، ــ شۇنداق دەپ ئەكبەر بىلەن خوشلاشتى. ئاندىن مەيدانغا يىغىلغان دېھقانلار بىلەن دوستانە سالاملىشىپ، ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى مەكتەپكە بېرىشى ھەققىدە بىر نەچچە ئېغىز گەپ قىلغاندىن كېيىن ھەممەيلەن بىلەن خوشلاشتى.

تاھىر خەلپەت، موللاقادىر، ئابدىرېھىماخۇن، ياقۇبھاجىلار ئۇلار بىلەن بىللە كەتتى. ئەمدى ئۇلار تاھىر خەلپەتنىڭ ئۆيىدە مەكتەپنىڭ كەلگۈسى ئىشلىرى ھەققىدە مۇزاكىرە قىلىشى كېرەك ئىدى. ئۇ بۇ ئىشلارنى تۈگۈتۈپ يېرىم كېچىلەر بىلەن ئاران ئۆگۈرۈققا قايتىپ كېتەلەيتتى. كۆزنىڭ بىلىنەر- بىلىنمەس سالقىنى ئاللىقاياقلاردىن قوناق شېخىنىڭ دۈتىنى ئېلىپ كېلەتتى. تەۋپىق ھېلىلا پۈت- قوللىرى تېلىپ ئېغىرلىشىپ كەتكەندەك ھېس قىلغان بولسىمۇ، مانا ئەمدى سوغاق ھاۋانى قانغۇدەك سۈمۈرۈپ نەپەس ئېلىپ، يەنە تېتىكلىشىپ قالدى. شۇڭا ئۇ بىر كېچە ئۇخلاپ پۈتۈنلەي ھاردۇقى چىققاندەك روھلىنىپ، ئالىقاندىق خوشاللىق ئىلكىدە پەيلىنىپ، تاھىر خەلپەت بىلەن ئۇچۇق- يورۇق چاقچاقلىشىپ ماڭدى. گاھىدا مەڭلىكاخون بىلەن نىمىتۇللاغىمۇ چاقچاق قىلىپ قوياتتى. ئەمما بۇ ئىككى جەڭچى ئۆزلىرى ئۇچۇن ناھايىتى مۇھىم ۋە ئۇلۇغ بولغان بۇ كىشىگە چاقچاق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشقا قورۇناتتى. گەرچە ئۇلار مەمتىلى ئەپەندى بىلەن بىرىنچى ئۇچرۇشۇشتىلا ئەسرالىشىپ، قېرىنداشلاردەك بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ۋەزىپىسى ئۇلارنى چەكلەپ تۇراتتى.

— خەلپىتىم،— دەپ خىتاپ قىلدى تەۋپىق ئۈشتۈمتۈت بىر مۇھىم ئىش يادىغا يەتكەندەك، —مېنىڭ ھېلىقى كىچىك دوستۇم ئابلەق مەكتەپكە خەتلەنمىدىمۇ؟

— ئۆزىنىڭمۇ خەتلەنگۈسى بارئىدى، ئۇگەي ئانا بولغاندىكىن تەس دەڭا، بالا كىچىك، كېلەر يىلى بارا دەپ باھانە قىلىپ قالدى. ئۇنى ئۇلاق باقتۇرۇش، تېزەك تەردۈرۈش قاتارلىق ئىشلارغا سالماقچى ـ دە.

— مەنمۇ ئۇنى كېلەر يىلى ئوقۇشقا باشلىسۇنمۇ دەپ ئويلىغان، كىچىكرەك باشلىسا تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ، ئەمەسمۇ، بىرىپ كېلىشتە مەسىلە بولسا ئەكبەرگە تاپىلىساق، بىللە ئاپىرىپ ئەكەلسە بولىدۇغۇ؟ ئەمسە مەن ھازىر ئاۋۋال شۇلارنىڭكىگە بىرىپ، ئاتا ـ ئانىسىنى كۆندۈرەي، ئۇنىڭ بېشى ساقايدىمىكىن، ئۆز كۆزۈم بىلەن بىر كۆرۈپ باقاي. دورىنى سابىتتىن ئەۋەتىپ، ھەپتىدە بىر قېتىم چېپىپ قويۇشنى شۇ بالىغا ھاۋالە قىلغانىدىم، ئوغۇ راستچىل بالا.

ئۇلار بىر مەسچىت ئالدىدا ئاچا يولغا كەلگەندە مەمتىلى ئەپەندى ئېتىنى باشقا تەرەپكە بۇرىدى.

— سىلەر كىرىپ كېتىۋېرىڭلار، مەن ئەبلەقنى كۆرۈپ چىقاي ھېلىلا ھوزۇرۇڭلاردا ھازىر بولىمەن،— دېدى ئۇ. جەڭچىلەرگىمۇ تاھىر خەلپەت بىلەن كىرىپ كېتىۋېرىشنى بۇيرىدى. ساھىپخانلار سەل ئىككىلىنىپ قېلىشتى ـ يۇ، تەۋپىقنىڭ لەۋزىدە تۇرىدىغانلىقىنى ئويلاپ ئىلاجىسىز رازى بولۇشتى.

## 2

ئۆكتەبىرنىڭ ئاخىرىقى كۈنلىرىدىن بىرى ئىدى. بىر پەيشەنبە كۈنى دەرستىن چۈشكەندە مەمتىلى ئەپەندى ئىككى مۇھاپىزەتچىسى بىلەن كاتتايايلاققا بارماقچى بولدى. مۇھەممەد داموللا بىر ئاي ئىچىدە مەكتەپ بىنا قىلىشقا ئۈلگۈرگەن ۋە ئۇنى كۆرۈپ بېقىشقا تەكلىپ قىلغانىدى. ئۇ ئوقۇشقا تەسىر يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن كاتتايلاققا بېرىشنى دەم ئېلىش

كۈنگە توغرىلىنغانىدى. پەيشەنبە كۈنى كەچتە بېرىپ جۈمە كۈنى كەچكىچە قايتىپ كەلسە ئوقۇش ئاقسىمايتتى.

ئالدى بىلەن ئۆيگە قايتىپ ئاكىسىنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويغاچ، ئازراق دورا- دەرمەك ئېلىۋېلىش، جەڭچىلەرنىڭ ئازراق بىر نەرسە يېۋېلىشى ئۈچۈن بويامەتكە كەلدى. ئۆيدە يېرىم سائەتمۇ ھايال بولماي سەپەرگە ئاتلاندى.

ئۇلار بويامەتنىڭ كوچىسىدا كېتىۋاتقاندا مەمتىلى ئەپەندى بىر دەرۋازا ئالدىدا بىردەم توختاپ، يول بويىدىكى ئېرىقتا، قويۇق سۆگەتنىڭ قويۇق گوستاڭلىرىغا ۋە دەرۋازىغا دەممۇ دەم قاراپ چىقىپ، ئاخىرىدا شۇ ئۆينىڭ ئۆزگىرىسىگىمۇ ئالاھىدە دىققەت قىلدى. بۇ يەرلەر ئۇنىڭغا بىر كونا ئەسلىمىنى خاتىرىلىتاتتى. بۇ يەردە ئۇ تۇنجى ياشلىق ھېسلىرىنى باشتىن كەچۈرگەن، پاجىئەلىك ئاخىرلاشقان ئاشىقلىق رومانىنىڭ تۇنجى سەھىپىلىرى ئىدى. ئۇ ئىچىدە مەنسانىڭ گۇناھلىرىنى ئاللاھتىن تىلىدى...

ئۇلار قويۇق توغراق ئورمىنى بىلەن قاپلانغان ئاچيارنى بېسىپ ئۆتۈپ، بۆگەن بېزىسىنى ئارىلاپ، تۆركۆل بىلەن ۋاقۋاققا كەلدى. ئەسلىدە ئۇ بۆگەندە نۇرۇللا خەلپىتىم بىلەن كۆرۈشۈپ مېڭىشنى نىيەت قىلغان بولسىمۇ، ئۈچرىشالمىدى. شۇڭا ئۇ ۋاقۋاق بىلەن مېڭىپ سارىخېنىمغا سالام بېرىپ ئۆتۈشنى نىيەت قىلدى.

(ئۇنداق قىلمىسا 20 نەچچە كىلومېتىر يولنى بېسىپ كاتتايلاققا يېتىپ بېرىش ئۈچۈن بەك كەچ بولۇپ كېتەتتى). ئۇ سارىخېنىمنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ، ئاندىن سالاھىدىن ئەپەندى، مۇشىپىقە خانىملار بىلەن كۆرۈشتى- دە، خېنىمنىڭ زورلاپ چايغا تەكلىپ قىلىشىغا، تاماققا تۇتقىنىغا ئۇنىماي ئۆزر ئېيتىپ يولغا چىقتى. لىۋاھىدىننىڭ نەۋرە ئاكىسى بىلەن بىللە بولغۇسى كېلەتتى. تەۋپىق ئۇنىڭ خاھىشىنى چۈشىنەتتى، بىراق كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، مېھرىبانلىق بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ، ئېتىنى يورتۇپ يۈرۈپ كەتتى.

ئۇلار كېچىڭىزنىڭ شەرقى جەنۇبىدىكى ياردىن ئۆتكەندىن كېيىن

مەمتىلىي ئەپەندى جىم. جىت كىتىۋاتقان ئىككىي جەڭچىنىڭ كەيپىياتىنى جانلاندۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن چەتتىئەل لەتىپىلىرىدىن ئىككىنىي ئىيتىپ بىرىپ ئۇلارنى راسا كۈلدۈردى. ئاندىن ئۇ ئىزوپ مەسەللىرىدىن «دوك داۋالاش»نى سۆزلەپ بەردى:

— بىر دوك كىشى بارىكەن، ئۇنىڭ ئىككىڭلاردەك قاۋۇل ئۈچ ئوغلى بارىكەن. ئۇلارنىڭ هال. كۈنى ياخشىي، قولىمۇ ئۇزۇن ئىكەن. بىراق ئوغۇللار دادىسىنىڭ دوكلىقىدىن كۆڭۈللىرىنى يېرىم قىلىشىدىكەن. كېيىن بۇ يۇرتقا دوك داۋالايدىغان بىرسى كەپتۇ. ئوغۇللار دادىسىنى دوك داۋالىغۇچىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بىرىپتۇ. تىۋىپ دوكنىي ساقايتىشقا هۆددە قىپتۇ. ئۇلار باهاسىنى كېلىشىپ، پۇتۇشكەندىن كېيىن، ئوغۇللار دادىسىنى شۇ يەردە قالدۇرۇپ ئۆز ئىشلىرىغا كىتىپتۇ. تىۋىپ دەرهال ئىشقا كىرىشىپتۇ. دوكنىڭ پۇت-قوللىرىنى ماتاپ،كۆكسىگە تاقاق قويۇپ، دۈم ياتقۇزۇپ تۇرۇپ دۈمبىسىدىكى بۆرتۈپ چىققان يېرىگە دەسسەشكە باشلاپتۇ. دوكنىڭ پەريادلىرىغا قۇلاق سالماپتۇ. كېيىن دوكنىڭ ئاۋازىمۇ ئۆچۈپتۇ. بۇ چاغدا دوكنىڭ بېلىمۇ تۈپ. تۈز «ساقايغان» ئىكەن. كەچتە ئوغۇللار دادىسىنى ئېلىپ كەتكىلىي كەپتۇ. «دادام ساقايدىمۇ؟» دەپ سوراپتۇ ئۇلار «هە، ساقايدى، مېنىڭ ئىش هەققىمنىي بىرىۋىتىپ ئېلىپ كىتىڭلار» دەپتۇ تىۋىپ. ئوغوللار دادىسىنى كۆرمەك بولۇپ، قارىغۇدەك بولسا دادىسى ئاللىقاچان ئۆلۈپ قالغانىكەن! «هوي، تىجىمەل، سەن قانداق تىۋىپ؟ دادىمىزنىي ئۆلتۈرۈپ قويۇپسەنغۇ؟» دەپ ۋارقىراپتۇ ئوغوللار. «مېنىڭ كەسپىم دوكنىي داۋالاش، ئادەمنىڭ هاياتى بىلەن چاتىقىم يوق. دوك ساقايغان بولسىلا مەن ئىشىمنى ياخشىي قىلغان بولىمەن. ئىش هەققىنى بىرىسىلەر ـ دە كىتىۋىرىسىلەر» دەپتۇ تىۋىپ. «دوكنىي ساقايتىشنىغۇ ساقايتىپسەن. لېكىن ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ دوكنى ساقايتقىنىڭنىڭ نېمە پايدىسى؟ دادامنىي تۆلەيسەن!» دەپ تىۋىپقا ئېسىلىپتۇ دەر غەزەپ بولغان ئوغۇللار. «سىلەر بىلەن ئەتىگەن پەقەت دوكنىي ساقايتىش هەققىدىلا سۆزلەشكەن، باشقا گەپ ئارتۇقچە. ئىش هەققىمنىي بىرىپ داداڭلارنىي كۆزۈمدىن يوقىتىڭلار» دەپ ۋارقىراپتۇ

تىۋىپمۇ بوش كەلمەي. ئوغوللار ھەر قانچە قىلىسىمۇ تىۋىپكە گەپ تېپىپ بېرەلمەپتۇ. دادىسىنىڭ جەستىنىمۇ ئېلىپ كېتەلمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تىۋىپقا «ئىش ھەققى» تۆلەشكە مەجبۇر بوپتۇ.

نىمىتۇللا بىلەن مەڭلىكاخۇن چىن دىلىدىن يايراپ كۈلۈشتى. مەمتىلى ئەپەندى تېخىمۇ يايراپ كۈلدى ئاندىن جەڭچىلەرگە قاراپ:

ــ ئەمدى سىلەرمۇ بىر نەرسە سۆزلەپ بەرمەمسىلەر؟ ــ دېدى كۈلۈپ:

ئىككىسى بىر- بىرىگە قارىشىپ مەڭدەپ قېلىشتى.

ــ بىز نىمىنى سۆزلەپ بېرەرمىز، ئەپەندىم؟ دېھقان ئىدۇق، كېيىن ئەسكەر بولدۇق. ئازراق خەت ساۋادىمىز بولغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا كۆرگىنىمىز، بىلىدىغىنىمىز ئاز، ــ دېدى نىمىتۇللا.

ــ ئەمىسە قىلغان جەڭلىرىڭلار ھەققىدە سۆزلەپ بېرىڭلار، قانداق قوزغالدىڭلار، قۇرال تۇتۇشنى قانداق ئۆگەندىڭلار، نەچچە دۈشمەننى يوقاتتىڭلار، مانا بۇلارنى سۆزلىسەڭلار تېخىمۇ قىزىق ئەمەسمۇ؟ قىزىق بولمايدۇ دېسەڭلار لاپ ئاربلاشتۇرسىلەر ـ دە.

نىمىتۇللا مەڭلىكاخۇنغا قاراپ قويدى. ئۇ بولسا بۇنىڭغا «سەن سۆزلىگىن» دېگەندەك ئىشارەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن نىمىتۇللا ئىنقىلابقا قاتنىشىش جەريانىنى، ئۆزى باشتىن كەچۈرگەن بەزى جەڭلەرنى ھىكايە قىلىشقا باشلىدى.

يول تېخى تۈگۈمىگەنىدى. نىمىتۇللانىڭ سۆزى تۈگىگەندىن كېيىن مەڭلىكاخۇن تەۋپىقتىن سورىدى:

ــ ئەپەندىم، بىر ئىشنى سوراي دەيمەن، ھېچ پۇرسەت بولمايدۇ، پۇرسەت بولغاندا ئېغىز ئاچالمايمەن...

ــ سوراۋېرىڭ، ــ دېدى تەۋپىق چىن كۆڭلىدىن.

ــ بايا بويامەتتىن چىققىچە بىر دەرۋازا ئالدىدا بىر ھازا تۇرۇپ قالدىڭىز، ئىلگىرىمۇ بۇنداق ئىش بىر نەچچە قېتىم بولدى، بۇنىڭ تېگىدە بىر گەپ بارغۇ دەيمەن؟

ــ شۇنداقمۇ؟ ــ تەۋپىق بىر ھازا شۈكلەپ كېتىپ، ــ شۇنداق، بىر

گەپنىڭ بارلىقى راست. بۇ ھويلا ماڭا يىگىرمە نەچچە ياشلىق دەۋرىمنى ئەسلىتىدۇ. شۇ مەھەللە مېنىڭ شېرىن ۋە ئاخىرى ئازابلىق بولغان كەچمىشىمگە چېتىلىدۇ. ئۇ بويامەتنىڭ يۈز بېشى ئابدۇلباقى چوڭنىڭ ئۆيى... ــ دېدى. بىر ھازا سۈكۈتتىن كېيىن شۇ كەچمىشىنى ھىكايە قىلىپ بەردى .

بۇ كەچمىشنى ئەسلەش بىلەن مەيۈسلەنگەن كۆڭلىگە تەسەللى بېرىش ئۈچۈن چاقچاق باشلاپ:

ــ سىلەرچۇ؟ تەلپۈندۈرىدىغان دەرۋازاڭلار بولمىغانمۇ؟ ــ دەپ سورىدى، ــ ئاتۇشقا كەلگەندىن بېرى زېرىكىپ قالدىڭلار ھەقىچان، بىرلىرىگە ساقال تاشلاپ يۈرمىگەنسىلەر؟ بىزنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىمىز ئۆلۈغ ئىش. مۇھىتىمىز ناھايىتى زىل شۇڭلاشقا دۈشمەننىڭ سۆز- چۆچەكلىگە باھانە تېپىپ بەرمەسلىككە تىرىشىڭلار، ئىنىلىرىم. ئەگەر ھەقىقىي تۈردە بىرسىنى ياخشى كۆرۈپ قالغان بولساڭلار بۇنىڭ ھۆكۈمى بۆلەك، ئۆزۈم باش بولۇپ تويۇڭلارنى قىلىپ قويىمەن.

ئۇلارنىڭ ئاياق ئاستىدا ئۈستى قېتىشىپ تازنىڭ بېشىدەك پوستەك ئۆرلەپ قالغان، ئەمما ئاستى ناھايىتى بوش بولغان شورلۇق يېيىلىپ ياتاتتى. سول تەرەپتە ئاتۇش بىلەن ئاغۇ يېزىسىنى ئايرىپ تۇرۇدۇغان بوز تاغ گىرىمسەن كۆرۈنۈپ تۇرغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا ئالدى تەرەپ (شەرق) ۋە ئوڭ تەرەپ تاكى ئۇپۇق سىزىقىغىچە ئەنە شۇنداق شورلۇقتەك تۈپ- تۈز يېيىلىپ ياتاتتى. شورلۇقنىڭ ئۈست قەۋىتىدىكى قېتىشما ئېغىرلىقنى كۆتۈرەلمەي «پوس» قىلىپلا يېرىلاتتى- دە، ئاستىدىكى يۇمشاق قەۋەتكە پېتىپ كېتەتتى. 15 ـ 20 سانتىمېتىر، گاھىدا 30 سانتىمېتىر پېتىپ كېتەتتى. بۇنداق ئەھۋالدا پىيادە يۈرگۈچىلەرلا، ئەمەس، ئاتلىقلارمۇ ھەربىر قەدەمنى بۇنداق چوقۇرلۇقتىن تارتىپ مېڭىشقا توغرا كەلگەچكە چاپسانلا ھېرىپ قالاتتى.

ئۇلارمۇ شۇ تەقلىدتە گاھ شورلۇقنى ئۇدۇل كېسىپ، گاھىدا ئەگرى- بۈگرى چىغىر يوللار بىلەن مېڭىپ، ئەل ئايىقى جىمىققاندا كاتتايلاق

يېزىسىنىڭ قوغان كەنتىگە يېتىپ كەلدى. ئەڭ ئاۋۋال مەھەللىدىكى ئىتلار تۇشمۇ- تۇشتىن قاۋاپ كېچە جىمجىتلىقىنى ئەۋغالىرى بىلەن تولدۇرغان بولسىمۇ، لېكىن غۇر-غۇر شامال چىقىپ تۇرغان كېچە يەنىلا خاس تىمتاسلىقى بىلەن ھۆۋۇلداپ تۇراتتى.

مۇھەممەد داموللام مەمتىلى ئەپەندىنىڭ كېلىشىدىن خەۋەردار بولغاچقا ئۇخلىماي كۈتۈپ ئولتۇرغانىدى. شۇڭا مېھمانلار دەرۋازىنىڭ ھالقىسىنى تاراقلاتقان ھامانلار گەپ قىلغاچ دەرۋازىنى ئاچقىلى كەلدى:

— ئۆزەممۇ ئەمدىلەتىن كېلىپ قالىدىغۇ دەپ ئولتۇراتتىم، — دېدى ئۇ. ئاندىن مېھمانلار بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن ئۆيگە باشلىدى، — مەن سىزگە دىمىدىممۇ يات ئارىدا مەندىن خوشخەۋەر كۈتسىڭىز بولىدۇ، دەپ مانا، دېگىنىمنى قىلدىم. قانداق بولغىنىنى ھېلى سۆزلەپ بېرىمەن، — داموللام مېھمانلارنىڭ ئېتىنى جايلاشتۇرۇۋېتىپ قىزغىنلىق بىلەن سۆزلەيتتى. ئۇنىڭ جىمى قىلىقلىرىدىن بىر خىل ئەسەبىي قىزغىنلىق، توغان بۇزۇپ ماڭىدىغان كەلگۈندەك خاراكتېر بىلىنىپ تۇراتتى.

ئۇلار ئۆيگە كىرىپ ئولتۇرۇشى ھامانلا ساھىپخان ئايالىنى داستىخان راسلاشقا بۇيرۇپ، ئۆزى كاتتايلاقىنىڭ مەشھۇر قوغۇنى بولغان كۆك بەھرى، قارا كۆسەيدىن بىردىن ئىككىنى ئېلىپ كىردى. ئۇ مېھمانلارنىڭ قورسىقى تازا ئاچقانلىقىنى بىلگەنىدى. مېھمانلارمۇ قۇرۇق تەكەللۇپ قىلىپ ئولتۇرۇشمىدى. يۈزىگە كۈنجۈت ۋە سىيادان سېپىلگەن قاتلىما نانلار بىلەن قوغۇن داستىخانغا كەلتۈرۈشى بىلەنلا ئۆزلىرىنىڭ يولدا يېيىش ئۈچۈن ئېلىۋالغان نانلىرىنى يېيىش ئىسىدىن چىقىپ قالغىنىنى بىلدى. مەڭلىكاخۇن يېنىدىكى ناننى داستىخاندا قويغاندا ساھىپخان بىلەن مېھمانلار تەڭلا كۈلۈشۈپ كەتتى.

— «مازار ئاتلاپ كەلگەن نان» دېگەن شۇ، بۇ چىشقا دورا بولارمىش. ئەمدى بۇ نانلارنى «ھىندىستاندىن كەلگەن دورا» دەپ سىلەر يەڭلەر، بىز مۇنۇسىنى يەيلى، — دېدى تەۋپىق كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ئەمسە بىز بۇنى تەۋەررۈك قىلىپ ساقلاپ يېسەك بولغۇدەك. قېنى

ئەمىسە، قورساقنى ئازراق قارا باستۇرۇپ تۇرۇڭلار، ــ دېدى مۇھەممەد داموللا چاقچاق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ، ــ تاماقمۇ تەييارلا بولۇپ قاپتىكەن. شۇنداق بولسىمۇ، سىلەرنى يەنە بىردەم ساقلىتىشقا كۆڭلۈم ئۇنىمىدى.

ــ دېيىشىدىغان گېپىڭلارنى دېيىشكەچ تۇرساڭلار، ۋاقتىنى تېجەپ، ئەپەندىمگە دەم بېرىش كېرەكتى، ئۇنىڭ ماجالى قالمىغان بولسا كېرەك، ــ دېدى نىمىتۇللا.

ــ ئەلۋەتتە، دۇرۇس گەپ. بۇ تەرپىنى ئويلىماي بولمايدۇ، ــ دېدى مۇھەممەد داموللا دەرھال قوشۇلۇپ.

ــ بىراق، بۇ گەپلەرگە ئالدىراپ ئىشىنىپ كېتىشكىمۇ بولمايدۇ، ــ دېدى تەۋپىق چاقچاق قىلىپ، ــ كىم بىلىدۇ مۇشۇلارنىڭ ئۆزى چارچاپ كېتىپ شۇنداق دەۋاتامدۇ تېخى.

ــ بەربىر،ــ دېدى داموللام كۈلۈپ، ــ مەن قورسىقىدا گەپ ياتمايدىغان بىر ئادەممەن، بۇ گەپلەرنى تاماق ئۈستىدىلا سۆزلەپ تۈگەتمەيمۇ ئىچىمگە پاتقۇزالمايمەن، ئەلۋەتتە، ــ گېپىنى توختۇتۇپ چىقىپ كەتتى. كۆپ ئۆتمەي پەتنۇس كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى، ــ ئاۋۋال سۈيۈق- سەلەڭ ھاردۇق ئېشى ئىچكەچ تۇرايلى، ــ دېدى ئۇ پەتنۇستىكى ھورى كۆرۈلۈپ تۇرغان خام قىيمىلىق ئۈگرىنى مېھمانلارغا سۇنۇپ. ئاشتىن زىرىنىڭ لەززەتلىك پۇرىقى گۇپۇلدەپ پۇراپ تۇراتتى.

مېھمانلارنى ئاشقا تەكلىپ قىلىپلا مۇھەممەد داموللام ھېكايىسىنى باشلىدى. ئۇ گاھ- گاھ ھېسسىياتىنى باسالماستىن ۋارقىراپ كېتەتتى.

ــ سىزگە ئېيتقىنىمدەك مەن بايلار، يۇرت مۆتىۋەرلىرىگە ئىئانە بېرىش، مەكتەپ سېلىش ھەققىدە تەرغىبات قىلىشقىلا قاراپ تۇرمىدىم. ئوقۇغۇچىلارنى توپلىدىم. سوغۇن تەرەپتىكى تاغ ئارىسىدا بىر توغراقلىق بار ئىدى. قاچاندىن باشلاپكىن، ئۇزاق زامانلاردىن بېرى ھېچكىم بۇ توغراقلىقتىن بىر تال تاياق ئۇشتۇشقىمۇ جۈرئەت قىلىشمايدىغان بولۇپ قېلىشقانىكەن. ئوتۇنچىلار نەچچە كۈنلۈك يەرگە بېرىپ ئوتۇن ئەكىلىشكە

رازى ئىدىكى بۇ تۇغراقلىقنى مۇقەددەس جاي ئۇنىڭغا چېقىلىشقا بولمايدۇ، چېقىلغان ئادەمنىڭ قولى تۇتماس بولۇپ قالىدۇ، كۆزى قۇيۇلۇپ كېتىدۇ. دەپ ئىشىنىپ، ئۇ يەردىن ئەيمىنىپ كەلگەنىدى. مەن ئۇقۇشقا خەتلەنگەن باللارنى باشلاپ، بىر نەچچە هارۋا، ئۇلاغ بىلەن شۇ ئورمانىنى كۆزلەپ ئاتلاندىم. باللار توغراقلىقتا بىرىپ نىمىشكە كەلگەنلىكىنى بىلىشكىنىدە بىر- بىرىگە تاپا- تەنە قىلىشتى، كەتمەكچى بولۇشتى. بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىدىن قورقۇپ ئۆزىنى يوقۇتۇشتى. مەن دېدىم «ئەي، باللار، يامان بولۇدۇ دېگىنى زادى نىمە؟ قانداق يامان بولۇدۇ؟ هازىرنىڭ ئۆزىدىلا يامان بولۇدۇغان ئىش بولسا قانداق يامان بولۇدۇغانلىقىنى كۆرۈپ بېقىش ئاسان». دېدىم - دە، بىرىنىڭ قولىدىكى پالتىنى ئېلىپ قۇرۇپ قالغان ئەڭ چوڭ توغراققا پالتا سالدىم. هەممەيلەن تەشۋىش، قىزىقىش ئىلكىدە مېنىڭ هەرىكىتىمگە قاراپ تۇرۇشتى. بۇنداق قاراپ تۇرۇش تاكى مەن توغراقنى يېقىتىپ بولغۇچە داۋام قىلدى. توغراقنى يىقىتىپ بولۇپ، دېمىمنى راستلىۋېلىپ، يەنە «مانا، مېنىڭ قولۇم تۇتماس بولۇپ قالمىدى، كۆزۈممۇ، ئۆزۈممۇ ساق، شۇنداق ئەمەسمۇ؟» دېسەم قاراپ تۇرۇشىدۇ. «بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، بۇنىڭ يامىنى بۇ دۇنيادا بولمايدىكەن. دېمەك بۇنىڭدىن خاتىرجەم بولساڭلار بولۇدۇكەن. يامىنى ئۇ دۇنيادا بولامدۇ؟ كىم غەيىپتىن قارار بېرىشكە جۈرئەت قىلالايدۇ؟ بالا قازا بېرىشكە كىم قادىر؟ ئاللاھ! بەخت - ئامەت بېرىشكە كىم قادىر؟ ئاللاھ! مۇشۇنداق دەل- دەرەخلەردىن — مەخلۇقتىن بالا - قازا بېرىشمۇ، بەخت- ئامەت بېرىشمۇ كەلمەيدۇ، سىلەر ئەمەس، مەن داموللا، ئۇنداقكەن، سىلەر بىلەمسىلەر، مەن ياخشىراق بىلەمدىمەن؟ ئەگەر دەرەخلەرنىڭ قولىدىن بالا بېرىش كېلىدۇ دېسەڭلار، مۇھەققەقكى، مۇشرىكلىك بولۇدۇ! گۇناھ بولۇدۇغان ئىش بولسا ماڭا بولسۇن، ئەگەر ساۋاب بولۇپ قالسا ساۋابى سىلەرگە بولسۇن، قانداق؟» دېدىم.

شۇ گەپ بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا غۇلغۇلا باشلىنىپ كەتتى. بەزىلەر: «داموللام دەۋاتقاندىكىن نىمە بولسا بولمامدۇ ، خۇدا ئۆزى كۆرۈپ تۇرۇدىغۇ» دىيىشتى. بەزىلەر : «يامىنى هازىر بولمىغان بىلەن كىيىنچە

ئـــادەمنى نەس باســـدۇ» دېيىشـــتى. ئـــاخىرى، مۇنازىرىنىـــڭ دائىرىســـى تارىيىــپ، «دامــوللام نــىمە كۆرسە بىزمــۇ شــۇنى كــۆردۇق» دېيىشـــتى- دە، قوللىرىغـا سايمانلىرىنى ئېلىـپ ئىشـقا كىرىشـىپ كەتتـى. مانـا شـۇنداق قىلىـپ بىز يېتەرلىك ياغاچ ۋە بادىرىنى ئاشۇ ئورمانـدىن ئېلىـپ كەلـدۇق. كۆرمەمســـىز، بـــۇ ئورمانـــدا قـــۇرۇپ، چىرىشـــكە باشـــلىغان ياغـــاچلارمۇ نۇرغۇنىكەن، بىكاردىن- بىكار ئاشۇنداق بىـر قـۇرۇق گەپكە ئىشـىنىپ، ئـۆزى كۆكلەپ، ئۆزى قۇرۇپ، چىرىپ كېتىۋاتقان ئورمانغـا ئىچىڭىـز ئاغرىيـدۇ. بىـز بـۇ ئورمانـدىن ئەنە شـۇنداق قىلىـپ ساۋابلىق ئىـش ئۈچـۈن پايدىلانـدۇق. يەنە بىـر مـۇنچە هـۆل ياغـاچلارنى هەم كېسـىپ تاشـلىۋەتتۇق، كـېلەر يىلـى مەكتەپنى كېڭەيتىـپ قـۇرۇش ئۈچـۈن ئېلىـپ ئىشـلىتىمىز. ئـوغرى ئېلىـپ كېتىدىغان خەۋپىمـۇ يـوق. بىـزدەك تەلـۋىلەر ئالدىـدا باشـقىلاردا ئۇنچىلىـك يۈرەك يوق.

مەمتىلــى ئەپەنــدى مــۇهەممەد داموللىنىــڭ ســۆزىگە دىقــقەت بىــلەن قــۇلاق ســېلىپ ئولتــۇراتتى. دامــوللا شــۇ يەرگە كەلگەنــدە هېكايىســىنى توختۇتۇپ:

ــــ ئەپەنــدىم، قــاراڭ، ئەســكەرلىرىڭىز نــېمە بولغــان ئــۆزى، ـــ دەپ قالدى.

مەمتىلــى ئەپەنــدى شــۇندىلا ئەســكەرلەرگە قارىۋىــدى، ئــۇلار ئاشــنى ئىچىــپ بولــۇپ چىنىســىنى قويىۋېتــۇ- دە، ئولتۇرغــان يېرىــدە تامغــا ۋە بىــر- بىرىنىڭ مۈرىسىگە يۆلىنىپ ئۇخلاپ قاپتۇ.

ــــ مەيلـــى، ئاشـــۇنداق ئۇخلىۋالســـۇن، ئـــۇلار ماڭـــا مۇهـــاپىزەتچى بولغىنىغـــا تويـــدىغۇ دەيـــمەن. بەك چارچـــاپ كەتتـــى. بىـــز ســـۆزىمىزنى تـــۈگەتكىچە كۆزىنىـــڭ ئـــاچچىقىنى چىقىرىۋالسـۇن، ئانـدىن قوزغـايلى، ـــ دېدى مەمتىلى ئەپەندى ۋە تېخىچە قولـدا تۇرغـان ئاشـنى چاپسـانلا ئېچىـپ تۈگۈتۈپ چىنىنى قويدى.

ـــ ئەستاغ، بۇلار تاماقنى يېمەيلا ئۇخلارمۇ ئەمدى؟

ـــ مەيلـى، ئۇخلىسـۇن، ئاشـتىن ئۈيقـۇ تـاتلىقراق، پولـۇنى ئىككىمىـز يەۋېرىمىز. قېنى داۋامىنى سۆزلەڭ.

www.uyghurkitap.com

ــ توختاڭ، مەن ئاشقا چىقىپ باقاي، گەپنى ئەتە قىلىشمىساق بولمىغۇدەك، ئاشنى قويۇپ سىزمۇ ئۇيقۇ سەھراسىغا كىتىپ قالماڭ يەنە.

ــ مۇھەممەد داموللا چىقىپ كىتىشى بىلەنلا تەۋپىق ئۆگە-ئۆگىلىرىنىڭ سىقىراۋاتقانلىقىنى، كۆزىنىڭ قۇم قويغاندەك ئېچىشىپ، ئۆز - ئۆزىدىن يۇمۇلۇپ قېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇمۇ ئولتۇرغان جايىدىلا ئۇخلاپ قالغۇدەك ھالدا ئىدىيۇ، لېكىن ئۇ تېخى ئۆزىنى قىزىقتۇرۇدۇغان بىرمۇنچە ئىشلارنى سوراپ بىلىۋېلىشقا ئۈلگۈرمىگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر قانداق سورۇن، ھەرقانداق كىشى ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى بىلدۈرۈشنى مىسلىسىز ھار ئالاتتى. شۇڭا بېشىنى قاتتىق سىلكىپ، كۆزىنى ئۇۋۇلاپ ئۆزىنى سەگەكلەشتۈرۈشكە ئۇرۇندى. شۇ تاپ ئونىڭ ھەر قانداق ئېسىل تاماقىمۇ ئىشتىيى يوق ئىدى. دەممۇ-دەم بېشى بىر ياققا قىشىيىپ، قانداقتۇر كاتاڭ يولدا يار- يار ھارۋا ئۈستىدە ئۇخلاپ كېتىۋاتقاندەك، ھارۋىنىڭ تاراقلىشى ۋە تىنماي سىلكىنىشىدىن پات- پات ئويغىنىپ كېتىپ، كۆڭۈلدىكىدەك ئۇخلىيالمايۋاتقاندەك روھى ھالەت ئۇنى قىيناپتتى. كۆزى ئوچۇق تۇرغاندەك قىلىپمۇ قۇمدەك ئۇششاق چۈشلەرنى كۆرەتتى. ئۇ راستىنلا ئاشۇ ھارۋىدا كېتىۋاتقاندەك، قانداقتۇر كاتاڭغا چۈشۈپ كېتىش بىلەن سىلكىنىپ كەتكەندەك ئىتتىك بېشىنى كۆتۈردى. ئەسلىدە ئۇ بېشىنىڭ تېخىمۇ يامانراق قىشىيىپ كېتىشىدىن چۆچۈپ ئويغانغانىدى. ئۇ راستىنلا مۈگدەپ قالدىمۇ ياكى خىيال قىلدىمۇ، ئۆزى ھەم ئېنىق ئاڭقىرالمايتتى. ئىشقىلىپ بۇ يېرىم ئۇيقۇلۇق بىر ھال (كەشپى) ئىدى.

شۇ چاغدا مۇھەممەد داموللام گۆش ۋە بەھى بېسىلغان بىر لىگەن پولونى كۆتۈرۈپ كىرىپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئاشۇ ھالىتىنى بايقاپ قالدى ۋە چەكسىز خىجىللىق ئىلكىدە دېدى:

ــ كەچۈرۈڭ، ئەپەندىم، بىز خەقنىڭ مېھماندارچىلىقىمۇ شۇ ھاشاردەك، بەزى ھاللاردا مېھماننى قىيناپ بىر يەرگە ئاپىرىدىكەن.

مەمتىلى ئەپەندى روھى ھالىتىنى تېزدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، چىن دىلىدىن ئېچىلىپ كۈلدى:

— شۇنداقمۇ؟ — دېدى ئۇ ئاندىن ئۆزى جاۋاب بېرىپ، — شۇنداق. بەزىدە توق قورساقتا يەنە بىر مۇنچە نەرسىنى يېيىشكە مەجبۇر بولىسەن، — ئۇ ئىشتىيى ئۇيقۇچىلىقتا تۇتۇلۇپلا قالغان بولسىمۇ ساھىپخانىنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن ئاشقا باقتى. ئاشنى زورمۇ زور چاينىغاچ ئەتە كاتتايلاقنىڭ مەكتىپىنى كۆرۈپ بولۇپلا قايتسام ئاۋۋال قايسى ئىشنى قىلىمەن، دېگەن مەسىلە ئۈستىدە كەلگۈسى ئىش پىلانىنىمۇ كۆڭلىگە پۈكۈۋالدى.

www.uyghurkitap.com

# يىگىرمە ئۈچىنچى باب

جەمئىيەت ئۈچۈن بىردىن- بىر خەۋپ

ــ جاھالەتتۇر.

ــ ۋىكتور گيوگو «خارلانغانلار»

## 1

«يۇرت مۆتىۋەرلىرى» يەنە قاراڭغۇ بۇلۇڭ- پۇچقاقلاردا ئۇچرۇشۇپ، زامان يېڭىلىقلىرىغا بولغان تەتۈرلىكىدىن بىر يولدا جەم بولۇپ، ئورتاق نىشان ئۈچۈن سۆھبەتلەر قىلىپ، 'مۇقەددەس ئىسلام دىنىنى قوغداش' 'ئاسىي مۇسۇلمانلارنى گۇناھ ئۆتكۈزۈشتىن ساقلاپ قېلىش' ئۈچۈن ۋەدە قىلىشقاندىن كېيىن، ھەر قايسىسى ئۆزلىرىنىڭ يېزا مەھەللىرىدىكى مەسچىتلەردە ئاق- قارىنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارىنى يوقىتىشقىچە بېرىپ يەتكەن نادان خەلققە تېرە تارقىتىپ ۋەھىمە سېلىشنى باشلىۋەتكەندى.

'كىمكى ئۆز بالىسىنىڭ دىلىغا ئىمان سالمىسا، ئۇنى گۇناھلىق يولدىن توسمىسا بالىنىڭ بارلىق جىنايىتىگە شۇ ئاتا- ئانا جاۋاب قىلىدۇ' دېگەندەك سۆزلەر ئېتىقادى خۇراپات بىلەن چىرمىلىپ قالغان دېھقانلارنىڭ يۈرىكىنى زىرىلداتماي قالمايتتى. ئۇلار بۇنداق پەتىۋالار راستىنلا قۇرئانغا پۈتۈكلۈكمۇ ياكى موللىلار ئۆزلىرى ئويلاپ تېپىۋاتامدۇ، بۇلارنى بىلمىگەچكە، موللىلار نېمە دېسە شۇنى راست دەپ ئىشىنىشەتتى. بۇنداق ئەھۋالدا ئۇلار بالىلىرىنى ئىلاجى قىلىپ مەكتەپتىن قاچۇرۇشقا ئۇرۇناتتى. باشقا يېزىلاردىكى تۇققانلىرىنىڭ ئۆيىگە ئەۋەتىۋېتەتتى. نەتىجىدە بىرى بالا يوق دەپ قۇتۇلسا، ئىككىنچى تەرەپ: 'بۇ بالا ماڭا ئامانەت، ئۆزىنىڭ ئاتا- ئانىسىدىن بى جاۋاب مەكتەپكە

بېرەلمەيمەن' دەپ قۇتۇلىشاتتى.

باللار بولسا ئوقۇشقا قىزىقاتتى. چۈنكى يېڭى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى موللىنىڭ تالىپلىرىدەك بولماي، ئادەمنىڭ زوقى كەلگىدەك ئىش - ھەركەتلەرنى قىلاتتى، نۇرغۇن كۆڭۈللۈك ئويۇنلارنى ئوينىشاتتى. ھەيۋەتلىك سەپ بولۇپ، گۈرسىلدىتىپ قەدەم تاشلاپ مېڭىشاتتى. بۇنى كۆرگەن كىشى قانداقمۇ قىزىقمىسۇن؟ بىراق ئۇلارنىڭ ئاتا- ئانىسى ئاز باللىرىنى دوزاق ئازاۋىدىن قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن (ئۆزلىرىچە باللارنىڭ بەختىنى كۆزلەپ) ھەرىكەت قىلاتتى.

تەۋپىق بۇنداق كەيپىياتنىڭ يەنە باش كۆتۈرۈپ قىلىۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئۇ يېڭى تىزىملانغان باللارنى مېڭىش- تۇرۇشقا ئۈگۈتۈش ئۈچۈن سەپكە تىزغاندا ھامان بىر- ئىككى بالا كېمىيىپ باراتتى. سۈرۈشتۈرگەندە يە ئۇلار 'ئاغرىپ' قالغان بولاتتى ياكى ھاممىسىنىڭ، تاغىسىنىڭ ئۆيىگە كەتكەن بولاتتى. ئۇ شورۇقتا بارغاندا ئابلەقنىڭمۇ قاتاردا بولماسلىقى بەكلا ئاچچىقىنى كەلتۈرگەندى. كېيىن تاھىر خەلپەتتىن بالىنىڭ ئۆگەي ئانىسى كاشىلا قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇلارنىڭ ئۆيىگە سۆھبەتلەشكىلى كىرىپ، ئۇنىڭ دادىسى ۋە ئۆگەي ئانىسىغا ناھايىتى كۆپ گەپ قىلغاندىن كېيىن نامازدا مولللارنىڭ ۋەز ئېيتىپ تەھدىت سېلىۋاتقانلىقىنى سەل- پەل سەزدۈردى. بۇ قۇتراتقۇلۇقنىڭ ئارقىسىدا ھابۇلھاجىم، قازى رەئىس قاتارلىقلارنىڭ پىتنە مەنبەئەسى ئىكەنلىكى بىلىنەتتى. ئەمما ئۇلار بىۋاستە ئوتتۇرىغا چىقماستىن باشقىلارنىڭ قولى بىلەن جىنايەت ئۆتكۈزۈش شۇملىقىنى قىلىشاتتى. بەلكى ئۇلارنىڭمۇ ئارقىسىدا يەنە باشقا بىر كۈچ بولىشى چوقۇم. تەۋپىق بۇلارنىمۇ كۆز ئۆڭىدىن ئۆتكەزدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ سەۋرىسى ئاخىرقى چەككە يېتىپ، كاتتايلاقتىن قايتىپ كېلىپلا بۇ ئىش ئۈستىدە باش قاتۇردى ھەم ھەر جۈمە كۈنى بىر كەنتنىڭ ئازنا مەسچىتىدە ناماز ئوقۇيدىغان ۋە نامازدىن كېيىن كۆپچۈلۈككە، شۇنداقلا مۇتئەسسىپلەرگە ۋەز ئېيتىدىغان بولدى.

ئۇ ئىشتاچىدا، ئازغاندا، تىجەندە، بۆگەندە مۇشۇنداق نۇتۇق

يىغىنلىرىنى ئىچىپ، موللىلارنىڭ نەپسىيانەتچىلىكىنى، ئۇلاردا ۋەتەن، مىللەت تۇيغۇسىنىڭ كەملىكىنى مىساللار ئارقىلىق چۈشەندۈردى. ھەمدە بۇنداقلارغا قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ چىقتى.

ئۇ شورۇقتا بولۇۋاتقان مۇتەئەسسىپلىك ئارقىسىدا كەنجى قازاخۇنۇم بارلىقىنى سىزىپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ بەزى پىتنە- ئىغۋالىرىنى ئۇ كۆپ قېتىم ئاڭلىغان، راسا بىر ھېساب- كىتاب قىلىشماقچى بولۇپ يۈرەتتى. نويابىرنىڭ ئاخىرىدىكى بىر جۈمە كۈنى جۈمە نامىزىغا شورۇقنىڭ بوستان مەسچىتىگە يېتىپ كەلدى.

بۇ چاغدا نامازخالارخانلار سەپراس بولۇشۇپ بولغان بولۇپ، مەمتىلى ئەپەندى ئىككى جەڭچىسى بىلەن ئاخىرقى سەپتىلا تۇرۇشتى. ئۇنىڭ كېلىپ قالغىنىنى كۆرۈپ سالام قىلماقچى بولغانلارغا «نامازدىن كېيىن كۆرۈشەيلى» دەپ ئىما قىلدى. چۈنكى بۇ چاغدا كەنجى قازاخۇنۇم ۋەز ئېيتىۋاتاتتى.

نامازدىن كېيىن كەنجى قازاخۇنۇم يەنە ۋەز باشلاپ قالدى.

— مۆمىن مۇسۇلمانلار، ئاگاھ بولۇڭلاركى، يۇرتتا دەھرىلىك ئەدەپ، ئىسلام دىنىنىڭ چىرىقى خىرەلەشمەكتە. دەھرىلەر ئەۋلادلىرىمىزنى دىندىن چىقىرىشقىچە بېرىپ يەتمەكتە. بۇ ھالنى بۈگۈن يەر تەۋرەشتىنمۇ بىلىۋالغىلى بولىدۇ، — ئۇ ساقاللىرىنى تىترىتىپ، تەھدىد ئاھاڭىدا سۆزلەيتتى. شۇڭا نامازخانلارنىڭ ھېچقايسىسى مەسچىتتىن چىقىپ كېتىشكە جۈرئەت قىلىشالمايتتى. قازاخۇنۇم ئېڭىكىنىڭ ئاستىنى تاتىلاپ قويۇپ داۋام قىلدى، — يەر تەۋرەشنىڭ ئۆزى خۇدانىڭ غەزىۋى! بەندىلەر گۇناھقا پېتىپ كەتكەندىلا ئاللاھ يەر يۈزىگە ئاشۇنداق ئاپەتلەرنى ئەۋەتىپ، بەندىلەرنى ئاگاھلاندۇرىدۇ. تۇۋا قىلىشقا ئۈندەيدۇ. يەنە بولمىغاندا تېخىمۇ بەتتەر بالايى - قازا ئەۋەتىپ دۇنيانى كومپەيكۇم قىلىۋېتىدۇ! نوھنىڭ قەۋمى توپان ئاستىدا قالغان،... ئاد قەۋمى، سەمۇد قەۋمى گۇناھقا پاتقانلىقىدىن جازالانغان. بۇ مانا شۇنداق ئىش! مۇسۇلمان بەندە ئۈچۈن ئەركىشىنىڭ چاچ قويمىقى، كالتە چاپان كەيمىكى نىمىدىن بىشارەتتۇر؟ ئاينىڭ ، يۇلتۇزنىڭ ۋە يەنە يەر شارى دىگەندەك نەرسىلەرنىڭ

گىپىنى مۇسۇلمان بالىلىرىغا ئۆگۈتۈش نەقەدەر بىلىك ئەمەسمۇ!؟ بۇنى ئۇگەنگەنلەر گۇناھقا پاتىدۇ! يەر شارمۇ، چاسىمۇ بۇ دىگەن ئاللاھنىڭ ئىلكىدىكى ئىش! غەيبىنى بىر ئاللاھ بىلىدۇ! بۇنداق گەپلەرنى قىلغانلىق خۇدالىق داۋاسى قىلغانلىق! خۇدالىق دەۋاسى قىلغان پىرئەۋن نىمە بولدى؟ نەمرۇد، شەددادلار نىمە بولدى؟ ئىبرەت ئالمامدۇق؟ ئاللاھنىڭ سىرلىرىنى كوچىلاش مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ناتوغرا. بۇنداق ئادەملەر ئۇ دۇنيادا سۈرىتى مۇبەددىل بولۇپ، ھايۋان سىياقىدا قوپىدۇ! بىز سىزلەرنى يامان يولدىن يانسۇن دەيمىز، توغرا يولغا ھىدايەت قىلىمىز، گۇناھقا پاتمىسۇن دەيمىز. ياخشىلىقنى بىلمىگەنلەر دەۋزىخىدۇر!...

مەمتىلى ئەپەندىنىڭ تاقىتى پۈتتى. ئۇ خالايىقنىڭ چىتى بىلەن مەسچىت سۈپىسىغا چىقىش ئۈچۈن ماڭدى. مەڭلىكاخۇن بىلەن نىمىتۇللا ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا ئەگەشتى.

ئىككى قۇراللىق ئەسكەرنىڭ مۇھاپىزىتىدىكى مەمتىلى ئەپەندىنىڭ مۇنبەردە پەيدا بولىشى بىلەن كەنجى قازاخۇنۇمنىڭ گىپىغا بىر نىمە تۇرۇپ قالغاندەك ئۇنى ئۈچتى.

ـــ خوش كەپلا... تەقسىر... ئۇ ساقىلىنى يۇقىرى قىلىپ ئىڭكىنىڭ ئاستىنى تاتىلىدى.

ـــ نىمە دەپ زەھەر چىچىۋاتىسەن، يىلان!؟ــ دەپ ۋارقىرىدى مەمتىلى ئەپەندى غەزەپتىن تىترەپ،ــ نىمە دىمەكچىسەن؟ قايسى مەقسەتكە يەتمەكچىسەن!؟ سەندەك شۇتاڭغا بالا بەرگەنلەر جەننەتكە كىرىپ، ئۆزىنىڭ زۇۋانىدا ئىلىم ئوقۇغانلار دوزاققا كىرەمدۇ؟ سۆزلە! قانداق دەھرىلىك ئەدەپ كەتتى؟ نىمىسى دىنغا مۇخالىپ؟ قۇرئان ھەدىستىن دەلىل كۆرسەت! چاچ قويسا يامان بولىدۇغان، كاپىر بولۇپ كىتىدىغانغا دەلىلىڭنى كۆرسەت! بارمۇ دەلىل؟ سۆزلە!

كەنجى قازاخۇنۇم ئۆزىنى يۆشۈرىدىغان تۆشۈك ئىزدەپ ئوڭ-سولغا، ئالاق-جالاق قاراشقا باشلىدى. ئۇ توپ ئارىسىغا كىرىپ كەتمەكچى بولۇپ تەمشىلىۋىدى، نىمىتۇللا ئۇنى توسۇۋالدى ئۇ نەچچە يۈزلىگەن ئادەمنىڭ كۆز ئالدىدا شۇمشەيگىنىچە بوينىنى قىسىپ، بېشىنى تۆۋەن

www.uyghurkitap.com

سىلىپ جىم تۇراتتى. ئۇنىڭ ھېلىلا خالايىققا سۇر كۆرسىتىپ ۋارقىرىغان چاغدىكى ھەيۋىتىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى.

ــ سەن بايا دېگەن تۆھمەتلىرىڭنى جامائەت ئالدىدا بوينۇڭغا ئالمايدىغان بولساڭ، قۇرئان ھەدىستىن دەلىل كۆرسىتىپ، توغرا دېگەنلىكىڭنى ئىسپات قىل! بارمۇ دەلىلىڭ؟!

ــ ...

ــ كىمىكى ئاللاھ نامىدىن يالغاننى توقۇيدىكەن، ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ لەنىتى ياغىدۇ، دېگەن ھەدىسنى ئاڭلىغانمۇ سەن؟

ــ ...

ــ بايا دېگەنلىرىڭ دىن نامىدىن، ئاللاھ نامىدىن يالغان توقۇش بولمىسا دەلىلىڭنى قوي! ــ مەمتىلى ئەپەندى جامائەت ئىچىگە بىر قۇر كۆز يۈگەرتىپ، ــ ئىچىڭلاردا دىننى بىلگەن باشقا ئادەم يوقمۇ؟ بىزنىڭ قىلىۋاتقانلىرىمىزدىن دىنغا خىلاپ كېلىدىغان ئىشلار بولسا دەلىلى بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇپ بېقىڭلار، بىز تۈزىتەيلى، بارمۇ سۆزلەيدىغانلار؟

خالايىق زۇۋان سۈرمىدى. تىرىك قىلغان ئاۋازمۇ ئاڭلانمايتتى. ھېچكىم زۇۋان سۈرۈشكە پېتىنالمايتتى. موللا ئەمەس بىرسى يۈزلەپ ئايەت كەلتۈرسىمۇ ئىشىنىپ كەتمەيدىغان بۇ ئادەملەرگە مەمتىلى ئەپەندىنىڭ سۆزلىرى قايىل قىلىش رولى ئوينىدى دېيىشكىمۇ بولار، ئەمما، بىر ملتىقلىق ئادەمدىن پۈتۈن بىر يۇرت قورقۇپ سىيۇۋېتىدىغان بۇ خەلق كۆز ئالدىدا ئىككى قوراللىق ئەسكەر تۇرغاندا ئىشەنگەن موللىسىنىمۇ ھىمايە قىلالمايتتى. ئۇقۇمۇشلۇقلاردىن بەزىلىرى گەرچە مەمتىلى ئەپەندىنىڭ دېگەنلىرىنى توغرا تاپسىمۇ، ئەنئەنىدىكى توغرا- خاتا بىلەن ھېساپلاشماي قىلىنىۋېرىدىغان «يۈز- خاتىرە» تۈپەيلى، كەنجى قازاخۇنۇمغا قارشى مەيدان تۇتۇشقا «يۈزى چىدىمايتتى». ئەپەندى دېگەن كېتىدۇ، بىز يەنە قازاخۇنۇم بىلەن قالىمىز دېگەنلەرنى ئويلىشاتتى.

ــ خەلقنى توغرا يولغا باشلىماقچىمۇ سەن؟ ياكى ئەگرى يولغىمۇ؟

ــ خاتا يولغا باشلاپتۇق، ئۆزى...

ــ تۇفېي!ــ دېدى مەمتىلى ئەپەندى بۇ بىچارە ھالەتكە چۈشكەن،

كەچكـۈزدىكى چىۋىنـدەك دۈگـدەرەپ قالغـان، گويـا بىشـىدىكى ئـادەتتىن تاشـقىرى يوغـان سەللىسـىنى كۆتـۈرەلمەي قالغانـدەك بىشـى سـاڭگىلاپ كەتـكەن بايقۇشـقا نەپـرەت بىـلەن تىكـىلدى. ئارقىـدىن ئۈنىـڭ بىشـىغا بىگىــز بـارمىقى بىــلەن نوقـۇپ تـۇرۇپ، ـــ ھەي، شـەرمەندە! ھىلـى سـەن خەلقنــى تــوغرا يولغــا ھىــدايەت قىلغــۇچى بولــۇپ ئىشــەنچ بىــلەن گەپ قىلىۋاتاتتىڭ، ھالىـڭ شـۇمىدى؟ ئـۆزەڭ قىلىۋاتقـان ئىشـنىڭ ھەقىـقەتەن توغرا ئىكەنلىكىگە ئىشەنچ قىلالماي قالدىڭمۇ ياكى ئاغزىڭدا مۇقەددەس دەپ چەل تەگــدۈرمەي كۆتۈرۈۋالغــان ئېتىقادىڭــدىن جىنىــڭ ئەۋزەلـــراق تويۇلـۇپ، ئـۆزەڭنى ئەيىبلەۋاتامسـەن؟! ئەگەر سـەندە راسـت ئېتىـقاد بولسـا مىنىــڭ مىلتىقىمــدىن قورقمــاي توغرىســنى ســۆزلە! «زالىــم پادىشــاھ ئالدىــدا بىــر ئېغىــز ھەق گەپنــى قىلىشــمۇ جىھــاد قىلغـانلىق بولـۇدۇ» دىگەن ھەدىسكە كۆرە، ئۆزەڭنى ھەق دەپ بىلسەڭ دەلىـل بىـلەن سـۆزلە شـۇ ھەقنــى! يالاقچىلىقىڭــدىن شــۆتاڭغا بــالا بەرگىنىــڭ ھىــدايەت ئىچىــدە بولغىنىڭمىدى؟ بۇ مەكـتەپ ئاللاھنىـڭ سۆزى، ئـاللاھنى تەسـدىقلايدىغان ئىلىملەر ئۆگۈنۈلىدىغان مەكتەپقۇ؟ يەنە نىمە دەيسەن؟!

ـــ ئازمـاس ئـاللا ... ئىنسـان دىـگەن خـام سـۈت ئەمـگەن ... ـــ كەنجـى قازاخۇنۇم بىچارىلىك بىلەن غۇدۇڭشىدى.

ـــ ئېيتىـپ باقە، بايـا قىلغـان تەرغىباتلىرىڭنىـڭ خاتـا بولغـانلىقىنى ئۇشــتۇمتۇت ھــېس قىلىــپ مۇشــۇنداق دەۋاتامســەن يــاكى جاننىــڭ تاتلىقلىقىدىنمۇ؟

ـــ ھۆكۈمەتنىـڭ ئەمـرى ۋاجىـپ، تەقسـىر، سـىلى دىگەنـدىن كىيىـن بىـز ئۇنى توغرا دىمەي بويۇن تاۋلىق قىلىپ بىشىمىز ئۇنمۇ؟...

ـــ ئاڭلىــدىڭلارمۇ، ۋەتەنداشــلار؟ بۇنــداق ئــادەملەردە ۋىجــدان دىــگەن نەرسە بولمايدۇ. ئـۇلار سـىلەرگە ئىمـاننى، ئېتىقـادنى تەشۋىق قىلىـدۇ- يـۇ، ئۆزىنىڭ ئىمانى، ئېتىقادى مۇستەھكەم ئەمەس. ئازراق مۇشـكۈلگە يولۇقسـا ئىمانىـدىن، ئېتىقادىـدىن كىچىـپ ئىـت جىنىنـى سـاقلاپ قىـلىش ئۈچـۈن ئۆزىنى- ئـۆزى كاچاتلايـدۇ. ئـۆزىنى - ئـۆزى يالغانغـا چىقىرىـدۇ. ئـۇ بايـا نـىمە دەپ ۋەز ئېتىقـان؟ ئەجەبـا مىنىـڭ ئىككى ئەسـكىرىمنى كـۆرۈپلا سـىلەرگە

www.uyghurkitap.com

دەۋاتقان، سىلەرگە تەشۋىق قىلىۋاتقان يولنى ئۆزى خاتا دېدىغۇ؟ بۇنداق ئادەملەرگە ئەگىشىش توغرىمىكىن؟ــ مەمتىلى ئەپەندى يۈكسەك دەرىجىدىكى ناتىقلىق قابىلىيىتى بىلەن رەقىبىنىڭ ئەينى مەيداندىكى ئىككى خىل ھالىتىدىنلا پايدىلىنىپ ئۇنى شەرمىسار قىلىۋەتتى. خەلق ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇرغان كارتىنىلار بىلەن مەمتىلى ئەپەندىنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ ئويلىغىنىدا قايىل بولمىغىنىمۇ ئاز قالدى. مەمتىلى ئەپەندى سوئالنىڭ كىشىلەر قەلبىدە قانداق تەسىر قوزغايدىغانلىقىنى بىلىپ باقماقچى بولغاندەك، بىردەم كۆپچۈلۈككە سەپ سېلىپ قارىدى. كۆپچۈلۈك چوڭقۇر تىنىپ، جىم- جىت قۇلاق سالاتتى. ئۇ سۆزىنى دادام قىلدى، ــ شۇنداق، ۋەتەنداشلار، بۇنداق رەزىل ئادەملەر مىللەتتىن ئىبارەت بۈيۈك تەنگە چىققان جاراھەتتۇر! ئۇلار ھامان جان قايغۇسى بىلەن ھەلەك. شۇڭا ئۇلار شەخسى پايدىسى ۋە ھاياتىنى قوغداپ قېلىش ئېھتىياجى ئۈچۈن ھەر قانداق ھۆكۈمران گۇرۇھقا، ھەر قانداق چەتئەل جاھانگىرلىرىغا ئوخشاشلا يالاقچىلىق قىلىۋېرىدۇ. بىزنىڭ ئىمانىمىز توغرىسىدا ھېلىلا گۇمان بىلەن سۆزلىگەن بۇ ئادەم ئەگەر پەرەڭلەر ياكى ھىندىلار يۇرتىمىزغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئۈچۈن كەلسە مانا شۇنداق تەشۋىقات بىلەن سىلەرنى قوزغاپ چىقىپ ئىسلام دىنىنى قوغداش شۇئارى بىلەن ئاشۇلارغا قارشى كۈرەش قىلارمۇ؟ ناتايىن! ئۇ بايا ئېيتقاندەك «ھۆكۈمەتنىڭ ئەمرىنى تۇتماق ۋاجىپ» دەيدۇ- دە، ھىندىلارغىمۇ، پەرەڭلەرگىمۇ، مۇڭغۇللارغىمۇ ئوخشاشلا خىزمەت قىلىۋېرىدۇ. ئۇلارنىڭ دىنسىزلىقى، تاجاۋۇزچى بولۇشى، مىللەتنىڭ پايدا- زىيىنىدىن قەتئىينەزەر، پۇل بەرسىلا ئۇلارنىڭ پايدىسىغا پەتىۋا بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ سىياسىتىنى دىنىي ئەھكاملار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ مەدھىيىلەيدۇ. بىچارە جېنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ تاپىنىنى يالاپ، يالاقچىلىق قىلىدۇ. مانا، سىلەرگە ئىمان، ئېتىقاد ھەققىدە گەپ قىلغان ئادەمنىڭ ئەھۋالى!ــ ئۇ بىردەم تۇرۇۋېلىپ داۋام قىلدى،ــ ھۆكۈمرانلارچۇ؟ ئۇلار دەل مۇشۇنداق ئىمانى سۇس تېجىمەللەردىن پايدىلىنىپ بىزنىڭ ئۈستىمىزدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. چۈنكى،

ھۆكـۈمرانلار بىلـىدۇكى، بىزنىـڭ خۇراپاتلىققا پاتقـان خەلقىمىـز قىلىـچ شىلتاپ قىلىغان گەپكە ئۇنىمايدۇكى، قۇرئاننى، خۇدانىـڭ نامىنى شـىپى كەلتۈرۈپ قىلىنغـان سـۆزگە شەرتسـىز بويسـۇنىدۇ. ھۆكـۈمران بىۋاسـتە گەپ قىلغانـدا ئاڭلىمىغـان خەلـق شـۇ سـۆزنى مۇنـىڭـدەك يـالاقچى كانـايلار ئـارقىلىق دېسـە ئاڭلايـدۇ. دېـمەك بۇنـداق «مۆتىـۋەرلەر» مىللىتىمىزنـى قۇل قىلغۇچىلارنىـڭ قولىـدىكى قـورال! ئـۇلار مۇشـۇ تەقلىـدتە ھىـدايىتۇللا ئاباقنى قانـداق ھىمـايە قىلغـان بولسـا، ياقۇپبەگنىمۇ شـۇنداق خوشـامەت بىلەن قارشى ئالغان؛ روروۋُتاڭنى قانـداق چاچاڭ قـۇرۇپ كۈتۈۋالغـان بولسـا، يـاڭ زېڭشـىڭنىمۇ شـۇنداق سـاداقەت بىـلەن خىـزمەت قىلغـان. ئۇلارغـا ھۆكۈمرانلىـق قىلغۇچىلارنىـڭ پەرقـى يـوق. ھامـان شـۇلار تەرەپتە تۇرىـدۇ. پەقەت ئۇنىـڭ خـۇدانى ۋە خەلقنـى ئالدايـدىغان، سـاختا ئىخـلاس بىـلەن ئوقۇلۇدىغان نامىزىغا كاشىلا قىلىمىسىلا، پەتىـۋا چىقىرىـپ ئـۆز خەلقىنىـڭ قېنىنـى شـوراش ئۇچـۇن كـالتە قوشـۇقنىڭ سـېپىنى تۇتقـۇزۇپ قويسـىلا بولىـدى. بىـر ئۆمـۈر ئۇلارغـا يـالاقچىلىق قىلىۋېرىـدۇ. ئەمـدى ۋەتەنداشـلار، ئۆتمۈشـكە نەزەر سـېلىپ، بۈگۈننىمـۇ كـۆز ئالـدىڭلاردا قويـۇپ، ئـويلاپ كۆرۈڭلار، مېنىڭ دېگەنلىرىم راستمۇ- قانـداق؟ كىمنىـڭ ئىمـانى كامىـل ئەمەسكەن؟ كىمنىڭ كامىلراق ئىكەن؟

مەيدانـدا شـۇنداق سـۈرلۈك جىمـلىـق ھۆكـۈم سـۈردىكى، كۆپچۈلـۈك مەمتىلـى ئەپەنـدىنىڭ ئـاخىرىنى ئـۇلاپ داۋاملىـق سۆزلەۋېرىشـىگە تەشـنا بولـۇپ كەتتـى. بۇنـداق جىـم- جىتلىـق كىشـىنىڭ يـۈرىكىنى سىقاتتى. نويابىرنىـڭ ئـاخىرى بولغاچقـا غـۇر- غـۇر شـامال كىشـىلەرنىڭ تېنىنـى چىقىــپ ئــۆتەتتى. بەزىلەرنىــڭ پــۇتى توڭۇشــتىن ســەزمەس بولــۇپ كەتكەنىدى. لېكىن ھېچكىمنىڭ خىيالىدا مەسچىتتىن چىقىـپ كېتىش خىيالى، ھەتتا پۇتىنى يەرگە ئۇرۇپ ئازراق ھـارارەت ھاسىل قىلىش خىيالى يوق ئىدى.

ــــ ۋەتەنداشلار،ــــ مەمتىلى ئەپەندى سۆزىنى داۋاملاشـتۇردى. بـۇ نـۆۋەت ئۇنىــڭ ســۆزى مۇلايىملىــق بىــلەن جاراڭلىــدى. ئۇنىــڭ ئاۋۇشــىدا «ئەي خالايىق، نېمىنىـڭ تـوغرا، نېمىنىـڭ خاتا ئىكەنلىكىنى چۈشەنسەڭلەرچۇ،

www.uyghurkitap.com

چۈشەنسەڭلارچۇ!» دېگەن ئىلتىجا بار ئىدى، ــ ئاراڭلاردا سودىگەرچىلىك بىلەن چەتئەلگە چىققانلار بار، شۇلاردىن سوراپ كۆرۈڭلار، دۇنيادا يەنە كىملەر بىزدەك ياشايدىكىن؟ كىم بىزدەك هاياتنىڭ لەززىتىنى سۈرۈشتىن مەھرۇم هالدا، تىرىك مۇردىلاردەك ياشايدىكىن؟ ئويلاپ كۆرۈڭلار، ۋەتەنداشلار، مۇشۇمۇ هاياتمۇ؟ هەربىر ئادەم ئۈچۈن بىر قېتىمدىلا بېرىلىدىغان قىممەتلىك هايات مۇشۇنداق قۇرۇتتەك مىدىرلاپ يۈرۈش بىلەنلا قانائەت تاپامدۇ؟ ئەي، بوغرا ئەۋلادلىرى، بىزنىڭ تومۇزىمىزدا ئاتىللانىڭ، ئاقساق تۆمۈرنىڭ قېنى بارمۇ- يوق؟! بىزنىڭ يورۇق چۈشمەيدىغان چالما ئۆيلەردە ئولتۇرۇشىمىز، توپا تۇزۇپ تۇرۇدۇغان ۋەيرانە كوچىلاردا يالاڭئاياق يۈرىشىمىز تەقدىردە پۈتۈلگەنمۇ؟ ئاللاھ بىزنى مۇشۇنداق ياشاشقىلا ياراتقانمۇ؟ بۇنداق دېگۈچىلەر ئاللاھنى تولىمۇ ئادالەتسىز دېمەكچىمۇ- قانداق؟ ئەجەبا ئاللاھ بىزگە ئۇ دۇنيادىلا بەخت- جەننەت ئاتا قىلىپ، بۇ دۇنيالىقنى غەيرى مۇسۇلمانلارغا بەرگەن بولسا؟ ياق، ۋەتەنداشلار، بۇلار هۆكۈمران كۈچلەرنىڭ يالاقچىلىرى مۇسۇلمانلارنى ئالداش، قورقۇتۇش ئۈچۈن ئويلاپ تاپقان يالغان سۆزلەر! سىلەر ئوقۇمىغىنىڭلار ئۈچۈن دۇنيادىن بىخەۋەر، موللىلار نېمە دېسە شۇنى راست دەيسىلەر. ئەگەر ئوقۇغان بولساڭلار ئىدى، ئۇ هالدا دۇنيادىن بىخەۋەر قالمايتىڭلار- دە، دۇنيادا «پانى دۇنيالىقنى بەرگەن» غەيرى مۇسۇلمانلارنىڭمۇ ئىنتايىن نامرات ۋە مەھكۇملۇقتا ياشاۋاتقانلىرى بارلىقىنى؛ «باقى دۇنيالىقنى بەرگەن» مۇسۇلمانلارنىڭ مۇشۇ دۇنيادىمۇ ئىنتايىن پاراۋان هايات ئىچىدە ياشاۋاتقانلىرى بارلىقىنى بىلگەن بولاتتى. شۇڭا هۆكۈمرانلار ــ سىلەرنىڭ قېنىڭلارنى ئىچكۈچىلەر سىلەرنىڭ نادان، گول، ئاخماقراق بولۇشۇڭلارنى ئارزۇ قىلىدۇ. نادان ئادەملەر خۇددى بىر پادىغا ئوخشايدۇ. پادىغا بولسا نەچچە قورۇسى ئۈچۈن پەقەت بىر پادىچى بولسىلا كۇپايە، خوجايىن ئازراق هەق بېرىپ پادىچىلارنى ياللايدۇ ياكى يۈندىسىنى بېرىپ پادىچى ئىتلارنى باقىدۇ ـ دە، بۇ «پادا» نى باشقۇرۇپ كېتىۋېرىدۇ. ئەنە شۇ «پادىچىلار»، ئەنە شۇ «چوپان ئىتلىرى» مانا مۇشۇنداق مىللىي مۇناپىقلار! بۇ «پادىچىلار» ئۆز پادىسىدىن خالىغان

ۋاقىتتا، خالىغان جاننى زامان قاسساپلىرىغا سېتىپ بېرىدۇ ياكى ئۆزى تۇتۇپ بېرىدۇ، پەقەت خوجايىن شۇنى خالىسىلا!

كۆپچۈلۈك ئېغىر تىندى. ئۇلار خۇددى چەكسىز بوشلۇققا تاشلىۋەتكەندەك بولۇپ قېلىشتى. مەمتىلى ئەپەندى يەنە ئازراق پائۇزىدىن كېيىن داۋام قىلدى:

ــ ئەي، ۋەتەنداشلار، سىلەر ئىنسانمۇ. قانداق؟ ئىنسان بولۇپ تۇغۇلۇپ، ئاڭسىز پادا بولۇپ ياشاشنى ۋىجدانىڭلار كۆتۈرەمدۇ؟ خۇدا بىزنى جىمى مەخلۇقاتتىن ئەزىز ۋە ئۇلۇغ قىلىپ ياراتقان تۇرسا، بىز شۇ ئۇلۇغلۇقنى قولغا كەلتۈرەلمەي، باشقا تۆۋەن دەرىجىدىكى ھايۋانلار قاتارىغا چۈشۈپ قالساق بۇ خۇدانىڭ غەزىپىنى كەلتۈرمەسمۇ؟ بۇ خۇدانىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ ئەمەسمۇ؟ ئىنساننىڭ ئىنسان سۈپىتىگە كىرىشى ئۈچۈن بىلىم ئىگىلىشى زۆرۈردۇر. مانا شۇنداق بولغاندىلا ھەرخىل روھى كىشەنلەردىن قۇتۇلۇپ كېتەلەيمىز. ئۆزىمىزنىڭ بارچە مەخلۇقتىن ئەزىز، ئۇلۇغراق ئىكەنلىكىمىزنى نامايان قىلالايمىز. مانا شۇنداق بولغاندىلا ئادەم دېگەننىڭ ھايۋاندەك ياشىماسلىقى كېرەكلىكىنى، ئەركىن پاراۋان ھۆر- ئازادە ياشاش ئىنساننىڭ ئىززەت-نەپسىگە مۇناسىۋەتلىك ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشىنەلەيمىز. ئۆزىمىزنىڭ قەدىر- قىممىتىنى بىلىمىز. بىلىم بولغاندىلا ئىنساندەك ياشاشنىڭ شەرت- شارائىتلىرىنى يارىتالايمىز. ۋەتەنداشلار، ئورۇسلار، پەرەڭلەرمۇ ئوخشاشلا ئادەمغۇ؟ ئۇلارنىڭمۇ ئىككى قولى بار، ئەقلى ھوشى بار، بىزمۇ ئوخشاشلا شۇنداققۇ؟ نېمىشقا بىز ماشىنا ياسىيالمايمىز؟ نېمىشقا بىز ئەۋلاتتىن- ئەۋلادقىچە كېسەك ئۆيلەردە ئولتۇرىمىز؟ نېمىشقا ئاسماندا ئۇچالمايمىز؟ خۇدا بىزگە نېمىشقا ئاشۇ نەرسىلەرنى ئاسماندىن تاشلاپ بەرمىدى؟ نېمىشقا شۇنداق بەختىيار تۇرمۇش ئاتا قىلمىدى؟ بۇ بىزنىڭ خۇداغا ئۆگەي بولغانلىقىمىزدىن ئەمەس، ھەممىمىزنى خۇدا ياراتتى. ھەممە مىللەتنى خۇدا ياراتتى، خۇدا ھەممە مىللەتكە ئوخشاش ئەقىل بەردى. ئۆزىمىزنىڭ ئەقىل- پاراسىتىمىزنى جارى قىلالماي يۈرسەك ئەيىپ كىمدە؟ ئەلۋەتتە ئۆزىمىزدە! ئوقۇيلى، ۋەتەنداشلار. بىز مەھمۇت قەشقىرىنىڭ ئەۋلادى.

خۇراپاتتىن قۇتۇلمىساق شەرىپىمىزنى ئەسلىگە كەلتۈرەلمەيمىز، ساقلىيالمايمىز.

مەمتىلى ئەپەندى سۆزلەپ بولغىچە سۇغا چۈشكەن ئىتتەك شۈمشىيىپ تۇرغان كەجى قازاخۇنۇم مەمتىلى ئەپەندى سۆزىنى تۈگەتكەندە بۈركۈتنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇش شاتلىقىغا چۆمگەن تۈلكىدەك، يۈركى ئويناپ كەتتى. نىمىتۇللا ئۇنىڭغا يېقىنراق كېلىپ بۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئاللىقانداق يامان تەرغىباتلارنى داۋام قىلىدىغان بولسا ئېتىپ تاشلايدىغانلىقىنى ئېيتىپ پوپوزا قىلدى. چۈنكى ئىلمىي ئاساسلار بىلەن قايىل قىلىشقا بولمايدىغان بۇنداق مۇتەئەسسىپلەرگە ئەڭ مۇۋاپىق چارە مەجبۇرلاش ئىدى. ئارقىدىن ئۇ كەنجى قازاخۇنۇمنى مۈرىسىدىن ئىتتىرىۋەتتى. بۇ ئۇنىڭ «ئەمدى كۆزدىن يۈتسەڭمۇ بولىدۇ» دېگىنىدى. كەنجى قازاخۇنۇم كېتىشكە تەمشەلدىيۇ، يەنە مەمتىلى ئەپەندىنىڭ رۇخسەت قىلماسلىقىدىن قورقۇپ ئۇنىڭ كۆزىگە قارىدى، دېگەندەك، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئۇنىڭغا قىلىدىغان سۆزلىرى باردى.

— قازى، سەن بايا خاتا قىلغانلىقىڭنى ئېتىراپ قىلغانىدىڭ، ئۇنداق بولسا بۇندىن كېيىن خەلق مەنپەئەتىگە مۇخالىپ كېلىدىغان بۇنداق قىلمىشنى قىلماسلىققا قەسەم قىلىپ باقە!

— بىللاھكى... — كەنجى قازاخۇنۇم شۇنداق دەبدەبىلىك سۆزلەرنى تىزىپ قەسەم قىلىشقا باشلىدىكى، ئۇنىڭ سۆز ۋە ھەركەتلىرىدىن بۈركۈتنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن جىمىكى ۋاستىلەرنى قوللۇنۇشتىن يانمايدىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

— ئەي، ۋەتەنداشلار، — دېدى تەۋپىق كەنجى قازاخۇنۇمنىڭ تەنتەنىلىك قەسىمى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، شائىرانە ئاھاڭدا، — سىلەر مانا مۇشۇنداق ئادەمگىمۇ ئىشىنەمسىلەر؟ ھېلىلا باشقىچە گەپ قىلغان ۋە شۇ گەپلەرگىمۇ خۇدانىڭ نامىنى شىپى كەلتۈرگەن بۇ كىشى ئەمدى ھېچبىر قىزارماستىن قەسەممۇ ئىچىۋاتىدۇ، دېمەك، جىنىنى دەپ ئۆزى توغرا دەپ ئىشەنگەن نەرسىدىن تېنىۋاتىدۇ ۋە ئۇنىڭغا قارشى ئىش قىلىۋاتىدۇ، — تەۋپىق قولىنىڭ بىگىز بارمىقى بىلەن يېنىدىكى

كەنجى قازاخۇنۇمنى كۆرسۇتۇپ سۆزلەيتتى. ئۇنىڭ بۇنداق تۇرۇشى خۇددى بىرەر ئەخلەت دۆۋىسىنى ياكى باشقا شۇنىڭغا ئوخشاش ئىپلاس نەرسىنى كۆرسۇتۇپ تۇرغاندەك تۇيۇلاتتى، ــ بىز بۇنداق قەسەم قىلمايمىز، بۇنداق ئىككى يۈزلۈك ئەمەسمىز، جېنىمىزنى دەپ ئۆزىمىز توغرا دەپ ئىشەنگەن ئىشنىڭ تەتۈرسىنى قىلمايمىز، بۇندىن ئىككى ئاي ئىلگىرى تەلەبىلەرنىڭ باشلىرى يېرىلغان، ماڭا تەھدىتلەر بولغان، بىراق، بىز ئۆزىمىزنىڭ توغرا قىلىۋاتقانلىقىغا قەتئىي ئىشەنگىنىمىز ئۈچۈن ئارقىمىزغا يانمىدۇق. قالغىنىنى بۇندىن كېيىنكى ئەمەلىيىتىمىزدىن كۆرىسىلەر قازاخۇنۇمنىڭ ئىچكەن قەسىمىدە قانچىلىك تۇرۇدۇغانلىقىنىمۇ كۆرۈشكە ئۈلگۈرىسىلەر، ئۇنىڭدا ۋە ئۇنىڭغا ئوخشىغانلاردا بۇنداق ئەرزان باھالىق قەسەملەر ئاز بولمىسا كېرەك. دېمەك، يەنە بىر كۈنلىرى ئۇنىڭ بۈگۈنكى قەسىمىگە مۇخالىپ يەنە باشقا قەسەملەرنىمۇ ئىچىدىغانلىقىغا ئىشىنىۋېرىڭلار!ــ ئۇ بىردەم توختاپ، سۆزىنى خۇلاسىلىگەندەك قوشۇپ قويدى، ــ توغرۇلۇق ئاددىي ئادەملەرنىمۇ ئۇلۇغلۇق دەرىجىسىگە كۆتىرىدۇ، ئەگرىلىك ئۇلۇغلارنىڭمۇ رەسۋا بولۇشىغا سەۋەپ بولىدۇ.

ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى سۇپىدىن چۈشۈۋېتىپ ئېيتتى. بۇ چاغدا كەنجى قازاخۇنۇم ئاللىقاچان چاشقان تۆشۈكىگە كىرىپ يوقالغانىدى، مەسچىد هويلىسىدىن چىققاندا هەربىر كىشى مەمتىلى ئەپەندىنى ئۆيىگە باشلاپ كىرىش ئۈچۈن چىن قەلبىدىن تەكلىپ قىلىپ تۇرۇۋېلىشتى. ئۇلار تەكلىپ قىلىۋېتىپ، يەنە قازاخۇنۇم ياكى ئىماماخۇنۇم دېگەنلەر بىر بۇلۇڭدا كۆرۈپ تۇرغان بولمىسۇن دېگەندەك ئەيمىنىپ ئەتراپقا قاراپ قوياتتى. دېمەك، ئۇلار قورقۇپ ئادەتلىنىپ كەتكەنىدى.

مەمتىلى ئەپەندى هەممەيلەنگە سىلىقلىق بىلەن ئۆزرە ئېيتتى. ئۇ مېهمان بولۇپ يۈرۈشكە ئېشىنالمايتتى. دەل هازىرنىڭ ئۆزىدە ئاغۇ يېزىسىغا قاراپ مېڭىپ خۇددى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش زىندىيەتنى هەل قىلىپ كەلمىسە بولمايتتى.

ــ رەخمەت، ئاكىلار، سىلەرنىڭ ئىشىمىزنى قولىغانلىقىڭلار بىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

ئۇچۇن قوي سويۇپ بەرگەندىن ئارتۇق بولۇدۇ، بۇنىڭدىنمۇ كاتتا مېھماندۇسلۇق بارمۇ؟ رەخمەت، مەن يەنە ئىش قىلىشىم كېرەك.

*

**

يەنە بىر جۈمە كۈنى ئۇ سۈنتاغ مەسچىتىدە بولدى. بۇ يەردىمۇ نامازدىن كېيىن جامەتكە تەشۋىق تەرغىبات قىلغاندىن كېيىن قايتىنۋاتقاندىمۇ، بۇ يەردىكىلەرنىڭ كۆپچۈلۈكى ئۇنى خۇددى ئەڭ يېقىن دوستى بىلىپ، ئاغرىنغان ھالدا ئۆيلىرىگە تەكلىپ قىلىشتى.

— ھېچ بولمىسا بىر پىيالە چاي ئىچىپ كېتىڭ، ئەپەندىم.

— بىزگە ھېچ ھەشەم يوق، قوي سويامتۇق، ئاسقان ئۈزۈملىرىمىز بار، سوغۇق كۆرسۈتۈپ كەسكەن. ئېغىز تىگىپ ماڭسىڭىز بولاتتى. ياز چىكەتتى، ئېغىز تەگمىدىڭىز...

— ئەمسە ئاناردىن بىر نەچچىنى ئېلىۋېلىڭ...

ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ئۇنى تۇتۇپ قېلىشقا تىرىشاتتى. مەمتىلى ئەپەندى ھەممە ئادەمنى ئىللىق مۇئامىلە، يېقىملىق سۆزلىرى بىلەن پەپىلەپ، تەكلىپلىرىنى ئۇنتۇلدۇراتتى. كىشىلەردە ئۇنى مالال قىلماسلىق خاھىشى پەيدا بولاتتى.

ئۇلار مەسجىد قەۋمىنى ئارقىدا قالدۇرۇپ ئانچە ئۇزۇن ماڭمايلا (تېخى ئاتلىرىغا مىنىشكىمۇ ئۈلگۈرمەي) ئىشىك ئالدىدا تۇرغان بىر كىشى ئۇلارنى توسۇپلا ئالدى.

— بىر پىيالە چېيىمنى ئىچىپ كەتمىسەڭلا بولمايدۇ. بوسۇغامدىن ئۆتۈپ كەتسەڭلا بەك سەت بولۇدۇ، — دېدى ئۇ. قارىغاندا ئۇ نامازدىن چىقىپلا ئىشىكى ئالدىدا ساقلاپ تۇرغان بولسا كېرەك، — مېنىڭ ئىسمىم سەمەد، مەن سىزگە يۈز كېلەلمەيمەن.

— نېمىشقا؟ سىز مېنىڭ ئالدىمدا ئەيىپ ئىش قىلغىنىڭىز يوققۇ؟ — تەۋپىق يېقىملىق تەبەسسۇم قىلىپ سورىدى.

— ھېلىقى چاغدا... تالادا ئادەم ئۆرىدىكەن، خوتۇنلارغا ئېسىلىدىكەن،

... دەپ ئۇستۇڭلاردىن گەپ تارقاتقاندا شۇ گەپلەرگە ئىشىنىپ يۈرگەنىكەنمەن... مەكتەپكە خەتلەنگەن بالامنىمۇ ئۇرۇشۇپ يۈرۈپ ئۆچۈرگۈزىۋەتكەنتىم...

— ھەي، ساددا دوستۇمەي، ئۇ گەپلەر نىۋاققى گەپ؟ بولدى، بولدى، ئۇنى كۆڭلىڭىزدىن چىقىۋېتىڭ، ماقۇل خەير...

— ئۆيدىغۇ ئۆزەم يالغۇز... بالىلار بىلەنلا...ئايال كىشى بولمىسىمۇ سىزنى بار- يوقۇم بىلەن مېھمان قىلىمەن، كىگىزچىلىك قىلىمەن، ھال- كۈنۈم يامان ئەمەس، خۇداغا شۈكرى، بالىلارنىمۇ ئوقۇتقۇچىلىكىم بار...

— شۇنداقمۇ؟ بۇمۇ ياخشى بولدى، دوستلۇشۇپ قالدۇق، يەنە بىر قېتىمدا...

— مۇشۇنداقلا كەتسەڭلار سەت بولۇدۇغۇ؟ مەن تېخى ھېلىقى توغرۇلۇق كۆڭلۈمدىكىنى تۆكەرمەن دەپتىم...

— سەت بولمايدۇ، نېمىشقا سەت بولاتتى؟ دوستلۇق جەڭدە سىنىلىدۇ. داستىخان دېگەندە ھەممە ئادەم دوست، بايا كۆپچۈلۈكنىڭ ئىپادىسىدىن مېنى قوللايدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. دېمەك، سىلەرنىڭ دوستلۇقۇڭلاردىن گۇمانلانمايمەن. شۇنىڭ ئۆزى بولمىدىمۇ؟ چايدىن باشقا ئۇسۇل بىلەن دوستلۇقنى بىلدۈرگىلى بولمامدىكەن؟ — ئۇ سەمەدكە بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن،— بىر بىرىمىزنىڭ ئەھۋالىغا ئۇنىڭسىزمۇ يېتىۋېرىمىز، مەسىلەن: بايا يالغۇزمەن دېدىڭىزمۇ؟ ھە، دېمەك ھەمرىيىڭىز سىزدىن بۇرۇن كېتىپ، سىزنى دەرتتە قويۇپتۇ - دە، تېخى ياشكەنسىز، ئەلھەكمىلىللا دەپ تۇرۇڭ، بىز سىزنى يەنە ئۆيلەيمىز، شۇنداق، بۇ دېگەن دوستنىڭ بۇرچى - دە.

— ئۇغۇ شۇنداق... بىراق... مەن ھېلىقى چوڭ بالامنى يەنە مەكتەپكە خەتلەتكەن، ئۇنى سىزگە تاپشۇرسام، سىز ئوقۇتىسىز ئەمەسمۇ... — دېدى سەمەد تەمتىرەپ، ئۇنىڭ ئىنتايىن ساددا ۋە يۇۋاشلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. دەممۇ دەم ئوڭ- سولغا قاراشلىرىدىن بىرەر موللا كۆرۈپ قېلىپ كېيىن زەھىرىنى تىقىپ يۈرمىسۇن دەپ ئەنسىرەۋاتقانلىقىمۇ چىقىپ تۇراتتى.

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ سادىدا سۆزلىرىدىن كۆلكىسى كەلگەن، تەۋپىق ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ:

— بالىڭىزنى ئوقۇتقۇنۇم ئۈچۈن ئالدىن زەللە ئالدىكەنمەن- دە، ھاھا... بىز بۇرۇنقىلارغا ئوخشىمايمىز، پەيشەمبىلىك ئۈچۈن قىلمايمىز. بىزنىڭ مەقسىدىمىز جان بېقىش ئەمەس، خەلقنىڭ كۆزىنى ئېچىش، خەير، دوستۇم سەمەد، كېلەر قېتىم كەلگىنىمدە ئەگەر ۋاقتىم بولسىلا ئۆيىڭىزگە كىرىپ ئۆتىمەن. بالا ئوقۇتقۇنۇم ئۈچۈن ئەمەس. بەلكى دوستلۇشۇپ قالغىنىم ئۈچۈن داستىخىنىڭىزغا داخىل بولىمەن.

سەمەد ئىككى ئەسكەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا پاكار بوز ئاتقا ئەپچىل جايلىشىپ ئولتۇرۇپ كېتىۋاتقان بۇ يېقىملىق ئادەمنى كۆز نۇرى بىلەن ئۇزۇتۇپ قالدى. غۇر- غۇر شامال تىرەك ئۈچىدا نىمىشقىدۇر چۈشمەي قالغان بىر تال قورۇق يوپۇرماقنى ئۈچۈرۈپ كېلىپ بېشىغا چۈشۈرگەندىلا ئاندىن ئۆزىگە كېلىپ:

«خۇدا يەتكۈزگەن ئادەم ئوخشايدۇ جۇما، بۇ... قۇرۇپ كەتكۈر بويتاقچىلىق، بولمىسا راستىنلا چىڭ تۇتاتتىم. ئەر كىشىنىڭ تۇللىقىدىن يامان ئىش يوقكەن. ... » دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى. مۇشۇ خىيال بىلەن بىللە ئۇنىڭ يۈرىكىدە ئاجايىپ بىر خىل قىزغىن مېھرى- مۇھەببەت قوزغۇلۇپ ئوغلىنى ھېچبىر ئىككىلەنمەستىن مەكتەپكە بېرىشكە ۋەدە قىلدى.

## 2

مەمتىلى ئەپەندى ھەر كۈنى دەرستىن چۈشكەندە بىر يېزىغا بېرىپ، ئىپتىدائىي مەكتەپكە تىزىملانغان يېڭى ئوقۇغۇچىلارغا دەسلەپكى ئوقۇغۇچىلىق ھەركەت قائىدىلىرىنى، دەسلەپكى پائالىيەتلىرىنى ئۆگىتىشنى داۋاملاشتۇرۇپ، دىكابىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە يىگىرمە تۆرت مەكتەپكە قاتناپ يۈرۈپ ئىككى مىڭ ئوقۇغۇچىغا قاتار بولۇش، مەش دەسسەش، سىنىپتا قانداق ئورنىدىن تۇرۇپ سالام بېرىش، يوقلىما

قىلغانىدا قانىداق جاۋاب بېرىشىكىچە ئۆگۈتۈپ چىقتى. ھەر بىر مەكتەپتە ھەربىر سىنىپنىڭ يوقلىمىسى بارئىدى. مەمتىلى ئەپەندى ئوقۇغۇچىلارنى يوقلىمىغا تىزىملاپ، سىنىپ باشلىقى، تازىلىق باشلىقى قاتارلىق سىنىپ ھەيئەتلىرىنى بېكىتىپ، يېڭى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كەلگەن ھامان قىيىنچىلىققا يولۇقماسلىقى، زېرىكىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئىشنىڭ باشلىنىشىدىكى قىيىن ئۆتكەنلەرنى ئۆزى ھەل قىلىپ قويماقتا ئىدى.

دارىمۇئەللىمىنىدىكى ئوقۇش يەنە بىرەر ئايدىن كېيىن تاماملىناتتى. بۇ ۋاقىت ئىچىدە كەنتلەردىكى ئىپتىدائىي مەكتەپلەرنىڭ يېڭى ئوقۇغۇچىلىرىغا بىر نەچچە جۈملە خەت ئۆگۈتۈپ چىقىشقا بولۇدۇغانلىقىنى ھېس قىلىپ، يەنە دەرستىن چۈشكەن ھامان ئېتىنى مىنىپ يېزىلارغا كېتىدىغان ئادىتىنى توختاتمىدى. ئۇنىڭ دىلىدا ئاتۇش يېزىلىرىنىڭ بىر رويىخېتى بولۇپ، شۇ رويىخەتتىكى رەت بويىچە ھەر كۈنى بىرىگە باراتتى. جۈمە كۈنلىرى بىر نەچچىسىگە باراتتى، جۈمە نامىزىدىكى تەشۋىقاتىنىمۇ قولدىن بەرمەيتتى.

بۈگۈن نۆۋەت تەختىھون مەكتەپكە كەلگەنىدى.

ئۇ تەختىھون ئىپتىدائىي مەكتىپىگە كەلگەنىدە يېڭى ئوقۇغۇچىلار ئۈنى كۆتۈپ تۇرۇشقانىدى. سىنىپتىكى تەكرە مەشتە قاقشال ئوتۇن گۇرۇلدەپ سىنىپ ھارارەت چېچىپ تۇراتتى. تەۋپىق ئادەتتە قايسى ۋاقىتتا كېلىدىغانلىقىدىن ئالدىن خەۋەر بېرەتتى. ئاتىلار ھەيئىتى باللارنى مەكتەپكە ھازىر قىلىپ تۇراتتى. شۇڭا باللارنى كۆتۈش بىلەن ۋاقىت زايا بولمايتتى. مەمتىلى ئەپەندىنىڭ پاكار تورۇق ئېتىنىڭ بېشى كوچىنىڭ ئاغزىدا كۆرۈنۈشى بىلەنلا ئوقۇغۇچىلار سىنىپلىرىغا كىرىپ، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئۆگۈتۈلگەن تەرتىپ بويىچە ئورۇنلىرىغا ئولتۇرۇپ، ئەپەندىنىڭ سىنىپقا كىرىشنى كۈتۈشەتتى.

تەۋپىق ۋاقىتنى تېجەش ئۈچۈن ئاتىلار ھەيئىتىنىڭ شۇ كۈنكى نۆۋەتچىسى بىلەن قىسقىلا تېنچلىق سورۇشۇپ، سىنىپقا قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى ئىشىك باسقۇچىدا قېلىشتى. مەمتىلى ئەپەندى

دالاندىن ئاۋۋال ئوڭ تەرەپتىكى سىنىپقا كىرگەندە بوم ئاۋازلىق، شۇ سىنىپتىكىلەرگە نىسبەتەن يېشى ھەم بويى يوغانراق بىرسى:

— ھۆرمەت! — دەپ ۋارقىرىدى. ئۇ بۇ سۆزنى دېيىش ۋاقتى ھەقىقىي يېتىپ كەلگىچە نەچچە قېتىم مۇشۇ ھاياجانلىق مىنۇتلارنى كۆڭلىدە تەكرالاپ كۆرگەن، ھەمدە ۋۇجۇدى تىترەپ كەتكەنىدى. رەسمىي ۋاقتى كەلگەندە بولسا قانچە يادلاپ تۇرغىنىغا قارىماي يەنە سەل مەڭدەپ، بىر سىكىنۇتچە ھايال بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ قانداق روھىي ھالەتتە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ تۇرغان تەۋپىق ئۇنى ئەيىبكە بۇيرىمىدى.

قالغان ئوقۇغۇچىلارمۇ مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئوقۇتقۇچى كىرگەندە قانداق سالام قىلىش ھەققىدىكى ئۆگىتىشلىرىنى ئەسلەشكە تىرىشىپ، ئوڭ قولىنى باش ئۈستىگە (ئالقىنىنى ئالدى تەرەپكە قارىتىپ) كۆتۈرۈشنى كۆپ قېتىم كۆڭلىدىن كەچۈرگەن، سىنىپ باشلىقىنىڭ سالامغا چاقىرىشىنى كۈتۈپ جىددىي روھىي ھالەتتە تۇرۇشقانىدى. سىنىپ باشلىقىنىڭ خىتابى جاراڭلىغاندا بولسا ئۇلارنىڭ بىر مۇنچىسى مەڭدەپ كېتىپ سالام تەكشى بولمىدى ئورنىدىن تۇرغاندىمۇ تاراق- تۇرۇق بەك ئۇزاقتا سوزۇلغاندەك بىلىنىپ كەتتى. بۇ ھالىتىمۇ تەۋپىق روھىي ھالەتنىڭ جىددىيلىشىپ كېتىشىدىن، چالا ئۆگەنگەنلىكىدىن ئەمەس دەپ ھېس قىلدى. شۇڭا ئۇلارنى ئەيىبكە بۇيرۇمىدى.

مەمتىلى ئەپەندى، ئىللىق كۈلۈمسىرەپ باش لىڭشىتتى ۋە ئىنتايىن مۇلايىم، رازىلىق ئاھاڭىدا «ئولتۇرۇڭلار» دېدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئولتۇرۇش ۋاقتىمۇ ئۇزۇنغا سوزۇلغاندەك تۇيۇلدى. يەنە بىر پەس تاراق- تۇرۇق بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ خىيالىدىن بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھازىرقى مۇھىتى، ئىلگىرىكى ئەھۋالى ئائىلە تەربىيىسى ۋە ئائىلە مۇھىتى، ئاتا- بۇۋىلىرىنىڭ ئۆتمۈشى قاتارلىق ناھايىتى كۆپ ئىشلار چاقماق تېزلىكىدە ئۆتتى. دېمەك، ئۇ شۇنى ئويلىدىكى ھازىرقى مۇنداق كوللېكتىپ ھالدا بىر سىنىپتا، ئۇنىڭ ئۈستىگە پارتىلاردا ئولتۇرۇپ مۇنداق تەرتىپكە ئۆگىنىش بۇ باللار ھەم ئۇلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرىنىڭ تەسەۋۋۇرىغا كەلمىگەنلا ئىشلار ئىدى. ئەمدىلىكتە ئۇلار ئۆزلىرىگە ھەم غەلىتە ھەم قىزىق

تۈيۈلغان بۇ ئىشلارنى ئۆزلىرى بىۋاستە باشتىن كەچۈرۈپ ئولتۇرۇشاتتى. تەۋپىق بۇ سەبىي باللاردىن ئىبارەت بىر پارچە بوز يەرگە ئۇرۇق چېچىپ، ئۇنىڭدىن هوسۇلنىڭ بىخلىرىنى كۆرگىنىدە كۆڭلى سۆيۈنۈپ، هاردۇقى چىققاندەك بولۇپ قالدى.

— ئەي، تەلەبىلەر، — دېدى تەۋپىق ناتىقلاردەك توختۇتۇلۇپ، ھەمدە شائىرانە ھېسيات بىلەن، — يېقىن ئارىدا سىلەرنىڭ ئالدىڭلارغا كېلىپ سىلەرنى ئوقۇتۇدۇغان مۇئەللىملەر هازىر ئۆزلىرىمۇ تېخى تەلەبە، ئۇلارنىڭ يېشى سىلەردىن بەك چوڭمۇ ئەمەس، شۇڭا ھە دېگەندە قىينىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن سىلەر تەرتىپلەرنى تىرىشىپ ئۆگىنىۋېلىڭلار. هازىرمۇ خېلى ئوبدان ئۆگەنىدىڭلار يەنە شۇنداق بولسىمۇ، يېڭى ئۇستازىڭلارنى ئۆزەڭلارغا تېخىمۇ ئامراق قىلىۋېلىش ئۈچۈن ئەمدى بىز بىر مۆجىزە تەييارلاپ قويايلى. مەن سىلەرگە ئىككى جۈملە خەت ئۆگىتىپ قوياي، بۇ خەت تاختىغا يېزىقلىق تۇرسۇن، مۇئەللىم سىلەردىن بۇنى سورىغاندا دەرھال جاۋاب بېرىپ، ئۇنى ھەيران قالدۇرۇۋېتىڭلار يېڭى مۇئەللىم ئىچىدە: «بۇ باللار دەرس ئاڭلىماي تۇرۇپلا خەتلەرنى ئۆگىنىۋاپتۇ، تازا زەكى(چېچەن) باللار ئىكەن» دەپ ئويلاپ خوش بولۇپ كەتسۇن بولامدۇ؟

— بۇ ئۇنىڭ بىر خىل ئۆگىتىش مىتودى ئىدى، بۇنىڭ بىلەن باللار بىر قىسىن ۋەزىپىنى ئورۇنداۋاتقاندەك ئەمەس، بىر كۆڭۈللۈك ئويۇن ئويناۋاتقاندەكلا تۇيماستىن ئۆگىنىپ قالاتتى.

— بولىدۇ! — باللار بىر ئېغىزدىن چۇرقىراشتى.

بۇ چاغدا مەمتىلى ئەپەندىنىڭ مەكتەپكە كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان دېھقانلار بىر- ئىككىدىن مەكتەپكە كىرىشىپ، دېرىزىلەردىن سىنىپقا قاراپ تۇرۇشاتتى. ئەزەلدىن مۇنداق يېڭىچە مەكتەپ، يېڭىچە تەرتىپنى كۆرمىگەن، تېخىمۇ مۇھىمى، نامرات ۋە قالاق تۇرمۇشتا، خۇراپى مۇھىتتا مەدەنىي هاياتتىن مەھرۇم بولغان خەلق، ئەمەك ئۈچۈنمۇ تەنتەربىيە ئويناۋاتقان باللارغا قاراپ تۇرۇشنى چوڭ كۆڭۈل خۇشى ھېسابلايتتى.

مەمتىلى ئەپەندى دېرىزىدىن قارىشىۋاتقانلارغا بىر نەزەر تاشلىدى.

ئەمما ئۇلارغا گەپ قىلماستىن بورنى قولىغا ئېلىپ مونبەرگە چىقتى ۋە يوغان- يوغان قىلىپ، «ياشىسۇن ۋەتەن! ياشىسۇن مىللەت!» دېگەن خەتلەرنى يازدى. بۇ خەتلەرنىڭ ئاستىغا ئۇدۇل قىلىپ، شۇ سۆزلەرنى «ۋ + ە + ت + ە + ن ...» شەكلىدە ھەرپلەر بويىچە ئايرىپ يازدى ئاندىن كۆرسەتكۈچ تاياق بىلەن كۆرسىتىپ:

ــ ياشىسۇن ۋەتەن! ياشىسۇن مىللەت! ــ دەپ جاراڭلىق ئاۋازدا ئوقۇدى، ــ مۇشۇ ئىككى سۆزنى ئۆگىنىۋېلىڭلار، ساۋادىڭلارنى مانا شۇ ئىككى سۆزدىن باشلاپ چىقارماقنى زۆرۈر دەپ ئويلايمەن. بۇنىڭ مۇھىملىقىنى سىلەر ئىپتىدائىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ رۇشتى مەكتەپكە چىققاندا چۈشەندۈرۈپ قويىمەن. ئەمىسە ئالدى بىلەن ھەجىلەپ ئوقۇيلى، ماڭا ئەگىشىپ ئوقۇڭلار.

مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ئۆزگىچە ئىدى. ئۇ ئادەتتە ئېلىپبەنى بىر ھەرپ- بىر ھەرپتىن ئۆگىتىشنى ھەم ئۇنۇمسىز، ھەم ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىدۇ، دەپ قارايتتى. ئۇنىڭ كۆز قارىشىچە يەككە ھەرپلەر تولىمۇ ئابستراكت بولۇپ، تېخى ھېچنەرسە بىلمەيدىغان بالىلارنىڭ بۇنداق مەۋھۇم بەلگىلەرنى ئەستە تۇتۇۋالمىقى تەسىدى. شۇڭا ئۇ ئەڭ ئاۋۋال ئومۇملاشقان، تۇرمۇشتا كۆپ ئۇچرايدىغان ئاددىي جۈملىلەرنى ئۆگىتىش بىلەن ھەرپ ئۆگىتىشنى بىرىكتۈرۈپ ئېلىپ باراتتى. بۇنداق بولغاندا ئوقۇغۇچىلار كونكرېت ئوقۇملارنى ئاسانلا يادلىۋالالايتى- دە، يادلىۋالغان جۈملىلەردىكى ھەرپلەرنىمۇ بىرلىكتە ئۆگىنىپ كېتەتتى. بۇنداق بولغاندا ۋاقىت ناھايىتى كۆپ تېجىلەتتى. ئۇ بىر ئاي ئىچىدە ساۋادلىق قىلىپ بولۇشنى نىشان قىلاتتى. بىر ئاي ئىچىدە ساۋاد چىقىرىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىيالمىغان مۇئەللىم ئەڭ يارامسىز مۇئەللىم دەپ ھېسابلايتتى.

ئۇ زېھنى غۇبارسىز ئۆسمۈرلەرگە ئىككى جۈملە سۆزنى چاپسانلا يادلىتىپ بولدى. بىر پارچە ئاق قەغەزدە ئەڭ دەسلەپكى رەڭ بەلگىلەر قانداق روشەن ۋە ئاسان ئىز قالدۇرسا، بۇ بالىلاردىمۇ ئىككى جۈملە سۆز شۇنداق ئىز قالدۇردى. ئۇ كۆپ قېتىم ئوقۇتۇپ ئاندىن ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى

ئوقـۇپ بېقىشــقا بـۇيرۇدى. ئۇقۇغـۇچىلار ھەر بىــر جـۈملىنى يـادلىۋېلىپلا قالمــاي، بـۇ جـۈملىلەردە ئىشــلىتىلگەن تاۋۇشــلارنىڭ نــامىنىمۇ تەرتىــپ بويىچە ئېيتىپ بېرەلەيدىغان بولدى.

ــ ئەمىسە، مەن سىلەر بىلەن شۇنچىلىكلا بىللە بولـۇمەن، بـۇ مېنىـڭ سىـلەرگە ئاخىرقى قېتىم ئۆگۈتۈشـىم بولـۇپ قالـىدۇ. بـۇ سۆزلەرنى يېڭـى مـۇئەللىمىڭلار كەلگـىچە ئۇنتـۇپ قالساڭلار ئەيىبكە قالىسـىلەر شـۇڭا ھەر كـۈنى كېلىــپ ئوقـۇپ كېتىڭلار ئەمـدى ئـۆزۈڭلار ئوقـۇڭلار، مەن يەنە بىــر سىنىپقا كىرەي، دېدى ئۇ.

تەۋپىــق يەنە بىــر ســىنىپقا كىرىــپ، ئـۇ يەردە كۈتــۈپ ئولتۇرۇشــقان ئۆسمۈرلەرگە خۇددى شۇ ئىككى جۈملىنى ئۆگۈتۈشكە باشلىدى.

دەريـا بۇغۇزىنىــڭ ئـوڭ تەرىپىــدىكى تــاك تاغنىــڭ ئۈسـتىدە كەچكـى شەپەق جىلۋىلەنگەندە تەۋپىق تەختىھوندىن قـايتتى. ئـۇ بۈگـۈن مەكـتەپكە قايتمــاي، بويــامەتكەــ ئاكىســىنىڭ ئـۆيىگە بارمــاقچى ئىـدى. ئـۇ يولـدا بارغىچە ئىككى جەڭچىسـىگە يەنە بىـر مـۇنچە لەتىپىلەرنـى سۆزلەپ بېرىــپ ئـۇلارنى جانلانــدۇرۇپ قويـدى. ئـادەتتە ئـۇ بـۇ ئىككـى ئەسـكىرى ھەققىــدە ھەمىشــە «ئــۇلار زېرىكىــپ قېلىۋاتامدىغانــدۇ؟ بىــرلىكتە جەڭ قىلغــان سەبداشـلىردىن ئـايرىلغىنى ئۈچـۈن نارازىمىــدۇ؟ ئۇلارغـا مېنىــڭ ئارقامــدا يۈرۈشتىن قوشۇندا يولداشـلىرى ئارىسـىدا بـولغىنى ئەلـۋەتتە كۆڭۈللـۈكرەك بولسـا كېرەك مەن بىــلەن بولـۇپ يـا كېچىسـى، يـا كۈنـدۈزى ئارام تاپمىسـا، يــاش ئادەمنىــڭ ئىچــى ســىقىلماي قالامــدۇ؟!» دېگەنلەرنــى كۆڭلىــدىن كەچـۈرەتتى. ئـادەتتە ئـۇلار بىــلەن ئەسرالىشــدىغان بۇنـداق پۇرسـەت يـول ئۈستىدىلا بـولاتتى. كەچـتە بولسـا جەڭچىلـەر ئەپەنـدىنىڭ بـارى- يـوقى بىـر نەچـچە سـائەتلا بولغـان دەم ئـېلىش ۋاقتىنــى ئالماسـلىق ئۈچـۈن ئۇنىــڭ قــاتتىق تۇتقىنىغــا ئۇنىمــاي ئــۇخلايلى دەپ ئالــدىرايتى. ئۇلارغــا بىــرەر كۆڭۈللــۈك ئەمەك تېپىــپ بېرەلمەيۋاتقىنىغــا ئۆكۈنــۈپ قالغــان ئەپەنــدى «ســۋىرناي» تاماكىســىدىن چىقىرىــپ ئۇلارغــا بىــر تالــدىن تــۇتتى. ئــۇ تاماكىنى ناھايىتى ئاز چېكەتتى ھەم خەلق ئالدىدا چەكمەيتى.

ئۇ كېتىۋېتىپ، ھېچنەرسىنى ئويلىماسلىقنى، پۈتـۈن ھېسـياتى بىـلەن

ھازىرنىڭ ئۆزىدىكى سۆھبەتنى، جەڭچىلەرنىڭ پارىڭى ۋە ئۇلارغا قانداق لەتىپىنى سۆزلەپ بېرىش بىلەنلا بولۇشقا تىرىشتى. ئادەتتە ئۇ يول ئۈستىدە ئەنە شۇنداق دەم ئالاتتى.

# يىگىرمە تۆرتىنچى باب

## 1

دارىلمۇئەللىمىن ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇش پۈتتۈرۈشكە ئازلا قالدى. رامىزان ئايلىرى بولغاچقا تەقسىم قىلىش پائالىيىتىنى رامىزاندىن كېيىنگە قالدۇرۇش ئۈچۈن مەكتەپتە يەنە نۇرغۇن قېتىملىق تەنتەربىيە پائالىيىتى، نۇتۇق سۆزلەش، ئۇيۇن قويۇش پائالىيەتلىرى ئېلىپ بېرىلدى. ئۇلار قەدىر كېچىسىنى قوشنا دېھقانلار بىلەن تونەپ ئۆتكۈزدى. بۇ تونەك كېچىسى شۇنداق مەزمۇندار ئورۇنلاشتۇرۇلدىكى، مەدرىس ئەتراپىدىكى دېھقانلار ھاياتى بويى ئۇنىڭ لەززىتىنى تېتىپ قالدى: ئىبادەت قىلىندى، قۇرئان تەپسىرى ئۈچۈن موللائىپزىز داموللام تەكلىپ قىلىنغانىدى، ھەدىستىن تۆرمۇشىمىزدىكى بىدئەتلەرنىڭ چەكلىنىشىگە دائىر مەزمۇنلارنى تاھىر خەلپەت سۆزلەپ بەردى، چەتئەلدىكى ھايات يېڭىلىقلىرى، تەرەققىياتلار ھەققىدە تەۋپىق سۆزلەپ بەردى، ئابدىراخمان شائىر، سابىتلار شېئىر ئوقۇپ بەردى... بۇنىڭ يەنە شۇنداق ئەھمىيىتى بولدىكى، ئۆتكەندە ئۇلار ئۈستىدە توقۇلغان پىتنىلەر، دەھرىلىك بۆھتانى، ناسارا، جوھۇت دېگەندەك بەدنامىلار خەلقنىڭ قەلبىدىن ئەبىدىيەن يۇيۇپ تاشلاندى! خەلق ھېچقاچان بۇنداق مەنىلىك تونەك تونەپ باقمىغانىدى. ئۆزلىرىنى دىنىنىڭ ھامىيسى، تەرغىباتچىسى كۆرسىتىدىغانلار بۇندىن ئىلگىرى ۋە كېيىن ھېچ زامان بۇنداق چۈشىنىشلىك تەرغىبات قىلىپ باقمىغان، بۇنچىلىك كۆپ دىنىي ساۋاق بەرمىگەنىدى.

دارىلمۇئەللىمىن پۈتتۈش ھارپىسىدا تەۋپىق قەشقەردىكى دوستلارغا خەۋەر قىلغانىدى. قەشقەردىن ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىغا قاتنىشىش ئۈچۈن ئەخمەد ئەپەندى بىلەن مەجىددىن ئەپەندى چىقتى.

— باشقىلار ئۆز ئىشلىرىدىن ئېشىنالمىدى. دوستۇم، — دېدى دوختۇر، — يەنە مەن قېرى دوستىڭىز خۇشاللىقىڭىزغا ئورتاق بولۇدۇغان

www.uyghurkitap.com

بولدۇم.

— ئۆتكەندە مەن يامان كۆڭۈلەرگە قالغاندىمۇ سىز كېلىپ قايغۇمغا ئورتاق بولغانىدىڭىز، ئەمدى خۇشاللىقىمغا ئورتاق بولمىسىڭىز بۇ خۇددى جاپاسىنى تارتىپ، ھالاۋىتىنى كۆرمىگەندەك بىر ئىش بولاتتى، — تەۋپىق ئەخمەد ئەپەندىگە قاراپ ئەھۋاللاشتى، — خوش، دوستۇم، ئۆزىڭىز، ئىشلىرىڭىز ھەممىسى جايىدا، ئەمدى ھېلىقى دوستىمىز رېھىم — قاچاق ئەسكەر نېمىش تۇتۇۋاتىدۇ؟ ئوقۇشى قانداق؟ مال بولۇدۇغاندەك قىلامدۇ؟

ئەخمەد ئەپەندى كەم سۆزلىككە يارىشا بىر ئىككى جۈملە ئۈزۈپ ـ ئۈزۈپ جاۋاپ بەردى. رېھىمنى بىر ـ ئىككى ئېغىز ماختاپ قويدى.

— ئەخمەد ئەپەندىنى ماڭا ھەمراھ بولۇڭ دەپ شۇنچە قىلدىم، رەت قىلغىلى تاسلا قالدى. مۇشۇنداق بىر ئادەم قانداق دوست بولسۇن؟

بۇ چاقچاقلارغا ئەخمەد ئەپەندى مېيىقىدا كۈلۈپ، جىمجىت قۇلاق سالاتتى. ئۇ ئىلگىرىكىدەكلا خىيالچان ۋە كەم سۆز ئىدى.

دوستلار كېلىپلا تەۋپىقنىڭ ئىشلىرىغا ياردەم بېرىشكە كىرىشىپ كەتتى. ھەر قايسى كەنت مەكتەپلەرگە تەقسىم قىلىنىدىغان مۇئەللىملەرنىڭ رويخېتىنى تەييارلاش، ھەر بىر كەنت ئىپتىدائىي مەكتەپلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئارخىپ ئۈچۈن تەپسىلىي خاتىرلەش ۋە كېيىنكى بىر يىللىق ئوقۇتۇش پىلانى قاتارلىقلارنى قولمۇ ـ قول پۈتتۈرۈشەتتى. ئىش ئۈستىدە مەجىدىن ئەپەندى قەشقەردىكىلەرنىڭ ھەر بىرى توغرۇلۇق راست بىلەن يالغاننى قوشۇپ لەتىپىلەر سۆزلەپ بېرەتتى. ئىشنى ئاساسەن ئەخمەد ئەپەندىلا قىلدى دېسىمۇ بولاتتى. ئۇ ئىشتىن باش كۆتۈرمەيتتى. ھەم كۈلمەيتتى. تەۋپىق بولسا قولى ئىش بىلەن بولاتتى ـ يۇ، ئاغزى بولسا مەجىدىن ئەپەندىنىڭ لەتىپىلىرىنى كوچىلاشتىن توختىمايتتى.

— زىيانىڭ گېپىنى تېخى قىلمىدىڭىزغۇ؟ ئۇ ھەقتە تازا كۈلكۈلۈك لەتىپە بولسا سۆزلەپ بەرسىڭىز ئىدى، مەن قەشقەرگە بارغىنىمدا لەتىپىڭىزدىن پايدىلىنىپ ئەدىپىنى بېرەتتىم.

— دىمىسىڭىزمۇ تازا كۆڭلىڭىزدىكىدەك بىر لەتىپە بار، — دەيتتى. مەجىددىن ھاسىسىنى پىرقىرىتىپ ئولتۇرۇپ كۈلۈپ تىلقىقان ھالدا لەتىپىنى باشلاپ.

— شەۋقى بوۋاي ھەققىدە نىمىلەرنى بىلىسىز؟ ئەخمەد ئەپەندىنى قىشىمىزدا دەپ يۈز خاتىرە قىلىپ ئولتۇرماڭ جۇمۇ، — تەۋپىق دوختۇر بىلەن قەۋەتلا چىقىشقاچقا ھەم بىر. بىرنىڭ مىجەزىنى بىلىشكەچكە بىردەممۇ چاقچاقسىز تۇرۇشالمايتتى.

تەۋپىق ھەر قايسى مەكتەپلەرگە تەقسىم قىلىنغان مۇئەللىملەر ۋە شۇ مەكتەپ مۇدىرلىرىنىڭ ئىسمى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئوقۇغۇچىلارنى يېڭى خىزمەت ئورۇنلىرىغا ئۇزۇتۇشنى بىر خىل داغدۇغىلىق پائالىيەت تەرىقىسىدە ئورۇنلاشتۇردى. ئۇ خىلىدىن بىرىلا مۇشۇنداق قىلىشنى ئويلاپ كېلىۋاتاتتى. بۇنداق بولغاندا بۇ نوقۇل يېڭى مۇئەللىملەرنى خىزمەت ئورۇنلىرىغا تەقسىم قىلىشلا ئەمەس، بىر قېتىملىق يېڭى مەدەنىيەت تەرغىباتى — يەنە كېلىپ كونكېرت ۋە جانلىق تەشۋىقات بولاتتى. ئۇ ئاخىرقى كۈنلەردە شاگىرتلىرىغا «بىز — مۇئەللىم!» دېگەن ناخشىنى ئۆگىتىشكە ئۈلگۈرگەندى.

شەۋۋالنىڭ ئونلىرىدا[1] ئۇلار ئاخىرى يولغا چىقىدىغان بولدى. جىمى تەييارلىقلار پۈتكەندى. يولغا چىقىدىغان كۈنى سەھەردە ئۇلار مەدرىس ھويلىسىدا سەپ تۈزۈپ، يەر- جاھان ئارقارغىچە مەشىق قىلىشتى. ئوتتۇرۇق خەلقى ئۇلارنىڭ «ئەپەندى» بولۇپ، بالا ئوقۇتۇش ئۈچۈن تاراپ كېتىدىغانلىقى ۋە ئەمدى نەچچە ۋاقىتتىن بېرى قايناپ تۇرغان مەدرىس ھويلىسى جىمىپ قالىدىغانلىقىنى ئويلىغىنىدا ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە چوڭ بىر بوشلۇق ھاسىل بولغاندەك بولدى. ئۇلارنىڭ جەڭگىۋار شاۋقۇنلىرىغا ئۆگىنىپ قالغان كىشىلەر ئۇلارسىز بۇ يەرنىڭ چۆلدەرەپ قالىدىغانلىقىنى ئويلىغىنىدا كۆڭۈللىرى يېرىم بولغاندەك بولاتتى. شۇڭا ئۇلار بۈگۈن ئاخىرقى قېتىم بۇلارنىڭ «ئويۇن»لىرىنى كۆرگەچ بالىلارنى ئوزىتىۋېتىن

---

[1] 1935 ـ يىلى يانۋارنىڭ ئوتتۇرىلىرى، — ئا.

www.uyghurkitap.com

ئۆزۈتۈپ قويماقچىدى.

دارىلمۇئەللىم ئوقۇغۇچىلىرى ــ ئەتىنىڭ مۇئەللىملىرى «بىز ــ مۇئەللىم!» دېگەن ناخشىنى ياڭرىتىپ مەكتەپ هويلىسىدا كۆچلۈك قەدەملىرى بىلەن ئەكس سادا ياڭرىتىپ بىر نەچچە مەيدان ئايلانغاندىن كېيىن، غەرب تەرەپكە ــ دەرۋازىغا قاراپ يۈزلەندى، مەمتىلى ئەپەندى ئوقۇغۇچىلارنى ئادەتتىكى ئۇسۇلى بويىچە بوم ئاۋازلىقلار، زىل ئاۋازلىقلارنى ئايرىپ ئورۇنلاشتۇرغانىدى. ئۇلارنىڭ سېپى ئالدىدا بايراق ۋە تۆمۈر قاسقانلىق يېڭى دۇمباق ۋە بارابانلار باردى. (بۇ خىلدىكى تەنتەربىيە سايمانلىرى توختاجىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن يېقىندىلا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلتۈرۈلگەنىدى) بايراقنىڭ ئارقىسىدىلا نىمتۇللا بىلەن مەڭلىكاخۇن ئىككىسى تولۇق قوراللانغان هالدا مېڭىشقان بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار قوشۇنىغا تېخىمۇ سۈر ھەيۋە قوشقانىدى.

مەمتىلى ئەپەندى ئىنتايىن چاققان ۋە تېتىك قەدەملەر بىلەن گاھ سەپنىڭ ئالدىغا، گاھ سول تەرەپكە، گاھ ئوڭ تەرەپكە ئۆتۈپ، خۇددى ياغاچچىلار رەندىلىگەن تاختىغا قارىغاندەك قاراپ سەپنى تۈزلەيتتى. كىمنىڭ بىلىكى چىقىپ قالغانلىقىنى خاتاسىز سېزەتتى ـ دە، شۇ ئوقۇغۇچىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ ۋارقىرايتتى. قاتار شۇنچىلىك ئەستايىدىل ۋە قاتتىق قوللۇق بىلەن يۇقىرى تەلەپتە تىزىلغاندىن كېيىن ئۇ ھەربىي قوماندانلاردەك كۆتۈرەڭگۈ ئاۋازاد كوماندا بەردى:

ــ ئالدىغا قا ر ا پ، ــ ئۇ سوزۇپ توۋلىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى سەھەردە مورىلاردىن چىققان تۈتۈن بىلەن تۇمان ئارىلاشقان سوغۇق ھاۋادا تىترىگەندەك بولۇپ يىراقلارغا كەتتى. ئېغىز ـ بۇرۇنلاردىن توختاۋسىز ھور كۆتۈرىلەتتى، ــ قەدەملەپ، مارش! ــ مەمتىلى ئەپەندى كوماندا بىلەن تەڭلا سەپنىڭ يېنىدا گاھ ئالدىغا، گاھ ئارقىغا يۈگرەپ، ئېگىشىپ تۇرۇپ توغرا قاتارنىڭ قەدەم ئېلىشقا بىرمۇ ـ بىر قاراپ چىقتى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ قەدەم ئېلىشى گويا ھەربىي پاراتتىكى ھۆرمەت قاراۋۇللىرىنىڭكىدەك تەكشى، يەرگە چۈشكەن ئاۋازى خۇددى بىرلا ئاياقتىن چىققاندەك رىتىملىك ئىدى. توغرا قاتاردىكى تۆت ئوقۇغۇچىنىڭ ئالدىغا

چىقىرىلىرىۋاتقان پۈتى ۋە ئارقىدا قىلىنىۋاتقان پۈتى خۇددى ئىچىلىپ يېپىلىۋاتقان دەرۋازا قانىتىدەك بولسىمۇ تەۋپىق قاتارىنىڭ يېنىدا يەل تاپانىدەك سىلىق يۈگرەپ، ئەستايىدىل كۈزۈتەتتى. ئۇ ھەتتا قەدەم تىۋىشىنىڭمۇ بىر خىل چىقىشىنى تەلەپ قىلاتتى. ئۇ بەزى- بەزىدە:

— ئابدۇغۇپۇر، ئوغلۇم، پۈتۈڭنى بەك چاڭ ئۇرۇۋەتتىڭ! رىتىمنى بۇزما! مۇھەممەد قارى، سەن چىڭراق دەسسىگىن! — دەپ ۋارقىراپ تۇراتتى.

— ئابلىمىت قارى، پۇتۇڭ سەل بۇرۇن چىقىۋاتىدۇ، دىققەت قىلغىن ئوغلۇم!

باياتىن بىرى ئۇلارنىڭ مەش دەسسىگىنىنى كۆرۈپ تۇرۇشقان خەلق ئارقىدىن ئەگىشىپ چىقىشتى. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇلار بىسىپ ئۆتىدىغان يوللارغىمۇ خەلق دەۋرەپ چىقىپ، ئىختىيارسىز تەشكىللەنگەن قارشى ئېلىش مۇراسىمى ھاسىل قىلغانىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ ئاجايىپ قوشۇنغا، ھەيۋەتلىك دۇمباق ساداسى، رىتىملىك سۇناي ۋە يەنە بىر خىل مۇزىكىدەك رىتىملىق قەدەم ئۇرۇشىنى ئالقىش ھاياجانلىناتتى. بۇ سەپتە ئوغۇللىرى بارلار بولسا گويا ئۆزى ئاشۇ سەپتە كېتىۋاتقاندەك پەخىرلىنىپ كېتەتتى.

— ناخشا! — دەپ توۋلىدى تەۋپىق.

پۈتۈن سەپ ناخشا باشلىۋەتتى:

بىز— مۇئەللىم، يۇتلاردا مەكتەپ ئاچىمىز،
ۋەتەن، مىللەت باشىگە نۇرلار ساچىمىز.
ئۆتمىسۇن دەپ ئەۋلادلار ئەمدى قۇل بولۇپ،
بىز قان كېچىپ، جان بېرىپ يوللار ئاچىمىز.

تالاي يىللار زۇلمەتتە تېنەپ خار بولدۇق،
ئىلىم- ئىرپان يولىغا شۇنچە زار بولدۇق.
خۇراپاتتا قالدۇرۇپ ئەزدى زالىملار،
كۆزلىرىمىز قارىغۇ، كۆپ ناچار بولدۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بىزنىڭ ماڭغان يولىمىز سائادەت يولى،
بىز ۋەتەننىڭ يېڭىدىن ئېچىلغان گۈلى.
ئوقۇتىمىز ئەۋلادنى يېڭى پەن بىلەن،
پۈختا بولسۇن مەكتەپنىڭ بىسىلغان ھۇلى.

يورۇق تاڭغا تەلپۈندى ۋىلايىتىمىز،
ئىلىم بىلەن تىكلەنگەي ئىناۋىتىمىز.
مەنبە بولدى ئىرپانغا يۇرتىمىز ئاتۇش،
ئىرپان بىلەن ئېچىلغان سائادىتىمىز.

مارش تېمپىسىدا ئېيتىلغان بۇ ناخشىنى ئوقۇغۇچىلار شۇ قەدەر جۇشقۇن، شۇ قەدەر مۇھەببەتتى بىلەن ئوقۇشتىكى، يول بويلىرىدا تۇرغان بىر مۇنچە كىشىلەر يىغۇۋېلىشتى. قېرى مومايلار دۇنيادىكى ئەڭ نازۇك، ئەڭ نەپىس ئىسىملار بىلەن ئاتاپ، ئەڭ تاتلىق سۆزلەر بىلەن ئۇلارنى ئەركىلىتىشەتتى، ماختىشاتتى. ھەمدە ئاللاھ سۇبھان ۋە تائالانىڭ ئۇلارنى يامان كۆز، يامان تىلدىن ساقلىشىنى تىلەپ دۇئا قىلىشاتتى. بوۋايلا ساقاللىرىنى سىپاپ:

— مەمتىلى ئەپەندى ئاز تېپىلىدىغان ئادەم جۇما، مۇنداق مۆجىزىنى ئاتىمىز كۆرگەنمۇ، ئانىمىز كۆرگەنمۇ؟ ھە، مانا، كوچا- كوتاڭدا ئاپتاپ سۇنۇپ، بىكارچىلىقتىن بۇزۇلۇپ كېتىدىغان بىر توپ كۆك پوتلىلارنى تۈزۈكلا ئادەم قىلىپ قويۇپتىغۇ؟ قارىمامسىز، ئۇلارنىڭ مېڭىشلىرىنى!

— دېيىشەتتى زوقلۇنۇپ.

ئۇلار ئاچىياردىن ئۆتۈپ بويامەت مەكتەپكە تەقسىم قىلىنغان ئۈچ نەپەر يولدىشىنى يېڭى مەكتەپنىڭ ھويلىسىغا قەدەر ئۇزۇتۇپ كىرىشتى. ئاندىن ئۇلار بىلەن بىللە سىنىپنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن كىرىشۇدى،

ئوقۇغۇچىلارنىڭ رەتلىك ئولتۇرۇشىنى كۆرۈشتى. تەكرەمەشتە[1] گۇرۇلدەپ ئوت كۆيۈۋاتاتتى. سىنىپ ئىسسىق، ئوقۇغۇچىلار رەتلىك كىيىم- كېچەك كىيگەن(تەۋپىقنىڭ تەلىپى بويىچە ھەر يۇرت ئاتىلار ھەيئىتى يېڭى ئوقۇغۇچىلارغا مەمتىلى ئەپەندى تەمىنلىگەن ئەندىزە بىلەن پىچىپ تىكتۈرۈلگەن ئوقۇغۇچىلىق فورمىسى ــ ماشرەڭ فورما كىيدۈرگەندى)، سەبى چىرايلىرى پاكىز ۋە ئىللىق ئىدى. ھەممىگە قىزىققۇچى كۆزلىرى بۇركۇت كۆزلىرىدەك چاقناپ تۇراتتى.

سىنىپ باشلىقىنىڭ «ھۆرمەت» خىتابى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ئوڭ قولىنى چېكىسىگە كۆتۈرۈپ سالام قىلدى. بۇ ھال يېڭى مۇئەللىملەرنى چەكسىز سۆيۈندۈرۈۋەتتى. تەۋپىق بۇ يەرگە تەقسىم قىلىنغان مۇئەللىملەرنى ئوقۇغۇچىلارغا تونۇشتۇرۇپ قويغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ مۇراسىم تۈگىگەندە كېلىپ رەسمىي ئىشقا چۈشىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئوقۇغۇچىلار بىلەن خەيرلەشتى.

يېڭى مەدەنىيەت قوشۇنى سەپىرىنى داۋام قىلدى. ئۇلار ھەربىر كوچىدىكى مەھەللىگە كەلگەندە «بىز ــ مۇئەللىم» دېگەن ناخشىنى توۋلىشاتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن «ئىزچىلار مارشى» نى ۋە باشقا ناخشىلارنى ئوقۇيتتى. ئۇلار بويامەتتىن چىقىپ غەربىي جەنۇپ تەرەپكە بۇرۇلۇپ، يەنە ئاچىيادىن ئۆتۈپ، تېتىر يېزىسىغا كىرىشتى. تېتىردا يېڭى مۇئەللىملەرنى مەكتەپكە ئەكىرىپ قويدى ۋە يەنە ناخشا ياڭرىتىپ، تېتىردىن ئۆتتى. ئۇ يەردىن مېيى مەكتىپىگە قاراپ مېڭىشتى. بۇ يېزىلاردىمۇ خەلق كوچىلارغا دەۋرەپ چىقىپ، كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدە پەرزەنتلىرىنىڭ ھەيۋەتلىك سېپىنى ئۇزۇتۇپ قېلىشاتتى. تاغ تەرەپتىن سوقۇپ تۇرغان ئېزغىرىن يانۋار شامىلى يۈزلەرنى نەشتەردەك چاقاتتى. لېكىن جىددىيلەشكەن، ھاياجانلانغان، يۈرىكىدە ئىپتىخار ئوتى يېنىپ تۇرغان كىشىلەر سوغۇقنى سەزمەيتتى.

ئۇلار مېيى مەكتەپكە تەقسىم قىلىنغان سۇلتان ئۆمەر قاتارلىق

---

[1] تەكرەمەش ــ ئوتۇن قالاشقا باپ كېلىدىغان بىر خىل مەش، ــ ئا.

يولداشلىرىنى ئۇزۇتۇپ سىنىپقىچە بىللە كىرىشتى. بۇ يەردىمۇ تەرتىپكە كەلتۈرۈلگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھۆرمەت سالىمىنى قوبۇل قىلىشقاندىن كېيىن، شۇ يەردە ئارام ئېلىشتى ۋە چۈشلۈك تاماق يېيىشتى. مەمتىلى ئەپەندى بۇ سەپەرنىڭ مۇساپىسىغا ئاساسەن قايسى چاغدا قەيەرگە يېتىپ بارىدىغانلىقىنى، قەيەردە تاماق يەپ، قەيەردە قونۇدۇغانلىقىنى كەنتلەردە ئاتلار ھەيئىتىگە ئۇقتۇرۇش قىلغانىدى.

كۈن قىسقا بولغاچقا ئۇلار تاماققا كىرىشكەندە چۈشتىن سەل ئۆتۈپ كەتكەنىدى. ئوقۇغۇچىلار ياتاقلاردا تاماق يەۋاتقاندا ئاتلار ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى بىلەن پاراڭلىشىۋاتقان مەمتىلى ئەپەندى مەجىدىن ۋە ئەخمەت ئەپەندىلەرنى مۇئەللىملەر ياتىقىغا تەكلىپ قىلدى.

— ھېرىپ قالمىغانسىز، دوختۇر؟ ئاتنى مىنىۋېلىشقا ئۇنىمىدىڭىز، ئەمدى ئۆز ئۆۋالىڭىز ئۆزىڭىزگە.

— ياق، ھارغىنىم يوق. ئاغىنىڭىزدىن سوراپ كۆرۈڭ، مەن تېخى ئۇنى يۆلەپ ماڭدىم.

— بۇ گەپچىزە ئەخمەت ئەپەندىگە يۈك بوپسىز- دە؟ — دېدى تەۋپىق ئەھۋالنى چۈشۈنۈپ.

— ياق، يۈك بولمىدى،— دېدى ئەخمەت ئەپەندى تۈزلا.

تاماق ئۈستىدە تەۋپىق ئاتلار ھەيئىتى بىلەن خىزمەت توغرۇلۇق پاراڭلاشتى، ھەم چاقچاق قىلىپ ھەممەيلەننىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈشكە تىرىشتى. ئۇ كەچلىك تاماق ۋە قونۇدىغان جاينىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە ئاتلار ھەيئىتىدىن بىرىنى ئاتلىق ئىشتاپچىغا ئەۋەتتى.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ «تاماشاسى»نى كۆرۈش ئۈچۈن ئەتراپتىن يىغىلغان دېھقانلار، بالىلار ۋە ياشلار ئۇلارغا بىر مۆجىزىگە قارىغاندەك ھەۋەسلىنىپ قارىشاتتى. ئۇلار بۇ ياشلارنىڭ يۈرتدىشى، ۋەتەندىشى ئىكەنلىكىگە ئىشەنگىسى كەلمەيۋاتقاندەك قىلاتتى. تېخى تونۇگۇنلا بىۋاش، ساياق كۆرگەن «چۈجە خوراز»لارنىڭ بۈگۈن مۇشۇنداق ئادەمگە ئايلانغىنىغا ھەيران قالاتتى. ئۇلارنىڭ تەڭتۇشلىرىدا بۇ ھەيرانلىق «سەندەك

بولالماسـمەنغۇ، خەپ... » دېگەنـدەك بەسلىشـىش تۈيغۇسـىنى ـــ مەكـتەپكە كىرىـپ ئوقـۇپ ئۆزىمـۇ شـۇنداق يـارامىلىق ئـادەم بولـۇش ئىستىكىنى ئويغاتسا؛ ئاشۇلار بىلەن تەڭتۇش بالىلىرى بار كىشىلەردە «مەمتىلـى ئەپەنـدى بـالىلارنى ئەدەبلىـك، يـارامىلىق قىلىـپ بېرىـدىغان چېغـى، بـالىلىرىمىزنى بەرسـەك بولغـۇدەك' د»بـگەن قـارارنى مۇستەھكەملەيتتى.

تەۋپىـق ھەر جايـدا خەلقنىـڭ مۇشـۇنداق يىغىلىـدىغانلىقىنى، مۇشـۇ پۇرسـەتتىن پايـدىلىنىپ يەنە بىـر قېـتىم ئاقـارتىش تەرغىبـاتى قىلىشـقا بولۇدۇغـانلىقىنى ئالـدىن مۆلچەرلىگەنـدى. شـۇڭا ھەر توختىغـان يەردە توپلانغـان جامـائەتكە ئوقۇشـنىڭ پايدىسـى ھەققـدە سۆزلەشـنى قولـدىن بەرمىـدى؛ بـۇ يەردىمـۇ دۇنيـا يېڭىلىقلىـرى، بىزنىـڭ ھـالىمىز، ئوقۇشـنىڭ ئەھمىيىتـى قاتـارلىقلارنى چۈشـەندۈردى. ھەمـدە ئوقـۇش دېگەننىـڭ يـاش- قېرى دەپ چەكلەنمەيدىغانلىقىنى، ئاتا- ئانىلارنىڭ بـالىلىرىنى مەكـتەپكە بېـرىپلا قالمـاي، ئۆزلىرىنىڭمـۇ كەچكۇرسـلاردا ئوقـۇپ سـاۋادىنى چىقىرىۋېلىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئـۇلار بـۇ قىسـقا مۇراسـىمدىن كېيىـن جەڭگىـۋار سـېپىنى تـۈزەپ، يەنە شۇنداق ھەيۋەت بىلەن مارشلار ياڭرىتىپ ئىشتاچىغا قاراپ ماڭدى. مېيى، تېتىر خەلقى ئۇلارنى چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن ئۇزۇتۇپ قالدى.

ئـۇلار ئـاۋۋال ئىشـتاچى مەكـتەپكە كىرىـپ، يېڭـى مـۇئەللىمنى سـىنىپقىچە ئۇزۇتـۇپ كىرىـدى. بـۇ يەردىمـۇ ئوخشاشـلا بـالىلار تەرتىپلىـك ئولتۇرۇشـاتتى. ئـازادە ۋە يـورۇق سـىنىپ گۈپپىـدە ئىسـىغان، ئوقۇغۇچىلارنىـڭ روھىـدىن تېتىكلىـك جـۇش ئـۇرۇپ تـۇراتتى. مۇئەللىملەرنى كۆرۈش بىلەن ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تـۇرۇپ، ئـوڭ قـوللىرىنى كۆتـۈرۈپ سـالام قىلـدى. ئۈسـتەلدە يوقلىمـا تـۇراتتى. ئۇنىڭـدا بالىلارنىـڭ ئىسـمى تەۋپىقنىـڭ چىرايلىـق پوچۇركىسـى بىـلەن كۆچـۈرۈلگىنىنى كۆرۈشتى.

يېڭـى «ئەپەنـدىلەر» ئـاتىلار ھەيئىتىنىـڭ باشـچىلىقىدا مەكتەپنـى كـۆزدىن كەچۈرگەنـدىن كېيىـن سـاھىپخانلارنىڭ داسـتىخانىغا داخىـل

ئۇيغۇر كىتاب تورىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بولدى. ئاندىن ئۇلارنى تەييارلانغان ئۆيلەرگە باشلاپ، دەم ئېلىشقا ئورۇنلاشتۇردى.

****

ئەتىسى ئۇلار بويۇنلىرىغا بىر خىلدا كۆك رەڭلىك شارپا ئوراشتى. ماشىرەڭ ئۇستىباش، پەتىنكە كىيگەن يىگىتلەرگە شارپا بەكمۇ ياراشقان ئىدى. ھاۋانىڭ تېخىمۇ سوغۇقلۇشۇپ كېتىشىدىن قەتئىينەزەر ئۇلار ئىشتاچىدىن يولغا چىقىپ يەنە داغدۇغا بىلەن ئايلىنىشنى داۋام قىلىپ، تېجەنگە كەلدى.

تېجەن مەكتەپ ئاتىلار ھەيئىتى مۇدىرى ئەمەتھاجىمنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدا — كۆل بويىدا ئىدى. ھازىر قەھرىتان قىش بولغاچقا دەل-دەرەخلەر يالىڭاچلىنىپ قالغان بولسىمۇ، ياز كۈنلىرى بۇ يەرنىڭ تولىمۇ ھاۋالىق بۈككىدە دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان راھەتبەخش جاي ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى.

ئۇلار سەيپىددىن، ئابدۇلباي ۋە ئابدۇرەشىد قاتارلىق مۇئەللىملەرنى ئاتىلار ھەيئىتىگە تونۇشتۇرۇپ قويغاندىن كېيىن، بىر ئاز دەم ئېلىپ، يولنى داۋام قىلىشتى. چۈشلۈك تاماق تەختىھونغا ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى.

چۈشتىن كېيىن ئازغان مەكتەپكە ۋە ئۇ يەردىن ئۆتۈپ بازار (مەشھەد) غا كېلىشتى. بۇ يەر يەنە بىر قونالغۇ ئىدى. شۇ كۈنى ئۇلار يېڭى مۇئەللىملەرنى سىنىپلارغىچە ئۈزۈتۈش ۋە ئاتىلار ھەيئىتىگە تونۇشتۇرۇش رەسمىيەتلىرىنى تۈگۈتۈپ، ئابدۇراخمانھاجى، قۇتلۇقاخۇنلارنىڭ ھەمرالىقىدا رۇشتى مەكتەپ، قۇمباغدىكى ئىپتىدائىي مەكتەپ ۋە كەلگۈسىدە سېلىنىدىغان قىزلار مەكتىپىنىڭ ئورنى قاتارلىقلارنى كۆرۈشتى. ئاندىن ياتاقلارغا جايلاشتى. ئەتىسى بۇ يەردە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ماھارەت كۆرسىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلمەكچىدى.

2

ھەزرەت سۇلتان جامەسىنىڭ ھويلىسىدا، خانىقا ھوجرىلىرىنىڭ ئالدىدىكى كەڭ مەيداندا تەۋپىقنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى مەش دەسسەش، سەپ تۈزەش، خەت ھاسىل قىلىش ماھارىتىنى كۆرسىتىۋاتقاندا قارا كىيىملىك ئۈنىڭ خەلق ئىچىدىكى ئابروينىڭ مىسلىسىز ئۆسىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ دەملىرى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئەسلىدىنلا قىتغۇر كېلىدىغان بۇ تائىپە ئەمدى خەلق ئالدىدا ھۆرمەت مۇسابىقىسىدە تەۋپىق تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىۋېتىلگەندىن كېيىن يۈرىكىدىكى ئۆچمەنلىك ئوتى تېخىمۇ يامانراق تۇتۇشۇپ كەتتى.

ھابۇلھاجىم ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ، توپ- توپى بىلەن ھەزرەت سۇلتانغا قاراپ ماڭغان جامائەتكە ئەلەم ۋە ئۆچمەنلىك بىلەن قارايتتى. كىشىلەر «مەمتىلى ئەپەندىنىڭ بالىلىرى» مەش ئوينايدىكەن دېگەن گەپنى ئاڭلاپ يۈگۈرۈپ، يەنە ئازغاندىن، تېجەن، شورۇق، سۇنتاغ قاتارلىق قوشنا كەنتلەردىن كېلىشمەكتە ئىدى.

ھەزرەت سۇلتانغا يېقىن ھويلىلارنىڭ بىرى ئالدىدا بۇ تاماشاغا بارمىغان بىرنەچچەيلەن تۇرۇشاتتى.

— ھاجىم، بۇنىڭ ئۆزى...؟ — دېدى بىرى ئېغىز تاتىلاپ، خوشامەتكۈيلۈق بىلەن، ھابۇلھاجىمغا يولدا كېتىۋاتقان كىشىلەرنى ئىما قىلىپ،— ئۇلۇغ جامەنىڭ ھويلىسى قىيامەت، ئادەم ئۇستىگە ئادەم!...

— ھە، بۇ دەججاللىنىڭ ئېشىكىنىڭ ئارقىسىدىن ماڭىدىغانلار مېڭىپ تۇرسۇن، بارىدىغان يېرى قىيامەت- ئازاپ! دوزاققا تۇترۇق بولۇدىغانلار!- باياتىن بېرى بىر خىل بىچارىلىك، مەيۈسلۈك بىلەن يېتىملىك ھېس قىلىپ، پەقەت مەغلۇپ بولغۇچىلاردا بولۇدىغان تۆۋەن كەيپىياتتا قېشىنى ئېتىپ تۇرغان ھابۇلھاجىم يېنىدا خوشامەتچىلەر پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭغا چىشىنى چىقارغان ھامان قايتىدىن ئۈمىد تۇغۇلغاندەك كەيپىياتقا كېلىپ، چىرايى خېلى ئېچىلىپ قالدى، لېكىن ئۇ بالدۇرقىغا قارىغاندا بەك ئىھتىياتچان بولۇپ كەتكەندى. قورقۇشتىن باشقا ئاشۇ توپ ئىچىگە جامائەتنىڭ كۆز ئۈڭىدە قېتىۋەتكەن بالىسىنىڭ بولۇشى بىر ئاز

تىلىنى قىسىپ تۇراتتى.

جامە تەرەپتىن يەرنى زىرىلدىتىپ قەدەم ئاۋازى، دۇمباق ۋە بارابانىڭ تاغ گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈۋاتقاندەك، تۈمەنمىڭ ئات يىراقتىن چېپىپ كېلىۋاتقاندەك «گۈمبۈر، گۈمبۈر، گۈمبۈر» قىلغان رىتىملىق ئاۋازى، ياشلارنىڭ پۈتۈن زوقى- شوقى بىلەن ئوقۇۋاتقان ناخشىسى بۇ يەرگە ئاشكارە ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بۇ ئاۋازلار ھېلىقىلارنىڭ قۇلىقىغا مۇش ئۇرغاندەك ئېشىتىلەتتى. بارابانىڭ قارنىغا بېكىتىلگەن بوم تارنىڭ زىرىلدىشى بۇلارغا توغرىدىن- توغرا يۈرىكى زىرىلداۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

— جاھان مۇشۇنداقلا بولسا ھەممە ئادەم دەۋزىقى بولۇپ كېتىدىغۇ، ھاجىم؟ — دېدى كىچىك بېشىغا تولىمۇ يوغان سەللە ئورىۋالغان بىرى بۈيۈك ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ تەقدىرىدىگە كۆڭۈل بۆلۈپ.

— ئاللاھ ئۇلۇغ! - دېدى يوغان سەللە ساقىلىنى سىپاپ، شەيتانلارچە ھېجىيىپ، — ئاللاھ ھەلىم[1]، پىرئەۋنگىمۇ مۆھلەت بېرىلگەن. دىنىي ئىسلامنىڭ نۇرىنى ئۆچۈرمەكچى بولۇشقانلار كۆپ بولغان، ئامما لېكىن ئىسلام دىنى يەنىلا مۆمىنلەرنىڭ كۆڭۈللىرىنى يورۇتۇپ تۇرۇپتۇ. بۇمۇ بىر ۋاقىتلىق ئىش. باقى دۇنيادىغۇ ھېچقانداق گۇناھ ئاللاھنىڭ جازاسىدىن قۇتۇلالمايدۇ، مۇشۇ دۇنيادىمۇ بۇلارغا كۆرگۈلۈك جىق!

— لېكىن بۇلار... مەمتىلى ئەپەندى پىرئەۋن، نەمرۇد،مەنسۇر ھەللاجلارغا ئوخشىمامدىكىن دەيمەن...

— شۇنداق، بۇنىڭ پوپاڭلىرى ئۇلارغا قارىغاندا ھېچگەپ ئەمەس تېخى!- دېدى توپىنىڭ چوڭى — ھابۇلھاجىم قىزىلباش، يۈرىكىنىڭ ئاجىز دۈپۈلدەپ تۇرۇشىغا قارىماي، باشقىلارنى ئۈمىدلىكرەك قىلغۇسى كېلىپ.

بۇ چاغدا جامە تەرەپكە ماڭغۇچىلارنىڭ ئايىقى ئۈزۈلمىگەنىدى. ئۇ تەرەپتىن بولسا گۈلدۈرمامىدەك جاراڭلاپ چىقىۋاتقان كوماندا ئاۋازى بىلەن ناخشا، ناغرا- سۇناي ئاۋازى گۈمبۈرلەپ ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

---

[1] ھەلىم — ئاللاھنىڭ ئىسىملىرىدىن بىرى بولۇپ، گۇناھكارلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدىغان سەۋرچانلىقنى بىلدۈرىدۇ، — ئا.

— تەقسىر، ئۆزلىرىمۇ جىنلارنىڭ ساماسىنى كۆرۈپ باققىلى ماڭىلىمۇ؟ — دەپ تەئەددى قىلدى جاھالەت ھامىلىرىنىڭ تۈپىدىن بىرى، بىر مويسىپىت ئۆتكۈنچىگە.

خەلق ئاخىرىقى ھېسابتا ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتنىڭ جارچىلىرى ۋە غالچىلىرى بولغان قۇززات، مۇپتى، ئەلەم دېگەندەكلەرنىڭ قامالى ئاستىدا بولغاچقا، يەنىلا ئۇلاردىن ئەيمىنىدى. ھامان بىر كۈنى ئۇستۇنلۇككە چىقىپ ئۆزلىرىدىن ھېساب ئېلىشىدىن ئەندىشە قىلاتتى. شۇنىڭدەك بۇ مويسىپىت كىشىمۇ چوڭامنىڭ زەھەردەك تەئەددىسىنى چۈشۈنۈپ مەڭدەپ قالدى. ئۇنىڭدا رەددىيە بېرىپ مەردانىلەرچە يۈرۈپ كېتىشكە جۈرئەت يوق ئىدى.

— يوقسۇ، تەقسىر، ھېلىقى، ئۆزى، بىزنىڭ ھېلىقى ئوغۇل شۇيان كېتىپ قاپتىكەن، شۇنى قولىقىدىن تاتىپ كېلەي دەپ... — ئۇ ئۆزىنىڭ جۈرئەتسىزلىكى تۈپەيلىدىن يالغان سۆزلەشكە مەجبۇر بولغانىدى. شۇڭا يالغىنى ئۆزىگىمۇ ھار كېلىپ قىزىرىپ كەتتى، ئۇ ھودۇقۇشىنى بىلىندۇرمەسلىك ئۈچۈن، يەنە بىر مەررە خوشلۇشۇش مەنىسىدە قولىنى كۆكسىگە ئالدى ـ دە، ئالدىراپ يۈرۈپ كەتتى.

توپتىكىلەرمۇ ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشەنمىگەنىدى. بىراق قارشى تەرەپنىڭ ئۆزىدىن تەپ تارتىپ يالغان سۆزلەشكە مەجبۇر بولغانلىقى، بارلىق سامان قوساق «مۆتىۋەر»لەرگە ئوخشاشلا ئۇلارنىمۇ قانائەتلەندۇرگەنىدى.

— ھەزرىتى ئېلىمنىڭ قىلىچى كېرەك، بۇ ئاداشقانلارغا! — دېدى ئۇ بىر قېشىنى زەردىلىك لىكىلدىتىپ.

ئۇنىڭ تىنىمسىز پۈتنى يۆتكەپ، ھەدەپ يالغان ئەسنەشلىرىدىن تىت ـ تىت بولۇۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۆتكۈنچىلەرنىڭ ئايىقى بېسىققاندا ئۇ ھەمتاۋاقلىرىغا:

— قېنى بىزمۇ يىقىنراق بېرىپ، نىمە سىرى ـ ئەسنا بارلىقىنى كۆرۈپ باقمايلىمۇ؟ ھېچ بولمىسا يىقىنراقتا بىرسىنىڭ ھويلىسىدا،... — دەپ تەكلىپ بەردى ئۇ. قارىغاندا ئۇمۇ ھەزرەت سۇلتاندا نېمە كارامەتلەر

بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈشكە قىزىقىپ قالغاندەك قىلاتتى. لېكىن بۇ قىزىقىشنىڭ بىر تەرىپىدە چەككە يەتكەن كۆرەلمەسلىك، ئىچى يامانلىق تۇيغۇسىمۇ بارئىدى.

ــ بۇنىڭ ئۆزى...؟ ــ دېدى سوخەنچىلەر تازا ئىشىنەلمەي.

ــ ھېچقىسى يوق، بىز شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىگە ئالدىنىپ كەتمەيمىز.

ئۇلار جامە تەرەپكە قاراپ ماڭدى. بىراق ئۇلار شۇنچىلىك قورقۇشتىكى، ئۆزىچە ھەربىر ئادەم بۇلارنىڭ شۇ ياققا ماڭغىنىنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ ئىزا تارتىشتى. ئۇلاردا كەم كۆرۈلۈدىغان نومۇس تۇيغۇسى پەيدا بولغاندىمۇ ئەنە شۇنداق ئورۇنسىز تۇغۇلغانىدى.

*

**

مەتىمىننىڭ مەيداندىن چىقىپ كېتىۋاتقىنىغا ئىككى ئادەم دىققەت قىلدى. بىرى توختى زۇنۇن، يەنە بىرى يېڭىدىن مەكتەپكە تىزىملانغان قۇربان جاپپار ئىدى. بالا تامغا مىنىپ ئولتۇرغاچقا ئىگىزدىن ھەممىنى كۆرۈپ تۇراتتى.

مەتىمىندە ئۆزىنىڭ «شەرەپلىك» ۋەزىپىسىگە نىسبەتەن مۇھەببەت باردى. ئۇ ئۆزىنى قالتىس چاغلايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ باشقىلارنىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇۋاتقىنىنى كۆرسە چىداپ تۇرالمايتتى. خەلقتىن ئۆزىنىڭ قالتىسلىقىنى ھېس قىلمىغىنى ئۈچۈن ئاغرىناتتى. بۇنداق چاغلاردا ھەممە ئادەمنى قىيما- چىيما قىلىۋەتكۈسى، ئاندىن: «ئاكاڭ قارىغاينىڭ نوچىلىقىنى كۆردۈڭمۇ؟» دېگۈسى كېلەتتى. پات- پاتلا جاللاتلىق تەبىئي باش كۆتۈرۈپ مەخپىي خىزمەتنىڭ ئىنتىزامىنى بۇزۇپ قوياتتى.

ئۇ مەتىلى ئەپەندىگە نىمىشقىدۇر بارغانسېرى ئۆچ بولۇپ كېتىۋاتاتتى. بۇنىڭدا خىزمەتنىڭ تەلىپى، كۆزۈتۈش ئوبيېكتى بولغانلىق سەۋەبىدىن باشقا، كۆرەلمەسلىكمۇ ئېغىر ئىدى. گاھىدا ئۇنىڭدا مەتىلى ئەپەندىنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈۋېتىپلا بىر ياققا قېچىپ كېتىش

خاھىشى ئويغىنىۋاتاتتى. لېكىن ئۇ قېچىپ كېتىشكە بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. چۈنكى ئۇ خىزمەت كۆرسىتىۋاتقان ئۆسۈشى، يۇرت سوراپ خەقنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋېتىشى كېرەك ئىدى. بارلىق ئىچى تار ئادەملەرگە ئوخشاش باشقىلارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى كۆرگەندە رەشكى تاتىرىپ، ئۇنى ئۆچۈپ كېتىدىغان ئادەت بارىدى. ئەگەر مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچى ئۆزىنىڭ ئىنىسى ياكى خوتۇنى بولسىمۇ ئوخشاشلا ئىچى كۆيەتتى. ئۇنداقكەن مەتىلى ئەپەندىنىڭ غالىبىيەت مارشىنى ياڭرىتىپ يۈرۈشى ئۇنىڭدا ئىچىنى مۇشۇك تاتىلاۋاتقاندەك ھەسەت ئويغاتماسلىقى مۇمكىن ئەمەس ـ تە!

ئۇ جامەنىڭ ئۆگزىسى، تېرەكلەرنىڭ شاخلىرى، دائىرە تاملىرىنىڭ ئۈستى، قوشنا ئائىلەرنىڭ ئۆگزىسى ۋە تاملىرىدا سانجاق ـ سانجاق بولۇپ تۇرۇشۇپ، كەتكەن ئادەملەرگە قاراپ ئىچىنى قىزىق بىر نەرسە كۆيدۈرۈپ ئېچىشتۇرۇۋەتكەندەك بولدى. بېشى پىررىدە قايدى ـ دە، بۇ يەردە تاماشىبىنلارنىڭ ئىدىيە ھالىتىنى ئىگىلەش ۋەزىپىسىنىمۇ ئۇنتۇپ، مەيداندىن سوغۇرۇلۇپ چىقتى. ئەسلىدە ئۇنىڭ يۈرىكىگە تولغان ئۆچمەنلىك ئۇنى بىر شۇملۇق قىلىشقا، مۇشۇ خۇشال ـ خۇرام سورۇننىڭ كەيپىنى بۇزۇشقا ئۈندەپ ئارام بەرمىگەنىدى. ئۇ شۇ يەردىلا بۇ خىيالنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، خەقنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرۈشنى خالايتتى، لېكىن بۇنداق چوڭ سورۇننى بۇزۇۋېتىش ئۇنىڭ قولىدىن كەلمەيتتى. شۇڭا بىر شۇملۇقنى كۆڭلىگە پۈكۈپ چىقىپ كەتتى.

شۇ چاغدا ئۇنىڭ ھېيلىگەر خۇجايىنىنىڭ مۈلۈننىڭدەك چاقچاق كۆزلىرى مەتىمىنىنى ۋە باشقا ئادەملىرىنى كۆزىتىپ تۇراتتى. ئۇ مەتىمىنىنىڭ چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاتتىق غەزەپكە كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن مىجەزىگە ۋە كەسپى ئادىتىگە مۇۋاپىق كۈلۈمسىرەپ تۇرۇۋەردى.

مەتىمىن تامنىڭ ئارقىسىغا چىقىپ شۇ يەردە ئاۋۋال قويۇن يانچۇقىدىن ئايرىمايدىغان «رىۋالېر» تاپانچىسىنى ئالدى ۋە سوۋالىغان يېلىڭ قات تامنىڭ يېرىقىدىن ئىچى تەرەپكە قارىدى. مەتىلى ئەپەندى

www.uyghurkitap.com

يوچۇقنىڭ ئۆدۈلىدا پەيدا بولدى. مەمتىمىن تاپانچىسىنى بەتلىدى. لېكىن ئۇزاق ئىككىلىنىپ، ئاتالمىدى. مەمتىلى يەنە غايىپ بولدى. بۇ چاغدا ئۇ پۇرسەتنى ئۆتكۈزۈۋەتكىنىدىن قاتتىق پۇشايمان قىلدى. يەنە بىردەم كۈتتى. بۇ قېتىم مەمتىلى ئەپەندى يوچۇقنىڭ ئۆدۈلىدىن تېزلا ئۆتۈپ كەتتى... يەنە بىر قېتىم پۇرسەت كەلدى. بىراق، ئۇ يەنە ئاتمىدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بەستلىك ئىككى ئەسكەرنىڭ سىماسى غىل- پال گەۋدىلىنىپ، تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى. ياق، ئۇ بۇ قارامىلىقنى قىلسا ھېچنىمىگە ئېرىشەلمەيدۇ. ئۇ ئۆسۈشى، باشلىق بولۇپ يۇرت سورىشى كېرەك! ئۇنىڭدا يەنە مەخپىي خىزمەت ئىشلىگۈچىلەرگە خاس تەمكىنلىك پەيدا بولدى. جانمۇ تاتلىق بىلىنگەنىدى. شۇڭا قولىدىكى تاپانچىنى باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىش خەۋپىنى ئويلاپ تىترەپ كەتتى ۋە دەرھال قوينىغا يوشۇرۇۋالدى. چۈنكى ئۇنىڭ باش ئۈستىدىلا تامغا مىنىپ ئولتۇرۇپ تاماشا كۆرۈۋاتقان باللار ۋە چوڭ كىشىلەر تۇراتتى. ئۇ باشقىلارنى گۇمانلاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن ھاجەت قىلماقچىدەك ئىشتان بېغىنى تۇتۇشلىپ ئۇياق- بۇياققا قاراپ قويۇپ ئىتتىك كەتتى.

ئۇ خىيالىدا تام ئۈستىدىكىلەر ئىچىگە قاراپ تاماشا كۆرۈۋاتىدۇ دېگىنى بىلەن، ئۇنىڭ سورۇندىن چىقىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرگەن قۇربان جاپپار مۇشۇنداق قىزىق سورۇننى تاشلاپ چىقىپ كەتكۈچىگە تەبىئىي ھالدا ھەيران بولۇپ قارىماي قالمايتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ بالا مەمتىمىننى كۆز ئۈزگىدىن يۈتتۈرمەي، پات- پات قاراپ تۇرغانىدى. ئۇنىڭ تام ئارقىسىدا تىمىسقىلاپ يۈرىشىگىمۇ ئىككى قېتىم كۆز تاشلاپ يەنە ئويۇن كۆرۈش بىلەن بولدى. كېيىنكى قېتىمدا بولسا ئۇ تاپانچىنى كۆرۈپ قالدى ۋە: «ئاپلا! مەمتىلى ئەپەندىنى ئېتىپ قويمىغىدى!...» دېگەن ئەندىشە بىلەن ۋارقىرىۋەتكىلى تاس قالدى. مەمتىمىن تاپانچىنى قوينىغا سېلىۋالغاندىن كېيىن ئۇ يەنە بېشىنى ئىچىگە بۇراپ ئويۇن كۆردى. ئەمما ھېچ خاتىرجەم بولالمىدى. تام ئارقىسىدىمۇ قىزىق ئويۇن بولۇۋاتاتتى. ئۇ ياققىمۇ قارىغۇسى كېلىپلا تۇراتتى.

مەمتىمىن سەلدىن كېيىن، بىر خىل خەتەرلىك ئىشتىن ئۆزىنى

توختۇتۇپ قالغان چاغدىكى جىددىيلىكى، ھودۇقۇشى سەل پەسىيىپ، بايا سورۇندىكى چىغىدا پەيدا بولغان ھەم بۇ يەرگە چىقىشقا مەجبۇر قىلغان ئۆچمەنلىك تۇيغۇسى يىڭىباشتىن مىڭىسىنى قىزىتتى. شۇنىڭ بىلەن قىچىشقا ئەپلىكرەك بىر دالدىنى تېپىپ، شۇ يەردە تۇرۇپ ناھايىتى تېزلىك بىلەن ئىككى پارچە كىسەكنى تامدىن ئارتىلدۇرۇپ ئىچى تەرەپكە ئاتتى ۋە بەدەر قاچتى.

ئۇ ئەڭ يېقىن بىر ھويلىغا ئۆزىنى ئاتتى. روھى ھالىتىدىن چاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن دەرۋازا تۈۋىدە سەل توختاپ ئۆزىنى بېسىۋالدى ۋە نېمىشقا كىرگەنلىكىگە بىر باھانىنى ئويلىۋېلىپ، دادىلراق چامداشقا تىرىشىپ ئىچكىرى ھويلىغا كىردى. ھابۇلھاجىم ۋە ئۇنىڭ ھەمتاۋاقلىرى مانا مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇپ پاراڭغا چۈشكەنىدى.

ھابۇلھاجىم شەيتانلىق نەزىرى بىلەن، ئۆيگە كىرىپ كەلگەن مەتىمىننىڭ ياسىما خاتىرجەم چىرايى ئاستىدا يوشۇرۇنۇپ تۇرغان ھەددىدىن زىيادە ھودۇقۇشنى سىزىپ قالدى. شۇنىڭغا يارىشا بۇ چاغدا جامە ھويلىسىدا ئايرىم قىيا- چىيا ئاۋازلارمۇ ئاڭلىنىپ قالدى. ھابۇلھاجىم ئېنىق بىر نەرسىنى بىلمىسىمۇ قانداقتۇر بىر ئىشنى سېزىپ تۇرغىنىدا ئۆي ئىگىسىنىڭ ئون نەچچە ياشلاردىكى بالىسى يۈگرەپ كىرىپ:

— بىر ئادەمنىڭ بېشى يېرىلىپ كېتىپتۇ، — دېدى توساتتىنلا.

— نېمە گەپ، بۇ ئۆزى؟ — دېدى ھابۇلھاجىم بىرىنچى بولۇپ، قېشىنى گۇمان بىلەن لىكىلتىدىتىپ.

— بىرسى تامنىڭ كەينىدىن چالما ئاتقاننىڭ گېپى بار. مەتنىلى ئەپەندى يارىسىنى تېڭىپ قويۇپتۇ. ھېلىقى ئىككى چېرىك تامنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئىزدەۋاتىدۇ.

مەتىمىننىڭ رەڭگى تېخىمۇ ئۆڭۈپ كەتتى. بۇ چاغدا پەقەت ھابۇلھاجىم «ئىتتىپاقداش»نى ھولۇقۇش ئىچىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن سىپايىلىق بىلەن:

— خۇدانىڭ بەرگەن جازاسى! خۇدانىڭ ھويلىسىدا جىنىنىڭ

ساماسىنى سالغاندىكىن تويسۇن! بۇنى خۇدا پەرىشتە سۈپەت بىرسىنىڭ دىلىغا سېلىپ قىلدۇرغان. ھە، دېمەك، خۇدا ئەۋەتكەن بالا! بۇنى جازانى باشقىلارنى كۆرسۇن دېگىنى! قانداق دېدىم، مەمتىمىناخۇن؟ نېمىشكە پەگادىلا تۇرىسىز؟ بۇ يەرگە ئۆتۈپ ئولتۇرۇڭ، ــ ھابۇلھاجىمنىڭ ئوغلى روزىمۇھەممەدمۇ بۈگۈنكى «جىنلار ساماسى»دا بولسىمۇ ۋە ئۇمۇ ئوقۇش پۈتتۈرۈپ بۆگەن مەكتەپكە تەخسىم قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇنى پەقەت مەھمۇد مۇھتىدىن قورقۇپلا مەكتەپكە بەرگەچكە، ئىچىدىن قايىللىقى بولمىغان ھابۇلھاجىم يەنىلا دۈشمەنلىك پوزىتسىيىسىدە ئىدى.

«پەرىشتە سۈپەت» مەمتىمىن بۇ سۆزدىن خېلى مەدەت تېپىپ، سۈپىغا چىقىپ ئولتۇردى. كۆپ ئۆتمەي جامەدىكى پائالىيەتمۇ تۈگىدى. كىشىلەر تارقاشقا باشلىغانىدى. مەمتىمىن بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن كىشىلەر توپىغا ئارىلىشىپ قايتىپ كەتتى.

ئۇ كىشىلەر چىھرىسىدىكى رازىمەنلىكنى كۆرۈپ، بەزىلەرنىڭ سورۇننى بۇزماقچى بولۇپ قىلغان دۈشمەنلىكى ھەققىدە غەزەپ بىلەن قىلىشقان سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ يەنە ئوغىسى قايىندى. ئۇ رەقىبىنىڭ يەنە بىر قېتىملىق غەلىبە تەنتەنىسى ئىچىدە يۈرىكى ئېچىشقان ھالدا كېتىۋېتىپ، كۆڭلىگە ئەڭ رەزىل، ئەڭ زەھەرخەندە پىلانلارنى پۈكەتتى. كېيىنكى كۈنلۈكتە ئەگەر قولىغا كېلىپ قالسا رەقىبىگە قانداق جازالارنى بېرىش ھەققىدە ئويلاپ كەتتى. بۇ جازالار كىشى ئاڭلاپ باقمىغان دەرىجىدە ئازاپلىق، چەكتىن ئاشقان بولاتتى، ئەلۋەتتە.

بۇ خىيالى ئۇچ ئېلىش مەنزىرىسى ئۇنى خېلى يېنىكلەشتۈرۈپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۈگۈن ئاخشام قىلىدىغان ئىشلىرىنى ئويلاپ ھەممىنى ئۇنتۇتتى. ئۇ ئاۋۋال ئۇلپەتلىرى بىلەن تېپىشىپ، كەيپ قىلىپ، ئاندىن قىمار ئويناشنى ئويلىدى. ئارقىدىنلا بۈگۈن تۇرسۇنتازنىڭ ئۆيىدە بولمايدىغانلىقىنى ئېسىگە ئالغىنىدا، زۆھرەگۈل سەتەڭنىڭ قېشىغا كىرىش خىيالى ئۇنى يېنىكلەشتۈرۈۋەتتى. بىردىنلا ئۇ ئۆزىنىڭ نەقەدەر قالتىس ئادەملىكىنى ھېس قىلىپ قالدى. ئۇ «بىر بېشى بار ئادەم»گە تېتىيالايدىغان نوچىلىقىنى، «بازارنىڭ گۈلى»، ھاياتىنىڭ

پەيزىنــى ســۈرۈپ، «مەيدىســىنى كېرىــپ» ياشاشــنى بىلىــدىغانلىقىنى، ھەتتا خېلى مۇھىم ئادەملىكىنى ھېس قىلىپ قالدى. بۇ ھال ئۇنىڭدا بىــر خىــل غــالىبلىق كىبىرىســىنى پەيــدا قىلــدى. كــېچە-كۈنــدۈز بــالا ئوقۇتــۇش ئىشــىنى دەپ پالاقشــىپ، مەنىســىز ھېرىــپ-چارچاپ، جاھاننىــڭ خــۇۋلىقىنى كــۆرمەي ئــۆمرىنى ئۆتكۈزۈۋېتــىپ بارغــان، مۇشتىلىشىشــنى بىلمەيــدىغان رەقىبــى ئۇنىڭغــا بىچــارە ۋە كۈلكۈلــۈك تويۇلــدى. شــۇڭا ئــۇ مەمنــۇنىيەت بىــلەن ھىجىيىــپ، ســاي بويىغــا زوھرەگۈلنىــڭ ھوزۇرىغــا ئاتلاندى.

## 3

مەمتىلــى ئەپەنــدىنىڭ يېڭــى مەدەنىــيەت قوشــۇنى مەشــھەدتىكى مۇراســىمنى تۈگۈتــۈپ، ئابــدۇراخمانھاجى، قوتلۇقئــاخۇن خەلپىــتىم باشلىق خەلــق توپىنىــڭ ئۇزۇتۇشــى بىــلەن يــولىنى داۋام قىلىــپ شورۇق مەكــتەپكە كەلدى.

بۇ يەردە سابىت، بەدرىدىن، ئابدۇراخمان تــاش، مەتنىيــاز، ئوبۇلخەيراخــۇن قاتارلىق يولداشلىرىنى سىنىپقىچە ئەكىرىــپ، ئوقۇغۇچىلارغا تونۇشــتۇرۇپ، ئاندىن ئاتىلار ھەيئىتىنىڭ باشلامچىلىقىدا مەكتەپنــى كــۆزدىن كەچــۈرۈپ، چۈشــلۈك تامــاقنى يېگەنــدىن كېــيىن، بــۇ يەردىــن قوزغۇلــۇپ بــاغلا، كېچىكىزلەرنى ئارىلاپ ۋاقۋاقتا كەلدى. ۋاقــۋاق مەكــتەپكە مۇھەممەد قــارى قاتــارلىق مــۇئەللىملەرنى تونۇشــتۇرۇپ، يەنە بىــر قونغانــدىن كېــيىن، ئەتىسى تۆركــۈل، سۇنتاغ، بــۆگەن قاتارلىقلارنى ئارىلاپ، ھەربىــر مەكــتەپكە تەقســىم بولغــان مــۇئەللىملەرنى شــۇ يەردىكــى ئــاتىلار ھەيئىــتىگە تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈپ، ئوكۇرۇقتا قايتىپ كېلىشتى.

كەچــتە مەمتىلــى ئەپەنــدى مەجىــددىن، ئەخــمەد ئەپەنــدىلەرنى باشــلاپ بويامەتكە قايتىپ كەلدى.

ــ ســىلەرنى تــازا ھــارغۇزىۋەتتىم، ئەمــدى نەغــمە بىــلەن ھــاردۇغۇڭلارنى چىقىرىپ، ئەتە ئۇزۇتۇپ قويمەن، ــ دېدى ئۇ كۈلۈپ.

www.uyghurkitap.com

— ھارغۇزۇشنى ئىلگىرىكىن ھارغۇزدىڭىز، بىراق شۇنداق ئاسان قۇتۇلماقچى بولغىنىڭىز قىزىق، — دېدى مەجىدىن ئەپەندى چاقچاق قىلىپ، — كۆرىدىڭىزمۇ، نىزامىددىن، ئىنىڭىزنىڭ ئۇستاتلىقىنى.

— ئەخمەد ئەپەندىنى يۆلەپ ماڭىمەن دەپ بەكرەك ھېرىپ كەتتىڭىزدە، — دېدى تەۋپىق ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ.

— گەپنى ئاۋۇتماي تەمبۇرنى قولىڭىزغا ئېلىڭ،— دېدى مەجىددىن.

تەۋپىق تەمبۇرنى سازلىپ مۇقام مۇقەددىمىلىرىدىن، خەلق سەنەملىرىدىن تاللاپ چېلىشقا باشلىدى. ئۇ تاكى مەجىددىن دوختۇر قولىدىكى ھاسىنى پىرقىرىتىشتىن توختىغانغا قەدەر چالدى. مەجىددىن دوختۇر جايىدىلا ئۇخلاپ قالغانىدى.

— رەخمەت دوستۇم، — دېدى ئەخمەت ئەپەندى ئېغىر تىنىپ، — كونا- يېڭى ئەسلىمىلەرنى قوزغىۋەتتىڭىز، دوختۇر ئۇخلاپ قالمىغان بولسا مېنىڭ تېخى خۇمارىم قانمىغانىدى، ...

مەمتىلى ئەپەندى دوستىغا ئىچ ئاغرىتىش نەزىرىدە قارىدى. ئۇ ئەخمەد ئەپەندىنىڭ تۈركىيىدە قالغان ئايالى ۋە بالىسىنى ئويلاپ شۇنچىلىك ئېزىلىپ كەتكىنىنى بىلەتتى. ئۆزىمۇ ئەدىبىنى ۋە تۈركىيىدىكى كەچمىشلىرىنى ئەسلەپ قالدى. بۇ ئەسلىمىلەرنىڭ مۇڭلۇق زەربىسىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن گەپنى چاقچاققا بۇراپ:

— دوختۇرنىڭ ئۇخلاپ قالغىنىنى ئەتە ئۆزىگە ئېيتىپ بېقىڭ، ئۇ جەزمەن تېرىكىدۇ، كۆزۈمنى يۇمۇپ ساز ئاڭلىدىم، ئۇخلىغىنىم يوق دەپ تۇرىۋالىدۇ، — دېدى.

ئەتىسى مېھمانلار قەشقەرگە يۈرۈپ كەتتى.

— سىزنىڭ بۇ ئاجايىپ مۆجىزىڭىزدىن قەشقەردىكىلەرنى خەۋەردار قىلىمىز. گېزى كېلىپ قالسا سىجاڭنىڭ ئۆزىگىمۇ سۆزلەپ بېرىمىز — دېدى مەجىددىن، — ھەقىقەتەن قالتىس ئىش بولدى.

— دوستلارغا سالام ئېيتىڭلار، مەنمۇ يېقىن ئارىدا بارىمەن. ئەمدى بۇرۇنقىدەك ئالدىراش بولمايمەن، — دېدى تەۋپىق.

— شۇنداقلا بولسىغۇ، بۇ يەنە بىر مۆجىزە بولاتتى. بىراق، دوستۇم،

مەن سىزنىڭ بوش- بىكار بولۇپ قېلىشىڭىزنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن، خەير!

— خەير، ئاق يول بولسۇن!

*

**

خىزمەت تەقسىمات مۇراسىمى ۋە يېقىندا «ئەپەندى» بولۇپ خىزمەتكە كىرىشىشتىن ئىبارەت پەۋقۇلئاددە خوشاللىق، ئىپتىخار بارلىق يېڭى مۇئەللىملەرنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سېلىپ، ھەممە ئادەمگە سۆزلەپ بەرگۈسى كېلىپ يۈرىكى تىپچەكلەيتتى. ئۇلارنىڭ يېقىن كىشىلىرىدىمۇ ھەۋەسلىنىش، پەخىرلىنىش تۇيغۇسى تۇغۇلغان بولۇپ، ئۇلارمۇ خوشاللىقنى ئورتاقلىشىشقا مۇڭداش خۇمارداپ قېلىشقانىدى. ئاتۇشتا بولۇپ ئۆتكەن بۇ پەۋقۇلئاددە يىغىلىقنىڭ كىشىلەر قەلبىدە قالدۇرغان تەسىرى ھەقىقەتەنمۇ چوڭقۇر بولدى.

سابىت ۋە ئۇنىڭ سۆيگۈنى گۈلزادىمۇ بۇ خىل روھى ھالەتتىن مۇستەسنا ئەمەس ئىدى. ئۇلار تولىمۇ ئىنتىزارلىق ئىچىدە ئۇچراشتى.

— ئەمدى سىزمۇ ئەپەندى بولدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى قىز، ئۇنىڭ كىيىۋالغان ئۇستىباشلىرى زىلۋا قامىتىگە زادىلا ماس كەلمىگەن بولسىمۇ، نىمىشقىدۇر ئۇ كىچىك بالا ئەركىلەپ چوڭ كىشىلەرنىڭ كىيىمىنى كىيىۋالغاندەك ئامراقلىق كەلتۈرەتتى.

— ھەئە، ئەپەندى بولدۇم، سەنمۇ مەكتەپكە بارساڭ ياخشى بولاتتى.

— ۋىيەي، ئەمدى مىنى ئوقۇتقىڭىز كەپقالدىمۇ؟ ئانام شۇ تاپتا دەللە خوتۇنلار بىلەن مۇڭۇلدۇشۇپلا قالدى. ئۇنىڭ خىيالى ماڭا ئە تېپىش. سىز تېخى مەتتەپىنىڭ (مەكتەپنىڭ) گېپىنى قىلىسىز... — گۈلزادە بىردىنلا مىشىلداپ يىغلىۋەتتى.

ئۇلار باغنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى سۆڭگۈچ تۇۋىدە تۇرۇشاتتى. قىشنىڭ غۇر- غۇر سوغۇق شامىلى تېنىنى شۈركەندۈرەلمىگىنى بىلەن يالىڭاچلانغان دەل- دەرەخلەرنىڭ يوشۇرالماسلىقى ئۇلارنى ئەنسىرىتەتتى. بۇ ئىككى ئاشىق- مەشۇق ئالدىنقى نۆۋەت گۈلزادىنىڭ ھويلىسىدا

ئۈچرۈشۈپ، ئۇنىڭ ئۆگەي ئانىسىغا كۆرۈنۈپ قالغاندىن بىرى قىزنىڭ بېشىدا غەم سايىسى ئەگىپ قالغانىدى.

ــ شۇ كۈندىن تاتىپ ئۇ دەججال ھە دېسە مېنى «ئە سارىڭى» دەپ ئېغىز ئاچۇرمايدۇ، ئىككى گەپنىڭ بىرى بولسا دادامغا 'قىزىڭغا ھېزى بول، بولمىسا بىرسى بىلەن قېچىپ كېتىشتىن يانمايدۇ، بۇ شەقىقە' دەپ كوتۇلدايدۇ. كېيىن دادامۇ ئۇنىڭ تاپا- تەنىلىرىگە چىدىماي ھەم ئۇنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ، مېنى ياتلىق قىلىۋېتىشنىڭ كويىغا چۈشۈپ قالدى، دادامنىڭ ئالدىدا ئۆزۈمنى ئاقلاي دېسەم نومۇس قىلىپ تىلىم بارمىدى... دەللىلەر پات- پاتلا ئانام بىلەن پاراڭلىشىدۇ... پىچىر- پىچىر قىلىشىپ...

سابىت قوپال قوللىرىنى ئىختىيارسىز ئۈزۈتۈپ ئۇنىڭ ئۈزۈن ۋە تۇم قارا چاچلىرىنى سىلاپ، ئۇنى بەزلىمەكچى بولدى. يۇ، لېكىن يەنە گويا قىممەتلىك قوشنى ھۈركۈتۈپ قويۇشتىن قورققاندەك قولىنى يىغىۋالدى. بىر قولى بولسا دەرھال يانچۇقىغا يۆگەردى ۋە غاڭزىنى تۇتىۋالدى. ئۇنىڭ يوغان بەستى، يېتىلگەن مۇسكۇللىرىغا قارىماي، قەلبىنىڭ بۇنچىۋالا نازۇكلىقى غەلىتە ئىدى. ئۇ يە قىزنى بەزلەيدىغان سۆزگە ياكى ھەرىكەتكە ياراقسىزلىقتىن خىجىل بولۇپ، تەمتىلەپ قالدى. تېخى بايىلا كېلىۋېتىپ ئۈزۈندىن بېرىكى سېغىنچ خۇمارىنى چىقىرىش ئۈچۈن ئۈچراشقان ھامان ئۇنىڭ نازۇك بەللىرىدىن قامالالاپ تۇتۇۋېلىپ، يومران ۋە قىزىل، ھۆل ۋە ئىسسىق لەۋلىرىدىن سۆيۈۋېلىشقا ئۆز - ئۆزىگە سۆز بەرگەنىدى. بۇ رومانتىك مىنۇتلار ئۆزىنىڭ دائىمى خىيال بىلەن تولۇپ تۇرۇدۇغان، تاشقى كۆرۈنۈشى تۇتۇق ھەم خاراموش بولغىنى بىلەن ئىچكى جەھەتتىن ئىنتايىن ئورۇنلۇق تەپەككۇر قىلىدىغان روشەن تەسەۋۋۇرىدا نۇرغۇن قېتىم باشتىن كەچۈرگەنىدى. ھەتتا ئۇ تەسەۋۋۇرىدا بۇ ئىشنىڭ ھەرخىل شەكىلدىكى ئورۇنلىنىش ھالىتىنى سىلىشتۇرۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدىن ئەڭ تەسىرلىك ۋە ئەڭ رومانتىك بولغىنىنى تاللاشقا تىرىشقان، ھەتتا لەۋلىرىدە لەززەتلىك تەمنىمۇ ھېس قىلغاندەك بولغانىدى.

لېكىن، بۇ يوغان بەستلىك، «يېرىلمىغان كۆتەكتەك» يىگىت، ئاشۇ

نازۇك ۋە ئاجىز قىزنىڭ يېنىغا كەلگەن ھامان، ئۆزىنى ھەممە ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنىۋېتىلگەن ئەسىردەك ياكى مەھبۇستەك ئىنتائىتمەن ھالەتتە ھېس قىلىدى. «ئىھ، مۇھەببەتنىڭ سېھرى قۇدرىتى!» دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە. ئۇ ئەمدى قىزنى سۆيۈۋېلىشقا جۈرئەت تاپالمىدى. شۇڭا بۇ خىيالنى كاللىسىدىن قوغلاپ چىقارغانىدى. چۈنكى بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرالمايدىغانلىقىغا تولۇق كۆزى يەتكەنىدى.

— ئۇنداق دېگىنىڭىز بىلەن قىز بالا دېگەن ئاجىز، ئۇچۇپ كېتىدىغان قانىتىم، ئۇ خەقنى قورقۇتقىدەك كۈچۈم بولمىسا...

بۇ گەپ بىلەن سابىتنىڭ خىيالىغا سەبى بالىلارچە بىر ئوي كەچتى. «سەن ئۆزۈڭنى ئاجىزمەن دېگىنىڭ بىلەن، مېنى قورقۇتىسەن ئەمەسمۇ؟ سېنى كۆرسەملا ئۆزۈمنى بوشۇشۇپ كەتكەندەك ھېس قىلىمەن، تىترەيمەن... » . لېكىن ئۇ بۇ خىيالنى چاپسانلا كۆڭلىدىن چىقىرىپ تاشلاپ:

— بولمايدىغان يېرى كەلسە مەتىلى ئەپەندىگە ئېيتىمىز، ئۇ بىزنىڭ بەختىمىزنى ئويلايدۇ، ئەلۋەتتە.

— ئۇ ئادەم ئۆيىڭىزنى ئېلىپ بەردى. ئەمدى يەنە ئۇنىڭغا ئەھۋال ئېيتسىڭىز، نېمە ئانداق گېپى تۈگمەيدىغان نېمە بۇ دەپ قالا...— قىز ئانچە ئىشەنچ قىلماستىن شۇنداق دېدى ۋە يىگىتكە لەپپىدە قاراپ قويدى. گىرىمسەن يورۇق بولغان كەچقۇرۇندا ئۇنىڭ كۆزلىرى بىرجۇپ چولپاندەك نۇرلۇق بىلىنىدى.

— ئۇنداق ئەمەس، سەن ئۇ ئادەمنى تازا بىلمەيسەن، ئۇ ياشلارنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىدۇ، بىزنىڭ بەختىمىز ئۈچۈن جەزمەن قولىدىن كەلگىنىنى قىلىدۇ.

— ئۇ ئادەمغۇ شۇنداق قىلا...

— ئەپەندى ئارىلىشىپلا قالسا ئۆزۈپ چىقىدۇ.

— لېكىن، ما خەق بىر كېچىدىلا ئۆزگۈرۈپ، ئالدىراپلا بىر ئىش قىلىۋېتىپ قالامدىكىن دەپ يۈرىكىم سۇ. ھېلىقى دەللە ئارىلاشقان ئىش بولماي قالمايدۇ. ھەقىچان ماڭا ئوخشاش يېتىمەككە تەييار تۇرغان

www.uyghurkitap.com

بايۋەچچە يىگىت نەدىتى، دىسەم. دىمىسەم نەچچە بالا بىلەن تۇل قالغان قىرىدىن بىرنى تاپىدۇ، تايىنلىق ئۇنىڭدىن كۆرە ئۆلۈپلا تۇگەشسەم ياخشىراق ئىدى... — ھەر ھالدا گۈلزادە سەل جۈرئەتلىكراق بولۇپ چىقتى. ئۇنىڭ نازۇكلىقىغا قارىماي قوپالراق سۆزلىشى، كۆڭلىدە نېمە بولسا شۇ دېيىشى ھەقىقىي سەھرا قىزىغا مۇناسىپ ساددىلىقىنى ئىپادىلەيتتى،— ئىشقىلىپ مەن بەك ئەنسىرەۋاتىمەن... يۈرىكىم ئۆيەپ كېتىۋاتىدۇ...

— ياق، خاتىرجەم بول، مەمتىلى ئەپەندى بار، بۇنداق ناھەق ئىشنىڭ بولىشىغا يول قويمايدۇ...

— خۇدا بىزدەكلەرنىڭ بەختى ئۈچۈن شۇ كىشىنىڭ بېشى ئېسەن قىلسۇن، ئىگەكىم...

ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پات. پاتلا ھۆكۈم سۈرىدىغان جىمجىتلىق ئارىسىدا پەقەت يۇقىرىقى سۆھبەتلا بولۇپ ئۆتتى. ئەمدى ۋاقىت ئېتىبارى بىلەن بۇ ئۇچرۇشۇشنى ئاخىرلاشتۇرۇشقا توغرا كېلەتتى. مۇشۇ دەقىقىدە سابىت پۇشايماندىن ئۆرتىنىپ كەتتى. ئۇ مەھبۇسىغا تەسەللى ئېيتىقىنى بىلەن ئۆزىمۇ ئۈمىدسىزلىنىپ تۇراتتى. شۇڭا ئۇنىڭ قەلبىدە ئاللىقانداق بىر سادا «ئەمدى ئۇ قولۇڭدىن كېتىدۇ، ئەبەدى سۆيەلمەيسەن، ئۇنىڭ ۋەسلىگە ئېرىشىشىڭ يوق گەپ!... » دېگەندەك بولدى. شۇڭا بۇ ئاچچىق ئاقىبەت ئۇنىڭدا ھېچقاچان كۆرۈلمىگەن جۈرئەتنى تۇغدۇردى. ئۇ «مەن مۇقەددەس بىلىپ يېقىنلىشىشتىن ئەيمەنگەن تەننى باشقا بىرى، يەنە كېلىپ بىر قېرى مىجىقلىشى مۇمكىنغۇ» دېگەننى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ، مۇشۇ پۇرسەتتە ئۇنىڭ لەۋلىرىدىن ۋىسال كەۋسىرى ئېچۈلىشنى، ھېچ بولمىسا شۇنىڭغا ئېرىششنى نىيەت قىلىپ قالدى ۋە خوشلۇشۇپ ئارقىغا — باغنىڭ يان ئىشىكى تەرەپكە بۇرالغاندا قىزنىڭ مۇرىسىگە ئاستا قول ئۇزاتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن نىملەر بولۇپ ئۆتكىنى ئۆزىگىمۇ نامەلۇم، لەۋلىرى قىزنىق بىر نەرسىگە يېقىلدى، ۋۇجۇدى دىرىلدەپ، نەپەس يېتىشمىگەندەك ئىغىر. ئىغىر تىنىپ قالدى، قىزنىڭ «ئەسكى!» دېگەن سۆزىمۇ چۈشىدىكىدەك ئاڭلاندى.

ئۇ قىزنىڭ ئارقىسىدىن ئۇنىڭ نازۇك بەستىگە مۇناسىپ بولمىغان پولامباي پاختىلىق چاپان، پۇتىغا پىيما كىيىۋالغان تۇرقىغا ـ ئېرىقلاردىن يېنىك ئاتلاپ، يۈزنى تۇقىنىچە قېچىشىغا ھەۋەس ۋە قىيالماسلىق ئىلكىدە قاراپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزىگە بۇ قېلىن كىيىملەر ئىچىگە چۆكۈپ قالغان نازۇك بەدەن تېخىمۇ يېقىملىق، پەقەت سابىتقىلا مەلۇم بولغان ئالاھىدە بىر خىل نازاكەتلىك كۆرۈنەتتى.

گۈلزادە يان ئىشىككە كىرىپ كەتتى. پەقەت شۇ چاغدىلا سابىت چۈشىدىن ئويغانغاندەك ئورنىدىن قوزغىلىپ، يوغان ـ يوغان چامداپ كېتىپ قالدى. ئۇ كېتىۋېتىپ بايا بولۇپ ئۆتكەن ئىشنى «چۈشۈمۇ؟ ئوڭۇمۇ؟» دەپ قايتا ـ قايتا ئەسلەيتتى ۋە خىيالىدا يېڭىباشتىن كۆرۈپ، ئىشنىڭ زادى قايسى تەرتىپتە بولۇپ ئۆتكىنىنى بىلىۋېلىشقا تىرىشاتتى. لەۋلىرىدە ئاجايىپ بىر خىل تەم سېزىلىپ تۇراتتى. خۇددى ياخشى نىمەتكە ئېرىشكۈچى ئۆز رىسقىنىڭ قولىدىن كېتىپ، بۇ خىل لەززەتتىن قۇرۇق قېلىشىنى جان ـ پېنى بىلەن يامان كۆرگەندەك، ئۇنىڭدىمۇ ئەنە شۇنداق ئۆز بەختىنى قوغداش، جان تىكىپ قوغداش ئىرادىسى پەيدا بولدى. كۆڭلىدە: «گۈلزادە مېنىڭ بولۇدۇ، ئۇ چوقۇم مېنىڭ بولۇشى كېرەك! ھاياتلا بولسام...! » دېگەن قەتئىيەت پەيدا بولدى.

ئۇ بۈگۈن خىيالىي تەسەۋۋۇرلارنى قىلىش ئۈچۈن تۈگىمەس خام ماتېرىيالغا ئىگە بولغانىدى. ئۇ ئەمدى گۈلزادىنىڭ ھەربىر ئېغىز سۆزىنى قايتىدىن تەكرارلىسىمۇ، ئۇنىڭ قوپال كىيىملەرگە چۆكۈپ قالغان زىلۋا بويىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرسىمۇ بولاتتى. ئۇنى ئېسەنكىرىۋەتكەن سۆيۈش توغرىسىدا تېخىمۇ گەپ ئىشلىمەيتتى. شۇڭا ئۇ مەمنۇنىيەت بىلەن كۈلۈپ قويدى. شۇتاپ ئۇنى خوشاللىقتا چۈمدۈرىدىغان ئىش بولا ئەمەس، ئۇ «ئەسكى» دېگەن سۆزنى ھەربىر ئەسلىگىنىدە ۋۇجۇدى لاۋىلداپ ياناتتى... بۇندىن باشقا ئۇ ھازىر «ئەپەندى» بولغان، كىشىلەر ئۇنىمۇ «سابىت ئەپەندى» دەپ ئاتايدىغان بولغان. ئۇ ئەمدى ئۆزى ئەڭ ـ ئەڭ ھۆرمەتلەيدىغان ۋە سۆيىدىغان ئۇستازىدەك خەلقنى ئاقارتىش ئىشىغا ـ

ئەڭ ئۇلۇغ ئىشقا كىرىشەتتى. دەرستىن چۈشكەن چاغدىكى ھارغىنلىقتىن بىر مۇنچە مەنىۋي لەززەت ئالاتتى. تېخى باللارنى ئازات قىلىۋەتكەندىن كېيىن چوڭلارنى يىغىپ كەچكۈرۈسقا تەشكىللەيتتى. كەچكۈرۈسقا قاتناشقانلار چوڭ - كىچىك بولۇپ ئىككى يۈزدىن ئارتۇق ئادەمگە بىرلا ۋاقىتتا بىلىم بېرەتتى. ئۇ بۇنداق قىلغاندا 16ـ18 سائەت جىددىي ئىشلەشكە توغرا كەلسىمۇ، ئۆزىنىڭ قاتارغا قوشۇلۇپ، خەلققە مەنىۋي تۈرمۇش يارىتىپ بېرەلەيدىغان بولغىنىدىن زادىلا ھارغىنلىق ھېس قىلمايتتى. ئۇ ئەمدى قايتىپ بېرىپلا كىتاپ ئوقۇشى كېرەك. ئۇنى ئاجايىپ خەيرلىك ئىشلار كۈتمەكتە...

1987ـ يىل، يانۋاردىن 1987 ـ
يىلى مايغىچە بىرىنچى ئارگىنال
پۈتتى، 1988ـ يىل 31ـ ئاۋغۇست
ئىككىنچى قېتىم تۈزۈتۈلدى، ئاتۇش
— شورۇق.

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئىمىنجان ھەمدۇللا
رەنا ئابلىمىت
مەسئۇل كوررېكتورى:
زۇلەيخا ئەزىز
مۇقاۋىنى لاھىيىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

# باياۋاندىكى گۈلخان (1)

(تارىخىي رومان)

ئاپتورى: غۇلام ئۆمەر

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھرى جەنۇبىي ئازاتلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتاپخانىسىدىن تارقىتىلدى
ئۈرۈمچى داجىنما مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 850، X1168 1/32 مىللىمېتېر
باسما تاۋىقى: 14.125 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2003 يىل 8-ئاي 1- نەشرى
2003 -يىل 8-ئاي 1- بېسىلىشى
ISBN 7-228-08202-8
ئومۇمىي باھاسى: 60.50 يۈەن